
جالالىدىن بەھرام
ئۈچ دوست
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

جالالىدىن بەھرام

# ئۈچ دوست

# -لىسغان بۇلاق (1)

(رومان)

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى
1997- يىل، ئۈرۈمچى

مۇھەررىرى: قۇربان بارات
مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرسۇن ئابدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: تۇنىسايىم ساۋۇت

جالالىددىن بەھرام

ئۈچ دوست

(لېيىغان بۇلاق — 1)

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14 پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى باجاخۇ رەڭلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850 × 1168 مم، 32/1 كەسلەم؛
باسما تاۋىقى: 15.75     قىستۇرما ۋارىقى: 4
1997 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1998 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN7—5631—0900—5/I.165
تىرازى: 1 — 10000
باھاسى: 26.56 يۈەن



جالالىدىن بەھرام 1962-يىل

# مۇندەرىجە

سالام كىتابخان ........................................ 1
مۇقەددىمە ........................................ 1
بوستان يولى........................................ 24
بوستان ئوتتۇرا مەكتىپى ........................................ 32
گۈلزىبا........................................ 43
تۇنجى تونۇشۇش ........................................ 53
«مىلىك جىلىك» چىلار ........................................ 68
بالىلىق كەچمىشلەر ........................................ 94
گۈلزىبا ۋە قۇتبىرەم ........................................ 108
شەھەردىكى بىر كۈن ........................................ 123
غەلىتە مۇھەببەت ئىزهار قىلىش ........................................ 137
ئالدانغان كىيىك........................................ 158
قىسمەت كەچمىشلىرى ........................................ 177
دوستلۇق بۇرچى........................................ 205
سورۇندا چىگىلگەن تۈگۈچ........................................ 230
زۇمرەتنىڭ ئۆتى........................................ 257
ئورمانلىقتا ........................................ 281
ئايدىڭ كېچىلەر ........................................ 313
چىلانلىقتا ........................................ 345
قۇرۇم كۆلى ........................................ 373
رەشىق........................................ 401
يۇرۇڭقاش دەرياسى بويىدا ........................................ 428

— دادا سەن بۇلاقنى ياقۇتتەك سۈزۈك بولىدۇ دېگەنتىڭغۇ؟

— شۇنداق بالام! ئۇ يەر ئاستىدىن چىققان بىر مۆجىزە...

— ئەمىسە بۇ بۇلاق نېمانداق لېيىپ كەتكەن؟...

— قارىغىنا بالام، ئىت بىلىقى كىرىۋاپتۇ ئەمەسمۇ!...

— ئېلىۋېتەيمۇ؟...

— ياق بولمايدۇ، قولۇڭ بەدبۇي پۇراپ قالىدۇ!...

— ئۇنداق بولسا قانداق چىقىرىۋېتىمىز؟

— بىر نەرسىدە سانجىپ ياكى قىسقۇچتا قىسىپ ئېلىپ تاشلىۋەتسەك بولىدۇ.

—ئاپتوردىن

# ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى

يازغۇچى ھەم رەسسام جالالىدىن بەھرام 1942-يىلى 8-ئاينىڭ 16-كۈنى غۇلجا شەھىرىدە ھۈنەرۋەن (تىككۈچى) ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. جالالىدىننىڭ ئاتىسى بەھرام ئەپەندى ئۇستا ھۈنەرۋەن بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىلى ناخشىلىرىنى ھەغدادىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىدىغان خەلق ناخشىچىسى ئىدى. ئۇ، مەرىپەتپەرۋەر ئادەم بولۇپ، خۇش پېئىللىق ۋە چاقچاقچىلىق بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ، زېرەك ھەم ئېتىك چوڭ بولۇۋاتقان ئوغلىغا خەلق چۆچەكلىرى، داستانلىرىنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن سۆزلەپ بېرەتتى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ھەر خىل رەسىملەرنى كۆرسىتىپ، رەسساملىقنىڭ سېھرىي كۈچىنى تەرىپلەيتتى. شۇڭا، جالالىدىن بەھرام: «مېنىڭ يۇمران قەلبىمگە ئەدەبىيات-سەنئەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ، رەسساملىق ھەم ئەدەبىيات بىخلىرىنى يېتىشتۈرگەن ئاتامنى ھەر دائىم مەمنۇنىيەت بىلەن ئەسلەيمەن. . .» دەيدۇ.

جالالىدىن بەھرام 1950-يىلىدىن 1954-يىلغىچە غۇلجا شەھىرىدىكى «روشەن» باشلانغۇچ مەكتىپىدە، 1954-يىلىدىن 1957-يىلغىچە «ئىلى ئوتتۇرا مەكتىپى»دە ئوقۇيدۇ. ئۇ، «ئىلى ئوتتۇرا مەكتىپى»دە ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇيدۇ، «رەسىم كۇرۇژۇكى» ، «ئەدەبىيات كۇرۇژۇكى» قاتارلىقلارغا قاتنىشىپ، مەكتەپنىڭ تەشۋىقات تاختىلىرىدا تۇنجى قېتىم بالىلىق ھېسسىياتى بىلەن يازغان شېئىرلىرىنى ئېلان قىلىدۇ.

جالالىدىن بەھرام 1957-يىلى ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كېلىپ، 1958-يىلغىچە شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ رەسىم سىنىپىدا ئوقۇدى. 1958-يىلى سەنئەت ئىنستىتۇتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ،

1958-يىلىدىن 1961-يىلىغىچە شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ رەسىم كەسپى سىنىپىدا ئوقۇدى.

جالالىدىن بەھرام خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن، 1961-يىلىدىن 1976-يىلىغىچە خوتەن ناھىيىسىنىڭ سەيشەنبە بازار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى. 1976-يىلىدىن 1981-يىلىغىچە خوتەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا خىزمەت قىلدى. 1981-يىلىدىن باشلاپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ گۈزەل-سەنئەت بۆلۈمىدە مۇدىر مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى ئۆتەۋاتىدۇ.

جالالىدىن بەھرامنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى 1963-يىلى باشلانغان. ئۇ دەسلەپتە كىچىك تىپتىكى سەھنە ئەسەرلىرى يازغان. لېكىن، 1966-يىلى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلىنىش بىلەنلا، ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى ۋە بىر نەچچە يىل ئەمگەك سىڭدۈرۈپ يازغان «ئۇنتۇلغان قەلب»، «كۈتمىگەن تەقدىر»، «ئۆمۈر خاتىرىلىرى» قاتارلىق پوۋېستلىرى ھەمدە ساقلاپ كەلگەن ئەتىۋارلىق كىتابلىرى بۇلاپ كېتىلگەن ۋە بۇ ناھىيىنىڭ گۈلباغ رەستىسىدە كۆيدۈرۈلگەن. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان ئاپەتلىك يىللارنىڭ بورانلىرىدا ئۇششۇك تەككەن بۇ ياش مايسىنىڭ ئون نەچچە يىللىق ئۆمرى تەقىب ئاستىدا ۋە يەرلىك قاراڭغۇ تۈرمىلەردە ئۆتتى، خىزمەتتىن توختىتىلىپ، بۇ ناھىيىدىكى «بەلنامە»، «يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرى»، «قوشكۆل» لەرگە ئىشلەشكە سۈرگۈن قىلىندى.

دەرد-ئەلەم، ئازاپ-ئوقۇبەتكە تولغان ئۈچ قېتىملىق سۈرگۈننى باشتىن كەچۈرگەن جالالىدىن بەھرام «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، 1978-يىلى «نەشتەر» تەخەللۇسى بىلەن، خوتەن گېزىتىدە، «كوچىدا»، «ئانىنىڭ ئامراقلىقى»، «يولدا» ناملىق ساتىرىك ھېكايە، ئوچېركلىرىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ھېكايە، ئوچېركلىرى كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، گېزىت يۈزىدە ئوبزور، ماقالىلەر ئېلان قىلىندى.

جالالىدىن بەھرام 1979-يىلى «يېڭى قاشتېشى» ۋە «تارىم»

ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «بۇلبۇل بوستاننى تاپتى» ناملىق ھېكايىسى بىلەن كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلدى. ئۇ، شۇندىن ئېتىبارەن، «ھارۋىكەش»، «يېتىمە»، «بەشيۈز يۈەنلىك چاقچاق»، «ئايگۈزەل»، «تويدا»، «مېنىڭ ئوقۇتقۇچىم»، «جەرىمانە»، «ئانا مېھرى»، «ئېقىندىكى ياپراق»، «ئاخىرقى تىنىقتا» قاتارلىق 50 تىن ئارتۇق ھېكايە، «قاباھەتلىك چۈش»، «ئادەم پارچىسى»، «قامغاق»، «قۇربان قىلىنغان تۆھپە»، «قۇدرەتلىك ئىلاھ»، «قوملۇقتىكى ئاتەش»، «دانۇر تاغا» قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق پوۋېست ۋە «مېھرىگىياھ» ناملىق رومانىنى ئېلان قىلدى.

جالالىدىن بەھرامىنىڭ «بولبۇل بوستاننى تاپتى» (ھېكايىلەر توپلىمى—1982-يىل)، «ئايگۈزەل» (پوۋېست ۋە ھېكايىلەر توپلىمى—1985-يىل) ناملىق توپلاملىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. 1988-يىلى ئۇنىڭ تۇنجى رومانى«مېھرىگىياھ» «شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، 1989-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. 1992-يىلى «قامغاق» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. 1994-يىلى «قەبرە بېشىدىكى چۈش» ناملىق پوۋېست ۋە ھېكايىلەر توپلىمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. 1996-يىلى «قاچقۇن» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى «شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇندىن باشقا، «ئەدەبىياتىمىزدىكى يارىماس ئىللەت» (شىنجاڭ ئاياللىرى—1986-يىل)، «جاپالىق ئەجىرنىڭ شېرىن مېۋىسى» (شىنجاڭ سەنئىتى — 1994-يىل)، «دراما سەھنىسىدىكى چاقنىغان يۇلتۇز» (شىنجاڭ سەنئىتى — 1994-يىل)، «رەسساملىق ۋە ئۇنىڭ نەشرىياتچىلىقتىكى رولى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرىياتچىلىق كەسپىگە دائىر ماتېرىياللار—1988-يىل) قاتارلىق ئەدەبىي ئوبزورلىرى ۋە ئىلمىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى.

جالالىدىن بەھرامىنىڭ «جەرىمانە»، «بەشيۈز يۈەنلىك چاقچاق»،

«قامغاق» ، «ئايگۈزەل» ، «هارۋىكەش» ، «ئامەت ئىچىدىكى ئاپەت» قاتارلىق كۆپلىگەن پوۋېست ۋە هېكايىلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە، رېئاللىقنى چىنلىق ۋە سەممىيلىك بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ، تىلى گۈزەل، يەڭگىل، قۇرۇلمىسى پۇختا، زىددىيەت توقۇنۇشلىرى كۈچلۈك، ۋەقەلىكلىرى مۇرەككەپ ۋە رەڭمۇ رەڭ، پېرسوناژلىرى روشەن ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە.

جالالىدىن بەھرامنىڭ «لېيىغان بۇلاق» ناملىق كۆپ قىسىملىق بۇ رومانى 1960-يىللاردىن 1990-يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەۋرنى بىر قەدەر كەڭ تۈردە ئەكس ئەتتۈرگەن يىرىك ئەسەر بولۇپ، روماندا، 1960-يىللار ياشلىرىنىڭ ۋە زىيالىيلىرىنىڭ ھەر خىل ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر، «ئوڭ» ۋە «سول» ئىدىيىۋى خاتالىقلار تۈپەيلىدىن كۆپلىگەن ئەگرى-توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ. ئەسەر قەھرىمانلىرى بولغان ھېكمەت، كامىل، مۇرات ۋە ئۇلارنىڭ سۆيگەن قىزلىرى گۈلزىبا، نەفىسە، زۇمرەتلەرنىڭ ئېچىنىشلىق قىسمىتى كىتابخاننى چوڭقۇر ئويغا سالسا، خالىق، كېرىموف، زەينىدىنلەردەك رەزىل ئادەملەرنىڭ ھوقۇق، ئىمتىيازلىرىدىن پايدىلىنىپ يۈرگۈزگەن سۇيىقەست، ھىيلە-مىكىرلىرى كىشىدە چەكسىز نەپرەت ئويغىتىدۇ.

جالالىدىن بەھرام گۈزەل سەنئەت ساھەسىدىمۇ ئوخشاشلا نۇرغۇنلىغان نادىر ئەسەرلەرنى ياراتتى . ئۇنىڭ «ئېغىر كۈنلەردە» ، «پەرھات ۋە شېرىن» ، «قەدىمىي ئۇيغۇر ئوۋچىلىرى» ، «موللا مۇسا سايرامى» ، «فارابى» قاتارلىق ماي بوياق، دۇغ بوياق ۋە سىدام سىزما ئەسەرلىرى كىتاب ۋە گېزىت-ژۇرناللاردا قايتا-قايتا نەشر قىلىنىپ، خەلقنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ ئۇ گۈزەل سەنئەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىر مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى ئۆتىگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە، موڭغۇلچە، شىبەچە 50دىن ئارتۇق كىتابنىڭ مۇقاۋىلىرىنى لايىھىلىدى ۋە مىڭلىغان قىستۇرما سۈرەت، كۆنچۈك، نەقىشلەرنى سىزدى. ئۇنىڭ لايىھىلىگەن «قۇرئاندىكى

قىسسىلەر» ، «قىرغىز خەلق داستانلىرى» ، «ئون كۆنلۈك سۆھبەت» ، «ئەدەبىيات ۋە دەۋر» ، «رەسساملىقتىكى رەڭ ئىلمى» ، «ماناس» قاتارلىق كۆپلىگەن مۇقاۋىلىرى مەملىكەت بويىچە ۋە غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇپ 9ئۆلكە (رايون) بويىچە ئېچىلغان مۇقاۋا كۆرگەزمە يىغىنلىرىدا ھەر خىل تۈردىكى مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى.

جالالىدىن بەھرام ئەدەبىيات ئىجادىيىتى ھەم گۈزەل سەنئەتتىن ئىبارەت ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ قوش تۈرىدە مول ھوسۇل بېرىۋاتقان ئىقتىدارلىق يازغۇچى، تالانتلىق رەسسامدۇر. ئۇ ھازىر كاندىدات ئالىي مۇھەررىر بولۇپ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# سالام كىتابخان!

«دۇنيانىڭ تىلىكى، سەمەرىدۇرمىز،
ئەقىل كۆزىن قارىسى — جەۋھەرىدۇرمىز.
توگەرەك جاھاننى ئۈزۈك دەپ بىلسەك،
شەكسىز ئۇنىڭ كۆزى — گەۋھەرىدۇرمىز.»

— ئۆمەر ھەييام.

مەن خاتىرەمنى ئېچىپ، ئۇلۇغ پەيلاسوپ ۋە شائىر ئۆمەر ھەييامنىڭ بۇ روبائىسىنى ئوقىغىنىمدا، ئىختىيارسىز چوڭقۇر ئويلارغا چۆكىمەن. ئىنسان، ھايات، دوستلۇق، بۇرچ توغرىسىدىكى تارىخىي ۋەقەلەر ۋە رېئال كەچۈرمىشلەر كۆز ئالدىمدىن بىر-بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلايدۇ. شۇلارنىڭ ئارىسىدا، ئاپتاپتەك چاقناپ، ئالماستەك جۇلالىنىپ تۇرغان بىر ئابىدە نامايەن بولىدۇ. كۆز نۇرۇم بۇ ئابىدە ئۈستىگە مۇجەسسەملىشىدۇ. خىيال قۇشۇم قاناتلىنىشقا باشلايدۇ. بۇ ئابىدە قەلبىمنىڭ ئەڭ خىلۋەت، ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئۆمرۈم بويى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەينى يىللاردىكى دوستلارنىڭ سىماسى ۋە ئۇلارنىڭ خاتىرىسىدۇر...

يىللار ئۆتكەنسېرى، خاتىرەمدە ئۆچمەس بولۇپ، پارلاق سىما سۈپىتىدە بارغانسېرى چاقناپ تۇرۇۋاتقان، جۇلالىنىۋاتقان ئەنە شۇ دوستلارنىڭ ئىلغار پىكىرلىك، ئۆتكۈر زېھنىلىك، ئىستېداتلىق ۋە قابىل كىشىلەردىن بولغانلىقىنى ئويلايمەن... شۇنداق، ئۇلار دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىۋاتقان، ئەلنىڭ ئۈمىدى، شۇ دەۋر ياشلىرىنىڭ سەر خىللىرى ئىدى. ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىسىدە ئېيتىلغىنىدەك، جاھاننى ئۈزۈك دەپ

بىلسەك، ئۇلار شەكسىزكى، شۇ ئۈزۈكنىڭ گۆھەر كۆزى ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى رەسسام، بەزىلىرى مۇزىكانت، بەزىلىرى شائىر، بەزىلىرى ماتېماتىك، بەزىلىرى بولسا ھۆسن خېتى بىلەن مەشھۇر ئىدى. يۇمشاق مۇئامىلىلىك، نازۇك تەبىئەتلىك، خۇشخۇي، شېرىن سۆزلۈك يىگىرمە ياشلار ئەتراپىدىكى بۇ يىگىتلەر يۈرىكىدىكى گۈزەل ۋە ئۇلۇغۋار ھەممە ئەزگۇ تىلەكلەرنىڭ يالقۇنى بىلەن ھالال، مەردانە ياشايتتى. ئۇلار ئاددى - ساددا، كەمتەر ئىدى، راست سۆزلۈك، ئىنساپ - دىيانەتلىك، رەھىمدىل يىگىتلەر ئىدى. ئۇلار تۈندە يانغان يۇلتۇزلار ئىدى، ئۆركەشلەپ ئاققان دەريا ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى مەرىپەت مەشئىلىنى كۆتۈرگەن ئوقۇتقۇچىلار ئىدى. ئۇلار مۇنبەردە تۇرۇپ، ئەۋلادلارغا ئىلىم نۇرىنى چاچاتتى، ئىلىم نۇرى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئاچاتتى. ئەمما، «سىنىپىي كۈرەش» نىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ئەۋج ئالغان، پەلەك چاقى تەتۈر چۆرگىلىگەن ئاشۇ زامان ئۇلارنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىپ، زۇلۇم قامچىسى بىلەن ھەر دەقىقە قامچىلاپ تۇراتتى. لېكىن ئۇلار ئازاب - ئوقۇبەت، قايغۇ-ئەلەم قاپلىغان شۇ شىۋىرغانلىق يىللاردىمۇ «تۈننىڭ تېگى بارلىقىغا» ئىشىنىپ، ئۆزلىرىگە تەسەللى تاپاتتى. جاپا - مۇشەققەتلىك، ئېغىر مۇھىت ئىچىدىمۇ ئىجاد - مېھنەت ۋە ئۇلۇغۋار خىزمەتلىرى يولىدا، ئۈزلۈكسىز تىرىشاتتى، ئىزدىنەتتى، قان - تەر ئاققۇزاتتى. بۇ يولدا، بىر - بىرىگە ئىلھام - مەدەت بېرىشەتتى. ئۇلارنىڭ نام - شۆھرەت، ئەمەل - ئۇنۋان، ھۇزۇر - ھالاۋەتتىن قىلچە تامايى يوق ئىدى. پەقەت، قوللىرىدىكى ئىلىم ئاچقۇچىنى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇش ئۈچۈن، جاپا چېكىپ ئىشلەيتتى.

ئۇلار ئۆز ئارا ئەسرار بولۇپ قالغان چاغلىرىدا، ئاجايىپ قىزغىن، چوڭقۇر مەنالارغا ئىگە سۆھبەتلىرىنى قۇراتتى. بەدىئىي ئەدەبىيات، سەنئەت، تارىخ ۋە ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە، ھايات ۋە تۇرمۇش توغرىسىدا قىزغىن مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ باراتتى. ھاياجانلىنىپ، قىزىشىپ مۇھاكىمە - مۇتالىئە قىلىشاتتى. شېئىرىيەتنىڭ خىلمۇ - خىل ژانىرلىرىدا قەلەم تەۋرىتىشەتتى. لېكىن ئايىغى

ئۆزۈلمەيدىغان جۇدۇن - چاپقۇنلۇق ھەرىكەتلەر بۇ مەرىپەت مەشئىلىنى كۆتۈرگەن گۇناھسىز ئۇستىدات ئىگىلىرىنىڭ ھايات چېچەكلىرىنى تۆكۈپ، ئۆزلىرىنى بەرگى خازان قىلىپ تۆراتتى. ئۇلارنىڭ ھاياتى قىيانغا چۈشكەن سېرىق يوپۇرماقتەك، شۇ قىيانىنىڭ دولقۇنلىرىدا بىئىختىيارى لەيلەپ ئۆتتى...

يىللار خۇددى ئاق چوققىلىق تاغلار ئۈستىدىن سىرغۇلۇپ ئۆتكەن بۇلۇتلاردەك، بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئېزىز باشلارغا قىرو چۈشتى. نۇرانە يۈزلەرگە يىللار قىيانلىرى يول-يول ئېرىقلارنى قازدى. بېشىمىزدىكى تال-تال ئاق چاچلار، يۈزلىرىمىزدىكى سىزىق-سىزىق قورۇقلار ئاشۇ ئۆتمۈش يىللارنىڭ شاھىدى ۋە يالدامىسى بولۇپ قالدى.

دەرۋەقە، ئاق چاچلىرىمىزنىڭ ھەر تالىغا ئازابلىق يىللارنىڭ تامغىسى بېسىلغان. يۈزلىرىمىزدىكى تارام-تارام ئېرىقلاردا ھەسرەت-نادامەت ئېقىنلىرى ئاققان... بىز ئۇ يىللاردىن پەقەت ئاقارغان چاچ، ئۆمۈچۈكنىڭ تورىدەك قورۇقلارنىلا ئېلىپ قالالىدۇق.

يىللار، يىللار! قايرىلىپ كەينىمگە باقسام، ئەللىك تۆت باھار ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەللىك تۆت كۈز ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئاھ يىللار، مېنىڭ كۈز شامالLIRىڭ قانچىلىك چېچەكلەرنى تۆكمەي قالمىدى؟ قانچىلىغان بوستانلارنى خازان قىلماي قالمىدى؟ تېخى تۈنۈگۈن بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ ئۈلگۈرمىگەن نۆدەر يىگىتلىرىدىن بۇ دۇنيا بىلەن ۋاقىتسىز خوشلاشقانلىرىنىڭ قەبرىسىنى قومۇش بېسىپتۇ. ھايات قالغانلىرى بولسا ئەمدىلىكتە سالاپەتلىك مويسىپىتلارغا ئايلىنىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ باشلىرىغا يىللارنىڭ قىروسى چۈشۈپ، كەچكۈز شامالLIRى ھايات بوستانىنىڭ ياپراقلىرىنى سارغايتىشقا باشلاپتۇ. لېكىن ئۇلار يەنىلا بور توزانلىرى ئىچىدە، ئىجاد - مېھنەت قايناملىرىدا جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەۋېتىپتۇ.

دوستۇم مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن بىلەن ئىينى يىللاردىكى ئاشۇ دوستلارنى، ئۇلار بىلەن بىللە ئۆتكەن كەچمىش ھايات، تارىخىي ۋەقەلەرنى ئەسلەپ، مۇڭدىشىپ قالىمىز. گەرچە ياشلىقىمىز ئېغىر ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۆزىمىزنىڭ پاك ۋىجدان، ئىنسانىي غۇرۇر

بىلەن ياشىغانلىقىمىزدىن پەخىرلىنىمىز.

بەزى چاغلار سۆھبەتىمىز، مۇڭلىرىمىز ئاپئاق تاڭلارنى كۈتۈۋالىدۇ. قايناق خىزمەت، جۇشقۇن ئىجادىي مېھنەت بىلەن ئۆتكەن سائادەتلىك چاغلار، يۇرۇڭقاش دەرياسى بويىدىكى كۆڭۈللۈك سەيلىلەر، دەرس مۇنبىرى ئالدىدىكى ئىپتىخارلىق سائەتلەر... شۇنداقلا «قوشكۆل» نىڭ شۇئاقلىق دالالىرىدا سۈرگۈندە ئۆتكەن كۈنلەر، ئۇ يەردىكى ئۈستىدىن قۇم تۆكۈلۈپ تۇرغان زەي گەمىلەر، چىرايلىرىدىن رەڭ، كۆزلىرىدىن نۇر كەتكەن سۈرگۈندىكى مۇئەللىم ۋە مۇئەللىمەلەر، كۆز ئاچقىلى بولمايدىغان چۆل شىۋىرغىنىدا كېسەك توشۇۋاتقان گۇناھسىز تۇتقۇنلار، دەھشەتلىك قىيناق ئاستىدا سۇنغان قوللار، نالە-پەريات ئاۋازى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىغان يەرلىك تۈرمىلەر ۋە قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلارنى ئوت گۈلخانلىرىدىن قۇتقۇزۇش يولىدىكى ئاقىلانە تەدبىر... قاتارلىق ۋەقەلەرنى ئەسلەيمىز، يۇقىرىقى كارتىنىلار كۆز ئالدىمىزدىن بىرمۇ بىر ئۆتىدۇ.

مەن بۇ رومانىمدا ھېكمەت، كامىل، مۇرات قاتارلىق باش قەھرىمانلار، شۇنىڭدەك، ئۇلارغا ياندىشىدىغان گۈلزىبا، نەفىسە، زۇمرەت قاتارلىق ئىجابىي پېرسوناژلار بىلەن خالىق ۋە تۇردىلاردىن ئىبارەت سەلبىي پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق، ھەققانىيەت بىلەن ئادالەتسىزلىك، سەمىمىيلىك بىلەن ھىيلىگەرلىك، ئىلمىيلىك بىلەن قارا قورساقلىق، گۈزەل ئارزۇ-ئىستەكلەر بىلەن پەس ئارزۇ-ھەۋەسلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت-كۆرەشلەرنى تەسۋىرلەشنى مەقسەت قىلدىم.

ھۆرمەتلىك كىتابخان! بۇ رومانىنى ئوقۇغىنىڭىزدا، بەلكىم سىز ئۇلارنى قەيەردىدۇر كۆرگەندەك، تونۇيدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالارسىز، بەلكىم، ئۇلاردىن بىرى كۈتۈلمىگەندە ئۆزىڭىزگە ئوخشاپ قالار. شۇنداق بولغىنىدا، مېنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى تىرىشچانلىقىم، مەقسەت-نىشانلىرىم زايە كەتمىگەن بولار ئىدى.

مەن بۇ رومانىنى يېزىش ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئالغىنىمدا، يۈرىكى

قىسسىلەر» ، «قىرغىز خەلق داستانلىرى» ، «ئون كۆڭلۈك سۆھبەت» ، «ئەدەبىيات ۋە دەۋر» ، «رەسساملىقتىكى رەڭ ئىلمى» ، «ماناس» قاتارلىق كۆپلىگەن مۇقاۋىلىرى مەملىكەت بويىچە ۋە غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇپ 9 ئۆلكە (رايون) بويىچە ئېچىلغان مۇقاۋا كۆرگەزمە يىغىنلىرىدا ھەر خىل تۈردىكى مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى.

جالالىدىن بەھرام ئەدەبىيات ئىجادىيىتى ھەم گۈزەل سەنئىتىن ئىبارەت ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ قوش تۈرىدە مول ھوسۇل بېرىۋاتقان ئىقتىدارلىق يازغۇچى، تالانتلىق رەسسامدۇر. ئۇ ھازىر كاندىدات ئالىي مۇھەررىر بولۇپ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# مۇقەددىمە

1961 - يىل ئاۋغۇستىنىڭ ئاخىرلىرى. كەچكــــى گۇگۇم قارا تورلىرىنى يېيىشقا باشلىغاندا، ئۇستىباشلىرىنى توپا - چاڭ باسقان تۆت ئوقۇغۇچى يۇك - تاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، يەكەننىڭ «قەلەندەر» دېگەن كىرىپ كېلىشتى.

دەڭنىڭ چوڭقۇر هويلىسى مال ئايغىدا چەيلەنگەن ئوت - سامان، قۇرۇق پىچان ۋە تېزەكلەر بىلەن تولغان بولۇپ، بەكمۇ پاسكىنا ئىدى. هەر خىل تۇياق ئىزلىرى تىلغىنىۋەتكەن پىتىق لايدىن كېلىۋاتقان ئاچچىق چىلە هىدى دىماغلارنى ئېچىشتۇراتتى. تىكلەپ قويۇلغان هەر خىل هارۋىلار هويلىدا قالايمىقان تۇرۇشاتتى. لاپاس تېگىدىكى ئېغىلدا بىر نەچچە ئات ۋە ئېشەك قۇيرۇقلىرىدا بىزەڭ چىۋىن ۋە كۆكۈيۈنلەرنى توختىماي قورۇپ، ئېرىنچەكلىك بىلەن قۇرۇق ئوتنى يالمايتتى. چوكتۇرۇپ قويغان بىر تۆگە كۆزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ كۆشەۋاتاتتى. . .

قاش - كىرپىكلىرىنــى ئاپئاق چاڭ باسقان بۇ توپا چــــىراي ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرسى قىز ئىدى. ئۇلار سول تەرەپتىكى كۆتۈرمە قىلىنىپ سېلىنغان پېشايۋانلىق ئۆيلەر ئالدىدا توختاشتــى. پېشايۋان ئالدىغا قېرى سۆگەتنىڭ غولىدىن ئويۇلۇپ ياسالغان پەلەمپەي قويۇلغانىدى. بۇ هارغىن يولۇچىلار يۇك - تاقلىرىنى يەرگە قويۇپ، بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قېلىشتى. دەڭ ئىچىدە ئادىمىزات كۆرۈنمەيتتى. تۆت تەرىپى ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان چوڭقۇر، غىمسا دەڭ ئىچىگە قاراپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن قىز يېنىدىكى بېشىغا قىـــسقا كاررۇكلۇق قاسقان شەپكە، ئۇچىسىغا قارا چىبەرقۇتتىــن تالاستوپكا كىيىۋالغان، قويۇق قارا قوشۇما قاشلىرى ئاق يۈزلۈك مەسۇم چىرايىنى

ئېچىپ تۇرغان بالىغا قارىدى.

— ھېكمەتكا، بۇ زىنداندا ئادەم كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دېدى بوغداي ئۆڭلۈك ۋىجىككىنە قىز ئاستاغىنا، — ۋاي خۇدايىم، نېمىــدېگەن سىپسىقچىلىق. . .

— بولدى قىلىڭ، باشقا يەردىن ياتاق تېپىلمىسا! — دېدى يىگىت قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — قاراڭ، بىركىم كېلىۋاتىدۇ.

بۇ ئەسنادا مال ئېغىلى تەرەپتىن تەتۈر ئۇستىخان، ئاپئاق ساقاللىرى مەيدىسىدە بىيىلىپ تۇرغان قامەتلىك بىر بوۋاي ئۇزۇن خام يەكتىكىدىكى ئوت ـ سامانلارنى قېقىشتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ كىنىدىكىگىچە ئوچۇق تۇرغان يەكتىكى ئۇستىدىن رەڭگىنى بىلگىلى بولمايدىغان دەرىجىــدە ئۆڭۈپ كەتكەن، چەت ـ چۆرىسى تىتىلىپ يىپلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان شايى پوتا باغلىۋالغانىدى. بوۋاي كەڭ ياسمانە ماتا تامبىلىنىڭ ئارىلىقىدا ساڭگىلاپ تۇرغان ئىشتان بېغىنى پولاڭلاتقىنىچە يېتىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم چوڭ دادا! — دېدى ھېكمەت قولىنــى كۆكسىگە قويۇپ.

— ۋا ئەلەيكۇم ئەسسالام! — دېدى بوۋاي ئۇزۇن ئاق پاخما قاشلىرى يېپىۋالغان كۆزلىرىنى بالىلارغا تىكىپ، — خوش. . . ھەر قايسىلىرىنى نەدىن سورايمىز ـ يا؟

— ئۈرۈمچىدىن كېلىشىمىز، — دېدى ھېكمەت ئەدەپ بىلەن، — خوتەنگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغانىدۇق. لېكىن يەكەن دەرياســىغا كەلگۈن كېلىپ ئىككى تارامنى ئېلىپ كېتــىپتۇ. شۇڭا قايتــىپ كېلىشىمىز. . .

— ھىم، ماقۇلە، تالىپ بالىلار بىز دېيىشسىلە! — بوۋاي ساقىلىغا ئوخشاشلا ئاقىرىپ كەتكەن تۈكلۈك مەيدىسىنى تاتىلىدى، — كۆۋرۈكنى بۇ يىقىندا ئوڭلاپ بولالمايتۇ. . . ھەر قايسىلــىرى قانچىلــىك تۇرۇشماقچى؟ . . .

— بوگۇنچە يېتىپ تۇرساق، قالدىسىنى ئەتە مەسلىھەت بىلەن بىر نېمە دېيىشەرمىز. . .

— بۇ. . . بۇ ھازىرچە بىرلا ئۆي بار، قالدىسىغا سودا سارايلىرىنىڭ خام ماللىرى بېسىلغان، — دېدى بوۋاي قىزغا قاراپ، — بۇ تالىپەگە ئايرىم ئۆي بېرىش تەس بولارمىكىن. . .

— خاتىرجەم بولسىلا چوڭ دادا، — بىز ھەممىمىز ئوقۇغۇچىلار! — دېدى قىزىرىپ كەتكەن قىز ھېكمەتكە قاراپ، — بۇ كىشى بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىمىز بولىدۇ. . .

بوۋاي دەماللىققا بىر نېمە دېمىدىيۇ، لېكىن سەل خاتىرجەم بولالمىغاندەك كەيپىياتتا ئۇلارنى باشلاپ پېشايۋاننىڭ ئەڭ چېتىدىكى — كۈنگەيدىكى ئۆينىڭ قارا قۇلۇپىنى ئاچتى. ئۆيدىكى لاي سۇپا ئۈستىگە ياغاقلاشقان بىر پارچە پالاز تاشلانغان بولۇپ، مايلىشىپ پارقىراپ كەتكەن سامان تەكچىلەر ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى. پەستىكى ئوچاقنىڭ ئويۇقىدا بىر نەچچە پۇچۇلغان ھېجىر، كۇلۇڭنىڭ مەڭزىدە قاپقارا ئىسلىشىپ كەتكەن بىر قوم چۆگۈن تۇراتتى. . .

— ئەگەر چاي ئىچىشمەكچى بولۇشسىلا، — دېدى بوۋاي چۆگۈنگە قاراپ قويۇپ، — ھويلىدا ئوتۇن بار. يەنە بىر گەپ، بۇ ئۆيدە بۇرگە تولا، مۇساپىر، يېتىمچىلەر چىدىغان بىلەن، ھەر قايسىلىرى يۇمران يۇپۇماقكەنلە، بۇرگىنىڭ تالىشىغا چىدىيالمايلا، پېشايۋاندا ياتسىلىمۇ بولىدۇ.

— بولىدۇ. رەھمەت ئۆزلىرىگە. . .

بوۋاي چىقىپ كەتتى. باللارمۇ نەرسە - كېرەكلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئىشىككە قۇلۇپىنى سېلىپ، قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇلار دەڭ ئالدىدىكى رەستىنى ئارىلاپ، ئانچە يىراق بولمىغان بىر چايخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى، چايخانا خوجايىنى — لىغىرلاپ تۇرىدىغان سېمىز ئايالغا 15 تىيىنلىق ئىككى ئارا چەينەك چاي بۇيرۇتتى. چاي دەملىنىپ كېلىپ بولغىچە، ھېكمەتنىڭ كۆڭلى يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقان ھەمراھلىرىنىڭ ھارغىن چىرايلىرىغا قاراپ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى.

پاكار سۇپىلىق چايخانىغا باسما گۈللۈك كىگىز، ياغاقلاشقان

گىلەملەر سېلىنغانىدى. چىۋىن چېچىپ دۇغلىشىپ كەتكەن چىراغ
كىچىك يۇمىلاق شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان شالاڭ مېھمانلارنى غۇۋا
يورۇتۇپ تۇراتتى. چىراغ ئەتراپىدا ئوت خۇمار ھاشاراتلەر بىر - بىرىگە
سوقۇلۇپ پىلدىرلىشىپ ئۇچۇشماقتا ئىدى. خوجايىن ئايالنىڭ ئوچاق
ئەتراپىدا جوغىسى پۇچۇلغان، قارا چايدىن داغلاشقان چىنە، چەينەكلەرنى
ئۇيان - بۇيان قىلىشۋاتقان ئېغىر ھەرىكىتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، چايخانا
جىمجىت ئىدى. بۇ ئېغىر سۈكۈنات، دوستلىرىغا قاراپ كۆڭلى بىر
قىسما بولۇپ قالغان ھېكمەتنى تېخىمۇ مىسكىن ھالغا كەلتۈردى.

ھېكمەتنىڭ سول يېنىدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان، سېمىز،
دوغىلاق، ئاق يۇسمىلاق، ياۋاش، كەمسۆز بالا — مۇزىكا سىنىپىنىڭ
چاڭ كەسپىدە ئوقۇغان مەتتۇردى ئىدى. مەتتۇردى يولغا چىققاندىن بېرى
خۇشال ئىدى. چۈنكى ئۇ خوتەننىڭ نىيە ناھىيىسىدىن بولۇپ، ئۆز
يۇرتىغا — قىسقىسى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىسسىق باغرىغا كېتىۋاتقانلىقىدىن
مەمنۇن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ يېنىدا ئوچاق بېشىدىن كۆزىنى ئۈزمەي
تىكىلىپ تۇرغىنى رەسسام كەسپىدە ئوقۇغان تۇرسۇن. ئۇ يەكەننىڭ بىر
يېزىسىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايى قارا، ياپما قاپاق، ئىككى تەرىپىدىكى
ئوغرى چىشلىرى يۇقىرىقى كالپۇكلىرىنى كۆتۈرۈپ، خۇددى ئاغزىغا بىر
نېمە سېلىۋالغاندەك دائىم تومپىيىپ تۇراتتى. ئۇ لاپ ئۇرۇشقا ھېرىسمەن
بولغاچقا، ئىنستىتۇتتا ئۇنى ساۋاقداشلىرى تۇرسۇن پو دېيىشەتتى.
لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى ياخشى ئىدى. ئەمدى ھېكمەتنىڭ ئوڭ يېنىدا
ئېتەكلىرىدە تىزلىرىنى يوشۇرۇپ بىر قولىدا گىلەمگە تايىنىپ ئولتۇرغان
مۇنۇ ۋىجىككىنە بۇغداي ئۆڭلۈك، پۇچۇق قىز بولسا، ئىسكىرىپكا
كەسپىنى پۈتتۈرگەن ئاتىكەم ئىدى. ئاتىكەم ئاقسۇلۇق قىز ئىدى.
دەرۋەقە بىلىم كويىدا ھەر جاي، ھەر يەردىن توپلانغان بۇ بالىلار بىلەن
ھېكمەت بىر نەچچە يىلنى بىر نەچچە كۈندەك بىللە ئۆتكۈزگەن
ساۋاقداشلاردىن ئىدى. ھېكمەت ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگەن غۇلجىلىق بالا
ئىدى. ئۇ، سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ رەسسام كەسپىنىڭ ئىككىنچى
يىللىقىغا كۆچكەندە، بۇ بالىلار ئوقۇشقا كەلگەنىدى. ھېكمەت ئوقۇش

پۈتتۈرۈپ مەكتەپكە ئاسپىرانتلىققا ئېلىپ قېلىنغاندا، بۇ باللار 3 - يىللىققا كۆچكەنىدى. لېكىن ئۇ بىر يىللىق ئاسپىرانتلىق ھاياتىدا مائاش ئېلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ساۋاقداشلىرى بىلەن تەڭ ئۆگىنىۋاتاتتى. ئىنستىتۇتتا ھەر بىر كەسىپتە بىردىن ئالتە - يەتتىگىچە ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى. ھەتتا بىر ئوقۇغۇچىغا بىر ئوقۇتقۇچى دەرس ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ھېكمەت ئۇستازلىرىغا ياندىشىپ كەسپىي دەرسلەرگە كىرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى ئوقۇغۇچى ھېسابلايتتى. ئۇ، تىرىشچان، پەزىلەتلىك، پائالىيەتچان بالا بولغاچقا، ئىنستىتۇتتىكى مۇزىكا، ئۇسسۇل، رەسىم كەسپىدىكى قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارلا ئەمەس، ھەتتاكى «چاڭچىلە» سىنىپىدىكى كىچىك خەنزۇ باللىرىمۇ ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى. ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇش، ئىدىيە جەھەتتىكى كىشىگە ئېيتالمايدىغان گەپلىرىنى ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان بۇ ھېكمەتكە ئېيتالايتتى، ئىچكى سىرلىرىنى تۆكەلەيتتى. چۈنكى ھېكمەت ئۇلارنىڭ پۈتۈن مەخپىيەتلىكىنى ھېچكىمگە تىنمايتتى. مەكتەپ رەھبەرلىكى ياكى مەمۇرىيىتى تەرىپىدىن ھەل قىلىنمىدىغان ئىش بولۇپ قالسىمۇ، ھەر خىل ئۇسۇل، چارىلارنى قوللىنىپ، دەرد تۆككۈچىنىڭ يۈز - ئابرويىنى ساقلاپ قالاتتى. ھېكمەت گەرچە رەسىم كەسپىدە ئوقۇغان بولسىمۇ، گارمون تۈرلىرىدىن دوخراتكا، بايانلارنى تولىمۇ مۇڭلۇق چالاتتى. شۇڭا، ئىنستىتۇتتىكى تانسا، كۆڭۈل ئېچىشلاردا ئوقۇغۇچىلار ئۇنى گارمون چېلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىشاتتى. ئاتىكەمنىڭ سارايىۋەن بوۋاينىڭ ئالدىدا «بۇ بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىمىز بولىدۇ» دېيىشىنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ يەردە ئىدى. لېكىن مەكتەپ رەھبەرلىكى ھېكمەتنى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن تەڭلا خوتەنگە تەقسىم قىلىۋەتكەنىدى. شۇڭا، ھېكمەتنىڭ دوستلىرى «33 بالىدىن سېنى تاللاپ ئىنستىتۇتقا ئېلىپ قېلىپ، ئەمدى نېمە ئۈچۈن بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرگەن باللار بىلەن تەڭ خىزمەتكە تەقسىم قىلىدىكەن؟ بۇ ئوچۇقتىن ئوچۇق سۈرگۈن قىلىش» دېيىشسە، يەنە بەزىلەر ئۇنىڭغا «ئىنستىتۇت پارتىيە

ياچىپىكىسىغا دەۋا قىل!» دېدى. لېكىن ھېكمەت: «ياق، مەن بىر ئىنتىسپاق ئەزاسى، مەكتەپنىڭ قارارىغا بويسۇنۇش مېنىڭ بۇرچۇم...» دەپ ئېيتتى، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە دەپ ئېيتقۇسىز بىر غۇۋالىق سايە سېلىپ قويدى.

ھېكمەت چايخانىچى ئايالغا پۇل ۋە ئاشلىق بېلىتى تۆلىگەندىن كېيىن، ھەممىسى دەڭگە قايتىپ كەلدى. ئۇلار بىر دەم تالاشقاندىن كېيىن، ھويلا پېشايۋانىغا كىگىز - كېچەكلىرىنى يايدى. ھېكمەتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە مەتتۇردى بىلەن تۇرسۇن ياتتى، سول تەرىپىگە ئاتىكەم كۆرپە - ئەدىياللىرىنى سالدى، ئۇلار ئۇرۇمچىدىن يولغا چىققان ھەپتىدىن بېرى ئەنە شۇ تەرتىپتە يېتىپ كەلگەندى. بۇ چاغلار مېھمانخانىلار ئەڭ قىس چاغلار بولغاچقا، ھەر قانداق يولۇچى ئۆزلىرىنىڭ يوتقان - كۆرپە، كىگىز - كېچەكلىرىنى تىگىپ سەپەرگە چىقاتتى. قارا ماشىنا قەيەردە توختىسا، ئايدالا بولامدۇ ياكى بىكەت سۇپىلىرىمۇ ئىش قىلىپ توغرا كەلگەن يەرگە ئورۇن سېلىپ، بىر كېچىنى ئۆتكۈزەتتى. ئاتىكەم مەتتۇردى بىلەن تۇرسۇنغا قارىغاندا، ھېكمەتنى ئۆز ئاكىسىدەك كۆرەتتى.

چوڭقۇر دەڭگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. پەقەت ئۇلاغلارنىڭ پۇشقۇرغان، كىرسىلدىتىپ ئوت چايىنىغان، بىر خىلدا كۆشىگەن ئاۋازلىرىلا كېلەتتى. ھېكمەت ياستۇقنى تامغا يۆلەپ ئولتۇراتتى. قالغانلار ئەدىياللىرىنى يېرىم يېپىنىپ، ئەتىكى ئىشلار ھەققىدە پاراڭ سېلىشماقتا ئىدى.

— تۇرسۇن، — دېدى ھېكمەت يېرىم بۇرۇلۇپ، — كۆۋرۈكنىڭ پۈتۈشىگە ئون نەچچە كۈن بار ئىكەن، شۇڭا ئەتە سەن مەتتۇردىنىڭ تاغىسىنىڭ، ئاتىكەمنىڭ كىچىك ئانىسىنىڭ ئادرېسلىرى بويىچە ئۇلارنى ئىزدەپ ئۆيىنى تېپىشىپ بەر، ساڭىمۇ ئاتا - ئاناڭ بىلەن كۆرۈشۈش پۇرستى چىقىپ قالدى، يېزاڭغا مالڭ...

— سەنچۇ، سەن قانداق قىلىسەن؟

— مەن ئون كۈنگىچە مۇشۇ دەڭدە سىلەرنى ساقلايمەن... يەكەن شەھەر ئىچىدە كۆرۈدىغان يەرلىرىم بار.

يۈك - تاقلىرىنى بىر تۆگىگە كىرا قىلىپ ئۆزلىرى يەكەن دەرياسىدىن پىيادە قايتىپ كەلگەن بۇ باللار پاتلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئەتىسى تۇرسۇن، ئاتىكەم، مەتتۇردىلارنى باشلاپ چىقىپ كېتىپ، چۈشتىن ئۆتكەندىلا خۇشال قايتىپ كېلىشتى. چۈنكى مەتتۇردى تاغىسىنى، ئاتىكەم كىچىك ئانىسىنى تاپقانىدى. تۇرسۇن بىردەمدىلا ئۈچ ئىشەكچىنى تېپىپ كەلدى. ھېكمەت ھەر بىر بالىغا ئون كۈنلۈك تۇرمۇش ئۈچۈن 15 يۈەن پۇل، 15 جىڭ ئاشلىق بېلىتى تارقىتىپ بەردى.

— ئەمىسە ئېسەنلاردا بولسۇن، — دېدى ھېكمەت، — ئون كۈن تۇغقانلارنىڭ ئۆيىدە ئوبدان ئويناڭلار، بىراق 11 - كۈنى مۇشۇ دەڭگە قايتىپ كېلىشنى ئۇنتۇماڭلار.

ھېكمەت دوستلىرىنى ئۇزۇتۇپ دەڭگە قايتىپ كىرگەندە، ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان كۈننىڭ قىيپاش نۇرلىرى ئۆگزىدىكى پىچان، پاسارلارنى سۇس ھالرەڭدە يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ تونۇگۇن چاي ئىچكەن چايخانىغا بېرىپ قورساق تويغۇزغاندىن كېيىن، يېقىن ئارىدىكى رەستىلەرنى تاماشا قىلىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە يېنىپ كەلدى.

ئادەم يالغۇز قالغاندا غېرىبلىق باسىدۇ. غېرىبلىق مۇڭلۇق ئويلارغا سالىدۇ. قەلەندەر دېگىنىڭ سۇپىسىغا ئورۇن سېلىپ يالغۇز ئولتۇرغان ھېكمەت نىل رەڭلىك ئاسماندىكى سانسىزلىغان يۇلتۇزلارغا قارىغىنىچە خىيالغا پاتقانىدى.

ھېكمەتنىڭ كۆز ئالدىدىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئۇزىتىش كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىدىكى ئاخىرقى ئۇچرىشىش زادىلا كەتمەيتتى.

ھېكمەت كىرىپ كەلگەندە، زالنىڭ ئىچى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن تولغانىدى. گەرچە تانسا باشلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، جۈپ - جۈپ قىز - يىگىتلەر بۆلۈك - بۆلۈكلاردا، زال پىنھانلىرىدا مۇڭدىشىۋاتاتتى. ئۇلار تۈگىمەس - پۈتمەس مۇڭلىرىنى تۆكۈپ، بىر - بىرىگە كۆز قىيالمايۋاتقان ئاشىق - مەشۇقلار، ناز بىلەن يىگىتىنى قىسىناپ، ئازابلاشتىن ھوزۇر ئېلىپ، مانا ئەمدىلىكتە تولا يىغلاپ كۆزلىرى

قىزىرىپ كەتكەن قىزلار، ئاخىرقى ئايرىلىش مىنۇتلىرىدا، قىزلارنىڭ خاتىرىلىرىگە يۈرەك تارىلىرىنى تىترىتىپ چىقىۋاتقان ۋاپادارلىق، ئۇنتۇماسلىق، مەڭگۈ ئەسلەش توغرىسىدىكى نالە، تىلەكلىرىنى، ئۈمىد-ئارزۇلىرىنى يالداما قالدۇرۇۋاتقان يىگىتلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۈمىدسىزلىككە تولغان كۆزلىرىدىن ھەسرەت ياشلىرى خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلەتتى...

قىزلار توپى ئىچىدە ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان ئامىنەنى كۆرگىنىدە، ھېكمەتنىڭ يۈرىكى بىردىنلا ئەنسىز سىيلىپ كەتتى. ئۇ بالىلار توپى ئىچىدىن ئۆتەلمەي تۇرغىنىدا، ئامىنە ئۆزى يېتىپ كەلدى. ھېكمەت قىزنىڭ مىسكىن چىرايىغا، ھەسرەتنىڭ نەملىك يالقۇنى يالتىراپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىدىيۇ، يەرگە باقتى...

زال ئىچىدە پىئانىنوغا تەڭكەش قىلىنغان بايانىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ياڭرىماقتا ئىدى. يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشىچى يۇچۇنئاينىڭ يۈرەك پىنھانلىرىدىن ھېس-تۇيغۇلارنى ئويغىتىپ چىقىۋاتقان ناخشىسى لەرزان ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى:

سەن كەتتىڭ يىراقلارغا،
ھىجران يۈكىنى ئارتىپ.
چىدىغىن سەن پىراقلارغا،
سېغىنغاندا ئۇھ تارتىپ.

ھىجران ئاچچىقىدا ئازابلىنىۋاتقان ھېكمەت بىلەن ئامىنەگە بۇ مۇزىكا گويا ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببىتى ئۈچۈن ماتەم مۇزىكىسىدەك، ناخشا بولسا، مەرسىيە ناخشىسىدەك بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇلار بىر-بىرىگە ئۈنچىقماي قاراپ قويۇشتى.

— سىرتقا چىقامدۇق؟ — دېدى ئامىنە ئاستاغىنا.

— جۈرۈڭ...

ئۇلار ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئىككىنچى قەۋەت بالكونىغا چىقىشتى. يامالىق تېغىدىن ئۇرۇۋاتقان سوغۇق شامال پارچە-پارچە يامغۇر بۇلۇتلىرىنى سەنپەنگۈ ئاسمىنىغا توپلىماقتا ئىدى. ئاسماندا سەيلانە

ئۆزۈۋاتقان يېرىم ئاي دەمۇ دەم بۇلۇتلار ئىچىدە غايىپ بولاتتى، پەستە سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ قەدىمىي قارىياغاچلار بىلەن قاپلانغان ئورمانلىقى سىرلىق قارىيىپ تۇراتتى. بۇلۇت پەردىلىرى سۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ، ئاي باغ ئىچىدىكى پۇتبول مەيدانىنى ۋە ئۇنىڭ ۋاراتاسىنىڭ شادىلىرىنى غىل - پاللا يورۇتۇپ ئۆتۈپ كېتەتتى.

ئامىنە مۇزىكا سىنىپىنىڭ ئىسكىرىپكا كەسپىدە ئوقۇيدىغان، ئۆزىنى تۇتىۋالغان، سالماق، كېلىشكەن قىز ئىدى. ئۇنىڭ مۇرىلىرىنى يېپىپ تۇرىدىغان قوڭۇر چاچلىرى يۇمۇلاق، ناۋاترەڭ چىرايىغا خوپمۇ ياراشقان بولۇپ، چوڭ كۆزلىرى كۆلۈپلا تۇراتتى. ئۇنىڭ كەسپىي ئىقتىدارى مۇزىكا مۇتەخەسسىسلىرىنىمۇ سۆيۈندۈرەتتى. ئامىنە بىرىنچى يىللىقتا، ھېكمەت ئىككىنچى يىللىقتا ئوقۇۋاتقان پەيتىدە، پۈتۈن ئىنستىتۇت بويىچە تۇنجى قېتىم ئىككىسى ئىتتىپاققا قوبۇل قىلىنــدى ۋە ھەر ئىككىسىلا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ قالدى. ئىككى ياشنىڭ ئەخلاق - پەزىلەت، تۇرمۇش، كەسپــتىكى، مۇھەببەتكە بولغان كۆز قاراشلىرى تەبىئىي ھالدا ئۇلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ قويدى.

مەكتەپ رەھبەرلىكى ئىككى ياشنىڭ كەسپتىكى نەتىجىلىرىگە قاراپ، تېخى بىر ئاي ئىلگىرىلا ئاسپىرانت ھېكمەتنى بېيجىڭ گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا، ئامىنەنى شاڭخەي مۇزىكا ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىش قارارىنى ئۇلارغا ئۇقتۇرغانىدى. ئوقۇش پىراقىدا ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان ھېكمەت بىلەن ئامىنە خۇشاللىقىدىن كەلگۈسى ئىقبالى ۋە تەقدىرلىرى ھەققىدە مۇڭدىشىپ مانا مۇشۇ بالكوندا تالاي قېتىم ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى كۈتۈۋالغانىدى. . .

— ھېكمەت، — دېدى ئامىنە ئېغىر جىمجىتلىق ئىچىدە، — بۇ قېتىمقى سىزنىڭ جەنۇبقا تەقسىم قىلىنىش سەۋەبىڭىزنى ئۇقتۇم. . .

— نېمە سەۋەبتىنكەن؟

— سىزگە چەت ئەلدىن كەلگەن خەتلەر سەۋەب بوپتۇ. . .

— چەت ئەلدىن كەلگەن خەتلەر؟

— ئۇلار فاكۇلتېتتا مۇزاكىرىگە سالغاندا، رەھبەرلىك ئىلىيار مۇئەللىمنى مىسال كەلتۇرۇپ، بېيجىڭغا ئوقۇشقا بېرىشىڭىزغا قوشۇلماپتۇ. . .

ئىلىيار ئەسلى گۈزەل سەنئەت فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ئۇنى بېيجىڭغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتكەنىدى. ئۇ بەش يىل بېيجىڭدا ئوقۇپ، بىر يىل ئالدىدا قايتىپ كەلگەندە، مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇنى ئالاھىدە كۈتۈۋېلىپ، ئىجادىيەت ئوقۇتقۇچىسى يوق بولۇشتەك بىر كاۋاك ئەمدى تولدۇرۇلدى دەپ خۇشال بولۇشقانىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى چەت ئەل گىراژدانى بولغاچقا، تۇيۇقسىزلا قايتىش خېتى چىقىپ قېلىپ، چەت ئەلگە كېتىپ قالدى. ئۇنى بەش يىل جاپا چېكىپ ئوقۇتقان مەكتەپ تەشكىلى لېۋىنى چىشلەپ قالغانىدى.

— رەھبەرلىك ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ چەت ئەل گىراژدانى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىپتۇ، — دېدى ئامىنە تەئەددى بىلەن، — چەت ئەلدىكى ئاشۇ قىزنىڭ خەتلىرىنى سىز ماڭا كۆرسەتكەندىلا، يۈرىكىم سىرلىق بىر خەۋپنى سەزگەنىدى.

— مەن سىزگە قانچە قېتىملاپ ئېيتتىمغۇ؟ — دېدى ھېكمەت خىجالەت بولغان ھالدا، — ئەسلى مەن تاغامنىڭ ئۆيىدە چوڭ بولغان، ئۇ چاغلاردا مەن تېخى 15 ـ 16 ياش تۇرسام. . ئۇلار 56 ـ يىلى چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئەمدىلىكتە خەت يېزىشىنى مەن نەدىن بىلەي؟ . . .

— سىز تاغىڭىزنىڭ قىزىغا خەت يېزىپ ئادرېسىڭىزنى بەرمىسىڭىز؟ . . .

— توۋا، سىزنىڭ تەتۈرلۈكىڭىزنى، — دېدى ھېكمەت جىلى بولۇپ، — سىزگە ئېيتتىمغۇ، ئۇ غۇلجىدىكى تۇغقانلاردىن ئادرېسىمنى ئالدۇرۇپتۇ. . دىسلەپكى خېتىگىلا لايىقىدا جاۋاب بېرىۋەتكەن تۇرسام. . .

— مانا ئەمدى بېيجىڭغا ئوقۇشقا بېرىش ئەمەس، ئىنىستىتۇتتىمۇ تۇرالمايدىغان بولدىڭىز. بۇ ئەمەلىيەتتە، — ئامىنە قىلچە يۈز ـ خاتىرە قىلمىدى، — سۈرگۈن قىلىش! بىلەمسىز؟ سىزنى خوتەنگە سۈرگۈن

قىلدى. . .

«قەلەندەر» دېگەن جىمىقتى، قەيەردىندۇر سۇزۇپ - سۇزۇپ ئىت قاۋىدى. كونا چەكمەن، يىرتىق يەكتەكلىرى بىلەنلا ئۇلۇك - تەنۇر سۇنايلىشىپ ئۇخلاپ قالغان يولۇچى، مۇساپىرلارنىڭ ھەرخىل خورەكلىرى، قەيەرلەردىندۇر كارتىلدىتىپ تاتىلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھېكمەت ئېغىر خىياللار ئىلكىدە، تاڭ ئاتقىچە دەم - دەم ئۇخلايتتى، يەنە ئويغىناتتى. ئاخىرى تاڭمۇ ئېتىپ قالدى. ئۇ، دەڭ ئالدىدىكى ئېرىقتا يۈزىنى يۇيۇپ، قۇم چۆگۈندە چاي قايناتقاندىن كېيىن، يالغۇز ئولتۇرۇپ ناشتا قىلدى. ئاندىن ياتىقىغا قولۇپ سالدى - دە، شەھەر رەستىلىرىنى كۆرۈش ئىستىكىدە تالاغا چىقتى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كۆك كېسەكلىرى ھۇركۈپ، بەزى يەرلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، زىنداندەك چوڭقۇر قەلەندەر دېگەن گۇزەرنىڭ ئاياغ ئۇچىدا قەدىمىي قەلئەدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى تاقىچىلار، تۇنىكىسازلار، ساپالچىلارنىڭ پاكار، كۆرۈمسىز دۇكانلىرى، ئىسلاشقان چايخانىلار، بۇس بىلەن تولغان ئاشخانىلار ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئاچچىق ئىسقا تولغان تۆمۈرچىلىك دۇكىنى ئالدىدا، قولاق، بۇرۇن تۆشۈكلىرى قاپقارا بولۇپ كەتكەن بىر بالا كۆرۈك بېسىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلەكچان بەدىنى كىيىۋالغان ماتا ئىشتىنىدەكلا مەينەت ئىدى. دوك ئۇستام بولسا، تىنماي بولقا ئۇرۇپ، سەندەلدىن ئۇچقۇن چاچرىتاتتى. . . ساپالچىلار چىۋىق بىلەن ساپاللارغا ئۇرۇپ، ھەر خىل جاراڭلىق ئاۋازلارنى چىقىرىپ، ئۆز ھۈنەرلىرىنى ماختىشاتتى. چايخانا، ئاشخانا لەمپىلىرىگە ئېسىپ قويغان قەپەزلەردىن ئىلى تورغايلىرى تىنماي نالە قىلاتتى. . .

ھېكمەت رەستە ئارىلاپ ماڭدى. بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقا، ئەتىگەندىلا يېزا - كەنتلەردىن سودا - سېتىق ئۈچۈن كىرىۋاتقان دېھقانلار كۆپىيىشكە باشلىغانىدى. ئوتۇن - ياغاچ بېسىلغان ئېشەك ھارۋا، يارىيا ھارۋىلار، يەل - يېمىش ئارتىلغان ئۇلاغلار، توخۇ - تۇخۇم كۆتۈرگەن دېھقانلار توپا - توزانلار ئىچىدە «پوش، پوش، پوشە» دېيىشىپ

ۋارقىرىشاتتى، توۋلىشاتتى. يىرتىق ماتا يەكتەكلىك، شاپاق دوپپىلىق بۇ دېھقانلار ناھايىتى مۇلايىم ئىدى. ئۇلار ھېكمەتنى تونۇمىسىمۇ قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ، ئېگىلىپ سالام قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ يەرلىك تىللىرى غەلىتىرەك بولسىمۇ، بىر - بىرىگە بولغان مۇئامىلىلىرى «سىلى، ئۆزلە» دېگەندەك سىلىق - سىپايە ئىدى. بۇ توپا چىراي، ياللاڭ ئاياغ، مىسكىن چىراي كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا غەمكىن كۆرۈنەتتى. ھېكمەت ئىچىدە: «شاھ مەشرەپ بۇ يەرنى ‹غېرىبانە يەكەن› دەپ بىكار ئېيتماپتىكەندە!» دەپ ئويلىدى.

ھېكمەت ئاسمان ئاققان تەرەپكە بىللە ئېقىپ، خاللاپ بازىرى، مال بازىرى، يەل - يېمىش بازارلىرىنى ئارىلىدى. ھەممىلا ئادەم ۋارقىرىشاتتى، خېرىدار چاقىراتتى... ئۆزىنىڭكىنى ماختايتتى. بولۇپمۇ رەستىنىڭ ئىككى تەرىپىنى زىچ ئىگىلىگەن يەل - يېمىش بازىرىدىكى قوش مۇشتەك كۆك شاپتۇل، مەرۋايىتتەك «مۇناقا»، «ئات باغرى»، «سايۋا» ناملىق ئۈزۈملەر، «ئالاراھەت»لەر كىشىنىڭ كۆزىنى چاقناتاتتى. ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىلىپ، يەل - يېمىش قاتارىنى ئايلىنىپ كېتەلمىگەن ھېكمەت كەكە ساقاللىرى چارلىشىپ، چېكە چاچلىرى ئاقىرىپ قالغان بىر باققالنىڭ سېۋىتى ئالدىدا توختىدى.

— ئاكا، ئۈزۈمنى قانداق ساتىسىلا؟

— ئەزمەن غوجام، ئەزمى، بىكار نەقى... جىڭى بىر موچەن...

— ئاۋۇلار جىڭىنى بەش تىيىندىن سېتىۋاتسا... سىلىنىڭ نېمانداق قىممەت؟

— ئادەمگە ئادەم ئوخشىمىغاندەك ئەينا، يېمىشمۇ يېمىشقا ئوخشىمايتتىيا... مانا سىلى شاھزادىدەك تۇرۇتىمىلا... بۇ ئۈزۈم ئاۋۇ ئۈزۈملەرنىڭ ئالدىدا پادىشاھنىڭ مەلىكىسىدەك تۇرۇتتىيا!..

باققال مۇلايىم كۈلگىنىچە ھېكمەتنىڭ پارقىراپ تۇرغان قىسقا كازىرۇكلۇق شەپكىسىگە، كۆكۈلىكىنىڭ ئاپئاق ياقىسى سىرتقا چىقىرىلغان قارا چىبەرقۇت تالاستوپكىسىغا، تېخى ئەتىگەنلا ئالماشتۇرۇۋالغان قىرلىق ئىشتانلىرىغا قاراپ قويدى.

باقالنىڭ يەرلىك تىلدا قىلغان شېرىن - لەززەت سۆزلىرى، ئاجايىپ ئوخشىتىشلىرى ھېكمەتنى سۆيۈندۈرۈۋەتتى. ئۇ باقالنى يەنە گەپكە سېلىش ئۈچۈن تالاشقاندەك بولۇپ تۇرۇۋالدى:

— شۇنداق بولسىمۇ! . . .

— ئۆزلىرى كۆرۈپ تۇرۇپلا ئەينا، بۇ ئۈزۈمنىڭ رەڭگىۋاسى 14 ياشلىق قىز بالىدەك، بودەكلىكى، چۈرۈكلۈكى تولغان سىكىلەكتەك تۇرۇۋتىيا! بىر مىدىق يېسىلە تاماقلىرىدا قاتۇ. . . نېمىشقا دېسىلە، بۇنى غىلتاك قوي قىغى بىلەن كۆنجۈرىدە ئەي قىلغانيا. . .

— بوپتۇ، ئىككى جىڭىنى 15تىيىنگە بېرەلا. . .

— بوپتۇ، نىم قوق، گەپلىرى مېنىڭ ئۈزۈممىدەك چۈرۈك يېتىمكەنلا. . . بىر موچەننى 10 تىينىن، 5 فۇڭنى 5 تىيىن دېيىشلىرىگە قارىغاندا، ياقا يۇرتتىن كەلگەن مۇساپىر چاغلىرىۋا؟. . .

باقال ئىككى جىڭ ئۈزۈمنى جىڭلاپ، ھېكمەتنىڭ قول ياغلىقىغا چىگىپ بەردى. ئۇ ھېكمەتكە 5 تىيىن قايتۇرماقچى بولۇۋىدى، ھېكمەت كۈلۈپ:

— بولدى، قايتۇرمىسىلىمۇ بولىدۇ، — دېدى - دە، كېتىپ قالدى.

ھېكمەت رەستىدىن ئايرىلىپ، بىر كوچىغا كىردى. بۇ يەردە سېپىل ياقىلاپ ئېقىۋاتقان بىر ئۆستەڭ بار ئىدى. ئۇ ئۆستەڭنىڭ ئەپلىك بىر جايىدا ئولتۇرۇپ، كىچىكرەك بىر ساپ ئۈزۈمنى يۇيۇپ، راھەتلىنىپ يېدى، ئاندىن قالغىنىنى ياغلىقىغا چىگىپ قويۇپ، سېرىق توپىدىن قوپۇرۇلغان ئېگىز ھەم قېلىن سېپىلغا قارىدى. ئۆي سالىدىغانلار ياكى كېسەك قۇيىدىغانلار ئالغان بولسا كېرەك، سېپىلنىڭ بەزى يەرلىرى ئويۇپ چۇشۇرۇلگەن بولۇپ، ساق قالغان يەرلىرىنىڭ ئۈستۈنكى قاتلام ئارىلىقىدىن سېسىغان، چىرىگەن شاخ - شۇمبىلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ھېكمەتنىڭ خىيال كەپتىرى بىردىنلا قاناتلىنىپ، يەكەن سېپىلى ئۈستىدە پەرۋاز قىلدى.

. . . بىر چاغلاردا مەرىپەتپەرۋەر سۇلتان ئابدۇرېشتخان، ئۇستاز قىدىرخان، مەلىكە ئامانىسا خېنىملار بۇ ئەزىز تۇپراقتا ئۇيغۇر

مەدەنىيەت - سەنئىتىنى دۇنياغا تونۇتقانىدى. ئۇلارنىڭ مۇبارەك قەدەم ئىزلىرى مانا مۇشۇ گۆھەر دىيارغا چۈشكەن. ساۋۇت، دۇبۇلغا كىيگەن، قالقان تۇتۇپ، ئوقيا - قىلىچلارنــى ئاسقان سەركەردىلەر، سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ دۆلدۆلى ئارقىسىدىن ئات تۇياقلىرىنى دۈپۈرلىتىپ مۇشۇ كوچىلاردىن ئۆتكەن. . . ئۇستاز قىدىرخان، «ۋىسال» مۇقامىنى، مەلىكە ئامانىنىسا خېنىم «ئىشرەت ئەڭگىز. . .» مۇقامىنى مۇشۇ سېپىل ئىچىدىكى جەننەتسىمان باغلاردا، پىنھانە راۋاقلاردا چەكسىز مۇڭلارغا تولۇپ يېزىپ قالدۇرغان. . . مانا بۇ قەدىمىي تۇخۇمەك، تەتۈر سۆگەت قاپلىغان سالقىن كوچىلاردىن مەلىكە ئامانىنىسا خېنىمنىڭ قىزىل - يېشىل شايىلار ھىلپىرلىگەن مەپىسى جاراڭلاپ ئۆتكەن. . . ئۇ خەلق ئىچىدىكى مۇقام پارچىلىرىنى توپلاش ئۈچۈن، بۇ دىيارنىــڭ سەھرا - چۆللىرىنى كېزىپ، ئەۋلادى ئۈچۈن مەڭگۈ نۇر چېچىپ تۇرىدىغان 12 مۇقام ئەنگۈشتىرىنى قالدۇرغان. . .

چوڭقۇر ھېسلار ئىلكىدە ئېزىلگەن ھېكمەت ئورنىدىن تۇردى. چىنقى چۈش بولۇپ قالغانىدى. ئۇ، سېپىل ياقىلاپ، قىزىپ كەتكەن لەڭپۇڭچىلار قاتارلىرىنى بويلاپ ئارقىغا ياندى.

ھېكمەت دەڭگە قايتىپ كەلگەندە، سارايۋەن بوۋاي پېشايۋان ئاستىدا پېشىن نامىزى ئۈچۈن تەرەت ئېلىۋاتاتتى. ئۇ، ئوشۇقلىرىغىچە يۆيۈلگەن پۇتلىرىغا كەشىنى سەپكەندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇردى.

— يەكەننىڭ بازىرىنى كۆرۈپ كەلگەن ئوخشايلا، — دېدى بوۋاي كۈلۈپ، — باشقا ھەمراھلىرى كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئۇلارنى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ئۇزىتىپ قويدۇم، — دېدى ھېكمەت پېشايۋان پەلەمپىيىگە چىقىۋېتىپ، — چوڭ دادا، چۈشلۈك بىر نېمە يېمىگەنلا؟ مەن سامسا بىلەن ئۈزۈم ئالغاچ كەلدىم، بىللە يەيلى.

— ھەشقاللا غوجام. . . ئۇنداق قىلسام قانداق بولار؟

— يا پېشىن نامىزىنى ئۆتىۋالامىلا؟

— ياق، تېخى بىر ئاز ۋاقتى بار، — دېدى بوۋاي كۈنگە قاراپ. بوۋاي ئۆيىدىن بىر كىگىز ئېلىپ چىقىپ پېشايۋانغا سالدى. كىگىز

ئۈستىگە تالىما داستىخاننى يايدى.

ئۇلار، «قېنى ئەمىسە!»، «ئالىسلا، باقىسلا!» دېگەچ، سامسا بىلەن ئۆزۈمگە تۇتۇش قىلىشتى.

— پاھ، پاھ، تاۋۇدىن ھېلىلا قومارغان سامىسكەن! — دېدى بوۋاي بىر سامىسنى چىشلەپ، — قارىماملىغان، مېيى ئېقىپ تۇرىدۇ.

— تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى سامىسخانىدىن ئالغانىدىم.

— ئۈستەڭ بويىدىكىمۇ؟ توغرا، بۇ داڭلىق «سېيىتنىياز سامسا» دېگەن ئادەمنىڭ سامىسى. تېخى ئۇنىڭ گۆش گىردىسىنى بىر يەپ باققان بولسىلا...

— چوڭ دادا، ئۆزلىرىنىڭ تەكتى يەكەنلىك ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق. مەن بۇ دەڭگە 14 يېشىمدا كەلگەن... — بوۋاي كۆلۈپ بېشىنى ئېغىتتى، — مانا بىر كەم 60 يىل بوپتۇ... ئەسلى بۇ دەڭ ھەمرەمبەگ ھاجىنىڭ ئىدى. ئۇنىڭغا دادىسىدىن قالغانىكەن، دادىسىغا ئۇنىڭ دادىسىدىن قالغان دېگەن گەپ بار. يېڭى ھۆكۈمەت كەلگەن يىلى بۇ دەڭ مۇسادىرە قىلىنىپ كوللېكتىپقا ئۆتتى. لېكىن مەن يەنىلا مۇشۇ دەڭدە.

— پاھ، بۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ دەڭنىڭ تارىخى خېلى ئۇزۇن ئىكەن، — دېدى ھېكمەت بوۋاينى گەپكە سېلىپ، — ئەجىبا بۇ دەڭنى «قەلەندەر» دېگى دەيدىكىنا؟

— ھەمرەمبەگ ھاجىنىڭ بوۋىسىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇ دەڭگە شاھ مەشرەپ ئەۋلىيا چۈشكەنىكەن، — دېدى بوۋاي قولىدىكى بىر مىدىق ئۈزۈمنى تۇتقىنىچە ئويلىنىپ، — ئۇ زاتنىڭ بېشىدا كۇلا، ئۇچىسىدا جەندە، بېلىدە ساپايى، دۇمبىسىدە ساتار، چاچلىرى پەتلە-پەتلە، دائىم غەزەل ئوقۇيدىكەن. شۇڭا ئۇنى كىشىلەر «ئاشىق قەلەندەر» دەپ ئاتىغانىكەن. ھەمرەمبەگ ھاجىنىڭ بوۋىسى كېيىن شاھ مەشرەپ ئەۋلىيانىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن، بۇ دەڭنى قايتىدىن كۆڭ خۇشلۇق قىلىپ سالدۇرغانىكەن...

— شاھ مەشرەپ تۇرغان دەڭ دېسىلە، — دېدى ھېكمەت

ھاياجانلىنىپ، — ئۇنىڭ «قەلەندەر» دېگىن دېمەك ئاتىلىشى بىكار ئەمەسكەن.

— مانا شۇ چاغلاردىن قالغان رىۋايەتتە، مۇشۇ دەڭدە ئۇ زات بىر يەكەنلىككە بىر تەڭگە پۇل بېرىپ: «ماڭا يېيىملىك كەلتۈر، ئېشىكىمگە يەم كەلتۈر، توخۇيىمغا دان كەلتۈر» دەپتۇ. يەكەنلىك كىشى ئويلىنىپ، بۇ بىر تەڭگىگە قانداقمۇ ئۇنىڭغا يېيىملىك، ئېشىكىگە يەم، توخۇيىغا دان كېلەر دەپ باش قاتۇرۇپ، ئاخىرى بىر قوغۇن ئاپتۇ... بۇ كىشى شاھ مەشرەپكە: «قوغۇننىڭ ئېتىنى سەن يە، ئۇرۇقىنى توخۇيىڭ يېسۇن، شاپىقىنى ئېشىكىڭگە بەر...» دېگەنىكەن. شاھ مەشرەپ: «ئېھ، غېرىبانە يەكەن مۆمىنلىرى، ئۆز كۆڭلۈڭنى ئۆزەڭ ئالغايسەن!...» دەپ دۇئا قىلغانىكەن...

ھېكمەت ئەسلى بۇ رىۋايەتنى خوتەننىڭ قاراقاشتىن چىققان دەپ ئاڭلىغانىدى. لېكىن بوۋاينىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، شاھ مەشرەپ ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ۋارىيانتلىرى ھەممىلا يەردە ئۆزلىرىگە تەدبىقلىنىپ سۆزلىنىدىكەندە! لېكىن ئۇ بوۋاينىڭ دەڭ ھەققىدە ئېيتقانلىرىغا چىن كۆڭلىدىن ئىشەنگەنىدى.

— مۇنداق دېسىلە، بۇ بىر تەۋەررۇك سارايكەندە! — دېدى ھېكمەت خىيالغا پېتىپ.

— توغرا ئېيتتىڭلا غوجام، — دېدى بوۋاي قولىنى داستىخانغا سۇرتىۋېتىپ، — كىشىلەر ئازادلىقتىن كېيىنمۇ بىر مەزگىل بۇ دەڭنى «ئاشىق قەلەندەر سارىيى» دەپ ئاتاپ كەلگەنىدى.

بوۋاي ناماز پېشىن بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇززە ئېيتتى ـ دە، دۇئاغا قول كۆتەردى. ھېكمەت داستىخانلارنى يىغىشتۇردى. شۇ كۈنى ئۇ ياتىقىدا كەچكىچە، يولغا چىققاندىن بېرىقى سەپەر خاتىرىسىنى يازدى. ئەتىسى ئەتىگەندە، بوۋاينىڭ دەپ بەرگىنى بويىچە، «ئالتۇن دەرۋازا» نى ئىزلەپ كەتتى. ھېكمەت گەرچە يول بويى سوراپ يۈرۈپ، «ئالتۇن دەرۋازا» نى تاپقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن تارىختا شاھىت بولغىنىدەك بىرەر ئىزنا تاپالمىدى. پەقەت لەمپە بېشى ۋە يان تاملىرى قوپال كۆك

خىش بىلەن قوپۇرۇلۇپ، قۇببە شەكىللىك ئويۇقلار چىقىرىلغان،
پۇچۇلغان، سۇنغان قاپارتما ئويۇقلىرى داغ ۋە تورلار بىلەن ھەيۋىتىنى
يوقاتقان ئايسىمان بىر چوڭ دەرۋازىنى كۆردى. دەرۋازىنىڭ ئىككى يان
قاتىرىنى دوغاپچى، لەڭپۇڭچى، قېتىقچى ۋە باققاللار ئىگىلىگەنىدى.
ھېكمەت ئادەملەر كىرىپ - چىقىپ تۇرغان دەرۋازىدىن ئىچكىرىگە قەدەم
ئېلىشى بىلەن، باغنى كۆرۈپ كۆڭلى ۋىللىدە ئېچىلىپ قالدى. ئېگىز
ئۆسكەن سانا، سۆگەتلەر، شاخلىرى باش ئۇستىگە ئېگىلىپ چۈشكەن
تۇخۇمەك دەرەخلىرى، يۇمران تاللىرى لەرزان يەلپۈنۈپ سايە تاشلىغان
مەجنۇن تاللار قاتارلىق مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان
بۇ باغدا، قەدىمىي راۋاقلار قەد كۆتىرىپ تۇراتتى. سالقىن سايىلاردا،
شادلىق يۆلەنمە ئورۇندۇقلاردا كىشىلەر دەم ئېلىپ ئولتۇرۇشاتتى.
ھېكمەت باغنى تاماشا قىلىپ ئايلاندى. بولۇپمۇ ئۇنى مەھلىيا قىلىۋالغىنى
ھەر خىل شەكىلدىكى راۋاقلار بولدى. ئۇلارنىڭ دىۋەززۇنلۇك ئويما
گۈللىرى، مېھراپ شەكىللىك نەقىشلىرى، سەي قەلەم ۋە قىيما تۈۋرۈك
زىننەتلىرىمۇ ئۆزگىچە ئىدى. ھېكمەت رەسىم سىزىش تاختىسىنى ئېلىپ
كەلمىگىنىگە پۇشايمان قىلدى. شۇڭا ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندىلا، رەخ بىلەن
قاپلانغان قاتلانما رەسىم سىزىش تاختىسىنى ئېلىپ كېلىپ، راۋاقلارنىڭ
بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان قاپارتما نەقىشلىرىنى كۆچۈرۈپ سىزدى.
كىشىلەر ھېكمەتنىڭ ئەتراپىغا كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار ھەيران
بولۇشۇپ، بىردە ھېكمەتكە، بىردە رەسىمگە قارىشاتتى.

ھېكمەت ئۈچ كۈن ئىچىدە مۇھىم بولغان راۋاق نۇسخىسى، نەقىش
ۋە ئويما دىۋەززۇن شەكىللىرىنى سىزىپ بولۇپ، بىر كۈنى خانلىق
مەدرىسى ئالدىدىكى «چىلتەنلىك» مازىرىغا كەلدى. قەۋرىستانلىق
ئىنتايىن كەڭ كەتكەن بولۇپ، كوزا پۇچۇقى ۋە تاياق پاتۇرۇلغان ئاددىي
ئاۋام تۇپراقلىرى، قاخشال دەرەخ تېگىدىكى خاتىرە تاشلىرى ۋەيران
بولغان رەتسىز قەۋرىلەر، ئۇزۇن زامانلاردىن تارتىپ خارابىلىققا
ئايلىنىشقا باشلىغان ھەيۋەتلىك گۈمبەزلەر، لەپەڭشىپ تۇرغان تۇغ -
ئەلەم، شەددە - ئىسرىقدانلىرى بىلەن بۇ مازار سۈرلۈك سۈكۈناتتا

چۈمگەنندى. سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ زاتلار، ئالىملار، مۇقام پىشىۋالىرى، ھۇنەر - سەنئەت پىركامىللىرىنىڭ مۇبارەك تەنلىرى مانا مۇشۇ ئانا تۇپراققا قوشۇلۇپ كەتكەنىدى! ... سۇلتان ئابدۇرېشىتخان، مەلىكە ئامانىسا، قىدىرخانغا ئوخشاش مەرىپەتپەرۋەر ئادىل شاھ، زاتى مۇبارەكلەر بۇ دىياردا تىنچ ئۇيقۇدا ئىدى! ... ئۇلار بۇ پانى دۇنيانىڭ سارىيىغا بىر نەچچە كۈنلۈك مېھمان بولۇپ كېلىشتىيۇ - كەتتى! بىراق، ئەۋلادلىرىغا ئۆنچە - مارجانلاردەك يادىكارلىقلىرىنى قالدۇرۇپ خوشلاشتى! مىللىتىنى، ئانا دىيارىنى دۇنياغا تونۇتتى!...

«خاتىرجەم ئۇخلاڭلار ئاتا - بوۋىلار! ... ئەجرىڭلارنى ئۇنتۇماي، ئىزىڭلارنى ئۆچۈرمەي كېلىۋاتقان بىز ئەۋلادلىرىڭلار بار! ...» ھېكمەت ئىچىدە پىچىرلىدى. ئۇ، دۇئا قىلغاندىن كېيىن، بىر نەچچە مىنۇت باش ئېگىپ سۈكۈتتە تۇردى.

ھېكمەت ئىككى - ئۈچ كۈن، يەكەننىڭ قەدىمىي سېپىللىرى، خانلىق مەدرىسلىرى، قەدىمىي سەيلىگاھلىرىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، رەسىم تاختىسىنى ئېسىپ، ئاۋات بازار، قايناق رەستىلەرگە كىرىپ كەلدى. ئاسمان ۋارقىرىشاتتى، ھارۋىلار غىچىرلايتتى، ئات - ئېشەكلەر دۈپۈرلەپ، تۆگىلەر بوزلايتتى. قويلار مەرەپ، توخۇلار قاقاخلايتتى. مىسكەرچى، تاقىچىلارنىڭ سەندەللىرىدىن ياڭرىغان ئاۋازلار رەڭمۇ رەڭ، تىقما - تىقماقلىقتا تولغان قاتارلارنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەندى. قەلەندەرلەرنىڭ قايغۇلۇق، يىغا ئارىلاش ناللىرى، جارچىلارنىڭ «ئەيھەنناس...» دەپ قۇلىقىنى تۇتۇپ توۋلاشلىرى، دەرۋىشلەرنىڭ مۇڭلۇق ناخشىلىرى، بازار شاۋقۇنىغا تېخىمۇ قايناق ھاياتىي كۈچ بېغىشلايتتى.

قاتارلارنى بويلاپ كېتىۋېتىپ، ھېكمەتنىڭ بىر بۆشۈكچى بوۋايغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ماتا يەكتەكلىك، قىبرىلىقىدىن ئۇزۇن ئاق ساقاللىرى سارغىيىپ كەتكەن، ئۈمۈر بويى ئېگىشىپ ھۈنەر قىلغاچقا، دۈمچەك بولۇپ قالغان بۇ بوۋاي، رەڭگا - رەڭ بۆشۈكلەر ئارىسىدا قىسماقتەك ئېگىلىپ ئولتۇرۇپ، بۆشۈك شادىلىرىنى بوياۋاتاتتى.

ھېكمەت ئەپلىك بىر جاينى تاپتى - دە، تاختىسىنى بوينىغا ئېسىپ، بوۋاينىڭ تېز سىزما رەسىمنى سىزىشقا باشلىدى. ئۇ شۇنچىلىك ئىشتىياق بىلەن بېرىلىپ كەتكەچكە، ئەتراپىغا توپلىنىپ كەتكەن ئادەملەرنى تۇيمايلا قالدى.

— ھا، ئوخشىدى، چىمپىششىق ئوخشىدىيا؟ — دېدى بىر دېھقان.

— ئەجەببىدەي تېز يازىدىكىيا! — دېدى شاپاق دوپپىلىق بالا.

— توۋا قىلدىم، بوشۇكنىڭ كۆلتۈك سالغان توشۇكنىمۇ يازدى. . .

— موك - موك قېرىنىڭ چىشىنىڭ يوقلىقى كومشىكىدىن بىلىندى ئەينا. . .

بىردەمدىلا ئادەملەر توپى كۆپىيىپ، قىستا - قىستاڭچىلىق باشلاندى. ئۇلار رەسىمنى كۆرۈش ئۈچۈن، بىر - بىرىنى ئىتتىرىشەتتى، ۋارقىرىشاتتى، ھېكمەت داۋالغۇپ تۇرغان توپ ئارىسىدا، رەسىمنى سىزالمايلا قالدى.

— تۇغقانلار! بۇنداق ئىتتەرگىنى تۇرساڭلار، مەن رەسىمنى قانداق سىزىمەن؟ — دېدى ھېكمەت كۆپچىلىككە بۇرۇلۇپ، — بىر ئاز سۈرۈلۈپ بەرسەڭلار. . .

— ۋاي خۇدايىم، — دېدى بادرا كۆتۈرۈۋالغان دېھقان، — تۇرۇلغىدەك ۋىچىرلاپ گەپ قىلتكەنيا؟ يا ئادەم ئۇققىنى بۇمايتكەن. . .

ھېكمەت رەسىمنى سىزىپ بولغاندىن كېيىن، كېيىنچە ماي بوياق رەسىم قىلىپ سىزىشنى كۆڭلىگە پۈكتى - دە، بوشۇكنىڭ رەڭ ئايرىمىلىرىغا ھەرپ بىلەن بەلگە قويۇپ چىقتى. ئۇ قىزىغان رەستىلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، قېتىق سېتىۋاتقان 14 - 15 ياشلاردىكى سەھرالىق قىزنى كۆرۈپ قالدى. مەڭزىلىرى قىپ - قىزىل، ئىسسىقتىن پېشانىلىرى ئۇششاق تەرلەپ كەتكەن بۇ قىز، بېشىدىكى رومىلى ئۈستىدىن چىمەن دوپپا كېيىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئۈستى - ئۈستىگە دەستىلەپ قويغان تاۋاقلاردا ساپسېرىق بولۇپ ئۇيغان قېتىقلار تۇراتتى. كالپۇكلىرى، ساقال - بۇرۇتلىرى ئاپپاق قېتىق يۇقى بولۇپ كەتكەن بىر نەچچە دېھقان ئاياقلىرىدىكى قېتىقنى زاغرا ئۇۋاپ ئىچىۋاتاتتى. ھېكمەت

قىزنىڭ رەسىمنى سىزىشقا باشلىغاندا، ئۇ يۈزلىرىنى تۇسۇۋالدى.

— مېنى يازمىسىلىچۇ ئاكا، — دېدى قىز بارماقلىرى ئارىسىدىن قاراپ، — ئادەم خاپا بوتكەن[1].

— مەن ھازىرلا رەسىمىڭىزنى سىزىپ بولۇپ، — دېدى ھېكمەت كۈلۈپ، — ئۈچ قاچا قېتىقىڭىزنى ئىچىمەن، بولامدۇ؟ . . .

بۇ يەردىمۇ ئادەملەر يىغىلىۋالغاچقا، ھېكمەت رەسىمنى ناھايىتى تەستە سىزىپ تۈگەتتى. ئۇ قىزنىڭ بىر تاۋاق قېتىقىنى ئىچىپ بولۇپ باھاسىنى سورىدى. بىر تاۋاق قېتىق 15تىيىن ئىدى. ھېكمەت 50 تىيىن بېرىپ كېتىپ قالدى. ئۇ ئەتىسى باشقا رەستىلەرنى ئايلىنىپ، ساتار چېلىپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان بىر قارىغۇ بوۋاينى ئۇچراتتى. ئۇنىڭ يېقىنىدا سەككىز ياشلار چامىسىدا بىر بالا كىچىك داپنى قولىدا ئوينىتىپ چېلىپ ئولتۇراتتى. ھېكمەت بوۋاي بىلەن بالىنىڭ رەسىمنى كۆڭۈل قويۇپ ھەۋەس بىلەن سىزىپ چىقتى.

ئۈچ - تۆت كۈن بازار ئايلانغان ھېكمەت 30 پارچىدەك تېز سىزما رەسىم سىزدى. ئۇ ھەر كۈنى دەڭگە قايتىپ كەلگەندە، رەسىملەرنىڭ چالىسىنى سىزاتتى. ئارىلىقتا، دەڭچى بوۋاينىڭ رەسىمنىمۇ ئىنچىكىلەپ سىدام سىزما ئۇسۇلىدا سىزىپ چىقاردى. ئۇ زىيارەت، رەسىم سىزىش بىلەن ئون كۈننىڭ قانداق توشۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيلا قالدى. تۇرسۇن، مەتتوختى، ئاتىكەملەر ئىلگىرى - كېيىن يېتىپ كېلىشتى.

ئەتىسى چۈشتە، دەڭچى بوۋاينىڭ ياردىمى بىلەن تۆگىلەرگە مىنگەن تۆت ئوقۇغۇچى يەكەن دەرياسى بويىغا يېتىپ كېلىشتى. كۆۋرۈك تېخى پۈتمىگەنىدى. لېكىن ھەربىيلەر يولۇچىلارنى تۇلۇم بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئۇلار تۇلۇمدا دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن، پوسكامدىن شاخ - شۇمبا ئېلىپ كەلگەن بىر قارا ماشىنا بىلەن كېچىلەپ پوسكامغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار يول بويىدىكى بىر قونالغۇغا كىرىپ كېلىشتى. بۇ قونالغۇ چوڭ بىر ئېغىز ئۆي بولۇپ، ئۆينىڭ تۆت تەرىپىنى ياغاچ

---

[1] خاپا بوتكەن — ئىززا تارتىدىكەن دېگەن مەنىدە.

سۆكە ئىگىلىگەنىدى. ئىككىدىن - ئۈچتىن بولۇپ يېتىشقان يولۇچىلارنىڭ پۇتلىرى خۇددى چوڭ - كىچىكلىك، مەينەت - سىپىسىقلىقتا بەسلەشكەندەك، بىر - بىرىگە قارشىپ تۇراتتى، ئۆي ئىچى دىماغ ئېچىشقۇدەك دەرىجىدە بەدبۇي، سىپسىق ئىدى. ئۇلار يۇك - تاقلىرىنى يەشمەيلا، بىر بۇلۇڭغا تىقىلىشتى. ھېكمەت سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ ئاز ئۆتمەيلا يۈگۈرۈپ كىردى.

— قېنى تېز تۇرۇڭلار، قاغىلىقتا بارىدىغان بىر ماشىنا چىقىپ قالدى، — دېدى ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ، — بىر نەرسىلىرىڭلار ئۇنتۇلۇپ قالمىسۇن.

ئۇلار ئاشلىق باسقان ماشىنا بىلەن ئوتتۇرا كېچىدە قاغىلىققا كىرىپ كەلدى. ھېكمەت ئالدىدىكى كەڭ يالاڭلىقتا تۈنىگەن بۇ ھارغىن ئوقۇغۇچىلار ئەتىسى چۈش بىلەن، ناھايىتى ئەستە شوپۇرلارغا يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، خوتەنگە ماڭىدىغان يۈك ماشىنىسىدىن بىرنى تاپتى. . . ئۇلار ماشىنىغا ئورۇنلىشىپ، قىزىل، گۇما ساغانىدىن ئۆتۈپ، ھىمىتنىڭ سېپىغا كىرگەندىن كېيىنلا، ئۇھ دېيىشتى. . . ھىمىتنىڭ چەكسىز كەتكەن سېپىدا خۇددى ئۆلۈك يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتقان تاشيول بويلاپ توپا - چاڭ كۆتۈرۈلدى. ئاز ئۆتمەي بۇ چاڭ - توزان ئىچىدە، باللارمۇ، ماشىنىمۇ غايىب بولدى. . .

ھۆرمەتلىك كىتابخان! ئەمدى سىز مۇقەددىمىنى ئۇنتۇپ كېتىڭ! قىسقىسى، تۇرسۇن، مەتتۇردى، ئاتىكەملەرنى كۆڭۈل ئېكرانىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ! . . . بەلكىم سىز، شۇ دەۋرلەردە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، قىسمەت شامالىرى تالى مەجنۇن پوتلىسىدەك توزۇتۇپ، تەكلىماكان بويلىرىغا ئۇچۇرغان رەسسام تۇرسۇن، چاڭچى مەتتۇردى، ئىسكىرىپكىچى قىز ئاتىكەملەرنىڭ كېيىنكى تەقدىرلىرى قانداق بولىدىغاندۇر؟ . . . ئۇلار قانداق بەخت ۋە بەختسىزلىكلەرگە دۇچار بولار؟ . . . دەپ ئويلىغان بولغىيتتىڭىز، لېكىن ئۇلار ھازىر بىزدىن ئايرىلدى! مەتتۇردى ئۆز يۇرتى نىيىگە، تۇرسۇن بىلەن ئاتىكەم گۇمىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ كېتىپ قالدى. خۇددى شائىر ئۆمەر ھەييام:

بىر قەترە دەريادا يوق بولۇپ كەتتى،
يەرگە بىر چاڭ قوندى، كۆمۈلۈپ كەتتى. . .

دېگىنىدەك، ئۇلار تۇرمۇشنىڭ مەڭگۈ بېسقماس چاڭ - توزانلىرىغا، ھاياتنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەس دەريالىرىغا قېتىلىپ كەتتى. . . كىم بىلىدۇ، بەلكىم ھايات سەپىرىڭىزدە ئۇلار بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىشىڭىزمۇ مۇمكىن. . . چۈنكى، ھاياتلىق تاسادىپىي ۋەقەلەرگە باي بولىدۇ. . .

سىلەر: «ئەمىسە بۇ مۇقەددىمىنى نېمىشقا يازدىڭىز؟» دەپ سورارسىلەر. مۇقەددىمە ئارقىلىق سىلەر «ئۈچ دوست» نىڭ بىرسى ھېكمەت — تولۇقراق ئاتىسام ھېكمەت ئېلى بىلەن يۈزەكى بولسىمۇ تونۇشۇۋالدىڭلارغۇ! مەن ئىشىنىمەنكى، سىلەر ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن چوقۇم چىقىشىپ قالىسىلەر. . . ھېكمەت ئېلى ئارقىلىق يەنە نۇرغۇنلىغان دوستلار بىلەن ئۇچرىشىسىلەر. . . ئۇلارنىڭ ھايات سەپىرىدىكى ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى، بەخت - بەختسىزلىكلىرى، مۇھەببەت پاجىئەلىرى، تۇرمۇش سورۇقچىلىقلىرى سىلەرنى ئويغا سالىدۇ. . . گەرچە يازغىنىم دېڭىزنىڭ بىر تامچىسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن ئەشۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ تەقدىر كارتىنىلىرىنى كۆرگەندەك بولىسىلەر. . .

كىچىك ۋاقتىمدا، دادام مەرھۇمدىن «جاڭگىلى مازاندىران» دېگەن چۆچەكنى ناھايىتى كۆپ ئاڭلىغانىدىم. بۇ چۆچەك ھەر قېتىم ئېسىمگە كەچكەندە، مۈشكۈل ۋە مۇرەككەپ بولغان ھاياتلىق سەپىرى، تۇرمۇش ئاچاللىرى كۆز ئالدىمدا ئايان بولىدۇ. . .

شۇنداق، ھايات يولى بىر ئايىغى چىقماس جاڭگال. ئۇنىڭ باغرىنى قاپلاپ ياتقان چاۋار - چاتقاللار، تىكەنلىك ئازغان، جىغانلار. . . مانا بۇ تۇرمۇش ئىكەن. . . ئادەم ئۇنىڭدىن يول تېپىپ ئاخىرىغا چىقىپ بولغىچە، بەللەر مۈكچىيىپ، كۆزلەرنىڭ گۆھىرى تۆكۈلۈپ، چاچلارغا

قىراۋ قونىدىكەن. . .

قېنى، ئەقىللىق كىتابخان! بىز ھېكمەت ئېلى بىلەن ئاشۇ «جاڭگىلى مازاندىران» غا بىرلىكتە قەدەم قويايلى. . .

# بوستان يولى

خوتەن ناھىيىسىگە تەقسىم قىلىنغان ھېكمەت ئېلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن رەسمىيەتلىرىنى ئېلىپ چوڭ كوچىغا چىقتى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قۇچاق يەتكۈسىز شاخاراپ كەتكەن سۆۋادان تېرەكلەر يولغا قويۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى.

گۈلباغ دەپ ئاتالغان تۆت كوچىنىڭ ئىككى دوقمۇشىدا قەد كۆتىرىپ تۇرغان ئۈچ قەۋەتلىك مەدەنىيەت يۇرتى، ئىككى قەۋەتلىك تۇرلۇك ماللار ماگىزىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كىتابخانا، پوچتىخانا، ۋالىي مەھكىمىسى، ئامبۇلاتورىيىلەرنىڭ ھەممىسى بىر قەۋەتلىك بىنالار ئىدى. بۇ بىنالارغا ياندىشىپ، كوچىنىڭ ئىككى قانىتىنى پاكار ـ پاكار لەمپىلىك دۇكانلار ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇ دۇكانلاردا باققاللار ۋارقىرىشاتتى، سەكسەن خالتىلاردا دورا پۇرۇچلار دورا ـ دەرمەك جىڭلىشاتتى. ناۋايلار گۆش گىردىلىرىنى ماختىشاتتى، ئوتتۇرىدىكى تارغىنا قالغان توپا يولدا ئات ـ ئۇلاغلار قىستىلىشىپ، ھارۋا چاقلىرى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلاتتى، توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلگەن ئالىمان ئارىسىدىن «پوشە، پوشە» دېگەن ئاۋازلار كېلەتتى. . .

ھېكمەت گۈلباغدىن ئۆتۈپ، ئۇدۇلدىكى ئىككى تەرىپى ئاددىي پۇقرا ئۆيلىرى، كاسىپ ـ ھۈنەرۋەنلەرنىڭ دۇكانلىرى زىچچىدە ئورۇنلاشقان كوچىغا كىردى. گۈلباغدىن بىردىنلا پەسكە چۈشۈپ كەتكەن بۇ كوچىدىن ئۆي ۋە دۇكانلارنىڭ پاكار ئۆگزىلىرى، ئۆگزىلەردىكى كەپتەرخانىلار، يېيىۋەتكەن ئالا ـ يېشىل تامبال ـ يەكتەكلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ چوڭقۇر كوچىغا 60ـ70 قەدەمچە كىرگەندىن كېيىن، سول تەرەپ پەستە خۇددى يەر ئاستىغا كولانغان گەمىدەك «كىچىك پاتەمنىڭ ئاشخانىسى» دەپ ئاتىلىدىغان ئاشخانا بار ئىدى. بۇ ئاشخانىنىڭ مايلىشىپ كەتكەن

ئىشكىلىرى، ئىسلاشقان دېرىزىلىرى، مەينەت جوزا ـ بەندىڭلىرى قورسىقى ئاچ خېرىدارلارنىڭ لوقمىنى چايناپ يۇتۇشىغا ھەرگىز پۈتلىكاشاڭ بولمايتتى.

ھېكمەت ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا، كوچىنىڭ بۆلۈنگەن ئاچىلىدا توختاپ قالدى. ئۇدۇلدىكى ئىككى ئاچىماق تار كوچىنىڭ بىرسىدىن كېلىۋاتقان تاقىچى، تۆمۈرچى، تۇنىكىسازلارنىڭ تاق ـ تۇق، جاڭ ـ جۇڭ ئاۋازلىرى قۇلاقنى پاڭ قىلاتتى. ئۇنىڭغا ياندىشقان كوچىنىڭ ئاخىرىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ ئاق دەرۋازىسى توسۇپ تۇراتتى. ھېكمەت ئىچىدە: «مائارىپ ئىدارىسىدىكى ھېلىقى ئايال سول تەرەپ قىزىق دەرۋازىغا بۇرۇلىدىغان دوقمۇش دېگەن ئىدىغۇ؟» دېدى ـ دە، سول تەرەپكە بۇرۇلۇپ، كوچىدىن خېلىلا ئېگىز جايلاشقان مەكتەپنى كۆردى. مانا بۇ ئىچكىرى ـ تاشقىرى قوش دەرۋازىلىق ئالدى كۆك رېشاتكا بىلەن ئىھاتە قىلىنغان مەشھۇر «چايخانا مەكتەپ» ئىدى. بالىلار تېخى تەتىلدىن يىغىلمىغاچقا، ئىككى تەرەپتىكى ئاددىي ئوقۇتۇش بىناسى، مەكتەپ ھويلىسى جىمجىت ئىدى. ئۇدۇلدىكى بىر قاتار پاكار ئۆيلەر ئىشخانا بولسا كېرەك، بىر كىمنىڭ ئۈنلۈك سۆزلەۋاتقان ئاۋازى كېلەتتى.

ھېكمەت ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدىدىكى ئېرىقتا توغرا قويۇلغان كۆۋرۈك ئۈستىدىكى شادىلىق يۆلەنمە ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. بىنانىڭ قىسقا كارىدورىنىڭ بىر تەرىپى ئىشخانا، بىر تەرىپى مەجلىسخانا بولۇپ، ئۇ تەرەپتىكى ئېچىقلىق ئىشىكتىن ئۆرۈكلۈك باغ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەجلىسخانىدىن ئېنىق بولمىغان ئاۋازلار كېلىۋاتاتتى. ھېكمەت ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى يوغان، سېمىز، قاپىقى يامان، كىبىرى يۇقىرى بىر ئادەم سىياقىدا كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. گويا ئۇ «سەن پالانى باشلانغۇچقا بار...» دەيدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. لېكىن، ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىدىكى رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بەرگەن ھېلىقى ئايالنىڭ: «ھازىر ئاكوجاڭ چايخانا مەكتەپتە مەكتەپ مۇدىرلىرى بىلەن يىغىن ئېچىۋاتىدۇ، ئۇ يىغىندا تۆت گۆھەرمۇ بار. تۆت گۆھەر دېگىنىمىز، ناھىيىدىكى تۆت ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرلىرى.

بەلكىم سىزنى ئاشۇ تۆت گۆھەرنىڭ بىرسىگە بېرەر» دېگەن سۆزى ئېسىگە كېلىشى بىلەن، كۆڭلى بىر ئاز تىنىغاندەك بولدى.

بىر سائەتتەك ساقلاپ زېرىككەن ھېكمەت مەجلىسخانىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى. ئۇ دەسلەپ بوشراق چەككەن بولسىمۇ، كېيىن ۋاڭ - چۇڭدا ئاڭلىمىغان ئوخشايدۇ دەپ قاتتىقراق چەكتى. . . بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، خۇددى نان ئاچچىدىغان يايغۇدەك دىقماق، پاكار، بېشى چىلگىدەك يۇمۇلاق 40 ياشلار چامىسىدىكى چېقىر كۆز قارا ئادەم چىقىپلا ھېكمەتكە گۆلەيدى. . .

— ھەي ئادەشي، ھابدال داۋۇز قاقىاندەك ئىشىكنى ئۇرۇۋېرىسىيا؟ . . .

ھېكمەت ئۆزىنىڭ ئالدىدا تىكىلىپ تۇرغان بۇ جەينەكتەك ئادەمنى بىرەر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى بولغاي، «شۇمۇ مۇدىر بوپتىمۇ! مۇدىردەك سىياقى يوقلا بىر نېمىغۇ؟ » دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

— مەن. . . ئا كوجاڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدىم. . .

— ھە . . . مەن شۇيا. . .

— ئۆزلىرى؟ . . . — ھېكمەت دەماللىققا گەپ قىلالماي قالدى، — بۇ. . . بۇ . . . مېنىڭ رەسمىيەتلىرىم. . . مېنى مۇشۇ ناھىيىگە تەقسىم قىلغانىدى. . .

— جىنندەك توختا ئاداش! — دېدى ئا كوجاڭ رەسمىيەتلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ ۋە مەجلىسخانىغا كىرىپ كەتتى.

ئارىدىن ئانچە ئۇزۇنمۇ ئۆتمەي، ئاكوجاڭ تۆت كىشىنى باشلاپ چىقتى. ئەڭ ئالدىدا كىمدۇر تۇرغان ئېگىز، غوللۇق، كۆك شەپكىسىنى چوققىسىغا قوندۇرۇۋالغان ئادەم كۆرۈنۈشىدىن بۇ تۆت گۆھەرنىڭ سەرخىلى بولسا كېرەك. ئۇ گويا قارا تاشتىن ئويۇلغاندەك، مۇسكۇللىرى چىڭ، ئات يۈزلۈك، چىرايى سۇرلۇك ئادەم ئىدى، ئاق قوناقنىڭ دانىسىدەك يوغان - يوغان چىشلىرى تاماكىدىن سارغىيىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىلا تۇرغان ئادەمنىڭ بوي - تۇرقى ھەممىدىن ئېگىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تېرىسى يىرتىلىپ كەتسىلا سۆڭەكلىرى تۆكۈلۈپ

كېتىدىغاندەك ئۇرۇق ئىدى. ئاكوجاڭ بىلەن تەڭلا تۇرغان ئۇچىنچىسى ۋىجىك ئادەم بولۇپ، يۈزىدە ئازراق سەپكۈنى بار ئىدى. ئۇ خۇددى ھېلىلا قىچقىرىدىغان چۈجە خورازدەك بوينىنى سوزۇپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇراتتى. تۆتىنچى ئادەم پۈتلىرىنى كېرىپ، كېلىشكەن بوي - بەستىنى نامايەن قىلغاندەك، توختىماي لىڭشىپ، «قانچىلىك بىكىسلىك بار ئاغىنە؟» دېگەندەك، ھېكمەتنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇراتتى.

— قېنى ئاغىنىلەر، — دېدى ئاكوجاڭ مۇدىرلارغا قاراپ، — مۇشۇ بالا شۇ! قايسىڭلار ئېلىپ قالىسىلەر؟ . . . ئۆزى سۇرەتچىكەن . . . ئەڭ بولمىسا، سۇرەتلىرىڭلارنى تارتىپ قويىدۇ. . .

بۇ تۆت مۇدىر كۆزگەزمىخانىدىكى پىرىم بۇيۇمىنى زەن قويۇپ كۆرۈۋاتقاندەك، ھېكمەتنىڭ چىرايىغا، بوي - بەستىگە يارىشىپ كەلگەن رەتلىك كىيىملىرىگە قارىماقتا ئىدى.

— ھە، لايقا[①]، بوستان[②]، بەگىبرىق[③]، ئىسلامئابات[④] بىر نېمە دېمەمسىلەر؟ — دېدى ئاكوجاڭ سەل چېچىلغاندەك قىلىپ، — شاپ بولۇڭلار. . . يىغىندىكىلەر ساقلاپ قالدى.

— بىزدە كوجاڭ ئۆزلىرى بىلمىسلا، — دېدى ئېگىز ئۇرۇق، — خىمىيە ئوقۇتقۇچىسى كەم. . .

— تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ كەتكەن بولسا، تۈز تامتى، — دېدى ۋىجىك مۇدىر.

— ھە ئىسلامئابات؟ يا، ياق، سەن ئالساڭ بولمىغۇدەك، — دېدى كوجاڭ بىردىنلا يالتىيىپ، — بۇ بالا ئۇرۇمچىدىن كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە غۇلجىلىق ئىكەن. . . ئىسلامئاباتقا ئەكىرىپ كەتسەڭ، ئۇ قۇملۇقتا غېرىپسىنىپ قالغۇدەك. . .

— بولدى، ماڭا بەرسىلە! — دېدى تۆت گۆھەرنىڭ سەرخىلى، — مەندىن مۇم بىلەن يېپىنىڭ پۇلى كېتەمتى؟ . . .

---

①②③④ گۇڭشېلارنىڭ ئىسىملىرى، بۇ يەردە مۇدىرلارنى گۇڭشې نامى بىلەن ئاتاۋاتىدۇ.

— ھەببەلى، مېنىڭمۇ ئويلىغىنىم شۇ ئىدى، — دېدى كوجاڭ كۆلۈپ، — قارا پەرمانشا، سېنىڭ دېگەن ئاھىڭنىڭ نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتىپى. بىر سىنىپقا ئۈچتىن تارتىپ ئۈچ يېرىمگىچە ئوقۇتقۇچى بېرىلىدۇ ئەمەسمۇ! ئەمىسە، سىلەر سۆزلىشىڭلار...

ئاكوجاڭ قالغانلارنى باشلاپ يىغىن زالىغا كىرىپ كەتتى. پەرمانشا مۇدىر ھېكمەتكە يەنە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئالدىرىماي تاماكا ئورىدى.

— تەنتەربىيىدىن ئانچە - مۇنچە خەۋىرىڭ بارمۇ؟

— ياق...

— ساز - پازغۇ چالالايدىغانسەن؟...

— ئانچە - مۇنچە...

— قايسى سازنى؟

— گارمۇن...

— سەن دېگەن ئۇ نېمە بىزدە بار... — دېدى مۇدىر سەل ئېچىلىپ، — بولىدۇ، سەن ۋالىي مەھكىمىسىنى بىلىدىغانسەن؟ ھە، شۇ يەردە ساقلا. مەن يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن، مەكتەپتىن ئۇلاغ كىرگۈزىمەن...

— سائەت نەچچىلەردە كېلەر؟...

— نەچچىلەردە؟ — مۇدىر سائىتىگە قارىدى، — ھازىر 11 بولۇپ قاپتۇ... يىغىن ھېلى تۈگەيدۇ... سائەت ئۈچ - تۆتلەردە يېتىپ كېلىدۇ.

ھېكمەت مەكتەپتىن چىقىپ چوڭ يول ئېغىزىدا بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، بازار ئارىلىغاچ، قورساق تويغۇزۇپ كېلىش ئۈچۈن، قىزىق دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ، توپىلاڭ رەستىنى ئارىلاپ، جامە مەسچىتىگە باردى. ئەگرى - بۈگرى بۇ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپى پۈتۈنلەي ئاھالىلەر ئۆيلىرى بولۇپ، تىجارەتچىلەرنىڭ ۋارقىراپ - جارقىراشلىرىدىن خالى ئىدى. پەقەت بەزى ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا دۆۋە - دۆۋە يېرىندى ئوتتۇنلار، باغلام - باغلام يۇلغۇنلار قويۇپ قويۇلغانىدى. ھېكمەتنىڭ

كەينىگە قايتىپ مېڭىشىغا، سول تەرەپتىكى ئېگىز خالتا كوچىدىن غۇنچە بوي بىر قىز چىقىپ كەلدى. قىزنىڭ ئالما ئۇرۇقى ئەتلەس كۆڭلىكى، ئۇنىڭ گۇلسىمان بەدىنىنى نامايىش قىلىپ، ئايدەك يۇمۇلاق ئاق يۈزىنى تېخىمۇ جەزىبىدار ھالەتكە كەلتۈرگەنىدى. بوستاندەك قويۇق كىرپىكلىرى قاپقارا چوڭ كۆزلىرىنىڭ ئاستىغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئۇ، تىكىلىپ قاراپ قالغان ھېكمەتكە لاپپىدە كۆز تاشلىدى - دە، جىددىيلەشكەنلىكىدىنمۇ ياكى شەرمى - ھايا ۋەجىدىنمۇ، ئىش قىلىپ، ھالرەڭ كىچىك لەۋلىرى چىڭ يۇمۇلۇپ، قومۇش قەلەمدە تارتقاندەك قارا قاشلىرى تۈرۈلدى...

چوڭ كوچىغا چىققان قىز ھېكمەتنىڭ ئالدىدا كېتىپ باراتتى...
ئۇ بېشىغا سۇس زەڭگەر ھېلىلە ياغلىق چىگىۋالغان بولۇپ، يوتىسى ئۈستىدە يىلاندەك سۇنايلىنىپ تۇرغان قارا بىر ئۆرۈم چېچىنىڭ بوغۇلغان ئۇچىغا تىرناقتەك قىپقىزىل ئۈچ بۇرجەك تۇمار باغلانغانىدى. ھېكمەت قىزنىڭ گۈل بەدىنىگە، يۈرەكلەرگە قامچا بولۇپ تېگىدىغان ئاجايىپ چاچلىرىغا قارىغىنىچە قايسىدۇر شائىرنىڭ:

ئۆزەڭ بىر قىز، چېچىڭ بىر قىز،
كۆيدۈم ساڭا ئەي بىر جۈپ قىز...

دېگەن شېئىرىنى ئەسكە ئالدى.
قىز قىزىق دەرۋازىنىڭ ئاۋات رەستىسىگە كەلگەندە، كەينىگە قايرىلىپ ھېكمەتكە ھايا ۋە نومۇس شەربىتى مۇجەسسەملەنگەن تاتلىققىنا بىر تەبەسسۇم ھەدىيە قىلدى - دە، ئۇزاپ كېتىپ قالدى.
ھېكمەت ئاشخانىدا تاماق يەۋېتىپمۇ، مېھمانخانىدىكى نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپمۇ، ۋالىي مەھكىمىسى ئالدىغا كېلىۋېتىپمۇ، قىزنىڭ گويا نېپىز بۇلۇتلار ئىچىگە يوشۇرۇنغان چولپان كەبى ھايالىق ھۆسن - جامالىنى، ئوڭ لېۋى ئۈستىدىكى ئاينىڭ يۈزىدىكى داغدەك كىچىككىنە قىپقىزىل خالىنى كۆز ئالدىدىن كەتكۈزەلمىدى.

ھېكمەت ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدىكى كۆك رېشاتكىغا يۆلىنىپ ناھايىتى ئۇزۇن ساقلىدى. پەرمانشا مۇدىر ۋەدە قىلغان ۋاقىتتىنمۇ ئۆتۈپ كەتتى. پەقەت سائەت بەش بولاي دېگەندىلا، ئىشەك مىنگەن بىر بالا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئېشىكىنى دەرەخكە باغلاپ، ئۆزى ئىرىقتىن سەكرىدى.

— ئۆزلىرى ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ھېكمەت مۇئەللىم بولىلىغۇ دەيمەن؟ — دېدى بالا تارتىنغان ھالدا، — مېنى مۇدىر ئەۋەتكەندى.

بالا كونا كۆن چامادان بىلەن چاقچاقلىرىنى يۈكنى ئېشەككە قولدىماچ قىلىپ ئارتتى، ئاندىن ھېكمەتنى ئېشەككە مىندۈرمەكچى بولدى. لېكىن ھېكمەت مىنگىلى ئۇنىمىدى.

— مىنىۋالسىلا، ھېرىپ قالىلا، — دېدى بالا ھېكمەتنى زورلاپ، ئارىلىقى تۆت پوتەي كېلىدۇ.

— تۆت پوتەي؟ . . . بۇ . . .

— 10 كىلومېتىر دېگەن گەپ، — بالا كۈلۈپ كەتتى. . .

— شۇنداق بولسىمۇ بىر ئاز ماڭاي، — دېدى ھېكمەت بالىغا قاراپ، — ئېتىڭ نېمە؟

— سەدۇللا.

شەھەر ئىچى كىچىك بولغانلىقتىنمۇ، ئۇلار ماڭا - ماڭمايلا، سېپىل ئالدىغا كېلىپ قالدى. قەدىمكى زاماننى ئەسكە سالىدىغان بۇ سېپىل ئېگىز ھەم قېلىن ئىدى. ئۇنىڭ قۇببە شەكىللىك ئويما قوۋۇقى زەي يۇرايتتى. ئۇلار قاراڭغۇ تۆمۈر قوۋۇقتىن ئۆتكەندىن كېيىن، كەڭ كەتكەن ئايدالاغا چىقىپ قالغاندەك بولدى. يولنىڭ سول تەرىپىدىكى پەسلىك سازلىق بولۇپ، قومۇش ۋە يېكەن بىلەن قاپلانغانىدى. ھېكمەت سەدۇللانىڭ ياردىمى بىلەن ئېشەككە مىنىۋالدى. ئۇ ئېشەكتە كېتىۋېتىپ، يەكەندە ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسكە ئالدى. تۇرسۇن، مەتتۇردى، ئاتىكەملەر نەلەردە يۈرىدىغاندۇ، شەھەردە قالغانمىدۇ ياكى ماڭا ئوخشاش يېزىلارغا كەتكەنمىدۇر؟ دېگەندەك ئوي - خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

يول بويى بۈك - باراقسانلىق باغلار، يەل - يېمىش قاپلىغان شالاڭ

دېھقان ئۆيلىرى ئۇچراپ تۇراتتى. ئاسماندا بىر توپ كەپتەر گۇگۇلداپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. شورباغنىڭ تېرەك قاپلىغان يوللىرى، گازۇننىڭ تەمتۇر سۆگەت سايە سالغان ئۆستەڭلىرىدىن ئۆتكەندە، ھېكمەت ئېشەكتىن چۈشۈپ، سەدۇللانى مىنىۋېلىشقا زورلىدى. لېكىن ئۇ زادىلا ئۇنىمىدى.

ھېكمەت يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دەل - دەرەخلەر ئاستىدا ئېچىلىپ كەتكەن زاراڭزا، زاراڭزا ئارىلىقلىرىدىكى يەردىن ئىككى - ئۈچ غېرىچ كۆتۈرۈلۈپلا باش ئالغان قوناقلارغا، بۆلۈك - پۇچقاقلاردىكى پارچە - پۇرات يەرلەرگە تېرىۋەتكەن چامغۇرلارغا قاراپ، يەرنىڭ قىسلىقىنى، خوتەن دېھقانلىرىنىڭ ئالقانچىلىكمۇ يەرنى بىكار قويمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. دېھقانلار ئېتىزلاردا قارا تەرگە چۆمۈلۈپ قوناق چېپىۋاتاتتى، يولدا خامانغا قوناق توشۇۋاتقان ھارۋا، ئۇلاغلار ئۈزۈلمەيتتى. بەزى يەرلەردە قونىقى چېپىلىپ بولغان ئېتىزلارغا سۇ باشلاۋاتاتتى.

سەدۇللا يولغا ئېگىشىپ قالغان شاپتۇللارنى ئۈزۈپ، قەلەمتۇراچتا ئاقلاپ ھېكمەتكە بېرەتتى. بۇ ساددا، ياۋاش بالا ئەششاپتۇلنى ئاقلاپ يېمىسە بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. ئۇلار گەپ بىلەن ئاتچۇيگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى تۇيمايلا قالدى. ھېكمەت ئاپئاق ئېتىزلارنى كۆرۈپ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. كەنت ئۆيلىرىدىكى كۆكىرىپ تۇرغان ئۈزۈم باراڭلىرىنى، كىچىك كۆچەتلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ يەرلەر داۋۇ دەرەخسىز، تاپ - تاقىر تۇراتتى.

— سەدۇللا، بۇ يەرلەردە نېمانداق دەل - دەرەخ يوق؟ — دېدى ھېكمەت ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىۋېتىپ.

— مەن باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، — دېدى سەدۇللا قەلەمتۇراچنى ماتا كۆڭلىكىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ، — پولات تاۋلايمىز دەپ، دەل - دەرەخ، يەل - يېمىشلەرنى كېسىپ، نۇرغۇن كەنتلەرنى شۇنداق تازنىڭ بېشىدەك قىلىۋەتكەن.

— ۋاي ئىست! . . .

— لېكىن، بەزى دادۇيجاڭ - سېكىلتايلار كالتەك كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ كەنت - يېزىلىرىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ

كۆپىنچىسىنى تۇتۇپ كەتتى. شۇ چاغدا، مېنىڭ دادامنىمۇ باغلاپ ئېلىپ كەتكەن، ئىككى يىلدىن كېيىن قايتىپ چىقتى.

— داداڭ نېمە ئىش قىلاتتى؟

— شۇدۇيجاڭ ئىدى. . . — دېدى سەدۇللا ھېكمەتكە قاراپ، — مۇئەللىم، ئېشەكنى مىنىۋالامسىز؟ قاراڭ ئىلەك كۆۋرۈكىگە كېلىپ قالدۇق.

ئىلەك ئۈستىگە بوستان بىلەن ئاتچۇي ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇرلۇقنا لۇمشىپ ئېقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تىك قىرغاقلىرى قېلىن ئوتلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، باش تەرىپىدىكى تاراملار ئوتتۇرىسىدا قېرى سۆگەتلەر بېسىۋالغان تۈگمەنلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ھېكمەت بىلەن سەدۇللا ئىلەك كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، بوستان گۇڭشېسىنىڭ تىك يولىغا ياماشتى. . . ئۇلار كەنت ئۆيلىرىنىڭ تۇرخۇنلىرىدىن ئىسلار كۆتۈرۈلۈۋاتقان بىر پەيتتە، بوستان گۇڭشېسىغا كىرىپ كەلدى.

# بوستان ئوتتۇرا مەكتىپى

يولغا چىققاندىن بېرى تۈزۈكرەكمۇ ئارام ئالالمىغان ھېكمەت تۈنجى قېتىم راھەتلىنىپ ئۇخلىدى. ئۇ، ئەتىگەندە تۇرۇپ، بېشىنى يۇيۇپ، بەدىنىنى سۈرتتى. ياتاقنى سۇ سېپىپ تازىلىدى، ئۈستەلنى سۈرتتى. داس ـ چېلەك، سۇپۇرگىلەرنى بۇرۇنقىدەك جاي ـ جايىغا رەتلىك تىزىپ قويدى. بۇ ياتاقنىڭ تام تەرىپىگە بىر كارىۋات قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىگىسى ناھايىتى سەرەمجان، پاكىز، زىل ئادەم بولسا كېرەك، يوتقانلىرى رەتلىك يىغىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ياستۇقى قىر چىقىرىپ تىزىلغانىدى. كارىۋاتقا يېپىلغان ئەدىيالنىڭ پاكىزلىقىدىن ئادەم ئولتۇرۇشقا ئەيمىنەتتى، ھەتتا يۇيۇلغان قول ياغلىق، لۆڭگىلىرىمۇ يىپقا قىرىنى قىرىغا كەلتۈرۈپ ئېسىلغانىدى. ئەگەر تۈنۈگۈن پەرمانشا مۇدىر:

«مۇنۇ دېرىزە تۈۋىدىكى كارىۋاتنى ساڭا دەپ ئەكىرگۈزۈپ قويدۇم، ئوتتۇرىدىكى ئۈستەلدە كامىل ئىككىڭلار دەرس تەييارلىقى قىلىپ، تاپشۇرۇق تەكشۈرسىلەر. . .» دېمىگەن بولسا، ھېكمەت بۇ ياتاقنى «بۇ پاكىزە، چىچەن بىر ئايالنىڭ ياتىقى ئىكەنغۇ!» دەپ ئويلاپ قالغان بولاتتى.

ھېكمەت قاتتىق - قۇرۇق نانلىرى بىلەن ناشتا قىلغاندىن كېيىن، دېرىزىنىڭ ھاۋارەڭ پەردىسىنى قايرىدى. بۇ يەردىن ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن تولغان مەكتەپ بېغى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. باغنىڭ ئەتراپى ئادەم ئۆتەلمىگۈدەك ھالدا بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن تىكەنلىك جىگدە كۆچەتلىرى بىلەن قورشالغانىدى. باغنىڭ ئىچىدىن قۇشقاچلارنىڭ چاۋىلدىغان ئاۋازلىرى كېلەتتى. مەكتەپ ئىچىدىمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. پەرمانشا مۇدىرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ھازىر كۈزلۈك يىغىم - تېرىمنىڭ جىددىي پەيتى بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلار بىر ھەپتىگە قويۇپ بېرىلىپتۇ، ئوقۇتقۇچىلار بولسا، دادۈي - شياۋدۈيلەرگە چۈشۈپ ئىشلەۋېتىپتۇ.

ھېكمەت مەكتەپ ئىچىنى ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇۋېدى، پەرمانشا مۇدىر كىرىپ كەلدى. ئۇ ياتاق ئىچىگە بىر قۇر سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىن، ھىجىيىپ قويدى.

— ياتاقنى تازىلاپ قويغىنىڭ ئوبدان بوپتۇ، — دېدى پەرمانشا تاماكىسىنى سىرتقا تاشلىۋېتىپ، — بۇ كامىل ناھايىتى زېرىپ بالا، ياتىقىنىڭ خىشلىرىنى تۇرماق، ئايىغىنىڭ چەملىرىنىمۇ يۇيىدۇ ئەمەسمۇ! . . . لېكىن مىجەزى چۇسراق.

— مەنمۇ ھېس قىلدىم، ئۇ تەربىيە كۆرگەن بالىدەك قىلىدۇ، — دېدى ھېكمەت ئۈستەلدىكى پارقىراپ تۇرغان قەلەمدانغا قاراپ، — نېمە دەرس بېرىدۇ؟

— ئىككىنچى يىللىقلارغا تىل - ئەدەبىيات دەرسى بېرىدۇ، لېكىن ئۇ كونا كىگىز كىتابلارنى تولا كۆرىدۇ.

— ھە! . . .

— قارا ھېكمەت، — دېدى پەرمانشا جىددىي قىلىپ، — ھازىر

ئىككىمىز گۇڭشې شۇجىسى تۇراپ ئىمىننىڭ قېشىغا بارىمىز... ئۇ يەردە ياۋاش، يۇمشاق بول، بىلەرمەنلىك قىلىپ تولا گەپ قىلما. شۇجى گەپ قىلسا، خوش، خوش... دەپ تۇرغىن.

— نېمىشقا بارىمىز؟

— سېنى تۇشۇجىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ قويمىسام بولمايدۇ...

— بۇنىڭ شۇنچە زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟

— ئۇنى سورىما ... بۇ دېگەن ئادەت!

ئۇلار ئۆيدىن بىللە چىقىشتى. تۈنۈگۈن كەچ ئانچە دىققەت قىلمىغان ھېكمەت ئەتراپىغا سىنچىلاپ قارىدى. خىش بىلەن سېلىنغان ئۆيلەر بىر ئېغىزلىقتىن بولغاچقا، ئىشىكلىرى بىر - بىرىگە يېقىن ئىدى. بۇ ئون نەچچە ئېغىزلىق ئۆيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كەلگەن يۈز قەدەمدەك تار يول ئوقۇتۇش بىناسىغا ئېلىپ باراتتى. خىش بىلەن سېلىنغان بىر قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسى كىل بىلەن سۇۋالغاچقا، يىراقتىنلا قىپقىزىل بولۇپ كۆزگە چېلىقاتتى. بىنا ئالدىدىكى كەڭ كەتكەن مەيداندا، يەرلىك ئۇسۇلدا ياسالغان قوش تۇرنىك، گار، يىراقتا سەكرەش ئۆرەكلىرى، قوش كىشىلىك ئىلەڭگۈچلەر بار ئىدى. مەيداننىڭ ئوڭ تەرەپ يول ياقىسىغا سېلىنغان بىر قاتار ئاق ئۆيلەرنىڭ ئالدىنى ئۈزۈم بارىڭى قاپلاپ تۇراتتى. پەلەمپەيلىك بۇ ئۆيلەر ئىككى - ئۈچ ئېغىزلىقتىن بولسا كېرەك، بىر - بىرىگە يىراق تۇرغان ئۈچلا ئىشىك كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— بۇ بىر قاتار ئۆيلەردىمۇ ئائىلىلىكلەر ئولتۇرىدۇ، — دېدى مۇدىر كېتىۋېتىپ، — ئاۋۇ باشتىكى مېنىڭ، ئوتتۇرىدىكى ئىلمىي مۇدىر زىكرۇللا غوجىنىڭ، بۇ چەتتىكىسى مالىيە بۆلۈم باشلىقى ئەخمەت ھوشۇرنىڭ.

مەكتەپنىڭ چوڭ يولغا تۇتاشقان چېگرىسىدا، نە رېشاتكا، نە پاخال ساتما يوق ئىدى. پەقەت كىچىك باللار يۈگۈرۈشۈپ ئوينىغۇدەك ئېگىز - پەس، شورلىشىپ كەتكەن تام ئىزناسىنى كۆرگىلى بولاتتى. ھېكمەت ئالدىدىكى سارغىيىپ قالغان قوناقلىقلارغا، ئوسا قىلىنغان ئېتىزلارغا قارىغىنىچە، ئىچىدە: «شۇنچە چوڭ مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىمۇ يوق

ئىكەنا؟ . . . » دەپ ئويلاپ قالدى.

— مانا بۇ ئاشلىق پونكىتى، — دېدى مۇدىر بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن چوڭ ئاق دەرۋازىنى كۆرسىتىپ.

مەكتەپ ئائىلىلىكلەر بىناسى بۇ يەرگە ئۇدۇل بولۇپ، ھېكمەتنىڭ چەتتىكى ياتىقى شاپتۇل كۆچەتلىكلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پەرمانشا مۇدىر يولدا ماڭغاچ: «مانا بۇ پوچتىخانا، بۇ ئوڭ تەرەپتىكى ئالدى رېشاتكىلىق قورا باشلانغۇچ مەكتەپ، بۇ بولسا ماگىزىن، ئۇنىڭ يېنىدىكىسى سودا سارىيى، باجخانا. . .» دېگەندەك ئىدارە - جەمئىيەتلەرنى تونۇشتۇرۇپ، گۇڭشې قورۇسىغا يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار ئېگىز كۆتۈرمە قىلىپ سېلىنغان بىنانىڭ كەڭ پەلەمپەيلىرىگە قەدەم ئېلىشتى. گۇڭشې قورۇسى بوك - باراقسان ئىدى. دەرۋازىدىن بىناغىچە تال - بوستان كارىدورى بولۇپ، كاللەك - كاللەك ئۈزۈملەر ساڭگىلىشىپ تۇراتتى. ئىككى تەرىپى ئالدىغا ئۇسسۇپ چىققان بىنانىڭ ئېگىز پېشايۋانلىرىغا قىزىل سىرلانغان قىيما رېشاتكىلار، ئايلانما يۇمىلاق تۈۋرۈكلەر زىننەت بېرىپ تۇراتتى.

مۇدىر بىلەن ھېكمەت بىنادىن ھايال بولمايلا قايتىپ چىقتى. چۈنكى گۇڭشې خادىمىنىڭ ئېيتىشىچە، تۇشۇجىنىڭ چىشى ئاغرىپ قېلىپ، ئۆيدە دەم ئېلىۋېتىپتۇ. شۇڭا، مۇدىر ھېكمەتنى تۇشۇجىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار گۇڭشې دوختۇرخانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، مال نەسىللەندۈرۈش پونكىتىنىڭ يېنىدىكى كوچىغا كىرىپ كېتىشتى. . . مۇدىرنىڭ دېيىشىچە، ئەسلىدە بۇ يەردە كوچا يوق ئىكەن. تۇشۇجىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، بۇ يەردىكى ئائىلىلەرنى كۆچۈرۈۋېتىپ، مەخسۇس گۇڭشې كادىرلىرى، ئاندىن قالسا ئىدارە - جەمئىيەت باشلىقلىرىغا ئۆيلۈك يەر بېرىلگەنىكەن.

بۇ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئېرىق بويلاپ ياش كۆچەتلەر قويۇلغانىدى. ھەر بىر قورۇنىڭ دەرۋازىلىرىمۇ ئۆزگىچە نەقىشلىنىپ سىرلانغان، ئەينەك پارچىلىرى پاتۇرۇلۇپ، ئۈستىگە گىرەچە قويۇلغان تاملىرىدىن كۆتۈرمە لاپاسلىق ئۆيلەر، گۈللۈك تۈۋرۈكلەر كۆرۈنۈپ

تۇراتتى. بەزى قورۇلاردىن ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازلىرى كېلىۋاتاتتى.

پەرمانشا ئۇنىڭ قاناتتىكى ئۈچىنچى دەرۋازىنىڭ ھالقىسىنى تارا قلاتتى. باشقىلاردىن ئۆزگىچە ھەيۋەتلىك ياسالغان بۇ قورۇنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكلىرىگە تۆمۈر چەمبەر قېقىلغانىدى.

ئىشىك قېقىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بېغىررەڭ شىپۇن دوخاۋا كۆڭلەك كىيگەن، 35 ياش چامىسىدىكى ئاق يۈزلۈك، ئوتتۇرا بويلۇق بىر ئايال ئىشىكنى ئاچتى. ئۇنىڭ چېشلىرى ئالتۇن بىلەن قاپلانغانىدى.

— خاننىسا خېنىم، — دېدى مۇدىر ھېجىيىپ، — تۇ شۇجىدىن سورايدىغان يولىيورۇقلىرىمىز بار ئىدى. بولسا. . .

— كىرىشسىلە! — دېدى ئايال سۇسلا، — ئۇنىڭ چىشى قوقاقلاپ قاپتىكەن، ئىچكىرىكى ئۆيدە بۇۋىم ئۇنىڭغا ئۇچ قويىۋاتىدۇ. . .

ئۇلار ھويلىغا كىرە - كىرمەيلا، پېشايۋان تۈۋرۈكىگە ئېسىپ قويۇلغان قەپەزدىكى قىزىل پوكانلىق كەكلىك قاتتىق ئاۋازدا سايرىۋەتتى. چۆچۈپ كەتكەن ھېكمەت مۇدىرغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. ئايال ئۇلارنى دەھلىزدىكى يان ئۆيگە باشلاپ، ئۇ يەردىن ئىچكىرىكى ئۆينى ئىشارە قىلدى. ساراي ئۆينىڭ ئېگىز سۇپىسىغا گىلەملەر سېلىنغانىدى. ئۆي ئوتتۇرىسىدىكى قاتمۇ قات تاۋار يوتقان، دەمبىزە كۆرپىلەر ئۈستىگە ئاپئاق خەسە يېپىلغان بولۇپ، بىر قاراشتىلا ئۇنىڭ ئاستىدا ئادەم بارلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. خەسىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىگە پاختىدىن ئۇچ قويۇلغانىدى. ئاق داكا رومالغا ئورۇنىۋالغان بىر موماي قولىدىكى بىر تۇتام بۇيا بىلەن خەسە ئۈستىگە بوشقىنا ئۇرۇپ، بىر نېمىلەرنى ئوقۇيتتى ۋە ھورۇيتتى. پەگادا، مۇدىر قول قوشتۇرۇپ يەرگە قاراپ تۇراتتى، لېكىن ھېكمەت مومىنىڭ پۈتۈن ھەرىكىتىگە سەپسالماقتا ئىدى.

— كۆچ، كۆچ، كۆچ، ئىسكى تۇگمەنگە بار، كونا تاملىققا بار. كۆچ، كۆچ، كۆچ، قوش خوتۇنلۇققا بار. . . كۆچ، كۆچ، كۆچ، ئازدىڭمۇ - تازدىڭمۇ؟ ئۆتكۈن ئۆتكەن يەرگە بار. . . كۆچ، كۆچ، كۆچ، ئۆز قەۋمىڭنى تاپ! . . .

موماي ئۈچىنىڭ بىرسىگە سەرەڭگە چېقىشى بىلەن، بىر - بىرىگە

تۇتاشتۇرۇپ قويۇلغان ئۇچلار «لاپ، لاپ، لاپ،» قىلىپ ئوت ئېلىپ ئۆچتى. موماي يەنە نېمىلەرنىدۇر ئوقۇپ، تۇ شۇجىنىڭ چىشىغا چاپلىشىۋالغان جىننى كۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يۈزىنى ئېچىۋېتىپ، دوڭغاقلىغىنىچە پەسكە چۈشتى. . .

يوتقان ئىچىدە تۇنجۇقۇپ قالاي دېگەن تۇشۇجى تەرلەپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئوتتا داغلاشقان مىس تەلەڭگىدەك قىپقىزىل تاقىر بېشىنى، هۈررەك - هۈررەك كۆكۈچ يۈز مۇسكۇللىرىنى، پاتۇرۇپ قويغان قوتۇر ياڭيۇدەك بۇرنىنى، تېرىسىنىڭ يىرتىقىدەك كۆزلىرىنى بېسىۋالغان قېلىن قاپاقلىرىنى، قاپاقلىرىدىكى دىڭگىيىپ تۇرغان شالاڭ تۈكلەرنى، يوغان دورداي كالپۇكلارنى كۆرگەن هېكمەت ئىچىدە: «ۋاي خۇدايىسىم، بۇ ئادەمنىڭ چىشىغا قورقماي چاپلاشقان قانداق جىندۇر ئۇ؟» دەپ ئويلىدى.

پەرمانشا مۇدىر ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىش ئۈچۈن، بىر - ئىككى قېتىم بوشراق يۆتەلدى. لېكىن تۇ شۇجى كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە تورۇسقا قاراپ ياتاتتى.

— تۇ شۇجى! . . . تۇ شۇجى! ! . . . تۇ شۇجى! ! ! . . . — مۇدىر تۈكۈرۈكىنى غورتىدە يۇتتى، — مەن . . . مەن كەلگەنتىم ئەينا. . .

مۇدىر دادىللىق بىلەن ئۈچىنچى قېتىم توۋلىغاندىن كېيىن، تۇراپ ئىمىن بېشىنى ئاستا بۇراپ، كۆزلىرىنى يېرىم ئاچقان هالدا پەرمانشاغا قارىدى.

— بۇ ئوقۇتقۇچى مەكتىپىمىزگە يېڭى كەلگەن. . . ئۆزلىرىگە. . .

تۇراپ ئىمىن چېقىر كۆزلىرىنى هېكمەتكە تىكىپ بىر هازا قارىغاندىن كېيىن، يەنە كۆزلىرىنى يۇمدى.

— بۇ تېخى تۈكى چۈشمىگەن سويمىكەيىيا؟ — دېدى تۇراپ ئىمىن خىرقىراپ، — ماڭ ئەپكەت! كېيىنچە پىشىپمۇ قالار. . .

— خوش. . .

پەرمانشا هېكمەتنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار مەكتەپكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇدىر ئۇنى مەكتەپنى ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئوقۇتۇش بىناسى ئالدىدىن ئۆتۈپ، ئالدى بورىلار بىلەن سايىۋەن قىلىنغان

پاكار ئۆيلەر ئالددا توختىدى.

— ئاۋۇ چەتتىكى ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي ئاشلىق، ماي، مەنقۇلات ئامبىرى، — دېدى مۇدىر قولۇپ سېلىنغان ئۆيلەرنى كۆرسىتىپ، — ئوتتۇردىكىسى ئاشخانا، ماۋۇ چەتتىكىسى ناۋايخانا. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدا مال ئېغىلى بار، جۇرە كۆرەيلى.

ناۋايخانىغا تۇتاشلا بىر چوڭ كۆل بار ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قوچاق يەتكۈسىز پور سۆگەتلەر قېرىپ كەتكەنلىكىدىن شاخ - غوللىرىنى كۆتۈرەلمەي، كۆلگە ئېگىشىپ تۇراتتى. ئۇلار كۆل بويىدىكى يول بىلەن ياندىكى قوش ئىشىكلىك هويلىغا كىردى. هويلا ئىچى دەرەخ يىلتىزلىرى، ياغاق، جىگدە كۆتەكلىرى، يېرىندى ئوتتۇنلار بىلەن تولغان بولۇپ، ئاشخانىنىڭ ئوچاق كۈلۈكلىرىدا كۈللەر دۆۋىلىنىپ ياتاتتى. هويلىنىڭ ئاخىرىدىكى غازاڭلار بىلەن توسۇلغان ئېغىللاردا بىر قانچىلىغان ئۆكۈز، 50 – 60 تەك قويلار تىقىلىشىپ ئوت يەۋاتاتتى. . .

— بۇ ئۆيلەرنىڭ بىرسىدە، — دېدى مۇدىر ياندىكى كىچىك ئۆينى كۆرسىتىپ، — مالچى ئولتۇرىدۇ. ماۋۇ بىرسىدە، شەهەرلىك بىر ناۋاي ئۇستام يېتىپ - قوپىدۇ.

پەرمانشا بىلەن هېكمەت مال ئېغىلىدىن چىققاندىن كېيىن، كۆل بويلاپ سېلىنغان ۋادەكلىك ئۆيلەر يېنىدىن ئۆتۈپ، قىزلار ياتاق بىناسى ئالدىغا كېلىشتى. بۇ بىر قەۋەتلىك كېسەك بىلەن سېلىنغان چوڭ ئۆيلەرگە ياغاچ سۇپا ئورنىتىلغان بولۇپ، هەر بىر ئۆيدە 25تىن بالا ياتاتتى. . . ياتاق بويلاپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر قاتار ئۈرۈكلۈكنىڭ ئۇ تەرىپى چەكسىز كەتكەن كۆكتاتلىق ئىدى. كۆز يەتكۈسىز يېيىلىپ ياتقان قىزىلچا، كاپۇستا تېرىلغان يەرلەر ۋە قوناقلىقلارنىڭ ئۇ تەرىپىدە، خۇددى قىزلار ياتىقىغا ئوخشاشلا بىر قاتار ئۆيلەر بولۇپ، ئۇلار ئوغۇللار ياتىقى ئىدى.

— بۇ قىزلار ياتىقىنىڭ ئارقىسىدىمۇ تېرىلغۇ يېرىمىز بار، — دېدى پەرمانشا ماختانغاندەك قىلىپ، — ئۇ يەردىكى يەر ئاستى كۆكتات ئامبىرىمىزدا، 3 - ئايلارغىچە كۆكتات ئۇكسىمەيدۇ. . .

ئۇزۇن بىر قاتار قىزلار ياتىقى ئاخىرلىشىپ، ئۇلار قوش قاناتلىق كۆرۈمسىز بىر ئىشىك ئالدىدا توختاشتى. پەرمانشا ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئېچىۋەتتى. . . ھېكمەت ھويلىغا قەدەم ئېلىشى بىلەن، بىر سېسىق بەدبۇي پۇراق ئۇنىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلدى. ئۇ قاتىرىسىغا كەتكەن قوتانلاردىكى چوشقىلارنى كۆرۈپ ھەيرانلا قالدى. خالتىلىشىپ ساڭگىلاپ تۇرغان قىپقىزىل يېلىنلىرى يېتىق لاي بولۇپ كەتكەن ئانا چوشقىلار، بىر - بىرسىدىن مەينەت چوشقا كۇچۇكلىرى، «خارت - خۇرت، چىر - چار» چىقىرىشىپ، غۇلاقتىكى ئاداپنى تالىشىپ يېمەكتە ئىدى. ئېڭەكلىرىدە كەڭ يېيىلىپ تۇرغان داپ ساقىلى بىلەن قاش - كىرپىكلىرى ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن بىر ئادەم ئېچىپ كەتكەنلىكتىن پۇژۇلداپ كۆپۈك چىقىپ تۇرغان ئاداپنى چېلەكلەپ غۇلاقلارغا تۆكمەكتە ئىدى.

— ھە، رەجىپاخۇن بەنجاڭ، جەڭچىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — دېدى پەرمانشا كۈلۈپ، — ئۆلۈم - يېتىم كۆرۈلمىگەندۇر؟

— قانداق بولاتتى مۇدىر، يەپ تويمايدۇ بۇ ئاژناپلار، — بوۋاي بېشىنى ئېغىتتى، — ئاشۇ تام پاسىلىغىمۇ ياغاچ قويۇۋەتمىسەك، تامنى كولاپ ئۆز بېشىنى ئۆزى يەيدىغاندەك قىلىدۇ، قارىسىلا. . .

— بولىدۇ، ئوقۇغۇچىلار يىغىلغاندىن كېيىن بىر گەپ بولار.

سېسىقچىلىقتا چىدىيالمىغان مۇدىر بىلەن ھېكمەت دەرھال چىقىپ كېتىشتى. قاپقارا قاشلىرى تۈرۈلۈپ، بىردىنلا جىمىپ كەتكەن ھېكمەتنى كۆرگەن پەرمانشا ماڭغاچ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— مىللىي مەكتەپتە ئەجەب چوشقا بېقىپتۇ دەپ ھەيران بولۇۋاتقانسەن؟ — دېدى مۇدىر كۈلۈپ، — قوي دېگەن يىلىغا بىرەر - ئىككىنى قوزىلايدىكەن، كالىمۇ بىرنى موزايلايدىكەن. لېكىن بۇ كاساپەت بىر قېتىمدىلا سەككىز - ئوننى كۈچۈكلايدىكەن، مۇنداقچە ئېيتقاندا، غىچلا پۇل. . . بىزنىڭ ھەربىي ئورۇنلار بىلەن توختامىمىز بار. . .

— مۇنداق دېسىلە مۇدىر. . .، — ھېكمەت ئاچچىقىنى كۈلدى، — ئەجەب بۇ قېرى ئادەمنى چوشقا بېقىشقا قويۇپسىلەرغۇ؟ . . .

— ئۇ ھېچنېمىسى يوق مۇساپىر. . ئۆزى خالاپ قىلىۋاتىدۇ، —

مۇدىر تۇيۇقسىزلا كۇلۇۋەتتى، — لېكىن، تەجرىبىسى بار قېرى. ئۇنى بەنجاڭ دېيىشىمىز، ئۇ چوشقىلارنى پۇشتەك بىلەن باشقۇرىدۇ. ئېتىز - ئېرىقلارغا تېرىلىپ كەتكەن چوشقىلار پۇشتەك ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان، ئۇلە - تىرىلىشىگە باقماي يۈگۈرۈشىدۇ، ئۇچىنچى پۇشتەككە ئۇلگۈرەلمىگەنلىرى دەرۋازا سىرتىدا قېلىپ، چىۋىق بىلەن موكاپاتلىنىدۇ.

ئۇلار پاراڭلاشقاچ، كۆل بىلەن ئوقۇتۇش بىناسى ئارىلىقىدىكى ئوچۇقچىلىققا كېلىپ توختىدى. بۇ يەردە ئۈچ دانە ئاجايىپ چوڭ داشقازان كېسەك ئوچاقلاردا ئىسسىقلىق تۇراتتى، ئوچاق ئەتراپىغا شاخ - شۇمبا، ئوتۇنلار دۆۋىلەنگەنىدى.

— پاھ، شوتا قويۇپ چىقىپ يۇيغۇدەك قازانلار ئىكەن، — دېدى ھېكمەت قازانلارغا قاراپ، — بۇ قازانلار ئەجەب بۇ يەرگە...

— ئوقۇغۇچىلار يىغىلغان ھامان تاڭشىر قايىنتىشنى باشلايمىز. قارا! — مۇدىر قىززىلچا ئېتىزلىرىنى كۆرسەتتى، — بۇمۇ پۇل. 80 مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يېرىمىز، 100 دەك قوي - كالا، ئۇلاغلىرىمىز بار... باغدىكى يەل - يېمىشلەرمۇ پۇل...

مۇدىر ئۆيىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ھېكمەت ياتىقىغا قايتىپ كېلىۋېتىپ، مۇدىرنىڭ ماختىنىپ ئېيتقان سۆزلىرىنى قايتا ئويلىماقتا ئىدى. ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلار بازار كۈنلىرى دوغاپچىلىق قىلىدىكەن، يەل - يېمىش ساتىدىكەن، بەزىلەر بوردالغان قويلارنى مال بازىرىدا سېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئورۇق ماللاردىن ئالىدىكەن... ماتاڭچى، دوغاپچىلارغا تاڭشىر يەتكۈزۈپ بېرىدىكەن. ھەر بىر سىنىپ مۇدىرنىغا قاراشلىق 7 - 8 مو يەر بار ئىكەن. ئۇلار كۈزدە چۇشۇرۇلگەن پىلان بويىچە، مەكتەپكە كىرىم تاپشۇرىدىكەن، ھەر بىر سىنىپقا بىر ھاجەتخانا بۆلۈپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغۇتىدىن خەۋەر ئېلىپ، كەڭلىك، ئۈزۈنلۈق، قېلىنلىقىنى مېتىرغا يەتكۈزۈش كېرەك ئىكەن. ئۇندىن باشقا، ۋە ھاكازالار... پەرمانشا مۇدىرنى پۇل تېپىشنىڭ مۇتەخەسسىسى دېسە بولغۇدەك، لېكىن ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى،

دەرس سۈپىتى، ھەر يىللىق سىنىپ كۆچۈش نىسبىتى، ئوقۇتۇشتىكى يېڭىلىقلار ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ ئاچمىغانلىقى ھېكمەتنى ئويغا سېلىپ قويدى.

چۈشلۈك تاماققا بىر ئاز ۋاقىت بار ئىدى، ھېكمەت ئائىلىسىگە، ئامىنەگە خەت يازماقچى بولۇپ، چامادانىنى ئېچىشى بىلەن، ئەينەك رامكىدىكى ئامىنەنىڭ رەسىمىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ھېكمەت رەسىمنى ئاۋايلاپ قولىغا ئالدى. ئىسكىرىپكا چېلىپ تۇرغان قىياپەتتىكى بۇ رەڭسىز رەسىم ئىنتايىن ياخشى تارتىلغانىدى. ئامىنەنىڭ بېشى سول تەرەپكە سەل قىڭغايغان، مۇرىسىگە چۈشۈپ تۇرغان دولقۇن - دولقۇن چاچلىرى ئىسكىرىپكىنىڭ پارقىراق يۈزىگە سايە سالغانىدى. سول يۈزىگە، قاڭشارلىق بۇرۇن قىرلىرىغا، لەۋلىرىگە چۈشكەن ئىنچىكە نۇر ئۇنى تېخىمۇ سالاپەتلىك، پىششىق مۇزىكانتلارغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرى مۇزىكا مۇڭلىرىغا قېتىلىپ كەتكەندەك، قارا كۆزلىرى يېرىم يۇمۇلغان، قاشلىرى يېمىرىلگەن، لەۋلىرى يۇمۇلغان ھالدا تۇراتتى.

— ئۇ ھازىر بەلكىم شاڭخەي مۇزىكا ئىنستىتۇتىغا كېتىپ قالغاندۇر، — دېدى ھېكمەت كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىدىكى ئاخىرقى سوغۇقلا ئۇچرىشىشنى ئېسىگە ئېلىپ، — شۇڭا، خەتنى دوستى گۈلنىساغا قارىتىپ يازغىنىم تۈزۈكتەك قىلىدۇ...

ھېكمەت ئائىلىسىگە خەت يېزىپ بولغاندىن كېيىن، گۈلنىساغا خەت يازدى. ئۇ ئامىنەگە يېزىلغان خەتنى ئايرىم قەغەزگە ئوراپ چاپلىدى، خەتلەرنى قايتىدىن بىر قۇر ئوقۇپ كۆڭلى تىنغاندىن كېيىن، سائىتىگە قارىدى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ مۇدىر كۆرسىتىپ قويغان بازاردىكى پوچتىخانىغا باردى، پوچتىخانا ئانچە چوڭ بولمىغان بىر ئېغىزلىق ئۆي ئىدى، ئۆينى ئۇزۇنسىغا قوپال ياسالغان پوكەي ئىككىگە ئايرىپ تۇراتتى. ھېكمەت پوكەينى بىر نەچچە قېتىم ئۇرغاندىن كېيىن، ياندىكى كىچىك ئۆيدىن يېشى 50 تىن ھالقىغان، ياپما قاپاقلىرى خالتىلىشىپ تۇرغان، يۈزلىرى پۈتۈنلەي قورۇق بىر ئادەم چىقتى. ئۇ

ئىككى كونۋېرت، سەككىز تىيىنلىق ماركىدىن ئىككىنى ئېلىپ بېرىپ كىرىپ كەتتى. ھېكمەت كونۋېرتلىرىنى چايلاپ بولۇپ، پوكەي ئاستىدىكى خەت - خالتىلارنى دۈۋىلەپ قويغان ئۈستەلگە تاشلاپ قويۇپ قايتىپ چىقتى. ئۇ بازاردىكى سودا سارىيىنىڭ ئاشخانىسىدا تاماق يېگەندىن كېيىن، بوستان بازىرىنى ئايلىنىپ، چۆگىلەپ يېنىپ كەلگەندە، پەرمانشا مۇدىر ئۇنى مەكتەپ ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى.

— بەللى شىماللىق! — دېدى پەرمانشا كۈلۈپ، — سىنى ياتىقىڭدىن تاپالماي، مەكتەپنى بىر ئايلىنىپ چىقتىم. ئۆيدىكىلەر لەڭمەن ئېتىپتىكەن...

— رەھمەت، مەن بازاردا تاماق يەپ كەلدىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ ساڭا ئاتاپ جىزى قالدۇرۇپ قويغان تۇرسا! — دېدى مۇدىر قوللىرىنى يېيىپ، — بولدى، كاجلىق قىلما.

— ئۇنداق بولسا كەچتە كىرەي. ماڭا ئاتىغان جىزنى يېسەملا بولىدىغۇ! — دېدى ھېكمەت ئۆزرە ئېيتىپ، — ھازىر كىيىملىرىمنى يۇيۇۋالمىسام، ئالماشتۇرىدىغان كىيىممۇ قالمىدى.

ھېكمەت كىيىملىرىنى يۇيۇپ يېيىۋېتىپ، كەچلىك تامىقىنى مۇدىرنىڭ ئۆيىدە يېدى. پەرمانشا مۇدىرنىڭ ئايالى قەمبەرنىساخان ئوتتۇرا بوي، ئوچۇق - يورۇققىنا ئايال ئىكەن. ئۇلارنىڭ چوڭ قىزى شەھەردە 8 - سىنىپتا ئوقۇيدىكەن، ئىككىنچى قىزى مۇشۇ مەكتەپكە ئەمدى كىرىپتۇ. كىچىك ئوغلى بولسا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىكەن. ھېكمەت پەرمانشا بىلەن مەكتەپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ھەققىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرارمەن دېگەن ئۈمىدتە كىرگەنىدى، لېكىن سۆھبەت يەنىلا شۇ چوشقىلار، قوي - كالىلار، ئۇلاردىن چۈشۈۋاتقان ئوغۇت، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا ھەر كۈنلۈك قويۇلغان ئوغۇت ۋەزىپىسى، بۇلتۇر تاڭشىرنىڭ كۆيۈپ كېتىپ ياخشى پۇل بولمىغانلىقى، مالچىنىڭ بوز ھاڭگىنىڭ پۇتىنى ئاقسىتىپ قويۇپ تىل ئىشتكەنلىكى، ھەر يىلى مائارىپ ئىدارىسىغا يەل - يېمىش، سەۋزە - پىياز كىرگۈزۈپ بېرىشتە، قالغان ئۈچ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۆزىگە يېتەلمەيدىغانلىقىغا ئوخشاش مەزمۇنلارنىڭ

ئۈستىدە بولدى، ئاياغ - ئۈچىنىڭ تايىنى يوق بۇ گەپلەردىن زېرىككەن ھېكمەت ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ، ئورنىدىن تۇردى.

ھېكمەت ئەتىسى يۇيغان كىيىم - كېچەكلىرىگە دەزمال سالدى. ھېلىمۇ ياخشى كامىلنىڭ چوغ دەزمىلى بار ئىكەن. ئۇ دەزماللانغان كىيىملىرىنى قاتلاپ چامادانغا سېلىۋاتقاندا، پەرمانشا كىرىپ كەلدى.

— مۇنداق گەپ ئىدى، — دېدى مۇدىر خىجىل بولغان قىياپەتتە، — گۈلزىبا خانىمنىڭ ئانىسى خېلى بولدى، كېسەل. شۇڭا ئۇ رۇخسەت سوراپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى. سەن ئۇنىڭ ئورنىدا 1 - دادۈيدىكى ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ ئىشلەپ تۇرساڭ قانداق؟

— مەن ئۇ يەرنى بىلمىسەم؟ — دېدى ھېكمەت ھەيران بولۇپ.

— ناھايىتى ئاسان، بازار بېشىدىكى دوختۇرخانىدىن ئۆتۈپ سولغا قايرىلىپ ئازراقلا ماڭساڭ، ئوڭ تەرەپتە 1 - دادۈينىڭ ئىشخانىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئارىلىقى يېقىن. چۈشتە بازاردا تاماق يەپ، كەچتە ياتاققا قايتىپ كەلسەڭ بولىدۇ. ھە راست، — دېدى پەرمانشا ئارقىغا قايرىلىپ، — نوپۇس، ئاشلىق قەغەزلىرىڭنى مالىيە بۆلۈمىگە تاپشۇرۇپ بەرسەڭ، ئورنىتىش رەسمىيىتىنى شۇلار بېجىرىپ قويىدۇ.

# گۈلزىبا

سودا سارىيىنىڭ گۈلە - قاق باسقان هارۋىسىدا شەھەرگە كىرگەن گۈلزىبا گۈلباغقا كەلگەندە چۈشۈۋالدى. ئۇ ھارۋىكەشكە رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن، يېزىدىن ئېلىپ كەلگەن بىر پۈلۈك[①] شاپتۇلنى كۆتۈرگىنىچە، ئالدىراپ قىزىق دەرۋازىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئوي - خىيالى ئانىسىنىڭ كېسىلىدە ئىدى. گۈلزىبانىڭ ئانىسى بۈمەرەمخان ئەمدىلا 40تىن ئاشقان ئايال بولسىمۇ، پات - پاتلا ئاشقازان

---

① پۈلۈك — توقۇلما باغلىق كىچىك سېۋەت.

كېسىلى قوزغىلىپ، ھەپتىلەپ ئاغزىغا ھېچ نەرسە سالماي، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالاتتى. گۈلزىبانىڭ ئۆگەي دادىسى قايىت قارىسىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇپ، بار - يوق بىلەن كارى يوق، ھەپتە - ئون كۈنلەپ يوقاپ كېتەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇمەرەمخان، بالا، ئۆي دېگەنلەر مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئەتلەس كارخانىسىدا ئىشلەيدىغان چوڭ سىڭلىسى گۈلرۇز بىكۆيۈم بالا بولۇپ قالدى، ئىككىنچى سىڭلىسى ماھىگۈل ئانىسىغا ئوخشاش ياۋاش، كەمسۆز چوڭ بولدى. ئۇ، ئەڭ كىچىك ئىنىسى ئابدۇنەبى بىلەن مەكتەپتە ئوقۇيتتى. شۇڭا، بۇمەرەمخان ئاغرىپ قالدىمۇ، گۈلزىبا يۈپۈرماقتەك تىترەپ تۇراتتى.

گۈلزىبا تار ئېگىز كوچىغا بۇرۇلغاندا، تۇيۇقسىزلا بىر ئىش ئېسىدىن كەچتى: توغرا، تېخى ئۈچ كۈن ئىلگىرىلا، مۇشۇ دوقمۇشتا بىر يوچۇن يىگىت بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالغانىدى. گۈلزىبا يىگىتنىڭ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن يۈزلىرىنى، نومۇستىن ئالمان - تالمان يەرگە باققان سىياقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە، نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىمۇ قىزىرىپ كەتتى... ئۇ بىلىنەر - بىلىنمەس ئەتراپىغا تەلمۈردى...

گۈلزىبا دەرۋازىنى ئېچىپ كىرگەندە، بۇمەرەمخان ھويلىدىكى سۇپىدا چاقتا يىپ ئىگىرىۋاتاتتى. ئۆزى ئورۇق، چىرايى تاتىراڭغۇ، ئاق يۈزلۈك بۇ ئايالنىڭ موچىن سىلىنمىغان يېپىلاڭغۇ قارا قاشلىرى، خۇنى كەتكەن چوڭ كۆزلىرى، سۇزۇك پارقىراپ تۇرغان بۇرۇنلىرى ياشلىقىدىكى گۈزەللىكىنىڭ ئالامەتلىرىنى ساقلاپ قالغانىدى... قىزى گۈلزىبانى كۆرگەندە، ئۇنىڭ چىرايىدىكى غەم - غۇسسە تۇمانلىرى بىردىنلا تارقىلىپ، كەز باغلىغان لەۋلىرىدە كۈلۈمسىرەش جىلۋىلەندى.

— كەلدىڭىزما؟ — دېدى بۇمەرەمخان زەئىپ ئاۋازدا، — مەن سىزگە ياخشى بولۇپ قالدىم، خاتىرجەم خىزمىتىڭىزنى قىلىڭ، دېمىگەنمىدىم؟

— يەنە يۇڭ ئىگىرىۋاتامسىز؟ — دېدى گۈلزىبا قولىدىكى سۇۋەتنى يەرگە قويۇپ، — مەن سىزگە بۇ ئىشنى ئەمدى قىلماڭ دەپ نەچچە قېتىم ئېيتتىم. سىز...

— سىزگىلا قاراپ تۇرساق قانداق بولىدۇ؟ — دېدى بۇمەرەمخان ئېغىر خۇرسىنىپ، — بۇ يۇڭ گىلەم كارخانىسىنىڭ ئەمەس، شەخسلەرنىڭ، پۇلى نەق!

— يەنە ئۇزۇلۇپ قالسىڭىز، مەن قانداق خاتىرجەم بولالايمەن؟ — گۈلزىبا ئانىسىنىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى كۆرۈپ قالدى، — ۋاي خۇدايىم يىغلىدىڭىزمۇ - نېمە؟

— ياقەي، ئۆزىچىلا، — بۇمەرەمخان گەپنى يوپۇتتى، — يەنە رۇخسەت سوراپسىزدە؟

بىردىنلا يۈرىكى ئېچىشىپ، كۆڭلى ئەلەمدىن زىدە بولغان گۈلزىبا ئانىسىغا ئۇزۇن قاراپ كەتتى، ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىنى لىققىدە ياشلار قاپلىۋالدى. ئۇ، كىيىم ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆيگە كىرىپ كەتتى، ئەمما ھايال ئۆتمەيلا قايتىپ چىقتى.

— ئانا ئۆيدىكى گىلەم كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئۇ. . . ئۇنى، — ئانا دەماللىققا بىر نېمە دېيەلمىدى.

— ئېيتىڭا. . .

— ئۇنى دادىڭىز. . . ئېلىپ چىقىپ كەتتى، — ئانىسىنىڭ كۆزلىرىدىن يوغان - يوغان ياش تامچىلىرى دومىلاپ چۈشتى.

— ئۇ پەيدا بوپتىكەندە! — گۈلزىبانىڭ رۇخسارى ئاق لەيلى يوپۇرمىقىدەك ئاقىرىپ، گۈل بەدىنىگە ئۇششاق تىترەك ئولاشتى، — ئاھ خۇدا! ئۇ قىمارۋاز، نەشە خۇمارى بۇ ئۆينى ۋەيران قىلىۋېتەرمۇ؟. . .

گۈلزىبا كۆزلىرىنى يەرگە تىككىنىچە جىممىدە ئولتۇراتتى. ئۇ تەڭتۇش دوستلىرىم، خىزمەتداشلىرىم ھېيت - بايراملاردا كەلسە، سەت بولمىسۇن دەپ، مائاشىدىن بىر يىل پۇل ئىقتىساد قىلىپ، بۇ چاچما گۈللۈك گىلەمنى ئالغانىدى. قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتكەن بۇمەرەمخان: «كېيىنچە، توي قىلغاندا، ئۆيىڭىزگە سېلىپ بېرىمەن» دېگەندە، بۇ ھايالىق قىز ھۇپپىدە قىزىرىپ، ئىككى قولىنى بىلەن چە ئانىسىغا قارىيالمىغانىدى.

ئاچچىق يۇتۇپ ئولتۇرغان گۈلزىبانى دەرۋازىنىڭ تاراقلاپ ئېچىلىشى

چۆچۈتۈۋەتتى. جىلتىسىنى ئېسىۋالغان ئابدۇنەبى: «ئانا، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى» دېگىنىچە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان سىڭلىسى ماھىگۈلمۇ كىرگىنىچە ئاچىسى گۈلزىباغا ئېسىلدى. بۇمەرەمخان كەچلىك تاماققا تۇتۇش قىلماقچى بولۇۋېدى، گۈلزىبا ئۇنىمىدى.

— ئۇكام نەبى، ئۆيدە شاپتۇل بار، يېگەچ تۇرغىن. مەن ھازىرلا تاماق ئېتىپ بېرىمەن، — گۈلزىبا ئۆيگە خۇشال يۈگۈرگەن ئىنىسىغا ۋارقىرىدى، — ھەي، يۇيۇپ يېگىن، بولمىسا، قورسىقىڭنى ئاغرىتىۋالىسەن.

— ئاچا، سەن خېمىر يۇغۇرغىن، مەن كۆكتاتلارنى ئادالاي، بولامدۇ؟ — دېدى ماھىگۈل.

بۇمەرەمخان ئاچا - سىڭىلنىڭ چاققان ھەرىكەتلىرىگە قاراپ زوقلاندى. گۈلزىبا بىلەن ماھىگۈلنىڭ مىجەز - خۇلقى، باغرىنىڭ يۇمشاقلىقى، رەڭگى - رۇخسارى بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ماھىگۈل ئاچىسىغا قارىغاندا ئورۇقراق بولغاچقا، ۋىجىكرەك كۆرۈنەتتى. شۇنداقلا ئۇڭ لېۋى ئۈستىدە نوقۇتتەك قىپقىزىل خالىنىڭ بولماسلىقى ئۇنى ئاچىسىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇراتتى.

— ئاچا، — دېدى ئابدۇنەبى ئۆيدىن چىقىپ، — سىلەرنىڭ مەكتىپىڭلار نىمىدېگەن ياخشى، باللارنى ئون كۈنلۈك قويۇپ بېرىپتۇ. بىزنى بۈگۈن تازىلىق قىلدۇرۇپ، ھېچ ھالىمىزنى قويمىدى.

— شاپتۇلنى ئېگىشىپ يېگىن، — دېدى گۈلزىبا خېمىرنى يۇغۇرىۋېتىپ، — كۆڭلەكلىرىڭنى شالتاق قىلىۋەتتىڭ.

— ئۇ دېگەن يېزا مەكتەپلىرى تۇرسا، — دېدى ماھىگۈل يۇيۇلغان كۆكتاتلارنى توغراۋېتىپ، — شەھەرلىك ئوقۇغۇچىلارنى قويۇپ بەرسە، ئۇلار بېشىغا توپا قويۇپ ئوينامتى؟...

ماھىگۈلنىڭ بۇ چاقماقتەك سۆزى ھەممىنى كۈلدۈرۈۋەتتى... ئەمما گۈلرۇزنىڭ قىلىن قاپاقلىرىنى سۈزۈپ كىرىپ كېلىشى بىردەملىك خۇشاللىقنىڭ بىلىگە تەپتى. گۈلرۇز گۈلزىباغا لەپپىدە بىر قارىۋالغاندىن

كېيىن، ماھىگۈلگە ئالىيىپ قويدى.

كونىلارنىڭ مال ئىگىسىنى دورىمىسا ھارام دېگىنى راست ئوخشايدۇ. تەتۈر ئۈستىخان، قىڭراق بۇرۇن، يالپا يۈز، كىرپىكلىرىگىچە ساپسېرىق بۇ قىز دادىسى قايتقا قۇيۇپ قويغاندەكلا ئوخشايتتى. گۈلرۇز گەرچە 16گە كىرگەن بولسىمۇ، پېشانىلىرىدىكى گۆششاق مۇدۇرچاقلار، كۆزلىرىنى ئوينىتىپ يالت - يۇلت قاراشلىرى ئۇنىڭ بالدۇرلا يېتىلىپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئۆزىنى كۆرۈپلا كۈلكىلىرىنى توختىتىۋالغان گۈلزىبا بىلەن ماھىگۈلگە قارىغىنىچە، ئۇنىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى:

— ھەر قايسىڭغا نېمە بولۇشتا؟ — دېدى گۈلرۇز قەھرى بىلەن، — مېنى كۆرۈپلا، خۇددى جىننى كۆرگەندەك، زۇۋانلىرىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كېتىشتىغۇ؟

— ۋۇي، ساڭا نېمە بولدى؟ — دېدى گۈلزىبا قىزىرىپ، — كۈلگىنىمۇ قويىماتتىڭ؟

— ساراڭلار!... گۈلرۇز ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ چىقىپ، گەپمۇ قىلماي سىرتقا ماڭدى. بۇنى كۆرگەن بۇمەرەمخان خاپا بولغاندەك قىلىپ:

— گۈلرۇز! تاماق پىشۇۋاتسا يەنە نەگە بارىسەن، — دېدى.

— قورسىقىم توق، بىر دوستۇمنىڭكىگە بارىمەن.

— كەچ قالما، — دېدى بۇمەرەمخان گۈلرۇزنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىراپ، — ۋاي خۇدايىم، بۇ بالىنى قانداقمۇ قىلارمەن؟...

— يەنە شۇ مەدەنىيەت يۇرتىدىكى تانسىغا ماڭدى، — دېدى ماھىگۈل ئاچچىقى بىلەن، — نومۇس قىلمايدىغان...

— تانسىغا؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى گۈلزىبا.

تاماق كۆڭۈلسىزلا يېيىلدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. گۈلزىبا، ماھىگۈل بىلەن ئابدۇنەبىنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى كۆرۈپ، ئوقۇش ماتېرىياللىرىنى بىر قۇر تەكشۈرگەندىن كېيىن، بىر ئاز پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى، ئابدۇنەبى ئەسنەپ مۈگدەشكە باشلىغاندىلا، ئۇلار

ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. گۈلزىبا بىلەن ماھىگۈل دەھلىزنىڭ سول تەرىپىدىكى دېرىزىسى ھويلىغا قارىغان كىچىك ئۆيدە يېتىپ قېلىشتى. بۇ ئۆيگە چوڭ كارىۋاتتىن بىرسىلا قويۇلغان بولۇپ، گۈلزىبا ھەر قېتىم كەلگىنىدە، ماھىگۈل بىلەن مۇشۇ ئۆيدە ياتاتتى.

ماھىگۈل كەمسۆز، مۇلايىم قىز ئىدى، ئۇ ھەرگىز گۈلرۇزغا ئوخشىمايتتى. گۈلرۇز ئىچىدە نېمە بارلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان تىلسىملىق غاردەك كۆڭلى قارا، ھەسەتخور، دىمىقتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ماھىگۈل ئادەتتە ئۇنىڭغا گەپ قىلمايتتى، گۈلرۇزنىڭ ھىڭدىن سېسىق تىللاشلىرىنى، زەھەردەك چېقىشىلىشلىرىنى ئۈندىمەي ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. لېكىن ئۇ ئاچىسى گۈلزىبانى كۆردىمۇ، چىرايى نامازشامگۈلىدەك ئېچىلىپ، ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قالاتتى. ھەتتا ئىچىدە: «ئەگەر گۈلزىبا ئاچام بولمىغان بولسا، بۇ ئۆي خۇددى گۆردەك كۆڭۈلسىز بولۇپ كېتەر ئىدى» دەپ پات - پاتلا ئويلاتتى. ئاچىسى بىلەن بىللە بولغان بۇنداق كۆڭۈللۈك تۈنلەردە، بۇ لاي سۇۋاقلىق كىچىككىنە قاراڭغۇ ئۆي ئۇنىڭغا خۇددى ئازادە سارايدەك، تۆت تەرىپىدىن نۇر يېغىپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. مەكتەپتىكى ئىشلاردىن تارتىپ دادىسىنىڭ ئاچ بۆرىدەك ئۆلپەتلىرى، ئانىسىنىڭ دەرد - ھەسرەتلىرىگىچە سۆزلەپ، كۆڭلى - كۆكسىنى بوشىتىۋالاتتى.

— ئاچا، — گۈلزىبانىڭ تولغان بىلەكلىرىنى ئۇشلاپ ياتقان ماھىگۈل ئاستا شىۋىرلىدى، — گىلىمىڭگە ئىچىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟

— ياق، ئانامغا! . . .

— بولدى، كۆڭلۈڭنى چاچما، — ساڭا بىر خۇش خەۋەر بار، — ئەقىللىق قىز ئاچىسىنىڭ كۆڭلىنى ياسىماقچى بولدى، — دادام ۋىلايەتلىك سىفەندىن كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى قولىغا تۇتقۇزۇپ چىقىرىۋەتتى. ئانام خاپا بولۇۋېدى، دادام: «گۈلزىبا ئۆزى رازى بولمىسا، زورلاپ تاڭامدۇق؟» دەپ ئاچچىقلاپ قالدى. قانداق، دادام توغرا قىپتىمۇ؟

— ھە!

— بولتۇرقى ئىش ئېسىڭدىدۇر؟ — ماھىگۇل كۈلدى، — بۇنداق ئىشلاردا دادام ياخشى - ھە؟...

گۈلزىبا كۈلدى، لېكىن ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن نە ئاچچىق، نە تاتلىقنى بىلگىلى بولمايتتى. بولتۇر كۈزدە ماگىزىندا ئىشلەيدىغان ئىمىنجان دېگەن بالىنىڭ ئاتا - ئانىلىرى گۈلزىباغا بىر قانچە قېتىم ئەلچى كىرگۈزدى. نەشە خۇمارىدىن جۇدۇنى ئۆرلەپ تۇرغان قايىت بىر كۈنى بۆرە جۇۋىسىنى تەتۈر كىيىپ ۋارقىراپلا كەتتى:

— سىلەر نېمانداق بىزەڭ خەقلەر؟ قىزىم ئەمدىلا خىزمەتكە چىقتى، ئۇنىڭ جاپاسىنى تارتتىم، ئەمدى ھالاۋىتىنى كۆرىدىغان چېغىمدا، ئۇنى ئېلىپ كەتمەكچىمۇ؟ يوقىلىش!...

گۈلزىبا گەرچە خۇش بولغاندەك قىلسىمۇ، كۆڭلىنىڭ بىر يېرى خىرە ئىدى. ئىمىنجان گۈلزىبانىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى بولۇپ، خېلى تۈزۈك بالا ئىدى، گۈلزىبا ئۇنى ياخشى كۆرمىسىگەن ھالەتتىمۇ، ھۆرمەت قىلاتتى. لېكىن دادىسىنىڭ ئەلچىلەرنى ھاقارەتلەپ، ئىتتى قوغلىغاندەك ھەيدەپ چىقىرىشى گۈلزىبانىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى. بۇ ئىش ئۇنى نومۇس ئوتىدا ئۆرتەپ، دادىسىنىڭ كۆڭلىدىكى ئەگرىلىكنى كۆرگەندەك بولدى.

— گەپ قىلمايسەنغۇ ئاچا؟ — ماھىگۇل ئەسنىدى، — ئۇخلاپ قالدىڭما؟...

— بولدى ئۇخلىغىن، ئەتە مەكتەپكە كېچىكىپ قالىسەن.

ماھىگۇل يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاپ قالدى. گۈلزىبا تۇرۇسقا تىكىلگىنىچە، قەلب ئېكرانىدىن تەسەۋۋۇر سىماسى ئەلەڭلەپ تۇرغان دادىسى ئىنايەت ئەپەندىنى ئەسلىمەكتە ئىدى...

گۈلزىبا تۇغۇلۇپ بىر ياشتىن ئاشقاندا، دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىنايەت ئەپەندىنى «ئۈچ ۋىلايەت ئوغرىلىرىنىڭ تەشۋىقاتچىسى» دېگەن جىنايەت بىلەن تۇتۇپ كېتىشتى... ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندە، ئۇنى قويۇپ بېرىشتى. لېكىن ئۇ تۈرمىدىن چىقىپ ھەپتىمۇ ئۆتمەي، بىر كېچىدە گۈلباغ مەسچىتى يېنىدىكى سېسىق كۆل بويىدا كىملەر تەرىپىدىندۇر پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈلدى...

گۈلزىبا ئىككى ياشتىن ئاشقاندا، ئۆگەي دادىلىق بولۇپ قالدى. بىر

بالا بىلەن تۇل قالغان بۇمەرەمخان يۇرتى چىرىيە ناھىيىسىگە كەتمەكچىمۇ بولدى. لېكىن يۇرتىدىمۇ تارتىشقۇدەك، ھالىڭ نىچۇك دېگۇدەك يە ئاتا - ئانىسى، يە ئۇرۇق - تۇغقىنى يوق ئىدى. بۇ چاغدا، ئاشلىق سېتىنىڭ ئىشچىسى قايىت بۇمەرەمخاننى قايىــــسى رەستە، نەدىكـــى دوقمۇشتا ئۇچراتقان، ئەيتاۋۇر، ئىشىك ئالدىدىن دالجىماس ئىتتەك ئۇنىڭ ئۆيىنى چۆگىلەپ، نېرى كېتەلمەيلا قالغانىدى. ئۇ، ئارقا - ئارقىدىن ئەلچىلەرنى كىرگۈزدى. «قۇرغۇيۇك بولاي، قارچىغاڭ بولاي» دېگەندەك ئەھدى - ۋاپالارنى بىلدۈردى. بىر بالا بىلەن تۇرمۇش غۇربەتچىلىكى تارتىــۋاتقان بۇمەرەمخاننىڭ ھالىنى كۆزى كۆرۈپ تۇرغان قولۇم - قوشنىلارمۇ سالا - سۇلھى قىلدى. خۇددى كۇندۇزى كۆزى كۆرمەيدىغان قارىغۇياپـــلاق بالىلارنىڭ «ئۇر، قوغلا» سىغا قېلىپ، ئالدىغا توغرا كەلگەن بىرەر كامارغا ئۆزىنى ئۇرغاندەك، بۇمەرەمخانمۇ نە نەپرىتى، نە مۇھەببىتى بولمىغان بىر ئەرگە ئۆزىنى بېغىشلىدى . . . پەقەت ئۇنىڭ تويلۇق تەلىپى: «ئىنايەتنىڭ ۋەسىيىتى، ئارزۇ - ئارمىنى بويىچە، قىزىمنى ئاخىرىغىچە ئوقۇتىمەن» دېگەن گەپلا بولدى.

يىللار يىللارنى قوغلىشىپ ئۆتتى . . . يىللارنىڭ يالدامىسى بولۇپ، گۈلرۇز، ماھىگۈل، ئابدۇنەبىلەر دۇنياغا كەلدى. گۈلزىبا، گۈلرۇزلار باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان، ماھىگۈل ئەمدىلا ئۈچ ياشقا قەدەم قويغان ئۈكىسى ئابدۇنەبى بىلەن ئويناپ يۈرگەن بىر يىلى، قايىــت دۆلەت ئاشلىقىنى ئوغرىلاپ سېتىش جىنايىتى بىلەن، ئۈچ يىللىق كېسىلىپ كەتتى. بۇمەرەمخاننىڭ قايىت تۈرمىدە ياتقان شۇ يىللاردىكى چۆچۈرىدەك بالىلىرىنى بېقىش كويىدا كۆرگەن ئازابلىق كەچمىشلىرى، يوقسۇزلۇق، نامراتچىلىق ئىسكەنجىسىدە قىسىلىپ، تۆگىدەك بوزلاپ، يىغلاپ تۈنلەرنى ئۆتكۈزگەنلىكى 11 ياشلىق گۈلزىبانىڭ يۇمران، پاك قەلبىگــە تاش مۆھۈردەك بېسىلىپ كەتكەنىدى. بۇ ئىشلار ھېلىھەم ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى تۈنۈگۈنكىدەكلا ئايان بولۇپ تۇرۇپتۇ. شۇنداق! بۇمەرەمخاننىڭ ساغلام تېنى مويكا زاۋۇتىنىڭ يۇڭ يۇيۇش كۆلچەكلىرىدىكـــى مال سۇيۇقلىرى قاتسىپ ئاققان سۇلىرىدا ئېقىپ كەتتى! . . . گۈلدەك ھۆسنى ئاشخانىلاردىكى كۆل تارتقان كۈلۈكلارغا كۆمۈلۈپ، يۇندا تۆككەن ئەۋرەزلەردە قالدى!

خەيرىيەت، قايىت تۆرمىدىن چىقتى. لېكىن ئۇ، باشقىچىلا بىر قايىت بولۇپ چىقتى. بۇرۇنقى گەپدانلىقى — جىمغۇرلۇقتا، ئىشچانلىقى — ھورۇنلۇقتا، خۇش پېئىللىقى — قوپاللىقتا، ھەتتا چېكىدىغان تاماكىسى — نەشىگە ئۆزگىرىپ، غەلىتە مىجەزلىك بىر ئادەم بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بىرەر يىلغىچە ئىش ئىزدەپ كۆردى. لېكىن بۇ «تۆرمىدە ياتقان» قاشقىلىق بۆرىنى ھېچكىم قوتىنىغا يېقىن يولاتمىدى!

قايىت شۇندىن كېيىن ئاش دېسە چوكىنى تارتىدىغان، ئىش دېسە چىپىقا تارتىدىغان ھورۇن، لايغەزەل، سەپرا مىجەز، تەييارغا ھەييار ئادەم بولۇپ قالدى. ئۇ، قەيەرلەردىدۇر ئىچىپ مەست بولۇپ كەلگەن كۈنلىرى بەزىدە ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۈگۈلىنىۋېلىپ ئولتۇرۇپ، ھۆركىرەپ يىغلايتتى. بەزىدە، بالىلارنى ئۇرۇپ، بۇمەرەمخاننى سۇر - توقاي قىلىپ قوغلاپ، ئاغزىلىرىدىن ئاپپاق ماغزاپ چاچرىتىپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەندىلا، ئوتتۇر كەلگەن يەرگە گۈپپىدە ئۆزىنى تاشلايتتى - دە، خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كېتەتتى.

بۇمەرەمخان بۇ ئىشلارغا ئاخىر كۆندى! كۆنمەيمۇ ئامال يوق ئىدى. لېكىن ئۇنى قاتتىق ئازابلاۋاتقان ئىش قايىتنىڭ قىمارغا بېرىلىپ كېتىشى بولدى. قايىت ئۆيدىكى بار - يوقنىڭ ھەممىسىنى دوغا تىكىپ تۈگەتتى. ھەتتا، بۇمەرەمخان يېرىم ئاي شەكىللىك ئالتۇن زىرىسىنى، تولغىما كۈمۈش بىلەيزۈكلىرىنىمۇ ساقلاپ قالالمىدى. بۇ نەرسىلەر ئىنايەتنىڭ يالدامىلىرى ئىدى.

بۇمەرەمخان قايىتتىن ئاجرىشىپ كېتىشنى ئويلىمىدى ئەمەس. لېكىن ئۇ بالىلىرىغا چىدىمايتتى. تۇل خوتۇن ئوتى ئۆچكەن ئوچاق دەپ كونىلار بىكار ئېيتمىغان. . . ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىككى ئەردىن بولغان بالىلارنى ئەتراپىغا يىغىۋېلىپ مەڭگۈ تۇل ئۆتۈپ كېتىشمۇ خەلقى - ئالەم ئالدىدا سەت ئىدى. شۇڭا، ئۇ بۈگۈن مۇشۇ ئەقىدىسى بويىچە قايىت گۈلزىبانىڭ گىلىمىنى ئېلىپ ماڭغاندىمۇ، قاتتىقراق بىر نېمە دەپ ئېغىز ئاچالمىغانىدى.

تۈن نىسپى بولۇپ قالغانىدى. تىك كۆتۈرۈلگەن ئاي ھويلىنى ئاپپاق يورۇتۇۋەتكەن بولۇپ، ھويلىدىكى سۇسىراپ قۇرۇپ قالاي دېگەن ئۆرۈك كۆچىتى، تونۇر بېشىدىكى تىكلەكلىك كۆسەي، چېچىلىپ ياتقان

ئوتتۇنلارغىچە دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلەردىن كۆزى ياشقا تولغان گۈلزىبا ئىچ كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىدە ياشلىرىنى سۈرتتى، سۈرتكەنسېرى ياشلار ئۈزۈلمەي تۆكۈلۈپ تۇردى.

گۈلزىبانىڭ ئۇقا پېيىدەك ئاپپاق، يۇمىلاق مۈرىلىرى مۇزلىغاندەك بولدى. ئۇ ئەدىيالنى تىترەپ تۇرغان كۆكسى ئۈستىگە ئاستا تارتتى. ئەمما، دەرۋازىنىڭ قاتتىق ئۇرۇلۇشى ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى. دەرۋازىنى بىر كىملەر ئۇرۇپ ھەم تېپىپ ۋارقىرىماقتا ئىدى. بۇ قالايمىقان ئاۋازلاردىن ماھىگۈلمۇ مەڭدەپ تۇرۇپ كەتتى. گۈلزىبا، گۈلرۇزنىڭ «ئېچىڭلار» دېگەن زىل ئاۋازىنى، كىمنىڭدۇر «ھۆ» دەپ قەي قىلغىنىنى ئاڭلىدى.

بۇ ئەسنادا، بۇمەرەمخان ھويلىغا ئالدىراپ چىقتى.

— چىقما ئاچا، — دېدى ماھىگۈل ئورنىدىن تۇرماقچى بولغان گۈلزىبانىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ، — دادام مەست بولۇپ قاپتۇ، ئۆزەڭ بىلىسەن، ھازىر ئۇنىڭ ئاغزى...

دېرىزە پەردە ئارىلىقىدىن ھەممە ئايدىلەڭ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دەرۋازىنىڭ قوش قانىتى ئېچىلىشى بىلەن، دادىسىنى قولتۇقلىۋالغان گۈلرۇز ھويلىغا گۈلدۈر - غالاپ قىلىپلا كىرىپ كەلدى. يەر دەسسەپ تۇرالمايۋاتقان قايىت يۈگۈرۈپ كەلگەن بۇمەزەمخاننى ئىتتىرىۋەتتى...

— يوقال جالاپ ... سەن ... سەن ... ھۆ...— قايىت ئايىغى ئاستىغىلا قۇسۇۋەتتى، ئۇنىڭ ئىشتان پۇچقاقلىرى، گۈلزىبا ئېلىپ بەرگەن ئاياغلىرى ھەر خىل غەلىغەش بىلەن بۇلغاندى...

— مەس بولۇپ ئېرىقتا يېتىپ قاپتىكەن... — دېدى گۈلرۇز زەھىرى بىلەن ۋارقىراپ، — مەڭ بالالىقتا ئېلىپ كەلدىم. قېنى ھېلىقى ئېسىلزادە خېنىملار، چىۋىسىگە قولىنى تىقىپ يېتىشامدا؟...

— بولدى قىل قىزىم، — دېدى بۇمەرەمخان يالۋۇرۇپ، — ئاۋازىڭنى تۆندە ھەممە ئاڭلاپ كېتىدۇ...

— بىلىپ قوي پاسكىنا! — قايىت سەنتۈرۈلۈپ دەرۋازىغا يۆلىنىپ قالدى، — قىزىڭنى مەن ... مەن باقتىم ... مەن ... مەن چوڭ قىلدىم... ئۇ ماتاشنى نېمىشقا ساڭا بېرىدۇ؟...

— جۇسلە، تۆۋەگە كىرەيلى، — دېدى بۇمەرەمخان قايىتنى يۆلەپ، — كەيپ بولۇپ قاپتىلا، ئارام ئالسىلا...

— ماڭە نېرى پاخپاق! — قايىت بۇمەرەمخاننى ئۇرۇش ئۇچۇن قولىنى كۆتۈرۈشكە، ئۇنىڭ قولىنى گۇلرۇز كاپلا قىلىپ تۇتۇۋالدى.

— ھەي، — دېدى گۇلرۇز دادىسىغا مىختەك قادىلىپ، — ئۆيگە كىرىپ ئۇخلىمەن ياكى گەجگەڭدىن ئىتتىرىپ تالاغا چىقىرىۋېتىمەنمۇ؟

قايىت سەنتۈرۈلۈپ، ئىغاڭلاپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. گۇلرۇزمۇ ئابدۇنەبى ياتقان دەھلىزنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆيگە كىرىپ، ئىشىك ئىلغىرىنى سالدى.

گۇلزىبانىڭ كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچتى. . . ئۇ تۇرۇۋسقا قارىغىنىچە، ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن كېلىۋاتقان ۋارقىراپ - جارقىراشلارنى، گۇلدۇر - غالاپ، پاق - پۇق قىلغان ئاۋازلارنى ئاڭلاپ ياتتى. ئانىسىنىڭ قارا تەقدىرىگە، بالىلىرى ئۇچۇن ھەممە نېمىسىنى قۇربان قىلغان بەختسىزلىكىگە، تۇرمۇش ھاۋانچىلىرىدا ئېزىلىپ، تالقاندەك چېچىلىپ بەربات بولغان كۆڭۈل ئارزۇلىرىغا ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ ئاھ ئۇردى. بۇ بىۋاپا دۇنيانىڭ چۇقان - سۈرەنلىك، رەھىمسىز قايناملىرىغا ئانىسىنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى ۋاقىتسىز غازاڭ بولغان دادىسى ئىنايەتنى سېغىنىپ ياش تۆكتى. . . بۇ چاغدا، ئەدىيالغا پۈركىنىۋالغان ماھىگۈلمۇ دادىسى قايىت ئۇچۇن ئۈنسىز ياش تۆكۈۋاتاتتى. . . لېكىن، ئۇنىڭ ياشلىرىغا چەكسىز خىجىللىق، ئاچچىق ئار - نومۇس، پۇشايمان شىرنىلىرى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.

## تۇنجى تونۇشۇش

كۇزلۇك يىغىم - تېرىمگە ياردەم بېرىش ئۇچۇن، يېزا - كەنتلەرگە چۈشكەن ئوقۇتقۇچىلار قايتىپ كېلىشتى. شەنبە بولغاچقا، ئۇلار نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ماڭدى. بەزى ئەر - خوتۇنلار قېيىن ئاتا - قېيىن ئانىلىرىنى يوقلاش ئۇچۇن، ئانچە - مۇنچە سوۋغاتلىرىنى قولتۇقلىۋالغانىدى. ھېكمەت مەكتەپ قورۇسىغا كىرىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى،

بەزىلىرى كۈلۈمسىرىدى، ھېكمەتمۇ لايىقىدا سالام قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.
ئۇ، ئىككى تەرىپى ئۇجمە كۆچەتلىك ئۆزۈن تار يولدىن كېلىۋاتقان، باغدا، سومكا - سىۋەتلەرگە ئۈزۈم، شاپتۇل، ئامۇت قاچىلاۋاتقان بىر نەچچە ئەر - ئايال ئوقۇتقۇچىنى، دەپتىرىگە نىمىلەرنىدۇر پۈتۈۋاتقان پاكار دىخماق باغۋەننى كۆردى. ئۇلارمۇ ھېكمەتنى كۆرۈپ نىمىلەرنىدۇر پىچىرلاشتى.

ھېكمەتنىڭ ياتىقى ئوچۇق ئىدى. ئۇ كىرگەندە، كامىل بولسا كىيەك، كارىۋات ئۈستىدىكى مايكا - كۆڭلەك، لۆڭگىلىرىنى سومكىغا تىقىۋاتاتتى. كامىل ئارقىدىكى شەپىدىن قايرىلىپ قارىدى. ئۇ ئوتتۇرا بوي، ئاق ئۆڭلۈك، توم قارا قاشلىق، پېشانىسى كەڭ، يۇمشاق چاچلىرى ئارقىغا سىيلىق تارالغان، يۇمىلاق يۈزلۈك، 20 ياشلار ئەتراپىدىكى يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ مۇلايىم قارا كۆزلىرى بىلەن كىشىگە ئېغىر نەزەر سېلىشى، خۇددى ئۆزىگە ئەمەس، نەق قەلبىگە تىكىلىۋاتقاندەك سالماقلىق قارىشى، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، ئەخلاق ئەقىدىلىرىگە ساداقەتمەن ئۇستازلارنى ئەسكە سالاتتى.

— سىز كامىل بولىسىزغۇ دەيمەن! — ھېكمەت قولىنى ئۇزاتتى.

— خوش! كامىل راخمان بولىمەن، — دېدى ئۇ جىددىي قىياپەتتە، — ئۆزلىرى ھېكمەت ئېلى، شۇنداقمۇ؟ بايىلا پەرمەنشا مۇدىر ئېيتقانىدى.

ئۇلار بىردەم ھال - ئەھۋال سورىشىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، ھېكمەتنىڭ كارىۋات ئۈستىدىكى سومكىغا كۆزى چۈشتى.

— بىر يەرگە جابدۇنۇۋاتامتىڭىز؟ — مەن سىزنى ھايال قىلىپ قويماي يەنە! — دېدى ھېكمەت ئەدەب بىلەن.

— يوقسۇ، — كامىل ئۈستىدىكى بىر نەرسىنى چىمدىپ ئېلىپ سىرتقا تاشلىدى. — ھەر شەنبە بولسا ئانامنىڭ كۆزى ئىشكتە.

— شەھەردىمۇ؟

— خوش! — كامىل مىيىقىدا كۈلدى، — شەھەردىن بوستانغىچە بولغان يولنى كۆرگەنلا. بىز ھەر شەنبە كۈنى بۇ ئېگىز - پەس توپىلاڭ يوللارنى بېسىپ، شەھەرگە ئىككى سائەتتە كىرىمىز...

— ھەقىقەتەن تەس بوپتۇ. . .

— ئايدا - يىلدا ئېزىپ - تېزىپ سودا سارىيىغا يۈك باسقىلى چىققان بىرەر ماشىنا ياكى خام مال توشۇغان ھارۋىلار توغرا كېلىپ قالسا، تەلىيىمىز ئوڭدىن كەلگەن بولىدۇ.

بۇ چاغدا سىرتتىن: — كامىل بولدۇڭمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىغاچ، ئېگىز بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئات يۈزلۈك، قاڭشارلىق بۇرنى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان بىر يىگىت كىرىپ كەلدى. ئويناق چوڭ كۆزلىرىدىن، تەبەسسۇم جىلۋىلەنگەن چىرايىدىن، يىگىتنىڭ يېنىك تەبىئەتلىك، كۈلكە، چاقچاقتا ھېرىسمەن، خۇش پېئىل مىجەزىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. . . ئۇ كىرىپلا، ھېكمەتكە تىكىلىپ قاراپ قالدى - دە، خىجىل بولغاندەك، — ھارماڭ! — دەپ قويدى. ھېكمەتمۇ ئۈچ كۈن باللار بىلەن قوناق چېپىش جەريانىدا ئۆگىنىۋالغان «ھارماڭ» نىڭ جاۋابى بولغان «ياخشىدى» دېگەن سۆزنى تولدۇرۇپ ئېيتتى.

— مەن سىلەرنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دېدى كامىل ھېكمەتنى كۆرسىتىپ، — بۇ ياق شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن رەسسام ھېكمەت ئېلى بولىدۇ، ئۆزى غۇلجىدىن. ئەمدى بۇ سىركۆل پاچاق بولسا، — دېدى كامىل ئېگىز يىگىتنى كۆرسىتىپ، — مۇرات قۇتلۇق. مەكتىپىمىزدە ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى دەرسىنى بېرىدۇ. يۇرتى قەشقەر. . .

— ھېكمەت ئېلى سىز بولىدىكەنسىزدە؟ — دېدى مۇرات قۇتلۇق قولىنى بېرىپ، — تېخى بايىلا باغدا يەل - يېمىش ئېلىۋاتقانلار سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىشىۋېتىپتىكەن. مۇدىرمۇ: «گارمون چالىدىغان بىر بالا كەلدى. ئەمدى سېنىڭ سەنئەت ئىشلىرىڭغا ھەمقان بولىدىغان بولدى» دېگەنىدى.

— مېنىڭ تونۇشتۇرۇشۇم تېخى تولۇق بولماپتۇ، — دېدى كامىل كۈلۈپ، — مۇرات مەكتەپ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى. ئۇ ئىسكىرىپكا، دۇتار، تەمبۇر، نەي دېگەندەك سازلارنىڭ پىرى. . .

— ئاشۇرۇۋەتتىلە ئەي تەمبۇرچى ئۇستازىم كامىلجان راخمان

ئوغلى، — دېدى مۇرات يۇمۇرلۇق ئاھاڭدا، — ئۆزلىرىنى تاختا بېشىغا ئېلىپ قويسىلا، مەن سىلىنى بىر ئاياق قېتىقىمىسىن دەپ ئىچىۋەتمەي يەنە! . . .

ئۇچىلىسى تەڭلا كۈلۈۋەتتى. كامىل بىلەن مۇرات، ھېكمەتنى شەھەرگە بىللە كىرىشكە تەكلىپ قىلغانىدى، ھېكمەت كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ، تازىلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزرە سورىدى. ئۇلار ئەتە يەكشەنبە پۈتۈن بىر كۈن ئۇنىڭ ئادەمسىز مەكتەپتە زېرىكىپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى زورلىغان بولسىمۇ، ھېكمەت قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتتى. ئامالسىز قالغان كامىل، مۇراتلار ئاخىرى ماقۇل بولۇشتى. چۈنكى ھېكمەت تېخى ئۇچىسىدىكى توپا - چاڭ باسقان كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەنىدى. بۇ ئەسنادا، مۇرات ياتىقىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپ، ھايال ئۆتمەيلا، ئىككى كاكچا نان ئۈستىگە بىر ساپ ئۈزۈمنى قويۇپ، مۇرىسىگە گارمۇن ئاسقان ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇ نان بىلەن ئۈزۈمنى ئۈستەلگە قويغاندىن كېيىن، گارمۇننى ھېكمەتنىڭ كارىۋىتىغا قويدى.

— ئەمىسە، ئۈزۈم بىلەن ناندا قورساقنى گوللاڭ، — دېدى مۇرات ھەزىلكەشلىك بىلەن، — مۇنۇ «قاتلىما» دا، ئىچ پۇشقىنىڭىزنى چىقارغاچ ئولتۇرۇڭ. . .

— سەنمۇ مۇدىردەك گارمۇننى قاتلىما دېگىلى تۇردۇڭغۇ! — دېدى كامىل.

— پاھ، تېخى يېڭىلا دوخراتكا ئىكەنغۇ ① بۇ! — دېدى ھېكمەت گارمۇننىڭ قاپقارا پارقىراق تىللىرىنى سىيلاپ.

— بۇلتۇر مۇدىر سەنئەت ماتېرىياللىرىغا دوكلات ياز دېسە، — دېدى كامىل بېشىنى ئېغىتىپ، — بۇزە، يېزىۋېرىپتۇ. ئاخىرى پۇلنى خەجلەپ بولالماي بۇنىمۇ قوشۇپ ئاپتۇ، چالىدىغان ئادەم يوق، مۇشۇنداق توپا بېسىپ تۇرغان گەپ.

---

① دوخراتكا — گارمۇننىڭ كىچىك بىر تۈرى.

— يائاللا تاپا - تەنەڭ تۈگىمىدى — دە! — دېدى مۇرات ياسىما ئاچچىقلاپ، — چوچقا فېرمىسى، تاڭشىر فېرمىسى، يەل - يېمىش، كۆكتات فېرمىسى، دوغاپچىلىق فېرمىسى، مال بورداش فېرمىلىرىدىن كىرىۋاتقان پۇلنى مۇشۇنداق خەجلىمىسەك، بۇ غېنى[1] مەكتەپ سەمرىپ، تىقىلىپ ئورنىدىن قوپالماس بولۇپ قالار. . .

— بولدى ساڭا گەپ توشاتماق تەس.

— رەھمەت سىلەرگە، كۆپ رەھمەت! — دېدى ھېكمەت خۇشاللىقىدا.

ھېكمەت، كامىل بىلەن مۇراتنى شەھەرگە ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ كۈلۈپ قويدى. ئۇ ئىچىدە: «نېمىدېگەن ياخشى بالىلار. . .» دەپ ئويلىدى. توغرا، ئۇنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ، ئۆزى يېپ - يېنىكلا بولۇپ قالغانىدى.

كۈن مەكتەپنىڭ قاراڭغۇ باغلىرى ئارقىسىغا يوشۇرۇندى. ئۇنىڭ شاخلار - يوپۇرماقلار ئارىلىقلىرىدىن قىلىچتەك كېسىپ ئۆتكەن نۇرلىرى باغ ئىچىنى بەقەسەمدەك يول - يول قىزارتىۋەتكەنىدى.

ھېكمەت ئۇچىسىدىكى كىيىملىرىنى سېلىپ يۇيۇپ يېيىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزىمۇ يۇيۇنۇپ پاكىز كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋالدى. ئاندىن ئۇ نان بىلەن ئۈزۈمدىن ئازراق يەۋالغاندىن كېيىن، كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ گارمۇننى چالدى. ئۇ، بىرەر سائەتتەك ئىچ پۇشقىنى چىقىرىپ يېتىپ قالدى.

ھېكمەت ئەتىسى ئەتىگەن تۇرۇپ، ناشتا قىلغاندىن كېيىن، مەكتەپنىڭ باغلىرىنى، كۆكتاتلىقلىرىنى ئارىلىدى. ئۇ تاختا - تاختا سامساقلىقلار، قىزىلچا ئېتىزلىرى، قوناقلىقلارنى ئايلىنىپ، چوشقا قوتىنىغا پاسىلداش چېگرا تامنى ياقىلاپ ماڭدى. بۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان تامنىڭ ئالدى چاتقالغا ئايلىنىپ كەتكەن جىگدىلىك ئىدى. چاتقال ئاستى قېلىن ئوت بولۇپ، كاۋا پىلەكلىرى يېيىلىپ ياتاتتى، پىلەك

① غېنى — باي.

ئارىلىقلىرىدىن چوخچىيىپ تۇرغان كاۋىلار كۆزگە چېلىقاتتى. جىگدە شاخلىرىدا، ئاجايىپ يوغان بوغما قاپاقلار ساڭگىلىشىپ تۇراتتى. ھېكمەت باشلىرىنى كۆتۈرەلمەي ئېگىشىپ قالغان ئاپتاپپەرەسلىكتىن ئايلىنىپ، ئوغۇللار ياتىقى ئالدىغا چىقتى. ئوغۇللار ياتىقى بىلەن ھېكمەتنىڭ ياتاق بىناسى بىر قاتار بولۇپ، ئۇلارنى پەقەت ئوتتۇرىدىكى بىر تاختا قوناق ئايرىپ تۇراتتى.

ھېكمەت ياتىقىغا قايتىپ كېلىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي بىر ئاز تېڭىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن، چامادانىدىن ئامىنەنىڭ رەسىمىنى ئېلىپ ئۈستەلگە تىكلەپ قويدى. ئۆزى بولسا جەينەكلىرىگە ئېگىكىنى تىرىگىنىچە، ئۇنىڭغا ئۇزۇن قاراپ تۇردى. ئۇ، ئامىنەنىڭ ھەر بىر چاچ تالالىرىغىچە، كۆلۈمسىرىش ئالامەتلىرى، ئەكس ئەتكەن لەۋ سىزىقچىلىرىغىچە، ئىسكىرىپكا پەدىسىنى بېسىۋاتقان نازۇك بارماقلىرىغىچە تويماي قارىدى... قارىغانسېرى سېغىنىش ئوتلىرى ئۇنى ئۆرتەپ، كۆڭلى ئەلەمزادە بولدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا، خەلق باغچىسىنىڭ مەجنۇن تاللار قاپلىغان كۆلىدىكى قولۋاق... گارمۇن چېلىۋاتقان ھېكمەت، پالاق ئۇرۇۋاتقان ئامىنە... يامالىق تېغىدا سېرىق چېچەك تەرگەن ماي ئايلىرى... تارام - تارام ئېقىنلاردا سۇ چېچىشىپ ئوينىغان مۇتەللىپ باي قارا ياغاچلىقى[1] بىر- بىردىن ئايان بولدى... بۇ ئەسلىمىلەر ھېكمەتنىڭ يۈرەك يارىسىنى قوزغاپ، ئامىنەنى تاقەتسىز سېغىندۇردى. ئۇ گارمۇننى قولىغا ئېلىپ، مۇڭ بىلەن ئاستا چېلىشقا باشلىدى.

بۇ ئايرىلىش ناخشىسى ئىدى... ئامىنە بۇ ناخشىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ھېكمەت گارمۇننى قولىغا ئالغان ھامان، ئۇ ئىسكىرىپكىدا تەڭكەش قىلاتتى. ناخشا ئاخىرلاشقاندا، ئۇزۇن جىمىپ كەتكەن ئامىنە قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ھېكمەتكە لاپپىدە قاراپ قوياتتى.

---

[1] مۇتەللىپ باي قاراياغاچلىقى — ھازىرقى ئۈرۈمچى ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ ئورنىنىڭ بۇرۇنقى نامى.

ناخشا ئاۋۋال پەس ئاۋازدا مۇڭلۇق باشلىناتتى. ئۇ، پەيدىنپەي چۇشۇۋاتقان تاغ ئېقىنلىرىدەك بوش كۆچىنىشلەر بىلەن ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، يۈرەك تارىلىرىڭنى چېكىپ، يەنە ئاستا پەسىيەتتى. . .

ۋەتىنىم چەكسىز بېغىم،
ئويىنار قۇياش نۇرلارى.
ئۆركەشلەيدۇ مەرۋايىتتەك —
دېڭىزدىكى سۇلارى. . .

چوڭقۇر ھېسسىياتقا تولغان ناخشىنىڭ مۇڭلۇق ساداسى مەكتەپ بېغىدىكى ئېرىق لېۋىدە ئېگەك تىرەپ ئولتۇرغان بىر قىزنى سېھىرلەندۈرۈپ قويىدى. ئۇ شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇغا تامچىلاۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ناخشا ئاۋازى كېلىۋاتقان تەرەپكە قىزىرىپ كەتكەن چوڭ كۆزلىرىنى تىكتى. ناخشا بارغانسېرى ئەۋجگە كۆتۈرۈلۈپ، قىزنىڭ سۇنۇق كۆڭلىنى بۆلەكچىلا پاراكەندە قىلىۋەتتى. ئۇ بىر دەسسەپ - ئىككى دەسسەپ، ھېكمەتنىڭ ياتىقىنىڭ دېرىزىسى تۈۋىگە كېلىپ توختىدى.

دېڭىز بويى سالقىن شامال،
ئېغاڭلاتتى يەلكەننى.
ئۈزۈن بولدى ئۆز ئامرىقىم،
قوغدىماقتا ۋەتەننى. . .

قىز ئېغىر خۇرسىندى. ئۇ، بۇ مىسكىن ناخشىنى ئاڭلاۋاتقىنىدا، ئاچچىق ھەسرەت ئارىلاش كۆڭۈلگە ئارام بېرىدىغان بىر خىل تۇيغۇ خۇددى غۇر - غۇر سەلكىن شامالدەك يۈرىكىنى كېزىپ ئۆتتى.

بەك سېغىندىم ئامرىقىم،
چىلىڭ ئەمەسمۇ ۋەدىمىز.
كۈرەش قەھرىمانى بولۇڭ،
گۈزەل تۇرمۇش — ئەھدىمىز.

ناخشا جىمىقتى. . . چوڭقۇر تىنىغان ئاۋاز كەلدى. قىزنىڭ ئاستا ئارقىغا يېنىشىغا، ھېكمەت تەرەپبا چىقىپ قالدى. يۈرىكىگە ھەدېگەندە ئىز سېلىپ ئۆتكەن بۇ تونۇش چىرايىنى كۆرگەن ھېكمەت ھەيرانلىقتا ئۆز

كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى.

— سىز؟

سىز؟ . . . — قىز قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى يوشۇرمىدى.

— جۇرۇق، ئۆيگە كىرىڭ! . . .

— رەھمەت، مەن كېتەي، — قىز ئارقىغا داجىدى.

— تارتىنماڭ، مەن مۇشۇ مەكتەپكە يېڭى كەلگەن ئوقۇتقۇچى. قېنى، مەرھەمەت قىلىڭ. . .

يالغۇز زېرىكىپ ئولتۇرغان ھېكمەت قىزنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، ئۇنى ئۆيگە باشلىدى. قىز ئۇيۇلۇپقىنا ئەدەب - ئىكرام بىلەن ماڭدى. مانا بۇ قىز ھۆرمەتلىك كىتابخانغا مەلۇملۇق بولغان گۈلزىبا ئىدى. ئۇ، ئائىلىسىدىكى ۋەيلۇن دوزاختا يۈرىكى پۇچىلىنىپ، بۈگۈن سەھەردىلا مەكتىپىگە قايتىپ كەلگەنىدى.

— ئولتۇرۇڭ، قېنى ئولتۇرۇڭ! — دېدى ھېكمەت كارىۋاتنى ئىشارەت قىلىپ.

— سىز ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئوقۇتقۇچى ھېكمەت ئىكەنسىزدە؟ — دېدى قىز سىپايىلىق بىلەن كاسىلنىڭ كارىۋىتىدا ئولتۇرۇۋېتىپ، — تۈنۈگۈن كەچ، كاسىل، مۇراتلار گۈلباغدا ئۇچرىشىپ ماڭا دېگەنىدى.

— سىز مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ئوخشىمامسىز؟ . . .

گۈلزىبا بېشىنى لىڭشىتتى. ھېكمەت ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىمىدى. قىزلاردىن تەرەببا ئىسمىنى، بولۇپمۇ يېشىنى سوراش ئەپسىز ئىدى. ئۇنىڭسىزمۇ گۈلزىبانى ئۆتكەنكى جامە مىچىتى ئالدىدا ئۇچراتقىنىغا قارىغاندا، كۆڭلى پەرىشان، گۈل بەدىنىنى قانداقتۇر ھەسرەت تورلىرى چىرمىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەمما ھېكمەت ئۇنىڭ ناۋاتتەك سۇزۇك چېھرىنى، تومپىلاقىنا ھالرەڭ كىچىك لەۋلىرىنى، تۇخۇم سىياقىدىكى يۇمران ئېڭەكلىرىنى، چوڭ كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ تۇرغان قايرىلما ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى، قاغا پېيىدەك قارا ئەگمە قاشلىرىنى قول يەتكۈدەك ئارىلىقتىن كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارى مىسلى بىر جەننەت بولسا، ئۇنىڭ لېۋى ئۈستىدىكى نېپىز قىزىل خال شۇ

جەننەتتە ئېچىلغان بىر تال گۈل ئىدى.

— كەچۈرۈڭ! — گۈلزىبانىڭ يەرگە قادالغان كىرپىك نەيزىلىرى لەپپىدە كۆتۈرۈلدى، — ناخشىدىن ئىلھاملانغان پەيزىڭىزنى قاچۇرۇۋەتتىمغۇ دەيمەن؟...

— ياق... ياق... ئۇندلق ئەمەس، — دېدى ھېكمەت قىزىرىپ، — يالغۇزچىلىقتا زېرىكىپ...

— ئاجايىپ مۇڭلۇق ناخشىكەن... مەن بۇرۇن بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن.

— بۇ ئەسلىدە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، — دېدى ھېكمەت گۈلزىبانىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، — بىر قىزنىڭ فرونتتىكى يىگىتىنى سېغىنىپ ئېيتقان ناخشىسى...

— ناخشىنىڭ مۇڭلىرىدىنمۇ ھىجران ئازابى، سېغىنىش پىراقلىرى، زارىقىش تۇيغۇلىرى چىقىپ تۇرىدۇ...

قانداقتۇر خىياللار ئىلكىدە، ئۆزىنىڭ نەدە ئولتۇرغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان گۈلزىبا ئارتۇقچە گەپلەرنى قىلىۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكىنىدە، ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى. نومۇس ۋە پەزىلەت زەرلىرى ئۇنىڭ چېھرىگە يېيىلىپ، ئۇ تېخىمۇ نازاكەتلىك، لاتاپەتلىك نۇرلار بىلەن بېزەلدى...

— كەچۈرۈڭ! مەن... مەن... نېمىلەرنى دەپ كەتتىم؟...

— ياق، بەرگەن باھايىڭىز توغرا بولدى.

— تېخى... سىز مېنىڭ ئىسمىمنى سورىمىدىڭىزغۇ؟ — غۇنچىدەك لەۋلەر ئېچىلىپ ئۇنچىدەك ئەم چىشلار كۆرۈندى، — مېنىڭ ئىسمىم گۈلزىبا... مۇنداقچە ئېيتقاندا غەلىتىلا...

— گۈلزىبا! — ھېكمەت تېڭىرقاپ قالدى، — ھەقىقەتەن گۈل نوتىسىدەك گۈلزىبا ئىكەنسىز!...

گۈلزىبا قىزاردى... ھېكمەت يەرگە قارىدى، چۈنكى، ھېكمەتنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا بىراۋلار تىكىلىپ تۇراتتى... «ھېكمەت ئۆزەڭنى تۇتۇۋال!»...

— بۇ يەردە زېرىكمەي ئولتۇرامسىز؟ — دېدى گۈلزىبا ئورنىدىن تۇرۇپ، — جۇرۇڭ، مەكتەپ باغلىرىنى كۆرسىتىپ كېلەي. . .

ئۇلار ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا، گۈلزىبا تۆيدۈرماي ئۈستەل ئۈستىدە تىكلەكلىك تۇرغان ئانىسنەنىڭ سۈرىتىگە كۆز تاشلىدى. . .

ئوقۇتقۇش بىناسىغا ئېلىپ بارىدىغان تار ئۇزۇن يول باغنى ئىككىگە بۆلۈپ تۇراتتى. ھەر ئىككىلا باغدىكى شاپتۇل، ئالاراھەت، سۈت ئالما، قوتۇر ئامۇتلار مېۋىلىرىنى كۆتۈرەلمەي، باغنى ئىللىق ھىدقا تولدۇرغانىدى. لېكىن مېۋىلىرى ئاياغلىشىپ قالغان ئۆرۈك، ئۈجمە كۆچەتلىرىلا كۆكىرىپ، غادىيىپ تۇرۇشاتتى. گۈلزىبا بىلەن ھېكمەت بىر تەرىپى كۆكتاتلىققا ئۆتىشىدىغان كىچىك باغنى ئارىلاپ، شېخىدىن ئۈزۈپ شاپتۇل، قوتۇر ئامۇتلارغا ئېغىز تەگكەندىن كېيىن، چوڭ باغقا كىردى.

باغنىڭ ئوت باسقان چۆنەكلىرىدە، پاكار بىر ئادەم تۈۋگە چۈشكەن يەل - يېمىشلەرنى سېۋەتلەرگە تېرىۋاتاتتى. ئۇ خۇددى بوي تارتمىنى ئېغىر كۆرگەندەك، توغرىسىغا يوغىناپ كەتكەنىدى. . . مەكتەپتىكىلەر ئۇنى نېمە ئۈچۈندۇر ئەمەت شولاق دېيىشىدىكەن، ئەمەت شولاق ئەسلىدە مەكتەپنىڭ ماشىنىچىسى ئىكەن. ئۇ پەقەت كەمبەغەل ۋە بەشتە كېيىللىك ئوقۇغۇچىلارغا قىشلىق ھەم يازلىق كىيىم تارقاتقاندىلا، ھۇنەر قىلىدىكەن.

ئەمەتكا، يارما شاپتۇل بولسا تارتىپ بەرسىلىچۇ، — دېدى گۈلزىبا ھېكمەتنى ئىشارەت قىلىپ، — بۇ ياق يېڭىدىن كەلگەن ئوقۇتقۇچى.

— ھارمىغايلا! — دېدى ئەمەت شەلاق قولىغا ئۇزۇن خادىنى ئېلىپ، — ھازىر يارما شاپتۇللار تۈگەپ قالدى، ئەششاپتۇل بار. توختىسىلا خانىم، ئەشەدە بىر تۈپ يارما شاپتۇلدا ئانچە - مۇنچە تۇرغاندەك قىلاتتى. . .

ئۇلار قول ياغلىقلىرىغا يىغقان شاپتۇل، ئالا راھەتلەرنى ئېلىپ، ئېرىق بويىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. گۈلزىبا پاكىز يۇيۇلغان شاپتۇللارنى سويۇپ ھېكمەتكە سۇندى. ئۇرۇقى قىپقىزىل يارما شاپتۇلنىڭ مۇلدۇرلەپ تۇرغان ئېتلىرىدىن شەربەتلەر تامچىلىدى. ھېكمەتنىڭ بىر دانە ئالاراھەتنى

چىشلەپلا، چىرايى تۇرۇلۇپ كەتتى، بۇنى كۆرگەن گۈلزىبا ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى.

— بۇنىڭ قاپقارا يۇمشاپ پىشقىنى تاتلىق بولىدۇ، — دېدى گۈلزىبا، — قىزىلى چۈچۈمەل بولىدۇ.

تاشلىۋېتىشكە كۆزى قىيمىغان ھېكمەت ئالاراھەتنى چايناپ - چايناپ يۇتىۋەتتى، لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. گۈلزىبا ئۇنىڭغا قىيا باقىنىچە، سۇزۇك، ئاق بارماقلىرىدا ئاغزىنى تۇتۇپ پىخىلداپ كۈلدى. ئۇ، ھازىر ھەممىنى ئۇنۇتقانىدى. تېخى بىر سائەت ئىلگىرىلا، نەق مۇشۇ يەردە ئۇنىڭ ياش تۆكۈپ ئولتۇرغانلىقىغا مۇشۇ ئېرىق گۇۋاھ! بەلكىم شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇمۇ گۈلزىبانىڭ تاتلىق كۈلكىسىنى كۆرۈپ، «قىز بالىنىڭ يېشى باھاردىكى ئۆتكۈنچى بۇلۇتنىڭ يامغۇرىدەك كېلىپ - كېتەر بىر نەرسىكەن» دەپ ھەيران بولۇۋاتقاندۇر! گۈلزىبا بۇ چاغقىچە بۇنداق چىن دىلىدىن سۆيۈنۈپ كۈلۈپ باققان ئەمەس! كۆز ياشلىرىمۇ ئۆتكۈنچى بۇلۇتنىڭ كېلىپ - كېتەر يامغۇرى ئەمەسلىكى راست! ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىغا ھەسرەت، نادامەت قەترىلىرى سىڭىپ كەتكەن! . . . ھۆسنى كامالىغا يەتكەن، ئېپپەت - نومۇسلۇق، شەرم - ھايالىق بۇ 18 ياشلىق بەرنا قىز، كېسەلچان ئانىسىنىڭ قارا قىسمەتلىرىنى، قىمارۋاز، نەشە خۇمارى گۇچۇن ئۆز ئايالىنىمۇ سېتىۋېتىشكە تەييار تۇرغان غورۇرسىز، بەدنىيانەت ئۆگەي دادىسىنى، ئۆزىنىڭ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان رەھىمسىز تەقدىرىنى ئويلىغىنىدا، ياش تۆكمەي تۇرالامدۇ؟ توغرا، ھېكمەتنىڭ چالغان مۇڭلۇق كۈيلىرى شىپالىق يامغۇر بولۇپ، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى يۇيدى! دەرد - ھەسرەتلىرىنى ئاشۇ ئېرىق سۈيىدە ئېقىتىپ كەتكەندەك بولدى! . . . ئۇ بىردەملىك بولسىمۇ، بۇ ئاچكۆزلۈككە تولغان رەزىل دۇنيانى ئارقىدا قالدۇرۇپ، چەكسىز دالىلاردا ئۆزىنى يامغۇرغا تۇتۇپ كېتىۋاتقاندەك، كۆپكۆك دېڭىز بويلىرىدا شامالغا قارشى مېڭىۋاتقاندەك يېنىكلەپ قالدى! يىگىتنىڭ مۇھەببەت توغرىلىق ئېيتقان بىر كەلىمە سۆزى، «گۈل نوتىسىدەك گۈلزىبا ئىكەنسىز. . .» دېگەن چىن مەدھىيىسى گويا بىر

چېقىن بولۇپ، گۈلزىبانىڭ كۆڭۈل شىشىسىگە ئۇرۇلدى!...
كونىلارنىڭ كۆڭۈل شىشىسىدەك نازۇك نەرسە يوق دېگىنى راست ئوخشايدۇ. بۇ نازۇك شىشە جىرىڭلىدى ۋە ئارقا - ئارقىدىن ئەكس سادا قايتۇرۇپ يەنە جىرىڭلىدى!...

— گۈلزىبا، — دېدى ھېكمەت تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، — كەچۈرۈڭ، سىز بۇ مەكتەپتە ئىشلەۋاتقىلى نەچچە يىل بولدى؟

— ئىككى يىل، — دېدى بىردىنلا غەمكىنلەشكەن گۈلزىبا، 7 - سىنىپنى پۈتتۈرۈپ، ۋىلايەتتە ئىككى يىل ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇدۇم. ئاندىن مېنى مۇشۇ يەرگە تەقسىم قىلىشتى.

— نېمە دەرس بېرىسىز؟

— 1 - يىللىقلارنىڭ ئۇيغۇر تىلى گىراممانكىسى، — گۈلزىبانىڭ ئاۋازى بەك يېقىملىق ئىدى، — مۇرات 2 - ، 3 - يىللىقلارنىڭ گىراممانكىسىنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى تاياقتەك تۈز، لېكىن ئاغزى، كەچۈرۈڭ، سىزدىن بىر نەرسىنى سورىماقچىدىم...

— قېنى سوراڭ...

— سىزنى ھېكمەت دېسەم خاپا بولمايدىغانسىز؟ — دېدى گۈلزىبا ئېھتىيات بىلەن، — چۈنكى مەن...

گۈلزىبا ئىككى يىل ئىلگىرىكى بىر ئىشنى خىجىللىق ئىلكىدە سۆزلەپ بەردى.

تۇنجى دەرسكە كىرىدىغان كۈنىنىڭ ھارپا كەچلىكى، كامىل، مۇرات، گۈلزىبا ئۈچى ئىشخانىدا دەرس تەييارلىقى قىلدى. ئۇلار ئەمدىلا تونۇشقان بولغاچقا، گۈلزىبا كامىل بىلەن مۇراتتىن، مەن سىلەرنى كامىلكا، مۇراتكا دەپ چاقىرسام بولارمۇ؟ دەپ سورىغانىدى. مۇرات ئىنچىكە قاشلىرىنى لىككىدە ئېتىپ، بىر كۆزىنى قىسقان ھالدا: «مېنى قەدىرلىكىم، ئېزىزىم دەپ چاقىرىڭ، بولمىسا، ئەڭ ياخشىسى سۆيۈملۈكۈملا دەڭ!» دېگەندە، گۈلزىبا نومۇستىن يېرىلغۇدەك بولۇپ: «ساراڭ، قىپقىزىل ساراڭ!» دېگەنىدى. لېكىن كامىل ئېغىر -

بېسقلىق بىلەن: «ياشلىرىمىز ئانچە پەرقلەنمىگەنىكەن، ئۆز ئىسىملىرىمىزنى چاقىرغىنىڭىز تۈزۈك. چۈنكى بىز پەننىي دەرس ئۆتكۈچىلەر. . . پەندە ھەر خىل مۇنازىرىلەر، تالاش - تارتىشلار، پىكىر ئىختىلاپلىرى بولىدۇ. بۇنىڭدا ھەممىگە باراۋەرلىك ئاساسىدا، يۈز خاتىرە قىلماي، ئۆز كۆز قاراشلىرىنى، چۈشەنچىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر، ‹ئاكا› دېيىلگەنىكەن، ئوتتۇرىدا ئاز بولسىمۇ قىرىنداشلىقتا مۇناسىپ پەردە - شەپ بولۇشقا تېگىشلىك. . . بۇ بەزى ھاللاردا ئۇچراپ تۇرىدىغان مۇنازىرىلەر ئۈچۈن توسۇق بولۇپ قالىدۇ. . .» دېگەنىدى.

— توغرا، — دېدى ھېكمەت باش لىڭشىتىپ، — مەن كامىلنىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلىمەن. . .

— گەپ بىلەن بولۇپ سائەت ئىككىدىن ئېشىپ قاپتۇ، — دېدى گۈلزىبا سائەتكە قاراپ، — جۈرۈڭ، بىزنىڭ ياتاققا كىرىپ ئازراق بىر نېمە قىلىپ يەيلى.

— رەھمەت! مەن. . . — ھېكمەت قىزاردى، — بازارغا بېرىپ. . .

— نېمە دېگىنىڭىز ئۇ؟ بازارغا بېرىپ يۈرەمسىز؟ — دېدى گۈلزىبا ھېكمەتنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ، — مەن بايىلا مەشكە ئوتۇن سېلىپ تەييار قىلىپ قويغان. . .

گۈلزىبا بىلەن ھېكمەت يەل - يېمىشلەر ئارىسىدىن ئېگىشىپ مېڭىپ يولغا چىقتى. گۈلزىبانىڭ ياتىقى ھېكمەت ياتقان ياتاقنىڭ قاتارىدا بولۇپ، بىنانىڭ ئۇ تەرىپىدىن سانىغاندا ئۈچىنچى ئۆي ئىدى. ئۆي ئالدىدا پوم تىزىلغان مەش تۇراتتى، مەشنىڭ ئۈزۈن كانىيى ئۆگزىدىن ئاشۇرۇپ قويۇلغانىدى.

ياتاقتا ئىككى كارىۋات، بىر ئۈستەل بارئىدى. ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىمۇ ھېكمەتنىڭ ياتىقىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. پەقەت ئىشىكنىڭ ئوڭدۇلىدىكى بۇلۇڭغا كىچىككىنە رو قازان، چاققانغىنا تاختۇش، چېلەك دېگەندەك نەرسىلەر رەتلىك تىزىپ قويۇلغانىدى. قىسقىسى، ياتاقتىن چېچەن ئايالنىڭ پاكىزلىقى چىقىپ تۇراتتى. گۈلزىبا پىيالىگە بىر چىمدىم

دورا چاي سالغاندىن كېيىن، چايدانىدن قايناقسۇ قۇيۇپ، تەخسىدە يېپىپ، ئۇنى ئۈستەلگە قويدى.

— چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇڭ! مەشكە ئوت يېقىۋەتتىم، هازىرلا تۇتىشىدۇ، — دېدى گۇلزىبا قارا ئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ يەڭلىرىنى تۈرۈپ، — مەن كۆكتاتلارنى ئادالىغاچ تۇراي.

— ياردەملىشەيمۇ؟

— ياق، ياق، ئۆزۈم قىلىمەن.

گۇلزىبانىڭ ھەرىكىتى چاققانىدى. ئۇ كۆكتاتلارنى ئۇچۇرلىتىپ يۇياتتى، تاختىۋش ئۈستىدە پىچىقى ناھايىتى تېز ھەرىكەتلىنەتتى، يەرگە تېگىپ قالمىسۇن ئۈچۈن ئالدىغا ئېلىۋالغان تۇمارلىق سۇمبۇل چېچى ئالمىدەك كۆكسى ئۈستىدە ئويناپتتى. گۇلزىبا بىردەمدىلا بىر تەخسە قورۇلمىنى تەييار قىلىپ، ئۈستەلگە نان ئالدى، ئاچچىق چاي دەملىدى، ئۇ ئۆزرە سوراپ:

— قېنى ئېلىڭ! قورسىقىڭىزنى ئاچۇرۇۋەتتىم، بۇ يەرلەردە گۆش تاپماق تەس، شۇڭا، تۇخۇم بىلەن قورىدىم، — دېدى.

گۇلزىبا تاماق يەۋېتىپ، ئۆزىنىڭ زوئولوگىيە دەرسى بېرىدىغان ھەبىبە خانىم دېگەن بىر ئوقۇتقۇچى بىلەن بىللە ياتىدىغانلىقى، ئۇنىڭ يولدىشىنىڭ ئاقتاش سودا سارىيىدا ئىشلەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئارقىدىن ئۇ، كامىل، مۇراتلارنىڭ يېقىن دوستلاردىن ئىكەنلىكى، لېكىن، ئۇلارنىڭ مىجەزلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقى، كامىلنىڭ مەكتەپ بويىچە ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئېغىر- بېسىق، سالماق، باش كۆتۈرمەي كىتاب كۆرىدىغان بالا ئىكەنلىكى، ھەتتا مۇدىرنىڭمۇ ئۇنىڭدىن تەپ تارتىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— مۇراتچۇ؟

— ئۇ. . . ئۇنىڭ ئاغزى ئەسكى. . .

— كۆڭلى ياخشى ئادەمنىڭ گېپى تۈز بولىدۇ. . .

گۇلزىبا تۇيۇقسىزلا كۈلۈۋەتتى. ئۇ قولىدىكى چىنىسىنى ئۈستەلگە قويۇپ، قىزىرىپ كەتتى.

— نېمە، گېپىم قاملاشمىدىمۇ؟

— ياق، سىزنىڭ كۆپىڭىزدىن بىر ئىش ئېسىمدىن كەچتى، — دېدى گۈلزىبا ھېكمەتنىڭ پىيالىسىگە چاي قۇيۇۋېتىپ، — مۇرات ھەقىقەتەن بىر ساراڭ...

... يىللىق ئىمتىھان باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتىگەنلىك، كەچلىك مۇزاكىرىسىگە بىللە قاتنىشىپ، دەرسلەرنى تەكرار قىلىپ بېرىۋاتقان تازا جىددىي پەيت ئىدى. گۈلزىبا قوشما سۆزلەرگە بىر نەچچىدىن جۈملە تۈزۈپ، بالىلارغا مىسال كۆرسىتىپ بەرمەكچى بولدى. ئۇ، «غاچ - غۇچ، گاچ - گۇچ» دېگەن سۆزلەرگە تۈزگەن مىساللىرىغا قانائەت قىلماي، مۇراتقا: «سىزمۇ بىرەر جۈملە تۈزۈپ بېقىڭا!» دېدى. مۇرات كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن: «قېيىن ئاتامنى كۆرگەندە، كەتمەن چاپىمەن غاچ - غۇچ، قېيىن ئانام ساراڭ خوتۇن، ئۇرغۇم كېلىدۇ گاچ - گۇچ ... قانداق بولامدىكەن؟» دېدى. گۈلزىبا يا ئاچچىقلىنىشنى، يا كۈلۈشنى بىلەلمەي قالدى.

ھېكمەت كۈلۈۋەتتى. ئارقىدىن گۈلزىبامۇ كۈلدى. كېيىن ئىككىسى بىر - بىرىگە قاراپ قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى، ئۇلار كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكىچە كۈلۈشتى، ئەمما بۇ كۈلكىگە ئۇلگۇرۇپلا، ياتاقتا كامىل بىلەن مۇرات كىرىپ كەلدى. ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ كۈلكىسىگە ھەيران بولغان مۇراتنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— بەللى گۈلزىبا خانىم مۇبارەك بولسۇن، — دېدى مۇرات چاقچاق قىلىپ، — ئەسلىدە بىز ھېكمەت ئېلىنى يالغۇز قالدى دەپ بالدۇرلا قايتقاندۇق، لېكىن سىز ئۇنىڭ بىلەن غاچ - غۇچلا نونۇشۇۋاپسىز، مانا ئەمدى گاچ - گۇچلا...

ھېكمەت، كامىل، مۇراتلار كۈلۈشتى. ئەمما گۈلزىبا ئاناردەك قىزىرىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى... ھېكمەت مۇراتنىڭ تۈزلىكىگە، ئوچۇق كۆڭۈللۈكىگە، ھازىر جاۋابلىقىغا سۆيۈنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى سۆزىنىڭ سەل تاپتىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ھەتتا، كامىلنىڭ مۇراتنى ئەيىبلىگەندەك قىلىپ قارىغان چىرايىنى كۆردى.

— ھېكمەت ئېلى، مۇراتنىڭ چاقچىقىنى باشقىچە چۈشىنىپ قالمىسىلا، — دېدى كامىل خىجىللىق بىلەن، — گۈلزىبا خانىم باشقىلار بىلەن ئوپئوچۇق توپۇلۇشۇپ ئويلايدىغان ئۇنداق يېنىك تەبىئەتلىك خانىم ئەمەس! ئۇ پەزىلەتلىك، ھايالىق قىز. ھازىرقى خۇشال ھالىتىنى كۆرۈپ، مەنمۇ ئۇچۇق ھاۋادا چاقماق چاقىغاندەك، كۈندۈزدە يۇلتۇز كۆرگەندەك بولدۇم. . .

— شۇنداقمۇ؟ . . .

— ئۇنىڭ كۆڭلى سۇنۇق، — مۇرات بېشىنى ئېغىتىپ دېدى، — ئائىلىسىدىن خاتىرجەم ئەمەس.

— مۇدىرنىڭ ئېيتىشىچە، ئانىسى كېسەللىمىشقۇ؟

— ئۇ تەرىپىمۇ بار، لېكىن ئۆگەي دادىسى بولمىغۇر ئادەم، — دېدى كامىل خۇرسىنىپ، — بولدى، يوق ئىشلارنى تەگەپ كۆڭۈللەرنى خىرە قىلمايلى. بىزنىڭ ياتاققا كىرىپ، بىردەم ساز چېلىشىپ ئولتۇرساق قانداق؟

— بولىدۇ، مەن سەنئەت ئۆيىدىن تەمبۇر بىلەن دۇتارنى ئېلىپ كېلەي، — دېدى مۇرات ھېكمەتكە قايرىلىپ، — سىز گارمۇندا تەڭكەش قىلىڭ. بىر پەيزى قىلايلى.

ئۇلار ئۆيدىن چىققاندا، گۈلزىبا ياتاق ئالدىدىكى ئېرىق بويىدا باغقا قاراپ ئولتۇراتتى. كامىل ئۇنى ساز ئاڭلاشقا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزرە سوراپ ئۇنىمىدى. لېكىن ھېكمەت گۈلزىبانىڭ نەم كىرپىكلىرىنى كۆرۈپ قالدى.

## «مىڭ جىڭ» چىلار

چوڭ ئىشخانا ئەر - ئايال ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن تولغانىدى. 36 نەپەر ئوقۇتقۇچى قاتار قويۇلغان خىزمەت ئۈستەللىرىدە ئولتۇرۇشقان بولۇپ، ئاشپەز، ناۋاي، مالچىلار يەردىن ئورۇن

ئالغانىدى. ئىشىك ئۇدۇلىغا قويۇلغان ئۈستەلدە، ئىلمىي مۇدىر زىكرۇللا غوجى، ئوتتۇرىدا پەرمانشا مۇدىر، چەتتە مالىيە بۆلۈم باشلىقى ئەخمەت ھوشۇرلار كۆپچىلىككە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن كۆز بېقىشىۋالغاندىن كېيىن، پەرمانشا مۇدىر گېلىنى قىرىپ قويدى. ئۇ ئاۋۋال سىنىپ مۇدىرلىرىدىن يىغىلغان ئوقۇغۇچىلارنى تازىلىققا ئويۇشتۇرغان - ئويۇشتۇرمىغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلىپ بولۇپ، ئاندىن يېڭى كەلگەن ئوقۇتقۇچى ھېكمەت ئېلىنى تونۇشتۇردى. كۆپچىلىك بىردەم ئۇنىڭغا قاراشتى. گۈلزىبا، ياتاقدىشى ھە، بە خانىم بىلەن بىر ئۈستەلدە ئولتۇرغان ھېكمەتكە قايرىلىپ قارىدى.

پەرمانشا مۇدىر دەسلەپتە ئاستا، بارا - بارا گويا بىر كىم بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغاندەك، ۋارقىراپ سۆزلىمەكتە ئىدى. ئۇ پىيازنىڭ قېزىلىپ ئۆگزىگە يېيىلىدىغان ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكى، قوناقنىڭ ئاخىرقى سۈيى بېرىلمىسە، پىشماي چالا پوكان بولۇپ قالغان باشلارنىڭ سۈتى قاتمايدىغانلىقى، كاپۇستىنى كىرگۈزۈش ئۈچۈن، كۆكتات ئامبىرىنى قايتا رېمونت قىلمىسا بولمايدىغانلىقى، تاڭشىر قايىنتىشنى كەينىگە سۈرۈشكە بولمايدىغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنى يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە سۆزلىدى. ھەتتا ئۇ ھەر بىر سىنىپ مۇدىرلىرىغا تەقسىم قىلىنغان ھاجەتخانىلارنىڭ ئوغۇتىدىن خەۋەر ئېلىشنىڭ تاشلىنىپ قالغانلىقى، ئەگەر ئەتىيازلىققا يېرىگە ئوغۇت كەملەپ قالسا، مال ۋە چوشقا ئېغىللىرىدىن بەلگىلىمىدىن سىرت ئوغۇت بېرىلمەيدىغانلىقىنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتتى. ئاخىرىدا، ئۇ ئالدىرىماي تاماكا ئوراپ، چاقمىقىنى قارس قىلىپ تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن، خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

— بۇنىڭ ئۈچۈن ئاغىنىلەر، — دېدى مۇدىر تاماكىسىنى بىر شوراۋېتىپ، — ئوقۇغۇچى تولۇق بولمىسا بولمايدۇ. شۇڭا، يىغىندىن چىققاندىن كېيىن، كەلگەن بالىلارنى دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، سىنىپ مۇدىرلىرى، قوشۇمچە سىنىپ مۇدىرلىرى بۆلۈنۈپ بالا يىغىشقا ئاتلىنايلى. گۈلزىبا خانىمنىڭ سىنىپى بۇ يىل 2 يىللىققا كۆچتى. لېكىن قوشۇمچە سىنىپ مۇدىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھازىرچە يېڭى

كەلگەن ئوقۇتقۇچى ھېكمەت ئېلى ئۇنىڭغا ياردەملەشكەچ تۇرسۇن!

پەرمانشا ئىككى يېنىدا ئولتۇرغان ئىلمىي مۇدىر زىكرۇللا غوجى بىلەن مالىيە بۆلۈم باشلىقى ئەخمەت ھوشۇرغا قاراپ قويدى.

— مەن جەدۋەلنى تۈزۈپ چاپلاپ قويدۇم، — دېدى ئەخمەت ھوشۇر تامنى ئىما قىلىپ، — قىزىلچىنى يۇيۇپ، قەلەمچە قىلىپ، تاڭشىرغا تەييار قىلىش ئۈچۈن، بىر سىنىپتىن بەش ئوقۇغۇچى، ئاشخانا، ناۋايخانىغا ياردەملىشىش شۇنداقلا مالغا ئوت ئېلىش ئۈچۈن، بىردىن ئوقۇغۇچىنى ھەر كۈنى سىنىپ مۇدىرلىرى چىقىرىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ قالىمساق...

ئاشخانا ئىچى بىردىنلا پىچىرلاشلار، غۇدۇراشلار بىلەن تولۇپ، كەيپىيات بۇزۇلدى. لېكىن كۆپچىلىك ئىچىدىن بىرەرسى دادىل ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى. ھەممىسىلا مۇدىرنىڭ ئالايغان كۆزلىرىگە قاراپ جىمىپ قېلىشتى. ئەمما ئۇلار كېلىشىۋالغاندەك كامىلغا قاراشتى، كامىلمۇ ھېچ ھېيىقمايلا ئورنىدىن تۇردى.

— مەن بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشقا قوشۇلالمايمەن، — دېدى كامىل كەسكىن قىلىپ، — ھەر كۈنى بىر سىنىپتىن ئالتىدىن بالا دەرسكە قاتناشمىسا، 12 سىنىپ بويىچە 70 تىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىككى سىنىپ بالا بىر كۈن دەرس قالدۇرغان بولىدۇ. بۇنىڭدا قانداقمۇ ئوقۇتۇش سۈپىتى، سىنىپ كۆچۈش نىسبىتىگە كاپالەتلىك قىلالايمىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىنىپلار ھەپتىدە بىر كۈن ئەمگەك قىلغاچقا، 5 كۈن دەرس ئۆتۈلىدۇ... ھەر يىلى يازلىق تەتىلدىكى ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى، چايخانا مەكتەپنىڭ ئۆرۈكلۈك بېغى... ئۇ يەردىكى يۇقىرىنىڭ ئىزا ـ ئاھانەتلىرى، تەنبىھلىرىنى ساۋاق قىلماي، يەنە ئىزىمىزدا مېڭىۋەرسەك، ئوقۇغۇچىلارغا قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمىز؟ بىر نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى قانداقمۇ ساقلاپ قالالايمىز؟...

ئاشخانا ئىچىنى شۇنداق جىمجىتلىق باستىكى، ئولتۇرغانلارنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن ئېلىشىۋاتقان نەپەسلىرى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

كامىلنىڭ تارازا باسقۇدەك ۋەزىنلىك سۆزلىرىدىن خۇشال بولغان ھېكمەت ئۇنىڭغا ئاستا باش لىڭشىتتى. باشقىلارمۇ جان كىرگەندەك ئەركىن تىنىشتى، مۇدىرنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، ئەگەر بۇ پىكىر باشقىلارنىڭ ئېغىزىدىن چىققان بولسا، ئۇنى مۇدىر بىر ئېغىز سېسىق گەپ بىلەنلا تونجۇقتۇرۇۋەتكەن بولار ئىدى. لېكىن ئۇ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئىناۋىتى بار، ھەممە ھۆرمەتلەيدىغان كامىلغا قاتتىق - يىرىك گەپ قىلالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كامىلنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاساسى بار ئىدى. ھەر يىلى يازلىق، قىشلىق تەتىللەردىكى ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىدا، تۆت ئوتتۇرا مەكتەپ بويىچە بوستان ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى تۆۋەن چىقاتتى. رەھبەرلىك تەرىپىدىن ساقىلى قىرىلىپ، تەنبىھ يېگەن زىكرۇللا غوجى بېشىنى كۆتۈرەلمەيلا قالاتتى. لېكىن، پەرمانشا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ: «بۇ يىل كۈزلۈك كۆكتات، يەل - يېمىش، تاڭشىرلاردىن كۆپرەك كىرگۈزۈپ بەرسەك، مائارىپ ئىدارىسىدىكىلەر بۇ ئىشنى بولدى قىلىدۇ، كۆڭلۈڭلارنى چاچماڭلار!» دەيتتى. لېكىن، شۇ تۇرقىدا كامىلنىڭ ئۆرۈكلۈك باغنى ئەسكە سېلىشى ئۇنىڭ كونا يارىسىغا تۇز سەپكەندەك بولدى.

— مەنمۇ كامىلنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن، — دېدى مۇرات ئاچچىق بىلەن، — ئەسلىدە دۆلەت باشقۇرغان ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇش ئاساس، ئەمگەك قوشۇمچە بولۇشى كېرەك ئىدى، ھازىر بىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپىدىن ھېچ پەرقىمىز قالمىدى.

— ھىم . . . — دېدى مۇدىر ئەخمەت ھوشۇرغا قاراپ، ئۇنىڭ مۇراتقا ئاچچىقى كەلگەنلىكى چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى، — سىنىپلاردىن ئاجرىتىدىغان بالىلارنى ئازايتساق بولارمۇ؟

— ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتىگەن - كەچلىكى ئۈچۈن، بىر مىڭ ئىككى يۈزدىن ئارتۇق نان يېقىلىدۇ، ئەمما ناۋاي ئىككى، زۇۋۇلا ئاچىدىغان ئايال ئىككى، چۈشلۈك تاماقـــى ئۈچۈن، ئۈچ چوڭ قازاندا تاماق ئېتىلىدۇ، بۇنىڭغا ئىككى ئاشپەز، بىر كۆكتات ئادالايدىغان ئايال بار. ئۇلار يېتىشەلمەسمىكى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، شېكەر قارىم. . .

— سىرتتىن ئادەم ياللىساق بولىدۇغۇ! — دېدى كامىل كېسىپلا.
— شېكەر قارىيم، قېنى سىلى دېسىلىچۇ، — دېدى مۇدىر گويا كامىلنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك قىياپەتتە، — تاڭشىر قايىنىتىش ئۈچۈن يىلدىكىدىن ئازراق ئوقۇغۇچى بەرسەك يېتىشەلەملا؟

ئىشچىلار ئارىسىدا خۇددى قوناق كۆتىكىدەك چوقچىيىپ ئولتۇرغان بېشى ئۇچلۇق، جۇغى كىچىك، ساپسېرىق، قىسقا يەكتەكلىك بىر ئادەم ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ قوشۇقتەك چىرايى خۇددى دەزمال سالغاندەك سىدام بولۇپ، توكى چۈشۈپ ياغاقلىشىپ كەتكەن سەللە تۆپىسى قىش - ياز بېشىدىن ئېلىنمىغاچقا، بەكمۇ كونىراپ كەتكەنىدى. ئۇ يايما قاپاقلىرى ئاستىدىكى كىچىك چېقىر كۆزلىرىنى توختىماي چىمچىقلاتقىنىچە، مۇدىرغا قاراپ ھىجايدى. ئۇنىڭ ئۇششاق ئاراچ چىشلىرى خام تاڭشىرنى تولا تېتىپ قارىداپ كەتكەنىدى.

— ئەمدى قارىسىلا مۇدىر، — دېدى شېكەر قارىيم زىل ئاۋازدا، — قىزىلچىلارنىڭ ئەكەك يىلتىز، مونەكلىرىنى يونىۋىدىغان گەپ، يۇيۇپ ئادالايتىمىز، قەلەمچە قىتىمىز... قازاننىڭ كۆتىكە ئوت قالايتىمىز. ئۆزەم بولسام، ئۈچ قازاننىڭ ئارىلىقىدا يورغىلاپ، پىشقان تاڭشىرنىڭ پىسپىنى چالۇدا سۇزۇتمە... ھە مانا... ھەممىسگە ئادەم كېتىدىيا؟

شېكەر قارىمنىڭ ساددا، تۈز گەپلىرىگە ھەممە كۈلۈشۈپ كېتىشتى. مۇدىر ئوقۇغۇچى ئايرىش ئىشىنى كېيىنگە قالدۇرۇپ، يىغىننى ئاياغلاشتۇرماقچى بولدى. لېكىن، ئىلمىي مۇدىر زىكرۇللا غوجى «مېنىڭ گەپ قىلىشىمنىڭ ئورنى بارمۇ - يوق؟» دېگەندەك قاتتىق يۆتىلىپ، قەستەن گېلىنى قىردى. ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىشقا تەييار تۇرغان ئوقۇتقۇچىلار جىم بولۇشتى.

— بالا يىغىشقا چىقىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ، — دېدى زىكرۇللا قېلىن قاپاقلىرىنى سىلىپ، — دەرس قالدۇرۇشىغا بولمايدۇ، ئۇلار دەرسى يوق ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئالماشسۇن. يەنە بىر گەپ، دەرسلىك كىتابلار كەلدى. دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى بەرگەن تىزىمى بويىچە ئېلىۋالسۇن.

زىكرۇللا غوجى خاپا كۆرۈنەتتى. ئۇ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ھەققىدە سۆز بولۇنمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى ئۆزىنىڭ سۆزگە تەكلىپ قىلىنمىغانلىقىغا ئاچچىقى كەلدىمۇ، ئىش قىلىپ، بۇنداق تاپا - تەنىسى تولا ئىلمىي مۇدىرلىقتىن زېرىككەنلىكى، چۈشىنى نەگە بارسەن دېسە، تازىنىڭ قېشىغا! دېگەندەك، ھەممە بالا - قازانىڭ ئۆزىگە كېلىۋاتقانلىقى، شۇڭا، بۇندىن كېيىن، كىمنىڭ دەرس سۈپىتى، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سىنىپ كۆچۈش نىسبىتى تۆۋەن بولسا، شۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ شەخسىي ماتېرىيالىنى مائارىپ ئىدارىسىغا يوللايدىغانلىقى، ئۇلارغىمۇ ئۆرۈكلۈك باغنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويىدىغانلىقى قاتارلىق تەھدىت ئارىلاشقان تىكەنلىك سۆزلەرنى قىلدى. ئوقۇتقۇچىلار بۇ «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگەن خىتابنى چۈشىنىپ ئولتۇراتتى...

پەرمانشانىڭ ئىلمىي مۇدىرنىڭ ئىلمەك گەپلىرىدىن ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يۈزى قىزارغان چېغى، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ھەققىدە ۋارقىراپ - جارقىراپ بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلدى. بۇنىڭدىن ئاچچىقى تېز، ئاداۋىتى بوش زىكرۇللا غوجىنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، سالاپەتلىك بىلەن، يۆتىلىپ قويدى. مۇدىر ئاخىرىدا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۈزلۈك يىغىم - تېرىمدا ھېرىپ - چارچىغانلىقى شۇنداقلا دەرس باشلاش مۇناسىۋىتى بىلەن، كەچتە «كۆڭۈل ئېچىش» بارلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۇ، ئەخمەت ھوشۇرغا بىر قوينى تونۇر كاۋىپى، بىر قوينى قورداق ھەم قورۇلمىلارغا ئىشلىتىش، چوشقا فېرمىسىدىن ئاققوناق ھارىقىدىن كۆپرەك ئەپكېلىش ھەققىدە يوليورۇق بەرگەندىن كېيىن، ئولتۇرغان ئاشپەز، ناۋايلارنىڭ تونۇر كاۋىپى، قورداقلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، كۆڭۈل ئېچىشقا بىللە قاتنىشىدىغانلىقىنى دېگەندە، ھەممىسى خۇشال بولۇشۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

يىغىن تارقىدى. بەزى سىنىپ مۇدىرلىرى ئالدىراپ سىنىپلىرىغا چىقىپ كېتىشتى. ياردەمچى سىنىپ مۇدىرى بولۇپ قالغان ھېكمەت ئەمدىلا گۈلزىبانىڭ يېنىغا باراي دەپ تۇرۇشىغا، بىر نەچچە ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى.

— تونۇشۇپ قويايلى، — دېدى قارىراق، قاتاڭغۇر كەلگەن بىر ئوقۇتقۇچى، — ئىسمىم توختى قۇربان. ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى.

— ئەدەبىيات ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، — دېدى مۇرات ئۇنى تونۇشتۇرۇپ، — 57 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن.

— گېزىت - ژۇرناللاردا بەلكىم ئىسمىنى كۆرگەن بولغىيتىلا، — دېدى كامىل سىپايىلىق بىلەن، — شېئىر، ماقالىلەرنى يېزىپ تۇرىدۇ. تىلى ئۆتكۈر، قەلىمى تېز. . .

— يا، ياق! ئاشۇرۇۋەتتىڭلار، — دېدى توختى قۇربان قىزىرىپ، — ئۇنچىۋالا ئەمەس. . .

— مەن تارىخ دەرسى بېرىمەن، — دېدى خۇددى پۈدەپ قويغاندەكلا سېمىز، ئاق سېرىق يۈزىنى دانىخورەك بېسىپ كەتكەن تەمبەل بىر ئوقۇتقۇچى، — ئىسمىم مەمتىلى ئىبراھىم.

بۇ ئەسنادا، تونۇشۇۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار بىلەن پەرۋايى پەلەك ھالدا بۇغداي ئۆڭلۈك، لەۋلىرى نېپىز، يۇمشاق قاشلىرى كۆكىرىپ تۇرغان ئېگىز بىر قىز توختى قۇربان بىلەن مۇراتنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىسىلىپ كىردى - دە، قوي كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ ھېكمەتكە قارىدى.

— مېنىڭ بىلەن تونۇشۇشنى خالايدىغانسىز، — دېدى قىز يېنىككىنە تولغىنىپ.

— ئەلۋەتتە.

— مېنىڭ ئىسمىم قۇتبىرەم ئەخمەت، بوتانىكا دەرسى بېرىمەن. . .

— قۇتبىرەم خانىم، تونۇشۇشقا بولىدۇ، — دېدى مۇرات چاقچاق قىلىپ، — لېكىن قوغلىشىشقا بولمايدۇ جۇمۇڭ، چۈنكى ھېكمەتنىڭ سۆيگۈنى بار. . .

مۇراتنىڭ تۈز كۆڭۈل بىلەن قىلغان چاقچىقى ھەممىنى كۈلدۈرۈۋەتتى. قىزىرىپ كەتكەن ھېكمەت ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان گۈلزىبانى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايلىق ئەگمە قارا قاشلىرى تۈرۈلۈپ، ئوماق لەۋلىرى چىڭ يۇمۇلغانىدى.

— ئۆتەپ بېرىڭلا نىرى! — دېدى قۇتبىرەم خانىم كۈلۈپ، — ھېكمەت كېلە - كەلمەي، سىزگە سۆيگۈنىنى تونۇشتۇرۇپ يۈرمىگەندۇر؟ . . .

— ئەپۇ قىلىڭلار، — دېدى گۈلزىبا ئەدەب بىلەن، — مەن ھېكمەت ئېلىنى سىنىپىمدىكى ئوقۇغۇچىلارغا تونۇشتۇرۇپ قويۇپ، بالا يىغىشقا چىقماقچىدىم.

گۈلزىبا ھېكمەتنى باشلاپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا، قۇتبىرەم غەلىتىلا ئالىيىپ قويدى. بۇ ئەھۋال كامىلنىڭ نەزەرىدىن چەتتە قالمىدى. ئۇ ئاچچىققىنا كۈلدى، مۇراتمۇ قېشىنى لىككىدە ئېتىپ، كۆزىنى قىسىپ قويدى.

— گۈلزىبا خانىم، — دېدى ھېكمەت كارىدورغا چىققاندا، — بالا يىغىشقا ئۆزىڭىز بارماقچى بولۇۋاتامسىز؟

— شۇنداق. . .

— مېنىڭچە، ئىككىمىز بىللە چىقساق، ئوقۇغۇچىلىرىڭىز بار دادۇي، شىياۋدۇيلەرنى كۆرۈۋالسام، كېيىنكى بالا يىغىشقا ئاسان بولار. چۈنكى مەن سىزگە قوشۇمچە سىنىپ مۇدىرى بولۇپ قالدىم - دە!

— سىزنى ئاۋارە قىلسام بولارمۇ؟ — دېدى گۈلزىبا ئىككىلىنىپ، — مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى بازار ئەتراپىدىن، ئۇلارنى بالىلارمۇ يىغىپ كېلەلەيدۇ. لېكىن، ئەسكەنتە، پايناپ دادۇيلىرىدە بەش ئوقۇغۇچىم بار ئىدى، شۇلار كەلمەپتۇ. . .

— مەن بىللە بېرىپ كۆرۈۋالاي.

— ماقۇل ئەمىسە!

گۈلزىبا سىنىپىدىكى شالاڭ ئولتۇرغان 20 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىغا ھېكمەتنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، بىر كۈنلۈك چوڭ تازىلىق پائالىيىتىگە ياخشى قاتنىشىش ھەققىدە سۆزلىدى. سىنىپ، ياتاق، مەيدان تازىلىقىغا، ئوقۇغۇچى يىغىشقا بالىلارنى ئايرىپ چىققاندىن كېيىن، قالغان بالىلارنى سىنىپ باشلىقى يېتەكچىلىكىدە مەكتەپ ئېتىزلىرىدىن كۆك ئوغۇت توپلاشقا ئۇيۇشتۇردى. قارىغاندا، گۈلزىبا سىنىپ مۇدىرلىق

خىزمىتىگە خېلى پىشىپ قالغانىدى. ئۇ ئەتە رەسمىي دەرس باشلىنىدىغانلىقى، شۇڭا، بۈگۈن كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش قوراللىرىنى ئۆزى تەكشۈرىدىغانلىقى، كىمكى سىنىپ، مەيدان، ياتاق تازىلىقىنى ياخشى قىلماي، نومۇر كېمەيتىپ، دىجورنى مۇئەللىمنىڭ دەپتىرىگە چۈشۈپ قالسا، شۇنىڭ ھەپتىلىك كۆچمە قىزىل بايراقنى ئالالماسلىقىقا سەۋەب بولىدىغانلىقىغا قەدەر تەپسىلىي سۆزلىگەندىن كېيىن، سىنىپتىن قايتىپ چىقتى. ئۇ كارىدورغا چىققاندىن كېيىن، ھېكمەتكە:

— كۆپرەك سۆزلىۋەتتىمغۇ دەيمەن؟ — دېدى.

— سىنىپ مۇدىرلىرىنىڭ يۈكى ھەقىقەتەن ئېغىر ئىكەن، — دېدى ھېكمەت باش ئېغىتىپ.

— سىز تۇنجى قەدەمنى ئەمدى ئالدىڭىز، تېخى كېيىن كۆرىسىز...

ئەسكەنتە، پايناپ كەنتلىرى بوستان بازىرىدىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. گۈلزىبا ھېكمەتنى يېزىنىڭ توپىلاڭ هارۋا يوللىرىدىن، قوناقلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى تار چىغىر يوللاردىن، ساپسېرىق گۈللىرى قۇرۇپ، ئۇرۇقى قېتىشقا ئۈلگۈرگەن زاراڭزىلىقلاردىن باشلاپ ئېلىپ مېڭىپ، بۇك باراقسان ئەسكەنتە كەنتىدىكى ئۈچ ئوقۇغۇچىنى مەكتەپكە يولغا سالدى. ھېكمەت ئاتا - ئانىلىرىنىڭ جاھىللىقىغا، ئۇلارنىڭ بالىسىنى ئوقۇتماسلىق ئۈچۈن، «يوتقان - كۆرپىسى يوق، كىيىمى يۇپقا، قويلارغا ئوت ئالمىسا بولمايدۇ» دېگەندەك باھانە - سەۋەبلىرىگە ھەيران قالدى. لېكىن گۈلزىبانىڭمۇ بالىنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالى، تەقدىرى ھەققىدە ئاددىي ئەمما ئادەم قايىل بولغۇدەك چۈشەندۈرۈشلىرىگە ئىچىدە ئاپىرىن ئوقۇدى.

گۈلزىبا بىلەن ھېكمەت ئەسكەنتە كەنت دۆڭنى ئالدىدا ئېقىپ تۇرغان ئۆستەڭ بويىدا هاردۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، پايناپ كەنتىگە قاراپ مېڭىشتى. پايناپ كەنتىنى ئەسكەنتە مازىرى ئايرىپ تۇراتتى. مازارلىق كەڭ يېيىلىپ كەتكەن بولۇپ، قەبرىلەر ئارا يۇلغۇن، ياۋا قومۇشلار ئۈنۈپ كەتكەنىدى. ئۆرۈلگەن كونا گۈمبەزلەر، يوپۇرۇلۇپ

چوشكەن گۆرلەر، ئۆگۈپ كەتكەن تۇغ ـ ئەلەملەزدىن بۇ مازارنىڭ بەكمۇ قەدىمكى قەبرىستانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالماق تەس ئەمەس ئىدى. قەبرىستانلىق ئوتتۇرىسىدا، ئون نەچچە ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمەيدىغان بىر تۇپ تېرەك يەر بېغىرلاپ كۆكىرىپ تۇراتتى. ئۇ بەكمۇ قېرىپ كەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك، قۇرۇپ كەتكەن ئۇستۇنكى شاخ، غوللىرى خۇددى ھاسا تاياقتەك ئېگىلىپ قالغانىدى.

— ئەجەب يوغىناپ كەتكەن دەرەخكەن بۇ! — دېدى ھېكمەت تەرلەپ كەتكەن گۈلزىباغا قاراپ.

— كونىلار بۇ دەرەخنى، — دېدى گۈلزىبا كۈلۈپ، — ئىماملىرىمىزنىڭ ھاسىسى دەيدىكەن. ئىماملىرىمىز بۇ يەردىن ئۆتكەندە، ھاسىسىنى سانجىپ قويغانىكەن. قاراڭ، شاخلىرى ھاسىغا ئوخشامدىكەن؟

— شۇنداق... ھەممىلا شاخلىرى ھاسىنىڭ ئۆزىلا ئىكەن.

پاينىاپ كەتتىنىڭ ئىككى تەرىپىنى چوڭقۇر يارلىقلار قورشاپ تۇراتتى. يارلىقنىڭ ئاستى چەكسىز كەتكەن شاللىق ئىدى. گۈلزىبا بىلەن ھېكمەت يارلىق ئۈستىدە يىراقلارغا تىكىلىپ بىردەم تۇردى. سارغىيىۋاتقان شاللىقلار، شاھمات تاختىسىدەك شال تىگانلىرى سۇس كۆمۈش رەڭ چاڭ ئىچىدە غۇۋالىقا چۆمگەنىدى.

— قاراڭ، — دېدى گۈلزىبا قولى بىلەن يىراقنى كۆرسىتىپ، — ئاشۇ يامغۇر بولۇتىدەك كۆكىرىپ تۇرغان يەر — ئەلنامە كەنتى.

— ئۇ يەردىمۇ ئوقۇغۇچىڭىز بارمۇ؟

— يوق...

ئۇلار پايناپتىكى بىر قىز، بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچىنى بىللە ئېلىپ مەكتەپكە قايتىشتى. باللار يۈگۈرۈشۈپ دېگۈدەك ئالدىدا ئۈزاپ كەتتى. ھېكمەت پات ـ پاتلا قىزنىڭ مۇنچاق ـ مۇنچاق تەرلەر تەپچىرەپ تۇرغان ئاپئاق پېشانىلىرىگە، چىرايلىق بۇرۇنلىرىغا، قويۇق كىرپىكلەر خۇمارلاشتۇرۇپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرىگە، تېقىملىرىدا سويلاپ تۇرغان بىر ئۆرۈم قارا چېچىغا تۆيدۇرماي قاراپ قوياتتى. ئۇلار مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىنلا گەپلىشىپ قويمىسا، ھەر ئىككىلىسى ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ

گەپلەشمەيتتى. لېكىن ھېكمەت گۈلزىبانىڭ بەزىدە خىيالغا پېتىپ، ئۇن - تىنسىز جىممىپ كېتىشىنى، تۇرۇپلا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشىنى سەزگىنىدە، بۇ قىزنىڭ بىرەر دەرد - ھەسرەت ئىچىدە پۇچۇلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. . .

— گۈلزىبا، كەچتە كۆكئۆل ئېچىشقا قاتنىشمىدىغانسىز؟ — دېدى ھېكمەت قىزنى خىيالدىن تارتىپ چىقىرىپ، — بەك قىزىقىدىغاندۇر - ھە؟

— قاتناشماي قۇتۇلغىلى بولامدۇ! — دېدى گۈلزىبا ئاچچىققىنا كۈلۈپ، — بىلەمسىز، قاتناشمىساق، سىياسىي ئۆگىنىشتە بىر سائەت تىل ئىشتىمىز. . .

— تىل ئىشتىمىز؟

بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىدە، «كۆكئۆل ئېچىش»، «ھاردۇق چىقىرىش» باھانىسى بىلەن، ئارىلاپ - ئارىلاپلا ئوقۇتقۇچىلارغا ئولتۇرۇش قىلىپ بېرىلەتتى، يېمەك - ئىچمەك ناھايىتى ئەلۋەك بولاتتى، چوشقا فېرمىسىدىن ئاق قوناق ھارىقى ئېلىپ كېلىنەتتى، ئولتۇرۇش بەزى ھاللاردا تاڭ ئاتقىچە سوزۇلاتتى، سۇلياۋ باكلاردا، رو چۆگۈنلەردە ئېلىپ كېلىنگەن ھاراقلار تۈگىمىگىچە تارقالمايتتى. بەزى ئوقۇتقۇچىلار بولالمىدىم دەپ ئۆزرە سورىسا، مۇدىر ئۇنىڭغا «بىر تۇۋلىغىنا!» دەپ ۋارقىرايتتى. يەر دەسسەپ تۇرالمايۋاتقان مەست ئوقۇتقۇچى ئامالسىزلىقتىن: «مىڭ جىڭ! . . .» دەپ تۇۋلىمىغىچە قۇتۇلالمايتتى.

— «مىڭ جىڭ» دېگىنى نېمىسى؟ — سورىدى ھېكمەت ھەيران بولۇپ.

— شوئارى بولمامدۇ! — دېدى گۈلزىبا ئاچچىق كۈلۈپ، — ئۆزىنىڭ مىڭ جىڭ ھاراق ئىچەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان شوئارى! . . .

— مۇنداق ئىشلارمۇ باردەك تېخى! — ھېكمەت كۈلۈۋەتتى.

— كۆلىدىغان ئىشلار تېخى ئالدىڭىزدا، — دېدى گۈلزىبا قول ياغلىقىدا تەرلىرىنى سۈرتۈپ، — ھەممىسى تازا مەست بولغاندا، تانسا ئوينايمىز دەپ ئوتتۇرىغا چۈشۈۋالسا، كۆڭلىڭىز ھۆ بولىدۇ. . . گويا بىر پادا قوي. . .

— تانسىمۇ ئۇينايدۇ؟

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تانسا بىلمەيدۇ، لېكىن مەيدانغا چۈشۈۋالىدۇ. مەن مۇدىرنىڭ گۈگۈشي شۇجىسى تۇراپ ئىمىنىنى چاقىرىشىدىن قورقىمەن. ئۇ ئادەم بەكمۇ تېتىقسىز ئادەم. . .

ھېكمەت جىمىپ قالدى. چۈنكى گۈلزىبانىڭ ئېچىنىپ ئېيتقان سۆزلىرى ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قويغانىدى. توغرا، ئولتۇرۇش دېگەن كۆڭۈل ئېچىش، ھاردۇق چىقىرىش، شاد - خورام بولۇش ئۈچۈن، لېكىن ئۇ ئادەمگە يۈك بولۇپ قالسا قانداق بولغىنى؟ . . . قاتناشمىساڭ تىل ئىشتىسەڭ. . . بالدۇرراق قايتىپ چىقساڭ، ئۆي بېسىپ قوغلاپ ئېلىپ چىقسا. . . ئولتۇرۇشتا مۈگدەپ ئولتۇرۇپ بەرسەڭ. . . بۇنى قانداقمۇ كۆڭۈل ئېچىش دېگىلى بولسۇن؟

ئۇلار گەپ بىلەن مەكتەپكە يېتىپ كېلىشتى. گۈلزىبا سىنىپقا كىرىپ كەتتى. ھېكمەتنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ ناۋايخانىغا كەلدى. كۆل بويىدىكى ئۈستى بورا بىلەن سايىۋەن قىلىنغان تونۇرلاردا ئىككى ناۋاي نان يېقىۋاتاتتى، بىر نەچچە قىز - ئاياللار ئۆزۈن بەندىگىلاردا ئولتۇرۇپ زوۋۇلا ئېچىپ، نانغا توكچە سېلىۋاتاتتى. ئۇلار ھېكمەتنى كۆرۈپ: «ھارمىغايلا» دەپ ئورۇنلىرىدا قىمىرلاپ قويدى. ھېكمەتمۇ «ياخشىدى» دېگىنىچە، تامغا يۆلەنگەن نانلارغا قاراپ قويدى. بۇ ئەسنادا، ئاشخانىدا ئۆزى زىلۋا، قاشلىرى تېرىپ قويغاندەك ئىنچىكە، ئاپپاق يۈزلىرى قىزلارنىڭكىگە ئوخشاش سۇزۇك بىر مۇئەللىم تولغىنىپ چىقىپ كەلدى. ئۇ ھېكمەتكە لەپپىدە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، غەلىتىلا ھىجايدى.

— ساجىتخان مۇئەللىم، — دېدى تونۇرنىڭ تەپتىدە مەيدىلىرى، يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ناۋاي، — بۇ مۇئەللىم نان ئالىدىغان ئوخشايدۇ. . .

— شۇڭا كەلدىمىيا مانا! — ئۇنىڭ ئاۋازى قىزلارنىڭكىدەك زىل ھەم يۇمشاق ئىدى، — توم نان ئالامىلا، زاغرىمۇ؟

— توم نان دېگەن نېمە ئۇ؟

— ئاشۇ ھارۋىنىڭ چاقىدەك تۇرغان بۇغداي نېنىنى توم نان دەيمىز. . .

— توم ناندىن بىرنى ئالسام بولىدۇ.

— سىلىنىڭ تاماق كېنىشكىلىرىگە خوجىلىقتىن تېخــى تامغا باسماپتۇ، — دېدى ئۇ بىر قىسمىلا سۆزلۈپ، — بوپتۇ، ھازىرچە دەپتەرگە پۈتۈپ قويغاچ تۇراي. ئەخمەتاخۇن ئۇستام، ناندىن بىرنى سۇنۇۋەتسىلە. . .

ھېكمەت بىر ناننى ئېلىپ مېڭىشىغا، ساجىتخان مۇئەللىم ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ كۈلدى.

— بىر گېپىم بار ئىدى سىلىگە دەيدىغان، — دېدى ساجىتخان تومشۇقلىرىنى بىر چىرايلىق ئۈچلاپ، — ئاڭلىسام، سەنئەت مەكتەپتە ئوقۇغانكەنلا، مەن دېگەن ناخشا مۇئەللىمى، ماڭا ناخشا ئۆگىتىپ قويامىلا؟

— خاپا بولمىسىلا، مەن ناخشا بىلمەيمەن. . .

ھېكمەت ناۋاي ئۇستاملارنىڭ ھەم قىزلارنىڭ پىخىلداپ كۈلگىنىدىن نومۇس قىلىپ، دەرھاللا كېتىپ قالدى. ئۇ، داش قازانلاردا تاڭشىر قاينىتىۋاتقانلارنىڭ قېشىــــغا كەلدى. 10 نەچچە قىــــز تاختۇشلاردا قىزىلچىلارنى قەلەمچە قىلىۋاتاتتى، يەنە بىرمۇنچە باللار ئوچاقلارغا ئوتۇن تاشلايتتى، يىلتىز ياراتتى، بەزىلىرى قىزىلچىنىڭ مونەك ۋە يىلتىزلىرىنى يونۇپ، چوڭ داسلاردا يۇياتتى. شېكەر قارىم بولسا، چوڭ سىم چويلىدا قىزىلچا پىسپىنى سۈزۈپ، ئۇنى باشقا قازانلارغا تاشلايتتى.

بۇ يەردىن ئېتىزدا قارا قاغىدەك يېپىلىپ ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇلار قىزىلچىلارنى قازاتتى، قىزلار بولسا توشۇيتتى. ھېكمەت، شېكەر قارىمنىڭ چاققان ھەركەتلىرىگە زوقلىنىپ بىردەم قاراپ تۇردى. ئۇ ئۈچ داش قازان ئەتراپىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا: «غوجام، تاڭشىر قىــيام بولدى، ئوتنــى تارتىۋەتسىلە، بولمىسا كۆيۈپ كېتىدۇ» دېسە، بىردە: «خېنىم بالام، بىر چېلەك سۇ!» دەپ بۇيرۇقلارنى قىلاتتى. تۇرۇپلا ئۇ ياغاچ ساپلىق ئۈچى ئىلمەك ئۇزۇن زىخنى پورۇقلاپ قايناۋاتقان تاڭشىرغا تەككۈزەتتى ۋە سوزۇلۇپ چۈشۈۋاتقان قىيامنى بارمىقىدا ئېلىپ تېتىپ كۆرەتتى ياكى

تىلىنى تەككۈزەتتى. ئۇ، باغۋەن ئەمەت شولاق، سېمىز مۇئەللىم مەمتىلى ئىبراھىمنىڭ قولىدىكى ناننى زىخقا سانجىپ قىيامغا بىر شۇڭغۇتۇپ ئېلىپ بېرىۋېدى، ئۇلار ناندىن ساقىغان تاڭشىرلارنى يالىغاچ، ئېتىزلىققا كېتىپ قالدى.

— مۇئەللىم، — دېدى شېكەر قارىم ساددىلىق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، — ئەكەسلە، نانلىرىنى تاڭشىرغا شۇڭغۇتۇپ بېرەي.

— رەھمەت، — دېدى ھېكمەت كۈلۈپ، — مەن قىزىق تاڭشىر يەپ باقمىغان. . .

— ھېكمەت، تاڭشىر قايىنىتىشنى ئۆگىنەي دېمىسىز نېمە؟ — دېدى ئېتىزلىقتىن كەلگەن توختى قۇربان كۈلۈپ، — بۇ مەكتەپتە ئۆگىنەي دېسە ھۈنەر كۆپ. . .

— مەنمۇ ھەيران بولىۋاتىمەن. . .

— كەچتىكى كۆڭۈل ئېچىش ئولتۇرۇشىغا كىرەرسىز؟ كىرىڭ، جىق ئىشلارنى كۆرىسىز.

ھېكمەت ئوقۇغۇچى يىغقىلى چىققانلىقى ئۈچۈن، ئېتىزغا بارمايلا، ياتىقىغا كەتتى. ئۇ چاڭ باسقان سىرتقى كىيىملىرىنى سېلىپ ئىشىك ئالدىدا قېقىپ، سۈپۈرۈپ ئەكىرگەندىن كېيىن، چامادانىدىن يۇيۇلغان ئىشتان - كۆڭلەكلىرىنى ئېلىپ كارىۋىتىغا تاشلىدى. ئاندىن، بېشىنى يۇيدى، بەدەنلىرىنى سۈرتتى. كىيىملىرىنى ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، يېرىم ناننى سوغۇق سۇ بىلەن يەپ، قورسىقىنى ئازراق ئەستەرلىۋالدى. ئاندىن، كىر كىيىم، قول ياغلىق، لۆڭگىلىرىنى داسقا چىلاپ يۇيدى. كامىلنىڭ كارىۋىتى بېشىغا ئېسىپ قويغان لۆڭگىسى بىلەن مايكىسىنىمۇ قوشۇپ يۇيدى. ھېكمەت يۇيۇلغان كىيىملەرنى ياتىقىنىڭ ئالدىدىكى دەرەخكە تارتىلغان سىمغا يېيىپ تۇراتتى، ئېتىزلىقتىن قايتقان كامىل يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قوللىرى لاي ھەم ئوت بىلەن كۆكىرىپ كەتكەنىدى.

— بۇ نېمە قىلغانلىرى ئادەمنى خىجىل قىلىپ؟ — دېدى كامىل

سىمدىكى لۆڭگىسى بىلەن مايكىسىغا قاراپ، — مېنىڭ نەرسىلىرىمنىمۇ قوشۇپ يۇيۇپلا. . .

— ھېچقىسى يوق، كىر يۇغانكەنمەن، قوشۇپ يۇيۇۋەتسەم نېمە بوپتۇ. . .

— ئوقۇغۇچى يىغىشقا گۈلزىبا خانىم بىلەن چىقىپ كەتكەنتىمىلە، خېلى بالدۇر يېنىپ كەلگەن ئوخشايلا. . .

— بىرەر سائەتتەك بولدى.

كامىل ياتاققا كىرىپ كەتتى. ھېكمەت يېيىلغان كىيىملەرنىڭ قاتلاشلىرىنى تۈزەپ بولۇپ كىردى، كامىل ئامىنەنىڭ رەسىمىنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈۋاتاتتى. ھېكمەت چامادانىدىن كىيىملىرىنى ئالغاندا، ئۇنى كامىلنىڭ كارىۋىتىغا قويۇپ قويۇپ، سېلىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. خىجىللىقتىن قىزىرىپ كەتكەن ھېكمەت نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى.

— پاھ، ئالامەت تارتىلغان سۈرەت ئىكەن. . . — دېدى كامىل رامكىنى يىراق تۇتۇپ، — بۇ قىزنىڭ كۆزلىرىدىن، مۈسن - قىياپىتىدىن ئۆز كەسپىگە ئىجتىھات باغلىغان تەۋرەنمەس ئىرادە، جۇشقۇن بىر ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. . .

— شاگىخەي مۇزىكا ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان ساۋاقدىشىم، — دېدى ھېكمەت قىزىرىپ، — ئىسمى ئامىنە ئابدۇرېشىت.

— مەنمۇ شۇنداقراق ھېس قىلدىم. . .

ھېكمەت ئامىنەنىڭ سۈرىتىنى چامادانغا سېلىۋەتتى، كامىلمۇ سۈرۈشتە قىلماي ئولتۇرمىدى. كامىل يۈز - بويۇنلىرىنى يۇيۇپ، بىر قۇر كىيىملىرىنى ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، خىجىللىق ئىلكىدە يەرگە قاراپ ئولتۇرغان ھېكمەتكە قاراپ قويدى.

— كامىل، — دېدى ھېكمەت قىلىدىغان گەپ تاپالمىغاندەك، — ساجىشخان دېگەن مۇئەللىم غەلىتىلا ئىكەنغۇ؟ قىلىقلىرى بىر قىسىملا. . .

— شۇنداق غەلىتە ئىنسانلار بولىدۇ، — دېدى كامىل كۈلۈپ، — ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ساجىت. لېكىن ساجىتخان دېگەن ئىسىمنى مۇشۇ ئاغزى پالاكەت مۇرات قويۇپ قويغان بولامدۇ! . . . مانا شۇنىڭ بىلەن، بۇ

ئىسىم ئۇنىڭغا ئۆلچەپ تىككەن كىيىمدەك سىڭىپلا كەتتى.

— بۇنداق چاقىرسا، ئۆزى ئاچچىقلىنىپ قالامدۇ؟

— نەدىكەنى؟ تېخى ئۇ بۇ يېڭى ئىسمىدىن خۇش...

كۈن ئولتۇرۇپ، باغلار قاراڭغۇلاشتى. ئوقۇتۇش بىناسى تەرەپتىن ھەر خىل سازلارنىڭ داراڭلىغان، دىرىڭ - دىرىڭ قىلغان ئاۋازلىرى كەلدى. كۆڭشى تەرەپتىن دۇڭگاتىبلانىڭ قاتتىق گۈرۈلدىگەن ئاۋازى كېلىش بىلەن تەڭ، ئىشخانا، ياتاقلار لاپپىدە يورىدى...

— ماڭايلى، دېدى كامىل سۆھبەتنى توختىتىپ، — كېچىكىپ كىرسەك مۇدىر خاپا بولۇپ قالىدۇ. ھە، راست، مۇدىر ئۆزلىرىنى گارمۇننى ئالغاچ كەلسۇن دەپ ئېيتقانىدى.

— بۇنى ئاپىرىپ قانداق قىلىمىز؟...

— باشقا سازلارغا تەڭكەش قىلىمىز...

كامىل بىلەن ھېكمەت كىرىپ كەلگەندە، چوڭ ئىشخانا ئادەم بىلەن تولغانىدى. ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى بۇلۇڭدا دۇتتار - تەمبۇر، ئىسكىرىپكىلار تىكلەكلىك تۇراتتى، ئوتتۇرىغا قويۇلغان چاڭنى مۇرات سازلاۋاتاتتى. ئىشخانىدىكى خىزمەت ئۈستەللىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئۈستىگە ھەر خىل سۇلياۋ داستىخانلار يېپىلغانىدى. لېكىن تېخى ھېچكىم تىزىلمىغاچقا، ئوقۇتقۇچىلار ئۆز ئارا پاراڭلىشىپ قالايمىقان ئولتۇرۇشاتتى. مۇرات بىرلا شەرەت بىلەن ھېكمەت بىلەن كامىلنى يېنىغا چاقىرىپ ئورۇندۇقلارنى ئىشارەت قىلدى. ھېكمەت گارمۇننى يېنىغا قويۇپ ئولتۇرا - ئولتۇرمايلا، ئۈتۈبەرمەي خانىم ۋارقىراپ - جارقىراپ يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋالدى. مۇرات ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ:

— خانىم، سازچىلار كەلگەندە ئاستا تۇرۇپ بەرسىلە، بولامدۇ؟ بۇ دېگەن سازچىلارنىڭ ئورنى، — دېدى.

— ۋاي خۇدايىم، ئەينەدىراق مۇرزىلۇپ بىرىسىم بولىسىغاندۇ، — دېدى قىزتېبىرەم تۈمشۇقىنى سوزۇپ.

— ياۋاللا، — دېدى مۇرات چىرايىنى تۈرۈپ، — تازا بىر جىگدە

يېلىمىدەك چاپلاشقاق خانىمكەنلا جۇما!

بۇ سۆزگە باشقىلار دىققەت قىلمىغىنى بىلەن، يېقىندا ئۆلتۈرغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈۋەتتى. ھېكمەت ئەڭ چەت بولۇڭدا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئارقىسىدا چۆكۈپ ئولتۇرغان گۈلزىبانىنى كۆرۈپ قېلىپ، كۈلۈپ قويدى، ئۇمۇ چىرايلىق كۆزلىرىنى سۈزۈپ تەبەسسۇم قىلدى. ئىشخانىغا بوغالتىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئەخمەت ھوشۇر ئالدىراپ كىرىپ كەلدى.

— قېنى بولۇڭلار، — دېدى ئۇ ھودۇقۇقان قىياپەتتە، — ساجىتخان مۇئەللىم، مەمتىلى ئىبراھىم، يۇسۇپ مۇئەللىم. . . ئاشخانىغا چىقىپ ئاشپەز، ناۋايلارغا ياردەملىشىپ، مەزەلەرنى ئەكىرەيلى. مۇدىردىن تېلېفون كەلدى، تۇشۇجىنى ئېلىپ بۇياققا مېڭىپتۇ. . .

ئىشخانا بىردەمدىلا پاتپاراق بولۇپ كەتتى. ئۇ يەرگە قوي، بۇنى سۇر، ئۇ يەر بولماپتۇ، دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۈستەللەرگە تاۋاق - قورداقلار، لېگەن - لېگەن گۆش كىردە، كاۋاپلار تىزىلدى، ئۈستەلنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلىنغان بىر قوينىڭ تونۇر كاۋىپى قويۇلدى. ئەخمەت ھوشۇر جوغىسىغا چاڭ قىلىپ مەدەك تىقىلغان بىر چوڭ رو چۆگۈننى كۆتۈرۈپ كىردى. چۆگۈندىكى قوناق ھارىقىنىڭ ھىدى بىردەمدىلا ئىشخانىغا تارقاش بىلەن، مۇئاللىملەر تاماقلىرىنى چاكىلدىتىپ، باشقىدىنلا جانلىنىپ كېتىشتى.

مۇدىر تۇراپ ئىمىننى ئىشخانىغا باشلاپ كىرىشى بىلەن، ھەممە ئوقۇتقۇچىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كېتىشتى. ھېكمەت چىشىدىكى جىننى كۆچۈرگەن ھېلىقى سۇرۇن تەلەت مىس باشنى يەنە كۆردى. تۇراپ ئىمىننىڭ ھۇررەك - ھۇررەك قاپارتمىلار قاپلاپ كەتكەن يۈزىدىن تارتىپ گەدەنلىرىگىچە خۇددى داغلانغان مىستەك قىزىرىپ تۇراتتى، گويا بىر كىم ئۇنىڭ ئالا - تاغىل تاقىر بېشىنى كۈچەپ مۇرىسىگە پاتۇرۇۋەتكەندەك، بويىنى يوق ئىدى، ئىككى مۇرىسى پەس، دۈمبىسى دوكىراق بولغاچقا، ئادەمگە خۇددى يەر ئاستىدىن قاراۋاتقاندەك تەسىرات بېرەتتى.

— قېنى تۆشۈجى، — دېدى پەرمانشا مۇدىر ھىجىيىپ، — يۇقىرىغا ئۆتسىلە. . .

تۇراپ ئىمىن ئۇستىلەرنىڭ ئوتتۇرىدىن ئورۇن ئالدى، مۇدىر ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇردى. ئوقۇتقۇچىلارمۇ مۇدىرنىڭ تەكلىپىدىن كېيىن، ئورۇندۇقلىرىنى سۈرۈشۈپ ئۇستەلگە يېقىن كېلىشتى.

— ئاغىنىلەر، ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام دەپتىكەن، — دېدى پەرمانشا مۇدىر گىدىيىپ، — قېنى ئەمىسە، شىرەدىكى مەزىلەردىن ئالايلى، ئۇستاملىرىمىز چاينى ئاتىنىڭ قېنىدەك دەملەپ مىراپلىنىقنى ئوبدان قىلايلى، تۆشۈجى قېنىق - قېنىق، قىزىق - قىزىق ئىچىدۇ. . .

تۇراپ ئىمىن دەسلەپ قول ئۇزىتىپ، قورداقتىن بىر ئىلىك گۆشنى ئاغزىغا سالغاندىن كېيىن، ئىشخانا ئىچى شاپۇر - شۇپۇر، خالاپ - خۇلۇپ، ماكاچ - مۇكۈچ قىلغان ئاۋازلار بىلەن تولۇپ، گۆش گىرىدىلىر ماكلاندى. . . كاۋاپلار زىخلىرىدىن سىغۇرۇلدى، تونۇر كاۋاپلىرى ئۆتكۈر چىشلار ئارىسىدا چايناڭدى. . . ئۇستاملار ئۇستەل ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرۈپ، چىنىلەرگە چاي قۇيماقتا، قورۇقدالغان لېگەن - تاۋاقلار يىغىشتۇرۇلۇپ، ئورنىغا لوقمىلار تولدۇرۇلغان يېڭى تاۋاقلار كىرمەكتە. تۇراپ ئىمىننىڭ ئاغزى توختىماي ماكاچلاپ تۇرىسىمۇ، چېقىر كۆزلىرى خانىملارنىڭ ئەڭ نازۇك يەرلىرىدە ئويناپ يۈرەتتى.

— تۆشۈجى، — دېدى پەرمانشا مۇدىر ھىجىيىپ، — تونۇر كاۋىپىنىڭ نەرىدىن يوناي؟ يېتىم قوۋۇرغىسىدىنمۇ، ئارقا تاڭدىنمۇ؟ بولدى، بولدى بىلدىم، ئەڭ ياخشىسى دەنداندىن يېسىلە. . .

ھەممىنىڭ ئاغزى - بۇرۇنلىرى مايلىشىپ، بىر قورساقتىن لوقما يېگەندىن كېيىن، شىرەلەر سۈرتىلىپ، ۋالا غاجىلانغان سۆڭەكلەر، چىشلەپ تاشلانغان ياڭيۇلار داسلارغا تۆكۈلدى. تۆشۈجى گۆش گىردىنىڭ يۈزى بىلەن گۆشنى يەپ، ئۇلىنى يىغىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئەخمەتاخۇن ناۋاي نارازىلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، ئۇلارنى بىر لېگەنگە دۆۋىلەپ ئالدى. ئۇستەللەرگە ئەمدىلىكتە قورۇلغان گۆش، يېڭى كاۋاپ قويۇلدى. ئەخمەت ھوشۇر ئىككى چىنىگە ھاراق تولدۇرۇپ،

مۇدىر بىلەن تۇراپ ئىمىننىڭ ئالدىغا قويدى. مۇدىر گارتىتىدە بىرنى كېكىرتىۋېتىپ، ئورنىدىن تۇردى:
— ئاغىنىلەر! بۈگۈن ئوقۇش باشلاش مۇناسىۋىتى بىلەن، شۇنداقلا ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزلۈك يىغىم - تېرىمىدىن غەلىبىلىك قايتىپ كەلگەنلىكى شەرىپىگە بۇ يەردە جەم بولۇپ ئولتۇرۇپتىمىز. شۇڭا، تۇشۇجىنى بىر ئېغىز يولىيورۇق بېرىشكە تەكلىپ قىلىماق...
قاراسلاپ چاۋاكلار چېلىندى. تۇشۇجى خۇش ياقمىغان قىياپەتتە ئورنىدىن سىدىرلاپ قويدى. ئۇ نېمە دېيىشنى بىلمىگەندەك ئەتراپىغا بىر قارىۋالغاندىن كېيىن، گېلىنى قىرىپ سۆز باشلىدى:
— بۇ قېتىمقى كۆزلۈك يىـــغىـــم - تېرىمگە ياردەم بېرىش مەسىلىسىدە، — دېدى تۇراپ ئىمىن ئىنجىقلاپ، — مۇئەللىملەر ھەققىدە ياخشى ئىنكاسلار بار. مۇئەللىملەر ئەمگەككە قاتناشمىسا، دېھقانلاردىن ئۆگەنمىسە، رەڭگى ئۆزگىرىپ، ئاسانلا بۇرژۇئازىيىلىشىپ كېتىدۇ، كۆدنى بۇغداي دەيدىغان، ناننى قاسقاندىن چىقىدۇ، دەيدىغان ھاماقەت ئاقانچىلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، زىيالىي — قىلغان ئىشى خىيالى دەپ بىكار ئېيتىمىغان...
تۇراپ ئىمىن سۆزلىگەنسېرى، توختى قۇربان بىـــلەن بىـــللە ئولتۇرغان ئىلمىي مۇدىر زىكرۇللا غوجىنىڭ قاپاقلىـــرى تۈرۈلۈپ ئولتۇرالمايلا قالدى. ئەگەر توختى قۇربان ئۇنى ئىشارەت بىلەن نوقۇپ ئولتۇرمىغان بولسا، ئۇ ئاللىقاچان پېشىنى قېقىپ چىقىپ كەتكەنمۇ بولاتتى. كامىل سازچىلار ئورۇنلاشقان بۇلۇڭغا بېرىۋېلىپ، تەمبۇرنى ئاستا سازلاپ ئولتۇراتتى.
تۇراپ ئىمىننىڭ سۆزى ئاخىرلىشىشى بىـــلەن، مۇدىر «خوشە ئەمىسە!» دەپ بىر ۋارقىراپ، چىنىسىنى تۇراپ ئىمىننىڭ چىنىسى بىلەن ئۇرۇشتۇرۇپ كۆتۈرۈۋەتتى، باشقىلارمۇ «مىڭ جىـــڭ!» دەپ ۋارقىراشتى.
— ئەمىسە، قېنى سازچىلار، نەغمىنى باشلايلى، — دېدى مۇدىر كاۋاپنى قولىغا ئېلىپ، — ھاراق ئۆز يولىنى ئېچىۋېرىدۇ، لېكىن

نەغمىمۇ توختاپ قالمايدۇ...

مۇرات چاڭنى سازلىدى. كامىل تەمبۇرنى، مەمتىلى ئىبراھىم داپنى، غوپۇر دېگەن مۇئەللىم ئىسكىرىپكىنى ئالدى. كامىلنىڭ ئىشارىتىدىن كېيىن، ھېكمەت گارمونىنى ئېلىپ سازچىلارغا يېقىن ئولتۇردى. كامىل دەسلەپتىلا غېرىب - سەنەم ناخشىلىرىدىن پارچىلارنى باشلىدى:

باغقا نەچچە پەرى كېلۇر ئەجەب سەيلانە - سەيلانە،
باشقىلارنىڭ كۆڭلىن ئالۇر ئەجەب سەيلانە، سەيلانە...

ھاراق قۇيۇلغان چىنىلەر پەتنۇسلارغا تىزىلىپ، قولدىن - قولغا ئۆتمەكتە. ھاراق بىر نەچچە قېتىم ئايلىنىش بىلەنلا، ئىشخانا ئىچى ۋاڭ - چۇڭغا تولدى، تۇراپ ئىمىن ئالدىغا كەلگەننى ياندۇرماي ئىچىپ، بويۇنلىرىغىچە بېغىررەڭ تۇس ئېلىپ، يايما قاپاقلىرى تېخىمۇ يۇمۇلۇپ كەتكەنىدى. ھېكمەت پەقەت ھاراق ئىچىپ باقمىغانلىقىنى ئېيتىپ، رەت قىلغانىدى، پەرمانشا مۇدىر ئۆز قولى بىلەن تۇتۇپ تۇرۇۋالغاچقا، تەڭلىكتە بىرنى ئىچتى، كۈچلۈك قوناق ھارىقى ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئۆرتىۋەتكەندەك ئۆزى تولغىنىپ كەتتى. لېكىن كامىل ھەر قېتىم ھاراق كەلدىيۇ، دېرىزە تەكچىسىدىكى چىنىنى ئىشارەت قىلىپ قويۇپ، تەمبۇرنى چېلىۋەردى. ساقى ھاراقنى چىنىگە قويۇپ ئارقىسىغا مېڭىشى بىلەنلا، كامىل ھېچكىم دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇچۇق دېرىزىدىن ئۇنى سىرتقا تۆكۈۋېتەتتى. ئارىلىقتا، سازچىلار ئۇسسۇل پەدىلىرىگە چېلىشى بىلەن، ئوتتۇرىدىكى ئۇستەللەر سىرتقا ئەپچىقىۋېتىلىپ ئۇسسۇل باشلىنىپ كەتتى. بەزى ئوقۇتقۇچىلار تالاغا ئۆلگۈرەلمەي كارىدورغا ياندۇرۇۋېتىشتى. ھەممىسى ۋارقىرىشاتتى، پىرقىراپ كۈلۈشەتتى، ئۇيۇر - تويۇر بولۇشاتتى. قىسقىسى ئوقۇتقۇچىلار بىر توپ ساراڭغا ئايلانغانىدى.

— ئەپەندىلەر، ھاي ئەپەندىلەر، — دېدى يەر دەسسەپ تۇرالمايۋاتقان

تۆراپ ئىمىن، — ھازىر ئىدارە - جەمىيەت كادىرلىرىغا ئاق كىنىشكا تارقىتىلدى. ئۇلار ئەتىگەندە، چۈشتە، كەچتە ئوغۇت تېرىپ شىياۋدۈيلەرگە ئۆتكۈزىدۇ. . . ئەمدى سىلەرگىمۇ تارقىتىمىز. . . شىياۋدۈيلەرگە ئوغۇت ئۆتكۈزۈپ، ئاق كىنىشكىلارغا يازدۇرسىلەر. . . بۇنى يىل ئاخىرىسىدا خۇلاسە قىلىمىز. . .

— چاتاق يوق، تۇشۇجى، چاتاق يوق. . . — دېدى مۇدىر مەيدىسىگە ئۇرۇپ.

— سەنمۇ، — دېدى تۆراپ ئىمىن پەرمانشاغا قولىنى چىناپ، — قوناق، بۇغداي ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىساڭ، يەرنى. . . تا. . . تارتىۋالىمەن. . .

تۆراپ ئىمىننىڭ بۇ گېپى بىلەن خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيۇۋەتكەندەك، سورۇننى جىمجىتلىق قاپلىدى. ھەممە بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇنجۇقۇپ كېتىشتى. لېكىن پەرمانشا كەيپىياتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، قولىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى:

— ھازىر تانسا باشلايمىز! . . .

ھېكمەت كامىلغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. مەيدانغا چۈشۈۋالغانلار بىر - بىرىگە ئۇرۇلاتتى، سوقۇلاتتى. ساز نەدە، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى نەدە؟ بىلگىلى بولمايتتى. بولۇپمۇ قۇتبىرەمنى قۇچاقلىۋالغان تۆراپ ئىمىن خۇددى ئەترەت باشلىقلىرى ئەزالارغا چام ئايرىپ بەرگەندەك، پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يوغان - يوغان چامداپ، ئەلەڭ - سەلەڭ مېڭىپ يۈرەتتى. تانسا ئاياقلىشىشى بىلەن، تەرلەپ كەتكەن قۇتبىرەم يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە، ھېكمەتنىڭ قېشىدا ئولتۇردى. ئۇ، نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلىدى، ھەتتا ھېكمەتنىڭ قولىنى تۇتۇپ كۈلۈپ كەتتى. بۇ ھەرىكەتلەر گۈلزىبانىڭ ئۆتكۈر نەزەرىدىن چەتتە قالمىدى.

— جۇرۇڭا تانسا ئوينايلى، — دېدى قۇتبىرەم ھېكمەتنىڭ قولىنى تارتىپ، — ئۇرۇمچىلىكلەر يە بىزدەك تومپايلارنى ياراتمامسىلەر؟ . . .

ئىلاجسىز قالغان ھېكمەت خىجىللىق ئىلكىدە ئورنىدىن تۇردى. ئۇ تانسا ئويناۋېتىپ، گۈلزىبانىڭ مۇراتنىڭ قولىقىغا بىر نېمە دەۋاتقانلىقىنى

كۆرۈپ قالدى. ھېكمەت تانسا ئاياغلىشىپ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشى بىلەن، مۇرات ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئۇبدانلا تەڭشىلىپ قالغانىدى.

— مېنىڭ بىر تەلىپىم بار، كۆپچىلىك قانداق قارايدىكىن؟ — دېدى مۇرات كۈلۈپ تۇرۇپ، — ھېكمەت گارمۇن بىلەن بىر يالغۇز ناخشا ئورۇنداپ بەرسە قانداق دەيسىلەر؟

كۆپچىلىك قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈشتى. ھېكمەت ئۆزىنىڭ ناخشا بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، خېلى تىركىشىپ باققان بولسىمۇ، مۇدىرنىڭ ۋارقىراپ - جارقىرىشىدىن ئامالسىز ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا، قۇتبىرەم ئورۇندۇقنى سازچىلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ بولغانىدى.

— ۋىيەي نېمانچىلا تارتىنىسىز؟ — دېدى قۇتبىرەم ھېكمەتنىڭ قولىدىن تارتىپ. . .

ھېكمەت ئىلاجىسىز گارمۇننى قولىغا ئېلىپ، قىزارغىنىچە بىر دەم تۇردى. ئاندىن بارماقلىرى گارمۇن تىللىرىدا ئوينىدى. ئۆزىنىڭ كەشپىياتىدىن مەمنۇن بولغان گۈلزىبا قۇتبىرەمنىڭ قىلىقلىرىدىن كۆڭلى خىرە بولغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خۇشال ئىدى. ھېكمەتنىڭ ئاستا ئەمما مۇڭ بىلەن باشلانغان ناخشىسى گويا تۇمانلار ئىچىدىن بارا - بارا كۆتۈرۈلۈۋاتقان تولۇن ئاينى، ئۇنىڭ تىنىق كۆلدىكى نۇرلۇق شولىسىنى ئەسكە سالاتتى. . .

بۇلبۇللار سايرىسا گۈلشەنلەر ئارا،
ياڭرىتىپ ناخشامدا سېنى كۈيلەيمەن.
ئامرىقىم ئىشقىڭدا كۆيگەن گۈلۈڭمەن،
ھەر تاڭدا ئويغىنىپ سېنى ئەسلەيمەن. . .

گۈلزىبا ھېكمەتنىڭ ھېس - تۇيغۇلارغا كۆمۈلگەن قەلبىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ ناخشىسىنىڭ قايتۇرمىسى، ئەۋجىسى، پائۇزىلىرىغا ماسلاشقان مىسكىن قىياپىتى، بېشىنى يېنىك چايقاپ يۇزلىرىنى گارمۇن كارنىلىرىغا يېقىنشىدىن، راستىنلا ئۇنىڭ كىمنىدۇر

ئەسلەۋاتقانلىقى، چىن يۈرىكىدىن تاقەتسىز سېغىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى...

شامالالار ئويناتسا بۇدرە ساچىمنى،
كەلدىمۇ يارىم دەپ يولغا قارايمەن.
يۈرىكىم رىشتىسى سەندە بولغاچقا،
ھەر تاڭدا سېغىنىپ سېنى ئەسلەيمەن.

ئىشخانا ئىچى بىردىنلا گۈلدۈراس ئالقىشلار بىلەن ياڭرىدى. ھېكمەت كۆپچىلىككە تەزىم قىلغاندىن كېيىن، ئورۇندۇقنى سۈرۈپ ئۆز ئورنىغا كەلدى، بىر قىسمىلا بولۇپ قالغان قوتىبىرەممۇ ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. بۇنى كۆرگەن گۈلزىبا ئاستىلا ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

— ئەجەب بىر شېرىن غەزەلكەنغۇ بۇ؟... — دېدى تۇراپ ئەمىن چىنىدىكى ھاراقنى كۆتۈرۈپ، — لېكىن ھاراق ئىچمەيدىغان خۇيۇڭ يامانكەن ئەمەسما!...

— ئىچىدۇ شۇجى، ئىچىدۇ... — دېدى مۇدىر بىر چىنە ھاراقنى ھېكمەتكە تەڭلەپ، — مانا بۇ شۇجىنىڭ كۆڭلى، ئىچمىسەڭ، شۇجىغا ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ...

ھاجە يالتۇرۇپ مۇدىرنى يۇمشىتالمىغان ھېكمەت كۆزىنى يۇمۇپ بىر چىنە ھاراقنى ئىچتى. لېكىن ئۇ ئاغزىنى تۇتقىنىچە سىرتقا چىقىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن كۆپچىلىك پاراقلاپ كۈلۈشتى.

ھېكمەت ناھايىتى بىئارام بولۇپ كەتتى. ئۇ سەگىدەش ئۈچۈن بىنا ئارقىسىدىكى كۆچەتلىكنى ئايلىنىپ، قىزىلچا ئېتىزلىقىغا چىقىپ قالدى. بىر تەرىپى داتلاشقان ئاي رەجەپ بەنجاڭنىڭ قوتىنى ئالدىدىكى ئېگىز قارىياغاچنىڭ ئۇچىغا قونۇۋالغانىدى. ئاينىڭ سوغۇق سىرلىق نۇرىدا ئاپتاپپەرەسلىك، قوناقلىق ھەم جىگدە قاتارلىرى سۈرۈن ھاۋارەڭ تاۋلىنىپ تۇراتتى. ھېكمەت قىزىلچا ئېتىزلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئېرىق

بويىدا ئولتۇرغان بىر قارا كۆلەڭگىنى كۆرۈپ قالدى. كۆلەڭگىنىڭ ئىخچام گەۋدىسى، يۇمىلاق مۈرىلىرى، چاچ ئىزنالىرى، ئۇنىڭ ئابالى كىشى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ھېكمەت ئاستا ئارقىسىغا قايتتى. بۇ چاغدا، قارا كۆلەڭگە قايرىلىپ قارىغاندەك قىلدى.

بۇ كۆلەڭگە زادى كىم بولدى؟ . . . بۇ ئەلۋەتتە كىتابخانىلىرىمىزغا ئايان بولغان ھەسرەتلىك ناتىۋان قىز گۈلزىبا ئىدى! ئۇ قانداق قىلىپ، نېمە ۋەجىدىن يەككە - يېگانە، يالغۇز ئايغا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرۇدىكىنە؟ بۇنى گۈلزىبا ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ.

گۈلزىبانىڭ ئىچى سىقىلىۋاتقانلىقى ئېنىق! . . . قانداقتۇر بىر كۈچ، قانداقتۇر ئىزغىرىن شامال ئۇنىڭ يۇمران يۈرىكىنى سىيلاپ تۇرۇپ، نەشتىرىنى سانجىيتتى. . . ئەركىلىتىپ تۇرۇپ مۇجۇيتتى. قويۇنغا ئايلانغان خىيال توزانلىرى ئىچىدە، گاھ قۇتىبىرەم كۆرۈنسە، گاھ مۇرات: «ئۇنىڭ سۆيگىنى بار» دەپ بوقايتتى، تۇرۇپلا ھېكمەتنىڭ نومۇسچان چىرايى لىپ قىلىپ پەيدا بولسا، ئۆگەي دادىسى قايىتنىڭ بەتبەشىرە قىياپىتى ئايان بولاتتى. . . نامراتلىق يېقىپ تۇرغان ئۆي، ياش تۆكۈپ تۇرغان ئاغرىقچان بومەرەخان بۇ توزانلار ئىچىدە ھەممۇ دەم كۆزگە چېلىقاتتى. . . .

گۈلزىبانىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆزۈلمەي تۆكۈلۈپ تۇردى. شۇنداق، ئۇنىڭ كۆڭۈل پىنھانىدا بوران چىقىۋاتاتتى. بۇ بوران ياخشىلىقتىن بىشارەتمۇ ياكى يامانلىقتىنمۇ؟ بىلگىلى بولمايتتى. . . زىددىيەتلىك سەۋداغا تولغان بۇ جاھاننىڭ ئۆرلۈك - تۆۋەن قىسمەتلىرىنى كىم بىلىپ بولغان؟ . . .

كۆزنىڭ ئاچچىق شامىلى سارغايغان تەبىئەتنى قامچىلاپ، قارا يەرنى باغاشلاپ ئۆتمەكتە ئىدى. . . بۇ شاماللار ۋۇجۇدى پاك بىر يىگىتنىڭ سۆيگەن قىزىغا دەۋاتقان «يۈرىكىم رىشتىسى سەندە بولغاچقا، ھەر تاڭدا سىغىنىپ سېنى ئەسلەيمەن. . .» دېگەن كۆڭۈل ئىزھارىنى ئېلىپ كەلگەندەك قىلاتتى. . . بۇ راستىنلا شۇنداق ئاڭلىنىۋاتامدۇ ياكى گۈلزىباغا شۇنداق تۇيۇلۇۋاتامدۇ؟ . . .

«ۋاي خۇدايىم، ماڭا نېمە بولغاندۇر؟» گۈلزىبا قورقۇنچلۇق چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك سىلكىنىپ كەتتى. مەن نېمانچە سىقىلىمەن... قورقىمەن... ئەندىشە قىلىمەن؟... بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟... ياكى مەن... ياق، ياق... بۇ بەك نومۇس، دەھشەتلىك، ئۇيات... مەن ھېچنېمە... ھېچنىمە بولمىدىم... بۇ پەقەت چوڭقۇر ھېس - تۇيغۇلار مۇجەسسەملەنگەن ناخشىنىڭ قەلبىمنى بىردەملىك تەۋرىتىشى... مەن ھېچكىم بىلەن ھەتتە ھېكمەت بىلەنمۇ گەپلەشمەيمەن... ئۇنىڭ يۈزىگە قارىمايمەن...

ئاھ، گۈلزىبا، گۈلزىبا! ! ھەي شەرم ھايالىق قىز!... سەن بۇ سەۋدادىن ئۆزۈڭنى قاچۇرما! قاچۇرۇپمۇ قېچىپ بولالمايسەن!... بۇ بىر ئۇلۇغ روھ، پېقىر ساڭا خەيرلىك تىلەيدۇ!... كېيىنكى ئىشلىرىڭ خەيرلىك بولسۇن!... سەن 18 ياشقا كىرگىچە كۆڭۈل بېغىڭغا بۇلبۇلمۇ قوندۇرمىغانىدىڭ... مانا ئەمدى سېنىڭ كۆڭلۈڭنىڭ تىنىق كۆلىگە تاش چۈشتى...

گۈلزىبا ئەتىسى ئەتىگەن دالىڭ ئۇرۇلۇشى بىلەن، ئىشخانىغا سىياسىي ئۆگىنىشكە كىردى. لېكىن ئۇ ھەببە خانىمنىڭ ئۈستىلىگە قايرىلىپ قارىمىدى!... بىر سائەتلىك ئۆگىنىشتىن كېيىن، گۈلزىبا ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ: ئۆز ئىختىيارلىقىغا بويسۇنمايۋاتقان بىر خىل كۈچ تەسىرىدىن، بەشىنچى ئۈستەلگە قاراپ قويدى. لېكىن ئۇ يەردە ھەببە خانىم يالغۇز ئولتۇراتتى...

گۈلزىبا چۈشكىچە ئۈچ سائەت دەرس ئۆتتى. ھەر قېتىملىق تەنەپپۇستا ئىشخانىغا كىردى، لېكىن ھېكمەتنى ئۇچراتمىدى. ئۇ كۆڭلىدە، «ھاراق ئىچىسكەن ئادەمگە بۇ خەق زورلاپ ئىچۈرۈپ، مانا ئەمدى...» دەپ ئويلىدى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا، ئۇنى ئاشخانىدا ياكى ناۋايخانىدىمۇ كۆرمىدى. چۈشتىن كېيىنكى ئىككى سائەت دەرس، بىر سائەت مۇزاكىرە تۈگەپ، دىجورنى بالىلار سىنىپ، ياتاق، مەيدان تازىلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. قالغان ئوقۇغۇچىلار ئوغۇت توپلاش ئۈچۈن، تەرەپ - تەرەپلەرگە تېرىلىپ كەتكەنىدى.

كەچ تەرەپتە، گۈلزىبا ياتىقىدا تاپشۇرۇق تەكشۈردى. كېيىن كۆڭلى جايىدا بولمىغاچقا، سىرتقا چىقىپ كامىللارنىڭ ياتىقى تەرەپكە قاراپ قوياتتى. ئىشىكى ئالدىدىكى مەش، ئوچاقلارغا قازان ئاسقان مۇئەللىم، خانىملار تاماق ئېتىۋاتاتتى. . . ئۇ، تۇيۇقسىزلا كامىلنىڭ ياتىقىدىن چىققان قوتىبىرەمنى كۆرۈپ قالدى. نېمە ئۈچۈندۇر گۈلزىبانىڭ تېنى قۇرۇلغاندەك بولۇپ، ئىچىدە: «ھېكمەت مېنىڭ سىنىپىمغا قوشۇمچە سىنىپ مۇدىرى تۇرسا، نېمە ئۈچۈن بارمايدىكەنمەن؟ . . .» دېدى - دە، كامىلنىڭ ياتىقىغا كەلدى. كامىل ئۆزى يالغۇز دەرس تەييارلىقى قىلىۋاتاتتى.

— كېلىڭ، كېلىڭ گۈلزىبا! — دېدى كامىل ئورنىدىن تۇرۇپ، — قېنى ئولتۇرۇڭ. . .

— كامىل، — گۈلزىبا بىردەم توختىۋالدى، — ھېكمەت كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

— مەن ئەته بالا يىغقىلى چىقماقچى ئىدىم. . . ئۇنى سىنىپىمغا قارىغاچ تۇرارمىكىن دەپ. . .

— ۋوي، تېخى خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟ — دېدى كامىل ھەيران بولۇپ، — توغرا، ئاخشام سىز بالدۇرلا چىقىپ كېتىپسىز. . . ناھىيىدىن بىر خىزمەت گۇرۇپپىسى تەۋەككۈل، ئىسلامئاباتلارغا مائارىپ خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كىرمەكچى ئىكەن، ھەر بىر مەكتەپكە بىردىن ئادەم ئايرىپ بېرىشنى ئېيتىپ ئۇقتۇرۇش ئەۋەتىپتۇ. شۇڭا، مۇدىر ئاخشاملا ھېكمەتكە ئۇقتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ناھىيىگە كىرىشنى ئېيتقان.

— قاچانراقتا ماڭدى؟

— ئەتىگەنلا كېيىم - كېچەكلىرىنى، ئېغىز گارمونىنى سومكىسىغا سېلىپ، خوجىلىقتىن پۇل، ئاشلىق بېلىتى ئاجرىتىپ كېتىپ قالدى.

— قاچان كېلىدىكەن؟

— ئۇنى بىلمىدۇق. بەلكىم بىرەر - ئىككى ئايلىق بولسا كېرەك.

گۈلزىبانىڭ گويا بىر نەرسىسى يۈتۈپ كەتكەندەك، كۆڭلى بىر

قىسمىلا بولۇپ قايتىپ چىقتى. . . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۆزىتىپ چىققان كامىل ھېچنىنى بىلمەي - بىلمەس ئېغىتىپ، بوسۇغىدا قالدى. . .

# بالىلىق كەچمىشلەر

شەنبە ئىدى. گۈلزىبانى ئېشەك ھارۋىسىغا سېلىپ قويغان كامىل بىلەن مۇرات كۆن ئولتۇرۇشقا يېقىن شەھەرگە كىرىپ كەلدى. گۈلزىبا ئۇلارنى خوتەن مېھمانخانىسى ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى، ئۇ كامىل ھەم مۇراتنىڭ بوينىغا ۋە يەل - يېمىش قاچىلانغان سېۋەتلىرىنى تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئۈچىلىسى گۈلباغدىن پەسلەپ چۈشۈپ، ئاممىۋى كىنوخانا ئالدىدا توختاشتى. . . كىنوخانىنىڭ ئېلان تاختىسى ئەتراپىغا ئادەملەر توپلىشىۋالغانىدى، مۇرات ئادەملەرنىڭ مۈرىسىدىن بويۇنداپ قارىغاندىن كېيىن قايتىپ كەلدى. كامىل بىلەن مۇرات ناگان - ناگاندا بىرلىكتە كىنوغا كىرەتتى، بەزىدە گۈلزىبانىمۇ ئۆيىدىن چاقىرىۋالاتتى. . .

— چاۋشىيەنىنىڭ «گۈل ساتقۇچى قىز» دېگەن كىنوسى بار ئىكەن، كىرەمدۇق؟ — دېدى مۇرات سائىتىگە قاراپ، — كىنو باشلىنىشقا يەنە ئىككى سائەتتەك ۋاقىت بار ئىكەن، مەن ئۈچ بىلەت ئېلىپ، سىلەرنى مەشەدە ساقلايمەن. . .

— كەچتە قانداق كېتىمەن؟. . . سىلەر ئۆزەڭلار كىرىڭلار! — دېدى گۈلزىبا ئىككى تايىن بولۇپ.

— ۋاي - ۋۇي، خۇددى ئاپىرىپ قويمىغاندەك گەپلەرنى قىلىدىكەن، — دېدى مۇرات ئاچچىقلاپ، — ھېلىمۇ ئۆيىڭىز ئىككى قەدەم ئارىلىقتا بولغىنى. . .

كەچتە، ئۈچىلىسى كىنوغا كىرىشتى. كىنو باشلانغىچە، ئۇلار پاراڭلىشىپ ئولتۇردى، نېمە ئۈچۈندۇر كامىلنىڭ كۆڭلى پەرىشاندەك كۆرۈنەتتى. مۇرات بولسا، ھېلى چاقچاق قىلاتتى، ھېلى قانداقتۇر ئاھاڭلارنى غىڭشىيتتى. . .

— ھەي، — دېدى كامىل بېشىنى كۆتۈرۈپ، — مۇدىرنىڭ نېمە قىلغىنى؟ ھېكمەت ئۇ ياقتىن كېلىپ بولغىچە، بۇ ياقتىن ئالۋاڭغا تۇتۇپ بېرىپ!... يا ئۇ بۇ يەرنىڭ ئەلىم-تەلىمىنى، ئوي-چۇقۇرىنى تولۇق بىلمىسە...

— شۇنى دېمەمسەن! — دېدى مۇرات ئاچچىق بىلەن، — ئالۋاڭغا گالۋاڭ كېرەك دېگەندەك، يەرلىك تىلنىمۇ سۆزلىيەلمەيدىغان ئادەمنى تەكلىماكانغا كىرگۈزۈپ... ھېكمەت راسا قىيىنىلىدىغان بولدى — دە! ئۆزىمىزغۇ ياۋاشراق كۆرۈنىدۇ...

— بۇ ياۋاشلىقتىن بولۇۋاتقان ئىش ئەمەس، — دېدى كامىل جىددىي قىياپەتتە، — مېنىڭچە ئۇ پەزىلەتلىك بالا، ئادەم ئەپتىدىن بىلىنۇر دېگەندەك، ھېكمەتنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى، باشقىلارغا بولغان مۇئامىلىسى، يۈرۈش-تۇرۇشلىرى، كۆڭۈل ئاياشلىرى ئۇنىڭ تەربىيە كۆرگەن، ئاق كۆڭۈل، بىلىملىك تەبىئىتىدىن بىر بىشارەت. ئۇ مۇدىرنىڭ تۇنجى ئىلتىجاسىنى رەت قىلىشنى خالىمىغان...

ئاسانلىقچە ئادەمگە باھا بەرمەيدىغان كامىلنىڭ ھېكمەت ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرى نېمە ئۈچۈندۇر گۈلزىبانى سۆيۈندۈرۈۋەتتى... ئۇ، تۇنجى قېتىم ياتىقىدا بولغان سۆھبەتنى، بالا يىغىش جەريانىدا ھېكمەتنىڭ تۇرمۇش، ھايات، دوستلۇق، بۇرچ توغرىسىدا ئاددىي، چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلىگەن سۆزلىرىنى يادىغا ئالدى.

كىنو باشلاندى! لېكىن گۈلزىبا كىنو تۈگىگۈچە ياش تۆكۈپ چىقتى. گۈل ساتقۇچى قىزنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر، 10 ياشلىق قارىغۇ سىڭلىسىنىڭ ئانىسىغا دورا ئېلىش ئۈچۈن، رەستىلەردە ناخشا ئېيتىپ پۇل تاپقانلىقى، يالغۇز ئاكىسىنىڭ سىڭلىسىنى قارىغۇ قىلىپ قويغان باينىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇۋېتىپ تۈرمىگە كىرىپ كەتكەنلىكى قاتارلىق كۆرۈنۈشلەر گۈلزىبانىڭ يۈرەك-باغرىنى ئېزىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىغا ئۆزىنىڭمۇ، ئانىسىنىڭمۇ دەرد-ھەسرەتلىرى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.

كىنو تۈگىدى. كامىل بىلەن مۇرات گۈلزىبانى ئۆيىگە ئاپىرىپ

قويغاندىن كېيىن، كەينىگە يېنىشتى. ئۇلار قىسىق دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە توختاشتى. چۈنكى مۇرات ئۇلاق تىرەپتىكى يولى تار، ئۆيلىرى زىچ بولغان «ئەخمەتجان» كوچىسىغا قايرىلىشى كېرەك ئىدى.

— مۇرات، جۇر بىزنىڭكىگە كېتەيلى! — دېدى كامىل مۇراتنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، — كېچىدە دەرۋازا قېقىپ يۈرمە.

— بولدىلا، مومايىنى ئاۋارە قىلىپ قويىمىز، — دېدى مۇرات ئىككى ئويلۇق بولۇپ.

— مەن ئاچامغا سېنىڭ كېلىدىغانلىقىڭنى ئېيتىپ قويغان. ئۇلارنىڭ خەۋىرى بار.

— ھەر قېتىم كىنوغا كىرگەندىلا سېنىڭ ئۆيۈڭدە قونسام، مومايىنى ئاۋارە قىلىشتىن خىجالەت بولىدىكەنمەن.

— ۋاي - ۋۇي، بۇنىڭ تارتىنچاقلىقىنى كۆرەيمۇ! خان ئانامنىڭ ئوتتۇرا كېچىگىچە كىتاب كۆرۈدىغانلىقىنى ئۆزەڭ بىلمەسەنغۇ؟ — دېدى كامىل جىلى بولۇپ، — سەندىن ئەنسىرەپ كەتكۈدەك ئادەملىرىڭ بولسىكەن كاشكى. . .

ئۇلار گۈجان دەرۋازىسىغا قاراپ مېڭىپ كېتىشتى. لېكىن، كامىل ئۆينىگە يېتىپ كەلگۈچە، ئۆزىنىڭ مۇراتقا قاتتىق گەپ قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويغانلىقىغا، بولمىغۇر بىر جۈملە سۆز بىلەن ئۇنىڭ كونا جاراھىتىگە تۇز سېپىپ رەنجىتكەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپ، دىلغەستە بولۇپ كەلدى. ئۇ ھەتتا ئىچىدە: «ئەخلاقسىز، پەزىلەتسىز، ھاماقەت ئادەمكەنمەن، قانداق قىلىپ، ئۆز دوستۇمنىڭ يۈرىكىگە تىل خەنجىرىنى سانجىدىم - ھە! . . . » دەپ ئۆزىگە ئۆزى كايىدى.

گۈجان مەھەللىسى گويا زور قىيان تۇپەيلىدىن چوڭقۇر يار بولۇپ قالغاندەك ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر كوچىغا جايلاشقان بولۇپ، پەستە ئىدى. ھويلىلاردىكى ئۆيلەر بىر-بىرىنىڭ ئۈستىگە گىرەلەشتۈرۈپ قويۇلغان چاقماق قەنتلەردەك، پەيدىنپەي ئېگىزلەپ باراتتى، ئەڭ ئىچكىرىسىدە باغلىرى بار ئىدى. يەل-يېمىشكە تولغان باغلار، باغ ئىشىكلىرى كوچىدىنلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كامىل قوش قاناتلىق دەرۋازا ئارىلىقىغا

قولىنى تىقىپ، قولۇپنى ئاچقاندىن كېيىن، مۇراتنى ھويلىغا باشلىدى. ھويلىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئالدى پېشايۋانلىق بولۇپ، يېشىل سىرلانغان قىيما شادىلىق رىشاتكىلار بىلەن ئىھاتە قىلىنغانىدى. بۇ رىشاتكىلار ئۈچ - تۆت باسقۇچلۇق پەلەمپەيلەر بىلەن ئېگىزلەپ چىقىپ، ھەر بىر ئۆينىڭ ئالدىدىكى سەيناغا تۇتىشاتتى. . .

ئۇلار ئايۋانغا كىرىپ كەتمەكچى بولدىيۇ، لېكىن باغقا تۇتاشقان ئەڭ ئېگىزدىكى ساراي ئۆينىڭ يورۇق دېرىزىلىرىگە قاراپ توختاپ قېلىشتى، موماي تېخى ئۇخلىمىغانىدى. كامىل بىلەن مۇرات بىر-بىرىنىڭ كۆزلىرىگە قاراشقاندىن كېيىن، مومايغا سالام بېرىش ئۈچۈن سارايغا كىردى.

گىلەملەر بىلەن ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرغان ساراي ئۆي كەڭ ھەم ئازادە بولۇپ، تام ئويۇقلىرىدا رەتلىك تىزىلغان قەدىمكى كىتابلارنىڭ ئۈستىگە ئۈچ قىرلىق يېشىل دۇخاۋا ياپقۇلار يېپىلغانىدى. بۇلۇڭدىكى قېلىن كۆرپىلەر سېلىنغان كات ئۈستىدە قوش ماموق ياستۇققا يۆلىنىپ كىتاب كۆرۈۋاتقان موماي ئۇلارغا كۆزەينەكنى ئۈستىدىن لەپپىدە قارىدى. گەرچە ئىككى ئويۇق ئوتتۇرىسىدا توك چىراغ يورۇپ تۇرسىمۇ، مېھراپ شەكىللىك تام ئويۇقىي تەكچىسىدە يەتتىنچى لامپا يېنىقلىق ئىدى. مومايىنىڭ ئاپئاق يۇمشاق چاچلىرى كۇمۇچتەك يالتىراپ، ئۇنىڭ سۇزۇك مەرمەردەك پاكىز يۈزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى، مۇلايىم قارا كۆزلىرىدە سېھىر ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. قاق رەڭ شايى لىباس، چۇچىلىق سۇس ھاۋارەڭ رومال ئىچىدە، گويا ئۇ جەننەت پەرىشتىلىرىدەك، خىزىر ئانىدەك ئولتۇراتتى.

— ئەسسالام خان ئانا، — دېدى مۇرات قول قوشتۇرۇپ، — ئۆزلىرىنى كېچىنى كېچە دېمەي، دىۋىدەك ئويقۇمدىن كېچىپ، يوقلاپ كەلدىم.

— قارا بۇ ھەزىلكەش ئوغلۇمنىڭ ئۇستاتلىقىنى! — دېدى موماي كۈلۈۋېتىپ، — ئۆندىن كۆرە، ئويۇن - تاماشامدىن كېيىن، ئۆزلىرىنى ئەسكە ئالدىم دېسەڭ بولمامدۇ؟ . . .

— يوغسۇ خان ئانا، يوغسۇ. . .

— بوپتۇ، سەن شوخلۇقۇڭ، ھەزىلكەشلىكىڭ بىلەن گۇناھىڭنى

ياپماقچى بولسەڭ، — دېدى موماي چاقچاق ئارىلاش، — لېكىن سېنىڭ «يوقلاپ كەلدىم» دېگەن ئاشۇ بىر ئېغىز سۆزۈڭنىڭ ئۆزىلا كۇپايە...

موماي بىردىنلا جىمىپ كېتىپ مۇراتقا قاراپ مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

شوخ ئېرۇرسەن شوخلۇقۇڭ قىلىشقا پاتماس ئەي ئوغۇل،
شوخلۇقۇڭ شاھ تاجىدەك مەڭگۇ ياراشقاي ئەي ئوغۇل.

كامىل مۇراتنى باشلاپ، ئايۋان ئارقىلىق كىچىك ھوجرىغا كىردى. ئاچىسى گىلەم ئۈستىگىلا ئورۇن سېلىپ قويغانىدى. مۇرات سىرتقى كىيىملىرىنى سېلىپ ئورۇنغا كىردى، لېكىن كامىلنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر قىلىپ يۈتۈۋالغاندەك كۆڭلى خاموش ئىدى. چۈنكى ئۇ دوستىغا «سەندىن ئەنسىرەپ كەتكۈدەك ئادەملىرىڭ بولسىكەن كاشكى» دېگەن سۆزنى قىلىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلماقتا ئىدى.

— مۇرات مېنى كەچۈر، — دېدى كامىل ئۇنىڭغا ئېگىلىپ، — بايىقى گەپ قانداق قىلىپ ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكىنىنى ئۆزەمۇ بىلمەيمەن...

— قايسى گەپنى دەيسەن؟

— بولدى خۇپسەنلىك قىلما...

— بولدى، بولدى، ئۇ گەپنى مەن ئۇنتۇپ كەتتىم... — دېدى مۇرات كۆزىنى يۇمۇپ، — سېنىڭ دېگىنىڭ ئەمەلىيەت تۇرسا...

— ئەمىسە رەنجىمىگىن، مېنى كەچۈر، — دېدى كامىل ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن خان ئانامغا ئاچچىققىنا چاي دەملەپ بېرىپ قايتىپ كىرىمەن...

كامىل چىقىپ كەتتى. مۇرات كۆزىنى يۇمغىنىچە ئېغىر خورسىندى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا، قەشقەر شەھىرىنىڭ ئوردا ئالدى دېگەن يېرىدىكى كىچىك بىر تار كوچا، ئۇ يەردىكى ئايۋان - سارايلىق كۆتۈرمە قورا، يېتىمچىلىكتە ئۆتكەن بالىلىق... پەيدا بولغانىدى.

... مەشۇت سودىگىرى قۇتلۇق تۆگىلىرىنىڭ كولدۇرمىلىرىنى

جاراڭلىتىپ، پات ـ پاتلا خوتەندە پەيدا بولاتتى. تەرەپ ـ تەرەپتىن ئاق ھەم سېرىق مەشۇت يىغىپ ئۇلارنى قەشقەرگە ئاپىراتتى. ئۇ ھىندى، كەشمىر، ئەرەب سودىگەرلىرىگە مەشۇتنى ئۆتكۈزۈپ، ھەسسىلەپ پايدا ئۈندۈرۈۋالاتتى... پاكى مەشۇتنى ئۇلارنىڭ ئۈنچە ـ مەرۋايىت، كەھرىۋا، زۇمرەتلىرىگە ئالماشتۇراتتى.

مۇرات بۆت ،اشقا كىرگەن يىلى، قۇتلۇق سودا ئىشى بىلەن ھىندىستانغا كەتكەنىدى. ئۇ كېتىپ ئارىدىن سەككىز ئاي ئۆتكەندە، خوتەندىن كەلگەن بىر ئايال قەشقەر مەھكىمە شەرئىيگە قۇتلۇق ئۈستىدىن ئەرز تۇتتى. بۇ ئايال يېشىغا يەتمىگەن بالىسىنى باغرىغا باسقىنىچە، مەھكىمە شەرئىي دەرۋازىسىدىن نېرى كەتمىدى. ئۇ، قۇتلۇقنى ئۆلدى دەپ ئاڭلىغانلىقىنى، شۇڭا، ئوغلىغا ۋە ئۆزىگە تېگىشلىك مىراسنى ئالغىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ چىڭ تۇرۇۋالدى. مۇرات، شۇ چاغدىكى مەھكىمە شەرئىيگە چاقىرىلغان ئانىسى پاتىگۈلنىڭ بوغۇلۇپ ـ تىلىقىپ تۇرۇپ: «ئۇنىڭ خوتەندىن ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغىنىدىن خەۋىرىم يوق...» دېگەن سۆزلىرىنى، يامغۇردەك تۆكۈلگەن ياشلىرىنى گويا چۈشىدىكىدەك ئەسكە ئالىدۇ...

غۇرۇر ھەم نومۇس پۈتۈن ۋۇجۇدىدا ئەقىدىگە ئايلانغان پاتىگۈل قۇتلۇق قايتىپ كەلگەن ھامان، خېتىنى تەلەپ قىلدى. قانچە يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپمۇ ئايالىنى يۇمشىتالمىغان قۇتلۇق ئۇنىڭ تالاق خېتىنى بېرىپ خوتەنگە كەتتى. ئۇ خوتەندە، ئاپارغان ماللىرىنى پۇل قىلىپ گەزمال دۇكىنى ئاچتى. ئازادلىقتىن كېيىن، شەخسىيلەر پاي قوشقان سودا بىرلەشمىلىرى قۇرۇلغاندا، قۇتلۇق بارلىق ماللىرىنى دۆلەتكە ئۆتكۈزۈپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ قالدى. مۇراتنىڭ قەشقەر پېداگوگىكا تېخنىكومىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرى ئىدى. ئۇ، مۇزىكىغا تولىمۇ ھەۋەس قىلغانلىقى ئۈچۈن، مۇزىكا كۇرۇژوكىغا قاتنىشىپ، مەكتەپ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئاساسلىق مۇزىكانتى بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ چالمايدىغان سازى يوق ئىدى. مۇرات قەشقەر پېداگوگىكا تېخنىكومىنى پۈتتۈرۈپ، خوتەنگە خىزمەتكە تەقسىم

قىلىنىپ كەلگەندە، قۇتلۇقنىڭ تۆت بالىسى بار ئىدى. قۇتلۇق مۇراتقا: «دەم ئېلىش كۈنلىرىڭدە شەھەرگە يېنىپ كىر!» دەپ تۇراتتى، ئۆگەي ئانىسىمۇ ئانچە هازازۇل ئايال ئەمەس ئىدى. لېكىن، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ خۇددى سۇ ئۈستىدىكى مايدەك ئۇلارغا ئانچە يۇقۇشمايتتى.

مۇرات ئانىسىنىڭ ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلىش، ئوقۇتۇش ئۈچۈن قانچە - قانچە تۈنلەرنى ئايىئاق تاڭلارغا ئۇلاپ، ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىقىنى قۇربان قىلغانلىقىنى ئۇنتۇمايدۇ. ئۇ، مۇراتنى ئۆگەي دادا قولىغا قاراتماسلىق ئۈچۈن، دوپپا، جەينىماز، داستىخانلارنى تىكىپ، پەرەنجىسىنى يۈزىگە يېپىنچە، قىش زىمىستانلاردا، تومۇز ئىسسىقلاردا، قار - يامغۇرلۇق جۇدۇنلاردا بازاردا بولاتتى. ياش ئانا شۇنداق قىلىپ ئوغلى ئۈچۈن، پەقەت ئەشۇ بىرلا ئوغلى ئۈچۈن تۇل ئۆتۈپ كەتتى...

سىرتتا شەپە ئاڭلاندى. مۇرات قىيان ئېلىشقا تەييار تۇرغان كۆزلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ئالمان - تالمان يانغا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالدى. ئۆيگە كامىل كىرىپ كەلدى. ئۇ مۇراتنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، چىراغنىمۇ ياقماي يېشىندى.

كامىل قاراڭغۇ تورۇسقا تىكىلگىنىچە ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇ، ھەر كەلىمە پەندى - نەسىھەتلىرىدىن ئۇنچە - دۇرلار تۆكۈلۈپ تۇرغان خان ئانىسىنى ئەسلىمەكتە ئىدى. موماي گەرچە 80 لەرگە ئۇلىشىپ قالغان بولسىمۇ، بىلىم تەھسىل قىلىشتىن قالمىغانىدى. ئۇ، كامىلنىڭ دادىسى ھەم ئانىسى شۇنداقلا ئۇستازى بولۇپ، كامىلنى ئەتلىمە گۆش ۋاقتىدىن باشلاپ باغرىغا تېڭىپ چوڭ قىلدى ھەم تەربىيىلىدى. كامىل خان ئانىسىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىنى ئەسلىگىنىدە، ئۇنىڭدىن پەخىرلەنمەي تۇرالمايتتى.

... قەشقەر خانلىق مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى مىركامىل ھاجى زامانىسىنىڭ ئىستىبداتلىق زاتلىرىدىن ئىدى. ئۇ بۇخارا، بومباي مەدرىسلىرىدە بىلىم تەھسىل قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قەشقەر ئۆلىمالىرىنىڭ تەكلىپ - ئىلتىجاسى بىلەن قەشقەردە قالغانىدى. ئۇنىڭ ياش خاتۇنى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئالتە ياشلىق قىزى

خاننىزاتخاننى ئۆزى تەربىيىلىدى، كېيىن ئۇنى قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇتتى. ئەقىل - پاراسەت، شەرم - هايا، ئاجايىپ ئىستېبدات هۆسنى كامالىغا يەتكەن خاننىزاتخانغا قوشلاپ گۈزەللىك تاجىنى كىيگۈزدى. . . ئۇ، «دىۋانى نەۋبەتى»، «دىۋانى زەلىلى»لەرنى قايتا - قايتا ئوقۇپ چىقتى. بولۇپمۇ مىر ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «خەزائىنۇل مەئانى»، «خەمسە»لىرى ئۇنىڭغا ياد دېگۈدەك بىرلۇپ كەتكەنىدى. خاننىزاتخان دادىسى هەم ئۇستازى بولغان مىركامىل هاجىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا پات - پاتلا كىرىۋېلىپ، «فىردەۋسى»، «هاپىز شىرازى»، «خىسراۋ دېهلەۋى»، «نىزامىي گەنجىۋى» قاتارلىق پارس شائىرلىرىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشتى. . .

بۇ چاغلاردا، خان يارلىقى بىلەن، قەشقەر خانلىق مەدرىسى قايتىدىن كېڭەيتىلىپ سېلىنىۋاتاتتى. تەرەپ - تەرەپتىن كەلتۈرۈلگەن مېمارلىق ئۇستىكارلىرى، نەققاشلار، ياغاچچىلار بەس - بەستە ئۆزلىرىنىڭ هۈنەرلىرىنى نامايىش قىلىپ، ئىشقا كىرىشىپ كەتكەنىدى. بىر كۈنى مىركامىل هاجى پەنجىرە مېهرابى ئويۇقلىرىغا نەقىش ئويۇۋاتقان ياش يىگىتنى ئۇچرىتىپ قالدى. مىركامىل هاجى گۈل - غۇنچىلار يوپۇرماقلار بىلەن گىرەلىشىپ گويا بوستانلىقنى ئەسلىتىدىغان يېرىم ئاي شەكىللىك ئويما نەقىشلەرگە قاراپ زوقلىنىپ كەتتى. ئۇ، كۆركەم، نەپىس نەقىشلەردىن كۆز قىيالمىغان هالدا يىگىتتىن سورىدى.

— ئوغلۇم، ئىسمى - شەرىپىڭىز كىم بولىدۇ؟ ئۆزىڭىز قايەرلىك؟

— ئىسمىم ئابدۇلەتىپ، دادام خوتەنلىك ئەمىردىن نەققاشى! . . .

— ئەمىردىن نەققاشى؟ — ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەندەك مىركامىل هاجىنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — ئەمىردىن نەققاشنىڭ ئوغلىمەن دەڭ! . . . قانداق، ئۇ زات هازىر ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇر؟

— يوقسۇ تەقسىر. . . ئىككى يىل ئالدىدا ئالەمدىن ئۆتتى. . .

— ئامىن، خۇدا جايىنى جەننەتتە قىلغايسەن! — مىركامىل هاجى دۇئاغا قول كۆتۈردى، — هەي. . . ئوغلۇم، دۇنيا دېگەن شۇ ئىكەن، بىز بۇ دۇنياغا، كېلىپ - كېتەر مېهمان ئىكەنمىز. . . ئانىڭىز بىلەن

ياشلىقىمىزدا يېقىن بۇرادەرلەردىن ئىدۇق.

ئانا يۇرت مېھرى كۆڭلىدىن بىر-بىر دەقىقىمۇ كۆتۈرۈلمىگەن مىركامىل ھاجى گويا گۆھەر تېپىۋالغاندەك، ئۆز بۇرادىرىنىڭ ئوغلى ئابدۇلەتىپ نەققاشىنى «يۇمىلاق شەھەر كۆل بېشى» دىكى ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى.

مىركامىل ھاجى ئابدۇلەتىپنى ناھايىتى ئوبدان كۈتۈۋالدى. خىزمەتچى ئايال لېگەن - قوشۇقلارنى يىغىشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار دۇئا قىلىشتى. نامازدىگەر بولۇپ قالغاچقا، ھاجى ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئابدۇلەتىپ ھويلىغا چىقتى.

ئېگىز ئەنجان تاملىرى بىلەن قورشالغان بۇ ھويلا ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ لېكىن پاكىز، كۆركەم ئىدى. بىنا ئىككى قەۋەت، بالىخانىلىق بولۇپ، ئۇنىڭ نەقىش بېشىل سىرلانغان ئىشىك - دېرىزىلىرى، قىيما تۈۋرۈكلىرى، ئاپئاق تاملىرى ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى كۆلدە ئۆز ئەكسىنى نامايەن قىلىپ، جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. كۆل ياقىلاپ كۆكىرىپ تۇرغان تەتۈرسۆگەتلەر يۇمران چوكان تالللىرىنى كۆلنىڭ تىنىق يۈزىگە تەككۈزۈپ، خۇددى ئويناشقاندەك، سۈزۈك سۇ يۈزىدە ئەجەپ - ئەجەپ ھالقىلارنى ھاسىل قىلاتتى...

ئابدۇلەتىپ كۆل بويىدىكى تاش سۇپىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغان بىر قىزنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ كەينىگە قايتىشنى ياكى ئالدىغا مېڭىشنى بىلەلمەي تۇرغىنىدا، قىز چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئابدۇلەتىپ 17 - 18 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ قىزنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، يەرگە قارىغىنىچە ئاستا دۇدۇقلىدى:

— ئەپۇ قىلىڭ! ۋاقتىسىز پىكرىڭىزنى چېچىپ قويدۇم...

— يوقسۇ! ... — دېدى قىز يىگىتنىڭ قامىتىگە زوقلىنىپ، — دادامنىڭ ئەزىز مېھمىنىكەنلا... ئىسىم - شەرىپلىرى ئابدۇلەتىپ ئەمەردىن نەققاشىغۇ دەيمەن...

— خوش...

خانىمزاتخان خېنىمنىڭ ئادەم ئەيمەنگۈدەك ھۆسن - جامالى،

سوباتلىق سىماسى ئابدۇلەتىپنىڭ تىلىنى لال قىلىپ قويدى. ئۇ شۇ كۈنى، قىزنىڭ ئىسمىنىمۇ سورىيالماي، يۈرىكىدە بىر پارچە ئوتنى بىللە ئېلىپ كەتتى. خەيرىيەت، مىركامىل ھاجىنىڭ مېھماندوستلۇقى، ئاتىدارچىلىق قىلىشى بىلەن، ئابدۇلەتىپ ئۇ ئائىلىنىڭ ئىززەتلىك مېھمىنى بولۇپ قالدى.

خانىمزاتخانمۇ ئۆزىنى ئانچە قاچۇرۇپ كەتمىدى.

تەقدىر - پىشانە شۇنداق ئوخشايدۇ. . . قەشقەرنىڭ ئانارلىق باغلىرى ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ، ئەتراپ گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، مىركامىل ھاجى قىزى خانىمزاتخان خېنىمنى ئابدۇلەتىپكە نىكاھلاپ بەردى.

ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ، مىركامىل ھاجى ئالەمدىن ئۆتتى. ئابدۇلەتىپ مېمارچىلىق سەنئىتىنى داۋاملىق ئۆگىنىش ھەم جاھان كېزىش ئىشتىياقى بىلەن خانىمزاتخاننى ئېلىپ، بۇخاراغا يول ئالدى. خانىمزاتخان بۇخارا مەدرىسىدە بىر يىلدەك تالىپە بولۇپ ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئۇلار 20 يىلدەك ئۆمرىنى پەرغانە، سەمەرقەنت، ئەندىجان قاتارلىق جايلاردا ئۆتكۈزدى. خانىمزاتخاننىڭ تۇنجى قىزى بەش يېشىدا قىزىل چىقىپ كېتىپ قالدى، ئىككىنچى قىزى يەتتە يېشىدا قارا كېزىك بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. . . پەرزەنتلىرىنىڭ ئوتىدا يۈرىكى خۇن بولۇپ كەتكەن خانىمزاتخان ئارىدىن تۆت يىل ئۆتكەندە بىر ئوغۇل تۇغدى، ئەر - خوتۇن ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ، ئوغلىغا راخمان (شەپقەتلىك) دېگەن ئىسىمنى قويدى.

«ئىنسان بالىسى ئەلنى ئەمەس، يەرنى سېغىنىدۇ، چۈنكى كىندىكتىن تۆكۈلگەن قان مېھىر بولۇپ يەرگە سىڭىدۇ. . . » دەيدىكەن. ئانا يۇرت مېھرى، كىندىك قان تۆكۈلگەن تۇپراق پىراقى قەلبىنى ئۆرتەپ، تاقەتسىز سېغىنىش ئىچىدە ئۆتتۈۋاتقان خانىمزاتخان بىلەن ئابدۇلەتىپ 10 ياشلىق ئوغلى راخماننى ئېلىپ، ۋەتىنىگە قايتىپ كەلدى. ئۇلار يەنىلا مەرىپەت بۆشۈكى بولغان قەشقەردە تۇرۇپ قالدى. ئابدۇلەتىپ مېمارچىلىق سەنئىتىدە نۇرغۇنلىغان شاگىرتلارنى يېتىشتۈردى.

خانىمزاتخان ئاتىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە تالىپلەرگە ئۇستاز بولدى. ئابدۇلەتىپ ئەمىردىن نەققاشى 58 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، خانىمزاتخان 20 ياشقا كىرىپ قالغان راخماننى ئېلىپ يۇرتى خوتەنگە قايتىپ كەلدى. بەش يېشىدىن باشلاپ ئانىسىنىڭ قولىدا تەربىيىلىنىپ ئەقىللىق چوڭ بولغان راخمان قەشقەردە پەننىي مەكتەپتە ئوقۇپ، ئۇنى يۇقىرى باھا بىلەن پۈتتۈرگەنىدى. ئۇ كېيىنلا دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇتقۇچى بولدى. ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆز مەكتىپىدىكى خىزمەتدىشى ھەنىپەگە ئۆيلەندى. ئۇلارنىڭ تۇنجى قىزى سەئىدە تۆت ياشقا كىرگەن يىلى، يەنە بىر ئوغۇل تۇغۇلدى، لېكىن ھەنىپە تۇغۇتتىن يېشىلەلمەي تۈگەپ كەتتى. سەئىدەنى ھەنىپەنىڭ يالغۇز ئانىسى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەتتى، ئوغۇلنى بولسا خانىمزاتخان ئېلىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا بوۋىسى مىركامىل ھاجىنىڭ نامى يادلانسۇن ئۈچۈن كامىل دەپ ئىسىم قويدى.

راخمان دارىلمۇئەللىمىندە گۈلزىبانىڭ دادىسى ئىنايەت ئەپەندى بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتكەن سىرداش دوستلاردىن ئىدى. ئىنايەت ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، راخمان قانىتى سۇنغان قۇشتەك بولۇپ قالدى. ئۇ، زامانىسىنىڭ تىلى ئۆتكۈر، زېھنى چوڭقۇر ناتىقلىرىدىن بولسىمۇ، مىجەزى ئىتتىك ئادەم ئىدى. راخمان ئىنايەتنىڭ ئۆلۈش سەۋەبلىرىنى كۆپ سۈرۈشتە قىلدى. ئاخىرى ئانچە ئېنىق بولمىغان يىپ ئۇچىغا ئىگە بولۇپ، ساقچى ئورۇنلىرىغا ئارقا - ئارقىدىن ئەرز سۇنۇپ، بېسىم ئىشلەتتى. ساقچى ئورۇنلىرى بۇ ئىشنى قانچە ياپقانسېرى، راخمان توي - تۆكۈن، زىيالىيلار ئولتۇرۇشلىرىدا سۆزلەپ، جامائەت پىكرى توپلىدى. بۇ چاغلار ئىلىدىن قوزغالغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شىددەت بىلەن ئۇلغىيىپ، جايلاردىكى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تەۋرىتىپ قويغان، خەلق قوزغىلىۋاتقان ئەڭ ھالقىلىق چاغلار ئىدى. نەتىجىدە، ئىنايەت ئۆلۈپ بىر يىلغا يەتمىگەن بىر يازلىقى، راخماننى تۇتۇپ كېتىشتى. مانا شۇندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھېچقانداق خەۋىرى بولمىدى. خانىمزاتخان نەۋرىسى كامىلنى يېتىلەپ تۈرمىلەرگە باردى، لېكىن تۈرمە باشلىقى

«راخمان تۆرمىدىن قاچتى» دېگەن بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ قويدى. ئىككى يىلغىچە ئوغلىنىڭ خەت - خەۋىرى بولمىغاندىن كېيىن، خانىمزاتخان خېنىم راخماننىڭ نەزىر - چىرىقىنى بەردى.

نەۋرىسى بىلەن تىكەندەك يالغۇز قالغان خانىمزاتخان خېنىم ھويلىدىكى بىر قاتار ئۆيلەرنى ئىجارىگە بەردى. ئۇ، قەشقەردىن كېلىپلا، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قەدىمكى يۇرتى لوپتىن يەر - زېمىن ئېلىپ قويغانىدى. ئۇ يەردىكى باغ - ۋارانلارمۇ ئانچە - مۇنچە بەرىكەت بېرىپ تۇراتتى. خانىمزاتخان خېنىم كۈنگەيدىكى باغقا پاسىلداش ئەڭ ئېگىز سارايدا داۋاملىق كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى. بەش ياشلىق نەۋرىسى كامىلغا كىتاب ئوقۇشنى، خەت يېزىشنى ئۆگىنەتتى. كامىلنىڭ يېشىغا ئەگىشىپ زېھنىمۇ چوڭقۇرلىشىۋاتقانلىقىنى سەزگەن موماي، ئۇنىڭغا ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەتتى.

كامىل چاپخانا مەكتەپنىڭ 2 - سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «خەزائىنۇل مەئانى» ، «خەمسە» داستانلىرىنى بابلار بويىچە ياد ئوقۇپ بېرەلەيتتى. نەۋرىسىنىڭ ئەقىللىق، ئەدەپلىك چوڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن كۆڭلى سۆيۈنگەن خانىمزاتخان خېنىم ئۇنىڭ زېھىن دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، سەدىردىن ئەينىنىڭ «ئادىنە» ، «بۇخارا» رومانلىرىنى ئۇنىڭغا ئوقۇشقا بەردى. ئۇ، كېچىلىرى نەۋرىسىنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا سېلىپ قويۇپ، ئۆزى تىڭشايتتى. بىر كۈنى ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ قالغان كامىل مومىسىنىڭ قېشىدا يېتىپ قالدى.

— خان ئانا، — دېدى كامىل يېنىدا كىتاب كۆرۈۋاتقان مومىسىغا قاراپ، — ئەسلىدە «خەمسە»نى* نىزامى يېزىپ بولغانىكەن، لېكىن نەۋائى يەنە نېمە ئۈچۈن «خەمسە» يازىدۇ؟...

— شۇنداق بالام، — دېدى خانىمزاتخان بىردەم ئويلىنىپ، — مىر ئەلىشىر نەۋائى ھەزرەتلىرى «خەمسە»نى نىزامىنىڭ «خەمسە»سىدىنمۇ ئاتامۇللاشقان قىلىپ يېزىپ چىقىشنى ئويلىغان. شۇڭا ئۇ شېئىرىيەت بابىدا نىزامىنى شىر ھېسابلاپ شۇنداق دېگەن:

ئىمەس ئاسان بۇ مەيدان ئىچرە تۇرماق،
نىزامى پەنجەسىگە پەنجە ئۇرماق.

— ئۇنداقتا، نەۋائى ھەزرەتلىرى باشتا ئۆزىگە ئىشىنەلمەپتىكەندە؟
— يوقسۇ بالام، ئۇ ئىنتايىن كەمتەرىن، كىچىك پېئىل زات ئىدى، — دېدى موماي كىتابنى ئۆيۈقچىغا قويۇپ، — كەمتەرلىك ئىنسانىيلىق زىننىتى. كەمتەرلىك بىلەن ياشىغان كىشى ھۆرمەت ۋە ئالقىشقا نائىل بولغۇسى. تەكەببۇر ئادەم كىشىلەرنىڭ سوغۇق نەزىرى ۋە توقا - لەنىتىگە قالغۇسى. . . قارا بۇ مىسرالارغا:

تەكەببۇر ئەيلىمە زىنھار مىگەرچە ئاسمان بولساڭ،
ئۆلەرسەن ئاقىبەت بىر كۈن سۇلايمان پادىشاھ بولساڭ. . .

يەنە ئۆلۈغلىرىمىز كەمتەرلىك ھەققىدە مۇنداقمۇ دېگەن:

قومۇشنى كۆرمىدىڭمۇ باش چىقاردى، بورىيا بولدى،
ئۇزۇمنى كۆرمىدىڭمۇ يەردە ياتتى، تۇتىيا بولدى.

— خان ئانا، «بورىيا»، «تۇتىيا» دېگەن نېمە ئۇ؟. . .
— قومۇش باش چىقىرىپ «قاراڭلار مەن ھەممىڭلاردىن ئېگىزمەن» دېگىنى بىلەن، ئاخىرى ئۇ بورا بولدى. تەك يەر باغاشلاپ ياتقىنى بىلەن، ئۈزۈمنىڭ يېمىشلىرى كۆزگە سۈرتكۈدەك تۇتىيا بولدى. . .
— چۈشەندىم، — دېدى كامىل مومىسىغا مېھىر بىلەن قاراپ، — قومۇش تەكەببۇرلۇقى بىلەن ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلاندى، تەك كەمتەر بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر نەزىرىدە ئۇلۇغلاندى. . .
— نەۋائى ھەزرەتلىرى، — دېدى موماي ئىپتىخارلىق بىلەن، — «چاھار دىۋان»نى يېزىپ، ھۈسەيىن بايقارا ئالىيلىرىغا سۇنغاندا، شاھ



ئۇنى ئۆز ئىچىگە سىڭدۈرۈپ، ئۆزى ئاتنى يېتىلەپ شەھەرنى بىر ئايلاندۇرغان. بولمىسا ھۈسەيىن بايقارا ئالىيلىرىمۇ ئىستېبداتلىق شائىر ئىدى. ھەتتا ئۇ نەۋائى ھەزرەتلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى كۆرۈپ تۈزىتىپ بېرەلەيتتى.

— پاھ، ھۈسەيىن بايقارا ئالىيلىرى شاھ تۇرۇقلۇق نېمىدېگەن كەمتەر - ھە! . . .

— قارا تەكچىگە، — دېدى موماي چەينەك بىلەن پىيالىنى كۆرسىتىپ، — ئۇلار قانداق تۇرىدۇ؟

— چەينەك گىدىيىپ تۇرىدۇ. . . پىيالە بولسا كەمتەر. . .

— لېكىن؟

— چەينەك پىيالىگە ئېگىلىدۇ. . .

— بولدى، ئۇخلا قوزام. . .

خانىمزاتخان مومايىنىڭ ئىستېتىك كۆز قاراشلىرى، ئىبرەتلىك ھېكايەتلىرى كامىلنى بارا - بارا كىچىك ئېقىنلاردىن چوڭ ئېقىنلارغا، چوڭ ئېقىنلاردىن دەريا دولقۇنلىرىغا شۇڭغىتىپ، ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ تەقدىر - قىسمەتلىرىنى تونۇتماقتا ئىدى.

كامىل ئون ياشقا قەدەم قويغان يىلى، خانىمزاتخان خېنىم 14ياشلىق سەئىدەنى قايتۇرۇپ ئەكىلىۋالدى. چۈنكى، سەئىدەنىڭ مومىسى تۈگەپ كېتىپ، ئۇ تۇغقانلىرىنىڭ قولىغا قالغانىدى. سەئىدە خانىمزاتخان مومىسىنىڭ قېشىدا ئىككى يىلدەك بىللە تۇرۇپ، خەت ساۋاتىنى چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئەتلەس كارخانىسىدا ئىشلىدى.

كامىل ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا، 18ياشلىق سەئىدەنىڭ تويى بولدى. لېكىن ئۇ ئېرى بىلەن بەش يىل ئۆي تۇتۇپ ئاجرىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ بۇ پاجىئەسىگە تۇغماسلىق سەۋەب بولغانىدى.

. . . باھار سەلكىنلىرىدەك ئىللىق، كەچكۈز شامallىرىدەك سوغۇق خىيال قۇيۇنلىرىغا ئەگىشىپ، كامىلنىڭ كۆزىدىن ئۇيقۇ قاچقانىدى. ئۇ يېنىدا بىر خىلدا پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان مۇراتقا قارىدى. كامىل ئىچىدە: «ئۇنىڭ گەرچە ئاتا - ئانىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىزىلىك يېتىم. . .»

دەپ ئويلىدى. تۇرۇپلا، كامىلنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا پەيدا بولدى، ئۇ ئېغىر خورسىندى. ئىسكىرىپكا چېلىپ تۇرغان ئانىنەنىڭ سۈرىتىنى «مېنىڭ ساۋاقدىشىم...» دېگەن ۋاقىتىدىكى ھېكمەتنىڭ قىزىرىشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە، ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق گۈلزىباغا ئىچى ئاغرىپ قالدى، چۈنكى بۇ گۈلزىبانىڭ تۇنجى قېتىم يۈرەك تارىلىرىنىڭ تىترىشى ئىدى.

## گۈلزىبا ۋە قۇتبىرەم

قارىسىز قارا سوغۇق بولۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھېكمەت مەكتەپكە قايتىپ كەلدى. ئۇ مۇدىر پەرمانشا بىلەن كۆرۈشۈپ چىققاندىن كېيىن، ئىلمىي مۇدىر زىكرۇللا غوجىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. ئىلمىي مۇدىر ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ھەم كېلەر - كەلمەيلا خىزمەتكە ئەۋەتكەنلىكىدىن كەچۈرۈم سورىدى. ئۇلار بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ھېكمەتكە دەرس تەقسىم قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختالدى.

— ھازىرچە بىرىنچى يىللىقلارنىڭ رەسىم دەرسى، يەنە ئىككى بىرىنچى يىللىق سىنىپنىڭ ئالتە سائەتتىن 12 سائەتلىك ئەدەبىيات دەرسىنى ئۆتكەچ تۇرسىڭىز قانداق؟ — دېدى ئىلمىي مۇدىر مەسلىھەت سالغان قىياپەتتە، — جەمئىي ھەپتىدە 17 سائەت دەرس ئۆتىسىز. ئەسلىدە دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ دەرسى 20سائەتتىن كەم بولمايدۇ... لېكىن سىز يېڭى كەلدىڭىز...

— بولىدۇ، قاچاندىن تارتىپ دەرسكە كىرىمەن؟

— بۈگۈن جۈمە، سىز يەكشەنبىگىچە دەم ئېلىڭ! — دېدى زىكرۇللا مەشتىكى ئوتنى كوچىلىغاچ، — ھە راست، سىز مۇراتنىڭ بىرىنچى يىللىق ئىككى سىنىپىدىكى ئەدەبىيات دەرسىنى ئۆتىسىز... چۈنكى ئۇنىڭ يوكى ئېغىر. بۇ چاغقىچە ئىككى خىل تەييارلىق قىلىپ كەلگەن، ئۇ ئەمدى ئىككىنچى يىللىقلارنىڭ گرامماتىكا دەرسىنى ئۆتىدۇ. ئۇندىن

باشقا، مەكتەپ سەنئىتىمۇ ئۆزىنىڭ زىممىسىدە.

— بولىدۇ، چىقسام بولامدۇ؟ — دېدى ھېكمەت كامىل، مۇراتلار بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىراپ.

— ھە توغرا، سىز يەنىلا گۈلزىبا خانىمنىڭ سىنىپىغا قوشۇمچە سىنىپ مۇدىرى.

— ئۇقتۇم. . .

ھېكمەت چوڭ ئىشخانىغا كىردى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دەرس ئۆتۈۋاتاتتى، ئىشخانىدا، توختى قۇربان، مەمتىلى ئىبراھىم، ساجىتخانلا بار ئىدى. ئۇلار ئىشخانىنىڭ ئوتتۇرىغا چوقچايتىپ قويۇلغان چوڭ مەشنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراتتى، ئەمەلىيەتتە بۇ مەش بولماستىن، بەلكى بېنزىن تۆڭىگە شالا بېكىتىپ، ئېغىز ئېچىپ قويۇلغانىدى.

ھېكمەت مۇئەللىملەر بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، دەرس سېتكىسىغا قارىدى، سېتكىدا كامىلنىڭ دەرسى يوق بولۇپ چىقتى. شۇڭا ئۇ ئالدىراپ ياتىقىغا ماڭدى. ئۇ كارىدور بويلاپ كېتىۋېتىپ، مۇراتنىڭ: «مانا بۇ تولدۇرغۇچى بولىدۇ» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇلۇپ قويدى. 1 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، گۈلزىبانىڭ: «جاراڭلىق ھەم جاراڭسىز تاۋۇشلار دېگىنىمىز. . .» دېگەن زىل ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

ھېكمەت ياتىقىغا كىرگىنىدە، كامىل ئىككى مەڭزى قىزىرىپ كەتكەن مەشتىن يىراق ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈۋاتاتتى، ئۇلار ئۆي ئوتتۇرىسىدىلا قۇچاقلىشىپ كېتىشتى. دەرۋەقە، ھېكمەت خوتەنگە كېلىپ تۇنجى تونۇشقان كامىل بىلەن مۇراتتا ئىجىل بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆيگە كىرىپلا كامىلنى قۇچاقلىۋالدى.

— جاپا تارتتىڭلا، -- دېدى كامىل ھېكمەتكە سىنچىلاپ قاراپ، — قارىداپ، جۇدەپ قالغاندەك تۇرىلا، قانداق، كېسەل بولۇپ قالمىغانلا؟

— يا، ياق. . .

-- ئۇ تەرەپلەر قانداقراق ئىكەن؟ . . .

ھېكمەت تەۋەككۇل، ئىسلامئاباتلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى، چەكسىز

قۇم بارخانلىرى، قىزارغان يۇلغۇنلار، سارغايغان توغراقلىقلار، قۇم توپىلىق يوللار، مارجاندەك ئېسىلىپ تۇرغان جىگدىلەر ھەققىدە ھاياجانلىنىپ سۆزلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش نامراتچىلىقى، ئاق توپىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇۋاتقان يېرىم - يالىڭاچ بالىلار، چالمىدا دوسكىغا خەت يېزىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار، پەنجىرە - دېرىزىلىرىمۇ يوق تۆشۈكلۈكلۈك قاراڭغۇ سىنىپلار توغرىسىدا سۆزلەۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكىنلى تاسلا قالدى.

— بولىدۇ، بۇ توغرىلىق ئايرىم سۆزلىشىمىز، — دېدى كاسىل سائىتىگە قاراپ، — مېنىڭ ئالتىنچى سائەتتە دەرسىم بار، ھە توغرا، ئۆزلىرىگە ئىككى پارچە خەت كەلگەنىكەن.

كامىل ئۇستەل تارتمىسىدىن ئىككى پارچە خەتنى ھېكمەتكە بەرگەندىن كېيىن، دەرسكە چىقىپ كەتتى. خەتلەرنىڭ بىرسى دادىسىدىن، يەنە بىرسى ئامىنەدىن كەلگەنىدى. ھېكمەت دادىسىدىن كەلگەن خەتنى تېزلا ئوقۇپ چىقتى. ئۇنىڭدا تىنىچلىق - ئامانلىق ئىكەنلىكى، چوڭ سىڭلىسىنىڭ پوپايكا زاۋۇتىدا ئىشلەۋاتقانلىقى، قىش كىرگەندىن بېرى ماشىنىچىلىق ھۈنىرىنىڭ ناھايىتى بېسىق بولۇپ كېتىپ، ئاپىسىنىڭمۇ ئايرىم ماشىنىدا تىككۈچىلىك قىلىۋاتقانلىقى قاتارلىق ئىشلار يېزىلغانىدى.

ھېكمەت ئامىنەنىڭ شاگىرتى مۇزىكا ئىنىستىتۇتىدىن يازغان خېتىنى قولىغا ئالدى. كونۋېرت ئۈستىگە ئادرېس خەنزۇچە يېزىلغان بولۇپ، ئاستىدا ئۇيغۇرچىسىمۇ بار ئىدى.

تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن خەت ئاددىيلا يېزىلغانىدى. ئۇنىڭدا پەقەت ھېكمەتنىڭ خېتىنى گۇلنىسا شاگىرتىگە ئەۋەتىپ بەرگەنلىكى، خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن قاتتىق تەسىرلەنگەنلىكى، چۈنكى بۇ خەت «سېغىنىشلىق سالام خەت» بولماي، بەلكى كۆجۈم مەھەللىلەر... قاراڭغۇ باغلار... مەجنۇن تاللار ئاستىدىكى تۈگمەنلەر... تاراملارغا بۆلۈنۈپ ئېقىۋاتقان سۇلار... تەسۋىرلەنگەن بىر پارچە «نەسىر» ئىكەنلىكى، ئەگەر خوتەن قىزلىرىمۇ مەدھىيىلىنىپ يېزىلغان بولسا، بۇ

خەتنىڭ مۇكەممەل بىر ئەسەر بولىدىغانلىقى قاتارلىق تاپا - تەنىلەرلا بار ئىدى. ئامىنە خېتىنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق سەھىپىلەر بىلەن چۈشۈرگەنىدى:

... «ھېكمەت سىز خېتىڭىزدە «خوتەننى بەجايىكى بىر باغ دەپ بىلىسىز، مەھەللىلەر، كەنتلەر، ئاددىي دېھقان ئۆيلىرى مانا ئاشۇ باغ ئىچىدىكى قەسىرلەر... » دەپ يېزىپسىز. شۇنداق، بەك «گۈزەلكەن»، ھېس قىلىشىمچە، سىز ئاشۇ گۈزەللىككە ئۆزىڭىزنى ئاتاپ، شاخلاپ مېۋە بەرمەكچى ئۇخشايسىز. لېكىن مەن ئۇنداق ئويلىمايمەن، دۇنيا ئۇلا ئەمەس. ئەگەر سىز شائىخەيىنى بىر كۆرگىنىڭىزدە، ئۇندىن كېيىن نېمىنى ماختاپ، نېمىنى قويىدىغانلىقىڭىزنى چۈشىنىپ يەتكەن بولاتتىڭىز. ھەيۋەت بىلەن ئېقىۋاتقان خۇاڭپۇجياڭ دەرياسى... نەچچە ئونمىڭ تونناژلىق پاراخوتلار... خۇاڭپۇجياڭ ساھىلىدىكى ۋەيتەن باغچىسى... تۈننى تاڭغا ئۇلاپ يورۇپ تۇرغان ئاۋات رەستىلەر... كۆك قەھرىنى يېرىپ قەد كۆتۈرگەن بىنالار... قىسقىسى، مەن بۇلارنى تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. مەكتىپىمىز گوياكى رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان جەننەتنىڭ ئۆزى. ھەر كۈنلۈكى تانسا، كۆڭۈل ئېچىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. مېنىڭ كۈنلىرىم شادلىق ۋە بەخت ئىچىدە ئۆتۈۋاتىدۇ...»

ھېكمەت خەتنىڭ ئاخىرقى سەھىپىلىرىگە يۈزەلا قاراپ چىقتى - دە، قاتلاپ ئۈستەلگە قويدى. خۇددى ئاغرىقتىن يېڭىلا تۇرغان ئادەمدەك، ئۇنىڭ چىرايى سارغىيىپ، كالپۇكلىرى تىترىدى... ماغدۇرى كەتكەن قوللىرى لاسسىدە بوشاپ، ئىچىدە ئاستا شىۋىرلىدى: «شادلىق ۋە بەخت ئىچىدە...»

ھېكمەت ئىنستىتۇتتىكى ئاخىرقى خوشلىشىش ئۇچرىشىشىنى ھەسرەت بىلەن ئەسكە ئالدى. ئەسلىدە ئۇ يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر پىنھانلىرىدا ساقلىغان قەلب سۆزلىرىنى، كەلگۈسى پىلانلىرىنى دەۋالماقچى ئىدى. لېكىن ئەكسىچە، بۇ ئۇچرىشىش كۆڭۈلسىزلىك، ئاچچىق تەنە ۋە دوق قىلىشلار بىلەن ئاخىرلاشتى. ھېكمەت ئامىنەنىڭ: «مانا ئەمدى ئىنستىتۇتتىمۇ تۇرالمايدىغان بولدىڭىز...»، «سىزنى

سۈرگۈن قىلدى، بىلەمسىز، سىزنى خوتەنگە سۈرگۈن قىلدى...»
دېگەن ۋاقىتتىكى سىزرۇن تەلەتىنى، ئاچچىقتىن قىسىلىپ كەتكەن كۆزلىرىنى، بويۇن قىپقىشلىرىنى تا ھازىرغىچە ئۇنتالمىغانىدى.

ياتاقتا ۋارقىرىغىنىچە سۇرات كىرىپ كەلدى - دە، ھېكمەت بىلەن قۇچاقلاشتى. ئۇنىڭ ئارقىدىنلا كامىلمۇ كىردى. ئەگەر ئۇلار كىرمىگەن بولسا، ھېكمەت يىغلىۋەتكەن بولاتتى. ھېكمەتنىڭ بىردەمدىلا ئۆزگىرىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرگەن كامىل ھەيران بولغىنىدىن ئۈستەلدىكى خەتلەرگە قارىدى.

— ھېكمەت، ئائىلىلىرىدە بىرەر ئەھۋال بولمىغاندۇر؟ — دېدى كامىل ھېكمەتنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ، — ھېلىلا بىر ئوبدان تۇراتتىڭلا.

— ھېچ ئىش يوق، — كۈلۈپ قويدى ھېكمەت، — ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تىنچلىق . ئامانلىق ئىكەن.

ھېكمەت خەتلەرنى يىغىشتۇرۇپ تۇرۇشىغا، ئۆيگە گۈلزىبا كىرىپ كەلدى. ئۇ، ئۈچىسىدا تەسقا كۆلرەڭ پەلتو كىيىۋالغانىدى، كونىراق بولسىمۇ ئېگىزكەلىرى ئاستىدىن چىقىۋالغان چاقماقلىق ياغلىقى، ئۇنىڭ سوغۇقتىن قىزىرىپ كەتكەن يۈزلىرىنى ناھايىتى ئوماق كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— ھاي ھالىڭ! ... — گۈلزىبانىڭ قويۇق كىرپىكلىك كۆزلىرى خۇمارلاشتى.

— ياخشىمۇ! ... — ھېكمەت گويا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى...

كامىل گۈلزىبانىڭ ئوتلۇق قاراشلىرىنى، ھېكمەتنىڭ گۇناھسىز بىچارە كۆزلىرىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئاچچىق ھەقىقەتتىن ئۆرتەندى.

— مەن ھاردۇق ئېلىش ئۈچۈن قويغانتىم، — دېدى گۈلزىبا ئېنىقلىق ئىلكىدە، — شۇڭا، ئۇچۇزلارنى چاقىرىپ كېلىشىم...

— ياخشى، — دېدى سۇرات چاققان ... — ھېكمەتنىڭ يۈزىدىن باھانىسىدا، بىز قارىمىغانلارمۇ شۇ ئىچىۋالىدىغانسىزغۇ! ...

— ھېكمەت ئۆزىلا بارمامدۇ؟ — دېدى كامىل ھېكمەتكە قاراپ

قويۇپ.

— ياق، ياق، بىللە بارايلى! — دېدى ھېكمەت ھودۇققاندەك قىلىپ، — مەن يالغۇز بارسام قانداق بولىدۇ؟ . . .

گۈلزىبانىڭ تىكلىنىپ تۇرغانلىقىنى، كامىلنىڭ «بارايلى» دېگەندەك مەنىلىك قارشىنى كۆرگەن ھېكمەت پالتۇسىكا چاپىنىنى كىيدى. قارا سوكنا بىلەن قاپلانغان، ئىچىگە پەس مويلۇق مېتىس قوي تېرىسى ئېلىنغان بۇ چاپاننى بۇلتۇر كۈزدە دادىسى ئەۋەتىپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئاپئاق قايرىلما ياقىلىرى، يەڭ ئۇچى ۋە پەش قىرلىرىغا تۇتۇلغان ئاق تېرە جىيەكلەر ماسلىشىپ تىكىلگەنلىكتىن، چاپان ھېكمەتكە تولىمۇ يارىشاتتى. كەڭ ئاق موي ياقا تۇپەيلىدىن بولسا كېرەك، بىردەمدىلا ھېكمەتنىڭ ئاق ئۈچكى ناۋاترەڭ تۈس ئېلىپ، قوشۇما قاشلىرى تېخىمۇ قارىداپ كەتكەندەك بىلىندى. گۈلزىبا ئىچىدە: «توۋا، كىيىم-كېچەكمۇ ئادەمنىڭ چىرايىغا ئاجايىپ تۈس بېرىدىكەنا!» دەپ ئويلىدى.

ئۇلارنىڭ ئەمدىلا ئورنىدىن قوزغىلىشىغا، بىر مۇنچە ئايال ئوقۇتقۇچىلار ۋاڭ-چۇڭ كۆتۈرۈپ، ياتاققا بېسىپ كىردى. ياتاقنىڭ ئىچى «ھارمىسىلا»، «ھارماڭ»، «ھارمىغايلا» دېگەندەك ھال سوراش سۆزلىرى بىلەن تولدى. ھېكمەت ھەممىسىگە جاۋاب بېرىپ ئۈلگۈرەلمەيلا قالدى. ئۇلار كارىۋات، ئورۇندۇقلاردا قىستىلىشىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، قۇتبىرەمنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— ۋاي خۇدايىم، ماۋۇ چاپان ھېكمەتكە شۇنداق يارىشىپتا! ھېكمەت ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كەلگۈدەك ئوماقلىشىپ كېتىپتۇ. . .

ياتاق ئىچىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— ھاي، ھاي قۇتبىرەم خانىم، يەنە ھېكمەتنىڭ بىر يېرىنى چىشلىۋالماڭ! — دېدى مۇرات چاقچاق قىلىپ.

ياتاق ئىچىدە قىقاس-چۇقان كۆتۈرۈلدى.

— چىشلىسەممۇ سىزنى چىشلىمەسمىنا. . . — ھەممە ياتاقنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك كۈلۈشتى.

— سىز مېنى ئەمەس ئىتنى چىشلىۋالسىڭىزمۇ، ئۇ ئون كۈنگىچە

يالغاندىن قاۋايدۇ...

ياتاق ئىچى كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن تولۇپ، بىردەملىك بولسىمۇ ھەممە شادلاندى. بولۇپمۇ، مۇراتنىڭ ئاخىرقى چاقچىقى ھەممىسىنىڭ كۆزىدىن ياش چىقىرىۋەتتى... باياتىندىن بېرى قۇتبىرەمنىڭ قىلىقلىرىدىن غىجىنىپ، ئىچى بىر قىسىملا بولغان گۈلزىبا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈۋەتتى.

ئاياللار جىمىقتى. لېكىن ئۇلار كېلىشىۋالغاندەك كامىلغا قاراشتى. كامىلمۇ «ئاخىرى دېگىنىڭلارنى قىلىپسىلەر-دە!» دېگەندەك بېشىنى ئېغىتىپ قويدى. ئەسلىدە، كامىل، مۇراتلار ئالتىنچى سائەتلىك دەرستىن چۈشۈپ ئىشخانىغا كىرگەندە، مەش ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان ئايال ئوقۇتقۇچىلار ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بائۇممە خانىمنىڭ 40 يۈەنگە ئالغان يۇڭ ياغلىقىنى قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ كۆرۈۋاتاتتى. بەزىلىرى بېشىغا ئارتىپ، تىكلىمە ئەينەك ئالدىدا ئۆزىنى كۆرەتتى. ئۇلار ياغلىقنىڭ ماركىسىغا قاراپ، بۇ ياغلىقنىڭ غۇلجا پوپايكا زاۋۇتىدىن چىققانلىقىنى بىلدى، ياغلىقنىڭ ئۇ يەردە ئەرزان ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆز قىلىشتى. يەنىلا قۇتبىرەم ئۇلار ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسەتكەندەك: «مەن ھېكمەتكە دەپ ئەكەلدۈرىمەن...» دېۋىدى، ھەممىسىلا بىر - بىرىگە قاراپ قېلىشتى. ئاخىرى ئۇلار كامىلغا يالۋۇرۇپ، ھېكمەتكە ئېيتىپ غۇلجىدىن ياغلىق ئەكەلدۈرۈپ بەرسىڭىز دەپ تۇرۇۋالغانىدى.

— مۇنداق ئىش ئىدى، — دېدى كامىل ھېكمەتكە قاراپ، — بۇ خانىملىرىمىزنىڭ بىر ھاجىتى بار ئىكەن، بىجا كەلتۈرگىلى بولارمۇ - بولماسمۇ؟...

— نېمە ئىش ئىدىكىن؟...

— خانىملىرىمىزنىڭ غۇلجا پوپايكا زاۋۇتىدا ئىشلەنگەن يۇڭ ياغلىقتىن ئەكەلدۈرگىسى بار ئىكەن، بۇلار مېنى سەل تەڭلىككە سېلىپ قويدى.

— قېنى خەت يېزىپ كۆرەيلىمۇ! — دېدى ھېكمەت سەل ئىككىلىنىپ، — توغرا، مېنىڭ چوڭ سىڭلىم ئىشۇ پوپايكا زاۋۇتىدا

ئىشلەيدۇ . . .

— ئەجەب ياخشى بولدى، — دېدى قۇتبىرەم چاۋاك چېلىپ، — سىڭلىڭىزنىڭ تولۇق ئادرېسىنى ماڭا بەرسىڭىز، خەتنى مەنلا يازسام قانداق؟

— بۇ . . . بۇ . . . — ھېكمەت قىزىرىپ كەتتى.

— قىزىق گەپ — دېدى مۇرات يۈز خاتىرە قىلماي، — تولۇمدىن توقماق چىققاندەكلا خېتىڭىز بارسا، ئۇلار نېمە دەپ ئويلاپ قالىدۇ؟ ھېكمەتنى نېمە چاغلاۋاتىسىز؟ . . .

— ئۇنداق قىلساق بولماس، — دېدى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى پاتەم، — ئەڭ ياخشىسى ھېكمەت ئۆزى ئالاقىلاشسۇن . . . ئاكا - سىڭىل ئوتتۇرىسىدا قىلىشىدىغان گەپلەرمۇ بولىدۇ . . .

— بىز سىزنى ئاۋارە قىلمىساق بولاتتى، — دېدى ھەبىبە خانىم، — بۇ يەردىن تاپماق تەس، بولغاندىمۇ شەخسلەرنىڭ قولىدا، مۇنداقراقلىرى 35 يۈەندىن، بولمىسا 40 - 45يۈەندىن. بىر ئايلىق مائاشىمىز دېگەن گەپ.

— ھەي، ھازىر قاراڭغۇ بازارچىلاردا ئىنساپ قالمىدى، — دېدى كامىل ئاچچىق بىلەن، — ئەگەر ھۆكۈمەت تۇسۇپ تۇرمىسا، ئۇلار ئادەملەرنىمۇ پۇتۇن يۇتۇۋېتىدىغۇ دەيمەن!

— ئەمىسە، مېنىڭچە مۇنداق قىلساق، — دېدى مۇرات سەل ئويلىنىۋېلىپ، — ھەر بىرىڭلار 15 يۈەندىن بەرسەڭلار، پوچتا ھەققىمۇ بار ئەمەسمۇ؟

— ياق، ياق بولمايدۇ، — دېدى ھېكمەت قولىنى سىلكىپ، — قاراڭغۇ بازارچىلار دېگەن 3 - 4 ھەتتا 5 - 6 ھەسسە پايدا ئالىدىغانلار. شۇنىڭغا قارىغاندا، ھۆكۈمەت باھاسى ئۇنچىۋالا قىممەت بولمىسا كېرەك.

— بولدى تالاشماڭلار، — دېدى كامىل ھەممىگە تەكشى قاراپ، — ھەر بىرىڭلار 10 يۈەندىن بەرسەڭلار بولارمىكىن دەيمەن. قانداق ھېكمەت؟

— بولىدۇ، سىڭلىم ئاشقىنىنى قايتۇرۇۋېتىدۇ. كەملىسە قاتىدۇ. مەن ئۇنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىمەن.

ئايال ئوقۇتقۇچىلار ياتاق ئىچىدە چۇۋۇلدىشىپ، بىرسى ماڭا سىدام يېشىلى لازىم دېسە، يەنە بىرسى بېغىررەڭلىكى دەيتتى. بەزىلىرى چاقماقلىق دېسە، گايى بىرلىرى ئانامغا پورەڭلىك تور رومال كىبرەك ئىدى، دەيتتى. ئاخىرى، ھېكمەت ئۇلارنىڭ كىمگە نېمە لازىم بولسا، رەڭ ھەم شەكىللىرىنى ئېنىق قىلىپ يېزىپ بېرىشلىرىنى ئېيتتى.

ئايال ئوقۇتقۇچىلار چىقىپ كېتىشتى. گۈلزىبانىڭ ھېكمەت، كامىل، مۇراتلارنى ياتىقىغا ئېلىپ كېتىشۋاتقانلىقىنى كۆرگەن قوتىبىرەم ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالغىنىچە، شالاقىدە قىلىپ يەرگە بىرنى تۈكۈردى - دە، ئىشخانا تەرەپكە ماڭدى.

گۈلزىبا بىلەن ھەبىبە خانىم قول - قولچە چىنىلەرگە تاماقنى ئۇسۇپ، ھەر بىرسىنىڭ ئالدىغا قويدى. ھور چىقىپ تۇرغان سۇيۇقئاشتىن ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغاپ، قورۇتۇلغان ئاشكۆكى ھىدى كېلەتتى. مۇرات قورۇنمايلا ئۈزى نان چىلىدى. گۈلزىبا ئۈچ دانە پىيالىنى ئۇستەلگە قويۇپ، ھېكمەتكە چاندۇرماي قارىۋالدى.

— ھېكمەت، پىيالىگە بۆلۈپ ئىچەمسىز؟ — دېدى گۈلزىبا قىزىرىپ، — ئاش بەك قىزىق ئوخشايدۇ...

— رەھمەت، ئاۋارە بولماڭ...

— ھېكمەت، — دېدى كامىل قوشۇقىنى چىنىگە تىكلەپ قويۇپ، — خانىملىرىمىز بولمىغۇر تەلەپلەرنى قويۇپ، ئۆزلىرىنى تەڭلىككە سېلىپ قويدىمۇ قانداق؟

— ئۇنداق ئەمەس، ئۆزەممۇ يەكشەنبە كۈنى ئاياغ ئېلىش ئۈچۈن شەھەرگە كىرمەكچى ئىدىم. شۇ پۇرسەتتە، خەت ھەم پۇللارنى سېلىۋەتمەكچىدىم!

— ۋۇي راست، — دېدى مۇرات كامىلغا، — ھېكمەتنىڭ ئىككى پارچە خېتىنى بەردىڭمۇ؟ ھېلىقى...

— بەردىم، — دېدى كامىل دەرھاللا گەپنى يۆتكەپ، — ھېكمەت كەتە شەنبە بىز بىلەن شەھەرگە بىللە كىرسىلە! مۇرات ئىككىمىز خان ئانامغا ئۆزلىرىنىڭ گەپلىرىنى قىلىپ بەرگەندۇق، خان ئانام باشلاپ

ئېلىپ كېلىشىمنى بەك تاپلاپ كەتكەنىدى.

قىزلار تۇنجى قېتىم يۈرىكىدە شېرىن ـ لەزىز بىر تۇيغۇنىڭ ئۆزگە ئارامسىزلىق ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگىنىدە، ئۇلار تولىمۇ زېرەك، تېتىك، سىنچى ۋە ھوشيار بولۇپ كېتىدۇ. مانا گۈلزىبامۇ مۇراتنىڭ خەت توغرىلىق قىلغان گېپىنى ئويلاپ، بولۇپمۇ «ھېلىقى. . .» نىڭ ئاخىرىنى دەپ بولغىچە، كامىلنىڭ سۆز كارۋىنىنى بۇراپ ئەپكېتىشلىرىدىن يۈرىكىگە يىڭنە سانجىلغاندەك بولۇپ، بىردىنلا جىمىپ قالدى. . . لېكىن كېيىنكى تەبىئىي باغلىنىپ كەلگەن كىتابلار توغرىلىق سۆھبەت گۈلزىبانى مەھلىيا قىلىۋالدى. كامىل «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانىدىكى ئاتابېك بىلەن كۈمۈش ئوتتۇرىسىدىكى پاجىئەلىك مۇھەببەتنى ناھايىتى ھېسسىياتلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى. بۇ ئارىلىقتا، مۇرات چىقىپ كېتىپ، ھايال ئۆتمەيلا گارمۇننى كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇ يانچۇقىدىن يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى.

— ئاغىنىلەر، ھەپتىدىن بېرى دەرس ئۆتۈپ ھېرىپتىمىز، چارچاپتىمىز، — دېدى مۇرات ئېگىز بۇرنىنى تاتىلاپ قويۇپ، — بۈگۈن مەشىدە بىردەم ھاردۇق چىقىرىمىز. . .

— مەن تۇخۇم قورۇپ بېرەي! — گۈلزىبا خوشاللىقىدىن دەرھاللا ئورنىدىن تۇردى، — بىردەمدىلا تەييار بولىدۇ. . .

— قېنى ئەمىسە، مەن باشلاپ بېرەي — دېدى مۇرات پىيالىگە ھاراق قۇيۇپ، — كەلمەمسىلەر؟ . . .

— ھەي مۇرات، سېنىزە، — دېدى كامىل كايىپ، — ھاراق دېسە ئۆزەڭنى زادىلا تۇتۇۋالالمايسەن! . . . بۇنىڭسىزمۇ. . .

— بولدىلا كامىل، سەن ئىچمىسەڭ، ھېكمەت ئىككىمىز ئىچىمىز، ئۇمۇ ئىچمىسە، مەن ئۆزەملا ئىچەي. . .

— مەن سېنى قاچان يالغۇز تاشلاپ قويغان؟ ئاز ـ ئاز قوي! ھېكمەتمۇ ئىچىدۇ، — دېدى كامىل ھېكمەتكە كۆز قىسىپ قويۇپ.

— سادىغاڭ كېتەي كامىل، ئەقىللىق كامىل، تالىپ مىجەز كامىل. . .

ئۆي ئىچىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. كۈلكە بىلەن تەڭ قوتبىرەم كىرىپ كەلدى. ئۇ، تەكەللۇپسىزلا ھەيبە خانىمنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى - دە، چىنىدە ھاراق تۇتۇپ تۇرغان ھېكمەتكە قاراپ قويدى.

— قاراڭ كامىل، — دېدى ھېكمەت ھاراقنى ئىچىۋېتىپ، — مەن «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانىنىڭ سلاۋىيان يېزىقىدىكى تىلــى ئۆزبېكچە نۇسخىسىنى كۆرگەن. . .

— سلاۋىيان يېزىقىنى تولۇق بىلەملا؟ . . .

— بىلىمەن، — دېدى ھېكمەت كۈلۈپ، — ئون ياش ۋاقىتلىرىمدا، دادام مېنى غۇلجا شەھىرىدىكى ستالىن مەكتىپىدە كەچ كۇرستا ئوقۇتقان. لېكىن ئەتىگەنلىكى ۋاقتىدا تۇرالماي، دەرسلەرگە تەمىــر يەتكۈزۈپ قويغانلىقىم ئۈچۈن چىقىرىۋالغان. . .

— ئۇنداقتا، چەتئەل تىلىدىن خەۋەرلىرى بار ئىكەندە؟

— ئانچە - مۇنچە، — دېدى ھېكمەت مۇراتنىڭ سۇنغان ھارىقىنى قولىغا ئېلىپ، — شۇ چاغلاردا ئوقۇغان «ماريا جەگۇر قىزى»، «سۇلۇۋ چاچ»، «زەينەپ ۋە ئامان»، «زىياد ۋە ئەدىبە» دېگەن كىتابلارنىڭ تىلى قازاقچە ھەم ئۆزبېكچە، لېكىن سلاۋىيان يېزىقىدا ئىدى.

— «سۇلۇۋ» دېگەن قانداق مەنىدىكى سۆز؟

— گۈزەل، بۇ بىرچە سۇمبۇل چاچ دېگەن مەنىدە! — دېدى ھېكمەت گۈلزىبانىڭ ئالدىغا چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىغا قاراپ قويۇپ.

— بۇ كىتابلارنى كۆرمەپتىكەنمەن، — دېدى كامىل قىزىقىپ، — ئۆزلىرىدە بارمۇ؟

— بار. . . كۆرىمەن دېسىڭىز بېرەي. . .

ئاز - ئازدىن ئىككى - ئۈچ نۆۋەت ئايلانغان ھاراق ھېكمەتنــى قىزىتىپ قويدىمۇ نېمە، ئۇ تارتىنماي، قورۇنماي سۆزلىمەكتە ئىدى. ئۇ ھەتتا ئۆزلۈكىدىن، قازاق يىگىتى دۇۋدارلاي بىلەن ئورۇس قىزى ماريانىڭ پاجىئەلىك مۇھەببىتى. . . ئالتاي دېگەن مالچى يىگىت بىلەن

قىچىپ، تاغدا يولۋاس يەپ كەتكەن سولۇۋ چاچىنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى، گۈلنارخاننىڭ ئۆگەي قىزى زەينەپنى ئىنتىزىرغا بېرىش ئۈچۈن ئامان دېگەن يېتىم بالىدىن ئايرىۋەتمەكچى بولغانلىقىغا قەدەر بولغان داستان مەزمۇنلىرىنى ئاجايىپ ھېسسىياتلىق قىلىپ سۆزلەپ كەتتى. ھەتتا ئۇ، «زەينەپ ۋە ئامان» داستانىدىن ئايرىم كۇپلېت، بۆلەكلەرنــى يادقا دېكلاماتسىيەمۇ قىلدى.

— ئالامەت بەلەن بولدى،— دېدى مۇرات ھېكمەتكە هاراق سۇنۇپ،— مانا ئاشۇ ئاجايىپ ھېس ـ تۇيغۇلار ئۈچۈن بىرنى كۆتۈرۈۋېتەيلى!

ھېكمەتنىڭ ئاستا ئەمما مۇڭ بىلەن سۆزلىگەن سۆزلىرى كاملىغا تەسىر قىلماقتا ئىدى. ئۇ، سۆزلەنگەن ئاشۇ قەھرىمانلارنى گويا كۆڭۈل ئېكرانىدىن ئۆتتۈۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

— ئەمىسە، گارمۇننى بىر پەدىگە سايرىتايلى،— دېدى مۇرات گارمۇننى ھېكمەتكە سۇنۇپ،— شوخ، شوخ پەدىلەر بولسۇن ـ ھە!...

— ھېلىقى بىر چاغدىكى ناخشىنى ئېيتىڭا! — دېدى قۇتبىرەم ھېكمەتكە سىرلىق قاراپ،— بەكمۇ مۇڭلۇق ناخشىكەن...

— سادىغاڭ كېتەي قۇتبىرەم خانىم،— دېدى مۇرات خاپا بولۇپ،— بىر دەم قوشۇق سالماي ئولتۇرسىلا، ئاغزىلىرى يەملىنىپ قالامدۇ؟

ھېكمەت گارمون تىللىرىنى بىر قۇر ئوينىۋەتكەندىن كېيىن، بىر دەم تىنىۋېلىپ، ناخشىسىنى باشلىدى:

ئېلىنىڭ ئۇ يېقىدا چوڭقۇر بىر ساي،
كېلىمدۇ يېپەك چولۋۇر سۆرىگەن تاي...

ھېكمەت گويا ئانا يۇرتى ئىلى دەريا ساھىللىــرىدا يۈرگەندەك، سايلارنىڭ قوينۇلۇش ئېقىنلىرى، تارام ـ تارام سۇلاردا چۆمۈلگەندەك، زەيمىكىنىڭ بۇك توقايلىقلىرىدا، جىگدىزارلىقلىرىدا سېغىز چىقىرىپ، گۈل تېرىپ ئوينىغان باللىق چاغلىرىغا قايتىپ كەلگەندەك تۇيغۇلارغا

چۆمۈلمەكتە ئىدى.

ئەشۇ ياقتىن بىر قىز ئېلىپ كېلىۋاتسام،
شۇ ئاھاڭدا سايرايدۇ قارا تورغاي. . .

ناخشىنىڭ نەقرات، ئەۋجلىرىگە، مۇڭلۇق كۈچىنىشلىرىگە ئەگىشىپ ھېكمەت يېنىك تەۋرەنمەكتە ئىدى. مۇرات خۇددى دىرىلدىرلۇق قىلغاندەك قوللىرىنى لەرزان ھەرىكەتلەندۈرۈۋاتاتتى. . . گۈلزىبانىڭ غەم - قايغۇ، شېرىن ھېسلار ئارىلىشىپ كەتكەن مىسكىن چىرايىنى كۆرگەن كامىل ئېغىر خۇرسىنماقتا ئىدى.

— ھەي ئاغىنىلەر، مۇڭ لېرىكىسى بىلەن ھاراقنىڭمۇ پەيزى ئۇچۇپ كەتتى، — دېدى مۇرات ھېكمەتكە ھاراق سۇنۇپ، — بولدى، قولۇمنى ياندۇرماي مۇشۇنى ئىچىۋېتىپ، كۆڭۈللەر شادلانغۇدەك شوخ پەدىدىن بىرنى چېلىۋەت. . .

خېلىلا قىزىۋالغان مۇراتنىڭ سەنلەپ گەپ قىلىشى ھېكمەتنى خۇش قىلىۋەتتى. ئۇ گارمۇننى قولىغا ئالدى - دە، چېلىۋەتتى:

مەن بىر قىزنى ئۇچراتتىم. . .
مايدەك قاشلارى.
كۆزلىرىدە مۇھەببەت،
يۈزىدە مېڭى بار.
ئاھ ئۇ گۈزەل قىز ئەقلىمنى ئالدى،
يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ ئويلارغا سالدى. . .

— ياشاپ كەت ھېكمەت! — ۋارقىرىدى مۇرات قولىنى كۆتۈرۈپ، — سەن ئۇچراتقان يۈزلىرىدە مەڭ، كۆزلىرىدە مۇھەببەت، ھىلال ئايدەك قاشلار يىراقتا ئەمەس. . . قېنى داۋام قىل!

ھېكمەت ناخشىنىڭ رۇسچىسىنى باشلىۋەتتى. . . ھەممەيلەن

ئاككورد رېتىمىغا ماسلاشتۇرۇپ چاۋاك چېلىشتى. . . گۈلزىبا مۇراتنىڭ شىركەيپلىكتە ئېيتقان سۆزلىرىنى چىن مەنىسىدىن چۈشەنگەنىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ تېنى لاپپىدە ئوت ئېلىپ، تومۇرلىرىدىكى قانلار خۇددى ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك يۈزىگە تەپتى. ھېكمەتنىڭ ناخشىسىدىن، مۇراتنىڭ قەستەن گۈلزىباغا قاراپ قىلغان سۆزلىرىدىن ئۆتى يېرىلغۇدەك بولغان قۇتبىرەم، بىر يانغا بۇرۇلۇپ بېشىنى ئېگىپ ئولتۇرغان گۈلزىباغا قاراپ، تۇيدۇرماي ئالىيىۋالدى.

ئۇلار ئارىلىقتا قىزىق چاي ئىچىپ، چاقچاقلىشىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، مۇرات ھېكمەتنىڭ گارمۇندا تەڭكەش قىلىشى بىلەن، بىر نەچچە ناخشا ئېيتتى، مۇراتنىڭ شوخ ناخشىلىرى، بولۇپمۇ ئۆزى ئىجاد قىلغان ئاھاڭلارغا سالغان تېكىستلىرى ئۇلارنى شادلىققا چۆمدۈردى. خۇشال - خورام ئۆتكەن دەم ئېلىش ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كەتتى.

ھېكمەت ئەتىسى ئورنىدىن تۇرغاندا، كامىل دەرسكە چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ، مەشكە ئوت يېقىپ چاي قايناتتى، ئازراق ناشتا قىلىۋالغاندىن كېيىن، دادىسىغا، سىڭلىسىغا خەت يازدى، ئاندىن ئامىنەگە خەت يېزىش ئۈچۈن خېلى ئويلاندى. نېمىنى يېزىش، قانداق يېزىش، بۇ ئىش ئۇنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. ئاخىرى ئۇ، ئامىنەگە ئاچچىق قىلىش ئەمەس، يەنىلا «سېغىنىشلىق سالام خەت» يازدى.

ئۇلار چۈشلۈك تاماقنى مەكتەپ ئاشخانىسىدا يېيىشتى. تاماق ئوقۇتقۇچىلارغا ئاشخانىنىڭ ئارقىسىدىكى ئوتۇنخانىدا بېرىلەتتى. چوڭ ئىككى داش قازاننىڭ بېشىدا جۇمىراخۇن، ئەبەك ئۇستاملار چېلەكلەرگە بىر يېرىم ساپلىقتىن سۇيۇقئاش ئۇساتتى، چېلەكلەرنى نۆرۋانىخان دېگەن ئايال رەتلىك تىزاتتى، سەككىزدىن گۇرۇپپا بولغان باللار ئاشخانا، ناۋايخانا ئالدى، بەزىلىرى مەيدانلاردا چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇشاتتى، ساجىتخان گۇرۇپپا باشلىقلىرىغا تاماق تارقاتماقتا ئىدى. بۈگۈن شەنبە بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارغا ئالدىن بېرىلىدىغان يەكشەنبىلىك نېنى ئۈچۈن ناۋايلار ئالدىراش نان يېقىۋاتاتتى. ساجىتخان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ

كېنىشكىلىرىگە بەلگە ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، كامىل ھېكمەتكە: «گۈلزىبا سىنىپ يىغىنىنى ئېچىپ بولغاندىن كېيىن بىللە ماڭىمىز» دەپ ئۇقتۇردى. ھېكمەت قوشۇمچە سىنىپ مۇدىرى بولغاچقا، گۈلزىبا خانىم بىلەن بىللە سىنىپقا كىردى. ئۇ، ئوتتۇرىدىكى قاتاردا ئولتۇرغان بىر بالىنىڭ ئۆزىگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆزىنى ئىشىككە مىندۇرۇپ مەكتەپكە ئېلىپ چىققان سەدۇللا ئىكەنلىكىنى تونۇپ، كۆزىنى قىسىپ قويدى.

گۈلزىبا بىر ھەپتىلىك سىنىپ ئەھۋالىدىن خۇلاسە قىلىپ، ئوقۇش قوراللىرى تولۇق، ھەر بىر پەنلەردە تىرىشىۋاتقان، كوللېكتىپ تازىلىق، ئوغۇت توپلاشتا ئالاھىدە ياخشى بولغان ئوقۇغۇچىلارنى تەقدىرلىدى. كېلىش - كېتىش، ئىنتىزام، تازىلىق، ئوغۇت توپلاشلارنىڭ قايسىسىدا كىمنىڭ نەتىجىسى بولسا، تامدىكى گرافىكلىق جەدۋەلگە قىزىل بايراق چاپلىدى. ئاخىرىدا ئۇ بىردەم توختىۋالغاندىن كېيىن، سىنىپىدىكى ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بەزى ئوقۇغۇچىلارنى تەنقىدلىدى.

— مەن ئاخىرىدا شۇنى ئەسكەرتىپ قوياي، — دېدى گۈلزىبا تەمكىنلىك بىلەن، — شەنبە كەچ، يەكشەنبە يېرىم كۈنلۈك نورماڭلار ئۈچۈن بېرىلگەن ئىككى يېرىم ئاق ناننى قاراڭغۇ بازاردا ساتماڭلار. ئۆزەڭلارغا مەلۇم، قۇربان ھېيت، روزى ھېيتتىن باشقا ۋاقىتلاردا، ئاتا - ئاناڭلار ئاق نان كۆرمەيدۇ. . . ئائىلەڭلەردە كېسەلمەن قېرى - چۆرىلەر، كىچىك بالىلار بار، ئۇلار داۋاملىق ئارپا كۆمىچى بىلەن زاغرا يەۋەرسە ئېغىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراڭغۇ بازاردا نان سېتىشنىڭ ئۆزىمۇ خاتا. . .

ھېكمەت گۈلزىبانىڭ ياشلا تۇرۇپ سىنىپ خىزمىتىدە مۇنچىلىك ئەتراپلىق پىشىپ يېتىلگەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن سۆيۈندى. يەنە بىر تەرەپتىن، سىنىپ مۇدىرلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئوقۇغۇچىلار قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، كامىل، ھېكمەت،

مۇرات، گۈلزىبالار سودا سارىيىغا بېرىپ، ياڭاق باسقان ماشىنا ئۈستىدە چوخچىيىپ ئولتۇرۇشۇپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى. . . بۇ چاغدا ئۇچقۇنداپ قار يېغىۋاتاتتى.

# شەھەردىكى بىر كۈن

كامىلنىڭ تاش پەلەمپەيلەر بىلەن چىقىدىغان ھويلا ئۈستىدىكى بېغىنىڭ يېرىم ئاي شەكىللىك قوش قاناتلىق ئەگۈنى قىيا ئېچىقلىق تۇراتتى. قار خۇددى پاختا ئاتقۇچىنىڭ زىيىدىن قاڭقىغان پاختا تالالىرىدەك لەرزان تۆكۈلمەكتە. يېڭىلا چۈشكەن ئاپاغ ئىزى باغ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كەتكەنىدى.

باغ ئوتتۇرىسىدا كىچىككىنە كۆل بولۇپ، كۆلنىڭ ئەتراپىنى يوپۇرماقسىز ھەر خىل كۆچەتلەر قورشاپ تۇراتتى. ھېكمەت كۆلدىكى كۆپكۆك مۇزنى تەكشى قاپلاپ چۈشۈۋاتقان قارغا قارىغىنىچە ئۆرە تۇراتتى.

ھېكمەت ئاپئاق قار ئاستىدا قېلىۋاتقان يالاڭ كۆچەتلەرنى، كۆل تەكچىلىرىنى كۆرگەندە، چەكسىز ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن، ئالەمچە ئۇلۇغلۇق مۇكاپاتىغا سازاۋەر خانىنزاتخان ئانىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. شۇنداق، ئۇنىڭ سىماسى، كۆڭلى، باسقان يوللىرى، ئەۋلادقا سىڭدۈرگەن ئەجىرلىرى ئەنە ئاشۇ ئاپئاق قاردەك پاك ھەم ساپ ئىدى! . . .

خانىنزاتخان ئانا شىپالىق مېھىر تەپچىپ تۇرغان ئالقانلىرى بىلەن ھېكمەتنىڭ يۈزىنى سىپىدى ! . . . پېشانىسىگە سۆيدى! . . . «پاھ، پاھ. . . تاھىر - زۆھرە داستانىدىكى تاھىرنىڭ ئۆزىكەنسەن ئوغلۇم!» دەپ ئەركىلەتتى. مومايىنىڭ ئالىقانلىرىدىن تارقىغان ھارارەتلىك ئېقىن، ھېكمەتنىڭ يۈرەك - باغرىنى سۆيۈندۈرۈپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىنى، بىباھا قەدرىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزگەندەك بولدى، ئۇنىڭ مومايىنىڭ ئاياغلىرىغا باش قويۇپ يىغلىغۇسى، قوللىرىنى كۆزلىرىگە سۈرتۈپ تاۋاپ قىلغۇسى كەلدى. . .

ھېكمەت موماي بىلەن بىردەم سۆزلەشتى، ھەر سۆزىدە ھۆرمەت-ئېھتىرامنى ئۇنتۇمىدى. لېكىن ئۇنىڭ تەكچىلەردىكى كىتابلاردىن كۆز ئۈزەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرگەن خانىنىزاتخان ئانا ئۇنىڭغا ئىجازەت بەردى. ھېكمەت ئەلىشىرنەۋائىنىڭ «خەزائىنۇل مەئانى»، «خەمسە» لىرىنى، پارس شائىرلىرىدىن سەئىدى شىرازى، جالالىددىن رۇمى، ئابدۇراخمان جامىلارنىڭ كىتابلىرىنى قولىغا ئېلىپ كۆردى. تەكچىدە ھەتتا يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىدىن «ئۆتكەن كۈنلەر»، «مېھرابتىن چايان»، «قۇللار» روماىلىرىمۇ بار ئىدى.

— خان ئانا، ئۆزلىرىنى بىۋاقىت ئاۋارە قىلدىممۇ قانداق؟ — دېدى ھېكمەت خىجىللىق بىلەن، — كىرسەم كىتاب كۆرۈۋېتىپتىكەنلا! . . .

— يوقسۇ بالام، يوقسۇ. . . مەن سىلەردەك ئىجتىھاتلىق بالىلارنى كۆرگىنىمدە، ياشىرىمەن، كۆكلەيمەن. . . چۈنكى سىلەر بىزنىڭ ئۈمىدلىرىمىز. . .

كامىل ھۇجرىسىغا كىرىپ، ھېكمەتكە نۇرغۇن قول يازمىلارنى كۆرسەتتى. بۇلار مومايىنىڭ يېزىپ قالدۇرۇۋاتقان رىسالىلىرى، غەزەللىرى ئىدى. ئۇلار راسا قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقاندا، كامىلنىڭ ئاچىسى سەئىدە كىرىپ كەلدى. ئۇ كامىلغا گۆش، كۆكتات ئەكېلىشنى بۇيرۇپ قويۇپ، چىقىپ كەتتى.

. . . قار باھار چېچەكلىرىدەك ئاستا تۆكۈلمەكتە. ھېكمەتنىڭ كۆلىنىڭ ئۇ قاسنىقىدىكى ئالما كۆچىتىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئالمىنىڭ ئاستى تۇپلىرى ئايرىم بولۇپ، غولى بىر ئىدى، ئۇلارنىڭ غوللىرى بەلكىم يېقىن قويۇلۇپ قالغاچقا بولسا كېرەك، خۇددى بىر كىم ئىشىپ، تولغاپ قويغاندەك، بىر-بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەنىدى.

— بۇ يەردە باغنىڭ قىش مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىۋېتىپتىلادە! — ھېكمەت كامىلنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئارقىغا قارىدى. يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن گۈلزىبامۇ ئۇنىڭغا كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى.

— بۇ ئالما كۆچىتىگە ھەۋەسىم كېلىپ قاراپ قاپتىمەن، — دېدى ھېكمەت جۈپ ئالما كۆچىتىنى كۆرسىتىپ، — ئۇلار نېمىدېگەن يېقىن

دوست. . .

— خان ئانام ئۆزلىرىنى تاھىرغا ئوخشاتتىڭىز! بۇ ئالىملارمۇ بىغەمسىزنىڭ تاھىر - زۆھرەسى، — دېدى كامىل چاقچاق قىلىپ، — بىرسى ئاق سۆت ئالما، يەنە بىرسى بىر مەڭزى قىزىل غەزىمەت ئالمىسى. ئۇلار ياز كۆڭلىرى مېۋىلىرىنى مۇشۇ كۆلگە تاشلايدۇ. . .

— لەيلەپ يۈرگەن ئاق ھەم قىزىل ئالمىلارمۇ بىر - بىرىدىن نېرى كەتمىسە كېرەك. . .

— ئەلۋەتتە، — دېدى كامىل كۈلۈپ، — قارىسىلا ھېكمەت، گۈلزىبا ھەممىمىزنى ئەتە چۈشكە ئۆيىگە چاقىرىپ كەپتىكەن. بازاردا ئۇچرىشىپ قېلىپ بىللە كەلدۇق.

— ئاۋارە بولمىسىڭىزمۇ بولاتتى. . . — دېدى ھېكمەت ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ.

— سىز كېلىپلا سىرتقا خىزمەتكە كەتتىڭىز، چاقىرىۋالغىلى پۇرسەت بولمىدى.

ئۇلار باغ ئىشىكىدىن پەسلەپ چۈشۈۋاتقاندا، گۈلزىبا تېڭىرقاپ توختاپ قالدى. ئۇ خانىمزاتخان مومايغا سالام بېرىپ قويۇشنى لايىق تاپقانىدى. كامىلمۇ ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتىپ، سارايغا باشلاپ كىردى.

— خان ئانا، — دېدى كامىل قول قوشتۇرۇپ، — گۈلزىبا ئۆزلىرىگە سالام بېرىش ئۈچۈن كىردى.

— گۈلزىبا؟ . . . — موماي تېڭىرقاپ قالدى.

— بۇمەرەمخان ئاچامنىڭ قىزىچۇ!

— بۇمەرەمخان؟ — موماي بىردىنلا ھاياجانلىنىپ كەتتى، — ئىنايەت ئەپەندىنىڭ قىزى دېگىن! بېرى كەل قىزىم، بېرى كەل. . . سېنى كۆرۈپ ئىنايەت ئەپەندىنى، ئوغلۇم راخماننى كۆرگەندەك بولدۇم، ئۇلار جان - جىگەر بۇرادەرلەردىن ئىدى. . .

گۈلزىبا بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە، مومايىنىڭ تىزلىرىغا باش قويدى. ئۇ شۇنچىلىك ئۆز بويلۇق بولغىنچە، ھېچكىم دادىسىنىڭ ئىسمىنى ئاغزىغا

ئېلىپ باقمىغانىدى. ھەتتا ئانىسىمۇ نېمىدۇر ئويلىسا كېرەك، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ توغرىلىق چىش يېرىپ بىر نېمە دېمىگەنىدى.
— ماڭا قارىغىنا قىزىم، پاھ، پاھ، ئەجەپ سۆباتلىق قىز بوپسەن! — موماي گۈلزىبانىڭ يۈزلىرىنى سىلىدى، — بۇمەرەمخانىنىڭ سىنىسى راخمانىنىڭ نەزىر - چىرىغىدا بىر ئەكەلگىنى ئېسىمدە. . . مانا ئەمدى خوتەنىنىڭ زۆھرەسى بوپسەن، مىڭ ياشا قىزىم، بەختىڭ ساڭا يار بولسۇن!
كامىلنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، خانىنزاتخان موماي ھېلىلا ھېكمەتنى تاھىرغا ئوخشاتقانىكەن. مانا ئەمدى بولسا گۈلزىبانى خوتەنىنىڭ زۆھرەسى دەۋاتىدۇ. بۇ شۇنداق توغرا كەلگەن گەپمۇ ياكى ئاللا بۇ پەرىشتىدەك مومايىنىڭ كۆڭلىگە سالغانمىدۇر؟ . . .
گۈلزىبانىڭ كۆڭلىدىن كەچكەن بۇ شېرىن ئويلار نەق شۇ دەقىقىدە كامىل ۋە ھېكمەتنىڭمۇ قەلبىنى لەرزىگە سېلىۋاتاتتى.
كەچلىك تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھېكمەت بىلەن كامىل خانىنزاتخان موماي بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. ھېكمەت ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەھۋالى توغرىلىق سۆزلەپ بەردى. مومايمۇ ئۆز يولىدا مۇساپىرچىلىقنى كۆپ تارتقان ئادەمنىڭ ئىرادىلىك، پەزىلەتلىك، ئاق كۆڭۈل بولىدىغانلىقى، شۇڭا كونىلارنىڭ: «مۇساپىر بولمىغىچە، مۇسۇلمان بولماس. . . » دەپ بىكار ئېيتمىغانلىقى دېگەندەك پەندى - نەسىھەتلىر بىلەن ھېكمەتنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى.
ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. مومايىنى چارچىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇلار خوشلىشىپ ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. كامىل ئاچىسى سەئىدەنىڭ ئۆيي ئوتتۇرىسىغا سېلىپ قويغان ئورۇنلىرىنى تارتىپ، ياستۇقلارنى تامدىكى گىلەمگە يۆلىدى.
— ھېكمەت، — دېدى كامىل يوتقىنىنى تىزىغا تارتىپ قويۇپ، — ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش گورۇپپىسىدا ئىشلىگەنلىرى مىنى ناھايىتى خۇشال قىلدى، ئەمدى بىزدە يەنە بىر ئۇلۇش كۈچ كۆپەيدى.
— مەن بولسام بىر رەسسام، — دېدى ھېكمەت ئارقىسىدىكى

گىلەمگە يۆلىنىپ، — ھەر قايسىڭلار كۆپرەك ياردەمدە بولارسىلەر.

— بىزنىڭ مەكتەپتىكى بەزى ئىشلار ئۆزلىرىگە قاراڭغۇ، — دېدى كامىل بىر ھازا جىمىپ كېتىپ، — ئادەم سۆزلىسە جىگەر خۇن بولۇپ كېتىدۇ.

كامىل مەكتەپتىكى ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىدىكى قاتماللىقنى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ مۇدىر پەرمانشانىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقماي، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ تەقدىر - ئىقبالىنى ئويلىمايدىغانلىقىنى... ۋە باشقا بىر مۇنچە كۆڭۈل ئاغرىنىقلىرىنى ھېكمەتكە سۆزلەپ بەردى.

كامىل، مۇرات، توختى قۇربانلار يىللاردىن بېرى يىغىلىش، سىياسىي ئۆگىنىش، ئايرىم سۆھبەتلەردە بولسۇن، ئوقۇتۇش ئىشلىرى سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىلىرىدە، مۇدىر بىلەن مۇنازىرىلىشىپلا كەلگەنىدى. ھەتتا ئۇلار بىرلىشىپ بۇ ھەقتە دوكلات يېزىپ، ئىلمىي مۇدىر زىكرۇللا غوجىغىمۇ تاپشۇرغان، دوكلاتتىكى، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئاچقۇچىنىڭ يەنىلا ئوقۇتقۇچىلاردا ئىكەنلىكى، شۇڭا ئۇلاردىن كەسىپلەر بويىچە ئىمتىھان ئېلىپ، ئېھتىياجدىن چىقالمايۋاتقانلىرىنى قىسقا كۇرسلارغا ئەۋەتىش، ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ئارقىلىق ئىشتىن سىرتقى بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرىگە ئەزا قىلىش، پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلارنى دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىش قاتارلىق تەكلىپلەر ئىلمىي مۇدىرغا ياققان بولسىمۇ، مۇدىر پەرمانشانىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇپ قويىدى. ئۇ دوكلاتنىڭ «سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈپ، يارامىلىق ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرەيلى» دېگەن سەرلەۋھىسىگە ئۇزۇن قاراپ كېتىپ، دىمىقىنى قېقىپ قويىدى. بولۇپمۇ، «نۇقتىلىق پەنلەردىن ئوچۇق دەرسلەرنى كۆپرەك ئۆتكۈزۈش»، «دەرس تەييارلىقلىرىنى گۇرۇپپا بويىچە تەستىقلاش»، «تەبىئىي پەنلەردە تەجرىبە قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ دەرس ئۆتۈش» قاتارلىق ماددىلار مۇدىر پەرمانشانىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە: «ھەممىسى بىلىم ئاشۇرۇش، ئۇپچە دەرس تەستىقلاش، ئىمتىھان ئېلىش بىلەنلا بولۇپ كەتسە، يەرنى مەن تېرىمدىم، ئوغۇتنى مەن

توپلامدىم؟ خامانني مەن ئالامدىم؟» دەپ چالۋاقاپ كەتتى. . .

مۇدىر ئاچچىقىدا، ئەدەبىيات ئوقۇتۇش گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى توختى قۇربانغا كايىپ: «ھەممە ئوت قۇيرۇقلۇقنى سەن قىلىۋاتىسەن، ياش باللارنى قۇتراتقانمۇ سەن، قىنىڭغا پىتىپ يۇر!» دەپ دوق قىلغاندىن كېيىن، توختى قۇربانمۇ ھەممە ئىشتا ئېھتىياتچان بولۇپ قالدى.

— ھازىر ئوقۇتقۇچىلار بەكمۇ مەسئۇلىيەتسىز. لېكىن بۇنى ئۇلاردىنمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ، — دېدى كامىل ھېكمەتكە قاراپ، — چۈنكى، ئۇلارنىڭ پۈتۈن پىكىر - خىيالى، يەر، ئوغۇت، مەھسۇلات، كىرىم تاپشۇرۇشتىلا بولۇپ كەتتى. ئەۋلادلارنىڭ كېيىنكى تەقدىر - ئىقبالى ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدۇ.

— مەنمۇ دەسلەپ كەلگەندىلا، — دېدى ھېكمەت كامىلغا، — مۇدىرنىڭ قوي، كالا، چوشقا، تاڭشىر، يەر، ئوغۇت دېگەندەك گەپلىرىدىن ھەيران قالغانىدىم، ئۇ تېخى بۇ ئىشلاردىن ناھايىتى پەخىرلىنىدىكەن.

— شۇڭىمۇ ھەر يىلى ناھىيە بويىچە سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا، بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى، كۆچۈش نىسبىتى تۆۋەن چىقىدۇ. پاراللېل مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئالدىدا بېشىمىزنى كۆتۈرەلمەيلا قالىمىز. . .

كامىل بىلەن ھېكمەت مەكتەپ توغرىلىق سۆزلىشىپ، تۈن نىسپىدىن ئۆتكەندە ئۇخلاپ قالغاچقىمۇ، ئەتىسى ئورنىدىن ۋاقتچە تۇردى. ئۇلار يۈزلىرىنى يۇيۇپ، چېيىنى ئىچىپ بولۇشىغا، مۇرات يېتىپ كەلدى. ئۈچ دوست بىرلىشىپ ئاپئاق قار بېسىپ كەتكەن ھويلىلارنى سۈپۈرۈپ، قارلىرىنى كوچىدىكى ئېرىققا تۆكتى. ئۇلار چۈشكە يېقىن، خانىمزاتخان موماي بىلەن خوشلىشىپ، گۈلزىبانىڭ ئۆيىگە مېڭىشتى.

ئۇلار قىزىق دەرۋازىدىن ئۆتۈپ، تار كوچا ئاغزىغا كەلگەندە، ھېكمەت تۇيدۇرماي ئەتراپىغا قارىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆڭلىدىن تۈنجى قېتىم گۈلزىبانى ئۇچراتقان مەنزىرە كەچكەنىدى. بۇ ئەسنادا، گۈلزىبامۇ

ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۆيگە باشلىدى.

بۈگۈن يەكشەنبە — دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا، قايىنتىسى باشقا گۈلرۇز، ماھىگۈل، ئابدۇنەبىلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. بۇمەرەمخان ئۇلارنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ماھىگۈل ئاپتۇۋا، چىلاپچىنى ئېلىپ كېلىپ، مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بەردى. ئۇ، ئەدەب بىلەن لۆڭگىسىنى سۇنغاندا، ھېكمەت ماھىگۈلنىڭ گۈلزىباغا بەكمۇ ئوخشايدىغانلىقىغا ھەيران قالدى.

قەن - گېزەكلەر بىلەن چاي تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، گۈلزىبا بىر لېگەن ھور چىقىپ تۇرغان بولدۇرۇق مانتىنى شىرەگە قويدى. گۈلرۇز گۆس - گۆس دەسسەپ يۈرۈپ، ھەر بىر مېھماننىڭ ئالدىغا بىردىن كىچىك تەخسە قويۇپ قويدى. بۇمەرەمخاننىڭ بېقىنىغا كىرىۋالغان ئابدۇنەبى نېمىدۇر دەپ غىڭشىپ، بۇتناپ ئولتۇراتتى. ئاچچىقى كەلگەن گۈلرۇز ئۇنىڭ گەجگىسىدىن قاماللىغانچە سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كەتتى، ھويلىدا ئۇنىڭ يىغلىغان ئاۋازى كەلدى.

— بالام، ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟ — دېدى بۇمەرەم قايتىپ كىرگەن گۈلرۇزغا، — ئۇكاڭنى يىغلىتىپ قويدۇڭغۇ؟

— نېمە دەيتتى ئۇ ئويۇن قېپى، — دېدى گۈلرۇز سۇپىدا ئولتۇرۇۋېتىپ، — نۇر ئالىمەن، پۇل بەرگىن دەيدۇ. . .

— قېنى، ئاچچىقسۇ، لازا قىيامىلىرىنى ھەر قايسىلىرى ئۆزلىرى سېلىشسىلا! — دېدى بۇمەرەمخان گۈلرۇزنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ، — ئوخشىمىغان بولسىمۇ.

ھېكمەت تاماق يەۋېتىپ، گۈلرۇزنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ قالدى. يۇمىلاق ياپيا يۈزلىرى، قويۇق كىرپىكلىرىگىچە ساپسېرىق بۇ قىز، گۈلزىبا، ماھىگۈل، بۇمەرەمخانلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ قېلىن قاپاقلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، چېقىر چوڭ كۆزلىرى، مۇرىسىنى بېسىپ تۇرغان سېرىق قوڭۇر چاچلىرى ئۇنىڭغا ئۆزگىچە ھۆسن ئاتا قىلغانىدى.

مېھمانلار ئۇزاپ ھويلىغا چىققاندا، گۈلرۇز ھېكمەتنىڭ يۈزىنى

يارقىن ئېچىپ تۇرغان قارا كۆرپە قۇلاقچىسىغا، ئاق ياقىلىق پالىشوپكا چاپىنى ياراشقان قەددىگە كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. ئۇ ھەتتا ھېچ ھېيىقماي: «ھېكمەت ئاكا، لايىقىڭىزدا مېھمان قىلالمىدۇق، پات - پات كېلىپ تۇرۇڭ!» دېدى. بىرەر كىشىگە كۆڭۈل سۆيۈنگۈدەك گەپ قىلىپ باقمايدىغان گۈلرۇزنىڭ بۇ مېھماندوستلۇقى بۇمەرەمخاننى خۇشال قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، گۈلزىبانى ئۆيگە سېلىپ قويدى.

ئۇلار ئۇزاپ تار كوچا دوقمۇشىغا چىققاندا، ئابدۇنەبى ئىستولبا ئارقىسىدا يىغلاپ تۇراتتى. ھېكمەت ئۇنى قول ئىشارىسى بىلەن چاقىردى.

— ئاداش، نۇر دېگىنىڭلار نېمە ئۇ؟ — دېدى ھېكمەت ئۇنىڭغا ئېگىشىپ.

— مۇزدا پىرقىرىتىپ ئوينايدىغان نەرسىچۇ، — دېدى نەبى بۇرنىنى تارتىپ، — شۇنىمۇ بىلمەيدىكەن.

— پىرقىرىغۇچ دەڭلا ئاداش، نەچچە پۇل ئىكەن؟

— ئىككى مو...

— تۇتۇڭلار، — ھېكمەت يېنىدىن بىر سوم چىقىرىپ ئابدۇنەبىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، — ياخشى بالا دېگەن مېھمان كەلگەندە ئانىسىنى تەڭلىككە سالمايدۇ، جۇمۇڭلا...

— رەھمەت... سىز ياخشى ئاكاشكەنسىز... لېكىن... گۈلزىبا ئاچام بىلىپ قالمىسۇن...

— سەنلا دېمىسەڭ، بىز ھەرگىز دېمەيمىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، — دېيىشتى كامىل بىلەن مۇرات تەڭلا.

ئۇلار پىلدىرلاپ يوگۇرۇپ كېتىۋاتقان ئابدۇنەبىنىڭ ئارقىسىدىن قاراشقىنىچە كۈلۈشۈپ كەتتى.

كامىل، مۇرات، ھېكمەتلەر ئادەم قايىنىمىغا ئايلانغان بازار رەستىلىرىدە قىستىلىشىپ، سوقۇلۇشۇپ دېگەندەك، تەستە گۈلباغقا چىقتى. يەكشەنبە بولغاچقا، يېزىلاردىن كېلىۋاتقان - كېتىۋاتقان ئات - ئۇلاغ، ھارۋىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. بادىرا كۆتۈرگەن دېھقانلار،

بورا، ئوتۇن باسقان هارۋىلار، تاش تۇز ئارتقان ئېشەكلەر بىر - بىرىگە يول بېرىشمەي كېتىۋاتاتتى. ئادەملەر ۋارقىرىشاتتى، تىللىشاتتى. . . ئېشەكلەر هاڭراپ، قويلار مەرىشەتتى. . . تۇرۇپلا جارچىلارنىڭ بازارنى بېشىغا كىيىپ: «ئەيىۋھەنناس، ئىشتىــڭلار ئامۇ خاس. . . » دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى كېلەتتى.

كامىل بىلەن مۇرات خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا، هېكمەتنى باشلاپ، مەدەنىيەت سارىيىنىڭ كەڭ پەلەمپەيلىرىگە قەدەم ئېلىشتى. پەلەمپەيلەر ئۈستىدە چىراغدان شەكىللىك ھەيۋەتلىك قىزغۇچ تۈۋرۈكلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، بۇ بىنا گۈلباغ رەستىسىنىڭ شەرق ھەم غەرب دوقمۇشىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بىنانىڭ ھەشەمەتلىك كۆركەم ئىشىك - دېرىزىلىرىنىڭ مېھراب شەكىللىك تەكچىلىرى ۋە ئىككى يان ئويۇقلىرى قاپارتما نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەنىدى، سارايىنىڭ كارىدورىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇدۇلدا يەنە بىر قوش قاناتلىق ئىشىك بولۇپ، ئۇ يۇمىلاق كۇلۇب ئىشىكى ئىدى، ئۇ كۇلۇبتا قىش - ياز تانسا، كۆڭۈل ئېچىش، ھەر خىل پائالىيەتلەر داۋاملىق ئۆتكۈزۈلەتتى. كۇلۇب ھەم شەرققە، ھەم غەربكە تۇتاشقان بولۇپ، كارىدورلار قىپقىزىل سىرلانغان تاختايلىق بولغاچقا، ئاۋاز يېڭىلىپ تۇراتتى.

— ھېكمەت، ھازىر ئۆزلىرىگە، — دېدى كامىل كۇتۇپخانا ئىشىكى ئالدىدا توختاپ، — ھۆرمەت ۋە ئىپتىخارغا سازاۋەر، ئۆمرىنى كىتابلار ئىچىدە ئۆتكۈزگەن بىر مۆھتەرەم زاتنى تونۇشتۇرىمىز. . .

ئۇلار كۇتۇپخانىغا كىرگەندە، پەشتاق ئالدىدا بىر مۇنچە كىشىلەر توپلىشىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كىتاب قايتۇرسا، بەزىلىرى ئېلىۋاتاتتى. تەمبەل لېكىن پاكارراق، دۇپدۇگىلەك بېشىغا بېغىررەڭ مانچېستىر دوپپا كىيگەن، سەل چار ئارىلاشقان قارا قىرقىم بۇرۇتى، بۇغداي ئۆڭ چىرايىنى مويسىپىت تۇسكە كىرگۈزگەن بىر كىشــى كاپىيەنلەرگە قانداقتۇر بەلگىلەرنى قويۇپ، كىنىشكىلارغا بىر نېمىلەرنى يازاتتى. ئۇ بىرسىگە: «كىتابنى ئاسراڭ، ۋاقتىدا رىئايە قىلىڭ!» دېسە، يەنە بىرسىگە: «ئەگەر يىتتۈرسىڭىــز، قانۇن ئالدىدا ئۆي -

بىساتىڭىزنى بەرسىڭىزمۇ ئالمايمەن...» دەيتتى. دەرۋەقە، ئارىيەت بېرىلىۋاتقان كىتابلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تاشلانغان بولۇپ، ئۈستىگە كىتاب ئىسمى ھۆسن خەت بىلەن يېزىلغانىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم غازاخۇن ئاكا، — دېدى كامىل قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، — تەنلىرى ساق، ئۆزلىرى ئوبدان تۇردىلىمۇ؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى غازاخۇن كۈلۈپ، — بۇ كامىل بالامغۇ! ھە مۇرات تەنتەكمۇ بار ئىكەندە...

— ئۆزلىرىگە يېڭى بىر دوستىمىزنى تونۇشتۇرۇپ قويغىلى كەلدۇق...

— سەن ئاسانلىقچە بىر كىمنى دوست تۇتمايتتىڭ، — دېدى غازاخۇن بىر كىتابنىڭ ئۈستىنى سۈرتۈۋېتىپ، — شۇنىڭغا قارىغاندا، دوستۇڭمۇ ساڭا ئوخشاش پەزىلەتلىك بالا بولسا كېرەك...

— بۇ بىزنىڭ دوستىمىز ھېكمەت ئېلى بولىدۇ، — دېدى كامىل ھېكمەتنى كۆرسىتىپ، — ئۆزى غۇلجىدىن، سەنئەت ئىنستىتۇتىدا رەسساملىقتا ئوقۇغان، بىزنىڭ مەكتەپكە كەلگەن ئوقۇتقۇچى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېدى ھېكمەت ھۆرمەت بىلەن، — ئۆزلىرى بىلەن تونۇشقىنىمغا تولىمۇ خۇشالمەن.

— ئۆزى رەسسام بولغىنى بىلەن، — دېدى مۇرات گەپ قىستۇرۇپ، — ئەدەبىي كىتابلارنى كۆپ كۆرىدۇ.

— ياخشى، ياخشى، — دېدى غازاخۇن كىتاب جازىلىرىدىكى رەتلىك تىزىلغان كىتابلارغا قاراپ، — كىتاب دېگەن كائىنات سىرلىرىنى بىلدۈرگۈچى ئاچقۇچ. ئۇ مول بىلىم بىلەن ئادەم زېھنىنى يورىتىدۇ. كونىلار: «ياخشى كىتاب يېرىم دىداردۇر» دەپ بىكار ئېيتمىغان. ھە، سىلەر كىتاب ئالماقچىمۇ؟

— يوقسۇ، — دېدى كامىل ھېكمەتكە قاراپ قويۇپ، — بۈگۈن دوستىمىزنى ئۆزلىرىگە تونۇشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈنلا كەلدۇق. يەنە بىر قېتىمدا، مەكتەپتىن تونۇشتۇرۇش ئېلىپ كېلىپ، ھېكمەتنى كۇتۇپخانىغا ئەزا قىلماقچىمىز...

كىتاب بالكونى سەل سىلىكىپ قىلىشى بىلەن، غازاخۇن ئاكا، كىتابنى سۆيۈش، ياخشى ئاسراش، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىشنىڭ ئۆزىنىڭ، بىلىملىك، ياخشى پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ خىسلىتى ئىكەنلىكىنى پاساھەتلىك دەلىللەر بىلەن شەرھىلىدى. ئۇ، كامىل توغرىلىق مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

بىر كۈنى كامىل بىردى كىربابايېۋ دېگەن يازغۇچىنىڭ «ھەل قىلغۇچ قەدەم» ناملىق رومانىنى ئېلىپ كېتىدۇ. بۇ كىتابتىن كۇتۇپخانىدا پەقەت ئىككى نۇسخىلا بار ئىدى. قانداقتۇر بىر مەلئۇن بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمىنى ئېلىپ كېتىپ، نەق ئوتتۇرىدىن ئىككى ۋارىقىنى يىرتىپ ئېلىۋالغانىدى، يەنە كېلىپ، يىرتىلغان يەر ئەسەر قەھرىمانى ئارتىق بىلەن ئايىنە قىزنىڭ ئېغىر جۇدالىقتىن كېيىن ئۇچرىشىپ، كۆڭۈل سۆھبىتى ئۆتكۈزگەن شېرىن - لەزىز سەھىپىلىرى ئىدى. غازاخون ئۇقۇشماي ئۇنى كامىلغا بەرگەنىدى. كامىل كىتابنى ئوقۇپ نەق شۇ يەرگە كەلگەندە، ئىككى ۋاراقنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، ئىنتايىن بىئارام بولىدۇ. كۇتۇپخانىغا ئاپىراي دېسە، غازاخۇن ئاكىنىڭ ئىشەنمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ، بۇ كىتابنى ئەل - ئاغىنىلىرىدىن، مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدىن سۈرۈشتە قىلىپ تاپالمايدۇ. ئاخىرى، ئۇ ماشىنىغا كىرا قىلىپ، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا بارىدۇ. بۇ كىتاب ئۇ يەردىمۇ يوق بولۇپ چىقىدۇ. لېكىن كۇتۇپخانىچى كېرىيە ئوتتۇرا مەكتىپىدە بىر ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بارلىقىنى، بۇ كىتابنىڭ بەلكىم شۇنىڭدىن تېپىلىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىدۇ. كامىلنىڭ شۇنچە جاپا - مۇشەققەت تارتقىنىغا تۇشلۇق، «ھەل قىلغۇچ قەدەم»نىڭ ئىككىنچى قىسمى كېرىيىلىك ئۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ كىتاب جازىسىدىن چىقىدۇ. كامىل يوقالغان ئىككى ۋاراقنى كۆچۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنى قايتا - قايتا يېزىپ، كىتابتىن ھېچ پەرقلەنمىگۇدەك ھالەتتە كىتاب ئارىلىقىغا چاپلاپ ئېلىپ كېلىدۇ. ھەتتا كامىل كىتاب ئاسرىمىغان، كىتابنى خارلىغان كىشىلەرنى قامچىلاپ شېئىر يېزىپ، كىتابنىڭ ئاخىرىغا قىستۇرۇپ قويىدۇ. كامىلنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىدىن

سۆيۈنۈپ كەتكەن غازاخۇن كۆزىگە ياش ئېلىپ، ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيگەنىدى.

— قاراڭلار، — دېدى غازاخۇن تامدىكى چوڭ ئەينەك رامكىنى كۆرسىتىپ، — مەن بۇ شېئىرنى ھەممە كۆرگۈدەك چوڭ قىلىپ يېزىپ ئېسىپ قويدۇم.

تەئلىق شەكلىدىكى بۇ ھۆسن خەت ئىنتايىن كۆركەم ھەم ھەيۋەتلىك يېزىلغانىدى. ھېكمەت غازاخۇن ئاكىنىڭ خەتتاتلىق جەھەتتىكى ماھارىتىگە قايىل بولغان ھالدا، شېئىرىگە ئۆزۈن تىكىلىپ قالدى.

يېزىپ ئەجداد كىتاب يادنامە قىلدى،
ھاياتىنى كان قېزىپ دۇردانە قىلدى.

ئەقىدە باغلىدىم، باغرىمغا تاڭدىم،
مېنى ھەر بىر قۇرى مەستانە قىلدى.

قاراڭغۇ دىل ئۆيۈمگە ياندى مەشئەل،
تولۇن ئايدەك ئۇنى نۇرانە قىلدى.

بېشىمغا مەرىپەت تاجىنى كىيدىم،
كۆرۈك، مىسكىننى ئۇ شاھانە قىلدى.
— كامىل.

— ھەممە ئىشىڭنى ماڭا دەيدىغانتىڭ، — دېدى مۇرات غازاخۇن ئاكا بىلەن خوشلىشىپ سىرتقا چىققاندا، — ئەجەب بۇ ئىشنى ماڭا دېمەپسەنا؟

— ئانچىكى بىر ئىش دېگىنە، غازاخۇن ئاكام ئاشۇرۇۋېتتى. . .

كامىل، مۇرات، ھېكمەتلەر بوستانغا قاراپ يول ئالدى. ئۇلار پاراڭ بىلەن مەكتەپكە چىقىپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى. كەچ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بوستان بازىرىدىن ئادەملەر تېخى تارقىمىغانىدى. بىردىن - ئىككىدىن يىغىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئۇلارغا: «ھارمىغايلا مۇئەللىم!»

دەپ سالام بېرىپ، مەكتەپكە كىرىپ كېتىۋاتاتتى.
كامىلنىڭ ياتىقى ئىنتايىن سوۋۇپ كەتكەنىدى. ئىككى كۈن ئوت قالانمىغان مەشتىن مۇز يېغىپ تۇراتتى. ھېكمەت سومكىلىرىنى قويۇپ، كامىلغا قارىدى، كامىل مۇراتقا تىكىلدى.
— مۇرات، سەن ياتىقىڭغا ئوت قالاپ يۈرمە، مەشەدىلا قونۇپ قال، — دېدى كامىل سېۋەتنى قولىغا ئېلىپ، — بۇ سېۋەتكە ئوتۇن بىلەن پوم ئەكەلسەڭ، مەن مەشنىڭ كۈلىنى ئېلىپ تازىلاپ تۇرسام!
— بولمايدۇ، — دېدى مۇرات ئۇزۇپلا، — دەرس تەييارلىقىمغۇ بار، لېكىن كەچتە بىر قۇر كۆرۈپ چىقمىسام بولمايدۇ.
— مەن ئەكېلەي، — دېدى ھېكمەت كامىلدىن سېۋەتنى ئېلىپ، — قەيەردە تارقىتىدۇ؟
— بولدى، مەن بىلەن بارغىن، — دېدى مۇرات ھېكمەتكە، — مەنمۇ ياتىقىمغا ئوتۇن بىلەن پوم ئەكېلىشكە بارىمەن.
مۇرات ياتىقىدىن كونا چېلەكتىن بىرنى ئېلىپ چىققاندىن كېيىن، ئىككىسى مەكتەپ ئاشخانىسى تەرەپكە ماڭدى. بىر قاتار قىزلار ياتىقى بىناسىنىڭ ئەڭ چەتتىكى بىر چوڭ ياتاق پوم ھەم ئوتۇن تارقىتىش ئۆيى ئىدى. مۇرات بىلەن ھېكمەت بارغاندا، ساجىتخان بىلەن ئەمەت شولاق توپلىشىۋالغان ئوقۇغۇچىلارغا: «بۇ سىنىپقا! مانا بۇ ياتاقنىڭ! . . .» دەپ، بىر - ئىككى كەسلەم تۇترۇق ئوتۇن بىلەن ئىككى كېسەكتىن پوم تارقىتىۋاتاتتى. تۇزۇم بويىچە، بويتاقلار ياتىقىنىمۇ يېقىلغۇ بېرىلەتتى. مۇرات بىلەن ھېكمەت ئۆز ياتىقىنىڭ تېگىشلىكىنى ئېلىپ قايتىشتى. سېۋەت كۆتۈرگەن گۈلزىبا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۇچراپ قالدى، لېكىن قىزنىڭ روھى - كەيپىياتى ئانچە ياخشى ئەمەستەك قىلاتتى.
— كامىل، — دېدى ھېكمەت ياتاققا قايتىپ كىرىپ، — پوم بىلەن ئوتۇن ئائىلىلىكلەرگىمۇ تارقىتىلامدۇ؟
— ياق، ئۇلارغا كۈزدە بىر قېتىم، ئېشىپ كەتسە بىر يېرىم تاغار كۆمۈر ئۆۋىقى، ئون چېلەك سېغىز توپا سېتىپ بېرىدۇ. . . ئوتۇننى بولسا ئۆزلىرى ھەل قىلىشىدۇ.

— سىغىز توپىنى سېتىپ بېرەمدۇ؟ ئۇنى قانداق قىلىدۇ؟.
— كۆمۈر ئۈۋىقىغا سىغىز توپىنى ئارىلاشتۇرمىسا، ئۇنى قانداق قىلىپ يوم كېسەك قىلىپ قويغىلى بولىدۇ؟ — دېدى كامىل مەشكە يېرىندىلارنى تېزىۋېتىپ، — خوتەننىڭ توپىسى قۇمساڭغۇ، كۆمۈرگە ئارىلاشتۇرسا بولمايدۇ. شۇڭا، مەكتەپ بالاماس دېگەن يەردىن سىغىز توپا سېتىپ ئەكېلىدۇ.
ھېكمەت ئىلمىنىڭ كۆمۈرلىرىنى ئىپتىخار بىلەن ئەسلىدى. بىر پارچە چوغنى بوگۇنى كۆل ئاستىغا كۆمۈپ قويساڭ، ئەتىسىمۇ قىپقىزىل چوغ پېتى تۇرىدۇ. گاڭگۆل كۆمۈر كېنىنىڭ تەپتى كۈچلۈك كاللەك كۆمۈرى، پىلچىنىڭ قۇرۇق ئوتۇندەك كۆيىدىغان پارقىراق كۆمۈرلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى...
بوۋايلار بىلەن مومايلار «قىشنىڭ گۈلى ئوت» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن، مەشتىكى ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈشى بىلەن، ياتاق ئىچى ئىللىق ھەم مېھىرلىك بولۇپ كەتتى. مەش ئۈستىدىكى چۆگۈنمۇ بىر خىلدا شىكىلداپ ناخشىسىنى باشلىۋەتكەنىدى. ھېكمەت مۇراتنىڭ ئەدەبىيات دەرسىنى ئۈستىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن دەرسلىك قوللانما ئېلىش ھەم قەيەرگە كەلگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ياتىقىغا بارماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، مۇرات ئۆزى كېلىپ قالدى. ئۇ ماتېرىياللارنى ھېكمەتنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.
— بىرىنچى يىللىق ئىككى سىنىپنىڭ ئەدەبىيات دەرسىنى تۆت سائەت ئالدىغا تەييارلاپ قويغان، — دېدى مۇرات ھېكمەتكە، — بۇ ھەپتە دەرس تەييارلىق قىلمىساڭمۇ بولىدۇ.
— رەھمەت ساڭا، رەھمەت!
— تۈنجى قېتىم دەرسكە كىرىۋاتىسەن، قانداق ئىشلار بولسا سورىغىن، — دېدى مۇرات ھېكمەتكە، ئاندىن ئۇ كامىلغا يۈزلەندى، — قارا كامىل، گۈلزىبانىڭ روھى - كەيپىياتى ئانچە ياخشى ئەمەس...
— شۇنداقمۇ؟ يەنە نېمە بولغاندۇر؟...
— نېمە بولماقچىدى، يەنە شۇ قىمارۋازنىڭ دەردىدۇر تايىنلىق!

ياكى گۈلرۇز بىلەن بىر نېمە دېيىشىپ قالدىمىكىن ـ تاڭ؟...

مۇرات چىقىپ كەتتى. ئۆينىڭ ئىچىنى بىر خىل جىمجىتلىق قاپلىدى. ئۇلار بىرەر سائەتتەك دەرس تەييارلىقلىرىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچتى. شۇ ئارىلىقتا ھېچ گەپ ـ سۆز بولۇنمىدى. ئاخىرى ھېكمەت چىدىيالماي كامىلدىن سورىدى:

— كامىل، گۈلزىباغا نېمە بولغاندۇر؟ ئوتتۇنخانىدىن كېلىۋاتساق، بىزگە ئۇچراپ قالدى. كۆڭلى راستىنلا پاراكەندىدەك كۆرۈنىدۇ...

— ھەي... ھېكمەت، ئۆزلىرىگە بۇ ئىشلار قاراڭغۇ، — دېدى كامىل ئېچىنىش بىلەن، — گۈلزىبا بىر بىباھا گۆھەر!... لېكىن ياشلىق ھاياتى ھەسرەت ـ نادامەت، خورلۇق ئىچىدە ئۆتۈۋاتىدۇ... ئۇنىڭ ئۆگەي دادىسى قايىت قىمار ئويناش، نەشە چېكىش بىلەن بۇ ئائىلىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ئۆگەي سىڭلىسى گۈلرۇز بولسا، قاملاشمىغان بالا بولۇپ قالدى. ھازىر ئانىسىنىڭ كېسىلىدىن خەۋەر ئېلىش، ئىككى ئۇكىسىنى ئوقۇتۇش، قايىتنىڭ قەرزلىرىنى تۆلەش... قىسقىسى، ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئېغىرچىلىقى گۈلزىباغا تۈگمەن تېشىدەك ئارتىلىپ قالدى.

كامىل ھۆرمەتلىك كىتابخانلىرىمىزغا مەلۇملۇق بولغان گۈلزىبانىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنىگە قەدەر بولغان ئەھۋالىنى بىر باشتىن سۆزلەپ بەردى. باغرى يۇمشاق ھېكمەت ئۆزىنى تەستە تۇتۇپ، ئاخىرىغىچە ئاڭلىدى...

## غەلىتە مۇھەببەت ئىزھار قىلىش

بوستان ئوتتۇرا مەكتىپى قىزغىن ھايات ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. ھەر خىل پەن ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ سىنىپلاردىن كېلىۋاتقان جاراڭلىق ئاۋازلىرى كارىدور بويلاپ ياڭرايتتى. ھەر بىر پەن ئوقۇتۇش گۇرۇپپىلىرىنىڭ كەسپىي يىغىنلىرى ئېچىلىپ، ئوچۇق دەرسلەر

ئۆتتۇلەتتى، ئوقۇتقۇچىلار دەرستىن چۈشۈپلا، ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئوغۇت توپلاش، ھاجەتخانىلارغا توپا تۆكۈشكە كىرىشىپ كېتەتتى. جاپاكەش سىنىپ مۇدىرلىرى، پات - پاتلا ئوقۇغۇچى يىغىش ئۈچۈن يېزا - كەنتلەرگە يۈگۈرەيتتى. ھەپتە - ئون كۈن ئەتراپىدا خىزمەتلەر سەل بوشاشقان ھامان، پەرمانشا سىياسىي ئۆگىنىشتە ئوقۇتقۇچىلارنى ئاغزىغا كەلگەن قاباھەت تىللارنى ياندۇرماي بىر سائەت تىللاپ چىقاتتى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن، ھەممە كىشى ئۆز ئىشلىرىغا كىرىشىپ كېتەتتى. بۇ مۇدىر پەرمانشانىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، «ئۇلغۇماچ» سېلىش دېيىلەتتى. بۇ ئۇلغۇماچنىڭ سېھىر كۈچى بىرەر ھەپتە داۋام قىلىپ، كەلمىگەن باللار يىغىلاتتى، قالدۇرۇلغان دەرسلەر تولدۇرۇلاتتى، ئوغۇتلار توپلىنىپ، ئاشپەز، ناۋايلار جىددىيلىشىپ، كالا ھارۋىلىرىدا ئاشلىق پونكىتىدىن ئۇنلار توشۇلاتتى، ياتاق، مەيدان، سىنىپ تازىلىقلىرىدا ئومۇمىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىلاتتى. مۇراتمۇ سەنئەت ئۆمىكى ئارقىلىق كەچلىك مەيدان تاماشاسى قىلىپ، ئويۇنلارنى قوياتتى. مۇدىر پەرمانشانىڭ خۇمارى تۇتقان ھامان، ئوقۇتقۇچىلارغا زىياپەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، «مىڭ جىڭ!» دەپ شۇئارلار توۋلىناتتى.

ھېكمەتمۇ توختى قۇربان، كامىل، مۇراتلارنىڭ ياردىمى بىلەن، بىرىنچى يىللىقلارنىڭ ئەدەبىيات دەرسىنى بېرىشنىڭ مېتود - ئۇسۇللىرىنى ئوبدان ئىگىلىدى. شۇنداقلا تېكىستلەرنى ئوقۇپ تەھلىل قىلىش، ئوقۇغۇچىلاردىن كۈتۈدىغان تەلەپ، يېتىدىغان نىشان قاتارلىق دەرس ئۆتۈش، تەييارلىق قىلىش ھالقىلىرىنى ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. رەسىم دەرسى ئۆتۈش ئۇسۇلىدا، بۇرۇنقىلار شوتا، قوغۇن، تاۋۇز، بېلىق قاتارلىقلارنى دوسكىغا قولىنىڭ ئۇچىدىلا بور بىلەن سىزىپ قوياتتى، لېكىن ھېكمەت سىزدۇرماقچى بولغان نەرسىنى قەغەزگە چوڭ ھەم رەڭلىك سىزىپ چاپلاپ بېرەتتى، ئاندىن دوسكىغا ئەڭ ئاددىي سىزىش ئۇسۇللىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەچكە، باللار بىردىنلا رەسىم دەرسىگە قىزىقىپ قالدى. شۇڭا، ئۇ ھەر يەكشەنبە شەھەرگە كىرىپ، رەسىم سىزىش قەغىزى، شام بوياق، سۇ بوياق، ھەر

خىل رەڭلىك قىرىنداشلارنى ئېلىپ چىقىپ، باللارغا تارقىتىپ بېرەتتى. بۇ باھانىدە، خانىمزاتخان مومايىنى، گۈلزىبانىڭ ئانىسى بۇمەرەمخاننى، غازاخۇن ئاكىنى يوقلاپ تۇراتتى. بىر قېتىم گۈلرۇز ھېكمەتنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۆزى ئۇنى ئۆيگە باشلاپ ئاپاردى. ماھىگۈل بىلەن ئابدۇنەبى ئۇنىڭغا بۆلەكچىلا ئامراق بولۇپ كەتكەنىدى.

ھېكمەت بارا - بارا ئوقۇتقۇچىلىقنىڭ ئىنتايىن جاپالىق، لېكىن كۆڭۈللۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى. كامىل بىلەن مۇراتمۇ ئۇنىڭ تىرىشىپ ئىشلەۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن ئىدى، ئۇلار بىكار بولسىلا، بىللە دەرس تەييارلىق قىلاتتى، ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتاتتى، ھېكمەتنىڭ قاتتىق مۇقاۋىلىق رەسىم توپلاملىرىنى كۆرەتتى. بۇ توپلاملارنىڭ كۆپىنچىسى رۇس ھەم ياۋرۇپا رەسساملىرىنىڭ نەمۇنىلىك ئەسەرلىرىنىڭ مۇزېيلاردا ساقلانغان نۇسخىلىرى ئىدى.

جىددىيچىلىك ئىچىدە ئۆتكەن ئوقۇتقۇچىلار قىشلىق تەتىلنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قېلىشتى. ھەر كىم ئۆز دەرسىدىن سوئاللارنى چىقىرىپ، كەچلىك، ئەتىگەنلىك مۇزاكىرىلەرنى ئۇيۇشتۇرماقتا ئىدى. لېكىن بەزى ئوقۇتقۇچىلار پىلانى ئورۇندالمىغاچقا، دەرسلىرىنى بېسىپ ئۆتۈۋاتاتتى. قىشتا گەرچە ئۆرۈكلۈك باغنىڭ ۋەھىمىسى بولمىغىنى بىلەن، مەۋسۇملۇق ئىمتىھاننىڭ ۋەھىمىسى بار ئىدى، ئۇنىڭ نەتىجىسىنىڭ يىللىق ئىمتىھانغا تەسىرى چوڭ ئىدى. شۇڭا، ئىلمىي مۇدىر زىكرۇللا غوجىنىڭ جىددىيلەشكەنلىكىدىن، ئۇچلۇق ئېڭەكلىرى تېخىمۇ ئۇزىراپ، بۇرنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قورۇقى چوڭقۇرلىشىپ، قاپاقلىرى ئېچىلماس بولۇپ قالغانىدى. پەرمانشا مۇدىر بولسا، مال ئېغىللىرىدا قويلارنىڭ ساغرىسىنى، كالىلارنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ، چۈشكەن قىغىنىڭ قېلىنلىقىنى مۆلچەرلەپ يۈرەتتى. ھەتتا ئۇ، چوشقا قوتىنىدىكى ئېچىغان ئاداپنى تولا ئىچىپ، تومشۇقلىرى ئاقىرىپ كەتكەن چوشقا كۈچۈكلىرىنىڭ ھەر خىل ئاۋازدىكى خورتىلداش، خارتىلداشلىرىنى خۇددى مۇزىكا ئاڭلىغاندەك ئاڭلاپ، كۈلۈپ كېتەتتى. بۇ چاغدا، زىكرۇللا غوجى كامىلنىڭ ئەدەبىيات دەرسىدىن

ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان ئوچۇق دەرسى ئۈچۈن پايپاسلاپ يۈرەتتى. ئەسلىدە، ئىلمىي بۆلۈمنىڭ يېرىم يىللىق پىلانى ئىچىدە، ئوچۇق دەرس ئۆتكۈزىدىغان ئوقۇتقۇچىلار قاتارىدا كامىلنىڭمۇ ئىسمى بار ئىدى.

ئۇ، چوڭ ئىشخانىدىكى ئېلان دوسكىسىغا ئەتە سائەت سەككىزدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئوچۇق دەرسكە بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قاتنىشىشى لازىملىقى توغرىسىدىكى ئېلاننى يېزىۋېتىپ، ئىتتىپاق ياچېيكىسىغا كىردى. بۇ يەردە كامىل بىلەن ھېكمەت ئەتە ئوچۇق دەرستە ئۆتۈلىدىغان دەرس مەزمۇنىنى شىپىگرافتا بېسىۋاتاتتى. كامىل داۋاملىق مۇھىم دەپ قارالغان ئاساسلىق دەرس تېكىستلىرىنى تەھلىل، ئانالىزلىرىنى ئالدىن تەييارلاپ، شىپىگرافتا بېسىپ، ئوقۇغۇچىلارغا بىر كۈن بۇرۇن تارقىتىپ بېرەتتى. بۇ ئۇسۇلنى بەزىلەر «ئاۋارىچىلىق»، «ئوقۇغۇچىلار ئالدىن بىلىۋالغان نەرسىنى ئۆتكەننىڭ نېمە پايدىسى؟»، «شەكىلۋازلىق» دېيىشەتتى. بۇ توغرىلىق كامىل ھەر قېتىملىق كەسپىي ئۆگىنىشتە ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، قىزىرىشىپ كېتەتتى.

— بېسىپ بولدۇڭلارمۇ؟ — دېدى زىكرۇللا غوجى ئالدىرىغان قىياپەتتە، — ھازىرلا تارقىتىپ بېرىڭلار...

— بولدۇ، — دېدى كامىل ھېكمەت باسقان ۋاراقچىنى قولىغا ئېلىپ، — ئوچۇق دەرسكە قاتنىشىدىغان ئوقۇتقۇچىلارغىمۇ بىر نۇسخىدىن تارقىتىمەن.

— بولارمۇ؟ — زىكرۇللا غوجى تېڭىرقاپ قالدى، — بوپتۇ، شۇنداق قىلىڭلار، بۇمۇ بىر يېڭىلىق...

زىكرۇللا غوجى چىقىپ كېتىشى بىلەن، ئىككىسى بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈپ قويۇشتى. ئۇلار ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، قوللىرىنى يۇيۇپ تۇرۇۋېدى، پاتەم، ھەبىبە، قۇتبىرەم خانىملار خۇشال ۋارقىرىشىپ كىرىپ كېلىشتى.

— ھېكمەت، سىزگە پوسۇلكا قەغىزى كەپتۇ، كۆردىڭىزمۇ، — دېدى ھەبىبە خانىم قولىدىكى قەغەزنى ھېكمەتكە بېرىپ، — بىز مۇدىرغا تامغا باستۇرۇپ ئېلىپ چىقتۇق.

— ھېكمەت، ئۆزلىرى پوچتىخانىغا بېرىپ كەلسىلە! — دېدى كامىل قەغەزلەرنى رەتلەۋېتىپ، — بۇ خانىملارنىڭ بېشىغا ياغلىق چىقمىغۇچە قولى ئىشقا بارمايدۇ.

— مەن بىللە بارايمۇ؟ — دېدى قۇتبىرەم ھېكمەتنىڭ قولىنى تۇتۇپ.

تۇيۇقسىز كىرىپ قالغان گۈلزىبا بۇ كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ، بوسۇغىدىلا توختاپ قالدى. ھېكمەت ئارقىسىدىكى گۈلزىبانى كۆرمىگەنىدى. لېكىن، قۇتبىرەم بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەندەك، ھېكمەتنىڭ يۈزىگە سۈۋۈشىپ قالغان شېكىراق مېيىنى قولياغلىقىدا سۈرتتى، ئىزا تارتقىنىدىن قىزىرىپ كەتكەن ھېكمەت دەرھال يۈزىنى قاچۇردى.

— خاپا بولمىسىڭىز قۇتبىرەم خانىم، — دېدى ھېكمەت خىجىل بولۇپ، — ئۆزۈم بېرىپ ئەكىلەي.

ھېكمەت كەينىگە قايرىلىپ مېڭىشى بىلەنلا، گۈلزىبانى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى، لېكىن گۈلزىبا گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى. دەقىقە ئۆتمەي، لىپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن كۆڭۈلسىزلىكنى سەزگەن كامىل قۇتبىرەم خانىمغا ئالىيىپ قويدى، پاتەم، ھەببە خانىملارمۇ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قېلىشتى.

پوچتىخانا ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. ئۇ بوستان بازىرىنىڭ بېشىدا بولۇپ، يېنىدا مال دوختۇرخانىسى، ئۇدۇلىدا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يېشىل سىرلانغان رىشاتكىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. «پوچتىخانا» دەپ يوغان ۋېۋىسكا ئېسىۋالغان بۇ بىر ئېغىز چوڭ ئۆينىڭ تام - تورۇسلىرى ئىسلىشىپ كەتكەچكە، غۇۋا يورۇپ تۇراتتى، ئەمما بىرەر ئادەم كۆرۈنمەيتتى.

ھېكمەت ئۆينى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرغان پوكەينى ئۇردى. ئادەم كۆرۈنمىگەندىن كېيىن، پوكەي ئۈستىگە تىكلىپ قويغان پوچتا خەت ساندۇقىنى ئۇراي دەپ تۇرۇشىغا، ياندىكى ئىشىككە كىگىز تارتىلغان تېلېفونخانىدىن بىر قىز يۈگۈرۈپ چىقتى. بۇ قىزنىڭ چوققىسىدىن تىك

قىلىپ ئۆرۈۋالغان بىر ئۆرۈم چېچى مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى. پېشانە، قولاق تۈۋىدىكى دولقۇنسىمان قوڭۇر چاچلىرى، ناۋات رەڭ تۇخۇمدەك چىرايىنى چىمەن ئىچىدىكى غۇنچىدەك چاقنىتىپ، ئىلىپتەك تۇز قارا قاشلىرى ئۈستىدە ئوينايتتى، ئۇنىڭ ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان چوڭ كۆزلىرى كۈلۈپلا تۇراتتى.

ھېكمەت ئىچىدە، «مەكتەپتىكى مۇئەللىملەرنىڭ دېگىنى توغرا ئىكەن» دەپ ئويلىدى. بىر ئايدىن بېرى مەكتەپتە: «پوچتىخانىغا ئادەم خام يەۋالغۇدەك بىر نازىنىن كەپتۇ...»، «تېخى ئۇ قىز ئىككى تىللىقكەن»، «خەنزۇچە قارلىغاچتەك ۋىچىرلاپ سۆزلەپ كەتسە، ئادەم بىر يېرىنى چىشلەپ ئۈزۈۋالغۇسى كېلىدۇ...» دېگەندەك گەپلەر تارقالغانىدى. بويتاق ئوقۇتقۇچىلار دەرستىن چۈشكۈچە ئالدىراپ پوچتىخانىغا يۈگۈرەيتتى. ئۆمرىدە سالام خەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغانلارمۇ، پوچتا ماركىسى ئالغىلى بارىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇراتمۇ بار ئىدى. ئۇ، يېقىندىن بېرى كامىل بىلەن ھېكمەتكە تۇتۇق بەرمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— ھۇيت، — دېدى قىز تېڭىرقاپ قالغان ھېكمەتكە، — مەسچىتكە كىرگەن ئىمامدەك جىمىپ كەتتىڭىزغۇ؟ نېمە ئىش ئىدى، دېمەمسىز؟...

— بۇ پوسۇلكا قەغىزى ئىدى، — دېدى ھېكمەت قەغەزنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ.

— تامغا باستۇرغانمۇ؟ — قىز پوسۇلكا قەغىزىگە قاراپ قىزىرىپ كەتتى، — ھە، سىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىكەنسىز - دە! ۋاي ئۇيات، سەت بوپتۇ... سىزگە ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويۇپتىمەن.

— ھېچقىسى يوق...

— مۇرات بىلەن بىللە ئىشلەيدىكەنسىزدە...

— شۇنداق...

— ئۇ ئەجەب قىزىق بالا، — دېدى قىز كۈلۈپ، — ھەر كەلسىلا ئىككى ئاغىنىسىنى ماختاپ بېرىدۇ، لېكىن ئۆزى توغرىلىق بىر نېمە دېمەيدۇ...

— ئۇ ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچى، تالانتلىق مۇزىكانت. . .
— سازمۇ چالىدۇ دەڭ! ئاغىنىلىرىچۇ؟
— قولىغا چىققان سازنىڭ ھەممىسىنى چالىدۇ. . . لېكىن ئىككى ئاغىنىسى ئۇنچىلىك ئەمەس. . .

ھېكمەت قىز بىلەن خەيرلىشىپ قايتىپ چىقتى. ئۇ ئىچىدە مۇراتنى: «قارا بۇنىڭ چاققانلىقىنى! تومۇچۇقتەك بىر قىزنى كەلتۈرۈۋالغىنىنى. . . » دەپ پىچىرلايتتى. ھېكمەت ياتاققا قايتىپ كېلىپ، خالتىنى سۆكتى. يۇڭ ياغلىق ھەم تور رومالللار ئىچىدىن چوڭ سىڭلىسىنىڭ بىر پارچە خېتى چىقتى. ھېكمەت خەتنى ئالدىرىماي ئوقۇدى. چوڭ سىڭلىسى خەتتە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سالامەت تۇرۇۋاتقانلىقى، قېرىنداش ۋە تۇغقانلارنىڭ ئامان ـ ئېسەن ئىكەنلىكى، ئۆزىنىڭ پوپايكا زاۋۇتىدا ئىشلەپ، يىللىق باھالاشتا نەمۇنىچى بولغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنى يېزىپ، خېتىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېگەنىدى:

«. . . ئاكا، ئەۋەتكەن پۇللىرىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ يەردە يۇڭ ياغلىقلارنى ماگىزىنىدىن تاپقىلى بولىدۇ (باھاسى بەش سوم قىرىق تىيىن)، بىراق، رەڭدار، چىرايلىقلىرى يوق. شۇڭا، زاۋۇت ئۆزىدىن تالون كەستۈرۈپ، 20 يۇڭ ياغلىق ئالدىم (باھاسى تۆت سوم 60تىيىن، سىڭنى خىزمەتداشلىرى ئالدىدا تەڭلىكتە قالمىسۇن دەپ، تالونىمۇ بىللە قوشۇپ ئەۋەتتىم). تور رومالنى ماگىزىنىدىن ئالدىم (باھاسى سەككىز سوم 80 تىيىن). سەن يەتتە دانە يۇڭ ياغلىققا 70سوم، ئىككى تور رومالغا 20 سوم ئەۋەتكەن ئىكەنسەن، 70سومغا 14دانە يۇڭ ياغلىق ئېلىپ، ئۆزەم ئالتە دانە يۇڭ ياغلىق، ئىككى دانە تور رومالنى قوشۇپ قويدۇم. ئەگەر ئامالىنى قىلالىساڭ، ماڭا قارا رەڭلىك، سىڭلىم لالەگە ئالما ئۇرۇقى رەڭلىك ئەتلەستىن ئەۋەتسەڭ! ئەۋەتكەن نەرسىلىرىمنىڭ پۇلى يېتىشمىسە، سەن قوشۇپ قويساڭ. كېيىنكى قېتىم ساڭا شىبلىت ئەۋەتىمەن. . . خەير ئامان بول، ياخشى ئىشلە، دوستلىرىڭغا، خىزمەتداشلىرىڭغا مېنىڭ سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قوي. . .

سىڭلىڭ رەيھانقىزدىن.»

62 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

ھېكمەت خانىملارنىڭ تىزىملىكىگە قاراپ، ياغلىقلارنىڭ تۈرىنى ئايرىپ تۇرۇشىغا، كامىل كىرىپ كەلدى. ئۇ، كارخانىدا يېيىلىپ كەتكەن يۈك ياغلىق، تور رومالالارنى كۆرۈپ، كۈلۈپ كەتتى، ھېكمەتمۇ كامىلنى كۆرۈپ كۈلۈۋەتتى.

— يايمىكەشكە راسا ئوخشاپلا ھېكمەت، — دېدى كامىل چاقچاق قىلىپ، — بازاردا ساتامدۇق - يە؟ . . .

— سىڭلىمنىڭ خېتىنى كۆرۈپ بېقىڭ! — دېدى ھېكمەت خەتنى، تالوننى ئۇنىڭغا بېرىپ، — مەن بۇنداق ئىشتىن بەك ئېھتىيات قىلىمەن، بۇ ياخشى بولدى.

— ئۆزلىرى توغرا پەرەز قىلىپتىكەنلا، غۇلجىدا ئەرزانكەن ئەمەسمۇ، — كامىل ئويلىنىپ قالدى، — خانىملار بىردىن ياغلىققا پۇل بەرگەنىدى، ئەمدى قانداق قىلاي دەيلا؟

— ھەممىسىگە ئىككىدىن بېرەي دەيمەن، سىزنىڭچە قانداق؟

— توغرا ئويلاپلا، لېكىن گۈلزىبا خانىمنىڭ ياغلىقى بىلەن ئۆزلىرىگە تەئەللۇقىنى ھازىرلا يىغىشتۇرۇۋەتسىلە. . .

— نېمىشقا ئەمدى؟

— پەرەز قىلىشىمچە، گۈلزىبا خانىم كىرمەسلىكى مۇمكىن. . . ئۆزىمىز ئەكىرىپ بېرىمىز. . .

— ئۇ . . . ئۇ مېنىڭدىن رەنجىپ قاپتىمۇ؟

— ياق، قۇتېبىرەم خانىمدىن! ئۇ، ئىشخانىدا دارتىملاپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتقان ئوخشايدۇ. . .

ياتاققا خانىملار كىرىپ كېلىشتى. كامىلمۇ دېمەكچى بولغان گېپىنى يۇتۇۋەتتى. ئۇلار، رەيھانقىزنىڭ خېتىنى، تالوننى قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ كۆرۈشتى، ھەر بىرسىگە ئىككىدىن يۈك ياغلىق تەگكىنىگە خۇشال بولۇشۇپ، قىن - قىنىغا پاتماي قېلىشتى. ھەببە خانىم بىلەن پاتەم خانىم ئانىسىغا ئەكەلدۇرگەن تور رومال ئۈچۈن، ھېكمەتكە قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتىشىپ چىقىپ كېتىشتى.

ھېكمەت، چۈشتىن كېيىنكى 5 - 6 - سائەتلەردە، بىرىنچى يىللىق

ئىككى سىنىپنى بىرلەشتۈرۈپ، ئەدەبىيات دەرسىدىن سوئاللار بويىچە مۇزاكىرە ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇ، كەچلىك تامىقنى يەپ بولۇپ ياتاققا قايتىپ كېلىشىگە، كامىل كىرىپ كەلدى.

— دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى كەچلىك مۇزاكىرىگە كىرىپ كەتتى، — دېدى كامىل ھېكمەتكە، — گۈلزىبا ھازىر ياتىقىدا. ئۇنىڭغا تېگىشلىك نەرسىنى ئەكىرىپ بەرسىلە بولىدۇ...

— مەنمۇ؟ — ھېكمەت كامىلنىڭ چىرايىغا قارىدى، — ئىككىمىز بىللە كىرسەكچۇ؟

— ھېچۋەقەسى يوق، كىرىۋەرسىلە...

ھېكمەت كامىلنىڭ چىرايىدىن «شۇنداق قىلسىلا، ئۇنى خىجىللىقتىن قۇتقۇزۇپ قالىلا...» دېگەن ئىپادىنى كۆردى. دېمىسىمۇ ئىككى ئادەم كىرسە بەپىسىز ئىدى. شۇڭا، ئۇ چامادانىدىن گۈلزىبانىڭ ئىككى ياغلىقىنى ئېلىپ، يەنە ئۆزىگە تېگىشلىك يۇڭ ياغلىقتىن بىرنى، تور رومالنىمۇ قوشۇپ يۆگىدى. بۇنىڭ تېگىگە يەتكەن كامىل كۆرمىگەنگە سېلىپ تەتۈر قارىۋالدى.

— كامىل، مەن ئۇنىڭ سىڭلىسى ماھىگۈلگە بىر يۇڭ ياغلىق، ئانىسىغا تور رومالدىن بىرنى قوشۇپ ئېلىۋالدىم، بولارمۇ؟

— ئوبدان ئويلاپلا، لېكىن، ئۇ، ئارتۇقىنى ئالماسلىقى مۇمكىن. لېكىن، ئۆزلىرى بىر ئامالىنى قىلسىلا!...

ھېكمەت گۈلزىبانىڭ ياتىقى ئالدىدا بىر دەم تۇرغاندىن كېيىن، ئىشىكنى چەكتى، ئاندىن ياتاققا كىردى. گرامماتىـﯧـدىن سوئال چىقىرىۋاتقان گۈلزىبا ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى قىزىرىپ قالغانىدى. ھېكمەت كىرىپتىكە ئورالغان بولاقنى كارىۋات ئۈستىگە قويۇپ، قورۇنۇپقىنا ئۆرە تۇردى.

— ئولتۇرۇڭ...

— رەھمەت، مەن... مەن بۇ نەرسىنى ئەكىرگەنىدىم...

ھېكمەت بولاقنى ئېچىپ، كارىۋات ئۈستىگە يايدى.

— قانداق، كۆڭلىڭىزگە يارىدىمۇ؟ سىزگە ياغلىقنىڭ ئۆزىڭىز

ئېيتقان يېشىلىدىن ئىككىنى تاللاپ ئېلىپ قويغانىدىم. . .
— بۇلارچۇ؟ — دېدى گۈلزىبا سۇس قىزىل يولۇك ياغلىق بىلەن تور رومالنى ئىما قىلىپ.
— بۇنى ماھىگۈلگە، تور رومالنى ئانىڭىزغا. . . ئۆتكەندە قۇرۇقلا كىرىپ. . .
— كەچۈرۈڭ، ئالالمايمەن. . .
— نېمىشقا ئەمدى؟
— ئالالمايمەن دېدىم ئالالمايمەن. . .
— راستىنلا ئالامسىز؟ . . . — ھېكمەت ئۇنجى قېتىم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى.
— ئەگەر بەك خىجىل قىلىپ تۇرىۋالسىڭىز، — دېدى گۈلزىبا ھېكمەتنىڭ ئاچچىق نەزەر بىلەن تىكىلىشىدىن ئەندىكىپ، — مائاشىمدىن پۇلىنى بېرىۋېتىسەم بولىدۇ.
— ماقۇل، — دېدى ھېكمەت ياغلىق بىلەن تور رومالنى يۆگەۋېتىپ، — مەنمۇ بۇندىن كېيىن ئۆيىڭىزگە دەسسىمەيمەن. . . ئانىڭىز ئېتىپ بەرگەن تاماقلارنىڭ پۇلىنى تۆلەيمەن. . .
— ھېكمەت! . . .
گۈلزىبا ھېكمەتنىڭ بولاق ئۈستىدىكى قولىنى تۇتۇۋالدى. يۇمشاق كىچىك ئالقانلارنىڭ سىرلىق ھارارىتى پۈتۈن ۋۇجۇدىغا چاقماقتەك تارقاپ، ھېكمەتنى بىئارام قىلىۋەتتى. بۇ دەقىقىدە يىگىتنىڭ تومۇرلىرىدىن ئاققان بىر ئوتلۇق ئېقىم گۈلزىبانىڭ كىچىككىنە يۈرىكىگە تاقالدى. 19 يېشىغىچە ھېچ دۇچار بولمىغان بۇ خىل سېھرىي كۈچ تۇيەيلى، ئۇنىڭ بەرنا قەددىگە سۇس تىترەك ئولاشتى. گۈلزىبا قولىنى تارتىۋالدى.
— كەچۈرۈڭ. . . مەن. . . مەن چىقاي. . :
ھېكمەت چىقىپ كەتتى. . .
«ۋاي خۇدا، مەن نېمە قىلىپ قويدۇم؟ — گۈلزىبا ئىچىدە پىچىرلىدى، — توۋا، مەن ھايا - نومۇسنى بىلمەيدىغان قىز بولۇپ

قالدىمۇ؟ . . . نېمىشقا ئۇنىڭ قولىنى. . . ئۇ مېنى نېمە دەپ ئويلاپ قالار؟ . . . ياق، ياق، ئەمدى ئۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە ھەرگىز ـ ھەرگىز يول قويمايمەن. . . »

بۇ چاغدا، ھېكمەتمۇ ياتىقىدا خىجىللىق بىلەن پۇشايمانىنىڭ زەردابىنى ئىچىپ ئولتۇراتتى. ئۇ نېمىشقا گۈلزىباغا قوپاللىق قىلىدىكىنە؟ ئۇياتسىزلارچە بىسىم ئىشلەتتىكىنە؟ ياكى ھېكمەت ئۇنى قورقىتىپ، ئۆزىگە ئەگمەكچىمۇ؟ ياق، ياق. . . بولمىغۇر خىيال. . . ئۇنىڭ بىر ئۇبدان ئامىنەسى بارغۇ؟ بۇ — گۈلزىبا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ قىسمەتلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قارىتا قوزغالغان ئىنسانپەرۋەرلىك ھېسداشلىقىمۇ، ئادەمگەرچىلىكمۇ ياكى بولمىسا ئىچ ئاغرىتىشمۇ؟ . . .

— گۈلزىبانىڭ نەرسىلىرىنى ئەكىرىپ بەردىڭلىمۇ؟ — دېدى باياتىن بېرى ھېكمەتنىڭ كەيپىياتىنى كۆرۈپ جىم ئولتۇرغان كامىل.

— ھەئە. . .

— ئۇ ھەممىنى ئالدىمۇ؟ . . .

— ياق!

— ئەمىسە؟

— مەن ئۇنىڭغا ئۇياتسىزلارچە بىسىم ئىشلەتتىم. . .

— نېمە دەپ؟

ھېكمەت بولغان ئەھۋالنى دەپ بەرگىنىدە، كامىل مىيىقىدا كۈلۈپ قويدىيۇ، ھېچنېمە دېمىدى. لېكىن ئۇ ھېكمەتنىڭ ئىككى تاش ئارىلىقىدا قىينىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى. كامىل دوستىنى ئەيىبلەشكە ھېچ ئاساس تاپالمىدى. ھېكمەت تا ھازىرغىچە ئامىنەنىڭ مۇھەببىتىنى ۋاپا، ۋىجدان، سەممىي نىيەت بىلەن ئۇلۇغلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما ئاللا ئۇنىڭ ئادىمىيلىكىنى پەزىلەت تارازىسىغا سېلىپ سىناپ باقماقچى بولغاندەك، جەننەت روجەكلىرىدىن قىلىچتىن ئىتتىك، قىلدىن ئىنچىكە بىر نۇرنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى. بۇ نۇر ھېكمەتنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىپ، ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ، ناگىھان بىر ھالەتتە ئۇنى ئازابلىدى، شۇنداق ئىكەن، بۇ

نۇرنى ئۇ توساي دەپمۇ توسۇپ قالالامتى؟ . . . دۇنيادا نۇرنى توسۇيالىغان كىم بار؟ . . . بۇ نۇر قەلب پىنھانلىرىنى يورۇتۇپ تۇرسا! ئەمما ھېكمەت ھازىر كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغانىدى. . .

ھېكمەتنىڭ خامۇش ھالىتىنى سېزىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان كامىل، ئەتە ئۆتمەكچى بولغان «پارىژ كوممۇنىسى» دەرس تېكىستىنىڭ كونسپېكتىنى كۆرۈپ چىقتى. ئاندىن ئۇلار ئۈن - تىنسىز يېتىپ قېلىشتى. ھېكمەتنىڭ خامۇشلۇقى ئەتىگەن بىرىنچى سائەتتىلا ئېلىپ بېرىلغان ئوچۇق دەرستىن چىققاندا، خېلىلا يېشىلىپ قالغانىدەك ئىدى. ئەمما، كامىل دەرس ئۆتۈۋېتىپ، گۈلزىبا بىلەن ھېكمەتنىڭ گويا ناتونۇش ئادەملەردەك، بىر - بىرىگە قاراشماي، ئۆزىنى تۇتۇپ ئولتۇرغانلىقىنى سېزىپ قالدى.

«پارىژ كوممۇنىسى» دەرسىنىڭ تېكىستى ئالاھىدە ئۇسۇل، ئوخشىمىغان مېتودتا ئۆتۈلدى. سىنىپ ئىچى ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلار بىلەن لىق تولغانىدى. كامىل يوقلىما قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئالدىنقى دەرستە ئۆتۈلگەن تېكىستتىكى تەكرارلاش سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەن ئوقۇغۇچىلارغا نومۇر قويدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاتا سۆزلىگەن جايلىرىنى تۈزىتىش ۋە كەم قالغان مەزمۇنلىرىنى تولۇقلاش يۈزىسىدىن، ئالدىنقى دەرسنىڭ مەزمۇنىنى قىسقىغىنا سۆزلەپ بەردى، ئاندىن يېڭى دەرس — «پارىژ كوممۇنىسى» تېكىستىدىن سوئال تاشلىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قول كۆتۈردى. بىر نەچچە ئوقۇغۇچى ئۆز چۈشەنچىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، كامىل دوسكىغا «پارىژ كوممۇنىسى» دېگەن خەتنى چوڭ ھەم چىرايلىق قىلىپ يازدى.

كامىل دەرس مەزمۇنىنى بۆلەك ھەم ئابزاسلار بويىچە تەھلىل قىلىپ سۆزلەش جەريانىدا، گويا ۋەقە يۈز بەرگەن يىل - ئايلارنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، ئاپتورنىڭ ئىسمى يادىدا قالمىغاندەك، ئۇلارنى ئارىلاپ - ئارىلاپ ئوقۇغۇچىلاردىن سورايتتى، بالىلار جاۋاب بېرىپ، بىردەك ۋارقىرىشاتتى.

ئوچۇق دەرس ئاياغلاشتى. زىكرۇللا غوجىنىڭ بىرلا ۋارقىرىشى بىلەن، ئوقۇتقۇچىلار تارقىلىپ كەتمەي ئىشخانىغا كىرىشتى. ئوچۇق دەرستىن كېيىن كوللېكتىپ يىغىلىپ، ئۆتۈلگەن ئوچۇق دەرسنىڭ ئۆتۈق - كەمچىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ، ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئادەت ئىدى.

— ھەر قايسىڭلار، — دېدى زىكرۇللا غوجى كۆپچىلىككە قاراپ، — كامىل راخمانىنىڭ ئوچۇق دەرسىنى ئاڭلىدىڭلار... ئالغان تەسىرات، سىزگەن ئۆتۈق - كەمچىلىكلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە، ئورتاق ئۇسۇل، ياخشى تەجرىبىلەرنى كېڭەيتىشىمىز كېرەك. قېنى كىم سۆزلەپ باقىدۇ؟

ئوقۇتقۇچىلار ئوچۇق دەرس ئاڭلاش خاتىرىلىرىنى ۋاراقلاشقا باشلىدى. توختى قۇربان، ھېكمەت، پاتەم خانىم، گۈلزىبا خانىم قاتارلىق ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى تېكست مەزمۇنى، ھەر بىر ئابزاس، بۆلەكلەردە ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيە، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا باغلىنىشلىرى قانداق تىل سەنئىتى بىلەن يەتكۈزۈلگەنلىكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوبۇل قىلىش ئۈنۈمى قاتارلىق جەھەتلەردە ئوچۇق دەرسنىڭ ئۇتۇقلۇق بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. تەبىئىي پەن ئوقۇتقۇچىلىرى بولسا، ئوقۇغۇچىلارنى قوزغىتىش، ئىلھاملاندۇرۇش، يېتەكلەش قاتارلىق ئۇسۇل، مېتود جەھەتلەردىكى نەتىجىلەرنى سۆزلىدى. ئوچۇق دەرسكە قاتناشقان بارلىق ئوقۇتقۇچىلار ئالغان تەسىرات، كۆز قاراش، چۈشەنچىلىرىنى بىر قۇردىن ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئەمما، ھەر قانداق يىغىن، ئولتۇرۇش، سۆھبەتلەردە ئالدى بىلەن سەكرەپ تۇرۇپ، قايناپ - تېشىپ سۆزلەيدىغان مۇرات يوق ئىدى، ھېكمەت ئەتراپىغا بىر قۇر نەزەر سالدى. بۇ چاغدا مەمتىلى ئىبراھىم يوغان، خام سېمىز بەدىنىنى چايقاپ، ئورنىدىن تۇردى.

— مېنىڭچە، تېخى ئۆتۈلمىگەن تېكست كونسپېكتىنى ئالدىن ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس، — دېدى ئۇ گېلىنى قىرىپ، — بۇ ۋاقىت ئىسراپچىلىقى، قەغەز ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىن سىرت، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكىنى

ئېغىرلىتىۋېتىدۇ. ئاندىن، ئوقۇغۇچىلار ئالدىن بىلىپ بولغان دەرسنى ئوقۇتقۇچى قايتا سۆزلەپ بەرسە، ئۇنىڭ نېمە مەززىسى بولسۇن؟

— مەن مەتنىلى ئىبراھىمنىڭ پىكرىگە تامامەن قوشۇلىمەن، — دېدى ساجىتخان غەلىتىلا تولغىنىپ، — ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەر بىر ئۆتكەن دەرسى ئوقۇغۇچىغا يېڭىلىق بولۇشى كېرەك، بولمىسا ئوقۇتقۇچىنىڭ نام - ئابرويى، ھۆرمىتى بولامدۇ؟

— ساجىتخان مۇئەللىم، — دېدى ھېكمەت ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئوقۇتقۇچىنىڭ ۋەزىپىسى ھەرگىز ئوقۇغۇچىنى ھەيران قالدۇرۇش ئەمەس. بەلكى مول بىلىم بېرىش. . . ئۇنىڭسىزمۇ بۇ مەكتەپتە ھەيران قالىدىغان ئىشلار ئازمۇ؟ . . .

ئىشخانىنى كۆتۈرۈۋەتكۇدەك كۈلكە كۆتۈرۈلدى. قاپىقى ئانچە ئېچىلمايدىغان زىكرۇللا غوجىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. بۇ سۆزنىڭ ئېغىزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالغان ھېكمەت سەل خىجىل بولۇپ قالدى. گەرچە پەرمانشا مۇدىر يېغىنغا قاتناشمىغان بولسىمۇ، بۇ سۆزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ساجىتخانغا تېگىپ كېتىشى ئېنىقلا ئىدى.

— يولداشلار تىنچلىنايلى! — دېدى زىكرۇللا غوجى يېغىندىن خۇلاسە چىقىرىپ، — ھەممىيلەن قىزغىن پىكىر قىلىپ، تالاش - تارتىش قىلىشتى، بۇ ياخشى ئەھۋال. مەن يولداشلارنىڭ دېگىنىنى قايتا تەكرارلىمايمەن. . . ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئوچۇق دەرس ئۇتۇقلۇق بولدى. مېنىڭ قوشۇمچە قىلىپ قويۇدىغىنىم، دەرس تېكىستى ئىخچام، مەزمۇنلۇق، مېغىزلىق، ئاساسىي نۇقتىلىرى پىششىق تەييارلانغان، ۋاقتى 50 مىنۇتقا توغرىلانغان. بەزى ئوقۇتقۇچىلىرىمىز دەرسنى بالدۇر تۈگىتىپ قويۇپ، قۇلىقى ئۆرۈلمايۋاتقان داڭدا بولىدۇ. . . بەزىلىرىمىز دەرسنى تۈگىتەلمەي، تەنەپپۇسنى ئىگىلىۋېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نارازىلىقىغا دۇچار بولىمىز. مانا بۇ، ۋاقىت بىلەن دەرسنى مۆلچەرلىيەلمەسلىك بولىدۇ. . . ئىككىنچىدىن، ئوچۇق دەرس يېڭىچە ئۇسۇل بىلەن ئۆتۈلدى. ئويلاپ بېقىڭلار، توختى قۇربان، كامىل،

مۇرات، ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى يۈسۈپلەرنىڭ دەرسلىرىدىن ئېلىنغان چارەكلىك، مەۋسۇملۇق، يىللىق ئىمتىھانلاردا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆتۈش نىسبىتى نېمە ئۈچۈن يۇقىرى؟ چۈنكى ئۇلار داۋاملىق ئىزدىنىدۇ. ھە، راست، مۇرات كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ئوچۇق دەرسكە قاتناشمىدىمۇ؟

— قاتناشتى، — دېدى كامىل ھېكمەتكە قاراپ قويۇپ، — ئەڭ ئاخىرقى پارتىدا ئولتۇرغان.

— قورسىقى قاتتىق ئاغرىپ كېتىپتىكەن، — دېدى ھېكمەت تەمتىرىمەيلا، — ئىلمىي مۇدىرغا دەپ قويساڭ دەپ... ئوچۇق دەرستىن چىقىپلا دوختۇرخانىغا كەتكەن...

ئىلمىي مۇدىر زىكرۇللا غوجى يىغىننىڭ ئاخىرىدا، مەۋسۇملۇق ئىمتىھاننىڭ ئېلىنىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى، مەكتەپ بويىچە ئوقۇتۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنى دەرسكە تولۇق قاتناشتۇرۇش، كەلمىگەن بالىلارنى سىنىپ مۇدىرى بىلەن قوشۇمچە سىنىپ مۇدىرلىرى بىرلىشىپ تولۇقلاشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تاپىلاپ، يىغىننى تۈگەتتى. ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئاڭلاش خاتىرىلىرىنى ئاستۇدىكى مىخلارغا ئېسىشىپ، ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىشتى. كامىل كارىدوردا كېتىۋېتىپ، ھېكمەتكە پىچىرلىدى:

— مۇراتنىڭ راستىنلا قورسىقى ئاغرىپ قاپتىمۇ؟

— نەدىكىنى؟ مەنمۇ بىلمەيمەن!...

— مۇراتقا زادى نېمە بولغاندۇر؟ ئۇ غەلىتىلا بولۇپ قالدى!...

كامىل بىلەن ھېكمەت ئوقۇتۇش بىناسىدىن چىقىپ تۇرۇشىغا، مەكتەپ مەيدانىدىن بىر بالا يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىدا توختىدى. بۇ بالا گۈلزىبانىڭ سىنىپىدىكى سەدۇللا ئىدى.

— مۇئەللىم، چاتاق بولدى، — دېدى ئۇ ھاسىراپ، — مۇرات مۇئەللىمنى گۆڭشې قوغداش بۆلۈمىدىكى ئىككى ئادەم تۇتۇپ كەتتى.

— نېمە ئۈچۈن؟ — كامىل ئالدىراپ سورىدى.

— بىلمەيمەن، لېكىن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. مۇرات مۇئەللىم

پوچتىخانىدىن چىقتى...

كامىل بىلەن ھېكمەت بىر - بىرىگە قارىغىنىچە تېڭىرقاپ قېلىشتى.

— بۇ گەپنى باشقىلارغا دېدىڭمۇ؟ — سورىدى ھېكمەت، — دېمىگەن بولساڭ بىركىمگە تىنغۇچى بولما!...

كامىل بىلەن ھېكمەت ئالدىراپ - تېنەپ، گۇڭشې قوغداش بۆلۈمىگە كەلگەندە، ئىككى مىنبىڭ ئۈچ قىرلىق كالتىكىنى سىقىمدىغىنىچە قولۇپلانغان ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى. ئۇلار خۇددى جەڭگاھتىن غەلىبە قۇچۇپ قايتقان باھادىرلاردەك، كامىل بىلەن ھېكمەتنى نەزەر كۆزىگىمۇ ئىلمىدى.

— ئىشىكنى ئاچ، بىز مۇرات بىلەن كۆرۈشۈپ چىقايلى، — دېدى كامىل ئالىغاي مىنبىڭغا، — ئۇنى نېمىشقا سولاپ قويدۇڭلار؟

— ئىشىكنى ئېچىشقا بولمايدۇ، بۇ خالىق كاتىپنىڭ بۇيرۇقى، — دېدى ئالىغاي قەيەرگىدۇر قاراپ، — مۇرات پوچتىخانىدىكى زۇمرەت قىزنىڭ قولىغا تاماكا يېقىپ، پوخورلۇق قىلىپتۇ...

— قولىغا تاماكا يېقىپتۇ؟ — كامىلنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى، — قېنى ئىشىكنى ئاچ، مۇرات بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن...

— بولمايدۇ...

— بىكار قولۇپىڭنى چېقىۋېتىمەن! ئاچ دەيمەن...

— كىم ئۇ غەلۋە قىلىۋاتقان؟ — ۋارقىرىدى قىيما تۈۋرۈكلۈك ئۇزۇن پېشايۋاندا كېلىۋاتقان بىر كىشى، — كۆپكۈندۈزدە جېدەل چىقىرىپ؟

ئوتتۇرا بوي، ئورۇقراق، بۇغداي ئۆڭ، قاپقارا چاچلىرىنى ئارقىسىغا پارقىرىتىپ تارىغان، تۇرقىدىن بىلىمدانلىقى چىقىپ تۇرغان 32 ياشلار چامىسىدىكى بۇ كىشى — گۇڭشې كاتىپى خالىق ئىدى. ئۇنىڭ قىسقا شالاڭ قاشلىرى، كەڭ پارقىراق پېشانىسى، ئۇچى قىزىرىپ قالغان قاڭشارلىق بۇرنى، پاكىزە، رەتلىك كىيىنىشلىرى ئۇنىڭ تەربىيە كۆرگەن زىيالىي ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. بىراق بىر چېكىتكە ئۇيۇپ قالغاندەك تىكىلگەن چوڭ كۆز قارىچۇقلىرىدىن ئادەم

تېنى ئېيمەنگۈدەك بىر خىل سوغۇق نۇر چاچراپ، قېلىن كالپۇكلىرىدىن مەسخىرىلىك تەبەسسۇم كەتمەيتتى.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، خالىق بۇرۇن ئاق كېسەل بولغانىكەن. ئۇنىڭ پېشانە، يۈزلىرى، كۆز جىيەكلىرىدىكى ھالرەڭ داغلار تۇتاش كۆپىيىپ، كىرپىكلىرىنىڭمۇ بەزى يەرلىرى ئاق، بەزى يەرلىرى قارا بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «ئالا كالا» دېيىشىدىكەن. ئۇ مىللىي تىبابەتچىلىك كىتابلىرىنى كۆپ كۆرۈش، پەرھىز تۇتۇش ئارقىلىق بۇ لەنەت تەككۇردىن خالاس تاپقان بولسىمۇ، ھېلىھەم كۆزگە چېلىقىپ تۇرغان بويىنىنىڭ سول تەرىپىدىكى تەڭگىدەك ئاق شۇ كېسەلنىڭ يالدامىسى ئىدى.

— ھە، كامىل ئەپەندى! كېلىپ قاپسىلە؟ — دېدى خالىق مۇسلا، — بىرەرگەپ كالىچى بارمىدى؟

— مۇراتنى نېمە ۋەجىدىن سولاپ قويىدىلا؟

— ئۇ زۇمرەت قىزغا يامان نىيەتتە بولۇپ، قولىغا تاماكا ياققان. بۇ خۇددى ھەممە ئىشنى موللا بىلەر، موللا قويۇپ كۆلگە سىيەر دېگەندەك بىر گەپتە!

— يالغان! — دېدى مۇرات ئۆي ئىچىدىن ۋارقىراپ، — مەن يامان نىيەتتە بولغىنىم يوق، تاماكا يېقىلىپ كەتتى...

— ئۇنى سېلى قانداق قىلماقچى؟ — دېدى كامىل خالىقنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ.

— باشقا ئىش يوق. تۆۋەنامىدىن بىرنى يېزىپ بەرسە، قويۇپ بېرىمىز.

— يازمايمەن، — ۋارقىرىدى مۇرات غەزەپ بىلەن.

— كامىل، — دېدى ھېكمەت ئۇنى چەتكە تارتىپ ۋە ئاستا پىچىرلىدى، — بىز ئالدى بىلەن پوچتىخانىغا بىر بېرىپ كېلەيلى، كېيىنى ئاڭلاڭ...

كامىل بىلەن ھېكمەت «بىز ھازىر كېلىمىز» دەپ قويۇپ، پەلەمپەيدىن تاراقلاپ چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار پوچتىخانىغا كىرگەندە، زۇمرەت پۆكەي ئۈستىدە يېڭى كەلگەن گېزىتلەرنى رەتلەۋاتاتتى. ئۇ، ئوڭ

قولىنىڭ بىغىشىنى ئاق داكا بىلەن تېڭىۋالغانىدى. زۆھرەت ھېكمەتنى كۆرۈپ، «كېلىڭ!» دېدى - دە، كۆلۈپ قويدى، قىزغا نەپرەتلىك تىكىلىپ تۇرغان كامىل بۇ گەھۋالنى كۆرۈپ جىمىپ قالدى.

— زۆھرەت، — دېدى ھېكمەت سىپايىلىق بىلەن، — ئېيتىڭا، مۇرات بىلەن ئاراڭلاردا بىر ئىش يۈز بەردىمۇ؟

— ئۇ... ئۇ... — قىز يوسۇققىدە كۆلمۈەتتى، — قولۇمغا تاماكا يېقىۋەتتى. مەن چىرقىراپ نەچچىنى پىرقىرىۋەتتىم... ئۇ قەستەن....

— سىزنىڭ قوللىرىڭىز شۇنچە كەڭ يۈكەي ئالدىدا نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — ۋارقىرىدى كامىل، — سىزگە شۇنچە ئۇز ھۆسن - جامالنى بەرگەن خۇدايىم ئەخلاق - پەزىلەتنىمۇ بىر ئاز بەرسە بولمامدۇ؟...

— ھۆيت، نېمە بولدىڭىز؟ ئەخلاق - پەزىلىتىمچۇ، مەخمەل قۇتا ئىچىدىكى گۆھەردەك ساپ. شۇڭا، مېنىڭ ئىسمىم زۆھرەت...

— زۆھرەتمىش تېخى، قىلغان ئىشلىرىڭىز داشقالنىمۇ خىجىل قىلىدۇ.

— بولدى، بولدى، — دېدى ھېكمەت ۋارقىراپ، — قاراڭ زۆھرەت، مۇراتنى گۇڭشې قوغداش بۆلۈمىگە سولاپ قويۇپتۇ، سىز بىر نېمە دېگەنىمىدىڭىز؟...

— مۇراتنى سولاپ قويۇپتۇ؟ — قىزنىڭ چوڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — بۇ چوقۇم پوچتىخانا باشلىقى قاسىمكامىنىڭ ئىشى. ئۇ، ئىش يۈز بەرگەندە بار ئىدى. ئۇ ئادەم گۇڭشې قوغداش بۆلۈمىگە تېلېفون بېرىۋەتكەن گەپ.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — ھېكمەت قىزنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى.

— مەن ئۆزەم بارىمەن!...

گۇڭشې بىناسىنىڭ پېشايۋىنىدا كالتە جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ، يۈتىنى كېرىپ تۇرغان خالىق دەرۋازىدىن ئالدىراپ كىرىپ كەلگەن زۆھرەتنى كۆرۈپ، ھىجايغىنىچە پەلەمپەيدىن پەسكە چۈشتى. ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرى قىسىلىپ، زۆھرەتكە ئىلتىپات بىلەن قارىدى.

— زۇمرەتگۈل، نېمىگە بۇنچىۋالا ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدىڭىز؟ — خالىق قىزنىڭ ئۇبدانلا كۆتۈرۈلۈپ قالغان كۆكسىگە قاراپ تۇكۇرۇكىنى يۇتتى، — بۇلار سىزنى ئالدىغا سېلىپ ئەكەلدىمۇ؟

— خالىق ئاكا، نېمە ئۈچۈن مۇراتنى سولاپ قويىسىز؟ — دېدى قىز ئاچچىقى بىلەن، — ئۇ ئىشتا مەن ئەيىبلىك تۇرسام. . .

— سىز ئەيىبلىك؟

— شۇنداق! — بۇ شوخ، تېتىك قىز ھايا - نومۇسىنى قايرىپ قويۇپ، بىر ئەپلىك گەپ ئويۇنى ياسىدى، — مۇرات قەشقەردىكى ئانىسىغا خەت سېلىش ئۈچۈن كەپتىكەن، ئۇ تاماكا تۇتاشتۇرۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ چاقمىقىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، چاقماق قىپقىزىل، پارقىراق، شۇنداق چىرايلىقكەن. كۆرۈپ باقاي دېسەم بەرمىدى. مەن مۇراتنىڭ قولىغا بىرلا ئېسىلىۋېدىم، تاماكىسىغا قولۇمنى يېقىۋالدىم.

— ئەمىسە نېمىشقا ۋارقىرىدىڭىز؟

— سىزمۇ ئوتنى قولىڭىزغا يېقىپ بېقىڭا، ۋارقىراش ئەمەس، ئىشتانغا چىقىرىۋېتىسىز. . .

كامىل بىلەن ھېكمەت تەڭلا كۈلۈۋەتتى. . . ئۇنىڭسىزمۇ بەك ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان خالىقنىڭ بىردىنلا بويىنىدىكى داغ قىزىرىپ، گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى. ئۇ قوغداش بۆلۈمىنىڭ ئىشىكىنى ئاچقۇزۇپ، مۇراتنى چىقىرىۋەتتى.

— ئەپەندى بولغىنى بىلەن، ساپلا ئەخلاقسىز نېمىلەر، — دېدى خالىق ئارقىدىن ئاستا غىڭشىپ، ئەمما كامىل بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەن شارتلا ئارقىسىغا قايرىلدى.

— خالىق كاتىپ، — دېدى كامىل ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادىلىپ، — بۇ سۆزلىرى خېلىلا ئارتۇق كەتتى. ئەگەر مۇراتنى ئاشۇنداق قىلدى دېگەندىمۇ، ياشلىق، بەڭۋاشلىق. . . ئانچە ئەيىبكە بويرىغىلى بولمايدۇ. لېكىن يېشى ئوتتۇزغا يەتمەي ئۈچ - تۆت خوتۇننى يولغا سېلىپ قويغان ئادەمنىڭ پەزىلىتىنى ئەخلاقنىڭ قانداق تارازىسىغا سېلىپ ئۆلچىگۈلۈك؟

— سەن! . . .

— هې ! . . .

ئۇلار گۇگۇشې دەرۋازىسى ئالدىغا چىققاندا، ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈۋېتىشتى. كامىل قىزنىڭ جاسارىتىگە ئىچىدە ئاپىرىن ئوقۇدى، مۇرات بولسا سەل خاپىدەك كۆرۈنەتتى.

— زۇمرەت قىز، بايىقى گېپىمنى قايتۇرۇۋالدىم، — دېدى كامىل كۈلۈپ، — سىز ھەقىقەتەن زۇمرەتكە لايىق زۇمرەتكەنسىز. . .

— سىزمۇ مېنى كەچۈرۈڭ. . . مەن ئاشۇنداق قوپال ئۆگىنىپ قاپتىمەن، — دېدى زۇمرەت ھۆپپىدە قىزىرىپ، — ئەھۋالنى مۇراتقا چۈشەندۈرۈپ قويارسىلەر، مەن كەتتىم. . .

يولدا كەلگۈچە، ۋەقەنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلگەندىن كېيىن، مۇراتنىڭ چىرايى ۋاللىدە ئېچىلدى. ئۇ «زۇمرەت قوغداش بۆلۈمىگە تېلېفون بېرىپتۇ» دېگەن ئويي بىلەن قاتتىق خاپا بولغانىدى. ئۇلار ياتاققا كەلگەندىن كېيىن، كامىل بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ، كايىپ كەتتى. مۇراتمۇ زۇمرەت بىلەن تونۇشقان بىر ئايدىن بېرى قولى ئىشقا بارمىغانلىقى، دوستلىرىغا قانچە - قانچە قېتىم ئېيتىشقا تەمشىلىپ ئېيتالمىغانلىقىدەك جەريانلارنى سۆزلەپ، بۇگۈنكى يۈز بەرگەن ئەھۋالنىمۇ دېۋەتتى. ئىشنىڭ تەكتىنى چۈشەنگەن كامىل بىلەن ھېكمەت تويدۇرماي كۆز قىسىشۋالدى.

— ھەر قانچە ئامراقلىقىڭ كەلگەن بولسىمۇ، قولىغا تاماكا ئوتىنى ياقامسەن؟ — دېدى كامىل خاپا بولۇپ، — مەن ھېچ چۈشەنمىدىم، بىرلىۋنىڭ تېنىگە ئازار بېرىپ كۆڭۈل ئىزھار قىلغاننى ئاڭلىماپتىكەنمەن؟ . . .

— تاقەت قىلالمىدىم، — دېدى مۇرات يەردىن ئۇستۇن قارىماي.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئۇ. . . ئۇ. . . ۋاي بولدىلا. . .

— ھە، دېمەمسەن؟ قىز بالىدەك ناز قىلماي. . .

— ئۇ. . . ئۇ، پوكەينىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇپ. . .

— قاش ئاتتىما؟

— ياق. . .
— كۆز قىستىما؟ . . .
— ئۇنداقمۇ ئەمەس. . .
— ئەمسە قانداق؟
— تۇمشۇقىنى . . . ئۇچلاپ. . .
ھېكمەت كۈلۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئاغزىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. كامىل بولسا، «كۈلمە» دېگەندەك قىلىپ باش لىڭشىتتى.
— ئۇ تۇمشۇقىنى ئۇچلىغان بولسا، سەنمۇ تۇمشۇقۇڭنى ئۇچلىساڭ بولمامدۇ؟ نېمىشقا تاماكاڭنى ياقىسەن؟
— بويۇم يەتمىسە! . . .
— شۇنىڭ بىلەن تاماكاڭنى ياقتىڭ. . . ئۇ ئازابقا چىدىماي ۋارقىرىسا، سەن قانداقمۇ چىدىغانسەن؟ . . .
— تاڭ، ئۆزەممۇ بىلمەيمەن. . . ۋارقىراتقۇم كېلىپ قاپتىكەن. . .
— ئەمدى قانداق قىلماقچىسەن؟
— ئوقالمىدىم.
— بەللى، ئوقالمىدىم دېگىنىڭ نېمىسى؟ — دېدى كامىل جىددىي تەلەپپۇزدا، — بېرىپ كەچۈرۈم سورا، بىر قىز بالىغا يۈزىنى قايرىپ قويۇپ، «مەن ئۇنىڭغا ئېسىلدىم» دېيىش ئاسانمۇ؟ . . .
— يەكشەنبە كۈنى شەھەردىن لايىقىدا بىر نېمە ئېلىپ چىقىپ باراي، قۇرۇق بارسامىمۇ. . .
— بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە قىزلارغا لايىق بىر نەرسە تاپمىقىڭمۇ تەس، — دېدى ھېكمەت چامادانىدىن يېشىل يولۇق ياغلىقتىن بىرنى ئېلىپ، بۇنى بەرسەڭ، تاماكا ئوتى ياقىنىڭدىن ياخشىراق بولىدۇ، قانداق دېدىم كامىل؟
— توغرا، خېلى تۈزۈك قىزدەك قىلىدۇ. . . كەچۈرۈۋەتسە ئەجەب ئەمەس. . .
— پاھ، تېخى سىدام يېشىلى ئىكەن، — دېدى مۇرات خۇشال بولۇپ، — مەن تۈنۈگۈنلا تاما قىلغانىدىم، لېكىن پۇل بەرمىگەچكە ھەم

ئوشۇقى يوقتۇر دەپتىكەنمەن.

— سېنىڭ ئىشلىرىڭ چۇشۇمگە ئايان بولۇپ، زۇمرەت ئۇچۇن بىرنى ئوشۇق ئەكەلدۇرگەن...

— رەھمەت، رەھمەت ساڭا! — مۇرات ئون يۈەن پۇلنى ھېكمەتكە تەڭلىدى، — تۇتە، دوستۇم...

— نېمە، سەن؟ ... — ھېكمەتنىڭ كۆزلىرى ئالايدى.

— ھەي، ھەي، سەن يەنە ئالجىغىلى تۇردۇڭ! — دېدى كامىل ياسىما ئاچچىقلاپ، — سەن ئۆز دوستۇڭنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن؟... تېز ماڭ!...

— رەھمەت ھېكمەت، سەن مېنى زۇمرەتنىڭ ئالدىدا قاتتىق ماختىۋېتىپسەن، ئۇ ماڭا ھەممىنى سۆزلەپ بەردى.

ھېكمەت يۇڭ ياغلىقنى گېزىتكە چىرايلىق ئوراپ بەرگەندىن كېيىن، مۇرات يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كېتىشى بىلەنلا، كامىل بىلەن ھېكمەت ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى..

— بۇ بىر سازاڭ، سۆيۈملۈك ساراڭ! — دېدى كامىل كۈلۈپ.

— تاياقتەك تۈز كەتكەن ئوماق ساراڭ! — دېدى ھېكمەت تېلىقىپ.

## ئالدانغان كېيىك

مەۋسۇملۇق ئىمتىھان ئاياغلىشىپ، ئوقۇغۇچىلار قىشلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىلگەندى. ئوقۇتقۇچىلار ناھىيە بويىچە چايخانا مەكتەپ ۋە 2 - باشلانغۇچ مەكتەپكە يىغىلىپ، ئىككى ھەپتىلىك كۇرسقا قاتنىشىپ، مەكتەپ ۋە ئائىلىلىرىگە قايتىشتى.

ئوقۇتقۇچىلار تارقىغاندىن كېيىن، ھېكمەت خانىمزاتخان موماي ھەم سەئىدەگە ئاتىغان رومال بىلەن بىر دانە يۇڭ ياغلىقنى موماينىڭ ئالدىغا قويۇپ بولۇپ، مەكتىپىگە چىقىپ كەتتى. كامىل ئۇنىڭغا: «ئون نەچچە

كۈننى مەكتەپتە يالغۇز ئۆتكۈزۈشۈڭ تەس...» دېگەن بولسىمۇ، ئۇ زادىلا ئۇنىمىدى. كامىل بىر نەچچە كۈندىن بېرى غازاخۇن ئاكىدىن كىتاب ئەكېلىپ ئوقۇدى: «نائىبى»، «شادىمان» قاتارلىق شائىر دوستلىرى بىلەن ھەمسۆھبەت بولدى؛ سازەندە ئابلىز نەۋا، ماتېماتىكا پېرى دەپ ئاتالغان ئامانىللا قۇربانى قاتارلىق دوست - بۇرادەرلىرىنى يوقلىدى. لېكىن يەنە نېمە ئۈچۈندۇر، يېزا مەكتىپىدە يالغۇز ياشاۋاتقان ھېكمەت زادىلا يادىدىن كەتمىدى. خان ئانىمۇ «ئادەم يالغۇز قالغاندا، خىيال باسىدۇ، غېرىبلىق ئەسىر قىلىدۇ. مۇساپىر بالىمىزنى تەنھا قويماڭلار...» دەپ نەچچە قېتىم تاپىلىدى. شۇڭا، كامىل تونۇگۈن مەكتەپكە چىقماقچى بولۇپ تۇرۇۋېدى، سازەندە ئابلىز نەۋا پېشقەدەم خەلق سەنئەتچىسى مىرزاپىشانى باشلاپ كېلىپ، بىر - يېرىمدەم ساز قىلىشتى. مىر ئەلىشىر نەۋائى، مەشرەپ، نۆبىتىلەرنىڭ مۇڭلۇق غەزەللىرىنى ئاڭلاپ، خان ئانىمۇ كۆڭلى ئېچىلىپ قالدى...

بۈگۈن ھاۋا تۇتۇق بولغاچقا، نەم سوغۇق بولۇۋاتاتتى. كامىل ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ مەكتەپكە چىقماقچى ئىكەنلىكىنى خان ئانىسىغا ئۇقتۇردى. ئۇ سىرتقا چىققاندا، گۈجان مەھەللىسىنى تۇتاش تۇمان قاپلىۋالغان بولۇپ، ئېگىزدىكى باغلار، دەل - دەرەخلەر خۇددى باھاردىكى چېچەكلەردەك ئاپئاق قىراۋ ئاستىدا قالغانىدى. كامىل ئاشلىق ئىدارىسى ئالدىغا كەلگەندە، ماھىگۇل ئۇچراپ قالدى. ئۇ گۆش ئېلىش ئۈچۈن بازارغا چىققانىدى. كامىل بۇمەرەمخان، گۈلزىبالارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. بارغانسېرى سۇزۇلۇپ، بوي تارتىۋاتقان قىز يەرگە باققىنىچە، ئانىسىنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى، ھازىر ئۆيىنىڭ ھەممە ئىشىنى ئاچىسى گۈلزىبا قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. شۇڭا، كامىل بۇمەرەمخاننى يوقلاپ قويۇش ئۈچۈن ئارقىسىغا ياندى. ئۇ، يالغۇز بېرىشنى ئەپسىز كۆرۈپ، مۇراتنىڭ ئۆيىگە باردى، لېكىن مۇراتنىڭ ئۇكىسى، ئاكىسىنىڭ تونۇگۈن چىقىپ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى. ئامالسىز قالغان كامىل سامىسخانىدىن سامسا ئېلىپ، گۈلزىبانىڭ ئۆيىگە باردى. بۇمەرەمخان ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ

قالغانىدى، ئۇ كامىلنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇردى، خانىزاتخان خېنىمنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ھارغىنلىق يەتكەنمۇ، گۈلزىبانىڭمۇ چىرايى ئاقىرىپ، قاش - كىرپىكلىرى خۇددى ئاق خەسگە تۆكۈلگەن قارا سىياھدەك تېخىمۇ قارىيىپ، ئۇنىڭ لېۋى ئۈستىدىكى خالى تېخىمۇ قىزىرىپ كەتكەنىدى. بۇ ئەسنادا، ئابدۇنەبى يۈگۈرۈپ كىرگەنچە كامىلغا ئېسىلىپ: «ھېكمەت ئاكام كەلمىدىمۇ؟» دەپ سورىدى.

— ھېكمەتجان بالام كەلمەپتىغۇ؟ — دېدى بۈمەرەمخان ھاسىراپ، — شەھەرگە كىرسىلا مېنى يوقلاپ تۇراتتى. مانا ئەمدى بىر ئايدىن ئاشتى، كەلمەس بولۇۋالدى. ئابدۇنەبى بالام ئۇنىڭغا بەك ئامراق ئىدى، يا بىزدىن ئاغرىنىپ قالدىمۇ؟ . . .

— يوقىلاڭ خىياللارنى قىلمىسىلا، — دېدى كامىل بىر چىكىتكە تىكىلىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان گۈلزىباغا قاراپ، — ئۇمۇ ھەر قايسىلىرىنى سوراپ تۇرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بۇ يەردە ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقىنى بولمىغاندىن كېيىن، كىر - قاتلىرىنى ئۆزى يۇيۇپ، ئۆزى يامايدۇ. تەتىلدىن پايدىلىنىپ، يوتقان - كۆرپەمنى ئوڭشىۋالاي دەپ شەھەرگە كىرمىدى.

— شۇنداق بولغاندىن كېيىن، گۈلزىباغىلا بەرسە بولمامدۇ؟ ھەي . . . بۇ بالىنىزە. . .

— بۈمەرەمخان ئاچا، ئۆزلىرى ھېكمەتنىڭ مىجەزىنى بىلمەيلا، ئۇ باشقىلارغا ئېغىرلىقىنى سېلىشنى خالىمايدۇ.

— ھە راست، مەن ئۇچۇن ھېكمەتجانغا رەھمەت ئېيتىپ قويۇڭ، — دېدى بۈمەرەمخان ئاجىز يۆتىلىپ، — ماڭا تور رومال، ماھىگۈلگە ياغلىق ئەۋەتىپتۇ. نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. ھەممىنى كۆرگەن، كۆكسى - قارنى توق، داستىخىنى كەڭرى ئادەملەرنىڭ باللىرى ئاشۇنداق بولىدۇ، قولى ئوچۇق كېلىدۇ.

— بولىدۇ، مەن ھازىر ئۇنى شەھەرگە قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن مەكتەپكە چىقىمەن.

كامىل بۇمەرەمخان بىلەن خوشلىشىپ، دەھلىزگە چىقىشى بىلەن، ئۆزىتىپ چىققان گۈلزىبانىڭ كۆزلىرىدىكى ياشنى كۆرۈپ قالدى. بۇ ياشلار ئانىسى ئۈچۈن تۆكۈلۈۋاتامدۇ ياكى ھېكمەت ئۈچۈنمۇ؟ بۇ بىزگە مەۋھۇم. كېيىنكىسى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى.

— گۈلزىبا سىزگە نېمە بولدى؟

— جۇرۇڭ، مېنىڭ ھۇجرامغا كىرەيلى، سىزگە دەيدىغان ئازراق گېپىم بار. . .

دېرىزە تۈۋىدىكى كاتتا ئولتۇرغان كامىل، ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇقتا باش سېلىپ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئولتۇرغان گۈلزىباغا قارىغىنىچە خىيالغا پاتتى. توغرا، جاڭگالغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن ئادەمنىڭ يول تېپىپ قايتىپ چىقىمىقى تەس، چىققان تەقدىردىمۇ، يۈرىكىدە جاپا - مۇشەققەت، تارتقان رىيازەت دېغى قالىدۇ. بۇ داغ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئونتۇلمايدۇ. . . شۇڭا، جاڭگالغا ئەمدى قەدەم ئالغان ئادەمنى ئاگاھلاندۇرۇش دوستلارنىڭ بۇرچى! . . .

كامىل گۈلزىباغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىپ، كېيىنكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قەتئىي ئىرادىگە كەلدى.

— گۈلزىبا، نېمە ئىش بولسا تارتىماي سۆزلەڭ، — دېدى كامىل دادىللىق بىلەن، — مەن بەزى ئىشلارنى پەرەز قىلىپ بولغان! . . .

— مەن ئۇنىڭ بىلەن ئەمدى سۆزلەشمەيمەن، يۈزىگە قارىمايمەن، دەپ قانچە - قانچە قەسەملەرنى قىلدىم، — دېدى گۈلزىبا ياش تۆكۈپ تۇرۇپ، — بۇ ئەھدىلىرىمگە ۋاپامۇ قىلدىم. . . لېكىن . . . لېكىن، نېمە ئۈچۈندۇر گېپىم سىقىلىدۇ. . . تەقەززا بولىمەن. . . ئۆيۈلۈپ. . . ئۆيۈلۈپ تۇرۇپ ئويلايمەن. . .

— سۆزلەڭ. . .

— بىر ھېسابتا ئۇنىڭ بىزنىڭ ئۆيدىن تەزگىنىمۇ ئوبدان بولدى! — گۈلزىبا سۆزلىگەنسېرى كەيپى ئۆرلەۋاتاتتى، — بۇندىن كېيىن كەلمىسۇن! كۆزۈمگىمۇ كۆرۈنمىسۇن! بولسا يۇرتىغا كەتسۇن! ئۇ ئىلمىي مۇدىرغا ياخشى گەپ قىپتۇ، بەك خۇشال بولدۇم. . .

— نېمە دەپتۇ؟

— «باشقا سىنىپلارنىڭ قوشۇمچە سىنىپ مۇدىرلىقىنى قىلسام، گۈلزىباغا قوشۇمچە سىنىپ مۇدىرى بولمىسام» ... دەپتۇ.

— بۇ راستىمدۇر؟

— ئۇ، «بۇندىن كېيىن ئۆيىڭىزگە دەسسىمەيمەن...» دېگەنىدى، ۋەدىسىدە تۇردى. لېكىن ئۇنىڭ «ئانىڭىز ئېتىپ بەرگەن تاماقلارنىڭ پۇلىنى تۆلەيمەن» دېگەن گېپىنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن!...

— گۈلزىبا، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ!..

— نېمە بولسا بولمامدۇ... نېمە قىلسا قىلمامدۇ، مېنىڭ نېمە كارىم! — گۈلزىبا ئالقانلىرىدا يۈزىنى توسۇپ يىغلىۋەتتى... — قۇتبىرەم بىلەن تانسا ئوينامدۇ... ئۇسسۇل ئوينامدۇ؟ كۈلەمدۇ - يىغلامدۇ؟ نېمە قىلسا قىلمامدۇ!

— گۈلزىبا نېمە دەۋاتىسىز، بۇ راستمۇ؟

— شۇنداق، شەنبە كۈنى گۈلرۇز ئۇلارنى مەدەنىيەت يۇرتىدا ئۆتكۈزۈلگەن تانسىدا كۆرۈپتۇ...

— خاتا كۆرۈپ قالغاندۇر؟

— گۈلرۇزمۇ ھېكمەت بىلەن تانسا ئوينىغان تۇرسا!...

كامىل تېڭىرقاپ قالدى. ئۇنىڭ كاللىسى ياخشى ئىشلىمەيۋاتاتتى. ھېكمەت راستتىنلا شۇنداق ئىشنى قىلغانمىدۇر؟ قۇتبىرەم بىلەن تانسا ئويناش ئۈچۈن بوستاندىن شەھەرگە كىرگەنمىدۇر؟ ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى قىلىشقا قانداق كۆڭلى كۆتۈرگەندۇر؟... بىر ئوبدان ئۆزىنى تۇتۇۋالغان گۈلزىبانىڭ تاققا - تۇققا سۆزلەپ ھەسرەت چېكىشى بىكار ئەمەس ئىكەندە! مۇئەللىپلەر: «مۇھەببەت شەخسىيەتچىل كېلىدۇ، ئۇ ھېچنېمىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشنى خالىمايدۇ...» دەپ توغرا ئېيتىپتىكەن. ئۆزىگە قىز كۆرسىتىپ يۈرگەن قۇتبىرەمنىڭ ھېكمەت بىلەن تانسا ئوينىشى، كېچىلەردە بىللە قولتۇقلىشىپ يېزىغا قايتىشى كۆز ئالدىغا كېلىشى بىلەن، گۈلزىبانىڭ ئەسەبىيلىكى تۇتقان ئىكەندە! ھەي قىزلار... قىزلار... سىلەرنى چۈشەنمەك نېمانچە تەستۇر!؟

— گۈلزىبا، سىز ھېكمەتنى يېخى تولۇق چۈشىنىپ يېتەلمىدىڭىز، — دېدى كامىل دوستىنى ئاقلاپ، — ئۇ نېمە ئۈچۈن سىزدىن قاچىدۇ؟ سىزنى كۆرسە ئىزتىراپقا چۈشىدۇ... تاتىرىدۇ... تىترەيدۇ؟ چۈنكى ھېكمەت سىزنى ياخشى كۆرىدۇ... (گۈلزىبا يۈزىنى توسۇپ قىزىرىپ كەتتى) ئەمما، ئۇنىڭ ئەخلاق پەزىلىتى، ساپ يۈرىكى ۋىجدانىغا داغ تەككۈزۈشكە ئىجازەت بەرمەيدۇ...

قىز ھەيرانلىق ئىلكىدە كامىلغا قارىدى...

— چۈنكى ئۇنىڭ سۆيگەن قىزى بار...

گۈلزىبا خۇددى ئۇششۇك تەككەن گۈل نوتىسىدەك بىردىنلا سولىشىپ، قىزىلگۈلدەك چىرايىدىن قان، بەدىنىدىن مادار كەتتى. ئۇنىڭ ھالرەڭ كىچىك لەۋلىرى تىترەپ، ئۆزىنىڭ قايەردە، كىمنىڭ قېشىدا ئولتۇرغانلىقىنىمۇ ئېسىگە ئالالمىدى.

— ئۇ قىزنىڭ ئىسمى ئامىنە! شائخەي مۇزىكا ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇيدۇ... — دېدى كامىل ئاستا ئەمما ئېنىق قىلىپ، — مەن بۇ ئىشتىن سىزنى بۇرۇنلا خەۋەردار قىلماقچىدىم، لېكىن تىلىم بارمىدى...

— بۇ ئىشلارنى ھېكمەت ئۆزى دېدىمۇ؟ — دېدى گۈلزىبا زەئىپ ئاۋازدا.

كامىل ئۇنىڭ كارىۋىتى ئۈستىگە قويۇپ قويۇلغان رەسىم رامكىسىدىكى بىر قىزنىڭ ئىسكىرىپكا چېلىپ تۇرغان قىياپەتتىكى چوڭايتىلغان سۈرىتى، ئۇنى ھېكمەتنىڭ قىزىرىپ تۇرۇپ: «ساۋاقدىشىم، شائخەي مۇزىكا ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇيدۇ، ئىسمى ئامىنە...» دېگەنلىكى قاتارلىق بىر چاغدىكى ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى.

— لېكىن، مەن رەسىم رامكىسى ئارقىسىغا يېزىلغان قىزنىڭ مۇنداق بېغىشلىما شېئىرىنى كۆرۈپ قالدىم، — دېدى كامىل:

ياشلىق باھارىم تولدى گۈلگە،
بولبۇلى شەيداسىمەن.
كىممۇ دىلخۇش، كىممۇ ساپ دىل،

كىم ۋاپادار دوستىغا،
ئول كىشىنىڭ ئۆلگىنىمچە،
كۆڭلىدە پەيداسىمەن. . .

— بولدى, سۆزلىمەڭ. . .

— ئويلاپ كۆرۈڭ، ئۇنىڭ سىزنى ياخشى كۆرۈشى ساپ ھەم پاك تۇرۇقلۇق، — دېدى كامىل ئايىمايلا، — نېمە ئۇچۇن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرىدۇ؟ چۈنكى ئۇ بىرنى كۆرۈپ، بىرنى تاشلايدىغان شالالاق يىگىتلەردىن ئەمەس. ئەگەر شۇنداق پېئىلى بۇزۇلغان ئادەم بولسا، ھەر قانداق قىز ئۇنىڭ قولىدا ئۆزىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. . .

كامىل ئورنىدىن تۇردى. گۈلزىبا ياش يۇقى كۆزلىرىنى يەرگە تىككىنىچە ئاستا پىچىرلىدى:

— ھېكمەتكە ئانامنىڭ مىننەتدارلىقىنى، سالىمىنــــى يەتكۈزۈپ قويۇڭ. . .

كامىل چىقىپ كەتتى. چۈش بولاي دەپ قالغانىدى، ئۇ تېز - تېز قەدەملەر بىلەن مېڭىپ سېپىل قوۋۇقىدىن چىقتى. يول بويىدا ئاق ئوغۇت باسقان بىر ماشىنا تۇراتتى، شوپۇر موتور قاپقىقىنى ئۆرىدەپ قويۇپ، قەيىرىنىدۇر ئوڭشاۋاتاتتى. كامىل ماشىنىنى يانداپ مېڭىشىغا، بىرسىنىڭ «مۇئەللىم؟» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئارقىغا قايرىلدى. ئۇ كابىنكا دېرىزىسىدىن گۆشكىچى سودا ئىدارىسىنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىسى ئاسىم نىيازنىڭ قول ئىشارىسى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئاسىم نىياز 50 تىن ئاشقان، كەكە ساقال ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ بويى ئېگىز بولغاچقا، كابىنكا ئۈستى بىلەن تەڭ دېگۈدەكلا ئولتۇراتتى.

— مۇئەللىم، مەكتەپكە ماڭغان بولسىلا، كابىنكىغا چىقىۋالسىلا! — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

— ماشىنىدىكى ئاق ئوغۇت ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق، ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ تەييارلىقى دېسىلە. 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ 10 لىرى يەرگە ساپال چىقىدۇ، ھېچقانچە ۋاقىت قالمىدى.

ئاسىم نىياز پاراڭچى ئادەم ئىدى. ئۇ ھازىر ئاق ئۆغۈتنى ھەل قىلماقنىڭ تەسلىكى، لېكىن، گۇڭشې، داۋۇي كادىرلىرىنىڭ ھەر خىل ئۇسۇللاردا قاقتى - سوقتى قىلىپ، قاراڭغۇ بازاردا ئۇنىڭ خالتىسىنى 60 - 70 يۈەندىن سېتىپ چۆنتىكىگە سېلىۋاتقانلىقى، شۇڭا بۇ قېتىم مەھسۇلات ئاشۇرغان شياۋدۈيلەرگە كۆپرەك ئېتىبار قىلىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئاق ئۆغۈتنىڭ يازلىق بۇغداي بىلەن ئاق يەر قونىقىنىڭ تېرىلىدىغان مو بېشىغا ھېسابلاپ بېرىلىدىغانلىقىغا قەدەر چۈشەندۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار پاراڭ بىلەن بوستانغا بىردەمدىلا يېتىپ كەلدى. كامىل مەكتەپ ئالدىدا چۈشۈپ قالدى، مەكتەپ ئىچى جىمجىت، چۆلدىرەپلا قالغانىدى. كامىل كۆڭلىدە ھېكمەت كىتاب كۆرۈۋاتقانمىدۇ، كىر يۇيۇۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن، بەلكىم چۈشلۈك تاماقنى يەپ ئۇخلاۋاتقاندۇ... دېگەندەك ئويلار بىلەن ياتاق ئالدىغا كەلگەندە، ئىشىك قۇلۇپلاقلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىشىگە، بىر خىل قاڭسىق مايىنىڭ ھىدى گۇپپىلا قىلىپ بۇرنىغا ئۇرۇلدى. يەردە، ھەر خىل بوياقلار سۇرتۇپ تاشلانغان گېزىت پارچىلىرى، يوتقان - كۆرپىلەر تۇرتەكلەپ قويۇلغان قۇرۇق كارىۋات ئۈستىدە، بوياق تەڭشەش تاختىلىرى ۋە رەڭگا رەڭ سىقما بوياقلار چېچىلىپ ياتاتتى. جاۋۇردىكى سۇدا بىر قانچىلىغان چوڭ - كىچىك پەي قەلەملەر چىلاغلىق تۇراتتى، بۇ ئاچچىق پۇراق ئاشۇلاردىن كېلىۋاتاتتى.

نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغان كامىل ئارقىسىغا قايرىلىپ، بۇلۇڭدىكى چىلەك ئۈستىگە تىكلەپ قويۇلغان ماي بوياق رەسىمنى كۆرۈپ قالدى. ئۇزۇنلۇقى ئۈچ غېرىچ، كەڭلىكى ئىككى يېرىم غېرىچ كەلگىدەك قوپال رامكىغا چىڭ تارتىلغان ئاق سورۇپقا سىزىلغان بۇ ماي بوياق رەسىمنىڭ بوياقلىرى تېخى قۇرۇمىغانىدى.

كامىل ھاياجىنىنى باسالماي قالدى. بۇ رەسىمنى ماي بوياق بىلەن سىزىلدى دېگەندىن كۆرە، كۆز يېشى، دەردلىك يۈرەكتىن بالقىپ چىققان ھەسرەت زەردابى بىلەن سىزىلدى دېيىش مۇۋاپىق ئىدى. رەسىمنىڭ

كومپوزىتسىيىسى ئۆستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئەڭ ئالدىدا قارىغايلار سايە تاشلىغان ياپيېشىل مەخمەلدەك تاغ يامزىلى قېنىق ھەم ئوچۇق رەڭلەر بىلەن تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاستىدا يۇمشاق مىسىل، سۆسۈنرەڭ ئېچىلغان تىل قانات، يالپۇزلار ئوراپ تۇرغان بۇلاق بار ئىدى. بۇلاق كۆزىدىن ئېتىلىپ چىققان سۈزۈك سۇ، ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىن پەسكە قاراپ ئېقىۋاتاتتى، بۇ يانتۇ تاغ ئارقىسىدىكى بارغانسېرى تۇتۇقلىشىپ بارغان قاتمۇ قات تاغلار، ئېدىرلار ئۈستىدە، قار ئىزنالىرى پارقىراپ تۇرغان ئېگىز چوققىلار سۇس مانانلار ئىچىدىن ئارانلا كۆرۈنەتتى، پەقەت رەسىمنىڭ سول تەرەپ ئەڭ ئۈستىدە، قانداقتۇر بىر قۇش لەيلەپ يۈرگەن كۆپكۆك ئاسمان رۇجىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، پارچە - بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرگەن تاغ باغرىلىرىدىن بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي باشلانغان چىغىر يول نەق بۇلاق تۇۋىگە ئېلىپ كېلەتتى. مانا شۇ بۇلاق بېشىدا، تەڭگە گۈللۈك قىزغۇچ بىر كېيىك تىزلىنىپ ياتاتتى. كېيىك يارىلانغانىدى، ئۇنىڭ سول بېقىنى تەرەپتىن ئوقيا ئوقىنىڭ قۇش پەيلىك ئۇچى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يۇمشاق ئوتلار ئارىسىدىن ساقىپ چىققان قان سۈزۈك بۇلاق سۈيىنىڭ بىر تەرىپىنى قىپقىزىل بويۇۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ قېشىدا يەنە بىر كېيىك تۇراتتى. ئۇ ئۆزىگە قادىلىپ قاراپ تۇرغان ياردار كېيىكنىڭ تۇمشۇقىغا تۇمشۇقىنى تەككۈزۈپ، نېمىدۇر دەپ خەيرلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەمما ھەر ئىككىلا كېيىكنىڭ قارا كۆزلىرىدىن ئاققان ياش ئېڭەكلىرىگىچە ساقىپ چۈشكەنىدى.

— «ئەلۋىدا!»... پىچىرلىدى كامىل، — ئىككى جاننىڭ تەقدىرىگە زامىن بولغان قانداق مەلئۇندۇر ئۇ؟... دۇنيادا ئادەمدىنمۇ ئارتۇق ياۋۇز نەرسە بارمىدۇر؟... باشقىلارنىڭ بەخت - ئىقبالىنى پايخان قىلىش ھېسابىغا يايراپ - كۈلىدىغانلار ئاللانىڭ غەزىپىدىن قورقمامدىغاندۇر!...

يۈرىكىدىن ئۆرتىلىپ چىققان بۇ پىغانلىق خىياللار كامىلنىڭ كۆڭلىدىن كەچكىنىدە، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ياش قاپلىۋالدى. ئۇ، ئاغزى

ئېچىلغان چامادان ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى چۇۋۇلغان كىيىم - كېچەكلەرنى كۆرۈپ بىر نەرسىدىن ئەندىككەندەك بولدى. كامىل ۋاراقلىرى يىرتىلغان رەسىم ئالبومىنى قولىغا ئالدى، ئەلبومنىڭ قاپقارا قىلىن بەتلىرىگە چاپلانغان رەسىملەر يىرتىپ ئېلىنغاچقا، سويۇلماي قالغان رەسىم پارچىلىرى تۇراتتى. قانداقتۇر ئەنسىز ئوي كاللىسىغا چاقماقتەك ئۇرۇلۇشى بىلەن، ئۇ سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقتى.

— ھېكمەت!... ھېكمەت ئېلى!...

كامىل ئەتراپىغا قارىغىنىچە، بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى، بۇ چاغدا، ئوغۇللار ياتاق بىناسىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى ئۆيدىن مۇرات چىقتى. بۇ ئۇنىڭ ياتىقى ھەم رېپېتىتسىيە قىلىش ئۆيى ئىدى. مۇرات كامىلنى كۆرۈپ يۈگۈرەپ كەلدى.

— سەن بۇ يەردە نېمىش قىلىسەن؟ — دېدى كامىل ئاچچىقلىغان قىياپەتتە، — يەنە زۇمرەتنىڭ قولىغا تاماكا يېقىپ يۈرەمسەن - يە؟

— ھازىر تاماكا ئوتى ئەمەس، — دېدى مۇرات ھىجىيىپ، — يۈرەك ئوتىنى ياقىمىز دېگىنە...

— بولدى، بولدى، سېنىڭ بىلەن چاقچاق قىلىشقا ۋاقتىم يوق، — كامىل سەل چېچىلىپ تۇراتتى، — بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە سېنى تاپماق ئەجەب تەس بولۇپ كەتتا؟ ئەتىگەن ئۆيۈڭگە بارسام، ئۇكاڭ: «تۈنۈگۈن چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى» دېدى، ھە، ھېكمەتنى كۆردۈڭمۇ؟

— مەنمۇ ھېلىلا قايتىپ كەلدىم...

كامىل مۇراتنى نەگە باردىڭ، نەدە تۇردۇڭ دەپ سورۇشتۇرۇپمۇ كەتمىدى، پەقەت ياتاقتىكى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا ھېكمەتتە بىرەر ئەھۋال يۈز بەرگەنلىكىنى، ئۇنى دەرھال تاپمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

كامىل بىلەن مۇرات ۋارقىرىشىپ، قاقشاللىققا ئايلىنىپ قالغان ئىككى باغنى، چۆلدىرەپ قالغان سىنىپلارنى ئايلىنىپ، ھېكمەتنى تاپالمىدى. ئاخىرى ئۇلار قىزلار ياتىقى ئارقىسىدىكى كۆكتات ئامبارلىرى جايلاشقان قورۇققا كىردى. ھېكمەت قار ئاستىدىن چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان لازا شادىلىرى بار ئېتىزلىقنىڭ قىرى ئۈستىدە ئولتۇراتتى.

ئۇنىڭ ئالدىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىس بىلەن تەڭ قاپقارا كۆيۈندىلەر ئەتراپتا ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. كامىل بىلەن مۇرات ئۇنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ قاراپ تۇرغاندىمۇ، ئۇ ھېچنېمىنى تۇيماي، قانداقتۇر خەتلەرنى، خاتىرە رەسىملەرنى يىرتقىنىچە ئالدىرىماي، ئوتقا بىر - بىرلەپ تاشلاۋاتاتتى، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان يېشىل تاشلىق سۇلياۋ خاتىرىدىن چىقىۋاتقان قاڭسىق ھىد دىماغلارنى ئېچىشتۇراتتى. ئوت ئۈستىدە يەنە چىرىسلاپ كۆيۈۋاتقان رامكىنىڭ بىر تەرىپىدە ئامىنەنىڭ تېخى كۆيۈپ ئۈلگۈرمىگەن سۈرىتى تۇراتتى، سۈرەت قاپقارا ئىس چىقىرىپ كۆيۈپ، ئىسكىرىپكىچى قىزنىڭ يېرىم يۈزى قالغاندىلا پىشىلداپ ئۆچۈپ قالدى. لېكىن ھېكمەت قولىدىكى تەرمەچ بىلەن رامكا قىرىنى ئېلىپ، ئوتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ كۆيۈۋاتقان ئوتتۇرىسىغا تۇتتى. شۇندىلا، رەسىم رامكىلىرى بىلەن كۆيۈپ قاپقارا كۆيۈندىگە ئايلاندى. كامىل بىلەن مۇرات بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە ئېغىر خورسىنىشتى...

— ھېكمەت، ئۆزلىرىگە نېمە بولدى؟ — دېدى كامىل ئېگىشىپ، — جورىسىلە، ياتاققا كېتەيلى...

— جور، ھېكمەت، ئاچچىقنى ئالدىڭ دېگەن گەپ بار، — دېدى مۇرات يالۋۇرۇپ، — مەن ساڭا ھاراق قويۇپ بېرىمەن... بىردەم بولسىمۇ دەردلىرىڭنى ئۇنتۇيسەن...

ھېكمەت ئاچچىققىنا كۈلدى، ئۇ يانچۇقىدىن ئاخىرقى بىر بەتلىك خەتنى ئېلىپ ئوتقا تاشلىدى. خەتكە لاپلا قىلىپ ئوت تۇتۇشىشى بىلەن، مۇرات چاققانلىق بىلەن يېرىمى كۆيگەن خەتنى ئېلىۋېلىپ ئوقۇدى، ئاندىن كامىلغا بەردى. خەتنىڭ ئاخىرقى سەھىپىلىرى مۇنداق چۈشكەندى:

«ھېكمەت، ھەر ئىككىمىزنىڭ تۇرمۇشقا، ھاياتقا، گۈزەللىككە بولغان كۆز قاراشلىرىمىز زادىلا ئوخشىمايدىكەن. سىز تەكلىماكان قۇملۇقلىرىدىن، ئۆزىڭىز تەسۋىرلىگەن ئاشۇ «گۈزەل» مەنزىرىلەر ئارىسىدىن بەختىڭىزنى تېپىۋېلىڭ... لېكىن مەندىن ئەنسىرىمەڭ. مەن بۇ يەردە ناھايىتى بەختلىكمەن... مەن شائخەيدىكى ئۈچ يىللىق

ئوقۇشۇمنى تۈگىتىپ، ئامېرىكىدا ئوقۇماقچىمەن. . . بۇ توغرىلىق مەكتەپ رەھبەرلىكىگە خەت يېزىۋەتتىم. ئۇلارمۇ چوقۇم قوشۇلىدۇ. ئۆيلاپ باقسام، بۇرۇن ناھايىتى ساددا، ئەخمەق، كالتە پەم ئىكەنمەن. مۇشۇ نۇقسانلىرىم بىلەن تۇرمۇش يولۇمنى توغرا تاللىيالمىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ يەتتىم. مانا ئەمدى بەخت نېمە، ھايات نېمە، تۇرمۇش قانداق بولىدۇ؟ ھەممىسىنىڭ تېگىگە يەتتىم. . . سىزنىڭمۇ بۇ رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.»

بەختلىك بولۇڭ!

ئامىنەدىن.

كامىل بىلەن مۇرات، ھېكمەتنى قولتۇقلاپ ياتىقىغا ئېلىپ كەلدى. ياتاق ئىچى قالايمىقان ئىدى. كامىل قەغەز پارچىلىرىنى سۈپۈرۈپ، تازىلاپ، بوياق تەگمىگەن تاختىلىرى، سىقما بوياقلارنى بىر بۇلۇڭغا رەتلىك تىزدى، مۇرات بىردەمدىلا مەشنىڭ كۈللىرىنى ئېلىپ، ئوت يېقىۋەتتى. ئۇ، ياتىقىغا بېرىپ گېزىتكە ئورالغان بىر بولاق نەرسىنى قولتۇقلاپ يېتىپ كەلدى، بۇ چاغدا، مەش ئۈستىدىكى رو چۆگۈنمۇ شىڭىلداشقا باشلىغانىدى.

كامىل ھېكمەتنىڭ سارغىيىپ كەتكەن يۈزىگە، ئولتۇرۇشۇپ خۇنى ئۆچكەن چوڭ كۆزلىرىگە، گەز باغلاپ يېرىلغان كالپۇكلىرىغا، ياداڭغۇ چىرايىغا قاراپ، ئۇنىڭ بىر - ئىككى كۈندىن بېرى تۈزۈك بىر نەرسە يېمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى، مۇراتمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ «ئۇھ» دەپ قويدى. پىيالىلەرگە دەملەنگەن چاي قويۇلدى.

— قېنى، بۇ گۆش ناندىن يېگىنە! — دېدى مۇرات گۆش ناننى توغراپ،— بۇنى زۇمرەت ئۆيدە پىشۇرۇپ ئەكەپتىكەن. . .

— ياق بولدى، ماڭا هاراق قۇيۇپ بەر! — ھېكمەت مۇرات ئۈستەلگە تىكلەپ قويغان بوتۇلكىنى قولىغا ئالدى،— مەن مۇشۇنى ئىچەي.

— ھېكمەت، بۇنداق قىلسىلا بولمايدۇ،— دېدى كامىل بوتۇلكىنى تارتىۋېلىپ،— ئاۋۋال ئازراق بىر نېمە يەۋالسىلا، ئەھۋالدىن قارىغاندا،

سىلى تويغۇدەك بىر نەرسە يېمەپلا.

كامىل بىلەن مۇرات، زورلاپ ھەم ئاچچىقلاپ يۈرۈپ، ئۈچ كېسىمدەك گۆش ناننى ئۇنىڭغا ئارانلا يېگۈزدى. ھېكمەت پىيالىگە قۇيۇلغان ھاراقنى دەممۇ دەم ئىچەتتى، مۇرات قويمىسا، ئۇنى ئالدىرىتاتتى. تېنىنىڭ ئاجىزلاپ قېلىشىدىن بولسا كېرەك، ھېكمەت بىردەمدىلا مەست بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ شەھەردىن ئالدىراپ - تېنەپ قايتىپ كېلىشىمۇ ئامىنەنىڭ خېتى ئۈچۈن ئىدى. ئىچىدە، «ئۇنىڭ خېتى ماڭا كۈچ - قۇۋۋەت، ئىرادە ئاتا قىلىدۇ، سۇنۇق كۆڭلۈم تەسكىن تاپىدۇ، گۈلزىبا شۇنىڭ بىلەن ئۇنتۇلىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. زارىقىپ ئۈمىد بىلەن كۈتكەن خەت ئۇنىڭغا ئۈمىدسىزلىك، كۆڭۈلسىزلىك، بەختسىزلىك ئېلىپ كەلدى. ئۇ شۇ كۈنى ئاچ قورساق يېتىپ قالدى، ئەتىسىمۇ بىر كۈن ئاچ يۈردى. لېكىن كەچكە يېقىن قۇتبىرەم ياتاققا كىرىپ كەلدى. ئۇ ھېكمەتنىڭ ھەسرەتلىك چىرايىنى كۆرۈپ: «ھاراق ئىچسىڭىز ئوڭشىلىپ قالىسىز» دەپ، بىر نەچچە رومكا ھاراقنى ئارتۇق ئىچۈرۈۋەتتى. ئاچ قورساققا كىرگەن كۈچلۈك ئاق قوناق ھارىقى ئۇنىڭ ئىچ - باغرىنى ئۆرتەپ، بىردەمدىلا ئۇنى سۆزلىتىپ قويدى. ھېكمەت سۆزلىگەنسېرى نېمىلەرنى دېگىنىنى بىلمىدى. بەلكىم ئامىنەنىڭ خېتىنىمۇ كۆرسىتىپ قاقاقلاپ كۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. مانا شۇ كۈنى قۇتبىرەم ئۇنى شەھەردىكى تانىسىغا ئېلىپ كىرگەنىدى...

ھېكمەتنىڭ ئاياغ - ئۇچى يوق سۆزلەشلىرىدىن ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەن كامىل بىلەن مۇرات بىر - بىرىگە قاراپ قويۇشتى. مۇرات قۇتبىرەمنىڭ 1 - دادۇيدىكى ھاممىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن دېگەنىدى، كامىل «ھازىر ۋاقتى ئەمەس» دەپ قوشۇلمىدى.

— قېنى قويامسەن؟ سەن... سەن... قۇتبىرەمچىلىكمۇ قويالمايدىكەنسەن... — دېدى ھېكمەت بېشىنى ئۈستەل قىرىغا قويۇپ، — ئۇ... كېچىدە... چىقىۋاتقاندا، ماڭا

ئېسلىدى. . . ئۇ قىزىق خۇتۇنكەن. . .

— ھېكمەت، ھاراق تۈگىدى، — دېدى مۇرات كامىلنىڭ ئىشارىتىدىن كېيىن، — ئەمدى بىردەم يېتىپ ئارام ئېلىۋال. . .

— ياق! مەن. . . مەن. . . سىلەرگە ھېكايە ئېيتىپ بېرىمەن، — دېدى ھېكمەت بېشىنى كۆتۈرۈپ، — بۇ بەك قىزىق. . . ھەسرەتلىك، بۇنىڭدا ئاچچىق ساۋاق، پۇشايمانلىق ئۆكۈنۈشمۇ بار، بۇنى ماڭا دادام جۇۋا تىكىپ ئولتۇرۇپ ئېيتىپ بەرگەن. . .

مۇرات ھېكمەتنى يۆلەپ ياتقۇزۇپ قويماقچى بولۇۋېدى، كامىل ئۇنىڭغا «تەگمە» دېگەندەك ئىشارەت قىلىپ، قولىنى تۇتۇۋالدى. ھېكمەت پىيالىدىكى چاينى دەم ئالماي ھەممىنى ئىچىۋەتتى ـ دە، ھاسىرىغىنىچە سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇرۇنقى زاماندا بىر ئوۋچى بار ئىكەن. . . ئۇ ئورماندا بىر كېيىكنى ئۇچرىتىپتۇ، ئاتاي دېسە ئوقى قالماپتۇ . . . ئوۋچى كېيىككە ھىيلە ئىشلىتىپتۇ: «ئەي چىرايلىق ئالتۇن رەڭلىك كېيىك، سەن مەن بىلەن كەت. . . سېنى ئاسرايمەن، دۇمبىلىرىڭنى سىيلايمەن. . . سۈنىڭ سۆزۈكىنى، گۆشىنىڭ ئۈچىنى بېرىمەن. . . يېگىنىڭ ئالدىڭدا، يېمىگىنىڭ كەينىڭدە بولىدۇ. . . سەن چەكسىز بەختكە ئېرىشىسەن» دەپ يالۋۇرۇپتۇ. كېيىك ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ماقۇل بوپتۇ ۋە ئوۋچىنىڭ يالغۇز كەپىسىگە كەپتۇ. . . ئەمما بىر چاغدا، ئاستا كەپە ئىچىگە قارىغۇدەك بولسا، ئوۋچى پىچىقىنى بىلىگەچ: «ئەجەب قىلتىنقىمغا چۈشتى بۇ ئەخمەق! » دېگۈدەك. . . قانداق قىزىقمىكەن؟ — دېدى ھېكمەت خومارلاشقان كۆزلىرىنى كامىل بىلەن مۇراتقا تىكىپ، — كېيىك قېچىپتۇ. ئوۋچى ئارقىدىن ئۇنىڭغا ئوق ئۈزۈپتۇ. . . كېيىك يارىدار بوپتۇ. . . ئۇ يىقىلا ـ قوپا، ئاخىرى بىر جىلغىدا يېتىپ قاپتۇ. ئەمما قاياقتىندۇر پەيدا بولغان ئاجايىپ چىرايلىق بىر كېيىك ئۇنىڭ جاراھەتلىرىنى يالاپ مەلھەم قىلىپتۇ، يۆلەپتۇ، يول باشلاپ پىنھان جىلغىلاردىن، چىغىر يوللاردىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتكۈزۈپ، بىر بۇلاق قېشىغا ئەكېلىپتۇ. چىرايلىق كېيىك: «مەن بىلەن كەت! . . . » دەپتۇ.

ياردار كېيىك پۇشايمان ياشلىرىنى تۆككەن هالدا: «مەن بولسام كالتە پەم، ئەقىلسىز، ياخشى - ياماننى ئايرىيالمايدىغان بىر دېۋەڭمەن. . . ئۇنىڭ ئۇستىگە، بىر ئالدامچىنىڭ بەدىنىمدە قالدۇرغان جاراھىتى بار، بۇ جاراھەت يۈرىكىمگە كۆچتى. . . «جىسمانىي جاراھەت تېزلا ساقىيار، روھىي جاراھەت مەڭگۇ قالار. . .» دېگەن گەپمۇ بارغۇ. . . لېكىن سەنچۇ؟ سەن شۇنچە بەرنا، شۇنچە سۇباتلىق، ئاجايىپ گۈزەلسەن! . . . مەن ساڭا قانداقمۇ بويلىشاي؟ . . . سەن گويا ئاسماندىكى چولپانسەن، مەن بولسام يەردىكى شام چىراغمەن! . . . دەپتۇ. . . هەر ئىككىلا كېيىك يىغلىشىپتۇ. . .

كامىل بىلەن مۇرات تەڭلا ماي بوياق رەسىمگە قارىدى. . . دەرۋەقە ئىككى كېيىك بىر - بىرىگە قىيالمىغان هالدا يىغلىغانىدى. بۇ چاغدا هېكمەت ئۇمتەل قىرىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇ ئۇيقۇلۇق ئاستا ئىڭرىدى:

— ئۇۋچى رەھىمسىز ئىكەن! . . . ئۇ. . . ئۇ. . . ياردار قىلدى. . .

كامىل بىلەن مۇرات هېكمەتنى ياتقۇزۇپ قويۇپ بازارغا كەلدى. ئۇلار هېكمەتنىڭ ئاغزىغا تېتىغۇدەك بىر نەرسە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، پەرمانشا مۇدىرنىڭ ئۆيىدىن چوڭ كورىدىن بىرنى ئېلىۋالدى. سودا ئىدارىسىنىڭ بازارلىق ئاشخانىسى ئانچە بېسىق بولۇپ كەتمەيتتى، مۇرات ئاچچىق-چۈچۈك سۇيۇقئاش بۇيرۇتتى. تاماق تەييار بولغىچە، ئۇلار تاماق شىرەسىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

— قۇتبىرەمنىڭ نېمە قىلغىنى ئۇ؟ — دېدى مۇرات ئاچچىقلاپ، — خەپ، بىر ئەدىۋىنى بەرمىسەم! . . .

— بولدى، سەن ئۇرۇشۇپ قالىسەن، — دېدى كامىل مۇراتقا، — ئۆزۈم سۆزلىشىمەن. هېكمەت روھىي جەھەتتىن زەربىگە ئۇچراپ، چۈشكۈنلەشكەندە، بىز ئۇنىڭ قېشىدا بولالماپتىمىز. ئەپسۇس، قۇتبىرەم شۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان.

— ئۇ گۈلزىبانى ئاڭلىسۇن، بىلسۇن دەپ شۇنداق قىلغان.

— بۇ پەرىزىڭ توغرا، ئۇ تېخى بۇ ئىشنى گۈلزىباغا يۇزتۇرانە

دېيىشتىن يانمايدۇ، — دېدى كامىل مۇراتقا، — ھە سېنىڭ زۇمرەت بىلەن بولغان ئىشلىرىڭ قانداق بولۇپ كەتتى؟ ئاۋۋالغۇ يوشۇردۇڭ، ئىش ئاشكارىلانغاندىن كېيىنمۇ دېمەيسەنا؟

— ئاۋۋال ئۇ مېنى ياراتمامدىكىن دەپ ئىشەنچ قىلالمىدىم، — دېدى مۇرات كۈلۈپ، — كېيىن، سىلەرگە ھەممىنى دەپ بېرىمەن.

— چىن، ھەقىقىي سۆيەسەڭغۇ بىز ساڭا چىن دىلىمىزدىن ھېسداشلىق قىلىمىز، — دېدى كامىل جىددىي قىياپەتتە، — لېكىن كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن بولسا، سېنىڭدەك دوستىمىز يوق، بۇنى بىلەمسەن؟

— مەن ئۇنى ھاياتىمدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىمەن، سىلەر بۇنىڭغا ئىشىنىڭلار.

تاماق تەييار بولدى. ئۇلار ئاشلىق بېلىتى بىلەن پۇلنى تۆلىگەندىن كېيىن، تاماقنى ئېلىپ ياتاققا قايتىشتى. يولدا كەلگۈچە، ئىككى دوست، «ھېكمەتنى ئەتە شەھەرگە ئەكىرىپ كېتىپ بىر نەچچە كۈن دەم ئالدۇرۇش، ئاندىن ئۇنى نائىبى، شادىمان، ئامانۇللا قۇربانى، مائارىپ ئىدارىسىدىكى دوستى ئىلھامجان زىيەرۇللا قاتارلىقلار بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، سۆھبەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش، شۇنداقلا ئابلىز نەۋا، مىرزا پىشالارنىڭ ناخشا - مۇقاملىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق ئۇنىڭ دەرد - پىغانلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى» ھەققىدە مەسلىھەتلىشىۋالدى.

كەچ كىرىپ قالغانىدى، سوغۇق شامال چىقىۋاتاتتى. قوللىرى مۇزلاپ كەتكەن كامىل بىلەن مۇرات كورىنى نۆۋەتلىشىپ كۆتۈرۈپ مەكتەپكە كىردى. ئۇلار يىراقتىنلا مۇراتنىڭ ياتىقى ئالدىدىن قايتىپ كېلىۋاتقان زۇمرەتنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ، يۈگۈرۈپ كەلدى — دە، ھاسىرىغىنىچە ئىككىسىگە سالام بەردى. زۇمرەت بۆلەكچىلا چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئېلىپتەك تارتىلغان قاپقارا قاشلىرى ئېگەكلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ چىگىۋالغان يېشىل يۇڭ ياغلىق ئاستىدا گوياكى باھاردىكى بەرگى قىياقتەك، بادامدەك ئوماق يۈزى قىزىرىپ پىشقان

توغاچ شاپتۇلدەك، تومپىلاق لەۋلىرى ئەمدى ياقىسى چاك ئېچىلغان غۇنچىدەك ھۆسنىگە ھۆسىن قوشۇۋەتكەنىدى. زۇمرەتنىڭ ھېچكىمدە يوق قوڭۇر قارىچۇقلۇق چوڭ كۆزلىرى بولسا، ئۇنىڭ ھۆسن بېغىدىكى بىر بۇلاق ئىدى. بۇ بۇلاق كۆلۈپلا تۇراتتى.

— زۇمرەتئاي، سۇغۇقتا سىزنى ساقلىتىپ قويۇپتىمىزدە! — دېدى كامىل كۈلۈپ،— جۇرۇڭ ياتاققا!

— مەن . . . مەن كېتەيمىكىن. . . ئالدىراشلا كېلىۋېدىم، — زۇمرەت ياغلىققا ئورالغان نەرسىنى مۇراتقا تۇتقۇزدى.

— ياق بولمايدۇ، — دېدى كامىل مۇراتقا قاراپ قويۇپ، — ئەگ بولمىسا، قولىلىرىڭىزنى ئىسسىتىۋېلىپ مېڭىڭ! قانداق دېدىم مۇرات؟

— شۇنداق قىلىڭ! — دېدى مۇرات قىزنىڭ كۆزلىرىدىن كۆز ئۈزەلمەي.

ئۇلار ياتاققا كىرگەندە، ھېكمەت قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەنىدى. كامىل باشقىلارغا: «ئۇنى ئويغاتمايلى» دېگەندەك ئىشارە قىلدى. بىراق زۇمرەت ئاغزىنى تۇتقىنىچە، «ۋاي خۇدايىم! » دەۋەتكىنىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى.

— ئۇ نېمانچە ئۆزگىرىپ كەتكەن؟ — دېدى زۇمرەت پىچىرلاپ، — ئۇنىڭ خېتىنى بەرگەن ۋاقتىمدا ئۇنداق ئەمەس ئىدى! . . .

— ئۇنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرگەنمۇ ئاشۇ خەت! . . . — دېدى كامىل مەشىنىڭ ئوتىنى كوچىلاۋېتىپ، — ھېكمەت ئۇ قىز ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقى ئۈچۈن ۋىجدان ئازابى تارتىپتۇ.

مۇرات، زۇمرەتكە «شۇنداق! » دېگەندەك باش لىڭشىتتى. بۇ مەسۇمە، پاك قىز بىردىنلا ئويغا پاتتى. ئۇ گەرچە مۇرات بىلەن توي قىلىش ياكى مۇھەببەتلىشىش توغرىسىدا بىر نېمە دېيىشمىگەن بولسىمۇ، لېكىن تۇنجى قېتىم ئاللاھ كۆڭلىگە سالغان مۇھەببەتنىڭ سېھرى ئۇنىڭ كىچىككىنە يۈرىكىگە ئالەمچە شېرىن ۋە لەرزىز شادلىق ئاتا قىلغانىدى، ئۇ تېخى ئايرىلىشنىڭ، جۇدالىقنىڭ زەرداب سۈيىنى ئىچىپ كۆرمىگەن ھەم ھېس قىلالمايتتى.

— توۋا! — دېدى قىز پىچىرلاپ، — ئادەملەر ئاجايىپ بولىدىكەن! . . .

زۇمرەتنىڭ بىردىنلا ماي بوياق رەسىمگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ رەسىمنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن تۇرۇپ كېتىپ، «ۋاي بىچارە! . . .» دەپ قويدى.

— بۇنى ھېكمەت سىزغان، — دېدى كامىل زۇمرەتكە، — قانداق، بوپتىمۇ؟

— بۇمۇ شۇ ئايرىلىش ئىكەن، نېمىدېگەن ھەسرەتلىك! . . .

— سىز بىلىش جەھەتتىن قانداقراق؟ — دېدى مۇرات قىزنى غەيرىي خىياللار ئىلكىدىن ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن.

— تاغلار، ئېدىرلار، چىغىر يوللار، بۇلۇتلار، كېپىنەكلەر خۇددى راستەكلا، — دېدى زۇمرەت ھاياجان بىلەن، — دوستلىرىڭىز سىزدىن تالانتلىق ئىكەن.

— ھەي، زۇمرەتئاي، مۇراتنى بوش چاغلىماڭ، — دېدى كامىل، — تېخى ئۇنىڭ سازلىرىنى ئاڭلىمىدىڭىز. . .

— ئاڭلىدىم، — دېدى قىز ساددىلىق بىلەن كۈلۈپ، — سازنىڭ ھەممىسىنى چالىدىكەن، لېكىن ناخشىنىڭ تېكىستلىرىنى ئىچىدىن ئويدۇرۇپ چىقىرىدىكەن. . .

كامىل كۈلۈۋەتتى، زۇمرەتمۇ خىجىل بولۇپ يەرگە قارىدى. ئۇلار بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، زۇمرەت قايتىپ كەتتى. مۇرات زۇمرەت بەرگەن بولاقنى ئېچىپ ئۈشقىرتىۋەتتى، ئۇنىڭدا ئىككى قاتلىما بىلەن قىپقىزىل بويالغان ئالتە دانە تۇخۇم تۇراتتى.

— مۇرات؟ — دېدى كامىل مۇراتنى رەسىم ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، — بۇ رەسىمنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىڭمۇ؟

— ئەلۋەتتە، دەسلەپتە باشقىچىرەك ئويدا بولغان ئىدىم.

— توغرا، مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، لېكىن ھېكمەتنىڭ ھېكايىسىدىن كېيىن، بۇ رەسىمگە قارىتا چۈشەنچەم ئۆزگەردى.

— قانداق دەيسەن؟

— مېنىڭچە، ھېكمەت ئەمدى ئۇزۇنغىچە گۈلزىباغا يېقىنلاشمايدۇ!

— بەك چوڭقۇر ئويلاپ كېتىپسەن. ئۇنچىۋالامۇ بولۇپ كەتمەس!

هېكمەت ئويغاندى ئۇ ئوتقاشتەك قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئېچىپ، دوستلىرىغا خىجالەتچىلىك ئىلكىدە قارىدى. «مەستلىكتە نېمە گەپلەرنى قىلغاندىمەن؟ قانداق بولمىغۇر قىلىقلارنى قىلىپ سەتلەشكەندىمەن؟» دېگەن ئوي ئۇنى قىيناۋاتاتتى.

— مەن سەل جىقراق ئىچىپ قويغان ئوخشايمەن، — دېدى هېكمەت پىچىرلاپ دېگۈدەك، — سىلەرنى ئاۋارە قىلدىم.

— نەدىكىنى، — دېدى مۇرات كۈلۈپ، — ئۈچىمىز ئىچكەن هاراق يېرىم بوتۇلكىغا يەتمەيدۇ. يالغان بولسا، ئۇستەل ئاستىغا قاراپ باق.

— ئۆزلىرىنى قانداقراق سېزىۋاتىلا، — دېدى كامىل ئۇنىڭغا ئېڭىشىپ، — قورساقلىرى ئاچقاندۇر؟

— بېشىم سەل ئاغرىپ تۇرىدۇ...

كامىل بىلەن مۇرات، هېكمەتنىڭ چاپان، كۆڭلەكلىرىنى سالدۇرۇپ، بېشىنى يۇيدى. هېكمەت خېلىلا سەگىپ، روهى-كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. مۇرات ئۇنىڭ بېشىغا سۇ قۇيۇۋاتقاندا، مايكىسى ئۈستىدىن سول كۆكرىكىگە چېكىلگەن يېرىم ئايسىمان كۆكىرىپ تۇرغان رۇسچە هەرپلەرنى كۆرۈپ قالدى. مۇرات، كامىلغا باش ئىشارىسى قىلىپ كۆرسەتتى، كامىل هېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. چۈنكى ئۇ، هېكمەت بىلەن بىر ياتاقتا يېتىش جەريانىدا، بۇ خەتلەر بىر قانچە قېتىم كۆزىگە چېلىققان بولسىمۇ، ئۇندىمىگەنىدى.

دورا-دەرمەكلىرى، ئاچچىقسۇ، لازىلىرى تېتىغان سۇيۇقئاشنىڭ مەززىلىك هىدى ئۆينى بىر ئالدى، ئۇلار تاماق ئىچىپ بولغىچە، پېشانىلىرىدىن چىپىلداپ تەر قويۇلدى. بۇ ئاچچىق-چۈچۈك سۇيۇقئاش هېكمەتكە راستلا ئىسسىق باسقانىدى، ئۇ خېلى روهلىنىپ، تۈزۈلۈپ قالدى.

گۇگۇشىدىن گۈرۈلدەپ توك بېرىۋاتقان ماتورنىڭ ئاۋازى ئۆچتى. ئۆينى بىردىنلا قاراڭغۇلۇق باستى. كامىل شامنى ياندۇرۇپ، دېرىزە تەكچىسىگە تىكلەپ قويغاندىن كېيىن، ئۇلار ئىككى كارىۋاتنى بىرلەشتۈرۈپ بىللە يېتىپ قېلىشتى. هېكمەت ئوتتۇرىدا، كامىل بىلەن مۇرات ئىككى چەتتە، مۇرىلىرىنى بىر-بىرىگە يېتىشىپ، ياستۇققا يۆلەنگىنىچە بىردەم پاراڭلاشتى.

— ھېكمەت، بىر ئىشنى سورىسام رەنجىمەيدىغانسەن؟ — دېدى مۇرات ئاستاغىنا...

— قېنى سورا... مەن ھازىر ئاسانلىقچە رەنجىپ كەتمەيمەن...

— كۆكرىكىڭدىكى نېمە خەت ئۇ؟ يەنە كېلىپ نەق يۈرىكىڭنىڭ ئۈستىدىكەن...

— بۇ بالىلىقتىكى بىر ساراڭلىق دېگىنە!... بىر كىمنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىنمۇ شۇنچە نومۇس قىلىمەن.

— نومۇس قىلغۇدەك قانداق خەتلەر ئىدى ئۇ؟

— بولدى قىل مۇرات، باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە تالىق ئىشلىرىنى سوراش ئەدەبسىزلىك، — دېدى كامىل ئاچچىقلاپ، — شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟...

— مەيلى كامىل، ئۇنى توسماڭ، — دېدى ھېكمەت يوتقاننى تىزلىرىغىچە تارتىپ قويۇپ، — مېنىڭ سىلەردىن يوشۇرغۇدەك ھېچقانداق سىرىم يوق. ئۇ — «كۈتكىن مېنى، مەن ھەم ئىنتىزار...» دېگەن خەتنىڭ قىسقارتىلما ھەرپلىرى.

— «كۈتكىن مېنى، مەن ھەم ئىنتىزار...»؟ — مۇراتنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى.

— شۇنداق!... بۇ بالىلىقتىكى ساراڭلىق دېدىمغۇ!...

ھېكمەت رۇسلىنىپ ياستۇققا يۆلىنىۋالغاندىن كېيىن، بالىلىقتىكى كەچمىشلىرىنى ئاستا بايان قىلىشقا باشلىدى...

## قىسمەت كەچمىشلىرى

... ھېكمەت 11 ياشقا كىرگەن يىلى، ئاپىسىنىڭ ئاكىسى تۇرغانوپ ئۇنى بالىلاپ بېقىۋالدى. تۇرغانوپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىلقىدىكى پارتىزانلىق ئۇرۇشىدىن تارتىپ، غۇلجا، جىڭ، شىخو ئۇرۇشلىرىدا خىزمەت كۆرسەتكەن نامى يوللۇق ئەربابلىرىدىن ئىدى. مىللىي ئارمىيە ئاقسۇغا قوشۇن تارتىپ ماڭغاندا، ئۇنىڭ نامى پولكوۋنىك

تۇرغانوپ ئىدى.

1940 - يىللاردىن تارتىپلا ئۇرمان ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ كەلگەن تۇرغانوپ، ئۆلكە ئازاد بولغاندىن كېيىن، يەنىلا ئۆز خىزمىتىنى قىلدى. ئۇنىڭ تاغدا بېقىلىۋاتقان ھەر خىل چارۋىلىرى بار ئىدى، يىلىچىدىكى كۆمۈر كېنىدىن ئۈزۈلمەي كۆمۈر چىقىپ تۇراتتى، شەھەر ئىچىدىكى بىر نەچچە قورۇ - جايلىرى ئىجارىگە بېرىلەتتى.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، تۇرغانوپ توقۇزى تەل بايلاردىن ئىدى. ئەمما، قورۇلار، لاپاس تېگىدىكى نەسىللىك ئات - كالىلار، تاغدىن يات - پاتلا كىرىۋاتقان سېمىز قوي، سۈت - قايماقلار ئۇنىڭ ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسىغا مەلھەم بولالمايتتى. ئايالى پەزىلەت خېنىمنىڭ تۇنجى تۇغۇتى قىيىن كېلىپ، سوۋېتلىكلەر ئاچقان دوختۇرخانىدا بالىنى قورساقنى يېرىپ ئالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم تۇغۇش ئېھتىمالى يوق ئىدى.

. . . «قىز بالا — ياتنىڭ بالىسى، ئۆزىڭدىن تۇغۇلغان بالىمۇ ئۆز بولمايدۇ. تۇرغانوپنىڭ چىرىغىنى يېقىپ، نامىنى ئۆچۈرمەيدىغانغا ھېچكىم قالمايدۇ. . . ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى جاپالىق ئەجىر بىلەن تاپقان بايلىقىمۇ قانداقتۇر تەييارتاپ بىر ياتقا قالىدۇ. . . ئۇ قىزنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىپ، كۆڭلىنى چەكمىسىغۇ بىر سىرى، لېكىن يات ئەرلەرگە ئىشىنىپ بولامدۇ؟ ئىشەنگەن تەقدىردىمۇ، ئۆزىنىڭ نام - نىشانى بۇ دۇنيادىن ئىز - دېرەكسىز يوقىلىدىغۇ! . . . ئوغۇل بالا دېگەن ئاتىنىڭ ئوق يىلتىزى، قورىماس بۇلىقى، يۆلىنىدىغان چىنارى! ئائىلە نەسەبى ۋە ئاتا نامىنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۇلايدىغان ئالتۇن ئارقان!»

مانا بۇ تۇرغانوپنىڭ ئوڭىدا ئويلاپ، چۈشىدە كۆرىدىغان پىكىر - خىيالى ئىدى. ئۇ، ئوغۇل بالىغا ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈن، ھېكمەت ئىككى - ئۈچ ياشقا كىرگەندىن تارتىپ، ئۇنى ئاتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ ئۆيىگە ئەكېلەتتى. بەزىدە، ھەپتە - ئون كۈنلەپ قىزى زەيتۇنەگە ھەمراھ قىلىپ، قوندۇرۇۋالاتتى. ھېكمەت ھەر قېتىم «دادا. . . دادا» دېگىنىدە، قىن - قىنىغا پاتمىغان پولكوۋنىك ئۇنى ئاسمانغا ئاتاتتى،

يۇمران ئېتەكلىرىگە ساقاللىرىنى سۈۋايتتى، ھەتتا دولىسىغا مىندۈرۈپ، گەدىنىگە سىيىۋەتسىمۇ ئاچچىقلاپ قالمايتتى، بەلكى كۈلۈپ كېتەتتى. شۇڭا، ھېكمەت ئۇنىڭغا ئۆز ئوغلىدەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ بىر تۇغقان قېرىندىشىنىڭ بالىسىدە!...

تۇرغانوپ ھېكمەتنى سوراپ كەلگىنىدە، سىڭلىسى شەرىپە قەتئىي ئۇنىمىدى، بىراق ئېلى ئاكا تۇرغانوپقا يۈز كېلەلمىدى.

— خوتۇن، ئويلاپراق ئىش قىلىڭلار، — دېدى بىر كۈنى ئېلى ئايالىغا نەسىھەت قىلىپ، — قېيىن ئاكىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەيلى. ئۇنىڭ قىلغان خەيرىخاھلىقى ئازمۇ؟ قول - قولنى يۇيسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيىدۇ ئەمەسمۇ!

تۇرغانوپنىڭ قولى ئوچۇق ئادەم بولغاچقا، ھەر يىلى روزى ئايلىرىدا، روزا ھېيتى، قۇربان ھېيتلىرىدا، قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە تاغارلاپ ئاشلىق، ماي، سېمىز قوي، پۇل - پۇچەك يەتكۈزۈپ بېرەتتى. ھەتتا ئۇ، يېتىم - يېسىرلارغا ۋە ئورۇق ئات ئائىلىلەرگىمۇ خەير-ساخاۋىتىنى ئايىمايتتى.

— ئاكا بولغاندىن كېيىن ئۇنچىلىك قىلمامدىكەن؟ — دېدى شەرىپە تەتۈرلۈك قىلىپ، — قېرىنداش قېرىنداشنىڭ قاياشىدە!

— ھەببەللى، مانا ماۋۇ دېگىنىڭ توغرا! سەنمۇ ئاكىڭغا قېرىنداشلىق قاياشىنى يەتكۈز، — دېدى ئېلى ئالقانلىرىغا ئۇرۇپ، — مەنمۇ ھېكمەتكە چىدىمايمەن. لېكىن ئاتو[1] يىللىرى ئۇنىڭ ئائىلىمىزگە قىلغان جان پىدالىقىنى ئۇنتۇپ قالساق، تۇزكورلۇق قىلغان بولىمىز... ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ — سېنىڭ ئاكاڭ، يات ئەمەس...

ئېرىنىڭ ئەسلىمىسى شەرىپەنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ماشىنىچى ئېلىنى باغلاپ ئېلىپ كەتكەن شۇ يىللاردا، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئەسكەرلىرىگە جۇۋا، پاختىلىق كىيىم ۋە ئاياغ تىكىش ئۈچۈن، بارلىق كاسىپ - ھۈنەرۋەنلەرنى تۇتۇپ كەتكەنىدى. بۇ كوچىدىكىلەرنىڭ

---

① ئاتو — ئۇرۇش دېمەكچى

كۆپىنچىسى ماشىنىچى، موزدوز بولغاچقا، نورغۇن ئائىلىلەردە تول خوتۇن، ئوششاق بالىلارلا قالغانىدى. ئۇلار دېرىزىلەرنى مىخلاپ، ئىشىك - دەرۋازىلارغا تاقاق تىرەپ، كۈنلىرىنى قورقۇنچ ئىچىدە ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. بولۇپمۇ گومىنداڭ قوشۇنلىرى قاچقىلى تۇرغان مەزگىللەردە، غۇلجا شەھىرىنى ۋەھىمە قاپلاپ، ھەممىلا يەردە ئۇر، چاپ، قىر ئەۋج ئېلىپ، بۇلاڭ - تالاڭ ئېغىر بولۇۋاتاتتى. ئۆلە - تىرىلىشىگە قارىماي قېچىۋاتقان گومىنداڭچىلار خۇددى ئوششۇك ھەرىسىدەك ھەممىلا نەرسىلىرىنى تاشلاپ، ئالدىغا ئۇچرىغان ئاھالىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، چېپىپ، ئاش - ئوزۇق بۇلىماقتا ئىدى. ئۇلار تاشلاپ قاچقان قېرى - چۈرىلەر، تاۋار يوتقانلارغا ئورالغان بوۋاقلار كۆز بورانلىرى ھۇۋلاپ تۇرغان كوچىلاردا قىرقىرايتتى، ئىڭرايتتى، كەشتىلەنگەن خەيلەر، كونا كۆن چامادانلار، بوپىلار ھەممىلا يەردە ئۇچرايتتى.

ھېكمەتلەرنىڭ كوچىسى قاچقۇنلارنىڭ ئۇدۇل دەرياغا چۈشۈپ كېتىدىغان يولى ئىدى. كوچا بويلاپ جايلاشقان قورۇلارنىڭ ئارقىسى چەكسىز كەتكەن مازارلىق بولۇپ، ئاچ قالغان بۇلاڭچىلار ئۈچۈن ھەر تەرەپتىن ئەپلىك ئىدى. شۇڭا، بۇ كوچىدىكى تول خوتۇن، ئوششاق بالىلار كېچە - كۈندۈزلەپ كىيىم سالماي، ئارا - گۈرجەك، كالتەكلەرنى تۇتۇپ، ئىشىك - دەرىزىلەر ئالدىدا ئۆرە تۇراتتى.

بىر كېچىسى، دەرۋازا ئەنسىز ئۇرۇلدى. لېكىن ۋارقىرىغان ئاۋازنى تونۇغان شەرىپە دەرھال بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتى، ھويلىغا تولۇق قوراللانغان ئۈچ ئاتلىق كىرىپ كەلدى. شەرىپە «جېنىم ئاكا!» دېگىنىچە، قىلىچ ئاسقان كىشىگە ئېسىلدى. سىڭلىسى ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىدىن ئەنسىرىگەن پولكوۋنىك تۇرغانوپ ئىككى قوغدىغۇچىسى بىلەن كەلگەنىدى. سىڭلىسىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە كوچىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرگەن تۇرغانوپ، شۇ كېچىسىلا تولۇق قوراللانغان ئالتە ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتتى، ئۇلار كوچا ۋە مازارلىقنى ئارىلاپ، ئاھالىلەرنىڭ ئامانلىقىنى قوغدىغانىدى.

— قانداقمۇ چىدىغىلى بولار؟ — دېدى شەرىپە ياش تۆكۈپ، — يامانىنىڭ ئوتى

يامان دەپ، ئۇ بالىلارنىڭ شوخى ئىدى.

— ئۇ ئۆيدە تۇردى نېمە، بۇ ئۆيدە تۇردى نېمە؟ — دېدى ئېلى تەسەللى بېرىپ، — كېلىپ - كېتىپ يۈرمەمدۇ! يېنىڭدا يەنە بىر ئوغۇل، ئىككى قىزىڭ تۇرسا؟...

تۇرغانوپ ھېكمەتنى ئەكېلىۋالغاندىن كېيىن، باشقىدىنلا روھلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ دەپتەرلىرىدىكى «ھېكمەت ئېلى» دېگەن ئىسمىنى «ھېكمەت تۇرغان»غا ئۆزگەرتتى. باشلانغۇچ مەكتەپكە بېرىپ، گازىت، ژۇرناللاردىكى ئىسىملارغىچە يېڭىلاپ كەلدى. ئۇ، قوشقار مۆڭگۈزىدەك ئارقىغا قايرىلغان بۇرۇتلىرىنى يىمىرىپ، كۈلۈپلا يۈرىدىغان بولدى. ئەمما ھېكمەت يەنىلا ئۆزى ئوقۇغان ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپىدە، زەيتۈنە بولسا، ستالىن نامىدىكى روسچە مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتى. ئۇلار ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىللە چىقىپ كېتىپ، قايتىشىدا ۋالى قادىرنىڭ بېغىدا ئۇچرىشىپ، يەنە بىللە قايتىپ كېلەتتى. ئەگەر بىرەر قېتىم قايسى بولمىسۇن يالغۇز كەلسە، تۇرغانوپ ئاچچىقلاپ قالاتتى. كەچلىرى ئۇ «چاھار دەرۋىش» ناملىق كىتابنى ۋە «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىغا بېسىلغان ھەر خىل ھېكايە - چۆچەك، داستانلارنى ئۇلارغا ئوقۇپ بېرەتتى، ئەگەر ھېكمەت بىلەن زەيتۈنەنىڭ باغدىكى راۋاقلاردا، ھويلىلاردا بىللە ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرسە، بۆلەكچىلا خۇشال بولۇپ كېتەتتى.

تۇرغانوپنىڭ كۆيۈپ - پىشىپ، بۇنچىۋالا ئەرەج تارتىشى ھېكمەت بىلەن زەيتۈنەنى بىر - بىرىگە چېتىپ، ئۇلارنى مال - مۈلكىگە، بايلىقىغا ۋارىس قىلىش ئىدى. لېكىن ياشتا بىر نەچچە ئايلىقلا پەرقلىنىدىغان ئىككى ئۆسمۈر خۇددى ئاكا - سىڭىللاردەك چوڭ بولدى، بولۇپمۇ ھېكمەتتە زەيتۈنەگە نىسبەتەن قېرىنداشلىق مېھرىدىن باشقا غەيرىي ھېسلار يوق ئىدى. بىراق رۇس قىز - ئوغۇللىرى بىلەن بىللە ئوقۇۋاتقان زەيتۈنەنىڭ ھېس - تۇيغۇ جەھەتتىن بالدۇر يېتىلىپ قېلىۋاتقانلىقى ئېنىقلا ئىدى. ئۇ كېيىنچە ھېكمەت بىلەن سۆزلىشىۋېتىپ، تاپشۇرۇق ئىشلەۋېتىپ، تۇيۇقسىزلا قىزىرىپ كېتىدىغان، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى. بىر كۈنى تۇرغانوپ توغراقتىكى

تۇغقىنىنىڭ تۇيىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن، ئايالىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

يەكشەنبە ئىدى. ھېكمەت ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپ بولۇپ تۇرۇۋېدى، زەيتۇنە ئۇنى چاقىرىپ ئۆز ھوجرىسىغا ئېلىپ كىردى. ئۈستەل ئۈستىدە، قارا رەڭ قويۇلغان تەخسە، ئۇچى يىپتا بوغۇلغان ئىككى يىڭنە تۇراتتى، يەنە بىر ئاغزى ھىم ئېتىلگەن ئەينەك قۇتا بىلەن دوختۇر پاختىسىمۇ بار ئىدى.

— ھېكمەت، — دېدى زەيتۇنە ئەركىلەپ، — بىر ئىشنى دېسەم ماقۇل بولامسەن؟

— قانداق ئىش ئىدى؟

— ئاۋۋال قەسەم ئىچ، بولمىسا دېمەيمەن...

— نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمىسەم...

— مەن سېنى ئوغرىلىقتا سالمايمەن، — دېدى زەيتۇنە دومسىيىپ، — بىزنىڭ مەكتەپتە ھەممە ئوقۇغۇچىلار قىلغان ئىش.

— راستىما؟

— يالغان ئېيسام ئۆلەي...

— ماقۇل ئەمىسە...

— ياق قەسەم ئىچ!...

— ئەزبىرايى...

خۇشال بولۇپ كەتكەن زەيتۇنە بىلىكىنى ئېچىپ، بېلىق موسكۇلىنى ئىسپىرت بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئۇۋۇلىدى، ئاندىن قەلەمنى ئېلىپ ھېكمەتكە بەردى.

— ئەمىسە مۇشۇ يەرگە كىرەلىشىپ تۇرغان ئىككى ئالما سىز، باشتىكى ئالما ئىچىگە رۇسچە «E» ، ئىككىنچىسىگە «T» دەپ يازغىن.

— زادى نېمە قىلىمىز؟

— ماقۇل دېگەنتىڭغۇ، ئەمدى يېنىۋالامسەن؟ بولە، رەسىم سىزىشقا ئۇستا تۇرۇپمۇ تىترەپ تۇرىسىنا!...

ھېكمەت بىرى - بىرىگە كىرەلىشىپ تۇرغان ئىككى ئالما سىزىپ، ئىچىگە ھەرپلەرنى قوندۇردى.

زەيتۈنە ئۈچى باغلانغان قوش يىگنىنــى قارا رەڭگە تەككۈزۈپ سىزىلغان ئالما ئۈستىگە سانجىشقا باشلىدى.
— كۆردۈڭمۇ، — دېدى زەيتۈنە يىگنىنى ھېكمەتكە تۇتقۇزۇپ، — مۇشۇنداق سانجىپ چىقىسەن...
— بىكاردىن - بىكار ساق قولنى زىدە قىلغانىنىڭ پايدىسى نېمە؟ — دېدى ھېكمەت تېرىكىپ، — مەن قىلالمايمەن... قولۇم تىترەيدۇ.
— ھازىرلا «ئەزىبىرايى» دەپ قەسەم قىلغانتىڭغۇ! — دېدى زەيتۈنە ئاچچىقلاپ، — بۇ دېگەن سوۋېت مەدەنىيىتى، رۇس قىز-ئوغۇللىرىنىڭ قول، بىلەكلىرىدە ھەتتا مەيدە، قورساقلىرىدىمۇ بار... بولە، ئوغۇل بالا تۇرۇپمۇ...
— ئاغرىمامدۇ؟
— ئازراقمۇ ئاغرىمايدۇ، ئىسپىرتتا مەست قىلىۋەتكەن تۇرسام!...
ھېكمەت يىگنىنى رەڭگە چىلاپ سانجىشقا باشلىدى.
— ھەي، چىڭراق سانجىمامسەن! بولمىسا رەڭ تېرە ئاستىغا ئۆتمەيدۇ.
ھېكمەت تەرلەپ كەتتى. ئۇ يىگنىنى ئۈستەلگە قويۇپ، تەرلىرىنى سۈرتتى.
— سانجىپ بولدۇم، ئەمدى بولدىمۇ؟...
— رەھمەت ساڭا! — ھىجايدى زەيتۈنە، — ئەمدى سېنىڭكىگە قىلىپ قوياي.
— نېمە؟ مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن...
— ھەي، ماۋۇ گىرەلەشكەن ئالما ئىككىمىزنىڭ دوستلۇقى، — دېدى قىز بىلىكىنى كۆرستىپ، — بۇ باشتىكى ھەرپ سېنىڭ ئىسمىڭ، ماۋۇ «T» دېگەن مېنىڭ ئىسمىم، ئەمدى چۈشەنگەنسەن؟...
ھېكمەت تېگىرقاپ قالدى. راست، زەيتۈنەنى مەكتەپتە «تۇنە» دەپ چاقىرىشاتتى. ھېكمەت ئۆزىنىڭ ھېچنېمىنى ئۇقمايلا قىلىپ قويغان ئىشىغا ھەيران بولۇپ زەيتۈنەگە قارىدى.
— قىــز بالا تۇرۇپ مەن چــىدىغان يەردە، — دېدى زەيتۈنە

مەسخىرىلىك كۈلۈپ، — سەن چىدىمامسەن؟ ئەمىسە، مېنىڭ بېشىمدىكى باشىنىكىمنى سەن كىي، سېنىڭ شەپكەڭنى مەن كىيەي، ها... ها... ها...

ھېكمەت تاتىرىپ كەتتى. زەيتۇنەنىڭ ھىڭدىن سېسىق مەسخىرىسى ئۇنىڭغا ئېغىر كەلگەندى. شۇڭا، ئۇ ئوغۇل باللىق غۇرۇرى بىلەن ئورنىدىن دەس تۇردى.

— قېنى. ئەرىمگە سىزسىڭىز سىزلىڭ...

— ھە، مانا ئەمدى ئوغۇل بالىغا ئوخشىدىڭ!

زەيتۇنە ھېكمەتنىڭ كۆڭلىكىنى، مايكىسىنى سالدۇرۇۋېتىپ، كارىۋاتقا ياتقۇزدى - دە، سول مەيدىسىگە ئىسپىرت سۈۋىدى. ھېكمەت زەيتۇنەنىڭ نېمە يېزىپ، نېمە سىزىۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولمىغان ھالدا جىم ياتتى.

— نېمە سىزدىڭىز؟ — دېدى ھېكمەت ئورنىدىن تۇرغاندا، — سىزنىڭ قولىڭىزدىكىگە ئوخشاشمۇ؟

— ياق، — دېدى زەيتۇنە قىزىرىپ، — ھازىرچە دېگىلى بولمايدۇ...

— بۇ... بۇ...

زەيتۇنە چىقىپ كەتتى. لېكىن ئەتىسى ھېكمەت يانچۇقىدىن بىر پارچە خەت تېپىۋالدى. خەتتە مۇنداق يېزىلغانىدى: «ھېكمەت كەچۈر، مەن سېنىڭ رۇخسىتىڭسىز ‹كۈتكىن مېنى، مەن ھەم ئىنتىزار› دېگەن خەتنىڭ قىسقارتىلغان رۇسچە ھەرپلىرىنى سېنىڭ يۈرىكىڭ ئۈستىگە قوندۇردۇم. ئەڭ ئاستىدىكى ‹T› نى كۆرگىنىڭدە، زەيتۇنەنى ئەسكە ئالارسەن...»

1957 - يىلى باش باھاردا، سوۋېت كونسۇلخانىسى بىلەن يەرلىك ساقچىنىڭ تەستىقى چۈشۈرۈلگەن بىر پارچە ھۆججەت تۇرغانوپنىڭ قولىغا تەگدى. بۇ سوۋېت گراژدانلىرىنىڭ ۋەتىنىگە قايتىش چاقىرىقى ئىدى. تۇرغانوپ ئائىلە - تائىلە تەييارلىققا كىرىشىپ كەتتى. مەھەللە، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا داغدۇغىلىق خوشلىشىش چېيى ئۆتكۈزدى. ھەتتا ئۇ، قايسى كۈنى كۆچۈش قارارىنىمۇ بېكىتىپ، قورا - جايىنىمۇ ساتتى.

تۇرغانوپ ئالدىراپ - تېنەپ، ھېكمەتنى ئۆزىنىڭ پاسپورتىغا چېتىش ئۈچۈن، كۆنلەپ يول يۈردى. بۇ ئانچە ئاسانغا توختىمىدى. يەرلىك ساقچى ئۇنىسا، سوۋېت كونسۇلخانىسى ئۇنىماي، سوۋېت كونسۇلخانىسى ناھايىتى تەسلىكتە ماقۇل دېگەندە، يەرلىك ساقچى يېنىۋېلىپ، ئۇنىڭ مېڭىشى ئارقىغا سۇرۇلۇپ كەتتى.

ھېكمەت كېچە - كۈندۈزلەپ ئەنسىز خىياللار ئىچىدە يۈرەتتى. ئۇ ئاتا - ئانىسى، قېرىنداشلىرى، مەھەللىدىكى بىللە چوڭ بولغان ئاغىنىلىرىغا قىيمايتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئۆرتەۋاتقىنى «مەن بۇ يەردىن كەتسەم، قايتىپ كېلەلمەيمەن، ئويناپ - كۈلۈپ چوڭ بولغان يۇرتۇمنى قايتا كۆرەلمەيمەن» دېگەن قورقۇنچلۇق رېئاللىق ئىدى. ئاخىرى ئۇ، ئۆزىنىڭ كەتمەيدىغانلىقىنى تۇرغانوپقا ئېيتتى. بىراق تۇرغانوپ: «مېنىڭ تولا قاتراپ كەتكىنىمدىن خىجالەت بولغان ئوخشايدۇ» دەپ چۈشىنىپ، قەتئىي ئۇنىمىدى. ھەتتا ئۇ: «بىر يىل سۇرۇلۇپ كەتسىمۇ، ھەل قىلغىنىم ھەل قىلغان! » دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى. تۇرغانوپنىڭ بۇ سۆزىدىن ھېكمەتتە ئۈمىد قالمىدى.

باغلاردىن، كوچىلاردىن گۈل - چېچەكلەرنىڭ ھىدى گۈپۈلدەپ دىماققا ئۇرۇلۇۋاتقان ماي ئايلىرىنىڭ بىر كېچىسى، ھېكمەت بۇ ئۆيدىن قېچىپ كەتتى. ئۇ ئۆز ئۆيىگىمۇ بارماي، مەھەللىدىكى ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇندى. تۇرغانوپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ، ھېكمەتنىڭ ئەل - ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى تىمىسقىلاپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغان ھامان يەنە قېچىپ، دەرياننىڭ ئۇ قانتىدىكى بىر بېلىقچىنىڭ ئۆيىدە تۇردى.

ھېكمەت شۇ يىلى 8 - ئايدا ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا كەتتى. ئۇ، شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ رەسساملىق سىنىپىدا بىر يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، سەنئەت ئىنىستىتۇتى قۇرۇلدى. ئۇ قالغان ئوقۇشىنى سەنپەنگۇدىكى سەنئەت ئىنىستىتۇتىدا داۋاملاشتۇردى.

ھېكمەت سەنئەت ئىنىستىتۇتىغا 2 - يىللىق ئوقۇغۇچى بولۇپ كەلگەن يىلى، گۈزەل سەنئەت، ئۇسسۇل، مۇزىكا سىنىپلىرىغا قوبۇل

قىلىنغان يېڭى ئۇقۇغۇچىلارمۇ كېلىپ بولغانىدى. ئوقۇش باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، مەكتەپ بويىچە ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ رەئىسىنى ۋە ھەيئەت ئەزالىرىنى سايلاش سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. ھېكمەت ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، مۇزىكا سىنىپىدىكى ئامىنە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ سايلاندى.

ئۈستىگە مەسئۇلىيەت ئارتىلغان ھېكمەتنىڭ كۆڭلى ناھايىتى ئالدىراشلىق بىلەن ئۆتتى. ئۇ، كەسپىي دەرسلەردە باشقىلاردىن كېيىن قالماسلىق ئۈچۈن، رىقابەت بىلەن ئۆگەندى. ئۇ، دەم ئېلىش كۈنلىرى، دەرستىن سىرت ۋاقىتلاردا، ئۈن زاۋۇتى، سېمونت زاۋۇتى، خەلق باغچىلىرىغا بېرىپ، تېز سىزما رەسىملەرنى سىزاتتى، يامالىق تېغىغا چىقىپ، پەستىكى يېيىلىپ ياتقان ئورۇمچى مەنزىرىلىرىنى سۇ بوياق، ماي بوياقلاردا سىزىپ كېلەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭمۇ خىزمىتىنى تىرىشىپ ئىشلەيتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ئىشلىرىدىكى يېتەرسىزلىكلىرى، تۇرمۇش قىيىنچىلىقلىرىنى مەكتەپ مەمۇرىيىتى بىلەن سۆزلىشىپ ھەل قىلاتتى. بولۇپمۇ بۇ ئاچارچىلىق يىللىرى بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قورسىقى تويماسلىقتەك ئېغىر ئەھۋال مەۋجۇت ئىدى. ھېكمەت ئاشپەز ۋە خوجىلىقتىكىلەر بىلەن سۆزلىشىپ، «قانداق قىلغاندا، ناننى چوڭايتىپ، تاماقنى قويۇقلاندۇرغىلى بولىدۇ؟» دېگەندەك مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. نان ياكىيۇ قوشۇلۇپ چوڭايتىلدى، ھەر كۈنى سىنىپلار نۆۋەت بىلەن سەنپەنگۇنىڭ بۇك ـ باراقسان ئورمانلىقىدىن يوپۇرماق، قارىياغاچنىڭ پورە ـ پوستەكلىرىنى سېرىپ كەلدى، بۇنىڭ بىلەن تاماق قويۇقلاندى ۋە كۆپەيتىلدى. شۇڭا، دەل ـ دەرەخلەر ياز پەسلىدىمۇ ئەتىياز ۋە قىشتىكى ئورماندەك يالىڭاچلىنىپ قالدى.

ھېكمەت بۇ ئىشلارنى يەنىلا ئامىنە بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قىلاتتى. ئۇ، تىرىشچان، تېتىك، ئىستېداتلىق قىز بولسىمۇ، «مەن ئۈرۈمچىلىك ھەم بىر نازىرنىڭ قىزىمەن» دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويىسا كېرەك، تولىمۇ مەغرۇر يۈرەتتى. لېكىن، ئۇ ئېسىلزادە، مەغرۇر قىز ھېكمەتنىڭ يېقىن

ياردەمچىسى، مەدەتكارى، مەسلىھەتچىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ غېمىنى يېگەنلىكتىن، ھەر قانداق ئوقۇغۇچى ئۇلارغا دەرد - ئەھۋالىنى تۆكۈپ، قىيىنچىلىقلىرىنى دېيەلەيتتى.

ئىككى ياشنىڭ تىرىشچانلىقى، ئەخلاقى، ئىقتىدارلىقىدىن رەھبەرلىك تولىمۇ مەمنۇن ئىدى. شۇڭا، مەكتەپ تارىخىدا تۇنجى قېتىم ھېكمەت بىلەن ئامىنە ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىردى، بۇ خۇشاللىق ئۇلارنى روھىي جەھەتتىن تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى...

بىر كۈنى ھېكمەت كەچ تەرەپتە رويال مەشق ئۆيىگە كىرىپ، رويال چېلىشنى ئۆگىنىپ باقماقچى بولدى. ئۇ، بىر ۋاراق قەغەزگە يېزىۋالغان «ئېسىمدە» دېگەن ناخشىنىڭ ئاددىي نوتىسىنى تىكلەپ قويۇپ، چېلىپ كۆردى، قوللىرى ئانچە قاملىشىپ كەتمىسىمۇ، ئاھاڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئىپادىلەندى.

— رويال ئۆگىنەي دەمسىز - نېمە؟ — ھېكمەت چۆچۈپ ئارقىسىغا قارىدى. ئامىنە ئۇنىڭغا كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى، — بۇرۇن چېلىپ باققانمۇ - نېمە، خېلى كەلتۈرۈۋاتىسىزغۇ؟...

— ياق، غۇلجىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئانچە - مۇنچە گارمۇن ئۆگەنگەن، — دېدى ھېكمەت ئامىنەگە قارىمايلا. — رويالمۇ گارمۇنغا ئوخشاپ قالىدىكەن.

— ئەگەر گارمۇن ئۆگەنگەنسىز بولسا، سىزنى دوستۇم سانىيەگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، قانداق، بولامدۇ؟

— ئۇنداق قىلسىڭىز بەك ياخشى بولاتتى...

ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرى ئەمدىلا باغلىنىپ تۇرۇشىغا، ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ھېۋزۇللا بىر كىتابنى تۇتقان ھالدا كىرىپ كەلدى.

— پاھ، ئىككىڭلار بۇ يەردە بىر چىرايلىق مۇڭدىشىپ كېتىپسىلەرغۇ! — دېدى ھېۋزۇللا مۇئەللىم مەنىلىك كۈلۈپ قويۇپ، — ھېكمەت، مەن سېنى ئىزدەپ ياتىقىڭغا بارغانىدىم. مېنىڭ ئەتە ئەتىگەن مۇھىم ئىشىم چىقىپ قالدى، سەن بۇ تېكىستنى ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇپ بەر ھەم تەسىرات

يازدۇرغىن! بولامدۇ؟

ھېۋزۇللا مۇئەللىم چىقىپ كېتىش ۋاقتىدا، يەنە بىر قېتىم كۆلۈپ قويدى. ئۇ ھېكمەتنى ياخشى كۆرەتتى. داۋاملىق: «سەن رەسسىم كەسپىدە ئوقۇغاندىن كۆرە، ئەدەبىياتتا ئوقۇساڭ بوپتىكەن» دەيتتى. چۈنكى، ھېكمەت ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە بولۇپ قالغاندا، بىرەر رومان ۋەقەلىكىنى ياكى كىنولارنى سۆزلەيدىغان بولسا، ھەممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالاتتى. بولۇپمۇ قورقۇنچلۇق، ۋەھىمىلىك ھېكايىلەرنى ناھايىتى ھېسسىياتلىق سۆزلەيتتى. ئۇ ئاۋازىنى ھەر خىل ئۆزگەرتىپ، چىرايىغا سىرلىق تۈس بېرىپ، قول ھەرىكەتلىرى بىلەن ۋەقەلىككە جان كىرگۈزۈۋېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا، قىزلار قورقۇپ بىر يەرگە غۇژمەكلىشىۋالسا، ئوغۇللار بىر - بىرىگە قاراپ قويۇشاتتى. بەزىدە ھېۋزۇللا مۇئەللىم چاندۇرماي كېلىپ ئاڭلاپ ھوزۇرلىناتتى. ئۇ، بەزىدە ئېگەك تىرىگەن ھالدا ھېكمەتكە تىكىلىپ خىيالغا پاتقان ئامىنەنى كۆرۈپ قالاتتى.

— ھېكمەت، سەن ئېگىزرەك ئوقۇرغا ئېسىلىۋالدىڭمۇ - نېمە؟ — دېدى بىر كۈنى ھېۋزۇللا مۇئەللىم چاقچاق قىلىپ، — ئامىنە چوڭ ئەمەلدارنىڭ قىزى جۇمۇ! كېيىنچە بويۇڭ يەتمەي قالمىسۇن دەيمىنا. . .

— نېمىلەرنى دەپ يۈرىسىز مۇئەللىم؟ مەن ئۇنداق ئىشلارنى ئويلىغىنىممۇ يوق، — دېدى ھېكمەت قىزىرىپ، — قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز. . .

— بولدى، بولدى قىزارما، مەنمۇ ساڭا ئىشىنىمەن، لېكىن ئېھتىيات قىل.

ھېۋزۇللا مۇئەللىم ھېس - تۇيغۇلارغا باي شائىر ئىدى. گېزىت - ژۇرناللاردا شېئىر ھەم نەسىرلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئالتۇنغا يېقىن يۈرسەڭ چېكى يۇقىدۇ دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ. ھېكمەتتىمۇ يېزىش ھەۋەسى قوزغالغانىدى، ئۇ سىزغان مەنزىرە رەسىملىرىنىڭ ئاستىغا ئىككى مىسرالىق، بىر كوبلېتلىق شېئىرلارنى يېزىپ قويىدىغان بولدى. بۇنى كۆرۈپ، قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتكەن ھېۋزۇللا مۇئەللىم

بىر كۈنى ھېكمەتكە:

— گۈزەل سەنئەت ۋە ئەدەبىيات بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان قېرىنداشلار. يازغۇچى رەسسام بولسا، سىزغان ئەسەرلىرى مەزمۇنى چوڭقۇر، ئوبرازلىق تەپەككۇرغا باي بولىدۇ. رەسسام يازغۇچى بولسا، ياراتقان قەھرىمانلىرى تىپىك خاراكتېرگە، ئۆزگىچە ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە بولىدۇ، ۋەقەلىكلىرى بولسا رەڭدار تۈس ئالىدۇ، — دېدى.

ھېكمەت 3 - يىللىقتا، ئامىنە 2 - يىللىقتا كۆچكەن يىلى، سەنئەت ئىنستىتۇتى گوياكى كۈندە توي، كۈندە تەنتەربىيە بولۇۋاتقاندەك، ۋاڭ - چۇڭلۇق قايناق كەيپىياتقا چۆمدى. مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى شەھەر - ئۆلكىلىرىدىن بىر سىنىپلىق چېكىچاڭ ئوقۇغۇچىلىرى قوبۇل قىلىندى. مەكتەپ ئىچى ھەر خىل ناخشا ئاۋازلىرى، خىلمۇ خىل مۇزىكا سادالىرى، قۇلاقنى يارغۇدەك جاڭ - جۇڭلارغا تولدى. كەسپىي رېپېتىتسىيە سىنىپلىرىدىن ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ «ئومپاك، ئومپاك، ئومپاك» دېگەن ئۇدارغا چۈشۈرۈش ئاۋازلىرى، ئۇسسۇلچىلارنىڭ گۈرسىلدىگەن، قارسىلدىغان ئاياغ رىتىملىرى، داپلارنىڭ داراڭلىغىنى ئاڭلانسا، قەيەردىندۇر رويالنىڭ مۇڭلۇق ساداسى بىلەن، خۇددى بوراندا قالغان ئۈشتەكتەك بىر چىرقىراپ، بىر يوقاۋاتقان ياۋروپاچە ناخشا ئاۋازى ياڭراتتى. رەسىم سىنىپىنىڭ بالىلىرى بولسا، باغ، مەيدان، سىنىپ ۋە ياتاقلاردا رەسىم سىزىش تاختىلىرىنى بوينىغا ئېسىپ، رەسىملەرنى سىزاتتى.

ياشلىق قايناق ھېس - تۇيغۇلارغا، ئارزۇ - ھەۋەسلەرگە تولغان بولىدۇ، تومۇرلاردىكى قان بەجايىكى قىيان سۈيىدەك ھەممىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېقىتىپ تۇرۇۋقلۇقمۇ، يەنە قانائەت ھاسىل قىلمايدۇ. ھېكمەت ئەنە شۇنداق ياشلاردىن ئىدى. ئۇ ئۆز كەسپى بولغان رەسساملىقنى تىرىشىپ ئۆگىنىشتىن سىرت، كۇتۇپخانىدا كېچە بىر ۋاقىتلارغىچە كىتاپ كۆرەتتى، سانىيەدىن گارمون چېلىشنى ئۆگىنەتتى. سانىيەمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، ساۋاقداشلىرىغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان، تىرىشچان قىز ئىدى.

بىر يەكشەنبە كۈنى، ھېكمەت رەسىم سىزىش ئاختىسىنى، سانىيە گارمۇننى ئېلىپ، مۇتەللىپ باي قارا ياغاچلىقىغا كەلدى. ھېكمەت سانىيەنىڭ سۇ بويلىرىدا، قەدىمكى قارا ياغاچلار سايىسىدا، بۇك - باراقسان ئازغان گۈللىرى ئارىسىدا گارمۇن چېلىپ تۇرغان رەسىملىرىنى تېز سىزما قىلىپ سىزدى. كېيىن ئۇلار سۇلار تارام - تارام بۆلۈنۈپ ئېقىۋاتقان ئېقىن بويىدا ئولتۇرۇپ، گارمۇن چېلىپ، ناخشا ئېيتىشتى. يەكشەنبە كەچتە، ئائىلىسىدىن قايتىپ كەلگەن ئامىنە ياتىقىغا كىرىپ ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا، دوستلىرى بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدى. مانا شۇندىن تارتىپ ئۇ سانىيەگە ئۆچ بولۇپ قالدى. ئامىنە ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان مەغرۇر قىز بولغاچقا، ئاداۋىتى قاتتىق ئىدى. شۇڭا ئۇ، يېقىن دوستى سانىيەدىن ئۆزۈل - كېسىل ئالاقىسىنى ئۈزدى.

سەنپەنگۈدىكى سەنئەت ئىنىستىتۇتىنىڭ تارىخىدا، تۇنجى قېتىم ھېكمەتلەرنىڭ رەسىم سىنىپى ئوقۇش پۈتتۈردى، 33 ئوقۇغۇچىدىن ھېكمەت مەكتەپتە قالدى، قالغانلىرى ھەر قايسى جايلارغا تەقسىم قىلىندى. ھېكمەتنىڭ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قېلىشى 3 - يىللىقتا ئوقۇۋاتقان ئامىنەنى خۇشال قىلىۋەتتى، ئەمدى ئۇنىڭدا تولۇق ئىشەنچ پەيدا بولغانىدى. بۇ چاغقىچە ئۇنىڭ ئىككى خىيال بولۇپ يۈرۈشىمۇ تەقسىماتقا باغلىق بولۇپ كەلگەنىدى، چۈنكى ئۇ، ئۆرۈمچىدىن ئايرىلالمايتتى.

— سىزنى تەبرىكلەيمەن، — دېدى ئامىنە دۆلەت بايرىمىنىڭ 1 - كۈنى ھېكمەتكە بىر بولاقنى سۇنۇپ، — سىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالغانلىقىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن! ئەمدى مەن سىزنى مۇئەللىم دېسەم بولغۇدەك. . .

— نەدىكىنى، مەن يەنىلا ئۆگىنىۋاتىمەنغۇ! . . . بىز كونا ساۋاقداشلار تۇرساق. . .

دېمىسىمۇ ھېكمەت ئوقۇتقۇچى بولغىنى بىلەن مۇستەقىل ھالدا تېخى دەرسكە كىرمىگەنىدى. ئۇ يەنىلا ئۆگىنىۋاتاتتى. پەقەت دەرس ئۆتۈش تەجرىبىسىنى ئۆگىنىش ئۈچۈنلا ئۇستازلىرى بىلەن 1 - يىللىق سىنىپلارغا

كىرەتتى، بەزىدە ئوقۇغۇچىلار بىلەن يامالىق تېغىـــغا، زاۋۇت - كارخانىلارغا، باغچىلارغا بېرىپ، رەسىم سىزاتتى، كەچلىرى گارمون چېلىپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئامىنە بىر پارچە خەت كۆتۈرگەن ھالدا، ھېكمەتنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كەلدى. تىكلىمە ئەينەككە قاراپ ئۆز پورترېتىنى سىزىۋاتقان ھېكمەت رەسىم تاختىسىنى ئۈستەلگە قويدى.

— كېلىڭ ئامىنە!

— سىزنىڭ خېتىڭىز! — دېدى ئامىنە خەتنى ھېكمەتكە بېرىپ، — سوۋېتتىن كەلگەن ئوخشايدۇ.

ھېكمەت خەتنىڭ ئادرېسىغا قاراپ ھەيران بولغىنىدىن بىر ھازا جىمىپ كەتتى. بۇ ئالىبورون ئونتولۇپ كەتكەن زەيتۇنەنىڭ خېتى ئىدى. ئۇ قانداق قىلىپ خەت يېزىپ قالدىكىنە ياكى ھېكمەتنىـــڭ ئادرېسىنى بىلمىسە؟

— نېمە بولدى، جىمىپ كەتتىڭىزغۇ؟ — دېدى ئامىـــنە خەتكە گۇمانلىق نەزەر تاشلاپ، — ياكى خەت سىزنىڭ ئەمەسمىدى؟

— يا، ياق، مېنىڭ! تۇغقانلاردىن كەپتۇ. . .

— سىزگە نېمە بولدى، چىرايىڭىز تاتىرىپ كەتتىغۇ؟

— ھېچ. . . ھېچنېمە. . .

غەلىتە، چىگىش، گۇمانلىق ئويلار ئىلكىدە بىر قىسىملا بولۇپ قالغان ئامىنە ياتاقتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، بولۇڭدىكى سانىيەنىـــڭ گارمونىنى كۆرۈپ قالدى.

— ھېكمەت، سانىيە كىرگەنمىدى؟ — سورىدى ئامىنە گارمونغا قاراپ قويۇپ، — ئۇنىڭ گارمونى بۇ يەردە تۇرىدىغۇ؟ . . .

— چالاي دەپ تونۇگۇن ئۆزەم سوراپ ئېلىپ چىققان.

— مۇنداق دەڭ! . . .

ھېكمەت كونۋېرتنى ئاچتى، خەت بىر بەت چاقماقلىق قەغەزگە ئاددىيلا يېزىلغانىدى. زەيتۇنە خېتىدە، ئۆزىنىڭ ئوقۇۋاتقانلىـــقى، ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تىنچلىق - ئامانلىق ئىكەنلىـــكى،

ھېكمەتنىڭ ئادرېسىنى غۇلجىدىكى تۇغقانلاردىن ئالدۇرغانلىقىنى يازغانىدى. ئاخىرىدا، ئۇ خەتنىڭ تېگىش - تەگمەسلىكىگە ئىشەنچ قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن، قىسقىلا يازغانلىقىنى ئەسكەرتكەنىدى.

ھېكمەت خەتنى كونۋېرتلىرى بىلەن قوشۇپلا گۇركىرەپ كۆيۈۋاتقان تام ئوچاقىقا سېلىۋەتتى. ئۇ، جاۋاب خەت يازماسلىق قارارىغا كەلگەنىدى.

زەيتۇنەدىن خەت كەلگەن كۈندىن باشلاپ، ئامىنە ھېكمەتنىڭ ياتىقىغا پات - پاتلا كىرىدىغان بولۇۋالدى، ئۇ بىر ۋاقىتلارغىچە پاراڭلىشىپ چىقىپ كېتەتتى. ھېكمەتمۇ بۇ ئۆزمەك تەس بولغان تىكەنلىك گۈلگە دوستانە مۇئامىلىدە بولدىكى، مۇھەببەتنىڭ چوڭقۇرلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. چۈنكى، ئامىنە ھېچقانداق ئىسسىق - سوغۇق، جاپا - مۇشەققەت كۆرمىگەن پارىنىكنىڭ گۈلى ئىدى. نازىر غوجامۇ بۇ ئەتىۋارلىق بىر تال قىزىنى كۆز قارىچۇغىدەك كۆرەتتى.

بۇ ئىمتىياز ۋە ئەتىۋارلاشلار، پۇۋلەپ، سىيلاپ - سىيپاشلار ئامىنەنىڭ ئاشۇ ئاددىيغىنە ئوقۇتقۇچى ئالدىدا بويۇن ئېگىشىگە ئىجازەت بەرمەيتتى. ئامىنە نېمىنىدۇر كۈتەتتى... تەقەززا بولاتتى، بىراق ھېكمەت كالپۇك يېرىپ ئېغىز ئاچمايتتى. بۇ كۈنلەردە، ئۇنىڭ سانىيەگە بولغان گۇمانى كۈچىيىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئەرزىمەس ئىشلار تۈپەيلىدىن تەگىشىپمۇ قالدى. ئەمما، ماي ئايلىرىدا يۈز بەرگەن بىر ۋەقە ئامىنەنىڭ ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ھەشەمەتلىك جازىلىرىنى بىر يولىلا چېقىۋەتتى.

4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، مەكتەپ رەھبەرلىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە «ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش» سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بەردى. دوكلاتتا، مەكتەپنىڭ زىمچۈەنزىدە بوز يەر ئېچىپ، ئاشلىق، كۆكتات مەيدانى قۇرماقچى ئىكەنلىكى، بۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر ئايدىن نۆۋەتلىشىپ ئىشلەيدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. تۇنجى قېتىملىق بوز يەرگە يۈرۈش قىلىش گۇرۇپپىسىغا ئۆزىنى تىزىملاتقانلار ئىچىدە ھېكمەت، ھېۋزۇللا، ئوقۇغۇچىلاردىن سانىيە قاتارلىقلار بار ئىدى. مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار يامغۇر ئارىلاش قار يېغىۋاتقان بىر

سەھەرلىكى، بوز يەر ئاچقۇچىلارنى داغدۇغىلىق ئۇزىتىپ قويۇشتى. بۇ كۈن 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئىدى.

ھېكمەتلەر چېدىرلىرىنى قۇرغان يەرنىڭ ئارقىسى پەس جىلغا بولۇپ، بۇك توغراقلىق ئىدى. ئالدىدىكى چەكسىز تۈزلەڭلىكنى بولسا قوڭغۇراق تىكەن، شاخاراپ كەتكەن ئازغان، تۆگە يانتاقلار قاپلاپ تۇراتتى. بارغانلارنىڭ بىرسى قۇدۇق كولاشقا، قالغانلىرى چاتقال چېپىپ يەر ئېچىشقا تەيىنلەندى.

كەچ تەرەپلەردە، زىمچۇەنزىنىڭ ئاسمىنى قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كېتەتتى. يول - يول تارتىلغان، قىپقىزىل، سارغۇچ، قوڭۇر رەڭلىك بولۇتلار خۇددى بەقەسەمدەك تاۋلىناتتى، ئۇپۇق سىزىقى ئىزنالىرىدا ئولتۇرۇپ كەتكەن قۇياشنىڭ ئاخىرقى قىيپاش نۇرلىرى چاقنايتتى.

چېدىر ئارقىسىدىكى توغراق كۆتىكىدە ئولتۇرۇپ، يىراقلارغا تىكىلىپ تۇرغان ھېۋزۇللا نېمىلەرنىدۇر يازاتتى، ئۆچۈرەتتى، تۈزىتەتتى. ئۇنىڭ ئاسمان شەپەقلىرىدىن ئېلىنغان ئىلھاملىرى ئاق قەغەز يۈزىگە مارجاندەك تىزىلاتتى. ھېكمەت ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى چاچماسلىق ئۈچۈن، ئۈنچىقماي ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يازغانلىرى ئارىدىن ھەپتە - ئون كۈن ئۆتمەيلا «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى»، «ياچېيكا تۇرمۇشى»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا بېسىلىپ چىقاتتى. ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلاردىن بەزىلىرى ماۋۇنىڭغا «چۆلدە گۈلباغ ياسايمىز» بېسىلىپتۇ دېسە، يەنە بەزىلىرى «قەلبى قىزىل ئىشچان قىز» چىقىپتۇ دېيىشەتتى.

ھېكمەت كەچ تەرەپلەردە توغراقلىقنى ئايلىنىپ، گارمۇن چېلىپ ناخشا ئېيتاتتى. بەزى چاغلاردا سانىيە قاتارلىق بىر قانچە ئوقۇغۇچىلار بىلەن توپلىشىپ، چەكسىز چاتقاللىقلارغا كىرىپ كېتەتتى. ئۇ كېچىلەپ چېدىرغا قايتىپ كېلىپ، ھېۋزۇللا مۇئەللىمنىڭ يېنىدىكى يىغما كارىۋىتىدا ئۇخلاپ قالاتتى.

بىر كۈنى تۈن نىسپى بىلەن، ھېۋزۇللا مۇئەللىم ھېكمەتنى ئاستا ئويغاتتى. چۈنكى توغراق ئورمانلىقىدىن قارنى ئىچىگە تارتىلغان ئاچ

بۆرلەر تىمىسقىلاپ كېلىپ قالاتتى، شۇڭا، سىرتقا يالغۇز چىققىلى بولمايتتى. ھېكمەت پاكار كارىۋاتتىن يىگى يەرگە ساڭگىلاپ قالغان چاپىنىنى كىيىپ سىرتقا چىقتى. لېكىن ئۇلار چىدىرغا قايتىپ كىرگەندە، ھېكمەت قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى، چۈنكى بىر نەرسە ئۇنىڭ بىلىكىنى چېقىۋالغانىدى، ياتاق ئىچى ئۇيۇر - تويۇر بولۇپ لامپىلار يېقىلدى.

بوز يەر ئاچقۇچىلارغا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان مەكتەپ مالىيە بۆلۈم باشلىقى ماجىڭفاڭ خىزمەتتىلا ئەمەس، تۇرمۇشتىمۇ تەجرىبىلىك، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ھېكمەت يەرگە تاشلىۋەتكەن چاپاننى ئاۋايلاپ تەتۈر ئۆرىدى، ئۇنىڭغا ۋاڭ مۇئەللىم، ئەيسا تىلماچلار ياردەملەشتى. بۇ چاغدا، ھېكمەت بىلىكىنىڭ يۇقىرىسىنى قاماللىغىنىچە ئىنجىقلاپ كارىۋاتتا ياتاتتى.

— ئەنە، ئەنە! يېڭىدە ئىكەن، چايان! چايان، — دېدى مۇئەللىم بىگىز قولىدا كۆرسىتىپ، — قانداق قىلىمىز ما چاڭجاڭ؟

— ۋاي خۇدايىم، مىدىرلاۋاتىدۇ، — ئەيسا تىلماچ سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى، قولىدىكى لامپىنىڭ شىشىسى يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپ كەتتى.

— نەگە قاچماقچىدىلىڭ؟ — ۋارقىرىدى ما چاڭجاڭ ئاچچىقلاپ، — ھېلىمۇ ھېكمەتنى چاققىنى. . . نېمىدېگەن قورقۇنچاق ئادەمسەن؟ . . .

ماچاڭجاڭ لاخشىگىر بىلەن چايانىنى قىسىپ ئېلىپ، لامپىنىڭ ئوتىغا تۇتتى. چايان ئاچچىقىدا قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىدىكى ئەگرى نەيزىسىنى لاخشىگىرگە ئۇرۇشقا باشلىدى. لېكىن ئۇ پاژىلداپ كۆيۈپ، ئاخىرى قاپقارا مايلىق كۆيۈندىگە ئايلاندى. ماچاڭجاڭ بۇ كۆيۈندىنى ھېكمەتنىڭ چايان چاققان يېرىگە چاپلاپ، ئۈستىدىن داكا بىلەن تېڭىۋەتتى.

— بۇنىڭ تەسىرى بولامدۇ؟ — دېدى ھېۋزۇللا مۇئەللىم ھېكمەتنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ، — ھېكمەت بارغانسىرى قىزىپ كېتىۋاتىدۇ.

— زەھەرنى زەھەر تارتىدۇ، — دېدى ما چاڭجاڭ ھېكمەتكە تەسەللىي بېرىپ، — بىردەم چىدا، ھازىرلا زىمچۇەنزى دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىمىز.

— مۇشۇ كېچىدىمۇ؟ — چۆچۈپ سورىدى ئەيسا تىلماچ.

— ماڭ، تېز بول، ئېشەك هارۋىسىنى قات، نېمىگە هاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟— ۋارقىرىدى ماچاڭجاڭ.

ئادەتتە بۇ تۇزلەڭلىكتە يېقىن يەردە كۆرۈنگەن زىمچۇەنزى بازىرى ماڭسا بىر سائەتلىك يول ئىدى. ماچاڭجاڭ بىلەن ھېۋزۇللا هارۋىنى ئېگىز - پەس، ئەگرى - توقاي يوللاردىن ئېلىپ مېڭىپ، ناھايىتى تەسلىكتە چوڭ يولغا ئەپچىقىۋالدى. ئۇلار خورازلار قاناتلىرىنى پاقىلدىتىپ ئۇرۇپ، بەس - بەس بىلەن تۇنجى چىللاشلىرىنى باشلىۋەتكەن سەھەر قاراڭغۇلۇقىدا، زىمچۇەنزى بازىرىغا كىرىپ كەلدى. بۇ خەۋەر مەكتەپ ئىچىگە يېتىپ كەلدى.

ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا: «ھېكمەتنى چايان چېقىۋاپتۇ، هازىر سانىيە قاراۋاتقان ئوخشايدۇ. . .» دېگەن سۆزلەر ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرەتتى. ئامىنە ئولتۇرالمايلا قالدى. ئۇنىڭغا «چايان چېقىۋاپتۇ» دېگەن گەپ ئانچە تەسىر قىلمىغىنى بىلەن، «سانىيە قاراۋېتىپتۇ» دېگەن سۆز ئۇنىڭ ئۆزىنى چايان چاققاندەكلا تەسىر قىلدى. ئامىنە يۈزىنى ئاياپ ئولتۇرماي، فاكولتېت مۇدىرىغا راست گېپىنى قىلدى — دە، ئوزۇق - تۈلۈك، كۆكتات توشۇيدىغان ماشىنىغا چۈشۈپ، زىمچۇەنزىگە قاراپ يولغا چىقتى.

خېلىلا ياخشى بولۇپ قالغان ھېكمەت توغراقلىقلار ئارىسىغا قويۇپ بەرگەن يىغما كارىۋىتىدا كىتاب ئوقۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا سانىيەمۇ كۆرۈنمەيتتى.

— ھېكمەت! . . .

— ئامىنە! . . .

ئامىنە ھېكمەتنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ سارغىيىپ قالغان چىرايىغا، ئاق داكا بىلەن چىڭ تېڭىۋېتىلگەن يالاڭ بىلەكلىرىگە قاراپ، ئۈنسىز يىغلىدى. ھېكمەت ئورنىدىن تۇرماقچىـــى بولۇۋېدى، يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى. «دۇنيادا بىرمەن» دەپ يۈرگەن ئىسكىرىپكىچى قىز ئامىنەنىڭ ياش تۆكۈشى، سىپايىلىق بىلەن مېھرىبانلىق قىلىشى نەچچە كۈندىن بېرى زىرىكىپ غېرىپلىق ئەسىر قىلغان يىگىتنى يۇمشىتىۋەتتى.

— كېلىپ قاپسىزغۇ؟ — دېدى ھېكمەت قىزنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىگە قاراپ.

— سىزدىن ئەنسىرەپچۇ!... — ئامىنە ئەتراپىغا قاراپ قويدى، — سىزگە بىرەر كىم ھەمراھ بولمىدىمۇ؟...

— ھەمراھ بولغۇدەك چوڭ ئىش يوق، پەقەت سانىيە تامىقىمنى ئەكېلىپ يېگۈزۈپ قويىدۇ...

— ئەمدى مەن يېگۈزۈپ قويىمەن... — دېدى ئامىنە مەنىلىك كۈلۈپ، — ھە، راست، سىزگە بىر خەت ئالغاچ كەلدىم. سوۋېتتىكى ھېلىقى «تۇغقىنىڭىز» دىن كەپتۇ.

كونۋېرتنى قولىغا ئېلىپ، ھېكمەتنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى. بۇ زەيتۇنەنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق خېتى ئىدى. ھېكمەت بىر ۋاراق قەغەزنىڭ ھەر ئىككىلا بېتىگە سۆسۈنرەڭ قەلەم بىلەن يېزىلغان بۇ خەتكە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپلا، قاتلاپ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى. ئۇنىڭ نارازىلىق ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان چىرايىنى كۆرگەن ئامىنە ئۇنچىقماي ئولتۇردى.

ئامىنە ھېكمەتكە ئۈچ كۈن ھەمراھ بولدى. ئۇلار كۈندۈزلىرى توغراق ئورمانلىقىغا كىرىپ ئايلىناتتى، كېچىلىرى بىر ۋاقىتلارغىچە ئايغا ھەمراھ بولۇپ مۇڭدىشاتتى. ئۈچ يىللىق ئوقۇش جەريانىدىكى ئاجايىپ خاتىرىلەر، نەنسەندىكى، بوغدا كۆللىرىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز ساياھەتلەر، مەكتەپتە بولۇپ تۇرىدىغان كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرى قاتارلىق ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىگە ئائىت خاتىرىلەرنى ئەسكە ئېلىشاتتى. ھەتتا ئامىنە ساۋاقداشلىرى بىلەن سەھنىدە ئېيتىپ چىققان «بىزگە بىلىم ئاتا قىلغان نۇرلۇق سەنپەنگۇ، بىزنى ئۆستۈرۈپ چوڭ قىلغان ئانا سەنپەنگۇ...» دېگەن ناخشىلارنى ئۈزلىرىچە غىڭشىپ ئېيتىپ، كۈلۈشۈپ كېتەتتى، لېكىن ئۇلار كۆڭۈلگە تالىق نازۇك سۆھبەت تېمىسىغا كۆچكەندىلا، ھەر ئىككىلىسى يەرگە قاراپ جىمىپ كېتەتتى.

ئادەم كۆڭلى ئاجايىپ بولىدىكەن. ھېكمەت ئۈچ يىلدىن بېرى سانىيەگە قارىغاندا ئامىنە بىلەن يېقىن ئۆتتى. لېكىن سانىيە گۈزەللىكتە

بولسۇن ياكى ياسىنىپ - تارىنىپ يۈرۈشتە بولسۇن، ئامىنەگە ھەرگىز تەگلىشەلمەيتتى. ئەمما ھېكمەت سانىيە بىلەن بىر يەردە بولۇپ قالسا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا تارتىنىش - قورۇنۇش، ياسىما تەبەسسۇم، ئادەمنى بىزار قىلىدىغان تەكەللۇپلار ھەرگىزمۇ مەۋجۇت بولمايتتى، ئېچىلىپ - يېيىلىپ سۆزلىشىپلا كېتىشەتتى. بىلىكىدە «ئومىگا» سائىتى، بارماقلىرىدا قوشلاپ ئالتۇن ئۈزۈك، مەيدىسىدە بىرلىيانت كۆزلۈك بۇلاپكا چاقناپ تۇرىدىغان ئامىنە، ھېچكىمگە ئۆزىنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلىقىنى بىلدۈرمەيتتى، ئۇنىڭ پات - پاتلا ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان قاما ياقىلىق ھەيۋەتلىك پەلتولىرى تولغان بەدىنىنى سۈرلۈك كۆرسىتىپ تۇراتتى. ھېكمەت بولۇپمۇ ئامىنەنىڭ كېلىنى قىرىپ، چىش ئارىلىقىدىن قىسىپ چىقىرىدىغان «ياخشىمۇسىز» دېگەن سۆلكەتسىنى، پات - پاتلا كالپۇكلىرىنى ئۈچلاپ، قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، «كەچۈرۈڭ»، «ئەپۇ قىلارسىز» دەيدىغان ياسالما ئالىيجانابلىقلىرىنى ياقتۇرمايتتى. گويا ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى «نېرى تۇر...»، «پۇتلاشما...» دەپ ھېكمەتنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋاتقاندەك ھېس - تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى.

تۇۋا، ئۇ ئامىنەگە ماۋۇ ئامىنە ئوخشىمايلا قالدى!... بەلكىم زىمچۇەنزىنىڭ سۈيى پايدا قىلدىمىكىن؟ ياكى ھاۋاسى خىل كېلىپ، مىجەزىنى ئۆزگەرتتىمىكىن؟ ئەيتاۋۇر، ئۇ چىن دىلىدىن كۈلەتتى... ئېچىلىپ - يېيىلىپ سۆزلەيتتى. ئوقۇغۇچىلىق خاتىرىلەرنى سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئەسكە ئالاتتى...

ئاپئاق ئايدىڭ كېچە ئىدى. چەكسىز يېيىلىپ تۇرغان توغراق ئورمانلىقى سىرلىق سۈكۈناتقا چۆمگەن. ئەتە ئەتىگەن قايتماقچى بولغان ئامىنە ھېكمەت بىلەن ئايلىنىپ، چۆگىلەپ، مالچىلار ھېلىلا تاشلاپ كەتكەن گۈلخان يېنىدا توختىدى. ئۇلار دۈۋىلىنىپ ياتقان قۇرۇق غوتۇلارنى گۈلخان ئۈستىگە تاشلىشى بىلەن، ئوت ئۇلغىيىپ، ئەتراپنى قىپقىزىل نۇر بىلەن تاۋلىدى. ھېكمەت بىلەن ئامىنە قۇرۇق قاقشالغا ئايلىنىپ قالغان ئىچى كاۋاك توغراق كۆتىكىدە يانمۇ يان ئولتۇرۇشتى.

— ھېكمەت، — دېدى قىز ئۇزۇن جىمجىتلىقتىن كېيىن، —

سوۋېتتىكى تۇنە دېگەن قىز راستىنلا سىزنىڭ سىڭلىڭىزمۇ؟
— ئەجەب بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟
— بۇ مۇھىم!...
— سىڭلىم دېسەممۇ بولىدۇ...
— دېسەممۇ بولىدۇ دېگەن قانداق گەپ ئۇ؟
— بۇ... بۇ...
— مەن سانىيەنى خاتا چۈشىنىپ يۈرۈپتىكەنمەن. ئاخشام ئۇ، نۇرغۇن گەپلەرنى قىلىپ بەردى... ئەمدى گۇمانىم ئاشۇ «تۇنە» دىلا قالدى!...
تەڭلىكتە قالغان ھېكمەت زەيتۇنە بىلەن بولغان ھەممە ئەھۋالنى ئالدىرىماي سۆزلىدى. ئۇ تۇرغانوپنىڭ ئۆيىدىن قانداق قېچىپ چىققانلىقى، كىنچىكىدىن تارتىپ بىر ئۆيدە چوڭ بولغان زەيتۇنەگە پەقەت قېرىنداشلىق مېھرىدىن باشقا ھېچقانداق ھېسسىياتىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپ گېپىنى ئاياغلاشتۇردى.
— ئەمما مەن ئىشەنمەيمەن! — دېدىم ئامىنە چىرىسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا قارىغىنىچە، — ئەمىسە، نېمە ئۈچۈن سىز خەتلەرنى كۆرگىنىڭىزدە، تاتىرىپ كېتىسىز... ھودۇقىسىز... تەمتىرەيسىز؟ گەپلىرىڭىز قولاشمايدۇ؟
— ئۇ... ئۇ، ياخشى كۆرسە كېرەك!...
— سىزدە قېرىنداشلىق مېھرىدىن باشقا، غەيرىي خىيال بولمىغانمۇ؟...
— ياق... ئىشەنمىسىڭىز بۇ خەتنى كۆرۈپ بېقىڭ!...
ھېكمەت يانچۇقىدىكى خەتنى چىقىرىپ بەردى. ئامىنە ئۆزى ئېلىپ كەلگەن بۇ خەت ئەگەر زىمچۇەنزىگە مېڭىشتىن بىر سائەت بۇرۇن قولىغا تەككەن بولسا، كونۋېرتىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ ھەم چاپلىنىپ بولغان بولار ئىدى. بىراق، ئۇنى ماشىنا كابىنكىسىغا چىقىپ مېڭىش ئالدىدىلا خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىكى خادىم ئەكېلىپ بەرگەنىدى. تۆت - بەش سائەتلىك يول سەپىرىدە ئېچىنى سىقىپ، كۆڭلىنى خىرە قىلغان بۇ لەنىتى خەت مانا ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ قولىدا تۇراتتى. ھېكمەت گۈلخانغا

ئۆتۈن تاشلاپ، ئۇتنى ئۇلغايتىۋەتتى. ئاممىنە خەتنى يالغۇننىڭ قىپقىزىل شولىسىغا تۇتتى. . . ئۇ خەتنىڭ تىنچلىق، ئامانلىق، سېغىنىشلىق سالام دېگەندەك يەرلىرىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئەمما مۇنۇ سەھىپىلەرنى ئىچىدە قايتا - قايتا ئوقۇدى:

«ھېكمەت، بىرىنچى خېتىم كېتىپ، كۈنلەرنى، ھەپتىلەرنى، ئايلارنى ساناپ ئۆتكۈزدۈم. لېكىن سېنىڭ خېتىڭ كەلمىدى. بەلكىم يېزىشنى خالىمىدىڭ! سەن يازغان، قولۇڭ تەككەن، سېنىڭ ھىدلىرىڭ سىڭگەن ئۇ خەت مەن ئۈچۈن، مېنىڭ سېغىنغان يۈرىكىم ئۈچۈن شىپالىق يامغۇر، قەلبىم جاراھەتلىرىگە مەلھەم بولار ئىدى!... لېكىن مەن ئاشۇنچىلىكمۇ تەسەللىيگە ئېرىشەلمىدىم. سىكۇنتلار سائەتلەردەك، سائەتلەر كۈنلەردەك، كۈنلەر يىللاردەك بىلىنگەن بەش ئاي، بەش كۈننى ئۆتكۈزۈپ، ئىككىنچى قېتىم بۇ خېتىمنى يېزىۋاتىمەن!... بۇ خېتىمنىڭمۇ جاۋابسىز قېلىشى كۆڭلۈمگە ئايان... «ئەمىسە، نېمە ئۈچۈن خەت يازىسەن؟»، دەپ مەندىن سورىشىڭ مۇمكىن، تاڭ، ئۆزەممۇ بىلمەيمەن...

ھېكمەت، راست، سەندە قېرىنداشلىق مېھرىلا بار. بۇرۇنمۇ شۇنداق ئىدى، ھازىرمۇ شۇنداق. ئېسىڭدىمۇ، سەن تولۇقسىزدا ئوقۇۋاتقان چېغىڭدىن باشلاپلا، رۇس گىمنازىيىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا باراتتىڭ، كېچە بىر ۋاقىتلارغىچە كىتاب كۆرەتتىڭ، قاچانكى قوڭغۇراق چېلىنمىغۇچە قايتىپ كەلمەيتتىڭ. مەن داۋاملىق ساڭا: «بىرەر قېتىم بولسىمۇ كىنوغا بىللە بارايلىچۇ»، «يەكشەنبە كۈنى دەريا بويىدا ئوينىتىپ كېلەمسەن؟»، دەپ يالۋۇراتتىم. لېكىن سەن: «مۇھىم ئىشىم بار»، دەيتتىڭ - دە، كۇتۇپخانىغا كېتەتتىڭ. تۇۋا، شۇ چاغدىكى باللىق خىياللىرىم ھېلىمۇ ئېسىمدە!... مەن ستالىن مەكتىپىدىن قايتىپ، «توغرا كۆۋرۈك» ئۈستىدىكى دوقمۇشتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان كۇتۇپخانىغا ئۆچمەنلىك بىلەن ئۇزۇن قاراپ كېتەتتىم. كۆڭلۈمدە: «ئاسماندىن يوغان بىر بومبا چۈشۈپ، مۇشۇ كۇتۇپخانىنى يەر شارىدىن يوق قىلىۋەتسە، ئەڭ بولمىسا، يەر تەۋرەپ، پەقەت مۇشۇ لەنىتى بىنالا ئۆرۈلۈپ چۈشسە»، دەپ ئويلاپ كېتەتتىم...

ھېكمەت سەن دادام قىلىپ بەرگەن كاستيۇم - بۇرۇلكىلارنى (ھەتتا

چاقماقلىق كەپكىمۇ بار) سېلىپ قويۇپ، ئۆزەڭنىڭ ئاددىي كىيىمىڭ بىلەنلا قېچىپ كەتتىڭ. مېنىڭ تا ۋەتەندىن ئايرىلىپ ماڭغۇچە يېشىم قۇرىمىدى. دادامنىڭ بىر ئايدەك سېنى ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالمىدى! مانا ھازىر دادامدىن: «دادا، نېمىشقىمۇ بىزنى مۇشۇ يات يەرلەرگە ئېلىپ كەلگەنسىز؟» دەپ سورايمەن. دادام بولسا: «كەچۈر قىزىم، مەن سىلەرنى ئەمەس، ئۆزەمنى ئۇيلىغانىكەنمەن...» دەپ ياش تۆكىدۇ.

ھېكمەت، قەدىرلىك ھېكمەت، خەت يازغىن، مەن سەندىن مۇھەببەت تەلەپ قىلىۋاتقىنىم يوق (بۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىمەن)، پەقەت بىر پارچە خېتىڭنى تەلەپ قىلىۋاتىمەن!... سېنىڭ خېتىڭ مەن ئۈچۈن نەقەدەر قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمايسەن. چۈنكى ئۇ ماڭا سېنىڭ ھەم كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئانا تۇپرىقىمنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كېلىدۇ...»

... ئامىنەنىڭ بېشى چىرايلىق كۆكسىگە ئېگىلدى، قارا كۆزلىرىدىن ئارقا - ئارقىدىن ياشلار دومىلاپ چۈشتى، ئۇ يەڭگىللەتكىلىك بىلەن ھېكمەتتىن سورىغان قاتتىق سوئاللىرىغا پۇشايمان قىلغانىدى.

— ھېكمەت كەچۈرۈڭ! سىز مېنى كەچۈرەمسىز؟...

— ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا كەچۈرگۈدەك چوڭ ئىش يوققۇ؟

— ئۇنداق دېمەڭ... ئەمدى... ئەمدى ھايا - نومۇس پەردىسىنى يىرتىش ۋاقتى كەلگەن ئوخشايدۇ... سىز... سىز مېنى ياخشى كۆرىسىز...

— ياخشى كۆرىسىز؟

— بۇنى ماڭا سانىيە دېدى! — ئامىنە ھاياجانلاندى، — شۇنداق تورۇقلۇق يەنە نېمە ئۈچۈن؟... سىز دېگەن ئوغۇل بالىغۇ!...

— لېكىن... لېكىن...

— يەنە نېمە «لېكىن»؟... قانداق «لېكىن» ئىكەن ئۇ سىزنىڭ تىلىڭىزنى باغلاپ، ئۆزىڭىزنى لال قىلغۇدەك؟...

ھېكمەت راستىنلا ئامىنەنى ياخشى كۆرەمدۇ؟ ياق! بۇنداق دېسەك كىتابخاننى ئالدىغان بولىمىز... ياخشى كۆرگەن، ھېلىھەم ياخشى كۆرىدۇ... لېكىن ئۇ ھېۋزۇللا مۇئەللىمنىڭ دېگىنىدەك، ئېگىز ئوقۇرغا ئېسىلىپ، كېيىنچە بويى يەتمەي قېلىشىدىن قورقىدۇ!...

دېمىسىمۇ پارىنكىتا ئۆسكەن بۇ نازۇك گۈلنى داۋاملىق ئاسراپ، توپا ـ چاڭلىرىنى پۈۋلەپ، بوران ـ چاپقۇنلاردا توزۇتماي، سوغۇق ـ جۇدۇنلاردا ئۈششۈك تەككۈزمەي، مەڭگۇ شۇنداق ئۆتۈپ كېتەلەمدۇ؟ . . . زىنھار مۇمكىن ئەمەس، تۇرمۇش، ھايات يولى رەڭلىك مۇم ئەمەس، ئۇنى ئېزىپ ھەر خىل ئويۇنچۇقلارنى ياسىغىلى بولىدىغان! . . . ئۇنىڭ قۇياشلىق باھارى بار! . . . ئاچچىق، سوغۇق زىمىستانى بار! . . . بەندىلىرىنى قان يىغلاتقۇدەك قەھرى، جان ئالغۇدەك زەھرى ۋە ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرغۇدەك بەخت ـ سائادەتلىرى بار. ھېكمەتچۇ؟ ئۇ بىر ئاددىي تىككۈچىنىڭ ئوغلى! دۆلەت خەزىنىسىدىن بەرگەن ئازغىنا مائاشقا تايىنىپ كۆڭلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ! . . . شۇڭا، ئۇ قەلبىدە بىخلانغان ھېسسىيات مايسىلىرىنى يۇلۇپ ماڭدى. «ھاي، كېيىنچە بىراۋلارنىڭ قولى بولۇپ قالما!» دەپ ئۆزىگە ئۆزى سىگنال بەردى. ئۇ بۇ ئەھدىسىگە ۋاپا قىلدى.

— ھېكمەت سىزگە نېمە بولدى؟ — دېدى ئامىنە ھېكمەتكە قايرىلىپ، — ئەمىسە سىز مېنى ياخشى كۆرمەمسىز؟ كۆزۈمگە قاراپ تۇرۇپ دەپ بېقىڭا!

— مەن. . . مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ كەلدىم، ھېلىھەم سۆيىمەن، — دېدى ھېكمەت ئۇنىڭ ئۇزۇن ـ ئۇزۇن كىرپىكلىرىگە قاراپ، — لېكىن، سىزگە ماقۇل دېيەلمەيمەن! بىزنىڭ قوشۇلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس!

— نېمە ئۈچۈن؟

— نېمە ئۈچۈنلۈكىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا سورايسىز؟

— ياق، مەن بىلەلمىدىم، زادى بىلەلمىدىم! . . .

— سىزنىڭ نام ـ ئەمەلىڭىز ئۆزىڭىزگە ئايان، مەن بولسام، ئادەتتىكى ئوقۇتقۇچىمەن. . . ئاددىي قولۋاق دەريا ـ كۆللەردە ياخشى. . . ئەگەر ئۇنى دېڭىزغا سالسىڭىز، بىر دولقۇن بىلەن غەرق بولىدۇ.

ئامىنە جىمىپ كەتتى. . . ئۇ ھەممىنى چۈشەنگەندى! . . . تۇۋا، بايلىق، پاراۋان تۇرمۇش، نام، ئەمەل، ئىمتىيازلارمۇ مۇھەببەتنىڭ دۈشمىنى بولىدىكىنا؟ . . . ئۈچ يىلدىن بېرى ھېكمەتنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، مۇھەببەتنى تەرك ئېتىپ، دوستلۇقنى ساقلاپ كەلگىنى بىكار

ئەمەس ئىكەندە! ئامىنە ئۆزىنى ئۆزى مەسخىرىلەپ ئىچىدە كۈلدى. تېخى ئىككى يىل ئىلگىرىلا، ئۇلار ئىتتىپاق تەشكىلاتىغا بىللە كىرگەن، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمىتىنى بىرلىكتە ئىشلەۋاتقان، ئۆز ئارا ياردەملىشىپ ئۆگىنىۋاتقان چاغلىرىدا، ئامىنە: «ئەگەر ئۇ سۆز ئېچىپ قالسا، دەسلەپتە ‹مەن سىزدىن بۇنى كۈتمىگەن›، دەپ راسا ئازابلاپ، كېيىنچە ‹ئويلىشىپ باقاي›، دەپ ئۇنى ئۈمىدلەندۈرۈپ قويۇپ، تەقسىماتنى كۈتەمدىم. . .» دەپ ئويلىغانىدى، مانا ئەمدىلىكتە ئىشلار قوغلىغاندىن قاچ، قاچقاننى قوغلا دېگەندەك بولۇۋاتامدۇ! . . .

ھېكمەت مەكتەپتە قالغاندىن كېيىن، ئامىنە ئاپىسىغا ھېكمەت توغرىلىق سۆزلەپ بەردى. ئاپىسى بولسا، نازىرغا بىرگە ئىككىنى قوشۇپ يەتكۈزدى. نازىر: «ئۇ مېنىڭ گۆھىرىم، كۆز قارىچۇقۇم، بىر تاللا ئەتىۋارىم. ھازىر قىزىم ئۆزى ئولتۇرۇۋاتقان تاختايلىق بىر يۈرۈش ئۆيلەر شۇنىڭ. ھەممە نېمىسىنى تەل قىلىپ بېرىمەن. ھەتتا تېلېفون ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىش ئويۇمۇ بار. . .» دېدى.

ئامىنە ناھايىتى ئاستا، يىغلامسىرىغان ھالدا، ياخشى ئوقۇش، ئىقتىدارلىق خادىم بولۇش، كەسپىنى ھەغدادىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ياخشى شارائىت بولۇشى لازىملىقىنى، ئەڭ مۇھىمى ئىقتىسادنىڭمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى، يۇقىرى ئۆرلەش ئۈچۈن، شوتا بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى پۈرىتىپ ئۆتتى. ھېكمەتمۇ كۆڭلىدە ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ۋەزنى بارلىقىنى، سۇپۇرگە قوناقنىڭ ئۇنى بىلەن دەرەخنىڭ غازاڭلىرىنى يەپ، قورساقنىڭ غېمىدىلا ئۆتۈۋەرسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— ھېكمەت، — دېدى ئامىنە پىچىرلاپ، — سىز «مۇستەقىل ياشايمەن، باشقىلارغا يۆلەنمەيمەن» دېگەن ئەقىدە بىلەن ياشايسىز. بۇنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ ئەمما، ئاتا ـ ئانامدىن قالغان مەئىشەت ئۇ ماڭا تەئەللۇق. مەن سىز ئۈچۈن «باشقىلار» مۇ؟ . . . مېنى يات قاتاردا كۆرەمسىز؟ . . . ياق، مېنىڭ — سىزنىڭ. . . سىزنىڭ — مېنىڭ . . . شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— كەچۈرۈڭ ئامىنە، — دېدى ھېكمەت قىزغا قايرىلىپ، — بۇ

چاغقىچە سىزنى خاتا چۈشىنىپ كەپتىكەنمەن. . . دىلىڭىزنىڭ نەقەدەر پاك ئىكەنلىكىنى، ئاق كۆڭۈل قىز ئىكەنلىكىڭىزنى ئويلىماپتىمەن. . .

— ھېكمەت! — ئامىنە ئورنىدىن تۇردى! . . .

— ئامىنە! — ھېكمەت قىزنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئاھ، ھېكمەت! . . .

قىز ئۆيۈلۈپقىنا يىگىتنىڭ كۆكرىكىگە باش قويدى. يىگىتمۇ ئۇنى باغرىغا چىڭ باستى. گۈلخان يالقۇنى ئۇلارنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدە، بەختتىن كۈلگەن يۈزلىرىدە دەممۇ دەم ئوينىشىپ، قىپقىزىل نۇر ئۇلارنى تەبرىكلىمەكتە ئىدى.

— ۋاي خۇدايىم، — دېدى ئامىنە كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىنى ھېكمەتكە تىكىپ، — بىر خۇش خەۋەرنى سىزگە ئېيتىشنى ئۇنتۇپتىمەن. . .

— خۇش خەۋەر؟ . . .

— شۇنداق! سىزنى 8 - ئايدا بېيجىڭ گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا، مېنى شاڭخەي مۇزىكا ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىدىكەن! . . .

— نەدىن ئۇقتىڭىز؟

— بۇ قەتئىي مەخپىي. . .

— ئېيتىڭا، ھازىرلا «سىزنىڭ — مېنىڭ، مېنىڭ — سىزنىڭ» دېگەنتىڭىزغۇ، ئەمدى بۇنى ئايامسىز؟

— ئەسكى، ئاخىر دەۋالدىڭىز - ھە! — ئامىنە كۈلدى، — بۇ خەۋەرنى ماڭا سىنىپ مۇدىرىمىز ئېيتتى. يىغىندا بېكىتىلىپ بوپتۇ، بەلكىم سىزگىمۇ ئۇقتۇرىدۇ . . .

— راستىمۇ؟ — شادلىقى ئىچىگە پاتمىغان ھېكمەت ئامىنەنى دەس كۆتۈرۈۋالدى، — ئاھاي، مەن كەلگۈسى رەپىقەم بىلەن ئوقۇشقا بارىدىكەنمەن! . . . ئاھاي. . .

ئامىنە ئەتىسى ئەتىگەندە، ئاشلىق - ئوزۇق ئەكەلگەن ماشىنا بىلەن مەكتەپكە قايتىپ كەتتى. ھەپتە ئۆتۈپ، ئىككىنچى تۈركۈم بوز يەر ئاچقۇچى گۇرۇپپىغا ياتاقلىرىنى بىكارلاپ بەرگەن بىرىنچى گۇرۇپپا يۈك - تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قايتتى.

ھېكمەتنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن بېيجىڭگە بارىدىغانلىقى ئۆزگە ئۇقتۇرۇلدى. بەخت ۋە شادلىقتىن يۈرىكى قىنىغا پاتمىغان ھېكمەت بىلەن ئامىنە، خەلق باغچىسى، خۇگېيەنچى سۇ ئامبارلىرىغا بېرىپ، قانغىچە ئويناپ، خاتىرە رەسىملەرگە چۈشتى. مۇتەللىپ باي قارىياغاچلىقىنىڭ تارام - تارام سۇلىرىنىڭ بويلىرىدا گارمۇن ھەم ئىسكىرىپكا سادالىرى ياڭرىدى. خۇشاللىق كۈنلەر ناھايىتى تېز ئۆتمەكتە ئىدى.

كۈنلار بىر كۆلكىنىڭ بىر يىغىسى بار، دېمەك بىكار ئېيتماپتىكەن. ئامىنە ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى بېرىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، فاكۇلتېت مۇدىرى چىن ھېكمەتنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى. چىن مۇدىر پاكار، دىقماق گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ، يۇقىرى گىرادۇسلۇق ئەينىكى ئۈستىدىن غەلىتىلا قاراپ قويغاندىن كېيىن، ھېكمەتكە «ئولتۇر!» دېدى. ھېكمەت ئۇنىڭ جىددىيلەشكەن قارىراق چىرايىغا، يۇقىرىقى كالپۇكنى كۆتۈرۈپ تۇرغان چوڭ، ئاراچ چىشلىرىغا قاراپ، بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— ھە، ئوقۇشقا بېرىشقا تەييارلىق قىلىۋاتامسەن؟ . . . — دېدى چىن مۇدىر ھېكمەتكە تىكىلىپ.

— نېمە تەييارلىق بولسۇن؟ قاچان ماڭ دېسىڭىز، شۇ چاغدا مېڭىۋېرىمەن.

— ھىم. . . — چىن مۇدىر ئالدىرىماي تارتمىدىن بىر پارچە خەتنى ئالدى، — بۇ خەت سىزنىڭمۇ؟ كۆرۈپ باق. . .

— مېنىڭ! — ھېكمەت زەيتۇنەنىڭ خېتىنى كۆرۈپ تاتىرىپ كەتتى، — بۇ تۇغقانلارنىڭ. . .

— ئاڭلىساق، ساڭا داۋاملىق سوۋېتتىن خەت كېلىدىكەن، — دېدى چىن مۇدىر تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، — راست گەپنى قىل، ئائىلەڭلار سوۋېت گىراژدانىمۇ؟

— ياق! سوۋېت گىراژدانى ئەمەس ھەم كېتىشنىمۇ خالىمايدۇ. . .

— ئەسلى ئاشۇ ياقتىن كۆچۈپ كەلگەن، شۇنداقمۇ؟

— ئاپام كىچىك ۋاقتىدا شۇ ياقتىن كەپتىكەن، دادام مەشەلىك!

— قارا، سوۋېت ئىتتىپاقى گىراژدانلىرىنى ئۆز دۆلىتىگە قايتۇرۇش توغرىلىق ئۇقتۇرۇش بار، — دېدى چىن مۇدىر تاماكىسىنى

شوراپ، — سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ بۇيرۇقى چۈشتى. شۇنداقتا، سەن قانداق قىلىسەن؟

— مەن كەتمەيمەن... مەن مەشەدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولدۇم... بۇ مېنىڭ ۋەتىنىم...

— بۇ ئۇنداق ئاددىي ئەمەس... — دېدى مۇدىر ئورنىدىن تۇرۇپ، — بولدى سەن چىقىپ تۇر، سېنىڭ ئىشىڭنى قايتا مۇزاكىرىلىشىمىز...

بىر نەچچە كۈنگىچە ھېكمەتنىڭ كېلىدىن تاماق ئۆتمىدى، ئامىنەنىڭمۇ جىددىيلىشىپ، سۆزلەشمىگەن ئادىمى قالمىدى. ئاخىرى كۆڭۈلسىز كۈن يېتىپ كەلدى، ھېكمەتكە: «بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن بېيجىڭگە ئەۋەتىلمەيدىغانلىقى» ئۇقتۇرۇلدى...

دەرۋەقە، خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىتىش يۈزىسىدىن كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى بولغان كۈنى، ئامىنەنىڭ: «سىز ئەمدى ئىنىستىتۇتتىمۇ تۇرالمايدىغان بولدىڭىز... سىزنى سۈرگۈن قىلدى، بىلەمسىز، سۈرگۈن قىلدى...» دېگەن تەئەددى سۆزلىرى پاكىت ئىدى...

# دوستلۇق بۇرچى

ھېكمەتنىڭ كەچمىشلىرىنى ئاڭلاپ، ئوتتۇرا كېچىگىچە ئۇخلىيالمىغان كامىل، مۇراتلار ئەتىسى ۋاقچە تۇردى. ئۇلار ئالدىراپ-تېنەپ ناشتا قىلغاندىن كېيىن، نەرسە-كېرەكلىرىنى سومكىغا قاچىلاپ مېڭىشتى. كامىل ئەمدىلا ئىشىككە قولۇپ سالاي دەپ تۇرۇشىغا، ھېكمەت ياتاققا كىرىپ كېتىپ، رەسىمنى كۆتۈرۈپ چىقتى. كامىل ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىدىن: «بۇ رەسىم بۇ يەردە كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرمىسۇن...» دېگەن مەنانى ھېس قىلىپ يەتتى.

— بۇنى خان ئانامنىڭ ئۆيىگە ئېسىپ قويسام بولارمۇ؟ — دېدى ھېكمەت كامىلغا قاراپ.

— رەھمەت، ھېكمەت، مېنىڭ تىلىم بارمىغانىدى، مەن بۇ

رەسىمنى ئەزىزلاپ ساقلايمەن. . .

ئۇلار پىيادە ئاتچۇي ئىلەك كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، توپىلاڭ ئېگىز يولدا كېتىۋاتقاندا، ئارقىدىن سودا ئىدارىسىدىن ياڭاق باسقان ماشىنا كېلىپ قالدى. ئۇلار توپىدىن قېچىپ ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشتى، ماشىنا توختىدى. كابىنىكىدىن ئاسىم نىياز بېشىنى چىقىرىپ ۋارقىرىدى:

— قېنى، جاپاكەش مۇئەللىملىرىمىز، ياڭاق ئۈستىگە چىقىۋېلىشسىلا! — دېدى ئاسىم نىياز چاقچاق قىلىپ، — ئەمما بىر شەرت — تاغار تېشىپ، ياڭاق يېيىشكە بولمايدۇ.

ئويمان - چوڭقۇر، توپىلاڭ يولدا ماشىنا تېز ماڭالمىغىنى بىلەن، شامال ئۇرۇپ قولاق، بۇرۇنلىرى مۇزلاپ كەتكەن بۇ ئۈچ دوست شارپىلىرى بىلەن يۈزلىرىنى يۆگەپ، قولاقچىلىرىنى چۈكۈرۈپ كىيىپ، بىر يەرگە غۇژمەك بولۇپ ئولتۇرۇشتى.

— مۇرات، سەن ھېلىقى ئىشنى ئۇنتۇما، — دېدى كامىل ۋارقىراپ، — ماشىنىدىن چۈشكەندىن كېيىنلا، دوستلارغا خەۋەر قىلىۋەت.

— ماقۇل.

— ئەتە چۈشكە جۈمۇ!

— بولىدۇ. . . — دېدى مۇرات قولىقىنى ئۇۋۇلاپ، — مەن نېمىلەرنى ئالغاچ باراي؟

— بولدى ئاۋارە بولما. . .

كامىل بىلەن مۇرات ئاخشام ھېكمەتنىڭ ئازابلىرىنى بىردەملىك بولسىمۇ ئۇنتۇلدۇرۇش، دەردلىرىنى يېنىكلىتىش، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭى دوستلار بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن، كامىلنىڭ ئۆيىگە يىغىلىشنى مەسلىھەتلەشكەنىدى، بۇنىڭدىن ھېكمەتنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى.

ئۇلار ۋىلايەتلىك بانكا ئالدىدا ماشىنىدىن چۈشۈپ، چايخانا مەكتەپ قېشىغا كەلگەندە ئايرىلىشتى. كامىل ھېكمەتنى باشلاپ كەتتى. مۇرات بولسا، ئۆيىگە بېرىپ سومكىلىرىنى تاشلاپ قويۇپ چىققاندىن كېيىن،

«ئەخمەتجان كوچىسى» ئاغزىدا بىر دەم تېڭىرقاپ تۇردى. ئۇ كۆڭلىدە: «ئاۋۋال دوستلارغا خەۋەر قىلىدىغان ئىشنى قىلايمۇ ياكى گۈلزىبانىڭ ئۆيىگە بارايمۇ؟ . . .» دەپ چوت سوقۇۋاتاتتى. چۈنكى، تۈنۈگۈنكى ئىشلارنى گۈلزىباغا يەتكۈزۈشكە ئۇنىڭ جېنى تاقىلداپ تۇرۇۋاتاتتى. ئاخىرى ئۇ گۈلزىبانىڭ ئۆيىگە ماڭدى.

ئۆيدە گۈلرۇز بىلەن قايىتتىن باشقا ھەممىسى بار ئىدى. مۇرات بۇمەرەمخانغا سالام بېرىپ بىردەم ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، گۈلزىبانى شەرەت بىلەن ھويلىغا ئېلىپ چىقتى. مۇراتنىڭ چىرايىغا قاراپلا، ئۇنىڭ بىر نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلگەن گۈلزىبا ئۇنى ئۆز ھۇجرىسىغا باشلىدى.

مۇرات تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، گۈلزىباغا تۈنۈگۈن ھېكمەتنىڭ ئامىنەنىڭ رامكىدىكى سۈرىتىنى ۋە قالغان خاتىرە سۈرەتلەر بىلەن خەتلىرىنى كۆيدۈرگەنلىكىدەك ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى، ياتاقنىڭ ۋەيرانە ھالىتىنى، سىزىلغان رەسىم، ھېكمەتنىڭ چوڭقۇر مەنالىق ھېكايىسى قاتارلىقلارنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. بولۇپمۇ ئۇ ھېكمەتنىڭ سەنئەت ئىنىستىتۇتىدىكى ھاياتى، ئامىنە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ جەريانلىرىنى سۆزلىگەندە، باشتىن - ئاخىر ھېكمەتنى ئاقلىدى.

— ھېكمەت سىزغان جۈپ كېپىنەكنىڭ رەسىمىنى كۆرسىڭىزلا، ھەممە ئىش ئايان بولىدۇ، — دېدى مۇرات تاماكا قالدۇقىنى تەخسىگە بېسىپ، — ئۇنىڭ ھېكايىسى بىلەن رەسىمىنى باغلاپ تەھلىل قىلسىڭىز، ئاندىن ھەقىقىي مەناسىغا يېتەلەيسىز. ھازىر بۇ رەسىم كامىلنىڭ ئۆيىدە، بېرىپ بىر كۆرۈپ كېلىڭ. . .

گۈلزىبا ھەسرەتلىك كۈلۈپ قويدى.

— مەن قايتاي، — دېدى مۇرات ئورنىدىن تۇرۇپ، — بىز ئەتە ھېكمەت ئۈچۈن بىر ئولتۇرۇش قىلىپ بەرمەكچىدۇق، دوستلارغا خەۋەر قىلمىسام بولمايدۇ.

— بىر دەم سەۋر قىلىڭ، — دېدى گۈلزىبا ساندۇقىنى ئېچىپ، — بۇ

ئىككى كىيىملىك ئەتلەسنى ھېكمەتكە ئاپىرىپ بەرسىڭىز... گۈلرۇز ئەتلەس كارخانىسىدىن ھەل قىلغانىكەن...

— ئۆزىڭىزلا ئاپىرىپ بەرسىڭىز بولمامدۇ! مەن ھازىر ئۆيگە بارمايمەن، يولدا كۆتۈرۈپ يۈرۈشمۇ ئەپسىز دەڭا...

— مەن... مەن بارالمايمەن...

— مەن بۇنى گۈلرۇز ئەۋەتتى دەيمەنمۇ ياكى سىزنىمۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۆزىڭىزنىڭ بارغىنىڭىز تۈزۈك.

— مېنى ئەۋەتتى دەڭ... گۈلرۇزنى مەن ئۆزەم رازى قىلىمەن.

— ئۇنداقتا ھېكمەت تېخىمۇ ئالمايدۇ...

— ئەتىل تۈگەپ، مەكتەپكە چىققاندا بېرەي دېسەم، بەك كېچىكىپ كېتەمدىكىن دەيمەن.

— ۋاي - ۋۇي، سىزمۇ شۇ، قىزىقكەنسىز، — دېدى مۇرات تېرىكىپ، — خان ئانامنىغۇ يوقلارسىز؟...

مۇرات چىقىپ كەتتى. گۈلزىبا كەچكىچە خامۇش يۈردى. ئۇنىڭ تۇرۇپلا كۆزلىرىدىن ياش ئەگىيتتى، ئاھ ئۇراتتى. ئۇنىڭ ئامىنەگە ئەمەس، قۇتبىرەمگە ئاچچىقى كېلەتتى. ئۇنىڭ ھېكمەتنىڭ بېشىغا كۈن كەلگەندە، ھاراق ئىچۈرۈپ تانسلاردا ئويىنتىپ يۈرگەنلىكىگە غەزىپى تاشاتتى... «دۇنيادا مۇنداقمۇ قېلىن، ھاياسىز ئاياللار بولىدىكەنا!» دەپ ياقىسىنى چىشلەپ، توۋا قىلاتتى، ھېكمەتنى چىن كۆڭلىدىن ئەپۇ قىلاتتى... يەنە نېمە ئۈچۈندۇر، تۇرۇپلا گۈلزىبانىڭ كۆڭلى يورۇپ، ئۆزى يېنىكلەپلا قالغاندەك، بىراۋلار ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، ھۆپپىدە قىزىرىپ كېتەتتى، ئۆزى سەزمىگەن بىر جىلۋە بىلەن بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەيتتى - دە، دەرھال ئالقانلىرىدا يۈزلىرىنى توساتتى ۋە ئىچىدە كىمگە، نېمە ئۈچۈن دەۋاتقانلىقى نائېنىق ھالدا، «ئۇيات، ئۇيات...» دەپ پىچىرلايتتى.

توغرا، گۈلزىبا شۇنى ئىقرار قىلماي تۇرالمايدۇكى، ھېكمەتنى تۈنجى قېتىم جامە كوچىسىدا كۆرگىنىدە، ئىرادىدىن تاشقىرى بىر كۈچ بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قالغانلىقى راست!... كۆڭلىدىن: «ئەجەب

چىرايى نۇرلۇق بالىكەن...» دېگەن بىر ئويىنىڭ لىپ قىلىپ ئۆتكىنىنىمۇ ئۇنتالمايدۇ... خۇددى كامىل، مۇراتلار گۈلزىبانىڭ ئۆيىنى پەتلەپ كەلگىنىدە، مۇشۇ كوچا ئاغزىدا ھېكمەتنىڭ چاندۇرماي نېمىنىدۇر بىر نەرسىنى ئىزدەپ ئەتراپىغا قارىغىنىدەك، گۈلزىبامۇ بۇ يەرنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقىرالمايدۇ. شۇنداق، دۇنيادا ئىنسان قىسمىتىدە بولۇپ ئۆتكەن نى - نى ئىشلار ۋاقىتنىڭ تەڭداشسىز كۈچى بىلەن ئۇنتۇلىدۇ، ئەمما، تۇنجى قېتىم كۆڭۈل شىشىسىنى چەككەن كىچىككىنە بىر ئىش تاشقا مۆھۈر باسقاندەك، قەلب پىنھانىدا مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ!...

گۈلزىبا چوڭ ئۆيگە كىردى، بۈمەرەمخان ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئۈن - تىنسىز كېلىپ، ئانىسىنىڭ بويىنىنى قۇچاقلىدى ۋە ياش تۆككىنىچە ئاستا پىچىرلىدى:

— ئانا، ئەگەر مۇشۇ دەقىقىدە دادام ئىنايەت بولغان بولسا، مەن ئۇنىڭ بويۇنلىرىغا ئېسىلىپ يىغلايتتىم... يۈزلىرىگە يۈزلىرىمنى يېقىپ ئەركىلەيتتىم... خۇيلىنىپ قۇچىقىغا چىقىۋالاتتىم... «مەن ھازىر نېمە ئۈچۈن خۇشال، بۇنى بىلەمسەن؟» دەپ سورايتتىم... ئۇ ماڭا «كۆڭلىڭىز تەسكىن تېپىپتۇ قىزىم» دەپ باشلىرىمنى سىلايتتى. ئاھ مېنىڭ دادام... نېمىدېگەن ياخشى ئادەم ئىدى!...

بۈمەرەمخان چۆچۈپ قىزىنىڭ پېشانىسىگە قولىنى تەككۈزدى، ئىسسىتمىسى يوق ئىدى. چىرايىغا سەپسالدى، تۈنۈگۈنكىگە قارىغاندا ياخشىدەك قىلاتتى. تېخى كۆزلىرىدە ياش... بىر چىرايلىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى...

— ۋاي، خۇدايىم، ئەجەبمۇ قورقۇتتىڭىز، — دېدى بۈمەرەمخان كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك بولۇپ، — مۇرات كەتتىمۇ؟ ھېكمەتجان بالام يەنە كەلمەپتىغۇ؟

— ئۇ ھازىر كامىلنىڭ ئۆيىدە ئىكەن، ئەمما ئۇنىڭ... — گۈلزىبا دەرھال گېپىنى يۇتۇۋەتتى، — ئۇ مەكتەپكە چىقىپ ئاغرىپ قاپتىكەن...

— ۋاي خۇدايىم، مۇساپىرچىلىقتا ھالىدىن كىممۇ خەۋەر ئالغاندۇر؟

ئەتلەسنى ئاپىرىپ بەرگەچ، يۆيىدىغان نەرسىلىرى بولسا ئالغاچ كېلىڭ دېسەم، پەقەتلا ئۇنىمىدىڭىز. ھە، ئەتلەسنى مۇراتقا بەردىڭىزمۇ؟

— ئۇ، «ئۆزىڭىز ئەتە ئاپىرىپ بېرىڭ» دەپ، زادىلا ئالغىلى ئۇنىمىدى.

— بوپتۇ قىزىم، ئەتە ئاپىرىپ بەرگەچ، ھېكمەتجانغا دەپ قويۇڭ، ئۆيگە بىر كېلىپ كەتسۇن.

— ئانا، مەن بارمايمەن...

— نېمە، ئاراڭلاردا بىر ئىش ئۆتتۇلدىمۇ؟ سىلەر خېلى يېقىن ئۆتەتتىڭلارغۇ؟

— ھېچ ئىش ئۆتۈلگىنى يوق...

— ئەمىسە، نېمىشقا بارمايسىز؟ بوپتۇ، بارمىسىڭىز، ماھىگۈلنى ئەۋەتەي...

— ئانا، قويسىڭىزچۇ! ئۇلار ئەتە مېھمان چاقىرىدىكەن...

گۈلزىبا سىڭلىسى ماھىگۈل بىلەن ھۇجرىسىدا يېتىپ قالدى. دېرىزە قاپقاقلىرىنى ھەم ئېتىۋەتكەچكە، ئۆينىڭ ئىچى گۆردەك قاراڭغۇلىشىپ كەتمىسۇن دەپ چىراغنى ئۆچۈرمىگەنىدى. گۈلزىبا كات يۆلەنچۈكىگە ياستۇقنى يۆلەپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ قاپقارا يالتىراق چاچلىرى، مەرمەردەك پارقىراپ تۇرغان مۈرىلىرىدە يېيىلىپ، يۇمران كۆكسىنى سۆيۈپ تۇراتتى. گويا ئاق بۇلۇت قەھرىدە پەرۋاز قىلغان لاچىن قاناتلىرىدەك چېكىلىرىگە تارتىلغان قاشلىرى تولۇن ئايدەك ئاق يۈزىدە قارا سىياھدەك يالتىرايتتى. قايرىلما كىرپىكلەر قاپلىغان شەھلا كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، بىر چېكىتكە تىكىلگەنىدى.

«قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەتە كامىلنىڭ ئۆيىگە بېرىش كېرەكمۇ - بارماسلىق كېرەكمۇ؟» بۇ خىيال گۈلزىبانىڭ كۆڭلىدە كۈرەش قىلىۋاتاتتى. باراي دېسە، قىزلىق غۇرۇرى يول قويمايتتى. بارماي دېسە، ئانىسىنىڭ ئىلتىجاسى، شۇنداقلا «ھېكمەت زادى قانداقراق بولۇپ قالغاندۇر؟ ھېلىقى رەسىم راستىنلا شۇنداق لېرىكىلىق سىزىلغانمىدۇر؟» دېگەن سوئاللار ئۇنى قىينايتتى. ئويلا - ئويلا، ئاخىرى ئۇنىڭ قىزلىق غۇرۇرى

غالىپ كەلدى. ئۇ كامىلنىڭ ئۆيىگە بارماسلىق قارارىغا كەلدى.

— ئاچا، — دېدى ماھىگۈل بېشىنى كۆتۈرۈپ، — مەن بۈگۈن ھېكمەت ئاكامنى كۆردۈم، ئۇ كامىل ئاكام بىلەن ماگىزىندىن بىر نەرسە ئېلىپ چىقىۋېتىپتىكەن...

— بىر نەرسە دېمىدىمۇ؟...

— بۈمەرەمخان ئاچامغا سالام ئېيتىڭ، سالامەتلىكىنى ئاسرىسۇن، دېدى.

— ئۆزى قانداقراق تۇرۇپتۇ؟

— چىرايى ياداپ، تېخىمۇ ئاقىرىپ كېتىپتۇ... كەيپىياتىمۇ شۇنداق تۆۋەن...

— راستمۇ؟ — گۈلزىبا قايرىلىپ ماھىگۈلگە قارىدى، — يەنىچۇ؟

— ھە راست ئاچا، ھېكمەت ئاكامنىڭ شەھەردە ئىكەنلىكىنى گۈلرۇز ئاچام ئۇقمىسۇن.

— نېمىشقا؟

— مەندىن كۈندىلا ھېكمەت ئاكامنى سورايدۇ، تېخى بوستانغا چىقايمىكىن، دېۋىدى، ئانام تىللىدى.

گۈلزىبانىڭ ئاچچىقى كەلدى. چۈنكى گۈلرۇزنىڭ ئىككى ئەتلەسنى ئىككى يۈك ياغلىققا ئالماشتۇرۇپ، قاراڭغۇ بازار نەرقىدە سېتىش ئويى بار ئىدى. ئۇ، ھېكمەتنىڭ شەھەردە ئىكەنلىكىنى ئۇقسا، كامىلنىڭ ئۆيىگە بېرىپ سودىلىشىشتىن يانمايتتى، بۇ ئەلۋەتتە گۈلزىبا ئۈچۈن ھەم بۈمەرەمخان ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن سەت ئىش بولغان بولاتتى. ماھىگۈلگە: «يۈك ياغلىقنى 15 يۈەنگە سېتىپ بېرەيمۇ؟ بازاردىن چىرايلىق پوپكا، ئاشقىنىغا دەپتەر - قەلەم ئېلىۋالامسەن؟» دېگەن يەردە، ئۇ بۇ ئىشنى قىلماي قوياتتىمۇ! گۈلزىبا بۇ سەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قارارىنى ئۆزگەرتتى، ئەتە كامىلنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولدى.

گۈلزىبا ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ، ئۇكىلىرىغا ياتاق چېيى قىلىپ بەردى. ئۇ، گۈلرۇز ئىشقا كەتكەندىن كېيىن، ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇپ، تازىلىدى، ئاندىن كىيىم ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن، ھۇجرىسىغا كىرىپ

كەتتى.

ھېكمەت بىلەن كۆرۈشۈش ئىستىكىدە ھاياجانلىنىپ تۇرغان گۈلزىبا سۇمبۇل چاچلىرىغا تاغاق سىلىغۋاتقان بۇ پەيتتە، سۇلياۋ باك كۆتۈرگەن مۇرات كامىلنىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ پېشانىلىرى تەرلەپ كەتكەن بولسىمۇ، قوللىرى مۇزلاپ كەتكەنىدى. ئۇ، بىر - بىرىدىن ئېگىز بۇ ئۈچ يۇرۇش ئۆينىڭ ئەڭ پەستىكى پەلەمپىيى ئارقىلىق دەھلىزگە كىردى. دەھلىزنىڭ ئوڭ - سول ھەم ئۇدۇلىدا ئۈچ ئىشىك بولۇپ، ئوڭ تەرەپتىكىسى ھېكمەتنىڭ ياتاق ئۆيى، سول تەرەپتىكىسى ئاشخانا، ئۇدۇلىدىكى ئىشىك بولسا مېھمانخانا ئىدى. ئۇنىڭ قوش قاپقاقلىق دېرىزىلىرى كوچىغا قارايتتى. كامىل بىلەن ھېكمەت دەھلىزىدىلا ياڭيۇ، سەۋزىلەرنى ئادالاپ يۇيۇۋاتاتتى.

— ئەمدى كەلدىڭمۇ؟ — دېدى كامىل مۇراتنىڭ قولىدىكى باكقا قاراپ، — مۇسەللەس ئەكەلگەن ئوخشىمامسەن؟ سەنزە... نەگىلا بارساڭ، ئىچىدىغىنىڭنى ئۇنتۇپ قالمايسەن!

— بۇ زەمزەمسىز ئولتۇرۇش قىلامدۇ؟ قانداق دېدىم ھېكمەت؟ — دېدى مۇرات كۈلۈپ، — بۇ بولمىسا سازەندىلىرىڭمۇ مۈگدەپ قالار!...

— ئابلىز ناۋا، مىرزاپىشالار ئۇنداق ئادەملەر ئەمەس...

— چاقچاق قىلدىم. سەن دېمىسەڭمۇ بىلىمەن.

ئۇلار چاقچاقلىشىپ، يۇيۇلغان ياڭيۇ، سەۋزە، پىيازلارنى داسقا ئېلىۋاتقاندا، كامىلنىڭ ئاچىسى سەئىدە كىرىپ كەلدى. سوغۇقتا، ئۇنىڭ مەڭىزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى، ئېغىز - بۇرنىدىن چىققان ھوردىن پېشىل يۇڭ ياغلىقىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۇششاق سۇ تامچىلىرى پەيدا بولغانىدى. ئۇ، كامىلنىڭ مېھمانلىرىنى ئۈزۈتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئەتىگەندىلا رۇخسەت سوراپ قايتىپ كەلگەنىدى.

— ھەممىنى تەييار قىلىپ بوپسىلەردە! يامان باللارجۇمۇ سىلەر، — دېدى سەئىدە كۈلۈپ، — قورداق بىلەن قورۇلمىنىڭ گۆشىنى ئۆزەم توغرايمەن، بولدى، سىلەر ئۆز ئىشىڭلارنى قىلىڭلار.

— سەئىدە ئاچا، — دېدى مۇرات ئاستا پىچىرلاپ، — مۇسەللەس

ئىچسەك، خان ئانام خاپا بولۇپ قالماس؟

— ۋاي - ۋۇي مۇراتجان، خۇددى بۇ ئۆيدە مۇسەللەس ئىچىپ باقمىغاندەك گەپلەرنى قىلىۋاتىسىزغۇ؟ — دېدى سەئىدە پەلتۇسىنى سالغاچ، — خان ئانام يۇقۇرقى ھۇجرىدا تۇرسا! بىلسىمۇ بىر نېمە دېمەيدۇ. . .

— ئاچا، ئەمىسە ئاشخانىدا بىز ياردەم قىلغۇدەك ئىش بولسا، ھايت دەرسەن، — دېدى كامىل قولىنى يۇيۇۋېتىپ.

— ھە راست، يادىمغا كەلگەندە دەۋالاي، — دېدى سەئىدە ھېكمەتكە قاراپ، — كارخانىدىن چىقىۋاتسام، گۇلرۇز ئالدىمنى توسۇپ: «ھېكمەت ئاكامغا ئىككى ئەتلەس ئالغانىدىم. ئۇنىڭغا سىدام يېشىل يۇڭ ياغلىقتىن ئىككىنى بەرسىلا بولىدى» دەيدۇ.

— تۈنۈگۈن گۇلزىبا ئەتلەسنىڭ پۇلىنى مەن بېرىۋېتىمەن دېگەنتىمغۇ؟ — دېدى مۇرات ھەيران بولۇپ، — ئۇ مېنى ئالغاچ كېتىڭ دېگەنىدى، مەن ئۇنىمىغان.

— گۇلزىبانىڭ ئۆيىگە بارغانىمىدىڭ؟ — سورىدى كامىل.

— ئاغىنىلەرگە خەۋەر يەتكۈزگەچ، يولدا كىرىپ ئۆتكەن.

— گۇلرۇز ئۇنداق دېگەن بولسا، ئەندە يەنە ئۈچ ياغلىق بار، ھەممىنى بېرىپ، قالغىنىغا پۇل بەرمەمدىم، — دېدى ھېكمەت.

— ئەخمەق بولما، — دېدى مۇرات ئالىيىپ، — گۇلرۇز بوش قىزمۇ؟ ئىككى ئەتلەسنى 42 يۈەنگە ئاپتۇ، ئىككى سىدام يۇڭ ياغلىق دېگەن قاراڭغۇ بازاردا 90 يۈەن. ئارىلىقتىن بىر يېرىم ئايلىق مائاشى چىقتى دېگەن گەپ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۈچ يۇڭ ياغلىق، يەنە ئۈستەكلەپ پۇل بېرەمتىڭ؟

— قارا بۇ قىزنىڭ ئۇستىلىقىنى! — دېدى كامىل ئاچچىقىدا كۈلۈپ، — ھېكمەت، گۇلرۇزنىڭ دېگىنى بويىچە ئىككى يۇڭ ياغلىق بېرىپ بولدى قىلسىلا! . . . شۇنىڭدىمۇ ئۇ جىق پايدا ئالغۇدەك. . .

— ئىككى يۇڭ ياغلىققا ئىككى ئەتلەس تېگىشسەم قانداق بولىدۇ؟ گۇلزىبا نېمە دەپ ئويلاپ قالار؟ — دېدى ھېكمەت كامىلغا.

— ۋايجانەي، — دېدى مۇرات ۋارقىراپ، — سەن ئۇنىڭ قىممىتىگە قارىماسەن! گۈلرۇزمۇ ھۆل خىشقا دەسسەيدىغان قىز ئەمەس، بەن تاش سانىغىچە، ئۇ قۇم سانايدۇ.

— مۇراتجان راست دەيدۇ، — دېدى سەئىدە، — گۈلرۇز ئەتلەس كارخانىسىدىمۇ ئۇنىڭ دوپپىسىنى بۇنىڭغا، بۇنىڭ دوپپىسىنى ئۇنىڭغا كىيگۈزۈپ، ئىش تېرىپلا يۈرىدىغان قىز.

ئىشىك ئۇرۇلۇپ، تەمبۇر، دۇتار كۆتۈرگەن ئىككى كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇلار سالام - سائەت قىلىشقاندىن كېيىن، مېھمانخانىغا باشلاندى، ئارقىدىنلا يەنە ئۈچ يىگىت كىرىپ كەلدى. ھېكمەت، مۇرات، كاملار يىگىتلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، كەلگەنلەر بىر ئاز چاقچاق قىلىشقاندىن كېيىن، ئاياغلىرىنى سېلىشىپ، مېھمانخانىغا قەدەم ئېلىشتى. كامىل ئالدىراپ - تېنەپ ئاشخانىغا كىرىپ، ئاچىسى بىلەن چاي تارتىش، داستىخاننى قاچان سېلىش ھەققىدە بىر ئاز پاراڭلىشىپ، دەھلىزگە چىقتى، پاكارراق لېكىن تەمبەل، كۆزلىرى بۈركۈتنىڭكىدەك تىكىلىپ قارايدىغان، قاڭشارلىق بىر يىگىت ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى، ئۇ شائىر نائىبى ئىدى. كامىل ئۇنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن باشلاپ ماڭدى.

كامىل نائىبىنى مېھمانخانىغا باشلاپ كىرگەندە، ھەممەيلەن تامغا ئېسىپ قويۇلغان ماي بوياق رەسىم ئەتراپىغا ئولۇشۇۋالغانىدى. مېھمانخانا چوڭ ھەم ئازادە بولۇپ، ئاستىغا گىلەم سېلىنغانىدى. قىزىرىپ كەتكەن چۈيۈن مەش تۆپى ئوتتۇرىسىدىكى تۆت چاسا تاختا پەشتاق ئۈستىدە گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتاتتى، يۇزدىگە ئاق قەلەي مىخلانغان پەشتاق يالتىرىغاندەك پاكىزە ئىدى. مۇرات مېھمانلارنىڭ چاپان، قۇلاقچىلىرىنى كاملىنىڭ ھۇجرىسىغا ئەكىرىۋەتتى.

— قەدىرلىك دوستلار، — دېدى كامىل قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، — مەن ھەر قايسىڭلارنى ئۆز ئارا تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى لايىق تاپتىم.

— شۇنداق قىلمىسائىڭ بولمىغۇدەك، — دېدى مۇرات چاقچاق قىلىپ، — بولمىسا ساھىبخانىنىڭ رۇخسىتىسىزلا ئۆزلىرى

تونۇشۇۋالمىغان ئوخشايدۇ. . .

ئۆي ئىچىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. كامىل دەسلەپتە ئېگىز، ئورۇق، قىسقا كەكە ساقاللىق، يېشى قىرىقتىن ھالقىغان خەلق سازەندىسى مىرزاپىشانى، جۇغى كىچىك، ئاق سېرىق چىرايىدىن ھەزىل تېمىپ تۇرغان ئابلىز ناۋالارنى ھېكمەتكە تونۇشتۇردى. ئاندىن بويى ئۆسكىلەڭ، چوڭ ئاق يۈزلۈك، قاڭشارلىق، ئىسسىق چىراي 24 ياشلار چامىسىدىكى يىگىتنى كۆرسىتىپ:

— بۇ دوستىمىز ئالىمجان زىھرۇللا بولىدۇ. ئۇ شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ تارىخ - جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، مائارىپ ئىدارىسىدا ئىشلەيدۇ. . . — دەپ تونۇشتۇردى.

ئالىمجان زىھرۇللا بىلەن ھېكمەت بىر - بىرىگە ئېگىلىپ سالام بېرىشتى.

— بۇ دوستىمىز، — دېدى كامىل نائىبىنى كۆرسىتىپ، — ئىستېداتلىق شائىرىمىز نائىبى بولىدۇ.

نائىبى ھېكمەتكە سالام ئىشارىتىنى قىلدى.

— بۇ دوستىمىز، — دېدى كامىل ئېگىز، تەمبەل كەلگەن، بۇغداي ئۆڭلۈك، چاسىغا مايىل يۈزىدە بىر خىل سالاپەت، ئېغىر بېسىقلىق ئەكس ئېتىپ تۇرغان يىگىتنى كۆرسىتىپ، — لىرىك شائىرىمىز شادىمان بولىدۇ. بۇ دوستىمىز گەرچە شاد بولارمەن دەپ شۇنداق تەخەللۇس قويغان بولسىمۇ، شاد بولالماي قالدى. شۇڭا، بىز ئۇنىڭغا شادىمان مىسكىنى دەپ ئىسىم قويۇپ قويدۇق.

مېھمانلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. كامىل ئاخىرىدا، ئوتتۇرا بويى، ئورۇقراق، يۇمىلاق يۈزىدە بىر خىل ئىللىقلىق جىلۋە قىلىپ، كۆزلىرى ساددىلىق بىلەن كۈلۈپ تۇرغان، كەڭ پېشانىلىك، قارا نېپىز چاچلىرىنى بىر يانغا تارىغان يىگىتنى تونۇشتۇردى:

— بۇ دوستىمىز خوتەن دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇتقۇچىسى ئامانىللا قۇربان. ئۇ، بۇ يەردە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىدا ئۈچ يىل، بېيجىڭدا بىر يىل ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن،

خوتەننىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ماتېماتىكچىلىرىدىن بولۇپ قالدى. ئامانلا مۇنداقچە ئېيتقاندا، خوتەننىڭ يىرىك زىيالىيلىرىدىن غازاخۇن قۇربانىنىڭ ئوغلى بولىدۇ.

ئامانللا قۇربان باش لىڭشىتىپ، ھېكمەتكە سالام قىلدى.

— ئەندى بۇ دوستىمىز سىلەرگە ناتونۇش، — دېدى كامىل ھېكمەتنى كۆرسىتىپ، — ئىسمى ھېكمەت ئېلى، ئۆزى غۇلجىلىق، ئۇ شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ رەسساملىق كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، خوتەنگە تەقسىم قىلىنغان. دوستىمىز ھېكمەت، سەممىي، ئاق كۆڭۈل، دىيانەتلىك، تەربىيە كۆرگەن، بېشىدىن جىق ئىسسىق - سوغۇقلار ئۆتكەن يىگىت. بۈگۈنكى بۇ سىرۇنىمىز دوستىمىز ھېكمەتنىڭ شەرىپى، ئۇنىڭ خوتەنلىك دوستلار بىلەن تونۇشۇشى ئۈچۈن تۈزدۇق. شۇڭا، ھەممىمىز ئىچىپ - يېيىپ، قىزغىن مۇھەببەتلىشىپ ئولتۇرساق دېگەن ئۈمىدتىمەن!...

مېھمانلار: «قارشى ئالىمىز...»، «خۇش كەپلا..»، «تارتىنمىغايلا...» دېيىشىپ، ھېكمەت بىلەن بىر - بىردىن قول ئېلىشىپ قىزغىن كۆرۈشتى.

كامىل باياتىن بېرى مېھمانلار كۆز ئۈزەلمەي دىمۇ دەم قاراپ، ئۆز ئارا نېمىلەرنىدۇر دەپ باھا بېرىۋاتقان ماي بوياق رەسىمنى چۈشەندۈرمەي دەپ تۇرۇشىغا، ئىشىك چېكىلدى. كامىل ئۆزى ئېچىپ، دەھلىزگە چىقتى. گۈلزىبا گېزىتكە ئورالغان بىر نەرسىنى تۇتقان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى.

— بۇ يەردە تۇرىسىزغۇ؟ جۈرۈڭ ئۆيگە كىرەيلى!

— رەھمەت، بۇنى ھېكمەتكە تاپشۇرۇپ بەرسىڭىز... مەن قايتىپ كېتەمەن... ئۆيدە مېھمان بار ئىكەن.

— مېھمان؟ ھەممىسى ئۆزىڭىزنىڭ ساۋاقداشلىرى! — دېدى كامىل، — جۈرۈڭ، جۈرۈڭ!...

گۈلزىبا مېھمانخانىغا كىرىپ، مېھمانلارغا چوڭقۇر ئېگىلىپ، ئەدەپ بىلەن تەزىم قىلدى. كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭ

دارىلمۇئەللىمىندىكى ساۋاقداشلىرى بولغاچقا، ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن هال سوراشتى. گۈلزىبا ھېكمەتكە قارىدى. ئۇ، ھېكمەتنىڭ ياداپ، ئاقىرىپ كەتكەن غەمكىن چىرايىغا قاراپ، يىغلىۋېتىشكە تاسلا قالدى. شۇنداقتىمۇ ئارانلا: «ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟» دېدى. ھېكمەتمۇ: «تىنچلىق، ئانىڭىز ياخشى بولۇپ قالدىمۇ؟» دەپ هال سورىدى. بۇ ئەسنادا، پەرتۇق تارتقان سەئىدە كىرىپ كەلدى. ئۇ گۈلزىبانى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدا ئۇنى قۇچاقلاپ ئالدى، ئۇلار يۈزلىرىنى يۈزلىرىگە يېقىشتى. بۇ چاغدا ھەممەيلەن رەسىم ئالدىغا توپلىشىۋالغانىدى.

— قاراڭ گۈلزىبا، بۇ رەسىمنى خان ئانام كۆرۈپ بەكمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى، — دېدى سەئىدە رەسىمنى كۆرسىتىپ، — ئۇ، رەسىمگە ئاجايىپ تەبىرلەرنى بەردى، ئىبرەتلىك ھېكايە ئېيتتى... ھېكمەتنىڭ پېشانىسىغا سۆيۈپ: «قولۇڭغا دەرد بەرمىسۇن تاھىر ئوغلۇم، بۇنداق شېئىرىي تۇس ئالغان، ئادەم كۆڭلىنى لەرزىگە سالىدىغان، بىر دىۋان مەزمۇنىغا تولغان ئەسەر پەقەت يۈرىكى جاراھەتلەنگەن ئىستىبدات ئىگىلىرىنىڭ قەلب بۇلىقىدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ...» دەپ ماختاپ كەتتى.

— سىلەر بۇ رەسىمدىن كۆز ئۈزەلمەي قالدىڭلار، — دېدى كامىل ھەممىگە تەكشى قاراپ، — بۇنى دوستۇم ھېكمەت ئىككى كۈن ئىچىدىلا سىزىپ چىققان.

— ئاجايىپ پاساھەت، — دېدى نائىبى ھېكمەتنىڭ قولىنى سىقىپ، — ئېيتىڭا، قانداق بولۇپ بۇ پاجىئە كۆڭلىڭىزدىن كەچتى؟ دېمەكچىمەنكى، سىزگە نېمە تەسىر قىلغان؟...

— كىچىك ۋاقتىمدا دادام ئېيتىپ بەرگەن بىر ھېكايە كۆز ئالدىمغا كېلىپ...

— يا، ياق، ئىشەنمەيمەن، — دېدى نائىبى قول شىلتىپ، — مېنىڭچە، بۇ رەسىم، يۈرىكى جاراھەتلەنگەن ھەسرەتلىك بىر قەلبىدىن پارتلاپ چىققان جۇدالىق سىمفونىيىسى. كۆڭلۈڭىزدىن بىر نېمە كېچىۋاتىدۇ... ئاڭلاڭ:

ئېگىلدىم زېمىنگە، زېمىن قاغجىراق،
تىكىلدىم ساماغا، يەتمەيدۇ يىراق. . .

— نائىبى ياخشى تەبىر بەردى، — دېدى شادىمان ئېغىر تىنىپ، — بۇ بىر جۇدالىق سىمفونىيىسى. . . بۇ رەسىمنىڭ ئۆزى بىر ئايرىلىش داستانى. . .

شادىمان ياردار كېيىك بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھىغا قارىدى، ئۇنىڭ يۈرىكىدىن ئۈنچە - دۇرلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى:

ۋا دەرىخا، قالدۇرۇپ يالغۇز مېنى يىگانىمەن،
ئەلۋىدا، ئەمدى سېنىڭسىز باغرى قان بىچارىمەن. . .

— مېنىڭچە بۇ كۆرۈنۈش، — دېدى ئابلىز نەۋا، — مۇڭلۇق بىر ناخشىغا ئوخشايدىكەن.

— مۇزىكا دېسىمۇ بولىدۇ، — قوشۇپ قويدى مۇرات.

— بۇ رەسىم مۇنداقچە ئېيتقاندا، چوڭقۇر مەناغا ئىگە بىر ئەسەر، — دېدى ئالىمجان زىھرۇللا رەسىمگە سىنچىلاپ قاراپ، — بۇنىڭغا بىرەر ئىسىم قويۇشنى ئويلاشمىدىڭىزمۇ؟

— يوقسۇ، بۇ تەرىپىنى ئويلاشماپتىمەن. . .

— «ئاھ بىچارە. . .» دەپ ئىسىم قويسا بولغۇدەك، — دېدى سەئىدە دەرھاللا.

مېھمانلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

— «ئاھ بىچارە. . .»نى تاماشىبىنلار دېسە، بۇ — ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بولىدۇ، قانداق دېدىم؟ — دېدى ئالىمجان زىھرۇللا كۈلۈپ.

مېھمانلار رەسىمنىڭ ئىسمى توغرىسىدا تالاش - تارتىش قىلىشقانىدا، گۈلزىبا رەسىمگە سىنچىلاپ قارىدى. ئۇنىڭغا ياردار كېيىك ھەمراھىغا:

«مەن ساڭا قانداق بويلىشاي؟ سەن بولساڭ ئاسماندىكى چولپانسەن، مەن بولسام يەردىكى بىر شام چىراغمەن...» دەۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى-دە، ھېكمەتكە قىيا باقتى. لېكىن ھېكمەت نائىبى، شادىمانلار بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى.

— گۈلزىبا، خويمۇ ئوبدان كەپسىز، — دېدى سەئىدە گۈلزىبانىڭ قولىنى تۇتۇپ، — مەن ئالدىراپ قالغۇدەكمەن، سىز ماڭا ياردەملىشىپ مېھمانلارنى ئۇزىتىشىپ بېرەرسىزمۇ؟...

— مەنمۇ؟ — گۈلزىبا سەل ئىككىلەندى، — ماقۇل ئەمىسە، لەۋزىڭىزنى ئالمىسام، ئەدەبسىزلىك بولار...

مېھمانلار تام ياقىلىتىپ سېلىنغان كۆرپىلەرگە تەكلىپ قىلىنىپ، داستىخانلار سېلىندى، قەنت-گېزەك، مايلىق توغاچلار تىزىلىپ، چاي تارتىلدى. ئۇلار چاي ئىچكەچ، قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئالىمجان زېھرۇللا ماتارىپقا ئاجرىتىلغان پۇلنىڭ بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقى، يېزا-قىشلاقلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىيىن ئەھۋالدا ئۆتۈۋاتقانلىقى، ئاددىيسى دوسكىغا خەت يازىدىغانغا بور، ئولتۇرىدىغانغا پارتا، ئوقۇيدىغانغا سىنىپلارنىڭ يوقلۇقىنى، كۆرمىڭلىغان بالىلارنىڭ يەرگە توپىغا خەت يېزىپ بىلىم ئېلىۋاتقانلىقىنى قايناپ سۆزلىدى. ئامانۇللا قۇربان بولسا، تەبىئىي پەن ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگۈدەك ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ يوقلۇقىنى سۆزلىدى، مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك، دۇنيادا ماختانغۇدەك كەشپىياتى يوق بىر مىللەت بولۇپ قالىمىز، — دېدى.

— شۇڭا، كىمكى شېئىر ئوقۇسا، — دېدى مۇرات سورۇننىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، — ماتېماتىكىغا چۈشمىدى، فورمۇلاغا سال دېگىنىڭ بىكار ئەمەس ئىكەندە؟...

ئولتۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈشتى. داستىخان بىر قۇر يىغىشتۇرۇلۇپ، قورداق تارتىلدى، مېھمانلار كىچىككىنىلا بىللە ئويناپ، بىللە چوڭ بولغان دوستلاردىن بولغاچقا، داستىخان ئۈستىدە تارتىنىپ، قورۇنۇپ ئولتۇرۇشمىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى چاقچاق، يۇمۇرلىرىنى

ئاڭلاپ، ھېكمەتىنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ، ئۆزىنى خىلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. بولۇپمۇ، ئابلىز نەۋايىنىڭ ئۆتكۈر يۇمۇرلىرى ھەممىنى كۈلدۈرۈپ، كۆرپىلەرگە يىقىتتى. نائىبى، شادىمانلارنىڭ شېئىر ئويۇنلىرى كۆڭۈللەرنى شادلاندۇرۇۋەتتى. ھېكمەت ئۇلارنىڭ شېئىرىيەتتىكى تالانتى، تېز ئىنكاسلىقى، دېكلاماتسىيىسىدىكى ئاھاڭدارلىقى، سۆز جەۋھەرلىرىنى تىزىشتىكى ماھىرلىقىغا چىن كۆڭلىدىن قايىل بولدى.

مۇرات داستىخانلارنى يىغىشتۇرۇپ، سىرتتا قېقىپ كىرگەندىن كېيىن قايتا سالدى. گۈلزىبا سۇنۇپ بەرگەن قورۇلمىلارنى تەڭشەپ قويدى. قارىماققا داستىخان غورىگۇلدەك كۆرۈنمەيتتى، ئەمما ھەشەمەتلىكمۇ ئەمەس ئىدى. مېھمانغانا ئىسسىپ كەتكەنلىكتىن، ئىشىك ئېچىۋېتىلدى. مۇرات مېھمانلارغا ئالدىنى قىلىپ، سورۇزنىڭ قاق ئوتتۇرىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ، پىيالىلەرگە قۇيۇلغان مۇسەللەسنى پەتنۇس بىلەن سۇنۇپ چىققاندىن كېيىن، كاملغا قاراپ قويدى.

— دوستلار، — دېدى كامىل پىيالىنى قولىغا ئېلىپ، — مەن دەيدىغان گېپىمنى باشتىلا دەپ بولغان. بۈگۈنكى بۇ سورۇنىمىزغا يېقىن دوستلىرىمىزدىن ئىككىسى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلەلمىدى. شۇنداقتىمۇ قەدىرلىك ھەم قىممەتلىك دوستىمىز ھېكمەت ئېلى بىلەن تونۇشقانلىقىمىز ۋە ئۇنىڭ تۇنجى ئەسىرىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن، ھەممەيلەننى مەيگە تەكلىپ قىلىمەن، قېنى خوش، ئامان بولايلى! . . .

— ئامان بولايلى! . . . — كۆپچىلىك بىردەك ۋارقىرىشىپ، پىيالىلىرىنى كۆتۈرۈشتى.

— ئەمدى ئاغىنىلەر، — دېدى مۇرات پىيالىلەرنى يىغىۋېلىپ، — مۇسەللەسنى ئىككى پىيالىدە سەلكەش يۈرگۈزىمەن، لېكىن ساز توختىمىسۇن.

— ئەل ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر مىرزاپشا ئاكىمىزنىڭ مۇقاملىرى، — دېدى كامىل كۆپچىلىككە قاراپ، — ياش كۈيچىمىز ئابلىز ناۋائىنىڭ بىر يۈرۈش چاتما ناخشىلىرى چاڭقىغان يۈرەكلەرگە

بەجايىكى ئابىھايات، قېنى ئەمسە باشلايلى!

مىرزاپىشا تەمبۇرنى، ئابلىز ناۋا دۇتارنى قولىغا ئالدى. ئۇلار بىر - بىرىگە «قېنى ئەمسە!» دېگەندەك قارىشىۋالغاندىن كېيىن، «نەۋا» مۇقامىنىڭ مۇڭلۇق كۈيلىرى ئاستا كۆتۈرۈلدى:

جاھاندا تاپتىلەر ئىنسان رىيازەتتىن رەھنەمالىقنى،
ئۆزىنى ئەل ئۈچۈن ئەيلەپ، قىلىپ بۇ جان پىدالىقنى...

مۇقام ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەنسېرى، ھېكمەت ئۆزىنى ئۇنتۇدى... ئۇنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدىن تېنى ئانا تۇپراققا قوشۇلۇپ، مۇبارەك جىسمىدىن بىر سىقىم توپىمۇ قالمىغان فارابى، مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئامانىسا قاتارلىق ئەجدادلىرى بىر - بىرلەپ ئۆتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەۋلادى ئۈچۈن پىدا ئەيلەپ، رىيازەتتىن رەھنەمالىقنى تاپقان... شۇنداق، ئۇلار ئىلگىرى - ئاخىر كېتىشتى، ئەمما تۆھپە - ئىجادلىرى ئۆلمىدى... ئۇلارمۇ ئۆلمىدى...

ئەگەر سەن ياخشى بولماققا ئىشەنسەڭ ياخشىلىق كۆپتۇر،
يامانلىق ئويلىما ھەرگىز خىيانەتتۇر دىلگە جالىقنى...

— بەرھەق! — دېدى توپ ئارىسىدىن بىرسى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي.

مىرزاپىشا ھەم ئابلىز ناۋالارنىڭ تەمبۇر، دۇتار دەستىلىرىگە قولاق يېقىپ، مۇڭلۇق چۇشلىرنى كۆرۈۋاتقاندەك، كۆزلىرى يۇمۇلغانىدى. ئۇلار ناۋا داستانلىرىنىڭ 1 - ئاھاڭىغا يېتكىنىش بىلەن، بەللىرىنى رۇسلاپ، بىر - بىرىگە باش لىڭشىتقان ھالدا، ناخشىسىنى باشلىۋەتتى:

مەن نەيلەيىن نازۇكۇم قولۇم باغلاندى،
يار جامالىن كۆرمەي ئۆلەر ئوخشايمەن...

مۇرات ئورنىدىن تۇردى - دە، سېيلىق دەسسەپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇ، ئۇسسۇلنى ناخشىنىڭ تۇرى ھەم ئاھاڭىغا ماسلاشتۇرۇپ، ئاجايىپ چىرايلىق ئوينايتتى، بەزىدە بويىنى شارتلا قايرىپ، سازچىلارغا «ئۆلمە!»، «قولۇڭغا دەرد بەرمىسۇن!» دەپ ۋارقىراپ قوياتتى.

بۇ جانىمغا قەست قىلدى قاراقچى ئاپەت،
بۇندىن قۇتۇلمىقىم يوقتۇر سالامەت...

مۇرات بىر نەچچە چۆگىلەپ ئوينىغاندىن كېيىن، ھېكمەتنى ئۇسسۇلغا تارتتى. كۈچلۈك مۇسەللەس تەسىرىدىن ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتكەن ھېكمەت تارتىشىپ ئولتۇرمايلا مەيدانغا چۈشتى. مۇرات بۇ چاغدا، ئالىمجاننى ئۇسسۇلغا تارتىپ قويۇپ، ئۆزى پىيالىلەرگە مۇسەللەس قۇيدى. ھېكمەت بىلەن ئالىمجان بىر - بىرىگە بېقىشىپ، مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەشنى چۆگىلەپ ناھايىتى سېيلىق، رىتىملىق ئوينىدى. ئۇلارنىڭ پەيزىدىن ھاياجانلانغان كۆپچىلىك چاۋاك چېلىشتى. بۇ چاغدا، دەھلىزگە ئورۇندۇق قويۇپ ئولتۇرغان سەئىدە بىلەن گۈلزىبا ئۇلارنىڭ تاماشاسىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى.

— ھەي، ھەي ئالىم، ئۇسسۇلۇڭنى ماتېماتىكىغا چۈشۈرۈپ ئوينا! — دېدى ئامانىللا ۋارقىراپ، — بولمىسا فورمۇلىسىنى ئۆزەم تۈزۈپ بېرىمەن...

سورۇن تېخىمۇ قىزغىن كەيپىياتقا چۆمدى، مېھمانلاردىن ئوينىمىغانلار قالمىدى. ئاخىرىدا، ئابلىز ناۋا دۇتار بىلەن بىر يۈرۈش چاتما ناخشىلارنى باشلاپ، سورۇننى چاك كەلتۈرۈۋەتتى. مىرزاپشا ئۇنىڭغا تەمبۇر بىلەن تەڭكەش قىلدى. ئابلىز ناۋا ئىلى ئېلېكتر ئىستانسىسىدا بەش يىل ئىشلەش جەريانىدا، پىشقەدەم سازەندە، ناخشىچىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگەنگەنىدى، شۇڭا ئۇ ئىلى ناخشىلىرىنى ھەغدادىغا يەتكۈزۈپ ئېيتالايتتى. ئابلىز ناۋانىڭ بىر ئادىتى ناخشىنى ئېيتقانسېرى ھاياجانلىناتتى، داياجانلانغانسېرى ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا قىزىپ قالاتتى.

شۇڭا، ئۇنىڭغا «ناۋا» (كوي، غەزەل) دېگەن لەقەمنى خەلق ئۆزى بەرگەنىدى. . .

مىرزاپىشا بىلەن ئابلىز ناۋا بىر ئاز ئارام ئېلىش ئۈچۈن، دۇتار - تەمبۇرلىرىنى تامغا يۆلەپ، تەرلىرىنى سۈرتىشتى، ئۇلارغا ئارقا - ئارقىدىن مۇسەللەس قويۇلدى. ئارىلىقتا، ئابلىز ناۋا ھەر خىل ئۇچار قۇش، ھايۋانلارنى دوراپ قىزىقچىلىق قىلدى. مۇرات بولسا، ساقىيلىقنى ئالىمجانغا تاپشۇرۇپ، تەمبۇرنى قولىغا ئالدى. بۇ چاغدا، مىرزاپىشا قىزىق چاي ئىچىپ ئارام ئېلىۋاتاتتى. ئابلىز ناۋا بىلەن مۇرات خەلق ناخشىلىرىنى باشلىۋەتتى، بۇنىڭغا مېھمانلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇشتى:

قارا - قارا قاشلىرىڭغا قاتساگچۇ مېنى،
قارا قاشىنىڭ بازارىدا ساتساگچۇ مېنى.
قارا قاشىنىڭ بازارىدا ئالمىسا ئەگەر،
كىرپىكىڭنى ئوقيا قىلىپ ئاتساگچۇ مېنى. . .

كېچە سائەت ئون ئىككى بولۇپ قالغانىدى، مېھمانلار بىر چىنىدىن ئۇگرە ئېشى ئىچىپ، ئۆزاپ چىقىشتى. نائىبى بىلەن شادىمان ھېكمەتكە تەتىل تۈگىگىچە شەھەردىن كەتمەسلىكنى، ئۇنى كامىل بىلەن مۇراتنىڭ ئۆزلىرىنىڭمۇ غەمخانىسىغا باشلاپ ئاپارماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ، خوشلاشتى. ئەمما، ئامانىللا ھەممەيلەننى ئەتىگە ئۆز ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ قويدى. چۈنكى، دادىسى غازاخۇننىڭ ياشلارغا ئېيتىپ بېرىدىغان ئىبرەتلىك ھېكايەتلىرى بار ئىمىش. ئاخىرىدا، ئالىمجان ھېكمەت بىلەن خوشلاشتى، ئۇ ھېكمەتنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئۆزلىرى ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىبارەت جاپالىق خىزمەتكە كەپلا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، خوتەننىڭ شەرت - شارائىتى تېخىمۇ قىيىن. ھەر قانداق تەلەپ - ئىلتىجالىرى بولسا، بىز قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەمدە بولىمىز! — دېدى.

مېھمانلار خوشلىشىپ قايتىشتى. كامىل، مۇرات، ھېكمەتلەر

قايتىپ كىرگەندە، سەئىدە بىلەن گۈلزىبا داستىخانلارنى يىغىشتۇرۇپ، قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇۋاتاتتى. ئۇلارمۇ ياردەملىشىپ، بىردەمدىلا ئۆينى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولدى. گۈلزىبا پەرتۇقلىرىنى يېشىپ، پەلتوسىنى كىيىپ، ياغلىقىنى ئارتتى. ئۇ قايتماقچى ئىدى. كامىلنىڭ ھۇجرىسىدا گۈلزىبانى ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن، ئۈچ دوست تالاش - تارتىش قىلىشىۋاتاتتى. ھېكمەت يالغۇز ئاپىرىپ قويۇشقا زادىلا ئۇنىمىدى، بۇ چاغدا سەئىدە ئۇلارنى چاقىردى.

— كامىل، سەن خان ئانامغا چاي دەملەپ، مەشكە كۆمۈر سېلىپ قوي، ئۆي مۇزلاپ كەتسە، خان ئانام يۆتىلىپ قالمىدۇ، — دېدى سەئىدە بۇيرۇق ئاھاڭىدا، — مۇرات ئۇكام، سەن قۇدۇقتىن ئىككى چېلەك سۇ ئەكېلىپ بەر، پەقەتلا سۇ قالمىدى. ھېكمەت گۈلزىبانى ئۆيىگىچە ئاپىرىپ قويسۇن. \

— بولىدۇ خان ئاچا، ئۆزلىرىنىڭ بۇيرۇقىنى خاننىڭ يارلىقى دەپ بىلىمىز، — دېدى مۇرات دەرھاللا، — ئەمىسە مەن كەتتىم.

مۇرات ئىككى چېلەكنى ئالدىدە بوسۇغىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ: «ۋاي، ۋاي غوچچىدە ئەقىل، چېچەكلەپ كەتكەن ئەقىل، قۇرتلاپ كەتكەن ئەقىل. . .» دېگىنىچە غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. كامىلمۇ ئاستىلا خاننىزاتخان موماينىڭ ھۇجرىسىغا ماڭدى.

ئاسماندا يېرىمى داغلاشقان ئاي پارچە بۇلۇتلار ئارىسىغا گاھ يوشۇرۇنۇپ، گاھ ئۈزۈپ چىقاتتى. ئۆز قوينىدىن ساھىبجامالنى قاچۇرۇپ قويغان بۇلۇتلار ئالتۇن رەڭدە تاۋلىنىپ، قوللىرىنى سوزۇپ تەلمۈرۈشەتتى. كۈندۈزلىرى ئەتىيازنىڭ نەگىلەك شامىلى چىققىنى بىلەن، كېچىلىرى يەنىلا يۇرۇقتاش بوپلىرىدىن ئەسكەن سوغۇق شامال نەشتىرىنى سانجىپ ئۆتەتتى.

ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا ئادەمسىز جىمجىت «گۈجان» كوچىسىدا كېتىپ باراتتى.

«مۇرات بولۇپ ئۆتكەن ھەممە ئىشلارنى گۈلزىباغا ئېيتىپتۇ، ئۇ نېمە دەپ ئويلاپ قالغاندۇر؟ ھەتتا سىزىلغان رەسىمنىڭ مەزمۇنلىرىغىچە،

ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىلەرغىچە سۆزلەپتۇ... بوپتۇ، نېمە بولسا بولمامدۇ!... ئەمدى ئۇ مېنى قانداق چۈشەنسە شۇنداق چۈشەنمەمدۇ! توۋا، گۈلروزنىڭ بۇ نېمە قىلغىنى؟ ھېلىقى لەنتى كېچىدىكى ئىشلارنى دەپ نېمە پايدا تاپقاندۇر!... گۈلزىبا ھازىر جىمجىت كېتىپ بارغىنى بىلەن، ئىچىدە مېنى «شاللاق، ئىرادىسىز، ئەخلاقسىز، تىلى ئۇزۇن، دىلى بۇزۇق» دەپ تىللاۋاتقاندۇر تايىنلىق!... مەيلىلا نېمە دەپ ئويلىسا ئويلىمامدۇ، تىللىسا تىللاۋەرمەمدۇ! مەن ئۇنىڭ بىلەن، نېمىچىدىم؟...»

ھېكمەتنىڭ كۆڭلىنى چېچىپ، پاراكەندە قىلىۋاتقان بۇ ئاياغ - ئۇچى يوق خىياللار كاللىسىدىن بىرەر دەقىقىمۇ نېرى كەتمەيتتى. شۇڭا، ئۇ گۈلزىباغا قايرىلىپ قارىيالمىدى. لېكىن، گۈلزىبانىڭ ھازىر كۆڭلى خۇش ئىدى، ئۇ ھەممىنى كەچۈرەتتى. ھەتتا، كۆڭلىدىن چىقماي، ھەپتىگىچە ئۇيقۇسىنى قاچۇرغان ھېكمەتنىڭ قوتىبىرەم بىلەن تانسا ئوينىغان ئىشىنىمۇ توغرا چۈشەندى. بۇ ئىش ھېكمەتنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، سىرداشقا، مۇڭداشقا، ھەمراھقا مۇھتاج بولغان يالغۇزلۇق كۈنلىرىدە يۈز بەرگەنىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغىمۇ ئاسان چۈشمىدى. قىسقىسى، بىر جۈپ كېپىنەكنىڭ رەسىمى ئېلىپ سۈدەك ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى بارلىق غەم - ئەندىشىلىرىنى ئېلىپ كەتتى...

— بەك كەچ قالدىڭىز، — دېدى ھېكمەت جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — بۈمەرەمخان ئاپام خاپا بولۇپ قالارمۇ؟...

— ياق، — دېدى گۈلزىبا، — ئارىلىقتا ماھىگۈلنى ئەۋەتكەن ئىدىم. سەندە ئاپامغا ياردەملىشكەنلىكىمدىن خەۋىرى بار.

— بۈمەرەمخان ئاپامنى بىتاپ بولۇپ قاپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، يوقلاپ بارالمىدىم، بەك ئۇزرىلىكمەن.

— كىچۈرۈڭ، ئانام سوراۋەرگەندىن كېيىن، سىزنى ئاغرىپ قاپتۇ دەپ قويدۇم، — دېدى گۈلزىبا قايرىلىپ، — بولۇپمۇ ئابدۇنەبى ئۆكام كېپىنىكىڭىزنى تولا قىلىدۇ.

— ئابدۇنەبى ئەقىللىق، ئوبدان بالا! — دېدى ھېكمەت بىرىنچى

قېتىم گۈلزىباغا قايرىلىپ، — ماھىگۈلمۇ ئەدەپلىك، يۇۋاش قىز...

— ئۇ مېنىڭ ھالىمغا يېتىدۇ...

گۈلزىبانىڭ «ھالىمغا يېتىدۇ» دېگەن سۆزى ھېكمەتنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىپ قويدى. ئائىلىنىڭ ھەممە يۈكى ئارتىلىپ قالغان بۇ قىز، قىمارۋاز ئۆگەي دادىسىنىڭمۇ دەردىنى تارتىپ، ئەلىمىنى يۇتۇۋاتاتتى. ئەمما ئۇنىڭ ھازىرقى سەمىمىي جاۋابلىرى، ھېچقانداق دوقسىز، تەئەددىسىز تەلەپپۇزى ھېكمەتنى خېلىلا يېنىكلىتىپ قويدى. ئۇلار چايخانا مەكتىپ ئالدىدىن قىزىق دەرۋازا تەرەپكە قايرىلغاندا، ئىككىنچى قېتىملىق كىنودىن قايتقانلارنىڭ ئاياغ - ئۇچى كوچىدا شالاڭ كېتىۋاتاتتى.

— ھېكمەت، — دېدى گۈلزىبا ئۇنىڭ ئىسمىنى بىرىنچى قېتىم ئاتاپ، — رەسىمنى ئاجايىپ ئوبدان سىزىپسىز... نائىبى، شادىمانلار ماختاپ يۇقىرى باھا بېرىشتى.

— ئۇلار بەك ئاشۇرۇۋەتتى. شائىرلار ئادەتتىن تاشقىرى ھېسسىياتچان كېلىدۇ. شۇڭا، بەك مۇبالىغە قىلىشۇەتتى.

— ياق، ئۇ رەسىم ماڭا بۆلەكچىلا تەسىر قىلدى. بىراق مەن شائىر ئەمەسقۇ! — گۈلزىبا ھەسرەتلەنگەن ھالدا قوشۇپ قويدى، — بولۇپمۇ ياردار كېپىككە بەك ئىچىم ئاغرىدى...

— ئۆزىگە ئاز...

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— كىم ئۇنى ئالدانسۇن دەپتۇ!

— ھاياتتا ئازمايدىغان كىم بار؟...

نومۇس كۈچىدىن ھېكمەتنىڭ دېمى سىقىلدى. ئەگەر كۈندۈزى بولغان بولسا، گۈلزىبا ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن بولاتتى. بىر ياقتىن، ئۇ ۋىجدان ئازابىدىنمۇ پۇچىلىنىۋاتاتتى. چۈنكى، قۇتبىرەم بىلەن قول تۇتىشىپ، بوستاندىن شەھەرگە كىرگەنمۇ ئۆزى. بولمىسا ئۇنىڭ بېشىدا بىر كىم تاياق تۇتۇپ تۇرغىنى يوق. قۇتبىرەم، گۈلرۇزلار «تانسا ئوينايلى» دېسە، ئەلەڭلەپ مەيدانغا چۈشكىنىمۇ ئۆزى. «گۈلزىبانىڭ سىنىپىغا قوشۇمچە سىنىپ مۇدىرى

بولمىسام...» دەپ ئىلمىي مۇدىر زىكرۇللا غوجىغا دادىللىغىنىمۇ يەنە شۇ ئۆزى!... قىسقىسى، گۈلزىبانىڭ قىزلىق غۇرۇرىغا تېگىدىغان ئىشلارنى ھېكمەت ئۆزى قىلغانىدى، ئەمما، قىز ئەكسىچە ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردى.

ئۇلار گۈلزىبانىڭ ئۆيىگە قايرىلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە، ھەر ئىككىلىسى جىمجىت تۇرۇپ قېلىشتى. ھېكمەت نېمىدۇر بىر نەرسىنى ئىزدىگەندەك ئەتراپىغا سىنچىلاپ قارىدى. گۈلزىبامۇ بىر چاغلاردا ئۆزىگە ئوتلۇق كۆزلەر تىكىلگەن جامە يولىغا كۆز تاشلىدى. خۇددى خۇدا كۆڭلىگە سالغاندەك، ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ تەڭلا تەبەسسۇم قىلىشتى. ئاينىڭ قىيپاش چۈشكەن ئالتۇن نۇرىدا، قىزنىڭ قىپقىزىل خالى گۈلخان چوغىدەك تاۋلىنىپ، ئاينى خىجىل قىلغان ئاي يۈزى ھايا بىلەن يەر بېقىپ تۇراتتى.

— گۈلزىبا، مەن قايتاي!... — پىچىرلىدى ھېكمەت.

— توختاڭ!... — گۈلزىبانىڭ ئاۋازى تىترىدى، — ئانام... ئانام سىزنى بىر كېلىپ كەتسۇن دېگەنىدى، ئەتە كېلەلەمسىز؟...

— كېلەي، ئەسلىدە بۇرۇنلا يوقلاپ كەلسەم بولاتتى...

— رەھمەت...

— ئەمىسە كىرىپ كېتىڭ!...

— خوش! — گۈلزىبا ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە يەنە قايرىلىپ، ھېكمەتكە قول پۇلاڭلاتتى.

ھېكمەت قايتىپ كەلگەندە، كامىل بىلەن مۇرات دەرۋازا ئالدىدا ئۇنى ساقلاپ پاراڭلىشىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ پۇتلىرى مۇزلاپ كەتكەنلىكتىن يەر تېپىپ، ئاياغلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ، قولاقلىرىنى ئۇۋۇلىشاتتى. ھېكمەتنىڭ چىرايىدىن خۇشال بولغانلىق ياكى خاپا بولغانلىق ئىپادىسىنى سېزەلمىگەن كامىل ئۈندىمىدى. ئەمما تاقەتسىزلىنىپ تۇرغان مۇرات ئۇتتۇرلا سورىدى:

— قانداق، سىلەر سۆزلەشتىڭلارمۇ؟ ئۇرۇشۇپ قالمىغانسىلەر؟...

— ھەي... — دېدى ھېكمەت باش ئىغىتىپ، — قىزلارنىڭ

كۆڭلى پەرشتىدەك بولىدىكەن، يەنىلا بىز يىگىتلىز ئەسكى ئىكەنمىز..

— جورۇڭلار كىرىپ ئۇخلايلى، — دېدى كامىل مۇراتنىڭ بىلىكىنى سىقىپ قويۇپ، — بىر دەمدىلا تاڭ ئاتىدۇ...

ھېكمەت ئەتىسى ئەتىگەن گۈلزىبانىڭ ئانىسىنى يوقلاپ باردى. بۇمەرەمخان بۆلەكچىلا خوشال بولۇپ كەتتى. گۈلرۇز ئىشقا كەتكەنىدى، ماھىگۈل تەتىللىك تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەۋاتاتتى. ئابدۇنەبى ھېكمەتكە چاپلىشىپلاۋالدى. ئۇ بىردەم تېپىشماق تېپىشايلى دېسە، تۇرۇپلا لەگلەك ياسىيالامسىز؟ دەپ سورايتتى. گۈلزىبا قانچە ئاچچىقلاپ باقسىمۇ، ئۇ «ھېكمەت ئاكا» دەپ زادىلا نېرى كەتمىدى. ھېكمەت ئۇنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ، دەپتەر، قەلەم، ئۈچپۇرگۈچ ئېلىپ بەردى. قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا لەگلەك ياساپ بېرىش ئۈچۈن، قەغەز، قومۇشلارنى تەييارلىدى، گۈلزىبا شىلىم قاينىتىپ بەردى.

— سىزمۇ، — دېدى گۈلزىبا ھېكمەتكە، — كىچىك بالا نېمە دېسە مەقۇل دەۋېرىدىكەنسىز...

— ھەي، شۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن قىزىم، — دېدى بۇمەرەمخان تۆردە يېتىپ، — كىچىك بالىمەچۇ، كۆڭلى تارتقان ئادەمگە سۈيۈشىدۇ. ئابدۇنەبى مۇشۇ يېشىغىچە دادىسىغا ئەركىلەپ، سۈيۈشۈپ باققان بالا ئەمەس...

ھېكمەت نېپىز قىرىلغان قومۇشنى قەغەزگە چاپلاپ تۇرۇۋېدى، قايىت مەس كىرىپ كەلدى. ئۇ، ئەتىگەندىلا نەگىشلىۋالغانىدى، قايىتنىڭ ئۇلۇغ يۈزى بۇرنىنىڭ بىر تەرىپى بىلەن قوشۇلۇپ ئىششىپ كۆكىرىپ قالغانىدى، بۇرنىنىڭ يوغان تۆشۈكلىرىدىمۇ قاپقارا قېتىپ قالغان قان قاقاچتەك ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سارغۇچ قوڭۇر ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، ساپسېرىق چىرايى داغلانغان مىستەك تىمىزىرىپ كەتكەنىدى.

— ھە، ھېكمەت ئەپەندى، كەپ قاپسە! — دېدى قايىت تىللىرى كالۋالىشىپ، — يوقلاپ كەتتىڭىز-ھە!... يوقلاپ كەتتىڭ... سەن... سەن ئۇرۇمچى... ھە ئۈرۈمچىدە ئوقۇغاندىن كېيىن، مائاشىڭ

چىقتۇ؟

— دادا، جۇرۇڭ، ئېغىرلىشىپ قاپسىز... ئاۋۇ ئۆيدە يېتىپ ئارام ئېلىڭ! — دېدى گۈلزىبا دادىسىنى تارتىپ.

گۈلزىبا قايىتنى تەسلىكتە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ دەھلىزدە تۇرۇپ ۋارقىرىغان ئاۋازى كەلدى:

— مەن... مەن سېنى تەستە باققان... ئەگەر ئۇنىڭغا تېگىدىغان بولساڭ... ئۇ... ئۇ... ماڭا... ماڭا جىق پۇل... پۇل بەرسۇن، قەرزىمنى تۆلىسۇن!...

— كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، — دېدى بۇمەريەمخان ھېكمەتكە، — بۇ ئادەمنىڭ بولالىقى شۇ... كۈندە ئۇ يېرىنى ئىشىتىپ، بۇ يېرىنى قانتىپ كىرگىنى كىرگەن... بىزمۇ كۆنۈپ كەتتۇق...

— مەن قايتاي، — دېدى ھېكمەت ئورنىدىن تۇرۇپ، — كېيىنچە يەنە يوقلاپ كېلەرمەن...

— نەگە بارسىز؟ — دېدى چىرايى تاتىرىپ كەتكەن گۈلزىبا ئۆيگە كىرىپ، — مەن لەگمەنگە خېمىر يۇغۇرۇپ قويدۇم. چۈشلۈك تاماق يەپ كېتىڭ!...

— رەھمەت، تاماق يېمىگەن ئۆي بولمىغاندىكىن. ھازىر كامىل، مۇراتلار ماڭا ساقلاپ قالدى. خەۋىرىڭىزدە بار، ئانانىڭ قۇربان چاقىرىپ قويغانىدى.

— ئۇ يەرگە چۈشتىن كېيىن بارارسىلەر...

— ئوغۇز شۇنداق، ئەمما چۈشتە ئۇچىمىزنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىمىز بار ئىدى.

ھېكمەت ئۇزاپ چىقىۋېتىپ، گۈلزىبانىڭ خىجىللىق، نومۇس، تەڭلىك ئىسكەنجىسىدە قىسىلغان مەسۇم چىرايىنى كۆرۈپ، ئىچى سىيرىلىپ كەتتى، ئۇ نېمە دەپ تەسەللىي بېرىشنى بىلمەي، دەرۋازا ئالدىغا چىقتى:

— گۈلزىبا، كۆڭلىڭىزگە ئېلىپ كەتمەڭ، قايىتكام كەيىپ بولۇپ قاپتۇ... كەيپىلىكتە ھەر قىسما گەپلەرنى قىلىپ قويىدۇ، ئۆزىڭىزنى

ئاسراڭ! — دېدى ھېكمەت تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن.

— بولدى، كۆڭلۈمنى ئاۋۇتماڭ! — گۈلزىبا ھېكمەتكە قاراپ تۆكۈلۈپلا كەتتى...

گۈلزىبانىڭ ئۆيىدىكى كۆڭۈلسىزلىكنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھېكمەتنىڭ شەھەردىكى بىر ھەپتىلىك ھاياتى ئىنتايىن مەنىلىك ئۆتتى. ئۇ، ئامانىللا قۇربانىنىڭ ئۆيىدە مېھماندارچىلىقتا بولۇپ، غازاخۇن ئاكىنىڭ ئەخلاق - پەزىلەت، كىتاب، بىلىم توغرىلىق ئېيتقان چوڭقۇر مەنالىق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، تۇرمۇشتىكى ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق كېلىشمەسلىكلەرنىڭ ئەرزىمەس نەرسە ئىكەنلىكى، ئادەمنىڭ ئىرادىسى، شىجائىتى بولسىلا، ئۇلارنى يېڭىپ كەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئالىمجان، نائىبى، شادىمان، ئابلىز ناۋاللارنىڭمۇ ئاجايىپ ئىستىبداتلىق يىگىتلەر ئىكەنلىكىگە قايىل بولدى.

ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدە بولغان شېئىرىيەت، مۇزىكا، رەسىم توغرىسىدىكى سۆھبەتلەر ھېكمەتنىڭ نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، باشقىدىنلا دۇنياغا كەلگەندەك تۇيغۇغا كەلدى. بۇ، كامىل ۋە نۇراتنىڭ دوستلۇق بۇرچى ۋە ھىممىتىدىن بولغانىدى.

# سورۇندا چىگىلگەن تۈگۈچ

بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ۋاڭ - چۇڭغا تولغان ئالدىراشلىق كۈنلىرى يەنە باشلاندى. ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ غەربىي ئىشىكى ئالدىدىكى ئاق ئۈجمىگە ئېسىلغان داڭ تاڭ سەھەر قاراڭغۇلۇقىدىن تارتىپ، ھەممە يەر تىڭشاپ ياتقانغا قەدەر ئۇرۇلاتتى. سىنىپلاردىن پاتماي چىقىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ مەيدانىدا يۈگۈرىشەتتى، توپ ئوينايتتى، قۇم تولدۇرۇلغان ئورەكلەردە سەكرىشىپ، كۆلەڭگۈچلەردە ئۈچۈشاتتى، چېلىش خۇمار باللار بەللىرىدىكى پوتىلىرىدىن قامالاپ، بىر - بىرلىرىنى يانپاشقا ئېلىپ، توپىلارغا پۇچۇلايتتى. قىسقىسى، داڭ

ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ جەڭ سىگنالى ئىدى. ئەمما بۇ جەڭ سىگنالىنى رەجەپ بەنجاڭنىڭ چوشقىلىرى كۆزگە ئېلىپمۇ قويمايتتى، ئۇلار ئۆز باشلىقىنىڭ ئۈچ پۈشتەك ئاۋازى تۈزۈمىنى مۇقەددەس بىلگەچكىمۇ ياكى جەننەتتىن چىققان كۆك تاياقنىڭ كارامىتىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر، يوغان كىر قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، كەڭ ئېتىز باغرىلىرىنى تىلغاپ، غۇلاقتىكى ئاداپلىرىنى شالاپلىتىپ، قىقىرىشىپ، چىرقىرىشىپ يۈرەتتى.

ناۋايلار يوخۇنلانغان قوناق خېمىرى زۇۋۇلىلىرىنى بەس - بەس بىلەن تونۇرلارغا چاپلايتتى. سويۇۋېلىنغان ساپسېرىق زاغرىلار بورا ئۈستىگە دۆۋىلىنىپ، نان ساندۇقلىرىغا قاچىلىناتتى. ئاشپەز جۇمىراخۇن بولسا، تاختۇش ئەتراپىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، غۇلدا نوغۇچتا خېمىر ياياتتى. مالچىلار پاسار چاناپ، پىچان توغراپ، ئېغىللار ئەتراپىدا پايپېتەك ئىدى. كارىدور بويلاپ سىنىپلاردىن ھەر خىل يېڭى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ «A+B»، «تاق يوپۇرماقلىق ئۆسۈملۈكلەر...»، «غاجىلىغۇچى ھايۋانلار...» دېگەندەك جاراڭلىق ئاۋازلىرى ياڭرايتتى. ئۇلار دەرستىن چۈشۈپلا، ئۆز ئىگىدارچىلىقىدىكى ھاجەتخانىلارنىڭ ئوغۇتىنى تارتاتتى ۋە ئۇلارنى دۆۋىلەيتتى، توپا بىلەن قېپچىپ يۆگەيتتى، ئېتىزلارغا قىغ يۆتكەيتتى، ھەتتا بەزىلىرى دەرسى بارلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ، قارا تەرگە چۆمگىنىچە ئىشلەپ كېتەتتى. قاچانكى دىجورنى مۇئەللىم يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇلارغا: «سىنىپتىكىدا دەرسلىرى بار ئىكەن» دېگەندىلا، ئۇستىبېشلىرى توپا، تەردىن يۈز - بويۇنلىرى شالتاق بولۇپ كەتكەن مۇئەللىملەر يۈگۈرگىنىچە ئىشخانىغا كىرەتتى - دە، يوقلىمىلىرىنى قولتۇقلاپ سىنىپقا چاپاتتى. مۇدىر پەرمانشا بولسا، چوشقا ۋە مال ئېغىللىرىدا، قايسى بوقىچاق ساپانغا ياراپ قالدى، قايسىسىنى سويۇپ يەۋېتىش كېرەك؟ دېگەندەك پىلانلارنى تۈزەتتى. ئامبارلاردىكى تاڭشىرلارغا بارمىقىنى تەككۈزۈپ تېتىپ كۆرەتتى، كۆكتات ئامبارلىرىدىكى كۆكتاتلارنىڭ سېسىغان - سېسىمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ، قايسى ئايلارغىچە يېتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەيتتى. مەكتەپ بويىچە ئون نەچچە ھاجەتخانا بار ئىدى، مۇدىر

ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ، نەچچە تاغار ئوغۇت چىقىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقاتتى. دىجورنى مۇئەللىم بىر كۆڭۈللۈك مەشغۇلات تۈگىگەن ھامان، ئون ئىككى سىنىپنىڭ يوقلىمىلىرىنى يىغىۋېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەلگەن - كەلمىگەن، سورىغان، كېچىككەن، ئاغرىقلىرىنى خۇلاسىلەيتتى، ئاندىن سىنىپ، ياتاق، مەيدان تازىلىقلىرىنى تەكشۈرۈپ، رەتكە تۇرغۇزۇپ تەييارلايتتى - دە، ئەتىسى ئەتىگەن سىياسىي ئۆگىنىشتە ئوتتۇرىغا قوياتتى. ئوقۇغۇچىلىرى تولۇق كېلىپ بولالمىغان كۆپلىگەن سىنىپ مۇدىرلىرى تىل - ئاھانەت ئىشىتىشكە تەييار بولۇپ، باشلىرىنى سېلىپ جىم ئولتۇراتتى. مۇدىر پەرمانشانى تىل - ئاھانەت خەزىنىسى دېسە خاتا بولمايتتى، ئۇ تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ: «ۋۇي، سۇغا چۈشكەن ئون تومپۇللار، لايدىن سۈزۈۋالغان قوزۇقلار، ۋۇي، غوپ - غوپ ئۆتۈك، ساقال تاغاقلىرى، شاخا بىجىق، سىيرىلما ئىشتانلار... ساغرىسىنى پىت چاقسا، دۇمبىسىنى قاشلايدىغانلار...» دەپ تىللىغىنى تۇرسا، توپتوغرا بىر سائەت ئۈزمەي تىللىيالايتتى، بۇنداق تىللاشلار ھەپتە - ئون كۈندە بىر قېتىم بولۇپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن خىزمەتلەر يۈرۈشۈپ، سىنىپ مۇدىرلىرى پالاقلاپ بالا يىغاتتى، دەرس قالدۇرغانلار تولۇقلايتتى، ئوغۇتلىرى ئازلار ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن كېچىلىرى باشقا ھاجەتخانا، مال ئېغىللىرىدىن ئوغۇت ئوغرىلايتتى... ئەمما پەرمانشا مۇدىرنىڭ «بىر ئولغۇماچ سېلىپ، خىزمەتلەرنى يۈرۈشتۈرۈۋېتىدىغان بولدۇم...» دەپ كۆڭلى ئەمەن تاپامدۇ ياكى بىر سائەت «تەنبىھ - تەربىيە» بېرىپ چارچاپ، ئۆيىگە مەيلى تارتىپ قالامدۇ، ئەيتاۋۇر، قولىغا چاقمىقىنى ئېلىپ: «قېنى قايسىڭ چاقماق سوقۇشتۇرىسەن؟» دەپ ۋارقىرايتتى. تاماقتا تارقىشىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار چاقماقلىرىنى چىقىرىپ دۈررىدە مۇدىر ئەتراپىغا يىغىلاتتى، ئۈستەل ئوتتۇرىسىغا بىر مۇنچە قوللار قوزۇق قاققاندەك تىكىلىنەتتى، مۇدىر «ئوغۇل بالا چاقمىقى»نى (ئۇ چاقمىقىنى شۇنداق ئاتايتتى) قوللارنىڭ مەركىزىگە تىرەپ: «مەن بىر - ئىككى دېيىمە، ھەممىمىز باشلايمىز. ئون قېتىمدا ئون يانالمىغان چاقماق

ئوغۇل بالا چاقماق ئەمەس. . . » دەپ جاكارلايتتى. چاقماقلار «قاسۇر - قۇسۇر، قاسۇر - قۇسۇر» قىلىپ چېقىلاتتى، مۇدىر كۈلۈپ كېتىپ: «يۇسۇپ، سېنىڭ ئىككى قېتىم يانمىدى، ئەزمايلا چاقماقكەن. . . چاقمىغىنىنى ئەرگە بېرىۋەت»، «مەمتىلى، سېنىڭ تۆت قېتىم يانمىدى، خوتۇن كىشى چاقماقكەن، خوتۇنۇڭ ئوچاققا ئوت ياقسۇن. . . »، «رەجەپ مۇئەللىم، سېنىڭ جالاپ چاقماقكەن ئەمەسما؟ ئون قېتىمدا ئاران تۆت قېتىم ياندى» دەپ مەسخىرە قىلاتتى. مۇدىر پات - پاتلا، سىياسىي ئۆگىنىشتىن كېيىن، «چاقماق سوقۇشتۇرۇش» ئويۇنى يالغان ئىچ پۇشقىنى چىقىراتتى.

چوڭ ئىشخانا ئوقۇتقۇچىلار بىلەن تولغانىدى. بۇ قىشلىق تەتىلدىن يىغىلغاندىن كېيىنكى 4 - كۈنى ئەتىگەنلىكى بولۇپ، پەرمانشا مۇدىر سەيرايى ئۆرلىگەن ھالدا ۋارقىراۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەندە، كۆزلىرى پولتىيىپ، قارا چىرايى ئېسىلىپ، يۈزىدە بىغىررەڭ ھۈررەكلەر پەيدا بولاتتى.

— مەكتەپ بويىچە 86 تاز[1] كەلمەپتىيا! سىلەر مۇدىرلىرى شولاقتا ئىشەك باقتۇقما؟ — دېدى مۇدىر قوللىرىنى شىلتىپ، — باھالاشتا: «ۋاي ئۇنداق قىلسەن، مۇنداق قىلمايمەن، ئۆچىنى سىلاپ سىنمەيمەن، سۆيۈق ماتالىڭ يېمەيمەن، ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى باركەن دېمەيمەن. . . » دەپ ئون مىڭ قەسەملەرنى قىلىپ، ۋەدىنامە يېزىشىسەن. . ۋەدىنامىسىغا تۇشلۇق، قىلغان خىزمىتىڭ شۇمۇ، ۋوي سېيرىلما ئىشتانلار. . . ھەر قايسىڭ ئۆرۈكلۈك باغنى ئۇتتۇپ قېلىشتىڭما؟ . . .

پەرمانشا مۇدىر ۋارقىراپ ھارغان بولسا كېرەك، ئۇ تىترىگەن قوللىرىدا ئالدىرىماي تاماكا ئورىغاندىن كېيىن، تاماكىسىنى «ئوغۇل بالا چاقمىقىدا» تۇتاشتۇردى. ئاندىن، بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە قىلىنىدىغان ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇردى.

— ھازىر بۇز چىقىرىش ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپ بارىدۇ، شۇڭا، — دېدى مۇدىر تاماكىسىنى قاتتىق شورىاپ، — بىرىنچى، يىللىق سىنىپلار

---

[1] تاز — ئوقۇغۇچى دېمەكچى.

مەكتەپ كۆلىدىكى مۇزنى چىقىرىدۇ. ئىككىنچى يىللىق سىنىپلار گۈڭشې كۆلىدىن مۇز توشۇيدۇ. بولمىسا، مۇز ئامبىرى تولمايدۇ. گۈڭشې رەھبەرلىكى مۇزاكىرىلىشىپ، كۆلنىڭ تۆتتىن بىرىنى بىزگە، قالغىنىنى داۋۇي قوشۇمچە كىرىم گۇرۇپپىلىرىغا تەقسىم قىلىپ بەردى.

پەرمانشا مۇدىر ئالتە ئوقۇتقۇچىنى بالا يىغىشقا، ئۈچىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىلارنى مال ئېغىلى، چوشقا قوتانلىرىدىكى قىغنى چىقىرىشقا بەلگىلىگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ يىل ئاق يەر قونىقى بىلەن بۇغداي تېرىلىدىغان يەرنىڭ بىر موسىغا 80 يۇدۇم قىغ تۆكۈلمىسە، تېرىغىلى قويمايدىغانلىقىنى جاكارلاپ، سۆزىنى تۈگەتتى. ئىلمىي مۇدىر زىكرۇللا غوجى بەزى ئوقۇتۇش گۇرۇپپىلىرىنىڭ يېرىم يىللىق خىزمەت پىلانىنى تېخى تاپشۇرمىغانلىقىنى، ئەگەر ئەتىگىچە تاپشۇرمىسا، مەكتەپنىڭ بىر پۈتۈن ئىلمىي خۇلاسىسىگە تەسىر يېتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. مالىيە بۆلۈم باشلىقى ئەخمەت ھوشۇر بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كىنىشكىسىنى ئۈچۈرمەي، نان، ئاش ئېلىپ يەپ، ساختىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، مەكتەپ ناۋايخانىسىدا نان ياقتۇرىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئوقۇغۇچىلارغا نان ئۆلگۈرتەلمەسلىكتەك ئېغىر ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى.

ئوقۇتقۇچىلار تارقاشتى. ھېكمەت بالا يىغىش گۇرۇپپىسىغا بەلگىلەندى. ئۇ ھازىر گۈلزىبانىڭ سىنىپىغا قوشۇمچە سىنىپ مۇدىرى ئەمەس ئىدى، زىكرۇللا غوجى ئۇنى ھەببە خانىمنىڭ ئۈچىنچى يىللىق ئىككىنچى سىنىپىغا ئالماشتۇرۇۋەتكەنىدى.

ھېكمەت گۈلزىبانى كۆرۈپ، ئالدىراپ ئىشخانىدىن چىقتى. ئۇ ناۋايخانىدىن نان ئېلىۋېلىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ، كارىدوردا قوتېبىرەمگە يولۇقۇپ قالدى، قوتېبىرەم كۈلۈپ قويۇپلا ئۆتۈپ كەتتى. كامىل، مۇراتلار شەھەردىن قايتىپ چىقىپلا، ئۇنىڭغا قاتتىق گەپ قىلىۋەتكەنىدى. بولۇپمۇ كامىل: «سىز بىر نىكاھلىق بولغان تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋالالماي، شاللاق ئىشلارنى قىلىپ يۈرىسىز؟... ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ!» دەپ خېلىلا چېچىلىپ

قالغانىدى. شۇنىڭدىن بىرى قۇتبىرەم قىنىغا چۈشكەندەك قىلاتتى.

بالا يىغىشقا بەلگىلەنگەن ئالتە ئوقۇتقۇچى ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈندى. ھېكمەت بىلەن مەمتىلى ئىبراھىم تۆتىنچى باشقۇرۇش رايونىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بۇ رايونغا بوۋاي قەمبەر، چامغۇچى، ئامۇتلۇق قاتارلىق بەش دادۇي قارايتتى، ئۇلار ئەڭ ئالدى بىلەن يىراق دادۇيلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن، بوۋاي قەمبەرگە كەلدى. ھېكمەت بىلەن مەمتىلى، «دادۇيدە پۈتۈن شياۋدۇي ئەزالىرىغا يىغىن ئېچىۋاتىدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، دادۇي ئىشخانىسىغا كىردى. دېگەندەك، ئەزالار توپىلاڭ ھويلىسىدىلا ئولتۇراتتى. سورۇننىڭ باش تەرىپىدە، بويىنىغا تاكان كەتمەن، سۇنۇق ئورغاق، تۆشۈك غەلۋىر ئېسىلغان چار ساقال بىر ئادەم بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا، بىر ياشلار چامىسىدىكى بالىنى قولتۇقلىۋالغان بىر ئايالمۇ بار ئىدى، ئايالنىڭ مۇرىسىگە قولىقىنى يېقىپ ياتقان بالىنىڭ كۆزىنى ساپسېرىق چاپاق قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، ئاغسىز ئىشتىنىدىن چىقىپ قالغان كاسىلىرى سوغۇقتىن كۆكىرىپ كەتكەنىدى. ئايالنىڭ قۇرساقلىرىغىچە يىرتىلغان كۆڭلىكىدىن خۇددى تولا سىقىپ خالتىلىشىپ كەتكەن ئۆچكىنىڭ يېلىنىدەك كۆكسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئاۋۇ قاقىر بويۇن، ئىككى تىزۇۋزى ئىچىگە تارتىشاڭغۇ، — دېدى مەمتىلى كۆرپە تەلپەك كىيگەن، ئېگىز، دوكراق بىرسىنى كۆرسىتىپ، — بۇ دادۇينىڭ شۇجىسى، رېخىم داراي دېگەن بولىدۇ.

— بىز، يۇ... يۇقىرىغا ئا... ئاش تاپشۇرغاندا، — دېدى دادۇي شۇجىسى رېخىم داراي، — بانىخاننىڭ بالىسى كې... كېسەل بولۇپ، ئىنىقا چې... چېتالماي ئاش كا... كاملاپ قالدى دېيەلمەيتتىمىزيا؟ ئان، مەمتاخۇن قىز... قوتازنىڭ پەللىكىگە چې... چىققان چې... چىقىپ، ژۇ... ژۇزىپىنى ئورۇنداالمىدۇق، دېسەك... يۇقىرى يەھەيلىك[1] ما... ماقۇل دەمتا؟ ئان...

— دېمەيتتۇ، — تۆپ ئارىسىدىن ئالا - تاغىل ئاۋاز كۆتۈرۈلدى.

---

① رەھبەرلىك دېمەكچى.

— مەمتىلى مۇئەللىم، — دېدى ھېكمەت داۋىدىن قايتىپ چىقىۋېتىپ، — كېسەل سەۋەبىدىن ئىشقا چىقالمىغانمۇ. شۇنچىۋالا قىلىپ كېتەمدۇ؟... نېمىدېگەن قارا كۆڭۈل ئادەم بۇ!

— ھى، شۇنىڭغا ھەيران بولۇۋاتامسەن تېخى، — دېدى مەمتىلى دېمىغىنى قېقىپ، — بۇلتۇر بىر دېھقان سۇ تۇتۇۋېتىپ، سۇنى يار ئالدۇرۇۋېتىپتىكەن، ئۇنىڭ بېشىنىلا چىقىرىپ قويۇپ، قالغان يېرىنى قىغقا كۆمدى. قىزىپ كەتكەن قىغ ئۇ بىچارىنىڭ بەدەنلىرىنى كۆيدۈرۈپ، چاپلاشتۇرۇۋەتتى.

— ۋاي خۇدايىم، نېمىدېگەن رەھىمسىزلىك بۇ!...

— ئۇنىڭدىن كېيىن، — دېدى مەمتىلى چىرتىسىدە تۈكۈرۈپ قويۇپ، — بالا يىغقىلى يەنە چىقىپ قالدىم. ئۇ چاغدا، بىر دېھقان قورساق ئاچلىقىدىن ئىككى باش قوناق ئوغرىلاپ قويۇپتۇ، رېخىم داراي پۈتۈن ئەزالارنى يىغىپ، ھېلىقى دېھقانغا ئاۋۋال تېزەك چىشلەتتى، ئاندىن ئۇنى ئۆمىلىتىپ چاتىرىقىدىن ئۆتكۈزدى.

— ئۇ دېھقان گۆڭشېغا ئەرز قىلمىدىمۇ؟

— ئەرز قىلمىدىمۇ؟ — مەمتىلى كۈلۈپ كەتتى، — نەق شۇ كۈنى گۆڭشې شۇجىسى تۇراپ ئىمىن، خالىق كاتىپلار خىزمەت تەكشۈرۈپ چىقىپتىكەن، ئۇلار كۈلۈپ تاماشا كۆرۈپ قاراپ تۇردى.

— توۋا! — دېدى ھېكمەت ھەيران بولۇپ، — گۆڭشې رەھبەرلىرى بۇنداق ئىشلارنى تونىسا، دېھقانلارنىڭ كۈنى تەس ئىكەندە...

— ھەيران بولما، تېخى ئەقلىڭ يەتمەيدىغان كۆپ ئىشلارنى كۆرىسەن...

مەمتىلى ئىبراھىمنىڭ سۆزلىرىدىن ئىچى ئاچچىق بولۇپ قالغان ھېكمەت ئۈندىمەي كېتىپ باراتتى. يولدا سېۋىتىگە تەرمەچ تېرىپ يۈرگەن قېرى مومايلار، بىر ئوتام كېۋەز شادىسى قولتۇقلىۋالغان بالىلار ئۇچرايتتى. پاكار، كۆرۈمسىز ۋادەكلىك دېھقان ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىلىرىدە كەپتەر پەغەزلىرى چېقچىيىپ، شاخ - شۇمبىلار يېيىلىپ ياتاتتى. ئەمما، قۇچاق يەتكۈسىز تاللىرى قىرلىقتىن كاۋاكلىشىپ، قوۋزاقلىرى

يېرىلىپ، شاخاراپ كەتكەن قەدىمىي ياغاچ دەرەخلىرى بوۋاي قەھەر كەنتىنى ئۆز قوينىغا ئالغانىدى. مەمتىلى ئىبراھىم ھېكمەتنى باشلاپ، ئىشكىسىز، غارالسىمان بىر ھويلىغا كىردى. بۇ يەردە مەتنىياز سېلىم دېگەن بىر ئوقۇغۇچى بار ئىدى.

بېشىغا سالۋا تۇماق كىيگەن شالاڭ ساقاللىق بىر دېھقان ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى. رەڭگى ئۆچۈپ ياغاقلىشىپ كەتكەن پالاز سېلىنغان سۇپىدا، بىر قىز بالا ئىنجىقلاپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتمۇقات ياماق سېلىنغان، يىرتىقلىرىدىن ئىسلىشىپ كەتكەن مازلىرى چىقىپ تۇرغان چاپان يېپىپ قويۇلغانىدى. مورا كۆلۈشىدا بولسا، ئالتە ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالا توپىدىلا ئولتۇرۇپ، تاۋاقتىكى ئوماچنى خولۇپىلىتىپ ئىچىۋاتاتتى. ئۆينىڭ ئىچىدە ئەسكى - تۈسكى چاپان - چارىلار يېيىلىپ ياتاتتى، بىر بۇلۇڭدىكى سېۋەتكە دۈۋىلەپ قويۇلغان تاۋاق - قوشۇقلار يۇيۇلمىسىز ئىدى.

— يۇقىرىغا چىقىشسىلا، — دېدى دېھقان بىر قات توپا ئۆرلەپ تۇرغان پالازنى كۆرسىتىپ، — بالىلارنىڭ ئانىسى دادۇيدىكى يىغىنغا كەتتى. مەن ئۆزەم دادۇينىڭ جۇۋىنىنى ھەيدەيمەن، قىزىمغا تۇمۇ تېگىپ قېلىپ... مەن چاي قىلاي، زاغرا بولسىمۇ...

— ئاۋارە بولمىسىلا، بىز ئالدىراپمىز... — دېدى ھېكمەت ئۆزرە ئېيتىپ، — يەنە بارىدىغان بىر نەچچە ئۆيلەر بار.

— سېلىماخۇن ئاكا، — دېدى مەمتىلى گەپنى ئەگىتمەي، — مەتنىيازنى مەكتەپكە ئەۋەتمىدىلە، شۇڭا كېلىۋېدۇق.

— ئەمدى، — سېلىماخۇن ئۇزۇن جىمىپ كەتتى، — ئۆزلىرىدىن ئاۋى قىلمايمىز... تۆت بالا بىر بوتقاندا ياتىدۇ دېسىلە، ئۇنى مەتنىياز ئېلىپ كەتسە... بۇ قىش - قىراۋلاردا نەمىلەك تارتىپ قالىدىكەنمىز...

— ئەمدى، بىر ئۆي بولغاندىن كېيىن، بىر ئامالنى قىلمامىلا...

— نېمەككە ئاسان مۇئەللىم، غۇي - غۇي ئەتكەن، غۇي - غۇي ئەتكەن، بىر خام ئەتكەن دېگەندەك: خۇدانىڭ ئاق تېگى ئاتقان كۈنى ئانىكۈم - مۇنىكۈم بولۇپ ئىشلەيمىز - ئىشلەيمىز... يا قورساق تويۇپ

ئۆتكەننى بىلمەيمىز... يا ئۈچىمىزغا بىرەر خام كېپەنلىك چىققىنى يوق. خۇداغا چۈمپۈتسىلە، مەزلۇمنىڭ بىرلا ماتا كۆڭلىكى بار، ھېيتلىقىمۇ شۇ، مېھمانلىقىمۇ شۇ، ئۆي ئىچىدىمۇ شۇ... يوقسىزلىقنىڭ دەردىنى تارتقان ئادەم بىلىدۇ.

— ئەمىسە، سىلىماخۇن ئاكا، — دېدى مەتىلى ئىلاجسىز، — مەن مۇدىرغا دەپ بىر يوتقان ھەل قىلدۇرۇپ بېرەي. ئۇنىڭغىچە، مەتنىيازنى باشقا بالىلارنىڭ قوينىغا سېلىپ قوياي...

— دادا، — دېدى ئۇمىچىنى ئېچىپ بولغان بالا تاۋۇقىنى دادىسىغا تەڭلەپ...

ھېكمەتنىڭ بالىغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. بالا ياغاچ قوشۇقنى، تاۋاقنىڭ قىرلىرىنى تىلى بىلەن پاكىزە يالىغاندىن كېيىن، بىگىز بارمىقىدا قاچا ئىچىدىكى ئۇماچنىڭ يۇقىنى سىيرىپ، بارمىقىنى شورىدى...

مەتىلى بىلەن ھېكمەت شۇ كۈنى تۆت بالىنى تەستە يىغىپ مەكتەپكە يولغا سېلىۋېتىپ، ئۆزلىرى بوۋاي قەمبەر باشلانغۇچ مەكتىپىگە كىردى. ئۇلار قىزىققىنا چاي قاينىتىپ ئىچىپ، مۇئەللىملەرنىڭ ياردىمىدە بىرەر قونىدىغان جاي تېپىش ئويىدا ئىدى.

بوۋاي قەمبەر مەكتىپىنىڭ ئالدىدا چوڭ بىر ئۆستەڭ بولۇپ، كۆۋرۈكنىڭ ئىككى يېنىدا سۇ ئېلىش ئۈچۈن ياسالغان تاش پەلەمپەيلەردە مۇز توڭلاپ كەتكەنىدى، يېشىل سىرلانغان قوش قاناتلىق دەرۋازا ۋە رەشانكىلار مەكتەپكە خېلىلا سىن كىرگۈزۈپ تۇراتتى. كەڭ ھويلىنىڭ سول تەرىپىدىكى كۆتۈرۈلۈپ سېلىنغان بىر قاتار ئۆيلەر بەلكىم سىنىپلار بولسا كېرەك، دېرىزىلىرىگە خوتەن قەغىزى چاپلانغانىدى. دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدىكى پاكار ئەمما ئاقارتىلمىغان بىر يۈرۈش ئۆيلەردە ئائىلىلىك مۇئەللىملەر ئولتۇراتتى، بىر ئېغىزلىقلىرى بولسا ئىشخانا، مەتۇلات ئامبارلىرى ئىدى.

مەتىلى ئۇدۇل كەلگەن بىر ئىشىكنى چەكتى. ئىچكىرىدىن «ئىجازەت» دېگەن زىل ھەم يېقىملىق بىر ئاۋاز كەلدى. ھېكمەت

«ئىجازەت» سۆزىنى ئاڭلاپ، بەلكىم بۇ ناماز ئۈستىدىكى بۇۋىم بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى. ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە، ئاق داستىخان يېپىلغان ئۈستەلدە كىتاب كۆرۈۋاتقان بىر قىز لەپپىدە قارىدى. ئۇ، قىزىل چۈچىلىق پەلكۈچنى كىتاب ئارىسىغا قىستۇرغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى.

قىزنىڭ خۇشپىچىم سىياقى، سىياھدەك قاپقارا كۆزلىرى، ئۇقادەك ئاپئاق بىجىرىم يۈزى، سەل يىمىرىلگەن قاشلىرى سالاپەت ۋە لاتاپەتتىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئاستىدىكى سۇس كۆكۈچ سايە، مەڭزىدىكى ۋە جىنەستىدەك لەۋلىرىدىكى ھالرەڭ رەڭلەر تەبىئىيكى، ئاللا ئۇنىڭغا بەرگەن ھىممەت ئىدى.

— خۇش كېلىشتىپتىلا؟ — دېدى قىز ئەدەب بىلەن سەل ئېگىلىپ، — ھەر قايسىلىرى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغۇ دەيمەن؟

— بىز ئوقۇغۇچى يىغقىلى چىققان، — دېدى مەمتىلى قىزنىڭ سىياقىدىن ئەيمىنىپ، — مەكتەپكە قايتىپ كىرىپ كېتەلمىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە...

— ئوقتۇم...

— مەكتەپلەرنىڭ باش مۇئەللىمىگە دەپ باقسىڭىز...

— مەن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسام بولامدۇ؟ — دېدى قىز يېنىككىنە تەبەسسۇم بىلەن، — ھەر قايسىلىرى ھېرىپ-چارچىغانلا، مېنىڭ تەييار كېسەكلىك خىمىرىم بار، سۈيۇقئاش ئېتىپ بېرەي، ھاردۇقلىرى چىقسۇن...

قىز سېۋەتتىكى ئاق چامغۇرنى بىردەمدىلا ئاقلاپ تەييارلىدى، چىنىگە تۇخۇم چاقتى، ئاندىن مەشكە قازاننى ئاستى. قىزنىڭ يېنىك ھەمئەپچىل ھەرىكەتلىرىگە ھېكمەتنىڭ زوقى كەلدى. ئۇ ئۈستەلگە تىكىلىپ قويغان كىتابلارنى كۆرگىنىدە، ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇردى.

— كەچۈرۈڭ! كىتابلىرىڭىزنى كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟ — دېدى ھېكمەت قازانغا ماي قۇيۇۋاتقان قىزغا قاراپ.

— كۆرسىلە...

— رەھمەت.

ھېكمەت كىتابلارنى بىر — بىرلەپ كۆرۈپ چىقتى. ئۇ «داخۇندا»، «قۇتلۇق قان»، «پولات ۋە گۈللەر»، «مېھراپتىن چايان»، «ئوشۇتقۇچى»، «ئالتۇن يۇلتۇز» قاتارلىق ئاسانلىقچە تېپىلمايدىغان ئەتىۋارلىق كىتابلارنى كۆرگىنىدە، قىزغا ئوغرىلىقچە يەنە بىر قاراپ قويدى. ئەمما ئۇ، پورەڭ كۆن مۇقاۋىسى ئالتۇن ھەل بىلەن ھەيۋەتلىك نەقىشلەنگەن، ھەل گەرچە سەل ئۆچكەن بولسىمۇ، مۇقاۋا ئوتتۇرىسىدىكى قوببە شەكىللىك قاپارتما نەقىشلەر ئۆز شەكلىنى ساقلاپ قالغان قورئان يېزىقىدىكى بىر كىتابنى قولىغا ئېلىپ، ئۇزۇن قاراپ كەتتى، ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە، قىزنىڭ ئوقۇۋاتقان كىتابى مۇشۇ ئىدى.

— بۇ كىتابنىمۇ سىز ئوقۇمسىز؟ — سورىدى ھېكمەت ھەيران بولۇپ.

— خوش! بۇ ھەزرىتى مىرئەلىشىر نەۋائىنىڭ «خەمسە»سى.

ھېكمەت قىزغا ھۆرمەت ۋە ئىپتىخار بىلەن قارىدى، ئۇنىڭ كۆڭلىدىن «بۇ پەرىشتە كامىلىنىڭ جورىسىكەندە. . .» دېگەن خىيال لىپ قىلىپ ئۆتتى.

تاماق تەييار بولدى. قىز ئۇلارنى ئۈستەلگە تەكلىپ قىلدى. ھېكمەت ئاق چامغۇر سېلىنغان ئۆگرىنىڭ مەززىلىك ھىدى دىمىقىغا ئۇرۇلۇشى بىلەن، قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ چوڭ چىنىدىكى ئاشنى ئاستا يۇۋۇلەپ ئىچىشكە باشلىدى. لېكىن، مەمتىلى ئىبراھىم ئاشنى كورىمۇ ياكى جاۋۇرمۇ ئىش قىلىپ، يوغانراق بىر قاچىغا سۇيىنى كۆپرەك قىلىپ قۇيۇپ بېرىشنى ئېيتتى. قىز ئۈندىمەستىن، خېمىر يۇغۇرىدىغان كىچىكرەك بىر داسقا ئىككىلىك يېرىم سۇيۇقئاشنى ئۇسۇپ ئېلىپ كەلدى. مەمتىلى سومكىدىن ئىككى ئاق نان بىلەن بىر زاغرىنى ئېلىپ ئاشقا چىلىدى، يۇمشاق نان بىردەمدىلا سۇيۇقئاشنىڭ سۇيىنى تارتىپ، بىر داس نان قايناققا ئايلاندى. ھېكمەت نومۇس قىلغىنىدىن قىزغا قارىيالمىدى. ئۇ، قىشلىق تەتىلدە ئامانىللا قوربانىنىڭ ئۆيىدىكى ئولتۇرۇشتا، تاماق ئۈستىدە گەپ بولۇنتاندا، مەمتىمىن سابىر دېگەن

يىگىتنىڭ قىزىقچىلىق قىلىپ توقىغان مۇنۇ سۆزلىرىنى ئەسلىدى:

تاماقنىڭ ئەسكىسى نانتەك①،
تاياقنىڭ ئەسكىسى كالتەك.
چاقنىڭ ئەسكىسى غالتەك،
ئادەمنىڭ ئەسكىسى دالتەك.

ئوقۇتقۇچىلار كۈزدە جاڭگالغا ئوتۇن كەسكىلى كىرىپ قايتىپ چىققاندا، مۇراتنىڭ مەمتىلىنى مەسخىرىلەپ، «ئىككى قوغۇن، ئەللىك ياڭاق، تۆت نان، ئۈچ تاۋاق قېتىق، بىر نوگاي سۇ ئىچكەن ئەمەر مەدىكىراپ» دېگىنىگە ھېكمەت راستىنلا ئىشەندى. بۇ چاغدا، قىز مەمتىلىنىڭ ئاغزىدىكى لوقمىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئالىيىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ سەسكەندىمۇ - قانداق، تالاغا چىقىپ كەتتى. ئۇ، ھايال ئۆتمەيلا، ئوتتۇرا ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بىر مۇئەللىمنى باشلاپ كىردى.

— ئاۋۇت نىياز مۇئەللىم، — دېدى قىز سىپايىلىق بىلەن، — ئۆزلىرى ئىشخانىدىكى كارىۋاتنى سۈپۈرۈپ - تازىلاپ، بۇ مېھمانلارغا تەييار قىلىپ بەرگەن بولسىلا! مانا بۇلارنى ئالسىلا، — قىز بىر گەدىيال بىلەن ياستۇقنى مۇئەللىمگە بەردى.

— بەرمىسىلىمۇ بولاتتى، مەن ئۆيدىن ئېلىپ چىقاتتىم ئەمەسمۇ! — دېدى مۇئەللىم قىزغا.

— ھېچقىسى يوق، كېچىدە سوغۇق بولىدۇ، ھە راست، مەشكە ئوت قالاپ، مەدەكمۇ ئەكىرىپ قويسىلا.

— سىز مۇشۇ يەرلىكمۇ؟ — سورىدى ھېكمەت تارتىنىپراق، — ئەجەب مەكتەپتە ياتاقتا تۇرىدىكەنسىز...

— يوقسۇ، مەن ئامۇتلۇق كەنتىدىن.

---

① ناتقايناق دېگەن مەنىدە. ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىئالېكتىغا تەۋە ئاتالغۇ.

ئادەتتە قىز گەپ سورىغىچە گەپ قىلمايتتى، قىلغاندىمۇ قىيا قايرىلاتتىيۇ، ئادەم يۈزىگە تىكىلىپ قارىمايتتى، ئەمما، گۈزەل رۇخسارىدا بىر ئىللىق تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇراتتى.

ئاۋۇت نىياز مۇئەللىم كىرىپ ھېكمەت بىلەن مەمتىلىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. ئىشخانا بىركۈن كەچكىچە ئوت قالانغاچقىمۇ ئىسسىق ئىدى، شۇنداقتىمۇ مەشكە قايتىدىن ئوت قالانغانىدى.

— تاغاردا مەدەك ئەكىرىپ قويدۇم، ياتىدىغان چاغلىرىدا مەشكە جىقراق سېلىپ قويالا، — دېدى ئاۋۇت نىياز بۇرنىنى سۈرتۈپ قويۇپ، — بولمىسا ئىشخانا مۇزلاپ كېتىدۇ.

— باش مۇئەللىمىڭلار مەكتەپتە تۇرمامدۇ؟ — دېدى ھېكمەت پالمشوپكىسىنى سېلىۋېتىپ، — ئائىلىسى باشقا كەنتتىمۇ؟

— نېمە؟ تېخى بىلمىدىلىمۇ؟ باش مۇئەللىمىمىز ئاشۇ نەفىسە خانىم ئەمەسمۇ!...

— ھەي ئەخمەق، — دېدى مەمتىلى كارتىنىدە كىكىرىپ، — بىزنى كىم ئورۇنلاشتۇرغان بولسا شۇ بولمامدۇ!...

— ئاشۇ كىچىككىنە قىزمۇ؟ — ھەيران بولغىنىدىن ھېكمەتنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— كونىلار ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن، — دېدى ئاۋۇت نىياز پەخىرلەنگەن ھالدا، — نەفىسە خانىم 19 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، بىز ھەممىمىز ئۇنىڭدىن ئەيمىنىمىز... ھەتتا دېھقانلارمۇ ئۇنىڭ تۈسىنى قىلىدۇ. شۇڭا، بىزنىڭ مەكتەپتە بالا قوغلايدىغان ئىش يوق دېگۈدەك.

ئاۋۇت نىياز چىقىپ كەتتى. مەمتىلىنىڭ بېشى ياستۇققا تېگە - تەگمەيلا، ئۆگزىنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك خورەك تارتىپ، ئۇيقۇنى باشلىدى. ھېكمەت مەشكە ئالقانلاپ مەدەك سېلىپ، بەلدىڭدە ئولتۇراتتى. ئۇلار كىرگەن ئائىلىلەردىكى دەپ ئېيتقۇسىز نامراتچىلىق، نامراتچىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان مەينەتچىلىك، نادانلىق، جاھىللىق، قاششاقلىق كۆز ئالدىدىن زادىلا كەتمەيتتى. لېكىن ئۇلار ناھايىتى مېھماندوست، قولى ئوچۇق،

دىلكەش ئادەملەر ئىدى، مېھمان ئۈچۈن ئۆزلىرى ئاچ قالسىمۇ مەيلى ئىدى، روزىغارىدىكى ھەممىنى ئايىمايتتى. ئاغرىق - سىلاق، ھېيت - ئايەملەر ئۈچۈن قىسىپ ساقلاپ كەلگەن بىر چىنە ئاق ئۇن ياكى گۇرۇچلىرىنى ئالدى - ئارقىسىغا قارىماي چىقىرىپ، ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلاتتى. مېھمان قايتىدىغان چاغدا، ئۈچۈملاپ گۈلە - قاقلارنى يانچۇقىغا تۆكۈپ بېرەتتى ياكى «باللارغا ئالغاچ بارالا! » دەپ، بىر نەچچە ئانار ياكى بېھىنى تەڭلەپ تۇرۇۋالاتتى. ئەڭ بولمىغاندا، بىرەر كاۋىنى قولتۇقلىتىپ قوياتتى. توۋا، ئادەم نامرات بولغانسېرى، دۇنيا مەئىشەتلىرىنى كۆزىگە ئىلمامدۇ - نېمە؟ كۆكسى - قارنى كەڭ، سېخى، قولى ئۇچۇق بولۇپ كېتىدىكەن. بايلار بىر مېلى ئىككى بولغانسېرى، تاش بېغىر، كاززاپ، ساختىپەز، تاش يالايدىغان پىخسىقلارغا ئايلىنىدىكەن. . .

ھېكمەت سىلىماخۇن ئاكىنىڭ «ئىشلەيمىز، ئىشلەيمىز، يا تويۇپ ئۆتكەننى بىلمەيمىز، يا ئۈچمىزغا بىرەر خام كېپەنلىك چىققىنى يوق» دېگەن سۆزى ئېسىگە كەلگەندە، ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى. توغرا، خوتەن دېھقانلىرى يۇۋاش، مۆمىن، ئىستائەتچان، ھەممىگە شۈكرى - قانائەت قىلىدىغان، دىلى مىسكىن ئادەملەرئىدى. ھېچقانداق ئىشنىڭ تېگىگە يەتمەي، «نېمە ئۈچۈن؟» دېمەي، كالىدەك ئىشلەشنىلا بىلەتتى. خۇددى ئورماندىكى مايمۇنلار تۇۋى يوق سېۋەتكە تۆكۈلگەن مېۋىلەرنى تېرىۋېرىپ، ئورمانچى «ھايت! » دەپ قويغان ھامان، قۇرۇق سېۋەتنى ئېلىپ قاچقىنىدەك، بىر يىل جاپالىق ئىشلىگەن ئەجرىنى كۆز كەلگەندە ھېسابلاشسا، «دۆلەت ۋەزىپىسى، يەر ھەققى، سۇ پۇلى، مائارىپقا ياردەم، دەريا - ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى، يول ياساش» دېگەندەك تۈگىمەس - پۈتمەس ئالۋاڭ - ياساقلار تۆپەيلىدىن، ئۆزلىرىگە قۇرۇق سېۋەت قالاتتى. دېھقان دېگەن قۇرۇق قاقشال خەزىنە ئىكەن، يونىغانسېرى، ئۇلارنىڭ قان — تەرلىرى تىللا بولۇپ تۆكۈلىۋېرىدىكەن. ئەمما ئۆزلىرى نام - نىشانسىز، تىنچ - تىۋىشسىز، غەلۋە - غۇدۇرسىز بۇ دۇنيادىن كېتىدىكەن، ئۇنتۇلىدىكەن. . . ئۇلارنى ھېچكىم ئەسلىرىگە

ئېلىپ، ياد ئېتىپمۇ قويمايدىكەن. . .

ئۈچ كۈن كەنت ئارىلاپ يۈرۈپ ئوقۇغۇچى يىغقان مەمتىلى بىلەن ھېكمەت كېچىلەپ مەكتەپكە قايتىپ كىردى. ئەتىسى ئەتىگەن ئىككى سائەت كەسپىي ئۆگىنىش ۋاقتى ئىدى، ھەر بىر ئوقۇتۇش گۇرۇپپىلىرى ئۆز ئالدىغا كەسپىي ماتېرىياللارنى ئۆگىنىش، دەرس تەستىقلاشنى ئېلىپ باراتتى. شۇڭا، ھېكمەت كامىل بىلەن بىرلىكتە دەرس تەييارلىقى قىلدى. ئەتىسى، ئۇلارتولۇق تەييارلىق بىلەن، تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسى بۆلۈمىگە كىردى. گۇرۇپپا باشلىقى توختى قۇربان، پاتەم، گۈلزىبا خانىملار ۋە مۇرات، كامىل، ھېكمەتلەر ئۆز جايلىرىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. دەسلەپ توختى قۇربان 3 - يىللىق ئىككى سىنىپنىڭ ئەدەبىيات دەرسىنىڭ تەييارلىقىنى ئوقۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، ھەممەيلەن بىردەك تەييارلىقىنىڭ ياخشى بولغانلىقىنى ئېيتىپ تەستىقلاشتى. ئارقىدىن، مەرھابا خانىم 3 - يىللىق ئىككى سىنىپ، 2 - يىللىق بىر سىنىپنىڭ قوش تەييارلىقىنىئوتتۇرىغا قويدى. ئاخىرىدا، ھېكمەت سوۋېت ئۇيغۇر يازغۇچىسى ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ «ئېغىر كۈنلەردە» دېگەن ھېكايىسىنىڭ تەييارلانغان دەرس كونسپېكتىنى ئوقۇدى. توختى قۇربان ھېكمەتنىڭ تەييارلىقىنىڭ ھەر تەرەپتىن پۇختا، مۇكەممەل بولغانلىقىنى ماختاپ، «ئۆتۈلسە بولىدۇ» دەپ تەستىق سېلىپ بەردى.

— ھېكمەت، — دېدى توختى قۇربان، — ئەسلىدە سىز رەسسام ئەمەس، يازغۇچى بولسىڭىز بوپتىكەن. دەرس تەييارلىقىڭىز پۈتۈنلەي لىرىك ھېسسىيات بىلەن تولغان. قانداق دېدىم؟

— توغرا، — دېدى پاتەم خانىم، — مەنمۇ ناھايىتى دىققەت قىلدىم. بولۇپمۇ ھېكايىنى ئوقۇش ئىنتوناتسىيىسى بەك ياخشىكەن.

خىجىللىق ئىلكىدە قالغان ھېكمەت گۈلزىبانىڭ ئۆزىگە كۈلۈپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ قىزىرىپ كەتتى، ئەمما بۇنى ھېچكىم سەزمىدى. ۋاقىتمۇ توشۇپ قالغانىدى، توختى قۇربان: «بۇندىن كېيىن، ئاساسلىق، مۇھىم دەپ قارالغان دەرس تېكىستى تەييارلىقلىرىنى كامىلغا ئوخشاش شاپىگىرافتا بېسىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئالدىن تارقىتىش ئۇسۇلىنى

ئادەتكە ئايلاندۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىملىقىنى تەكىتلىدى.

ھېكمەت چۈشتىن كېيىنكى ئىككى سائەتلىك دەرسنى ئۆتۈپ بولۇپ ياتاققا قايتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇچملىك يولدا، پەرمانشا مۇدىر ئۇنى چاقىردى:

— قارا ھېكمەت، مۇراتقىمۇ دەپ قوي! كەچتە ئىككىڭلارنى تاماشاغا ئاپىرىمەن، — دېدى مۇدىر ھىجىيىپ، — سەن قاتلىماڭنى، مۇرات دۇتارنى ئېلىۋېلىڭلار، ئىچىمىزدە گەنجى بولۇپ كەتكەن ھۈنەرنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىمىز. . .

ھېكمەت ياتاققا كىرگەندە، كامىل پۈتۈن زېھنى بىلەن بىر نەرسە يېزىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ كىرگىنىنىمۇ تۇيمىدى. ئۈستەل ئۈستىدە، يېزىلىپ بولغان قول يازمىلار ۋە سىلاۋيان يېزىقىدىكى كونىراپ كەتكەن بىر كىتابمۇ بار ئىدى. ھېكمەت قول يازمىغا بىرلا قاراپ كامىلنىڭ «باشسىز ھەيكەل» نى ئۆزبېكچىدىن تەرجىمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى.

— ئەمدى باشلىدۇقمۇ؟ — دېدى ھېكمەت قول يازمىنى ئوقۇغاچ، — بۇ بەلەن بوپتۇ.

— تەتىلدە ئازراق باشلاپ قويغان.

ھېكمەت پەرمانشا مۇدىرنىڭ مۇرات ئىككىسىنى كەچتە «تاماشا» غا ئاپارماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، كامىلنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى. ئەسلىدە، سودا سارىيى، پوچتىخانا، ئاشلىق پونكىتى، باجخانا، دوختۇرخانا، باشقۇرۇش رايونى قاتارلىق ئىدارە - جەمئىيەت باشلىقلىرىنىڭ ئوينايدىغان قاتار چېيى ھەپتە - ئون كۈندە بىر ئايلىنىپ تۇراتتى. مۇدىرنىڭ ھېكمەت بىلەن مۇراتنى ئۇ يەرگە ئاپىرىشى كوزۇر كۆرسىتىپ، ئۆزىنى تونۇتۇش ئۈچۈن ئىدى.

— قارىسىلا، ئۇلار بىر توپ ساراڭلار. . . — دېدى كامىل قەلەمنى قويۇپ، — ھەر بىر ئولتۇرۇش، مەشرەپ، چاي دېگەن سورۇنلارنى تۈزۈشىمىز، دوستلار بىلەن دىدارلىشىش، ھەمسۆھبەتتە بولۇش، مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ناخشا - مۇزىكىلىرىدىن بەھرە ئېلىپ،

ئەجدادلىرىمىزنى ياد ئېتىش، روھىي جەھەتتىن ئۆزىمىزنىڭ ئامرات ئەمەسلىكىنى تونۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەمما ئۇلار، يەپ - ئىچىش، بۇزۇپ - چېچىش، بىر - بىرىنى سۇندۇرۇش، مەنسەپلىرىنى پەش قىلىش، شەھۋانىي ھەزىللىرىدىن مەززە ئېلىشنى مەزمۇن قىلىدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ تاماشا سورۇنى.

— ئەمىسە بارمىسام بولغۇدەك. . .

— يوقسۇ، بارمىسىلا بولامدۇ؟ بارسىلا! — دېدى كامىل جىددىي قىياپەتتە، — ئۇلارنىڭ تۇرمۇش پەلسەپىسىنى كۆرۈپ، بىلمەي قويغاننىڭ زىيىنى يوق.

كۈن ئولتۇرۇشى بىلەن پەرمانشا ھېكمەت بىلەن مۇراتنى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى. ئۇلار بوستان بازىرىنىڭ ئاياغ ئۇچىدىكى ئاشلىق پونكىتىنىڭ باشلىقى سەمەندەر زەنجاڭنىڭ بىرتوپ ياڭاق قەد كېرىپ تۇرغان ھويلىسىغا كىرىشتى. ئايال ساھىبخان مېھمانلارنى قەپەز ئايۋانغا باشلىدى. قەپەز ئايۋانلىق سارايلارنى قول - ئىلكىدە بار ئادەتتىكى بايلارمۇ سالالمايتتى. ئۈستى يېپىلغان ئايلانما پەنجىرىنىڭ ئەينەكلىرىدىن چۈشكەن نۇر تۆت چاسا ئايۋاننى يورۇتۇپ تۇراتتى. گۈللۈك قىيما تۈۋرۈكلەر ئورنىتىلغان سۇپىلارغا باش قوناق، كەنجى غوزىلار يېيىۋېتىلگەنىدى. ئايۋاننىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۆيلەرگە كوزاگۈل چۈشۈرۈلگەن دۇمباق ئىشىك ئورنىتىلغان بولۇپ، ھەربىر يۈرۈشى ئىچكىرى - تاشقىرى بىر نەچچە ئۆيلەرگە ئايرىلاتتى.

ئۇلار سول تەرەپتىكى قىقاس — چۈقان كۆتۈرۈلۈۋاتقان مېھمانخانىغا كىرىشتى. قاتمۇ قات گىلەملەر ئۈستىگە سېلىنغان تاۋار كۆرپىلەردىن ئورۇن ئالغان مېھمانلار ئۇ يەردە خۇددى ئۇن قاچىلانغان خالتىدەك ئاپئاق كېرىلىپ، تام زەدىۋىلىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشاتتى. داستىخان تاختۇشتا پۈتۈن بىر قوينىڭ تونۇر كاۋىپى تۇراتتى. كاۋاپقا ئون نەچچە پىچاق سانجىلغان بولۇپ، كىم كۆڭلى قەيەرنى تارتسا، شۇ يەرنى ئويۇپ يەيتتى. بۇندىن باشقا، گۆش گىردە، سامسا، زىخ كاۋاپ، پاقلان گۆشى، پەرمۇدىلەر داستىخاننى بىر ئالغانىدى.

سورۇندا بىر ئادەم رو چۆگۈندىن پىيالىلەرگە هاراق قويۇپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ ساقىيلىق قىلىۋاتاتتى. بۇقا گەدەن، ئىككى مۇرىسى پەس، چوقچىسى تار، ئېڭەكلىرى كەڭ بۇ ئادەم بىرىنچى باشقۇرۇش رايوننىڭ سەركىسى مەتتوختى شوجى ئىدى. ئۇ توغرىسىغا سەمرىپ كەتكەنلىكىدىن، ئۇنى كىشىلەر «شامال ساندۇقى» دەپ قويۇشاتتى.

— هە، پەرمانشا ئاداش، كىچىكىپ قالدۇقىيا؟— دېدى مەتتوختى ياسىما ئاچچىقلاپ،— جەرىمانىسىغا هۆرۈ - پۆرۈ يوقتۇ؟...

— ئۇچىدا كەلسە بىر چارەك،— دېدى پەرمانشا ئولتۇرۇۋېتىپ،— نېم قوق؟ تاز بولساڭ گەدەنگىچە بول دەپتىكەن...

— قېنى ئەمىسە، بۇنى ئىچىپ بىر مەست بولاپ بەرسىلە،— ئۈچ پىيالە هاراق پەتنۇس بىلەن مۇدىرغا تەگلەندى،— بۇنى كۆڭۈل ئېيتىشقا بولمايدۇ... تېخى كېلىشلىرى ساي...

مەتتوختى بوستان بازىرىدا «مەن، مەن» دەپ يۈرگەن نوچىلاردىن ئىدى. ئۇ قەهرىمۇ، زەهىرىمۇ بار ئادەم بولغاچقا، هەممە ئۇنىڭدىن چۆچۈيتتى، بۇنداق سورۇنلاردا ئۇنىڭ گېپىنى ئىلىك ئالماي هېچكىم قۇتۇلالمايتتى. شۇڭا، پەرمانشا ئۈچ پىيالە هاراقنى ئارقا - ئارقىدىن كۆتۈردى - دە، ئايۋانغا يۈگۈردى.

— ها... ها... ها...— كۈلدى مەتتوختى، ئۇنىڭغا باشقىلارمۇ قوشۇلدى،— مۇشۇ زاماندا خوتۇن كىشى مىجەز ئەرلەر نېمانچە كۆپىيىپ كەتتى دەيمەن؟ يا ئەپەندى دېگەن شۇنداق بولامدۇ؟...

— ئۆتكەندە، توشۇجى خالىق كاتىپقا ئەپەندى دېگەن «ئېشەك قۇيرۇقى» دېگەن سۆز دەۋاتاتتى، قى... قى... قى...

مال نەسىللەندۈرۈش پونكىتىنىڭ باشلىقى مەتمۇسانىڭ بۇ سۆزى هەممىنى كۈلدۈرۈۋەتتى. خۇددى ئېچىلغان ئاداپنى تولا ئىچىپ، مەزگىلسىز سەمرىپ كەتكەن چوشقا كۆچىكىدەك دوپ - دومىلاق، مەڭىز گۆشلىرى بولۇپ كەتكەن خېمىردەك سالپايغان، تېرىنىڭ يىرتىقىدەك كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرى قىزىرىپ تۇرىدىغان مەتمۇسا خالىق كاتىپنىڭ

ئىككى تۇغقان ئاكىسى ئىدى. ئەمما مەتمۇسا ئۆزىگە ئەمەلدارلىق تاجىسىنى كىيگۈزۈپ قويغان خالىقنى ئۇلۇغلاپ «ئاكا» دەپ ئاتايتتى.

— مەنچە، مادا ئىشەكنىڭ قۇيرۇقىمىكىن دەيمەن، قى... قى... قى، — مەتمۇسا يەنە قىرقىراپ - چىرقىراپ كۈلدى، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلدى.

— توختىسىلا، — دېدى مۇرات ئاچچىقىدا، — سىلى تۇ شۇجىنىڭ «ئەركەك ھايۋانلارنىڭ بىر ئېمىسى بىلەن تولا ھەپىلەشكەن ئادەم كۆيلەپ قالغان مىكىجىنىدەك چىرقىرايدىغان بولۇپ قالىدۇ» دېگەن سۆزىنى تېخى ئاڭلىمىغان چاغلىرىۋا. . .

ئۆينىڭ ئىچىنى قىقاس - چۇقان قاپلىدى، مەتمۇسا ئۆڭگەندى، مەتتوختى ۋارقىرىدى:

— نېمە چىچاڭشىيسەن ئاداش؟ مېتەۋىنى ئۆزەڭ قىلىسەن، باشقىلار قىلسا توم كەلدىما؟

پەرمانشا قايتىپ كىرىپ ئۆز جايىدا ئولتۇردى. مەتتوختى تونۇر كاۋىپىدىن يوغان بىر پارچىنى كېسىپ، پەگادا ئولتۇرغان مۇرات بىلەن ھېكمەتنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى. ئاندىن، ئىككى پىيالە ھاراقنى ئىككىسىگە تەڭلىدى. ئادەت بويىچە، بىر پەتنۇستا ئۈچ پىيالە ھاراق كېلەتتى. قوبۇل قىلغان ئادەمنىڭ قولى ئوچۇق، داستىخىنى كەڭرى، مەرت بولسا، باشقىلار بىردىن - بىردىن ئالاتتى - دە، ھەتتا ئۆزىگىمۇ قالمايتتى، ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇششاق سۆز، ئارقىدىن غەيۋەت قىلىدىغان، سىقىپ يالايدىغان ئادەم بولسا، بەزىلىرى «مەن بولاپ قالدىمىيا!» دېسە، يەنە بەزىلىرى «ھېلىلا ئىچتىمىيا؟» دەپ رەت قىلاتتى-دە، ئۈچ پىيالە ھاراقنى ئۆزى ئىچىشكە مەجبۇر بولاتتى. گۇپلا قىلىپ يىقىلغان ھامان، ئۇنى كۆتە - كۆتە، قىلىپ قازناقفا ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قوياتتى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «سورۇن تازىلاش» ئىدى.

— ئاغىنىلەر، گەپ بىلەن بولۇپ، كەيپىمىزما قاچتى جۇما، — مەتتوختى ئوتتۇرىدا دۇتار تۇتۇپ ئولتۇرغان ئايالغا ۋارقىرىدى، — ھەي جالىپەي،

چالمامسەن دەيمەن ئاۋۇ بىر نېمەڭنى! چىڭ سىقىمداپ ئۆلتۈرىدىكەنسەن.

باياتىن بىرى كەلگەن ھاراقنىڭ قايتۇرماي، تاماكىسىنى ئۇزمەي چېكىپ ئولتۇرغان بۇ ئايالغا ھېكمەت ھەيران قالغانىدى. ئۇ قىرىقلاردىن ئېشىپ قالغان ئايال ئىدى، قېرىشقا بولۇشقا قويغان ئۇسىسى، يۇزىگە قىلغان پەدىزى ئۇنى سومباتلىق كۆرسىتىپ تۇراتتى. بىراق ئېچكىدىن ساڭگىلاپ تۇرغان قارا ئۇزۇمدەك مېڭى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى خىرە قىلاتتى.

— چالساق چالدۇق سىكىلتاي①، ئۆزلىرىدىن ئايلانسۇن.

ئايال دۇتارنى چېلىش بىلەن تەڭ ناخشىنى باشلىۋەتتى:

ئېگىز ئۆگزەڭدىن سەكلىسەم،
سەكلىگىنىمنى تۇيمادىڭ.
قوش قاناتلىق داۋزاڭنى،
چېكىۋەتسەم بىلمەدىڭ. . .

— ۋاي خېنىمەي، — دېدى مەتمۇسا تىللىرى كالۋالىشىپ، — «قوش قاناتلىق داۋزاڭنى چېكىۋەتسەم بىلمەدىڭ» دېگۈچە، «گۆش قاناتلىق داۋزاڭنى بۇسۇۋەتسەم بىلمەدىڭ» دېسەڭ بولمامدا؟ . . . قى. . . قى. . . قى. . .

— «گۆش قاناتلىق» دەيدىغان ئۇ چوشقىنىڭ داۋزا قۇلىقى ئەمەس، — دېدى دۇتارچى ئايال دەرھاللا، — نېمانداق لاۋزا ئادەم بۇ! گەپ قىلمىسا، داپتىكى پۇرچاقتەك سەكلەۋېرىدىيا؟ . . . ھېزى بولسىلا دەيمەن، دۇتارنىڭ دەستىسى ئارقىلىرىغا قاراپ قالدى. . .

ئۆيىنىڭ ئىچىدە كۈلكە بىر ھازاغىچە بېسىقمىدى.

— ئۇنىڭ ئۇستىگە، مىكىجىنىڭ داۋزا قۇلىقى دېسىلە، — دېدى كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكەن مەتتوختى، — . . . دۇتارنىڭ دەستىسى

① سېكىرتار دېمەكچى.

قاراپ قاپتۇ... ھا... ھا... ھا... يا، يا، شە ئاتلاپ كەلگەنگە چۈشلۈك سورۇننى قىزىتتى، يارايدىكەنلا...

سورۇن ھاياسىز چاقچاق، ئىچىشمەكلىك بىلەن ئەۋجىگە چىقماقتا ئىدى. ئاق قوناق ھارىقى گوياكى ئازمىغا چۈشكەن قىيان سۇدەك گاللارغا قۇيۇلۇپ، تونۇر كاۋىپى، پاقلان گۆشلىرى ئۆتكۈر چىشلار ئارىسىدا چاينالماقتا... بەزىلەر يېڭىلا قاسقاندىن ئېلىنغان پېتىر مانتىنىڭ شورپىلىق قىيمىسىنى شوپۇلاپ، جىلتىسىنى تاختۇشقا پىرقىرىتىپ ئاتسا، ئۆزى تويسىمۇ كۆزى تويمايۋاتقان مەتمۇساغا ئوخشاشلار گۆش گىردىنى ماكلاپ، ھۆلىنى داستىخانغا دۈۋىلەپ قويغانىدى. بەزىلەر، تونۇر كاۋىپىنىڭ يېتىم قوۋۇرغىسى يۇمشاق ئىكەن، ئارقا تاڭ بولمايدىكەن دېسە، يەنە بەزىلەر، «دەندانىڭ گۆشى ئەرگە ئوزۇق، بوينۇڭنى تىكلەپ قىلىدۇ قوزۇق» دېگەندەك تېتىقسىز ھەزىللەرنى قىلىشاتتى. قىسقىسى، ئۇنى چىشلەپ، بۇنى تاشلاپ، ئۇنى ئېلىپ، بۇنى قويۇۋاتقان بۇ ئادەملەرگە قاراپ تۇرغان ھېكمەت كامىلنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلىمەكتە ئىدى. دەرۋەقە، بۇ ئولتۇرۇش يەپ - ئىچىش، بۇزۇپ - چېچىش، بىر - بىرىنى سۆندۈرۈش، شەھۋانىي ھەزىللىرىدىن ھوزۇرلىنىشتەك ئەخلاقسىزلىق بىلەن تولغانىدى. ھېكمەت داستىخاندىكى چىشلەپ تاشلانغان سامسىلارغا، قىيمىلىرى چۇۋۇلۇپ، مايلىرى ئۇيۇپ قالغان مانتىلارغا، چالا غاجىلانغان سۆڭەكلەرگە قارىغىنىدا، بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ھېلىقى ئۇماچقا تويماي تاۋاقنىڭ قىرلىرىنى يالاپ، بارماقلىرىنى شورىغان بالا، ئەسكى چاپان ئېپىدە ئىڭراپ ياتقان كېسەلچان قىز... ئىككى باش قوناق ئۈچۈن تېزەك چىشلەپ، رېخىم دارايىنىڭ چاتىرىقىدىن ئۆمىلەپ ئۆتكەن دېھقان كەلدى...

— سەمەندەر زەنجالىڭ، — دېدى مەتتوختى رو چۆگۈننى چايقاپ، — زەمزەمىلىك تۈگەپ قالاي دېدى جۇما...

— ھېلى كېتۇ، چوشتا فېرمىسىغا ئادەم ئەۋەتكەن، — دېدى ئاشلىق پونكىتىنىڭ باشلىقى سەمەندەر ھەجىيىپ، — ھاراق بىر ئايلانغىچە كېپ قاتۇ...

— ھەي پەرمانشا، ئولتۇرامسەن كىلەمگە يەملەپ؟ — دېدى مەتتوختى قولىنى شىلتىپ، — ماۋۇ بالىلارنى يىگارغا ئەكەلمىگەنسەن. . . سورۇن قىزسۇن دەيمەن.

— ھېكمەت، قاتلىمىنى ئال، مۇرات سەنمۇ توۋلا، — دېدى كەيپ بولۇپ قالغان پەرمانشا جانلىنىپ، — ئىچىمىزدە گەنجى بولۇپ كەتكەننىڭ ھەممىسىنى چىقىرايلى.

ھېكمەت بىلەن مۇرات قۇلاق يېقىشىۋالغاندىن كېيىن، تاتار جىرلىرىنى باشلىۋەتتى. گارمۇننىڭ كۆچلۈك ھەم دولقۇنلۇق ئاۋازىغا تەڭكەش بولۇپ ئېيتىلىۋاتقان جىر ھەممىنى جەلىپ قىلىۋالدى.

دۇپۇر - دۇپۇر قويلار كېلۇر،
ئاراسىندا بىر قارا.
ئەقلىڭ بولسا ئويلاپ قارا،
بۇ دۇنيادا كىم قالا؟. . .
ھەي . . . سىگانوشكا، ئازا، ئازا
سىگانوشكا چورنى گىلازا.
. . . . . . . . . . . . . . .

ھېكمەت بىلەن مۇرات ئارقا - ئارقىدىن ئۇلاپ، شوخ، تېتىك، جۇشقۇن جىر ئاھاڭلىرىغا چېلىپ جىرلىدى. ئاخىرىدا «بالا مىسكىن» گە چالغاندا، ھەممە جىمىپ كەتكەندى.

— ئەجەبىبىدەي غەزەلكەيىيا بۇ؟ — دېدى باجخانا باشلىقى جاپپار سوجاڭ تەرلىرىنى سۈرتۈۋاتقان ھېكمەت بىلەن مۇراتقا قاراپ، — كارتوڭ، كۆرتۈڭلا قىنى، ھېچنىمىسىنى ئۇققىلى بومىايدىكەيىيا؟. . .

ئىشىك ئېچىلىپ، مېھمانخانىغا پاكار، ۋىجىك، يوغان سالۋا تۇماق ئاستىدا يۈزلىرى قوشۇقتەك كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇ قولىدىكى رىۋ ،چۆكۆنگە قارىغىنىچە ھىجايدى.

— مەتتوختاخۇن بىكىلتاي! زەمزەمنى ئەكەلدىمىيا. . .

— ھەي، يەر پاپىسى ئوغرى، — دېدى مەتتوختى كۆزلىرىنى ئالايتىپ، — بۇنى قانداق ئەكەلگىنىڭ؟...
— قانداق ئەكەپتىمەن؟ كۆتۈرۈپ ئەكەلدىم ئەينا...
— ھەي، نېمىشقا جوغىسىغا بوگەچ تىقىمىدىڭ؟ مانا ئەمدى تاتقى ئۈچۈپ كېتىپتىيا...
— ۋاي خۇدايىم، ۋاي خۇدايىــــم... — دېدى سالۋا تەلپەك يىغلامسىراپ، — بۇنداق ئىزايى مۆمىن ئىشتىشنى بىـــلگەن بولسام، ئەكەلمەيتتىم...
سالۋا تەلپەك بىر مۇنچە ئىزا ئىشتىپ چىقىپ كەتتى. مەتتوختى ئۈچ پىيالىگە ھاراق قۇيۇپ پەتنۇسقا ئالدى - دە، باجخانا باشلىقى جاپپار سوجاڭغا تۇتتى.
— مەست بولۇپ بەرسىلە سوجاڭ!...
— ھاي سىكىـــلتاي، مەشەگىـــچە بولاپ قالدىميا؟ — جاپپار ئالىقانلىرىدا ئىڭەكىنى كۆرسەتتى، — ئەمدى بۇ ئوشۇق بولۇپ كېتەر؟
جاپپار سوجاڭ ئېگىز، ئورۇق ئادەم بولۇپ، گەپكە ئىنتايىن چۈۋەر ئىدى، ئۇ ناھايىتى يۇمشاق، سىيلىق سۆزلەيتتى، بىرەركىم بىلەن چاقچاقلىشىپ قالسا، ئۇزۇن ئات يۈزلۈك قارا چىرايىدىكى قورۇقلار يۇمۇرلۇق تۈس ئېلىپ، ئالىغاي بىر كۆزى پارقىراپ كېتەتتى.
— نېمە دەۋاتىدۇ ما ئاداش؟ مەيەرگىچە ئەمەس، مەيەرگىچە بوتمىز، — دېدى مەتتوختى پېشانىسىنى كۆرسىتىپ، — ھۆ دېيتىمىز, قۇسۇقىمىز «تا»غا چۈشسە ھېساب... يا، سوپىگۈلۈمدىن قورقىۋاتامسىلە؟...
— خوتۇندىن قورقىدىغان ئۆزلىرى، سىلى غۇنچىغاندىن ئۆلگۇدەك قورقىتىلىيا؟...
— نېمە دەيدۇ ماۋۇ موت - موت؟ ... خوتۇندىن قورقىمەنما؟...
توقلۇقتىن شوخلۇق چىقىرىۋاتقان سورۇن ئەھلى تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن، تۇتۇشۇپ قالغان بۇ ئىككى خورازنى دەي - دەيگە سالماقتا ئىدى. بىرسى: «سىكىلتاي خوتۇندىن قورقامدۇ؟» دېسە، يەنە بىـــرى: «ئەمىسە جاپپار سوجاڭ خوتۇندىن قورقامدۇ؟...» دېيىشىپ، ئىككى

مەستىنىڭ كەيپىنى تېخىمۇ ئۆرلىتىۋەتتى.

— ئەمسە ئاداش، — دېدى مەتتوختى قىزىشىپ، — مۇشۇ تورقىدا بېرىپ، خوتۇنلىرىمىزنى تولۇپ لايمىز، كىم «خوش خوجام» دەپ چىقىدۇ؟ كىم تىللاپ، قاقشاپ چىقىدۇ؟ ئەگەر ئوتتۇرىغۇچىلىرىدىغان بولسام، قوتاندىكى قوشقارنى مۇشۇ ئوتتۇز ئوغۇلغا ئاتىدىم.

— مەتتوختاخۇن، قوشقار ئازلىق قىلىپ قالارمىكىن؟ — دېدى جاپپار كۈلۈپ، — بوز باشنىمۇ قاتىلى...

— سەنچۇ؟ — دېدى مەتتوختى سەكرەپ.

— مەنمۇ ئېرىك قويۇمغا قارا باشنى قاتىمەن...

مەستلەر ئۆپۈر - تۆپۈر بولۇشۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. مەتمۇسا گىلەملەرگە يۆتىلىشىپ، داستىخاندىكى مەزەلەرنىڭ ئۈستىگىلا يىقىلدى - دە، يېگەن ھەممە نەرسىنى قوسۇۋەتتى. بىر نەچچە چىنە چېقىلىپ، چايلار تۆكۈلدى. بېشىنى تاختۇشقا قاتتىق ئۇرۇۋالغانلىقتىن، ئۇنىڭ پېشانىسى تۇخۇمدەك ئىششىپ چىقتى. تېخىچىلا ئاچچىقى يانمىغان مۇرات پۇرسەتنى قولدىن بەرمىدى.

— ئىتنى تۆرگە باشلىسا، كۆرپىگە تېزەكلەيدۇ دېگەن شۇدە! — دېدى مۇرات يەرگە تۈكۈرۈپ.

مەستلەر قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ ھويلىغا چىقىشتى. بەزىلەر سوغۇق ھاۋاغا چىقىش بىلەن، يېگەن لوقمىنىڭ ھەممىنى چىقىرىۋېتىپ، ئالمىغان - بەرمىگەن بولۇشتى. خۇددى قوي پادىسىغا سىركە يول باشلاپ ماڭغىنىدەك، مەتتوختى بىلەن جاپپار بىر توپ مەستلەرنى باشلاپ، قوش قاناتلىق دەرۋازىدىن چىقىشتى. ئەمما، يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولغان بىر قارا كۆلەڭگە ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى. كېچە سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى، تولغان ئاي دوڭغىيىپ تۇرغان قارا كۆلەڭگىنىڭ دۈمبىسىنى يورۇتۇپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ يۈزىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مەتتوختاخۇن سېكرىتار... — كۆلەڭگە يۆكۈلۈپ تازىم قىلغىنىچە قول قوشتۇرۇپ تۇراتتى.

— نېمانداق ئالدىمنى توسسەنا، ئۆزەڭ كىم؟

— ئەينا، پايناپ مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى مەمەت سىيىت ئاقنىياز بولىمەن، — بۇ ئادەمنىڭ گەپلىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ چىقىۋاتقانلىقىدىن، ئۇنىڭ توڭلاپ تىترەۋاتقانلىقىنى بىلىۋالماق ئانچە تەس ئەمەس ئىدى.

— ھە، قانداق گەپ كالىچىڭ با يا؟...

— ئۆزلىرى بىلىتىلا، مېنىڭ يەتتە بالام بار، ئاشلىق نورمام يېتىشمىدى. شۇڭا، ئۆزلىرىنى پاناھ تارتىپ، مەشەدە پېشىندىن تارتىپ ساقلىدىم...

— ئاداش، پارتىيە دېگىنە!...

— پارتىيە!...

— مائاش دېگىنە...

— مائاش!...

— بىرنتو دېگىنە...

— بىرنتو!...

— شۇنىڭغا دېگىنە...

— شۇنىڭغا...

— ئاش دېگىنە...

— ئاش!...

— ئالىمەن دېگىنە!...

— ئالىمەن...

— ھەببەللى، شۇ مائاشىڭغا ئاش ئال، ئۆتە بۇيانغا، قولتۇقۇمنى تەرلەتمەي...

مەستلەر قاقاقلاپ كۈلۈشتى. بەزىلەر مەتتوختىنى تەدبىرلىك، قابىلىيەتلىك، چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان باشلىق دەپ ماختاپ كېتىشتى، ھېكمەت ئاچچىقىدا مۇشتۇملىرىنى سىقىپ، بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىۋەتتى. بىر نامرات ئۇقۇتقۇچى يېرىم كېچىگىچە سوغۇق يەپ، جالاقلاپ تىترەپ تۇرسىمۇ، ئولتۇرۇش بولۇۋاتقان ئۆيگە ئەيمىنىپ كىرەلمىگەن!... ئەمدى مۇنۇ ئادەمنىڭ چىرايلىقىنا ئىككى ئېغىز

كېپى يوق، بىر مۇنچە ئەخمەق ئېتىپ، ئۇنى ئىتتىـــى ھەيدىگەندەك ھەيدەپ، سىلكىۋەتتى. مەتتوختى بايىلا مۇراتنى ھىمايە قىلىپ مەتمۇسانى سەتلىۋەتكەنىدى، ئۇ چاغدىكى ھېكمەتنىڭ بۇ ئادەمگە بولغان مۇھەببىتى مانا ئەمدى بىردىنلا نەپرەتكە ئايلاندى. ھېكمەت مۇراتنىـــى، — جۇر كېتەيلى، — دەپ جەينىكىدىن تارتتى، لېكىن ئۇ، — توختا، تاماشا ئالدىمىزدا! — دەپ ئاستا شىۋىرلىدى.

يولنىڭ ھەممە يېرىنـــى ئالا قـويمـاي دەسسـەۋاتقـان مـەستلـەر مەتتوختىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىشتى. ئۇ دەسلەپ دەرۋازىنى مۇشتلاپ ۋارقىراپ باقتى، ھېچقانداق تىۋىش بولمىغاندىن كېيىن، قورۇق ئېرىق ئىچىنى سىيپاشتۇرۇپ بىر پۇچۇق داشقالنى تاپتى ـ دە، دەرۋازىغا ئۇرغىلى تۇردى:

— ھاي غۇنچىخان، غۇنچىگۈل دەيمەن! . . .

مەتتوختى كانىيى يىرتىلغىچە بىر نەچچە قېتىم توۋلىغاندىن كېيىن، ئىچكىرىدىن ئىشكىنىڭ «غىيىق» قىلىپ ئېچىلغان ئاۋازى كەلدى.

— كىما؟ . . .

— ئەينىيا، مەن! . . .

— ۋاي خۇدايىم، ۋاي خۇدايىم، — ئايالنىڭ قاقشىغاچ ماڭغان تىۋىشى ئاڭلاندى، — ھەر كېچىسى مەست ـ ئەلەس كېتو، ئالا كېچىدە داۋزىنى ئابدال قاققاندەك قاقتۇ. . . يا ئادەمنى ئۇخلاتمايدۇ. خويمۇ تويدىغۇ كىشى بۇ شاللىقا ئەي قىلىدىغان ھىشىقتىن. . .

دەرۋازا ئېچىلىشى بىلەن، مەستلەر پاراققىدە كۈلۈشتى. غۇنچىخان: — ۋاي ئانىكام، ما گادايلارنى! — دەپ بولغۇچە، مەتتوختـــى: — كـــم ھىشىقكەييا؟ — دەپ، ئۇنىڭ يۈزىگە بىرنى سالدى، ئايال يىغلىغىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— مەتتوختاخۇن، — دېدى جاپپار سوجاڭ ھىجىيىپ، — ئۆزلىرىنى سېكرىتار، سېكرىتار دېسەك، ئاغزىمىزغا تولدۇرۇپ ئاتىمىـــز ئەينا، لېكىن غۇنچىخان سىلىنى ھىشىق دەيتتىيا؟ . . .

— كۆرۈتىمىز سەن ئەزمايلىنىما! . . .

ھەممەيلەن بوستان بازىرىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن ئۆستەڭنى ياقىلاپ، جاپپارنىڭ ئۆيىگە كېلىشتى. باشقىلار چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، تىنىقلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ جىم تۇرۇشتى. جاپپار دەرۋازىنىڭ قوش ھالقىسىنى ناھايىتى ئاستا شىرىقلاتقىنىچە سوزۇپ توۋلىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى گوياكى تاغلىقلارنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسىغا ئوخشاپ كېتەتتى. . .

— ھو. . . . ي سوپىگۇلۇم. . .

— ھەي ئادىشەي، ئادەم مازاق قىلماي، مەزمۇتراق توۋلىمامسەن؟ — دېدى مەتتوختى تېرىكىپ.

— بوشراق گەپ قىلسىلا سېكرېتار، — دېدى جاپپار پىچىرلاپ، — سوپىگۇلۇمنىڭ يۈرىكى ئاسقىپ كېتىدۇ. بىز بازار ئىچىدە كېلىۋاتقاندىلا، قەدەم تىۋىشىمىنى ئاڭلاپ بولدىيا ئۇ. . .

— ھو. . . . ي سوپىگۇلۇم! . . .

جاپپار «ھو»نى بەكمۇ گۈزۈن سوزاتتىيۇ، «سوپىگۇلۇم»نى تېزلا دەيتتى. بۇ ئەسنادا ھويلا ئىچىدىن «كىمسا ئۇ؟» دېگەن ئاۋاز كەلدى.

— مەن! . . .

— مەن دېگەن؟ . . .

— ئەينىيا، ئۈستۈن تاش! . . .

— ۋاي خۇدايىم، ئۆزلىرىمىدىلە؟ توۋا، توۋا، سىلىدىن ئەنسىرەپ قارا كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى، يوللىرىغا قاراپ، كۆزۈمنىڭ قارىقى ئارقىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئالتۇن غوجام، ئانىكۇش غوجام، چوكا ناۋات غوجام! . . .

سوپىگۈل دەرۋازىنى ئېچىشى بىلەن، ھەممەيلەن شۇنداق كۈلۈشتىكى، قوشنىلارنىڭ توخۇلىرىمۇ مەكدەپ قىچقىرىۋېتىشتى. سوپىگۈل «ۋاي جېنىم! ئۆلدۈمەي. . .» دېگىنىچە قېچىپ كىرىپ كەتتى.

— سېكرېتار، — دېدى جاپپار سالپىيىپ تۇرغان مەتتوختىغا، — سىلى «چوكا ناۋات»نى كۆرگەنما؟

— كۆرسەم قانداق قىلاتتىڭا؟ . . .

— «چوكا ناۋات» دېگەن قالىسلا. . .
جاپپار ئوك قولىنى بېغىشىدىن سىقىمداپ چىققىنىچە قولتۇقىغىچە ئېلىپ كەلدى. ئاندىن قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — مانا مۇنداق بولىدۇ، — دېيىشى بىلەن، باشقىلار قىرقىراپ - چىرقىراپ، جىمجىت كوچىنى بېشىغا كېيىشتى. . .
مۆرلىشىش جاپپار سوجاڭنىڭ ئۇتۇشى بىلەن ئاياغلاشتى. كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ، خېلى يەنىسكلەپ قالغان مەستلەر قايتىپ كېلىپ كۆرپىلەردىن ئورۇن ئالدى. ھېكمەت بىلەن مۇرات گارمون، دۇتارلىرىنى ئېلىپ مېڭىشىدى، مەتتوختى قويمىدى. ئۇ مۇراتنى «دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىپ بېرىپ ماڭ» دەپ تۇتۇۋالدى. مېھمانلار بىر چىنىدىن ئاچچىق - چۇچۇك سۇيۇقئاش ئىچكەندىن كېيىن، مۇرات دۇتارنى سازلاپ ناخشىنى باشلىدى، ھېكمەت ئۇنىڭغا ياندىشتى. ئۇلار بىر يۈرۈش چاتما ناخشىلارنى چاڭ كەلتۈرۈپ ئېيتقاندىن كېيىن، ئۆزرە سوراپ قايتىشتى. مۇرات چىقىپ كېتىۋېتىپ، كۆزلىرىنى مەتمۇساغا خەنجەردەك قادىدى، ئۇمۇ پەت كۆزلىرىنى ئالايتقىنىچە، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى.
ئاھ خۇدا، ئۇلارنىڭ ئەزەلدىن بىر - بىرگە ئۆچ - ئاداۋىتى يوق ئىدى، بىر ئېغىز چاقچاق تۈپەيلى، قىنىقماس رەقىبلەرگە ئايلىنىپ قالدى. ھەر ئىككىلا كۆزلەردىن چاچرىغان ئۇچقۇنلارنىڭ يالقۇنغا ئايلىنىشىدىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلاپ، دۈشمەنلىك تۈگۈچلىرىنى باغلىمىغايسەن! . . .

# زۇمرەتنىڭ ئۈنى

4 — ئاينىڭ 15 — كۈنى ئىدى. تەبىئەت بىر كېچىدىلا كائىناتقا ھېيتلىق كىيىم كىيگۈزگەندەك، باغلار، قىرلار، ئورمانلار ئاپئاق ۋە سۈس ھالرەڭ چېچەكلەر بىلەن پۈركەنگەنىدى. بولۇپمۇ تۆمۈررەڭ نوتىلاردىكى غۇژمەك - غۇژمەك ئۈرۈك چېچەكلىرى تاڭ ساباسىدا يېنىك

ھىلپىرلەپ، دەمۇ دەم چىچىپ تۇرغان ھىدلىرى بىلەن ياش كۆڭۈللەرنى ئۇۋلايتتى. مەكتەپ ئىچى يېشىل مەخمەل تون كىيىپ، خوتەن قىزلىرىدەك ئۇزلىشىپ كەتكەندى. كۆل بېشىدىكى تەتۈر سۆگەتلەر چوكان جالالىرىنى سۇغا چىلاپ تارايتتى. . . مەكتەپ مەيدانىنىڭ تۆت تەرىپىنى قورشاپ تۇرغان تېرەكلەر يېشىل سېپىلدەك قەد كەرگەن، باغلار، ئېتىزلار، قىز - ئوغۇللار ياتاقلىرى ئاق چېچەكلەر ئاستىدا قالغانىدى، ئېتىزلاردا بۇغداي مايسىلىرى دولقۇنلىنىپ، كۆكتات ئېتىزلىرىدا ئۈنۈپ چىققان ھەر خىل كۆكتاتلار ئېگىز — پەس كۆكىرىپ تۇراتتى.

ئوقۇتقۇچىلار خۇددى ئىككى قوشۇقتا تاماق يېگۈدەك ھالەتتە ئالدىراش بولۇپ كەتتى، ئۇلار دەرسلىرىدىن چۈشۈپلا كەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنى يىغىپ كېلىشكە باراتتى، ئېتىزغا يۈگۈرەيتتى. چۈشلۈك ۋە كەچلىك دەم ئېلىشلاردا، تېزەك تېرەتتى، كۆك ئوغۇت راسلايتتى. ئوغۇت يېتىشمەسلىكتىن زىرائەتلىرى تولۇق رەڭ ئالالماي، كۆڭلى دەككە - دۈككىدە قالغان ئوقۇتقۇچىلار ئېشەك ھارۋىسى ۋە ئۆي ھارۋىلىرىغا تۇڭلارنى بېسىپ، يېپەك توقۇمچىلىق فابرىكىسىدىن پىلە سۈيى ئەكېلىپ، ئېتىزلارغا قۇيماقتا ئىدى. شامال ئۆتۈشمەي تىنجىق بولۇپ كەتكەن كۈنلىرى ئېتىزلىقتىن كۆتۈرۈلگەن پىلە سۈيىنىڭ بەتبۇي پۇرىقى مەكتەپ ئىچىنى بۇلغاپ، ھەممە يەرنى سېسىقچىلىق قاپلاپ كېتەتتى.

قوشتىن چىقىپ ساپانغا، ساپاندىن ئاجراپ سۆرەمگە قېتىلىپ ھالىدىن كەتكەن جاپاكەش ئوقۇتقۇچىلار يەنە قانداقتۇر چاغلاردا دەرس تەييارلىقى قىلىپ سىنىپلارغا كىرەتتى. پەنلەر بويىچە ئوقۇتۇش گۇرۇپپىلىرىنىڭ كەسپىي يىغىنلىرى ئېچىلىپ، ھەر كۈنلۈك سىياسىي ئۆگىنىشتە پەرمانشانىڭ «تىل جەۋھەرلىرى» ئاڭلىنىپ تۇراتتى. (چاقماق سوقۇشتۇرۇشمۇ ئۇنتۇلۇپ قېلىنمايتتى) . 56 — يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن ئىلمىي مۇدىر زىكرۇللا غوجى ئۈچۈن، بۇ ئىشلار بىمەنە ۋە غەلىتە تۇيۇلاتتى، ئۇ ئاچچىقىنى كۈلۈپ چىقىپ كېتەتتى.

ئىلمىي مۇدىرنىڭ پىلانى ھەم تىركىشىشى بىلەن، ھېكمەتنىڭ ئەدەبىيات دەرسىدىن ئوچۇق دەرس ئۆتكۈزۈلدى، ئارقىدىنلا ئىلمىي مۇدىر تەرىپىدىن ئوقۇغۇچىلاردىن سىناق ئېلىپ كۆرۈلدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆتۈش نىسبىتى يەتمىش سەككىز پىرسەنت بولۇپ چىقتى. مۇزاكىرىدە كۆپچىلىك بىردەك مەخسۇس ئەدەبىياتتا ئوقۇمىغان ھېكمەت ئۈچۈن، بۇ يۇقىرى نەتىجە دېپ باھا بېرىشتى. مۇزاكىرىدە، توختى قۇربان، كامىللار، ھېكمەتنىڭ دەرس تېكىستلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، كونسپېكتنى ئەستايىدىل تۈزىدىغانلىقى، دەرس ئۆتۈش مېتودىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ، ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

ھېكمەت بۈگۈن جۇشقۇن كەيپىيات ئىچىدە تۆتىنجى سائەتلىك دەرسىنى ئۆتتى. سىنىپ دېرىزىلىرىدىن باغدىكى ئاق، ھالرەڭ چېچەكلەرنىڭ يەرگە چاچقۇ بولۇپ تۆكۈلۈۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. داڭ ئۇرۇلۇشى بىلەن، ھېكمەت سىنىپ يوقلىمىسى ۋە دەرس تەييارلىق خاتىرىلىرىنى يىغىشتۇردى، ئوقۇغۇچىلار ئورۇنلىرىدىن تاراقىدە تۇرۇشۇپ، خەيرلىشىش سالىمىنى بەردى، ئۇمۇ يېنىك باش لىڭشىتىپ تەزىم قىلدى - دە، سىنىپتىن چىقتى.

ھېكمەت چۈشلۈك تامىقىنى يەپ، ئاشخانا ئالدىدىكى شادىلىق كۆۋرۈكتە دەم ئېلىپ ئەمدىلا ئولتۇراتتى، چاپىنىنى يېپىنچاقلىۋالغان پەرمانشا كېلىپ قالدى. ئۇ يوغان بىر كۆك كاۋىنى قولتۇقلىۋالغانىدى.

— پاھ، ئەجەب ئۈزۈن ساقلاپلا بۇ كاۋىنى! — دېدى ھېكمەت كاۋىغا قاراپ.

— ھە، ناۋايلارغا بېرىپ قويسام، كەچتە تونۇرغا سېلىپ قويىدۇ، ئەتە ئەتىگەندە باللار ئېلىپ كېتىدۇ، — دېدى پەرمانشا ھېكمەتنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويۇپ، — قارا ھېكمەت، ماۋۇ ھەببە خانىم يېرىلتىمىش. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئىلمىي مۇدىر بىلەن كېڭىشىپ قويدۇق، مۇشۇ تۇرقىدا ئىلمىي بۆلۈمگە كىر، زىكرۇللا ساڭا ئۇقتۇرىدۇ.

ھېكمەت تىتىرىقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ «يېرىلتىمىش» دېگەن سۆزنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەن ھالدا، ئىلمىي بۆلۈمگە كىردى؛ زىكرۇللا ئۇنى ئورۇندۇقتا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن، تاماكا تۇتتى. ئەمما ئۇ: — رەھمەت چەكمەيمەن، — دەپ ئۆزرە سورىدى.

— مۇنداق ئىش ئىدى ھېكمەت، — دېدى ئىلمىي مۇدىر تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇۋېتىپ، — ھەبىبە خانىم تۇغۇت رۇخسىتى ئالدى. شۇڭا، ئۇنىڭ زوئولوگىيە دەرسىنى سىز ئۆتۈپ تۇرسىڭىز...

— قانداق بولار؟... مەن...

— ياق، سىز ئۆتۈپ كېتەلەيسىز، مەن سىزگە ئىشىنىمەن، — دېدى زىكرۇللا تاماكا ئىسىدىن بىر كۆزىنى قىسىپ، — ھە راست، ھەبىبە خانىمنىڭ سىنىپى ئەمدى سىزگە قالدى، ھازىرچە سىنىپ مۇدىرلىق خىزمىتىدە پىشقاچ تۇرسىڭىز، كېيىنچە قىينالمايسىز...

ھېكمەت سەل قورقۇپ قالدى. ئۇ ئېغى 3 - يىللىق سىنىپلارغا دەرسكە كىرىپ باقمىغان شۇنداقلا زوئولوگىيەنى پەقەت ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىدىلا ئوقۇغانىدى. ئىلمىي مۇدىر بىلەن پەرمانشا بۇ ۋەزىپىنى ئارتتىمۇ، ئەمدى ئۇنىڭ «ياق» دېيىشكە ھەققى يوق ئىدى، ئۇنداق دېيىشنىڭ ئۆزىمۇ ناھايىتى ئەپسىز ئىدى. شۇڭا، ھېكمەت ھەبىبە خانىمنىڭ يانىغا باردى. گۈلزىبا ئوقۇغۇچىلارنىڭ توپلىغان ئوغۇتلىرىنى خۇلاسىلەپ، خاتىرىگە كۆچۈرۈۋاتاتتى، ھەبىبە بولسا، نەرسە - كېرەكلىرىنى سومكىلارغا قاچىلاپ، ئۆيىگە قايتىشنىڭ تەرەددۇتىدا ئىدى.

— كېلىڭ ھېكمەت، — دېدى گۈلزىبا ئورنىدىن تۇرۇپ، — بىر ئىش بىلەن كىرگەنمىدىڭىز؟

— شۇنداق، ھەبىبە خانىمنىڭ دەرسىنى مەن ئۆتكەچ تۇرىدىغان بولغان.

— مەن يانىڭىزغا چىقماقچى بولۇپ تۇراتتىم، — دېدى ھەبىبە خانىم ئۈستەل تارتمىسىدىن دەرس ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ، — بۇ سىنىپ خاتىرىسى، بالىلارنىڭ توپلىغان ئوغۇتى، كېچىككەن، سورىغان،

كەلمىگەننىڭ ھەممىسى يېزىلغان. دىجورنىلارنىڭ سىنىپ، يىلتاق، مەيدان تازىلىقلىرىدا كېمەيتكەن نومۇرلىرىغىچە بار. سىنىپ يىغىنىدا لازىم بولىدۇ. بۇ دەپتەر دەرس تەييارلىق كونسپېكتى، ئىككى سائەتلىك دەرس تېكىستىنى ئالدىغا تەييارلاپ قويغان.

ھەببە خانىم سىنىپنىڭ ئەھۋالىنى بىر قۇر تونۇشتۇردى. ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان چوڭ باللار بولغاچقا، ئىنتىزام جەھەتتە ئېغىر مەسىلىنىڭ يوقلۇقى، لېكىن ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتمىسا بولمايدىغانلىقى، ئەتىگەنلىك، كەچلىك مۇزاكىرىلەرگە يېتەكچىلىك قىلمىغان دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىنى سۈرۈشتە قىلىش لازىملىقى، ئىككى مو سەۋزىگە سۇ باشلايدىغان ۋاقىت كەلگەنلىكى، ئۈچ مو قوناقلىقنىڭ تاپ ئارىلىقىغا ئوغۇت تۆكۈپ، تۇۋىگە توپا يۆلىمىسە بولمايدىغانلىقىغا قەدەر بولغان ئەھۋاللارنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى.

ھېكمەت ھەر ئىككىلا خانىمغا باش لىڭشىتىپ خەيرلىشىپ قايتىپ چىقتى. ئۇ، ياتىقىغا كېلىپ، ھەببە خانىمنىڭ دەرس تەييارلىقىنى كۆزدىن كۆچۈردى. ئۇ «چار پاقا» دېگەن دەرس تېكىستىگە كەلگەندى، ھەببە خانىم تەييارلىقتا «چار پاقا» نى «چار قۇمچاق» دەپ يازغانىدى، كىتابتا بولسا، «چار پاقا» ئىدى. شۇڭا، ھېكمەت ھەببە خانىمنىڭ تەييارلىق كونسپېكتىنى باشتىن ئاخىر كۆرۈپ، «چار قۇمچاق» نى «چار پاقا» غا ئۆزگەرتىپ چىقتى. ئۇ دەرس تەييارلىقىنى قايتا - قايتا ئوقۇپ پىششىق ئىگىلىگەندىن كېيىنلا ياتتى، بۇ چاغدا كامىل تاتلىق ئۇيقۇدا ئىدى.

ئەتىسى ئەتىگەن ھېكمەت پارقىراق كازىرۇكلۇق شەپكىسىنى، دادىسى ئەۋەتىپ بەرگەن كاستيۇمىنى كىيىپ دەرسكە كىردى. ئوقۇغۇچىلار ئورۇنلىرىدىن بىردەك تۇرۇپ، ھۆرمەت سالىمى بەردى. ئۇ يوقلىما قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەببە خانىمنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى، ساقىيىپ بولغىچە زوئولوگىيە دەرسىنى ئۆزى ئۆتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى، بۇ دەرس ئۆزىگە ياخشى تونۇش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بىرەر يېتەرسىزلىك، نۇقسانلار كۆرۈلسە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىر بېرىشىنى

ئېيتىپ، ئۆزرە سورىدى.
— بۈگۈن ئۆتىدىغان دەرسىمىز، — دېدى ھېكمەت دوسكىغا ھۆسىن خەت بويىچە «چار پاقا» دېگەن خەتنى يوغان يېزىپ، ئەمما ئۇ ئالدىغا قايرىلىپ ھەيران قالدى، ئوغۇللار بولسا ئاغزىلىرىنى تۇتۇپ خىرقىرىشىپ كۈلۈۋاتاتتى، قىزلارنىڭ بەزىلىرى پارتا ئاستىغا كىرىۋالغان بولسا، بەزىلىرى پارتا يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ يېتىۋالغانىدى. ھېكمەت دەسلەپ بىرەر خاتا ئىش قىلىپ قويدۇممۇ ياكى ئۆزەمدە قاملاشمىغان ئىش يۈز بەردىمۇ دېگەن گۇمان بىلەن دوسكىغا يازغان خېتىگە، كىيىم - كېچەكلىرىگە قاراپ چىقتى. بۇ چاغدا ئوغۇللار خىرقىراپ، پىخىلداپ كۈلمەكتە ئىدى.
— نېمە بولدى سىلەرگە، نېمىگە كۈلىسىلەر؟ — دېدى ھېكمەت تېرىكىپ، — كىمنى زاڭلىق قىلىسىلەر؟ بۇ يەردە كۈلگۈدەك قانداق ئىش يۈز بېرىپتۇ؟...
ھېكمەت ئاچچىقلاپ، ۋارقىراپ يۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئارانلا تەرتىپكە تۇرغۇزالىدى، شۇنداقتىمۇ يەنە بەزى بالىلار ئاغزى - بۇرۇنلىرىنى تۇتۇپ كۈلۈۋاتاتتى.
— بۈگۈن ئۆتىدىغان دەرسىمىز چار پاقا...
ھېكمەتنىڭ سۆزى ئاياغلىشا - ئاياغلاشمايلا، بالىلار پاراقىدە كۈلۈۋەتتى. قىزلار يۈزلىرىنى تۇتقىنىچە پارتىدا يېتىۋالدى. راستىنلا زاڭلىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ چۈشەنگەن ھېكمەت چىرايلىق گەپ قىلىپ، ئاچچىقلاپ بېقىپ، يوقلىما دەپتىرىنى دەرس سۆزلەش مۇنبىرىگە ئۇرۇپ بېقىپ، ئاخىرى دەرس ئۆتەلمەي سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.
ھېكمەت ئىشخانا ئىشىكىنى ئاچچىق بىلەن ئېچىپ، زەرب بىلەن يايتى - دە، يوقلىمىنى پاقىدە ئۈستەلگە تاشلاپ، ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ كەتتى. ئىشخانىدا پەرمانشا مۇدىر يالغۇز تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. ئۇ بۇ چاغقىچە ھېكمەتنى بۇ ھالەتتە كۆرمىگەنىدى.
— ھېكمەت، قانداق گەپا ئۇ؟ — دېدى ئۇ سائىتىگە قاراپ، — بەك بالدۇر يا؟ يېرىم سائەتمۇ دەرس ئۆتمەي يېنىپ چىقىپتىمىز...

— بۇندىن كېيىن، — دېدى ھېكمەت ئاچچىقىدا يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ، — زوئولوگىيە دەرسىنى ئۆتمەيمەن. 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپقا كىرسەم، ئوقۇغۇچىلار مېنى مازاق قىلىپ كۈلۈپ، دەرس ئۆتكىلى قويمىدى.

— قارا بۇ تازلارنى! — دېدى مۇدىر چاچراپ تۇرۇپ، — جۇر، ماڭ، كىمكەن ئۇ سېنى زاڭلىق قىلغۇدەك بولغان؟

— ھەممىسى. . .

پەرمانشا مۇدىر ھېكمەتنى باشلاپ، غەزەپ بىلەن 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپقا كىرىپ كەلدى. ئۇ دەرس سۆزلەش مۇنبىرىدە تۇرۇپ، جىمىپ كەتكەن ئوقۇغۇچىلارغا تەكشى ئالىيىپ چىققاندىن كېيىن، تىل غەزىنىسىنىڭ ئىشكىنى ئېچىۋەتتى:

— ھەي، يېشىل گەدەن، كېپەكباش تازلار، پاقماقباش پولۇقلار، بۇرنۇڭ پوتلا، كۆزۈڭ چاپاق، ئاغزىڭ شالۇك، كۆتۈڭ پوق تۇرۇپ، مۇئەللىملەرنى مازاق قىلغۇدەك بولۇشتۇڭما؟ . . . بۇ كىمۇ بىلىشمەسەن؟ — دېدى مۇدىر ھېكمەتنى كۆرسىتىپ، — بۇ دېگەن ئۇرۇمچىدە ئوقۇغانىيا! ئوقۇغاندىمۇ قاتتىق ئوقۇغانىيا. . . ئىچى گەنجى بولۇپ كەتكەن ئالىمىيا! . . .

ھېكمەت مۇدىر مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامدۇ ـ نېمە؟ دېگەن گۇمان بىلەن پەرمانشانىڭ چىرايىغا قارىدى. ئەمما ئۇنىڭ تۇرقىدىن، غەزەپتىن قارىداپ كەتكەن يۈزىدىن بۇنداق ئالامەتنى كۆرەلمىدى.

— ھە، قاتتىق ئوقۇغان ئالىمىيا! قارىغىنا ئۇنىڭ شەپكىسىنىڭ شەنشەنىزىسىگە! — مۇدىر ھېكمەتنىڭ شەپكىسىنى كۆرسەتتى، — پار، پار، پار، پارقىراپ تۇرىدىيا. . .

ھېكمەت خىجىللىقتىن قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئىچىدە «بۇ گاداي باللارغا تەنبىھ بېرىۋاتامدۇ ياكى مېنى سۇندۇرۇۋاتامدۇ؟» دەپ ئويلىدى. دېمىسىمۇ «ئالىمنىڭ شەپكىسىنىڭ چىكىلىكى پارقىرايدۇ. . .» دېگەننى ئۇ ئاڭلاپ باقمىغانىدى.

— ھە، گەپ قىلىشە، نېمىشقا كۈلۈشتىڭا؟ — مۇدىر دەرس

سۆزلەش مۇنبىرىگە بىرنى ئۇردى، — قېنى دېيىشمەمسەن؟ سىنىپ باشلىقى كىمۇ؟
ئەڭ ئاخىرقى پارتىدىن ئورۇق، ئېگىز، بېشى ئۇچلۇق قارا بالا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ قورققانلىقىدىن تىترەپ تۇراتتى.
— مەن. . .
— ئېتىڭ نېمە؟
— ئوبۇل قاسىم تاش مۇھەممەت روزى قارى! . . .
— نېمانداق جىقا؟
— ئۇچى دادامنىڭ، ئۇچى مېنىڭيا! . . .
— هە بوپتۇ، شۇنداق بولۇۋەرسۇن! . . . — دېدى مۇدىر خۇددى ئۇنىڭ ئىسمىنى قايتىدىن قويىدىغاندەك، — هە ئېيتە، نېمىشقا كۇلۇشتۇق؟
— مۇئەللىم . . . مۇئەللىم، — دېدى سىنىپ باشلىقى دۇدۇقلاپ، — دوسكىغا، دوسكىغا خەت يېزىپتى. . .
— دوسكىغا خەت يازماي چامغۇر تېرىسا بولامتى؟ . . .
— باللار . . . باللار . . . كۇلۇشۇپ . . .
ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن يامانراقلىرى يەنە پىخىلداپ كۇلۇشتى. شۇ چاغدىلا، مۇدىر ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ دوسكىغا قاراپ تىكىلىپ قالدى. ھېكمەت ھۆسنىخېتىمنى كۆرۈپ، مۇدىر ماڭا قايىل بولىدىغان بولدى، دېگەن خام تامادا كۆكرىكىنى كېرىپ مەردانە تۇراتتى، ئەمما مۇدىر تۇيۇقسىزلا: «ماڭە ئادىشەي. . .» دېگىنىچە، ھېكمەتنىڭ مۈرىسىدىن ئىتتىرىۋەتتى. . . خىيالىي تۇرغان ھېكمەت ئارقىسىغا سەنتۈرۈلۈپ كەتتى، ئۇمۇ بوش كەلمىدى.
— نېمە بولدى مۇدىر، نېمانداق ئىتتىرىسىز؟
— ماڭ، ماڭ، — مۇدىر ھېكمەتنىڭ مۈرىسىدىن ئىتتىرگىنىچە كارىدورغا ئېلىپ چىقىپ، ئىشخانىغا باشلاپ كىردى. ئۇ، ئاچچىقىدىن كۆكىرىپ كەتكەنىدى.
— ھەي ئادىشەي، دوسكىغا نېمە دەپ يازدىڭا؟

— «چار پاقا» دەپ...

— ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا مۇشۇنداقمۇ سەت گەپنى يازامسەن؟... تېخى يوغان قىلىپ يېزىۋالغىنىڭنى كۆرەيمۇ!...

— ئەمىسە نېمە دەپ يازىمەن؟

— «چارقۇمچاق» دەپ ياز...

— «قۇمچاق» دېگەن پاقىنىڭ بالىسى تۇرسا...

— ھەي ئەخمەق، ئۇنى «قارا قۇمچاق» دەيمىز...

— كىتابتا «چارپاقا» دېيىلگەن تۇرسا...

— كىتاپتا ئۇنداق يېزىلغان بىلەن، سەن «چارقۇمچاق» دەپ يېزىشىڭ كېرەك. بولمىسا بولمايدۇ...— دېدى مۇدىر ۋارقىراپ،— تېخى پاقىنىڭ ئالدىغا «چار» نى قوشۇپ قويغىنىنى قارا...

«چارپاقا» مەسىلىسى كەسپىي ئۆگىنىش يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. چوڭ ئىشخانىدا تولۇپ ئولتۇرغان ئوقۇتقۇچىلار نارازىلىق ئىپادىلىرى بىلەن مۇدىرنىڭ «تەربىيە» سىنى ئاڭلاۋاتاتتى. پەرمانشا، يەرلىك تىل ئۆگەنمىسە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسخىرە - كۈلكىسىگە قالىدىغانلىقىنى، دەرسمۇ دەرس بولمايدىغانلىقىنى، ھەتتا دەرس ئۆزلەشتۈرۈش ياخشى بولماي، ئوقۇتۇش سۈپىتى تەبىئىي ھالدا تۆۋەنلەپ كېتىپ، كۆچۈش نىسبىتىمۇ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى قايناپ سۆزلىدى. ئۇ سۆزلىگەن نۇتقىنىڭ پاكىتى قىلىپ ھېكمەتنى مىسالغا ئالدى. پەرمانشا گويا گۆھەر تېپىۋالغاندەك، «چارپاقا» مەسىلىسىنى خېلىغىچە ئەزۋەيلەپ كەتتى. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئورانىدىن ئىلمىي مۇدىر زىكرۇللا غوجىغا پات - پات قاراپ قويۇشىدىن، «قېنى مەن ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەمدىكەنمەن؟...» دېگەن مەنا چىقىپلا تۇراتتى. ئەمما زىكرۇللا غوجى باشقىچە كۆز قاراشتا ئىدى، ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئوقۇتقۇچىلارغا قارىدى...

—بۇ بىر ئىلمىي مەسىلە،— دېدى ئىلمىي مۇدىر جىددىي ھالدا،— باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقساق! قېنى كىم سۆزلەيدۇ؟...

— مەن!...— كامىل ئورنىدىن تۇردى،— يولداشلاردىن بىر

ئىشنى سورىغىم كېلىدۇ. يەن قىلچە ساختىلىقنى كۆتۈرمەيدۇ. . . بىز يەنگە ھۆرمەت قىلامدۇق ياكى يەرلىك تىل، يەرلىك شىۋىنىمۇ؟

— ئەلۋەتتە يەنگە ھۆرمەت قىلىمىز، — دېدى توختى قۇربان سۆز قىستۇرۇپ.

— ئۇنداقتا، ھېكمەتنىڭ ھەببە خانىم تەييارلىغان كونسپېكىنى باشتىن ئاخىر ئۆزگەرتىپ، كىتاب بويىچە ئورتاق ئەدەبىي تىل بىلەن دەرس ئۆتكەنلىكى تامامەن توغرا. . . — دېدى كامىل ھەممىگە قاراپ، — بىز شىمال تەرەپلەرنى مىسالغا ئالمايلى، ئاددىيسى شەھەر ئىچىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە دەرسلەر ئورتاق تىل بىلەن ئۆتۈلىدۇ. بىزمۇ دەرسلەرنى ئورتاق ئەدەبىي تىل بىلەن ئۆتۈشىمىز كېرەك.

— ئاغىنىلەر، — دېدى مۇرات كۈلۈپ، — ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ قالسا، باشقا ئوقۇغۇچىلار ئۇلارنى «ھەي پاقا بىلەن قۇمچاقنى ئايرىيالمايدىغان گاچىلار» دېمەسمۇ! . . .

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. پەرمانشا يېنىدا ئولتۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقان زىكرۇللا غوجىغا قاراپ ھومىيىپ قويدى.

— ئۇنداق دېگەن بىلەن، — دېدى ساجىتخان قوللىرىنى غەلىتىلا ئوينىتىپ، — ئادەتلىنىپ كەتكەن، قانلىرىغا سىڭىپ كەتكەن تىلنى بىر - ئىككى قېتىملىق تەربىيە بىلەن، بېسىم ئىشلىتىش بىلەن ئۆزگەرتكىلى بولامدۇ؟ . . .

— قاراڭ، ساجىتخان، — مۇرات ئورنىدىن تۇردى، — بىلىمگەننى بىلدۈرىدىغان، قاتمالنى ئوڭلايدىغان يەرنى مەكتەپ دەيمىز. . . مانا مەن ئوڭلىدىمغۇ! . . .

ئوقۇغۇچىلار گرامماتىكا مۇئەللىمى مۇرات دەرسكە كىردى دېگەن كۈنى ئۆلاجى بار يەرلىك شېۋىدە سۆزلىمەي، ئورتاق تىلنى ئىشلىتىشكە تىرىشاتتى.

— مەن ئازراق سۆزلەي، — دېدى توختى قۇربان ئېغىر تەۋرىنىپ قويۇپ، — يەرلىك دىيالېكت ئاتالغۇلىرىمىزنىڭ ئانا تىلنى بېيىتىش،

تولۇقلاش يۈزىسىدىن ئوينايدىغان رولىغىمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ، ئۇمۇ بىر بايلىق. لېكىن، پەن ئاتالغۇلىرىنى، پەندە مۇقىملاشقان ئىسىملارنى ۋە سۆز - ئىبارىلەرنى يەرلىك تىلغا بويسۇندۇرىمەن دېيىشمۇ خاتا. . .

توختى قۇربانىنىڭ سۆزىنى ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى يۈسۈپ، گېئومېترىيە ئوقۇتقۇچىسى رەجەپ مۇئەللىم قاتارلىق كۆپچىلىك قوللاپ سۆزلىدى. ئاخىرىدا زىكرۇللا غوجى ھېكمەتنىڭ كىتاب بويىچە كونسپېكنى ئۆزگەرتكەنلىكى ۋە شۇنداق دەرس ئۆتكەنلىكى تامامەن پەنگە ھۆرمەت قىلغانلىق دەپ خۇلاسە چىقاردى. ئۇ يەنە بۇندىن كېيىن، مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئورتاق تىلنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا دوكلات بېرىشنى تەۋسىيە قىلدى.

يىغىن تۈگىدى. ھېكمەت خاتىرىلىرىنى ئۈستەل تارتمىسىغا سالدى - دە، ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىغا قارىدى. ئەمما مۇرات كۆرۈنمىدى. بىر نەچچە ئوقۇتقۇچى كامىلنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ پاراڭلىشىۋاتاتتى. ھېكمەت ئۈستەلدە بىر نەرسە يېزىۋاتقان گۈلزىباغا كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن، ئالدىراپ سىرتقا ماڭدى. ئۇنىڭ مۇراتقا دەيدىغان مۇھىم گېپى بولغاچقا، ئىشخانىدىن چىقىپ ئۇدۇل ئوغۇللار ياتاق بىناسىنىڭ ئەڭ چەتتىكى سەنئەت ئۆيىگە باردى. سەنئەت رېپېتىتسىيە ئۆيى چوڭ ھەم ئازادە ئىدى، تام قوزۇقلىرىدا دۇتار، تەمبۇر، راۋاپ، داپ، غىجەك دېگەندەك سازلار ئېسىقلىق تۇراتتى. رېپېتىتسىيە ئۆيىنىڭ ئىچكىرىسىدە يەنە بىر كىچىك ئۆي بولۇپ، بۇ مۇراتنىڭ ياتىقى ئىدى. ھېكمەت ياتاققا كىرگەندە، مۇرات كىيىم ئالماشتۇرۇۋاتاتتى.

— بىر يەرگە تەييارلىق قىلىۋاتامسەن - نېمە؟ — دېدى ھېكمەت چىرايلىق، ئىخچام ياسالغان ياتاققا زوقى كېلىپ، — راست گەپنى قىلە، مەن ھېچكىمگە دېمەيمەن. . .

مۇرات كۆڭلىكىنى كىيىۋېتىپ، بىر كۆزىنى قىستى - دە، بېشىنى لىككىدە ئېتىپ قەيەرنىدۇر ئىشارەت قىلىپ كۈلدى. ھېكمەتمۇ «بىلدىم» دېگەندەك باش لىڭشىتتى.

— ئۇنىڭ بۇگۈن دەم ئېلىش كۈنى، بىز كېلىشىپ قويغان، «ئالقاتلىق» تا كۆرۈشمەكچى ئىدۇق.
— ئەمىسە مەن چىقىپ كېتەي. . .
— كېيىنىڭ بولسا دېمەمسەن؟
— بەربىر قولۇقۇڭغا كىرمەيدۇ. . .
— دېمەي چىقىپ كەتسەڭ، ئىچىم تىـــتىـــلداپ ئۇ يەرگە بارغىنىمنىڭمۇ مەززىسى بولمايدۇ. . .

مۇرات ئورۇندۇقنـى سۈرۈپ ھېكمەتنىـــڭ ئالدىدا ئولتۇردى. ھېكمەتنىڭ باياتىندىن بېرى ئىچىگە مارجاندەك تىزىپ كىرگەن گەپلىرى، مانا ئەمدى مۇراتنى كۆرۈپ، قاياقىقىدۇر غايىب بولغانىدى. ئۇ گېپىنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي، بىردەم تىنىۋالغاندىن كېيىن، ئاستا سۆزلىدى:
— مۇرات قارا، «بوۋاي قەمبەر» باشلانغۇچ مەكتىپىدە بىـــر پەرىزاتنى كۆردۈمكى، ئەيھەنناس، ئۇنى بىر دېمە.
— ھە، سۆزلە، — دېدى مۇرات بىر ئاز ئۆڭگۈپ، — ھەممىنى دە!.
— ئۇ قىزنىڭ ئىسمى نەفىسە ئىكەن، ئۆزىمۇ قاشتېشىدىن ياسالغان نەپىس بىر گۈلگە ئوخشايدىكەن. بىلىم جەھەتتىن دەمسەن، ئەخلاق - پەزىلەت جەھەتتىن دەمسەن، بىباھا گۆھەر ئىكەن. . .
— ھە ماقۇلە، شۇ قىزغا كۆزۈم چۈشتى دېگىن! گۈلزىبانى قانداق قىلىسەن؟ ئۇ. . . — مۇرات ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ئوقۇغۇچى يىغىپ كەل دېپ ئەۋەتسە، بۇنىڭ تېپىپ كەلگىنى ئىشىنى قارا! . . . مەن باشقىلارنى ئويلاپ كۆرمىدىڭمۇ؟ . . .
— نېمىلەرنى جۆيلىۋاتىسەن؟ — ۋارقىرىدى ھېكمەت، — ئاۋۋال گېپىمنى ئاخىرىغىچە ئاڭلىمامسەن؟ . . .
— قانداق گەپ بولاتتى. ھەممىسى چۈشىنىشلىك تۇرسا. . .
— بولدى، ئاڭلىمساڭ مەن چىقىپ كېتەي، — ھېكمەت ئورنىدىن تۇردى.
— ھە قېنى سۆزلە، تولا قېنىڭنى چاچما! . . .

مۇراتنىڭ گەپىنىڭ تېگى - تەكتىگە يەتمەي تۇرۇپلا قىلغان سۆزلىرى

ھېكمەتكە تېز كەلگەنىدى. ئۇ بىر ھازاغىچە گەپ قىلالماي ئولتۇرۇپ كەتتى.

— بولدى، بولدى، مەن ناماقۇل، خاپا بولما، گېپىڭنى قىلە...

— تۇتە ماۋۇ تاماكىنى بىز شورىۋېتە!... — مۇرات ھېكمەتنىڭ ئاغزىغا تاماكىسىنى چىشلىتىپ قويدى، ھېكمەت كۈلۈۋەتتى. ئۇ نەفسەنى قايتىدىن بىر سۈپەتلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ «خەمسە»نى ئوقۇۋاتقانلىقى... «ئىجازەت» دېگەندە، ئۇنى بۇۋىسىنىڭ دەپ قالغانلىقىغا قەدەر سۆزلەپ، نەفسەنى كامىلغا تونۇشتۇرۇپ قويۇش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى، شۇنداق قىلسا قىزىل گۈلگە ياپراق ياراشقاندەك بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مۇرات ھېكمەتنى قۇچاقلىۋالدى.

— خاپا بولما! مەن ... مەن خاتا ئويلاپ قاپتىمەن. مېنى كەچۈر، — دېدى مۇرات يېنىشلاپ كەچۈرۈم سوراپ.

— قانداق، بولارمۇ؟ — دېدى ھېكمەت ئاستاغىنا.

— داموللام بىلەن قۇشناچىمنى چاتىدىكەنمىز ـ دە! — ئۇلار تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى، — ئەمما كامىلنىڭ مىجەزىنى بىلسەن، ئۇ تونۇشتۇرغاننى، سالا قىلغاننى ياقتۇرمايدۇ، ئەڭ ياخشىسى ئۆزلىرى تونۇشسا بولاتتى.

— ئەمىسە مۇنداق قىلايلى، بىر كۈنى بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ، كامىلنى ئاشۇ مەكتەپكە ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنى ئۇچراشتۇرۇپ قويايلى، قانداق دەيسەن؟

بۇ پىلانىڭ جايىدا!...

— ئەمىسە سەن ماڭغىن! زۇمرەت ساقلاپ قالمىسۇن...

ھېكمەت مۇراتنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، ياتىقىغا كىرىپ كەتتى.

ۋەدىلەشكەن ۋاقىتتىن يېرىم سائەت ئۆتۈپ كەتكەنىدى. بەلكىم زۇمرەت «ئالقاتلىق»قا كىرىپ كېتىدىغان تېرەكلىكتە ساقلاپ تۇرىدىغاندۇر؟ ياكى يېكەن توخۇلىرى چاچىلداپ سايراپ، ياۋا ئۆردەكلەر بىر — بىرىنى قوغلىشىپ يۈرگەن سازلىقتا سۇغا قاراپ

ئۇلتۇرىدىغاندۇر؟ مۇرات مەكتەپنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن ماڭماي، ھېكمەتنىڭ ياتىقىنىڭ ئارقىسىدىكى ئېرىقنى بويلاپ بازار بېشىغىلا چىقتى. ئۇ، خۇدادىن «يولدا بىرەر تونۇش ئۇچراپ قالماسلىقىنى» تىلەپ، بوستان بازىرىدىن ئىت قوغلىغاندەك ئۆتۈپ كەتتى.

مۇرات ئىككى تەرىپى بۈككىدە دەرەخلىق يولدا كېتىۋاتقىنىدا، يىراقتىنلا ئىككى ئۇلاغلىق ئادەمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. قارا ئاتلىقنىڭ گۈڭشې شۇجىسى تۇراپ ئىمىن، ئېگىز كۆك قېچىرغا مىنىۋالغىنىنىڭ خالىق كاتىپ ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن مۇرات يول چېتىدىكى قېرى ياڭاق ئارقىسىغا يوشۇرۇندى.

— خالىق، مال تونۇيسەن جۇمۇ! — دېدى تۇراپ يېقىن كەلگەندە، — پاھ، پاھ، مېغىزدەك بالىكەنا؟... يوتقانغا يالىڭاچلاپ ئەكىرىپ كۆزىگە قاراپ ياتساڭمۇ جەننەت ھوزۇرى دېگىنە! ھى.. ھى... ھى...

— ئەمما، تۇشۇجى، ئانام بىلەن دادام خوتۇننى قويۇپ بېرىشكە ئۇنىماي تۇرىمىدۇ...

— لەڭپۇڭدەك لىغىرلاپ تۇرغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، — دېدى تۇراپ ئىمىن ئاتتا يانتۇ ئولتۇرۇپ، — ئۇمۇ خېلى شۆللۈك خوتۇن، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغىنىڭغا بىر يىل بولدىغۇ دەيمەن؟...

تۇراپ ئىمىن بىلەن خالىق كاتىپ ئۆزاپ كەتتى. مۇرات يول ئۈستىگە چىقىپ يەرگە بىرنى تۈكۈردى - دە، يولغا راۋان بولدى. ئۇ چوشقا قېرىمىسىگە قايرىلىپ كېتىدىغان يولدىن ئۆتۈپ، سازلىققا يېتىپ كەلدى. سۇ بىر — يېكەنلىك ئەتراپىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. مۇرات ياۋا قومۇشلىرىنى شالدىرلىتىپ، يامغۇر بۇلۇتىدەك قارىيىپ تۇرغان تېرەكلىككە ماڭدى. ئۇ، ئىچىدە ئويلاپ قالدى. ئەسلىدە بۇ يەر تېرەكلىك ئەمەس بەلكى چاتقاللىق، توقايلىق دەپ ئاتالغان بولسا توغرا بولاتتىكەن. چۈنكى، بۇ ئورمان تېرەك، سۆگەت، جىگدە، چىلان، ياڭاق، چىنار، غوللىرى مۇدۇر - چوقۇر هاڭگىي دەرىخى، قوۋزاقلىرى سىدام تۇخۇمەك، توغراقلار بىلەن تولغان بولۇپ، ئارىلىقلاردىكى چىغىر يوللار بىلەن ئادەم تەستە ماڭغىلى بولاتتى.

زۇمرەت بۇ يەردىمۇ يوق ئىدى. مۇرات تېرەكلىكتىن ئۆتۈپ، جىغانلىققا چىقتى، بۇ يەرنى ئالقاتلىقمۇ دەپ قوياتتى، چۈنكى 8. ، 9 - ئايلاردا، جىغاننىڭ كۈمۈش رەڭ ياپراقلىرى كۆرۈنمىگۈدەك دەرىجىدە ئالقاتلار پىشىپ پېتىلەتتى، يىراقتىن قارىسىڭىز، گويىكى قىزىل شەلپەرلەرنى يېيىۋەتكەندەك تاۋلىنىپ كۆرۈنەتتى، غۇژمەك - غۇژمەك كاللەكلىشىپ، شاخ - شېخىنى كۆتۈرەلمىگەن قىپقىزىل ئالقاتلار دادۇي ئەزالىرى تەرىپىدىن يىغىۋېلىنىپ، شىپاخانىلارغا، سەكسەن خالتىلارغا دورىلىق ئۈچۈن سېتىلاتتى.

مۇرات جىغانلىقنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ زۇمرەتنى تاپالمىدى. «ئۇ مېنى ساقلاپ، ئاخىرى كېتىپ قاپتۇ - دە!» دەپ ئويلىغان مۇرات لاسسىدە بوشاپ، دەرەخ كۆتىكىدە ئولتۇرۇپ تاماكا چەكتى. جىغانلىقنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان ئۆرۈك، شاپتۇل كۆچەتلىرى ئاپئاق چېچەكلەپ كەتكەندى. تېرەكلىك ئىچىدىن سوپىسوپىياڭ، تورغاي، پاختەكلەرنىڭ سايرىغان ئاۋازى كېلەتتى، جىغانلىقتا، قۇشقاچ، جىگدىچىلەر ۋىچىرلىشاتتى. بەلكى ئۇلار باھار كېلىشى بىلەن جۈرە ئىزدىشىپ، بىر - بىرىنى ماكانلىرىغا تەكلىپ قىلىشىۋاتسا كېرەك.

ئارقىسىدىكى شىۋىرلىغان شەپىدىن مۇرات چۆچۈپ قارىدى. ئاپئاق ئېچىلىپ كەتكەن ئازغان گۈللىرى ئىچىدە، ھىلپىرلەپ تۇرغان سۈس ھاۋارەڭ گىرىپ كۆڭلەكلىك بىر قىز كۆرۈندى، ئۇ چاچ ۋە ئېتەكلىرىنى شاخ - شۇمبۇلاردىن قاچۇرۇپ ئاستا كەلمەكتە ئىدى. مۇرات چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ نەپىسى بوغۇلغاندەك بولدى، ۋىسال شارابى ئىچكەندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ ياندى. شادلىق ۋە ھاياجاندىن تىترىدى. چۈنكى ئۇ، جاندىن ئەزىز مەھبۇبىسىنى كۆرۈپ تۇراتتى.

— زۇمرەت، تومۇچۇقۇم!...

مۇرات زۇمرەتنىڭ تولغان بەدىنىگە سىڭىشىپ كەلگەن ئۇششاق قارا گۈللۈك ھاۋارەڭ گىرىپ كۆڭلىكىگە، چىرايلىق كۆكسى كۆتۈرۈپ تۇرغان قارا مەخمەل پىنجىكىگە، بويىنىغا باغلىۋالغان ئاق شارپىسىغا زوقلىنىپ قارىدى. ئۇ گويا ئۇچۇشقا تەييارلانغان قارلىغاچنىڭ

ئۆزىلا ئىدى.

— مۇرات! . . .

— زۇمرەت! . . .

ئىككىز گەۋدىلىك مۇرات قىزنى باغرىغا باستى، ئۇ شېرىن مۇھەببەت ئىزتىراپىدا نەپەسلىرى تېزلىشىپ ھاسىرايتتى . . . تىترىگەن قوللىرىدا دولقۇن - دولقۇن قوڭۇر چاچلارنى سىيلايتتى . . . ئىلىپتەك تۈز قاشلارغا، ناۋاترەڭ گۈل يۈزلەرگە، گەپ قىلىشنى بىلمىدىغان قارا كۆزلەرگە، بىلىنەر - بىلىنمەس يۇمران قوش ئىككەكلەرگە تويماي - تويماي تەلمۈرەتتى. . . ئىچىدە: «مېنىڭ تومۇچۇقۇم، ئوماق تومۇچۇقۇم. . . » دەپ زىكرى قىلاتتى.

— سىزنى ساقلىتىپ قويدۇم، — دېدى زۇمرەت قېلىن كىرپىكلىرى ئارىسىدىن يىگىتكە قاراپ، — ئۆيگە مېھمان كېلىپ قېلىپ. . .

— مەن تېخى سىزنى ساقلاپ كەتتىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ كېتىپتىمەن، جۇرۇڭ! — دېدى مۇرات قىزنى جىغانلىق ئەتراپىدىكى چىچەكلىككە باشلاپ، — ئەسلىدە مېھمان كېلىپ قاپتىكەندە!

— ھەئە، تۇراپ شۇجى بىلەن خالىق كاتىپ جۇجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىپتىكەن، يوقلاپ كىرىپتۇ. . .

— خالىق كاتىپ؟ — مۇرات ئۆزىنى سولاپ قويغان سوغۇق چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، — ئۇ قانداق قىلىپ سىزنى يوقلاپ كىرىدۇ؟ . . .

— سىزنى دەۋاتقىنىنى، — زۇمرەت تومشۇقىنى ئۈچلىدى، — خوتۇنى بار، دادامدەك ئادەم مېنى نېمىشقا يوقلاپ كىرىدىكەن؟ دادامنى بولمامدۇ! . . .

ئۇلار ئاپئاق تۈكقۇلگەن چىچەكلەرنى دەسسەپ، بەزىدە ئېگىشىپ، بەزىدە ئايلىنىپ، ھالرەڭ چىچەكلەر سايە تاشلىغان شاپتۇل تۈۋىدىكى ئېرىق لېۋىدە ئولتۇرۇشتى. ئېرىقنىڭ ئىككى قاسنىقى ياپيېشىل چىملىق ئىدى. بۇ يەردىن باغۋەنچىلىك مەيدانىنىڭ ئالمىلىق باغلىرى سۈس ھالرەڭ بولۇپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى، بىر توپ گۈل خۇمار ھەرىلەر

چېچەكلەر ئارا غۇڭۇلدىشىپ، بەس - بەس بىلەن شىرنە يىغىپ يۈرەتتى. قىشچە ئۆچەكتە ئۇخلاپ زېرىكىپ كەتكەن قۇرت - قوڭغۇز، چېكەتكىلەر قوياشلىق باھارنى كۈيلەپ ناخشا ئېيتىشۋاتسا كېرەك، جىغانلىق ئىچىدىن گىژىلدىغان، چىر - چىر قىلغان، ئۇزۇنغا سوزۇلغان غىڭشىلداشلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تەيەرلىنىدۇر سۆيۈچى يىگىتنىڭ ئۆز يارىنى ئاق چېچەكلىك باغلارغا چىللاپ ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشىسى كېلەتتى. قىسقىسى، تىكەن، قومۇشلار قاپلىغان ياپپېشىل سازلىق، ئۇچار قۇشلار سايرىشىپ بەزمە - ناۋا قىلىشۋاتقان تېرەكلىك، چېچەكلەر كەشتە سالغان جىغانلىق، قوياشلىق كۆك ئاسمان كىشىدە باھار زوقىنى قوزغاپ، ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ يۈرىكىدە يېڭىدىن يېڭى بۈدىران بىخلارنى پەيدا قىلاتتى...

پاك، سەمىمي، سادda قىز زۇمرەت ياسىنىپ - تارانغان تەبىئەتنىڭ بۇ بەرنا ھۆسنىگە قاراپ - قاراپ تويمايتتى. ئەمما نېمىشقىدۇر مۇراتنىڭ ۋۇجۇدىنى خۇددى دالىدىكى يانغىن ئۈستىگە يامغۇر تۆكۈلگەندەك بىردىنلا غەمكىنلىك قاپلىغانىدى. ئۇنىڭدا بايىقى ھاياجان بىلەن بەخت شادلىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. قۇلاق تۈۋىدە: «تۇراپ شۇجى، خالىق كاتىپ يوقلاپ كىرىپتۇ...» دېگەن شۇم خەۋەر قايتا - قايتا ئەكس سادا بېرىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى بىر ئەنسىزلىككە سېلىپ قويدى، تۇراپ شۇجىنىڭ: «مال تونۇيسەن جۇمۇ، مېغىزدەك بالىكەن...» دېگەندەك ھاياسىز سۆزلىرى بىلەن خالىقنىڭ: «خوتۇنىنى قويۇپ بېرەي دېسەم، ئانام بىلەن دادام ئۇنىماي تۇرىدۇ...» دېگەن سۆزىدىكى قارا نىيەت ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئامبۇردا قىسقاندەك ئارامسىزلاندۇرماقتا ئىدى...

— نېمە بولدىڭىز مۇرات؟ — دېدى زۇمرەت پاك چېھرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ، — چىرايىڭىز تاتىرىپ كەتتىغۇ؟... بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟...

— يۈرىكىم ... بىر ئاز ئېغىشۋاتىدۇ...

— ۋاي خۇدا، مېنى قورقۇتماڭ ... — زۇمرەت مۇراتنىڭ قوللىرىنى تۇتتى. تېخى ھازىرلا بىر ئوبدانلا ئىدىڭىزغۇ؟...

— ئۆزەممۇ بىلمەيمەن ... — مۇرات قولىنى تارتىپ يۈزلىرىنى قاچۇردى، — قانداق ئاچكۆز مەلئۇنلار ئۇ!...

مۇراتنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن بۇ سۆز زۇمرەتنى سەگەكلەشتۈرۈپ قويدى. ئۇ ئەھۋالنىڭ تېگىگە يەتكەندى.

— ۋاي - ۋۇي قاراڭ سىزنىڭ نازۇكلۇقىڭىزنى! — دېدى زۇمرەت مۇراتنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ، — خالىقكام ئۇنداق ئەسكى ئادەم ئەمەس. شۇنچىلىك ئىشقىمۇ!...

— ياق زۇمرەت، ئادەم بەك سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇنى غەپلەت ئۇيقۇسى باسىدۇ، — دېدى مۇرات، — بۇ سىز ئېيتقاندەك ئۇنچىلىك كىچىك ئىش ئەمەس ... مېنىڭ ھەممىنى بىلگۈم كېلىدۇ... قانداق قىلىپ ئۇ؟...

... زۇمرەت تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 9 - سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا، ئانىسىنىڭ ئورۇن تۇتۇپ ياتقىنىغا ئىككى يىل بولۇپ قالغانىدى. ئۇ، دۇينىڭ ماللىرىغا پىچان چۈشۈرۈۋاتقاندا، ئۆگزىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، ئىككى پۇتى باسماس، بىر قولى تۇتماس بولۇپ، پالەچ بولۇپ قالدى. زۇمرەتنىڭ كىچىك ئاچىسى ياتلىق بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆيدە ئانىسىنىڭ ئاش - تامىقى، چوڭ - كىچىك تەرىتىدىن خەۋەر ئالىدىغانغا ئادەم قالمىدى. زۇمرەتنىڭ دادىسى ياقۇپ بولسا، جوچاڭ (چوشقا فېرمىسى) نىڭ بوغالتىرى بولۇپ، بىر كۈن كەچكىچە ھەتتا كېچىلىرىمۇ بىكار بولالمايدىغان ئالدىراش ئادەم ئىدى. شۇڭا ئۇ، زۇمرەتنى 9 - سىنىپتىلا مەكتەپتىن چىقىرىۋالدى.

جوچاڭ ھەربىي تۈزۈمدىكى ئورۇن بولۇپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇلاردىن تەركىب تاپقان تۆت كىچىك ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بار ئىدى. ھاراق، جاڭيۇ، ئاچچىقسۇ زاۋۇتلىرىدىن، سەي چىلاش سېخلىرىدىن قىلىنغان كىرىمگە ئاساسەن، ھەر ئايدا ئەزالارغا ئاز - تولا مائاش (تۇرمۇش پۇلى دېيىشىمۇ بولىدۇ) تارقىتىلاتتى. ياقۇپ بىر كۈن كەچكىچە زاۋۇتلارغا قاتراپ، ئارزاڭ، ئېچىتقۇ، خام ئەشيا، كىرىم - چىقىم دېگەندەك تۈگىمەس - پۈتمەس

سان - سىفىرلار ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى، كۆكتاتچىلىق مەيدانلىرىغا بېرىپ، سېتىلغان - سېتىلمىغان لازا، پەمىدۇر، چەيزىلەرنىڭ ھېسابىنى ئالاتتى، مال باقارلار ياقۇپ نەگە بارسا، سوكۇلداپ شۇ يەرگە بېرىپ، چوشقا يېمى، ئات - ئۇلاغلارنىڭ يەم - خەشىكى، توخۇلارنىڭ دېنى دېگەندەك ئىشلار بىلەن ئۇنىڭغا بىردەممۇ ئاراملىق بەرمەيتتى.

توختىماي شاراقلاپ سوقۇلۇۋەرگەن چوتنىڭ لەنىتى ئۇرۇقلىرىمۇ ياكى ئوگەندىمۇ - چوشىدىمۇ چۇمۇلىلەردەك ئۆمىلەپ يۈرگەن سان - سىفىرلارنىڭ كاراسىتىمۇ، ئەيتاۋۇر، ئۇ مىجەزى چۇس، تېرىككەك، ھېلىدىن ھېلى سەپرايى ئۆرلەپ تۇرىدىغان تۇراقسىــــز ئادەم بولۇپ قالغانىدى.

زۇمرەت مەكتەپتىن قايتىپ چىقىپ ئانىسىنىڭ كېسىلىگە قاراۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، خىزمەت بىلەن چىققان خالىق كاتىپ ئۇنى كۆرۈپ قالدى. قىزنىڭ ئارقىدىن بوغۇۋالغان دولقۇنلۇق قوڭۇر چاچلىــرى، كۈلۈپ تۇرغان چوڭ كۆزلىرى، چاسىغا مايىل ناۋاترەڭ يۈزى، ناچىدەك چىرايلىق بۇرنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ خەنزۇ، ئۇيغۇر قىز دوستلىرى بىلەن خەنزۇ تىلىدا چاقماقتەك سۆزلىشىۋاتقان قىياپىتى، خالىق كاتىپنىــى مەھلىيا قىلىۋالدى. ئۇ، چىۋىن كىرىپ كەتسە تۇيمىغۇدەك ھالدا، ئاغزىنى ئېچىپ، ھاڭقىيىپلا قالغانىدى. بۇ چاغلاردا ئۇنىڭ تۆتىنچى خوتۇننى يولغا سېلىۋېتىپ، بەشىنچى خوتۇننى ئۆيگە ئەكىرگىنىگە ئەمدىلا بىر ئاي بولغانىدى. «ئەسەنەي، بۇ قارلىغاچنى بۇرۇنراق كۆرگەن بولسام، ئاۋۇ لەگىپۇڭ خوتۇننى ئېلىپ نېمە قىلاتتىم؟ ...» دېدى ئۇ ئىچىدە.

خەيرىيەت، خالىق كاتىپ بوغالتىرنىڭ ھېسابلىرىنى كۆرگەن بولدى، ئۇنى: «سىز ھېساباتچىلارنىڭ پىرىكەنسىز، پاھ، پاھ، نېمىدېگەن رەتلىك تۈزۈلگەن ھۆججەت - تالونلار بۇ!... ئىدارە - جەمــــىيەت ھېساباتچىلىرىنى يىغىپ بەرسەم، دەرس ئۆتسىڭىز بولغۇدەك...» دەپ، ھۆل خىشقا دەسسەتتى. ئۆمرىدە بىرەر باشلىقنىڭ ماختىشىغا نائىل بولمىغان ياقۇپ خۇشلۇقىدا ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. زۇمرەتنىڭ ئەتكەن تامىقىنى يېگەن خالىق «ئۆمرىدە بۇنداق تېتىقلىرى قاملاشقان

تاماق يېمىگەنلىكى» نى ئېيتىپ، ئۇنى بىر ھازا ماختىدى.

مانا شۇندىن باشلاپ، خالىق بۇ ئۆيگە يات - پاتلا كېلىپ مېھمان بولۇپ كېتىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ ھەر كەلگىنىدە، «ئاياللىرىڭنى داۋالاتسىلا!» دەپ پۇل بېرەتتى، ئۆزى تىۋىپلارنىڭ قىممەت دورىلىرىنى ئالغاچ كېلەتتى، ئەمما ياقۇپنىڭ ئايالى ئۇزۇن ئۆتمەي قازا قىلدى. بېشى قېتىپ گاڭگىراپلا قالغان ياقۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغىنىدا، خالىق مەرھۇمنىڭ ئۆلۈمىگە ئەجەلىش ئۈچۈن، پۇل، نەزىر - چىرىغىغا ئاتاپ گۈرۈچ، ماي - گۆشلەرگىچە يەتكۈزۈپ بەردى.

مەرھۇمنىڭ قىرىق نەزىرىسىدىن كېيىن، ئۇ زۇمرەتنى گۆڭشى پوچتىخانىسىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئىلتىپاتتىن ياقۇپ بولۇپمۇ زۇمرەت دەپ ئېيتقۇسىز خۇشال بولدى...

... تۆكۈلگەن چېچەكلەرنى ئالقىنىغا تېرىپ، جىم ئولتۇرۇپ كەتكەن مۇرات ئاستا بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ گەرچە زۇمرەتنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشەنسىمۇ، بىراق خالىق كاتىپنىڭ «خەيرىخاھلىقى» زادىلا كاللىسىدىن ئۆتمەيتتى. كونىلار: «بىر بالاسى بولمىسا، چۆلدە قويرۇق نە قىلۇر؟» دەپ بىكار ئېيتمىغاندە!...

— ماڭا ئىشىنەمسىز مۇرات؟ — دېدى زۇمرەت ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ، — سىزنىڭ گۇمانىڭىز ماڭا ھاقارەت...

— ئىشىنىمەن جېنىم زۇمرەت، خۇداغا ئىشەنگەندەك ئىشىنىمەن، بىراق...

— مېنىڭچە، خالىقكام ياخشى ئادەم!... پەقەت ئۇ سىزنى سوراپ قويغانلىقى ئۈچۈنلا مۇشۇنداق قىلىۋاتىسىز، — دېدى زۇمرەت دومسىيىپ، — بۇ ئىشنى پوچتىخانا باشلىقى قىلغان تۇرسا...

— قارا، زۇمرەت، — دېدى مۇرات بىر ئاز ئويلىنىپ، — خالىقنىڭ دادىڭىزغا بەرگەن پۇللىرىنى قايتۇرۇۋېتەيلى، مەن ھېكمەت، كامىللارغا دېسەم، ئۇلارمۇ ياردەم قىلىدۇ...

— سارالڭ بولدىڭىزمۇ؟ مەن دادامدىن قانچىلىك قەرزىڭ بار دەپ سورامدىم؟ — زۇمرەت ئاچچىق كۈلدى، — گۈرۈچ، ماي - گۆشلەرنى

پۇلغا سۇندۇردۇقمۇ دەيلى، ئۇنى خالىقكامغا قانداق چۈشەندۈرىمەن؟ ئۇ نېمە دەپ ئويلاپ قالىدۇ؟ ... ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ چوڭ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇئامىلە تۇرسا! ...

— مەن ئەنسىرەپ تۇرىۋاتىمەن... — مۇرات خاپا بولغان هالدا تاماكا ئورىدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇنچىۋالا چوڭقۇر ئويلاپ كەتمەڭ، — دېدى زۇمرەت مۇراتنىڭ يېڭىدىن تارتىپ، — خالىقكام دېگەن ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، سالاپەتلىك ئادەم. ھەتتا، بىر قېتىم ئىككى تۇغقان ئاكىسى مەتمۇسا مېھمان بولۇپ كېلىپ، ماڭا سەت چاقچاق قىلىۋېدى، خالىقكام ئۇنى تىللاپ بەشپۇچۇق قىلىۋەتتى...

— نەسىللەندۈرۈش پونكىتىدىكى چوشقىمۇ؟ — مۇراتنىڭ كۆزلىرى ئالايدى...

— سىز قانداق تونۇيسىز؟...

مۇرات سەمەندەر زەنجاڭنىڭ ئۆيىدىكى ئولتۇرۇشتا ئۇنىڭ بىلەن قانداق تونۇشۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئەسكى دېسە شۇنى دېسە بولىدۇ، شۇڭا خالىقكام ئۇنىڭ ئەدىبىنى بەرگەن... — زۇمرەت ئورنىدىن تۇرۇپ ئېتەكلىرىنى قاقتى، — بولدى قىلىڭا مۇرات، بۈگۈن سىزنىڭ قىزىق چاقچاقلىرىڭىزنى، تاتلىق گەپلىرىڭىزنى ئاڭلارمەن دەپ كەلسەم... ئەجەب بىر ئىش بولدى، جۈرۈڭ ئالقاتلىقنى ئايلىنايلى...

مۇرات بىلەن زۇمرەت جىمغانلىق ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان چېچەكلىكنى ئايلىنىپ خېلى ئۇزۇن ماڭدى. ئاق ھەم ھالرەڭ چېچەكلەر خۇددى تويي چاچقۇسىدەك تۆكۈلمەكتە ئىدى، يەرمۇ ئاپئاق چېچەك بىلەن پۈركەنگەنىدى، كۆك ئاسماننىڭ قەھرىدە بىر توپ كەپتەر پەرۋاز قىلاتتى. بەزىلىرى دەممۇ دەم مۇللاق ئېتىپ، يەنە توپقا قېتىلاتتى، زۇمرەت بىردە قېچىپ، بىردە غۇژمەك - غۇژمەك چېچەكلەر ئارقىسىغا يوشۇرۇناتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى بەجايىكى جاراڭلىق، ھەم يېقىملىق مۇزىكا ئىدى. مۇرات قىزنى خاپا قىلماسلىق ئۈچۈن، ئۇنى قوغلىغاندەك، كۈلكىسىگە كۈلكە

بىلەن جاۋاب قايتۇرغاندەك قىلاتتىيۇ، بىراق كۆڭلى يەنىلا خىرە ئىدى. ئۇ يولدا كېلىۋېتىپ، تۇراپ شوجىنىڭ خالىققا قىلغان لاۋزا چاقچىقى، خالىقنىڭ بەرگەن جاۋابلىرىنى زۇمرەتكە دېيىش ئۈچۈن، قانچە - قانچە تەمشىلىپ باقتىيۇ، دېيەلمىدى. چۈنكى بىر ياقتىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىشنى خالىمىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ جېدەل چىقىرىشتىن يانمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. مۇرات ئويلىنىپ - ئويلىنىپ، ئاخىرى ئۆزىنى بېسىۋالدى. چۈنكى ئۇ زۇمرەتكە ئىشىنەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ھازىر ئۆتمۈش كونا جەمئىيەت ئەمەستە، قىزلارنى بۇلاپ - تالاپ ئېلىپ كېتىدىغان... ئەگەر «قەرزنى بەر» دەپ تۇرۇۋالغۇدەك بولسا، بىر ئامال تۆلەپ بېرەمدۇ!... شۇنداقتىمۇ بۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ بىر نەرسىنى ئالماسلىق كېرەك، بۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويمىسا، ھېلىقى تۇترۇقسىز، سېرىق مەجەز ياقۇپ ئاخىرى قەرزنى تۆلىيەلمەي، قىزنىڭ كۆكسىنى سېتىۋېتىدىغان ئىشمۇ چىقمىسۇن يەنە!...

— زۇمرەت، — دېدى مۇرات ئېرەكلىككە قايتىپ كىرگەندە، — بۇندىن كېيىن دادىڭىز خالىقتىن پۇل ئالمىسا... بولمىسا...

زۇمرەت قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن ئورماندىكى قۇشلار ئۈركۈپ، پالاق - پۇلۇق قىلىپ ئۇچۇپ كېتىشتى. بەزىلىرى ھەر خىل ئاۋازلاردا سايرىۋېتىشتى... قىز مۇراتقا ئاستا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى.

— ئەخمەق! ئۇ نىكەمدىكى ئىشلار، — دېدى زۇمرەت كۈلۈپ، — بىلىپ قويۇڭ، مەن ئەبەدىئەبەت سىزنىڭ... كىمكى ماڭا يامان نىيەتتە بولىدىكەن، كىچىككىنە جېنىمنى تىكىپ قويىمەن...

— زۇمرەت!...

— تاماكىڭىزنى ماڭا بېرىڭ!...

— نېمە قىلىسىز؟...

— تاشلىۋېتىمەن، ئوتىڭىز يەنە مېنى كۆيدۈرۈپ يۈرمىسۇن... ئەمدى چىدىيالمايمەن...

زۇمرەت ئۇنىڭ قولىدىكى تاماكىنى ئېلىۋالدى. قىزنىڭ چىن مەناغا

تولغان بىر جۈملە سۆزى مۇراتنىڭ كۆڭلىدىكى كىرلەرنى يۇيۇۋەتتى. ئۇ نازۇك بەللەردىن ئاستا قامالىدى، ئەمما ئۇ بىرلا ۋارقىراپ قوللىرىنى تارتىۋالدى. چۈنكى شوخ قىز ئۇنىڭ قولىغا تاماكا ئوتىنى يېقىۋەتكەنىدى. . .

زۇمرەت تاماكىنى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇغا تاشلىدى ـ دە، قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئورمان ئىچكىرىسىگە قاچتى. . . مۇرات ئۇنى قوغلىدى، قىز كېيىكتەك چاققانىدى. ئۇلار قاقاقلاپ كۈلگىنىچە بىر هازا قوغلاشتى. ئاخىرى مۇرات ئۇنى بىر توپ چىنار تۈۋىدە تۇتۇۋالدى. هاسىراپ كەتكەن زۇمرەت مۇراتنىڭ كۈچلۈك بىلەكلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ئۇ قۇندۇزدەك يالتىراق چاچلار قاپلىغان بېشىنى قىن ـ قىنىغا پاتماي چاۋاك چېلىۋاتقان يۈرەك ئۈستىگە قويدى.

— قانداق ئوتتۇم يامانمىكەن؟ . . . — قىز شىۋىرلىدى.

— بەك كۆيدۈرۈۋەتتى. . . — يىگىت پىچىرلىدى.

— سىزنىڭمۇ ئوتىڭىز مېنى كۆيدۈرۈپ ئازابلىغانىدى! . . .

— ئەمما سىزنىڭ ئوتىڭىز مېنى كۈل قىلىۋەتتى. . .

— كۆيگەن قولىڭىزنى بېرىڭ. . .

— نېمە قىلىسىز؟ . . .

— قەرزىمنى قايتۇرۇۋېتەي. . .

زۇمرەت تاماكا چوغى تەگكەن قول ئۈستىگە لەۋلىرىنى تەگكۈزدى. مۇرات ئۆز ۋاقتىدا قىزنىڭ قولىنى كۆيدۈرۈپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراش ئۈچۈن، يېشىل يۇڭ ياغلىقنى ئېلىپ كەلگەندە، زۇمرەت ئۇنى تېلېفۇنخانىدا كۈتۈۋالغانىدى. شۇ چاغدا، مۇرات زۇمرەتنىڭ قولىنى ئالقىنىغا ئېلىپ تېڭىلغان داكا ئۈستىگە سۆيۈپ تۇرۇپ: «مېنى كەچۈرەمسىز؟ . . .» دېگەنىدى.

— مېنى كەچۈرەمسىز؟ . . . — زۇمرەت قەرزىنى تولۇق قايتۇردى.

— ياق! تۇمۇچۇقىم! . . . — دېدى مۇرات قىزنىڭ قۇلىقىغا.

— چىدىماس! . . . — دېدى قىزمۇ مۇراتنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ.

يۈرىكى ئۆز قىنىدىن چىقىپ كەتكۈدەك تېپچەكلەپ، ياشلىق قېنى

تومۇرلىرىغا پاتمايۋاتقان مۇرات، قىزنىڭ قان ئامچىپ تۇرغان ئالاراھەتتەك لەۋلىرىگە تەلمۈردى. نومۇس ۋە ھايادىن قىزىرىپ كەتكەن قىز ۋىلىققىدە كۈلدى - دە، كۆزلىرىنى ئەپقاچتى. . . يىگىت ئۇنىڭ ئوڭ يېنىغا چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىنى سىلاستىغىنىچە، سول قولىدا بويىنىغا گىرە سالدى. . .

مۇرات بىلەن زۇمرەت تىرەكلىكنى بىردەم ئايلانغاندىن كېيىن، سازلىققا چىقتى. ھەر ئىككىلىسى بىر - بىرىگە قارىيالمايتتى. مۇھەببەت كىشىلەرنى چىرايلىق قىلىدۇ، دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. تۇنجى سۆيۈش زۇمرەتنىڭ كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، غەزىمەت ئالمىسىدەك قىزارتىۋەتكەن بولسا، مۇراتنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇچقۇنلار چاچراپ، يۈزلىرىدە بەخت شولىسى چاقنايتتى.

زۇمرەت ئالدىدا، مۇرات ئارقىدا تىزغا كېلىدىغان ئوتلارنى دەسسەپ كېتىپ باراتتى. سازلىق ئوتتۇرىسىدىكى يەككەنلىكتە بىر نەچچە ياۋا ئۆردەك بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۈزۈشەتتى. ئۇلارنىڭ «ۋەيت، ۋەيت، ۋەيت. . .» دېگەن ئاۋازى، يەكەن توخۇلىرىنىڭ چاقىلداپ سايراشلىرى، تىرەكلىكتىن كېلىۋاتقان كاككۇكنىڭ مۇڭلۇق ساداسى، جىگدىچىلەرنىڭ «چىۋ، چىۋ. . .» قىلىپ بىر - بىرلىرىنى چاقىرىشى، بۇ جىلغا سازلىققا قايناق ھايات، باھار شادلىقى ئاتا قىلغانىدى.

زۇمرەت يەككەنلىكنى ئايلىنىپ، مۇراتنى بىر تۈپ تەتۈر سۆگەت تۈۋىدىكى بۇلاق بېشىغا ئېلىپ كەلدى. بۇلاق ئەتراپىنى قېلىن ئوتلار قاپلاپ تۇراتتى، ئىككى تارام بولۇپ، ئاققان كىچىك ئېقىن، ھەر خىل ئېچىلىپ كەتكەن ياۋا گۈللەر ئىچىدە غايىپ بولۇپ سازلىققا سىڭىپ كىرمەكتە ئىدى. ئۇلار بۇلاق بېشىدا ئولتۇرۇپ، قوللىرىنى يۇيدى، مۇزدەك سۇدىن تېتىپ - قېنىپ ئىچىشتى. زۇمرەت كىچىكىدىن تارتىپلا دوستلىرى بىلەن بۇ بۇلاق بېشىغا كېلىپ ئوينايتتى، ساپ ئۈزۈملەرنى مىدىقلاپ، بولدۇقلاپ تۇرغان كۆزگە تاشلايتتى، بىر چۆكۈپ - بىر لەيلەپ ئېقىپ كەلگەن ئۈزۈملەرنى ئالىشىپ، بۇلاپ ئېلىشىپ يېيىشەتتى. . .



مۇرات بىلەن زۇمرەت بۇلاق بېشىدا ئۇزۇن مۇڭداشتى. ئۇلارنىڭ كۆڭۈل سۆزلىرى، بەخت ۋە ئىقبال توغرىسىدىكى ئارزۇ - ئۈمىدلىرى تۈگىمەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇلار مۇمكىن بولسا، ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان قوياشنى، ئۆز جايىدا بىرسائەت بولسىمۇ توختىتىپ قويغان بولاتتى. ئەمما، ئورمانىنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر پارچە ئوتتەك قىزىرىپ كەتكەن قوياش قىيمىغاندەك، ئېگىز چىنارلار ئارىلىقلىرىدىن ئۇلارغا نۇر تالالىرىنى چېچىپ تۇراتتى. زۇمرەتنىڭ مۇرىلىرىدىن قۇچاقلاپ ئولتۇرغان مۇراتنىڭ مۇشۇ بۇلاق بېشىدا يارى بىلەن بىر جۈپ ياۋا گۈلگە ئايلىنىپ كەتكۈسى كېلەتتى...

## ئورمىلىقتا

يىللىق ئىمتىهان بالدۇر باشلىنىپ، 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاياغلاشتى، چۈنكى يازلىق يىغىم - تېرىم قىستاپ قالغانىدى. شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە دارىلمۇللىمىنلەردىن چىققان ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن قايتا ئىمتىهان ئېلىپ، ئانكېت ۋە جەدۋەللەرنى تولدۇرۇپ كىرىپ كېتىشتى. بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىمۇ بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنى تەشكىللەپ، يېزا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىن يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا يولغا سالدى.

مۇدىر پەرمانشا بىر ئەتىگەنلىكى گۇڭشې پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورمىغا سەپەرۋەر قىلىش يولىيورۇقىنى ئوقۇدى. يولىيورۇقتا، بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن بىر ئۈچاستكا بولۇپ، قۇم قايغانغا ئون كۈنلۈك ئورما جېڭىگە قاتنىشىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغانىدى. قۇم قايغان تەكلىماكان قۇملۇقىغا تۇتىشىپ كەتكەن قۇملۇق كەنت ئىدى.

كامىل ياتىقىدا ئورما تەييارلىقىنى قىلىپ، كىر يۇيۇۋاتاتتى. ھېكمەت كۆلدىن سۇ ئەكېلەتتى، يۇندىلارنى تۆكەتتى، يۇيۇلغان كىر - قاتلارنى

سىقىپ ئاپتاپقا ياپلىتتى، ئۇ بەكمۇ خۇشال ئىدى. دوستلار بىلەن چۆل - باياۋانلاردا بىللە بولۇش، تورما تېز سىزما رەسىملىرىنى سىزىش، كەچكى دەم ئېلىشلاردا ناخشا ئېيتىپ، گارمون چېلىش، قۇم بارخانلىرىغا باش قويۇۋاتقان قوياشنىڭ قان قويغاندەك شەپەقلىرىگە قاراپ خىيال سۈرۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن دەپ ئېيتقۇسىز كۆڭۈللۈك ئىدى. كامىل دوستىنىڭ باللارچە خۇشاللىقىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە خوش بولدى.

ھېكمەت كۆلدىن بىر چېلەك سۇ ئېلىپ كېلىپ ئەمدىلا ياتاققا كىرىۋېدى، ئارقىدىن مۇرات كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ قولىدا بىر پارچە خەت بار ئىدى. ئۇ كارىۋاتتا بىر ھازا جىم ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ھېكمەتكە قارىدى.

— ھېكمەت ساڭا سوۋېتتىن خەت كەپتۇ، — دېدى مۇرات خەتنى سۇنۇپ، — مېنىڭچە يەنە شۇ ھېلىقى زەيتۇنە دېگەن قىزدىن بولسا كېرەك...

ھېكمەت خەتنى تۇتقىنىچە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ «سوۋېتتىن خەت» دېگەن سۆزنىڭ زەربىسىدە، مۇراتنىڭ كېيىنكى گەپلىرىنى ئاڭقىرالمىدى. «زەيتۇنە خېتىدە يەنە نېمە دېگەندۇر؟ بەلكىم ئەملگە ئاشماس خام خىياللارنى يازغاندۇر، ئۇ ھېكمەتنى ئېمىن - ئەركىن ياشىغىلى قويامدۇ - قويمامدۇ؟... بۇ نېمىدېگەن بىمەنىلىك...»

— نېمە قورقۇپ تىترەپ ئولتۇرىسەن؟ — دېدى مۇرات ئاچچىقىدا، — ئاچمامسەن... ئۇنىڭ ئىچىدىن ئادەم يەيدىغان بۆ - بۆ چىقماس...

ھېكمەت كونۋېرتنى ئاسانلا ئېچىۋەتتى. ئۇ بىر ۋاراق چاقماق قەغەزنىڭ ئالدى - ئارقىسىغا يېزىلغان سۆسۈنرەڭ خەتلەرنى بىر قۇر ئوقۇپ چىقتى - دە، مۇراتقا بەردى. كامىلمۇ ئولىنى لۆڭگىگە سۈرتىۋېتىپ كەلدى.

— ئۈنلۈك ئوقى، — دېدى كامىل مۇراتنىڭ قېشىغا ئولتۇرۇۋېتىپ.

مۇرات خەتنىڭ باش تەرەپلىرىنى ئاستىراق ئوقۇپ، ئاخىرىغا كەلگەندە ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى.

«... ھېكمەت، ئىككى قېتىم يازغان خېتىمنىڭ جاۋابىنى ئالالمىغاندىن كېيىن، ئۈچىنچى قېتىم يەنە شۇ كونا ئادرېسىڭغا قارىتىپ خەت يازدىم. ئۇ خېتىمنىڭ جاۋابىنى ھېۋزۇللا ئىسىملىك بىر ئوقۇتقۇچى يېزىپتۇ. سەن خەتلىرىمنى تاپشۇرۇۋاپسەن. ئەمما قەستەن جاۋاب خەت يازماپسەن. ھېۋزۇللا مۇئەللىمنىڭ خېتىنىڭ مەزمۇنىدىن شۇنى بىلدىمكى، سەن بېيجىڭگە ئوقۇشقا مېڭىش ھارپىسىدا خوتەنگە سۈرگۈن قىلىنىپسەن... بۇنىڭغا مېنىڭ خەتلىرىم سەۋەب بوپتۇ... ئىككى پارچە خەت پۈتۈن تەقدىر - ئىقبالىڭنى ۋەيران قىلغۇدەك پاجىئە پەيدا قىلغان يەردە، بۇندىن كېيىنكى كۈنلىرىڭ قانداق بولار؟... سەن ‹ۋەتەن، ۋەتەن› دەپ ئۆمرىڭ بويى توۋلىغىنىڭنى بىلەنمۇ، بەربىر ساڭا قارا يۇقتى... بۇ قارىنى ئەبەدىلئەبەت كۆز ياشلىرىڭ بىلەن يۇيۇپمۇ چىقىرالمايسەن... خىتاي ھۆكۈمىتى ئەمدى ساڭا ئىشەنمەيدۇ!... چەت ئەل بىلەن ئالاقىسى بار، ئىككى يۈرەك دېگەن تۇمارنىڭ بويىنىڭغا ئېسىلغىنى - ئېسىلغان!...

ھېكمەت، ھازىرقى پۇرسەتنى چىڭ تۇتمىساڭ، ئۆمۈر بويى پۇشايمانغا قالىسەن!... بۈگۈنكى كۈنلەردە، غۇلجا، ئالتاي، چۆچەكلەردىن نەچچە ئون مىڭلىغان كىشىلەر بىزگە ئۆتۈپ كەلدى. چېگرا ئېچىۋېتىلدى... سېنىڭ مېنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىڭنى بىلىمەن. ئەمما بۇرۇنقىدەك قېرىنداش بولۇپ ئۆتسەكمۇ بولىدىغۇ!...»

— قارا بۇنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىۋاتقىنىنى! — دېدى كامىل غەزەپلىنىپ.

— نېمىدېگەن يۈزسىزلىك بۇ؟ — دېدى مۇرات خەتنى ئۈستەلگە تاشلاپ، — ئارىدا مۇھەببەتنىڭ يوقلۇقىنى ئۆزى بىلىپ تۇرۇپ...

— مۇرات چاقمىقىڭنى ئال، — دېدى ھېكمەت خەتنى قولىغا ئېلىپ، — بۇنى كۆيدۈرۈۋېتىمەن...

— توختاڭلار! — دېدى كامىل كونۋېرتنى سىنچىلاپ كۆرۈپ ۋە سىلاپ بېقىپ، — بۇ كونۋېرت مېنىڭچە ئېچىلىپ قايتا يەملەنگەن... بۇرۇنقى شىلىمى ئاق ھەم پارقىراق، كېيىنكىسىنى نانئىسى چايناپ

چاپلىغان...

— نېمە؟ — ھېكمەتنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى...

— ئۇنچىۋالا ئەمەستۇ! — دېدى مۇرات، — سەنمۇ شۇ تۇگمىدەك ئىشنى تۆگىدەك قىلىۋېتىسەن...

— سىلەر بۇ يەرنى تۇتۇپ بېقىڭلار، — دېدى كامىل كونۋېرتنىڭ ياپقۇچىنى كۆرسىتىپ، — ھېلىھەم نەم... سەن بۇنى پوچتىخانىدىن ئەكەلدىڭمۇ؟

— ياق، مەمتىلى ئىبراھىم بەردى...

— ئۇ نەدىن ئاپتۇ...

— قۇتبىرەم خانىمدىن!...

— چۈشىنىشلىك! — دېدى كامىل ئاچچىقىنا كۈلۈپ، — ھەر ئېھتىمالغا قارشى خەتنى يىرتىشقا ياكى كۆيدۈرۈشكە بولمايدۇ... ئۇنداق قىلىش، ئۇرنىنى تولدۇرۇپ بولغۇسىز خاتالىقتا، ئەخمەقلىقتە يول قويغانلىق بولىدۇ... بۇ خەتنى ياخشى ساقلاش كېرەك...

— ھېكمەت، — دېدى مۇرات ھەيران بولۇپ، — راستىنلا چېگرا ئېچىلىپ كەتكەنمىدۇر؟...

— ئۇنى بىلمەيمەن. ئەمما ئۈچ كۈن ئالدىدا سىڭلىمدىن بىر پارچە خەت كەلگەنىدى، ئۇ ئىككى ئەتلەسنى تاپشۇرۇۋېلىپ يازغانىكەن. ئۇنىڭ خېتىدىمۇ غۇلجىدا شۇنداقراق ئەھۋالنىڭ بولۇۋاتقانلىقى يېزىلىپتۇ...

— ئەسلى مۇنداق ئىش ئىكەندە، — دېدى مۇرات تاماكا ئوراۋېتىپ.

— سەن تېخى ئەمدى ئاڭلاپسەن - دە! — كامىل كۈلدى، — ھە دېسە زۇمرەتنىڭ قېشىغا قىلتراپ، ھەممىدىن خەۋەرسىز قېلىۋاتىسەنغۇ!...

ھېكمەت خەتنى كونۋېرتى بىلەن چامادانغا سېلىپ ئەمدىلا قۇلۇپ سېلىۋاتاتتى، مۇدىر پەرمانشا كىرىپ كەلدى. ئۇ داستىكى چىلاقلىق كىيىملەرگە قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— ھە، سىلەر ئۈچ ئاغىنە قاچانغىچە مۇشۇنداق بويتاق يۈرسىلەر؟ — دېدى مۇدىر چاقچاق قىلىپ، — كىرنى ئۆزى يۇيىدىغان گەپ، قىشنىڭ

كۆنلىرى سوغۇق يوتقانغا كىرمەك تېخىمۇ تەس. . .

— خىزمەتكە چىققىلى ئەمدى بىرەر - ئىككى يىل بولدى مۇدىر، — دېدى مۇراتمۇ كۈلۈپ، — يېشىمىز 21 - 22دە تېخى. ھازىر خوتۇن بىلەن بولۇپ كېتىپ، دەرس، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى ئاقساپ قالسا، ئالدىلىرىدا «سىرىلما ئىشتان، لاتا قونجا» بولۇپ قالارمىز؟. . .

— قارا بۇ ئالىقاپنى! — دېدى مۇدىر كۈلۈۋېتىپ، — گېپىڭ تەييار جۇمۇ سېنىڭ. ئاڭلىسام سېنى پوچتىخانىدىكى ئانارنىڭ دانىسىدەك بىر قىز بىلەن ئىچ - پەش تارتىشىپ يۈرىشىدۇ دەيدىغۇ؟

— قانداق، بولماپتىمۇ؟

— نەدىكىنى، تازا ئوبدان بوپتۇ، مانا ئۆزەم ئەلچى بولىمەن، — مۇدىرنىڭ كەيپى چاغ ئىدى، — ھېكمەت ساڭا گۈلزىبانى ئېلىپ بەرسەم قانداق؟. . . بەلەن بالا جۇمۇ، كۆندۈزى چىراغ يېقىپمۇ تاپقىلى بولمايدىغان. . .

ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشتى. . . ھېكمەت قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

— مەن بىر ئىش بىلەن كىرگەن، — دېدى مۇدىر كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — ھېلىراقتا ناھىيىلىك كومىتېتتىن تېلېفون كەلدى. ناھىيە بويىچە تۆت دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىلماقچى ئىكەن. ئۇنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە ھېكمەتمۇ قاتنىشىدىغان بولدى.

— مەنمۇ؟. . .

— شۇنداق. كۆرسەتمىلىك رەسىم، دىئاگرامما، جەدۋەل دېمەدۇ ئەيتاۋۇر، يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنى سىزىدىكەنسەن. . .

ھېكمەت لاسسىدە بوشىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئورمىغا بەكمۇ بارغۇسى بار ئىدى. قىسقىسى، دوستلىرىدىن ئايرىلىشنى خالىمايتتى. كامىل ئۇنىڭغا «بوپتۇ» دېگەندەك كۆز قىسىپ قويدى. لېكىن، مۇراتنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئاسمىنى كەڭ قۇم قايغانىنىڭ قۇملۇقلىرىدا، بوغداي ئېكىزلىقلىرىدا بىر ئامال قىلىپ ھېكمەت بىلەن گۈلزىبانى «باغلاپ» قويۇش ئويى بار ئىدى.

— قاچان باريدىكەنمەن؟ — سورىدى ھېكمەت.

— ئەتە كەچ ياكى ئۆگۈنلۈككە ئەتىگەندە ماڭساڭمۇ بولىدۇ، — دېدى مۇدىر، — ئورمىغا ماڭىدىغانلىرىمىز ئەتە ئەتىگەن گۈڭشىنىڭ ماشىنا ۋە تراكتورلىرىدا يولغا چىقىمىز. . .

ئوقۇتقۇچىلار تاڭ سەھەردىلا تېخىلغان يۈك ـ تاقلىرىنى ئېلىپ گۈڭشې ئالدىغا توپلاندى. ھېكمەت كامىل، مۇراتلارنىڭ سومكىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بىللە چىقتى، ئۇ دوستلىرىنى ئۇزىتىپ قويماقچى ئىدى. ماشىنىنىڭ ئەتراپى بىردەمدىلا «ماۋۇنى ئال، ئاۋۇنى سۇنۇۋەت. . .» دېگەن ئاۋازلار بىلەن قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلىرىنى سەپلەپ، ماشىنىغا مىخ قاققاندەك ئولتۇرغۇزۇشتى. پەستە، باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى نەمەت مىرزى پوقاقلىرىنى ئېسىپ، تراكتورچى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتاتتى. تراكتورچى بالدۇرراق مېڭىشنى ئېيتسا، نەمەت مىرزى: «بەزى يېزا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ مۇئەللىملىرى ئۇلگۇرۇپ كېلەلمىدى، ئۇلار كەلمىسە، ۋەزىپە ئورۇندالمايدۇ! . . .» دەپ ۋارقىرايتتى. كامىل بىلەن مۇراتنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان گۈلزىبا ئالدى ـ ئارقىسىغا يوشۇرۇن قاراپ باقتى، ئۇ كىمنىدۇر ئىزدەيتتى. ئەمما سوراشتىن ئۇيىلىپ، بۇرۇختۇم بولۇپ ئولتۇراتتى. بۇ ئەسنادا، ھېكمەت ماشىنىنىڭ كوزۇپ تاختىسىغا ئېسىلىپ، كامىل، مۇراتلار بىلەن خوشلاشتى، گۈلزىبا شۇ چاغدىلا، ئۇنىڭ بارمايدىغانلىقىنى بىلىپ سولىشىپلا قالدى. باياتىن بېرى گۈلزىباغا زەن سېلىپ ئولتۇرغان مۇرات ئۇنىڭغا ھېكمەتنىڭ بارمايدىغانلىق سەۋەبىنى ئېيتىپ بەردى.

— ھېكمەت، خان ئانامنى پات ـ پات يوقلاپ تۇرالا! — دېدى كامىل كېنىگە قايرىلىپ، — ھە، راست، زېرىكسىلە، ئابلىز ناۋاي، مىرزاپشالارنىڭ ئۆيامرىگە بارالا. نائىبى، شادىمان، ئاماندىلا، ئالىمجانلار بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرسىلا. . . غازاخۇن ئاكىمغا سالىمىمىزنى يەتكۈزۈپ قويالا! . . .

— بولىدۇ، خاتىرجەم بولۇڭلار! . . . — ھېكمەت مۇراتنىڭ

قولىقــغا ئېڭىشتــى،— زۇمرەت كۆيدۈرگەن كۆيۈك دېغىنــى ئوبــدان ئاسرا. . .

كامىل بىلەن مۇرات تەڭلا كۈلۈۋەتتى. ئىچىدە گەپ ياتمايدىغان مۇرات زۇمرەت بىلەن ئۇچراشقاندىكى ئىشلارنى دوستلىــرىغا دوكلات قىلىپ تۇراتتى. كامىل ئاڭلاپ: «خوپ بوپتۇ، ئەجەب يامان قىزئىكەنا! كۆيۈكنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سەنمۇ تېتىپ باق دەپتۇ. . . بىرگە بىر دېگەن شۇ! . . .» دېگەنىدى.

— ھېكمەت،— دېدى گۈلزىبا ناھايىتى بوش ئاۋازدا،— ئانامنى يوقلاپ قويارسىز. . .

— ئەلۋەتتە.

— ھەي ئادىشەي،— دېدى مۇرات ھېكمەتكە،— بەلكىم سەن ناھىيىلىك كومىتېتنىڭ مېھمانخانىسىدا تاماق يېيىشىڭ مۇمكىن. قىز بالىدەك تارتىنىپ - قورۇنۇپ ئولتۇرماي، بۇلاپ - تالاپ يە! قورساقنى ئۇنتاما. . .

— خوپ باشلىق! . . .

ماشىنا ئوت ئالدى، ھېكمەت سەكرەپ يەرگە چۈشتى. چاققانغىنا سومكا كۆتۈرگەن زۇمرەت يېتىپ كەلدى، ئۇ شوپۇرغا ۋارقىراپ قويۇپ، ماشىنا چاقىغا دەسسىدى - دە، كوزۇپقا ياماشتى.

— مۇرات، مەڭ بۇنى! — قىز سومكىنى مۇراتقا تۇتقۇزدى،— ئۆزىڭىزگە دىققەت قىلىڭ، خانىملارنىڭ قولىغا ئوت يېقىپ بۇرمەڭ. . .

بۇ ئىشتىن خەۋىرى بار ئەر - ئايال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى پاراقلىدە كۈلۈشۈپ كېتىشتى. كامىل ئىچىدە: «نېمىدېگەن جەسۇر قىز» دەپ ئويلىدى. چۈنكى يېزىلاردا تېخى توي قىلمىغان قىزلار يىگىتلەرگە ئۇچۇق - ئاشكارا يولۇق تۇتۇش ئەمەس، بەلكى پىــنھان جايلاردا ئۇچراشسىمۇ، دەككە - دۈككە ئىچىدە بولۇپ، تارتىنىپ - قورۇنۇپ، كۆڭۈل سۆزلىرىنىمۇ ئېيتىشالمايتتى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئوت ياقىدىغان قىز بۇ يەردە قالسا،— مۇرات پاقچاققا چاقچاق بىلەن جاۋاب بەردى،— ئۇ يەردە كىمگە ياقارمەن؟ . . .

ماشىنا ئىچىدە يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى، زۈمرەت سەكرەپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. مۇراتنىڭ ۋۇجۇدىنى ئاجايىپ بىر روھ لەرزىگە سالدى. گەرچە يوللۇق ئاددىي بولسىمۇ، ئۇ ئوتتۇز يىللىق ئەر - خوتۇنچىلىق مېھىر - مۇھەببىتىنىڭ لەززىتىگە چۆمگەندەك، دوخاۋا رومالغا يوللۇقنى ئەمەس، بەلكى زۈمرەتنى ئوراپ ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆز يۈرىكىگە ھەمراھ بولغاندەك ھېسسىياتلارغا چۆمدى. مۇشۇ دەقىقىدە بىراۋلار ئۇنىڭغا ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى تىللاغا توشتۇرۇپ بەرسىمۇ، ئۇ بۇنچىلىك ھاياجان ئىزتىراپىدا قالمىغان بولار ئىدى!...

ماشىنا قوزغالدى. مۇرات، كامىل، گۈلزىبالار گۈگۈشى كۆۋرۈكى ئالدىدا قول پۇلاڭلىتىپ تۇرغان ھېكمەت بىلەن زۈمرەتكە قوللىرىنى كۆتۈرۈپ خوشلاشتى. ماشىنا لاسكۆي يولىغا قايرىلىپلا، توپا - توزانلارنى پۇرقىرىتىپ تېز يۈرۈپ كەتتى.

— سىز بارماپسىزغۇ؟ — دېدى زۈمرەت ھېكمەتكە، — ئۈچ دوست پەقەت ئايرىلمايتتىڭلار.

— ناھىيىدە ئېچىلىدىغان تۆت دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمىتىگە ياردەملىشىشكە بارىدىغان بولدۇم.

— رەسىم سىزىدىكەنسىزدە؟

— قاراڭ، نېمىدېگەن قالايمىقانچىلىـق بۇ! — دېدى ھېكمەت تراكتور كوزۇپىغا چىقىۋېلىپ، ۋارقىرىشىپ - جارقىرىشىپ ئورۇن تالىشىۋاتقان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا قاراپ، — بىرەرسى تېگىنقلارنى رەتلىك تىزدۇرۇپ ئولتۇرغۇزسا بوپتىكەن.

— مۇدىر نەمەت مىرزى يوققۇ؟ — دېدى زۈمرەت ئەتراپىغا قاراپ.

— ھېلىقى ماشىنىدا كەتتى.

— شۇڭا، تۇردى دالتەك شاپاشلاپ كېتىپتىكەندە!... — دېدى زۈمرەت كوزۇپتا ۋارقىراۋاتقان ۋىجىك، يۈزلىرى قوشۇقتەك، قارىمۇتۇق بىرسىگە قاراپ، — ئۇنى باشلانغۇچتىكىلەر «زومو زو بەنجاڭ»، «زو بىلەن بەنجاڭ»، «تۇردى دالتەك...» دەيدىكەن.

ھېكمەت زۈمرەتنىڭ سۆزىدىن كۈلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭغا قارىدى.

دېمىسىمۇ، تۇردىنىڭ چىۋىنىنىڭ قانىتىدەك بولسىمۇ ئەمەل تاماسى بولسا كېرەك، ئۆزىچە «سەن ئۇ ياققا ئۆت، سەن بۇياققا كەل» دېگەندەك بۇيرۇقلارنى قىلاتتى، چالۋاقاپ ۋارقىرايتتى، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايتتى.

تراكتور ئوت ئالدى. ئۇنىڭ كۈچلۈك تاتىلدىغان ئاۋازى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ چۇقىرىشىشلىرى قوشۇلۇپ، قۇلاقلارنى پاق قىلىۋەتكۈدەك ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈلدى. بۇ چاغدا بازارنىڭ باش تەرىپىدە باغلىق سومكا كۆتۈرگەن بىر قىز بىلەن ۋېلىسىپىت يېتىلىگەن 16 ياشلاردىكى بىر بالا ئالدىراپ كېلىۋاتاتتى. تراكتوردىكى ئايال ئوقۇتقۇچىلار بىردەك ۋارقىراشتى.

— نەفىسە خانىم كەلدى!... — توختاڭلار، نەفىسە خانىم!...

ھېكمەت ئەتىگەندىن بېرى قانچە سەپسېلىپمۇ نەفىسەنى ئۇچرىتالمىغانىدى، ئۇ كۆڭلىدە «نەفىسە بۇ قېتىمقى ئورمىغا بەلگىلەنمىگەن ئوخشايدۇ...» دەپ ئويلىغانىدى. تەرەببا ئۇنىڭ كېلىپ قېلىشى، نېمە ئۈچۈندۇر ھېكمەتنى خوشال قىلىۋەتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ بارغىنىچە ۋېلىسىپىتنىڭ ئارقىسىدىكى تېڭىقنى ئېلىشقا ياردەملەشتى. نەفىسە كېلىشى بىلەن كوزۇپ كەينىدە تۇرغان تۇردى كۆلكىدىن يۈزلىرى قايماقتەك قۇرۇلغان ھالدا قولىنى سۇندى. بىراق نەفىسە باشقا خانىمنىڭ قولىنى تۇتتى - دە، تراكتورغا چىقتى. ئۇ تېڭىقنى سۇنۇپ بېرىۋاتقان ھېكمەتنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى. ھېكمەتمۇ «ھارماڭ!» دەپ قويدى.

تراكتور بوستان بازىرىنىڭ سەھەرلىك جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، يۈرۈپ كەتتى. ھېكمەت بىلەن زۇمرەت نەفىسەگە قول پۇلاڭلىتىپ ئۇزىتىپ قويدى.

— ھېكمەت، ئۇ پەرىزات كىم بولىدۇ؟ — دېدى زۇمرەت ئېلىپتەك تۈز قاشلىرىنى لىككىدە سەكرىتىپ، — ھىم... بىلدىم... بولدى قىزارماڭ!...

— ئۇنىڭ كىملىكىنى كېيىن مۇرات دەپ بېرىدۇ، — دېدى ھېكمەت جىددىي تەلەپپۇزدا، — لېكىن مەندىن گۇمانلانسىڭىز، پۈتۈنلەي

خاتالاشقان بولىسىز. . . راست دېدىم. . .

زۇمرەت ئۈيلىنىپ قالدى، ئارقىدىنلا ئۇ كۈلۈمسىرەپ: «بىلدىم» دەپ قويدى.

— ھېكمەت، ھازىر مۇراتلار قەيەردە كېتىۋاتقاندۇر؟ — دېدى قىز خىيال بىلەن.

— تۇۋا خۇدايىم، — دېدى ھېكمەت چاقچاق قىلىپ، — ماڭغىلى يېرىم سائەت بولماي تۇرۇپ سېغىنىۋاتامسىز؟

— سىلەر ئۈچۈڭلار ئەجەب يېقىن ئۆتىسىلەر - ھە! — دېدى زۇمرەت سوراپ قويغان سوئالىدىن خىجىل بولۇپ، گەپنى باشقا يەرگە بۇراپ، — مېنىڭ بەك ھەۋىسىم كېلىدۇ!

ھېكمەت گەرچە زۇمرەتكە شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، ئۆزىمۇ ئىچىدە «راست ئۇلار قەيەردە كېتىۋاتقاندۇر؟» دەپ ئويلاپ قالدى. بۇ چاغدا ماشىنا «يېڭىئېرىق» نىڭ يېشىل بوستان يېزىلىرىغا قاراپ جىدەللەپ كېتىۋاتاتتى. كامىل بىلەن مۇرات قىزغىن پىچىرلىشىپ، باشلىرىنى بىر يەرگە ئەكىلىۋالغانىدى، خۇددى زۇمرەتنىڭ ئۇلارغا ھەۋىسى كەلگىنىدەك، گۈلزىبانىمۇ كامىل، مۇرات، ھېكمەتلەرنىڭ دوستلۇقىغا زوقى كېلەتتى، يۈرىكىدىن سۆيۈنەتتى. تۇۋا دەيتتى ئۇ ئىچىدە: «بىرسى خوتەنلىك، بىرسى قەشقەرلىك، يەنە بىرسى غۇلجىلىق بولسىمۇ، ئۇلار گويا بىر تۇغقان قېرىنداشتىن چارى ئۆتىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقتا يالغان، ياسالمىلىق، ماختىلىق ئارىلاشقان ئەمەس. شۇنداق! بۇ ئۈچ دوستنىڭ ھاياتىدىكى ئورتاق ئارزۇ - ئىستەكلىرى، غايە - نىشانلىرى، پاك يۈرەكلىرىنىڭ ئوخشاش سوقۇشلىرى. . . ياخشىلىقتا، ساخاۋەتتە، ۋاپادارلىقتا مايىل ساپ كۆڭۈللىرى ئۇلارنى تەبىئىي ھالدا بىر تەن - بىر جان قىلىپ قوشۇۋەتكەنىدى. دوستلۇقنىڭ، دوست تاللاشنىڭ مىزانى نېمە؟ ئەلۋەتتە، ۋاپا، باراۋەرلىك ۋە سەمىمىيەتتۇر. . . دوستلۇقتا ھۆرمەت ھەر ئىككى تەرەپتىن بولۇشى كېرەك. سېنى ئۆزىگە ھۆرمەت قىلىشقا قىستىغان، ئەكسىنچە ھۆرمىتىنى سەندىن ئايىغان كىشى قانداقمۇ دوست بولالىسۇن! ئۇ

مۇتەھەملىكتۇر. . . كامىل، مۇرات، ھېكمەتلەر پەزىلەتلىك بالىلار ئىدى! . . . پەزىلەتسىز ئادەمنىڭ ھايۋاندىن نېمە پەرقى بار؟ ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ئەزگۈ مۇھەببەتلىرىگە، دۇنيا قاراشلىرىغا، كەسپىي ئېتقادلىرىغا ھۆرمەت قىلىشاتتى. بۇ ھۆرمەت مەنپەئەت ئاساسىدا قىلىنغان ھۆرمەتكە ھەرگىز ئوخشىمايتتى. قايسىدۇر بىر يازغۇچى ھۆرمەتكە تەبىر بېرىپ: «مەنپەئەت ئاساسىدا قىلىنغان ھۆرمەتتىن ئۆزەڭنى قاچۇر، چۈنكى ئۇ ساختىدۇر. تامالىق ھۆرمەت — ھۆرمەتنىڭ قاتىلىدۇر. . .» دەپتىكەن.

گۈلزىبا ئۆگەي دادىسى قايىتنىڭ ئۆلپەتلىرىنى بىرىنچى قېتىم كۆرگىنىدە كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. كۆزلىرىدىن شەھۋانىيەت، سەت تەلەتلىرىدىن قۇۋلۇق - شۇملۇق، قوپال ھەرىكەتلىرىدىن ياۋۇزلۇق، تىتىقسىز گەپ - سۆزلىرىدىن ئاچكۆزلۈك يېغىپ تۇرغان بۇ ئادەملەر بىر نەچچە رومكىنى كۆتۈرە - كۆتۈرمەيلا، ئېغىزغا ئالغۇسىز ھاياسىز چاقچاقلارنى قىلىشاتتى. . . بىر - بىرلىرىنى سۆندۈرۈپ، نەچچە ئون يىللىق ئەيىب - گۇناھلىرىنى مازدەك تىتىپ، يېغىرلىرىنى ئاچاتتى، ياقىلىشاتتى، مۇشتلىشاتتى. . . گويا ئۇلارغا بۇنىڭدىن باشقا ئەرمەك يوقتەك، پۈتۈن گەپ - سۆزلىرى ئىشتاننىڭ ئىچىدىن چىقاتتى. قەيەردىدۇر بولغان قىماردا كىمنىڭ خوتۇنىنى ئۇتتۇرۇۋېتىپ، قىزىنى تىككەنلىكى، قايسىدۇر قىمارۋاز ئۇتتۇۋالغان قەرزىنى تۆلىتىپ ئالالماي، قەرزدارنىڭ قولىقىنى كېسىۋالغانلىقى. . . كىمدۇر بىرسىنىڭ ئۆي - ۋاقىنى ئۇتتۇرۇۋېتىپ، قىش - قىرولاردا باللىرىنىڭ تالادا قالغانلىقى قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مىزانىدىكى ھوزۇرلىنىش مەنبەسى ئىدى. شۇنداق، بۇ مەخلۇقلار جەمىيەتكە يۈك، ئائىلىگە بالا - قازا، ئاياللىرىنىڭ بەخت - سائادىتىگە ئولتۇرغۇچى ئاپەتتىن ئىبارەت ئىدى.

گۈلزىبانىڭ خىيال يەپلىرى بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ، داۋاملاشقانىمۇ بولاتتى. بىراق ماشىنا كۇشۇلداپ توختىدى. چۈنكى ئۇلار يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، «ھاكىم كەپىسى»گە كېلىپ قالغانىدى. ئوقۇتقۇچىلار ماشىنىدىن چۈشۈپ، ئويۇشۇپ كەتكەن بەل - پۇتلىرىنى

ھەرىكەتلەندۈرۈپ، پاكار - پاكار قومۇشلارنىڭ دالدىلىرىدا ئۆلتۈرۈشتى. «ھاكىم كەپىسى» نىڭ كۆجۇم، پىنھان كەنتلىرى يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چىكقى چۈش ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا، ئەتراپ تونۇردەك قىزىماقتا ئىدى. كامىل بىلەن مۇرات گۈلزىبانى چاقىرىپ بىللە تاماقلىنىشنى ئېيتتى. داق يەرگىلا گېزىتلەر يېيىلىپ، ھەر قايسىسى ئۆزلىرىنىڭ نېمەتلىرىنى ئېلىشتى. زۇمرەتنىڭ سومكىسىنى ئېچىپ مۇراتنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى.

— كامىل، گۈلزىبا! بىر نەرسىلىرىڭلارنى يىغىشتۇرۇڭلار، بولۇڭلار، — دېدى مۇرات كۆزىنى ھېيلىگەرلەرچە قىسىپ، — مەن سىلەرنى مېھمان قىلاي. . . زۇمرەتنىڭ قولى تەگكەن نېمەتلەرگە ئېغىز تېگىڭلار. . .

مۇرات گېزىت ئۈستىگە پىشۇرۇلغان چۆجە، بويالغان تۇخۇم، مايلىق قاتلىما قاتارلىق نەرسىلەرنى ئالدى. سومكىدىن يەنە ئاغزى ھىم ئېتىلگەن ئىككى ئەينەك قۇتىمۇ چىقتى. ئۇنىڭ بىرسىدە چىلانغان ھەر خىل سەي، يەنە بىرسىدە مايدا قورۇلغان گۆش بار ئىدى. ھەتتا زۇمرەت ئالىقاندەك ياپىلاق بوتۇلكىغا ئىككى يۈز گىرام كەلگۈدەك ھاراقمۇ قاچىلاپ سېلىپ قويغانىدى. . . مۇرات ھاراقنى كۆرۈپ، قولىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىۋەتتى:

— ياشىسۇن قىزلارنىڭ شاھى سۇلتانى، دانىشمەنلەرنىڭ دانىشمەنى زۇمرەت قىز! . . . — مۇراتنىڭ شوئارىدىن يېقىن ئەتراپتىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

— بولدى، يەنە لاۋزىلاشقىنى تۇردۇڭ! — دېدى كامىل ئەتراپقا قاراپ قويۇپ.

گۈلزىبا سۈلياۋ باكتىكى يىلىمان بولۇپ قالغان چاينى قاچىلارغا قۇيدى، مۇرات قۇتىلارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، قاتلىمىلارنى ئۇشتۇپ، تۇخۇملارنى ئاقلىدى. ئۇ، زۇمرەتنىڭ بىگىسىنى كۆرسەتمەكچى بولغاندەك، چۆجىنىڭ ئىككى پۇتىنى يىرىپ، بىرىنى كامىلغا، بىرىنى گۈلزىباغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— ئەتتىگىنەي، — دېدى مۇرات چوكىدىكى سەينى ئاغزىغا سېلىۋېتىپ، — ھېكمەت چىلانغان سەيگە بەك ئامراق ئىدى.

— ئۇنىڭ بەك كەلگىسى بار ئىدى، — دېدى كامىل، — ئەمدىزە، شەھەردە زېرىكىپ قالارمۇ؟...

— ئەگەر ئۇ بولغان بولسا، مۇنۇ زەمزەمدىن ئىچۈرۈپ قويغان بولسام، — مۇرات كامىلغا كۆزىنى قىسىپ قويدى، — ئۇ كېيىكنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەرگەن بولاتتى...

گۈلزىبا مۇراتقا لاپپىدە قارىدى - دە، قىزىرىپ كەتتى. مۇراتمۇ كامىلنىڭ ئالىيىشىدىن ئەندىكىپ، ھاراق شىشىسىنى قولىغا ئالدى.

— ئىچمە ئۇنى! — دېدى كامىل ئاچچىقلاپ، — بۇ ئىسسىقتا ئۆلمەي دەمسەن؟

— بىر يۇتۇملا، — دېدى مۇرات ھىجىيىپ، — خۇشۇق ئىچمەيمەن...

— سەن قاچانمۇ گەپ ئاڭلايدىغان بولارسەن؟... ماشىنىدا ئاغزىڭنى پۇرىتىپ ئولتۇرساڭ، ئۆزەڭگە ياخشىمۇ؟

— بولدى، بولدى ئىچمەي. مېنىڭ قولىقىم يۇمشاق، ئىشەنمىسەڭ تۇتۇپ باق...

نەمەت مۇدىرنىڭ پۇشتىكى «ھاكىم كەپىسى»نىڭ چەكسىز تۈزلەڭلىكىدە چىرىلدىدى. چالا - بۇلا تاماقلانغان ئوقۇتقۇچىلار نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ماشىنىغا ياماشتى.

ھاكىم كەپىسىنىڭ ياپپېشىل ئىدىرلىقلىرى، مۇنبەت ئېتىزلىرى، كۆجۈم كەنتلىرى ئارقىدا قېلىپ، ئەمدىلىكتە پۈتۈن كائىنات قار ئاستىدا قالغاندەك ئاپئاق شورلۇق دالىلار ئايان بولماقتا ئىدى. بەلكىم بىر چاغلاردا جاپاكەش خوتەن دېھقانلىرى زەيكەش قېزىپ، شورلۇق يەرلەرنى تېرىلغۇ يەرلەرگە ئۆزگەرتمەكچى بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئاپئاق پورپاڭ شورلۇقلار ئاستىدا بىلىنەر - بىلىنمەس قىر ئىزنالىرى بار ئىدى.

ماشىنا «قۇم قايغان»غا يېقىنلاشقانسېرى، كۆشۈلداپ تەستە مېڭىۋاتاتتى. بەزىدە قۇملارغا پېتىپ قالاتتى. شوپۇر قېلىن تاختايلارنى چاق ئاستىغا قويۇپ، بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئىلگىرىلەيتتى. ئەسلىدە

ئۇلار كېلىۋاتقان ھارۋا يولى بولۇپ، پات - پاتلا بوران كۆچۈرگەن قۇملار كۆمۈپ تۇرغاچقا، يول ئىزنالىرىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئۇلاغلىق ئادەم ئۈچۈن بۇ يوللار ئىككى كۈنلۈك ئېغىر سەپەر ئىدى.

ماشىنا كەچكە يېقىن زۇمچەك - زۇمچەك قۇم بارخانلىرى شالاڭ يېيىلىپ ياتقان بىر قاپتالدا توختىدى. قاش - كىرپىكلىرىنى، ئۇستىباشلىرىنى بىر قەۋەت توپا باسقان ئوقۇتقۇچىلار نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ماشىنىدىن چۈشۈشتى. قۇم بارخانلىرى ئارا ئۇ يەر - بۇ يەردە يېڭى سىلىنغان لاي سۇۋاق پاكار ئۆيلەر تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئۇستى تېخى يېپىلمىغانىدى، بەزىلىرىنىڭ ئۆگزىسىگە قويۇلغان لىم ياغاچلارغا ۋاسا تىزىلىپ بولغان بولسىمۇ، بازلىق يىغىمىنىڭ قىستاڭچىلىقىدا ئۇستى سۇۋالماي، تاشلىنىپ قالغانىدى.

كامىل ئەتراپقا قارىدى. ئەسلىدە بۇ يەرلەرنىڭ چەكسىز كەتكەن مۇنبەت ئېتىزلار بولغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئەمما تەكلىماكاندا تىنىمسىز كۆچۈپ يۈرگەن قۇملار شامال - بورانلار تەسىرىدە بارا - بارا تېرىلغۇ يەرلەرگە ئۆسۈپ كىرگەن... قۇم بارخانلىرى قورشاپ تۇرغان قاپتاللاردا، ئەڭ تۆۋىنى 4 - 5 فۇڭ، يۇقىرىسى 6 - 7 مو كەلگۈدەك تېرىلغۇ يەرلەر بولۇپ، تېرىلغان بۇغدايلار قۇملاردىن يانغان ئىسسىق تەپتىدىن بىر غېرىچ كۆتۈرۈلۈپلا، پىشىپ سارغىيىپ كەتكەنىدى. قۇم بارخانلىرىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى پەسلىكتە ياي شەكلىدە سوزۇلغان كەنت يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. جەنۇب تەرىپىدە بولسا، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمى يېيىلىپ ياتاتتى.

ئوقۇتقۇچىلار ئۇستى ئوچۇق ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلار دېھقانلار چېلەكلەردە ئېلىپ كەلگەن سۈيۈقئاشقا نانلىرىنى چىلاپ يېيىشكەندىن كېيىن، ھاردۇق يەتكەچكە يېتىپ قېلىشتى. كامىل بىلەن مۇرات ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا سالغان ئورۇنلىرىنىڭ ئۇستىدە كىيىملىرىنى سالمايلا يېتىشتى. پۇتلىرىنى بىر - بىرىگە قارىتىپ ياتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بەزىلىرى پۇشۇلدايتتى، بەزىلىرى خورەكنى

باشلىنىۋېتكەنىدى. بۇ چاغدا، سىرتتا تراكتورنىڭ تا - تاتلىغان ئاۋازى بىلەن قالايمىقان ۋارقىراشقان، چۇرقىراشقان ئاۋازلار كەلدى، ئەتراپنى يىرىپ كېتكەنىدى.

— مۇرات چىقىپ باقامدۇق؟ — دېدى كامىل ئاستا شىۋىرلاپ باشلانغۇچنىڭ مۇئەللىملىرى ئەمدى كەپتۇ.

مۇرات ئۈندىمىدى، ئۇ ئۇخلاپ قالغانىدى.

تاڭ سەھەردە چېلىنغان پۇشتەك ئاۋازىدىن ھەممە بىردەك چاچراپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. بېشى خۇددى ئۈچ بۆلۈككە ئوخشايدىغان، مۇرىسى پەس، بېلىنىڭ تۆۋىنى كەڭ، خام سېمىز نەمەت مىرزى، پۇشتەكنى ئۆزمەي چالماقتا ئىدى. زىكرۇللا غوجى قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ ئۇنىڭ يېنىدا تۇراتتى. (پەرمانشا مەكتەپنىڭ ئىشابېچىقىرىشىنى تۈنۈش ئۈچۈن كەلمىگەنىدى) تۇردى دالتەكمۇ ياتاقلار ئەتراپىدا پىرقىراپ، چىرقىراق ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ يۈرەتتى. كەنت باشلىقى بولسا كىبرەك، ئاق شاپاق دوپپىلىق كۆسا بىر ئادەم بىلەن بىر نەچچە دېھقانلارمۇ بار ئىدى. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى نەمەت مىرزىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سەپراس تىزىلدى، زىكرۇللا غوجى سائەت نەچچىدە تۇرۇش، دەم ئېلىش، تاماق قاتارلىق تۈزۈملەرنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئىش ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— ھەر بىر ئەر - ئايال ئوقۇتقۇچىنىڭ بىر كۈنلۈك ئورما ئورۇش ۋەزىپىسى يەتتە يېرىم فۇڭ، — دېدى زىكرۇللا شەنىگە تەكشى قاراپ، — ئەمما، بىر ئەرگە بىر ئايال قوشۇلۇپ ۋەزىپىنى بىرگە ئورۇندايدۇ... ھازىر نەمەت مىرزى مۇدىر ئوقۇتقۇچىلارنى گۇرۇپپىلارغا ئايرىيدۇ...

نەمەت مىرزىنىڭ بېشى سول تەرەپكە سەل سىڭايان ئىدى. چۈنكى، بوينىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ساڭگىلاپ تۇرغان بىر ساپ ئۆزۈمدەك تۈگۈر - تۈگۈر پوقىقى ئۇنى تۈز قاراشقا قويمايتتى. گەرچە ئۇ كۆڭلەكنىڭ ياقىسىنى ھەم ئېتىپ، بىر چارەكتەك ئاسما گۆشنى كەڭ ياسمانە كۆڭلەكنىڭ ئىچىگە يوشۇرغان بولسىمۇ، ئۇ پوقاق يەنىلا گۈمبەزدەك كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئوڭ تەرەپكە قارىماقچى

بولسا، بەدىنى بىلەن نەق ئايلىنىشقا توغرا كېلەتتى.

نەمەت مىرزى بىر ئۇڭغا، بىر سولغا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئەر ـ ئايال ئارىلىشىپ تىزىلغان توپقا قارىدى. ئۇ تونۇشلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، ناتونۇشلارنى بولسا، سەن. . . سىلى دەپ چاقىرىشقا باشلىدى.

— مەن بارمىقىمدا كۆرسەتكەن، ئىسمىنى چاقىرغانلار ئالدىغا چىقايلى! — دېدى نەمەت مىرزى ۋارقىراپ، — قادىر، بائىمخان خانىم ئىككىڭلار بىر گۇرۇپپا، ھە تۇردى، گۈلنىيازخان خانىم ئىككىڭلار بىر، ئابلاجان، خاننىيازخان خانىم بۇ ياققا ئۆتۈڭلار. . .

نەمەت مىرزى توپنىڭ ئاياغ ـ ئۇچىغا بىر قۇر نەزەر سالغاندىن كېيىن، قېنى سەن، سىلى دېگىنىچە، نۇرات بىلەن گۈلزىباغا قارىدى. ئۇ مۇشۇنداق ئايلىنىپ يۈرۈپ، ھەممىنى گۇرۇپپىلاشتۇرۇپ بولدى. ئەمما، مەيداندا يالغۇزلا كامىل ئايرىلىپ قالدى. بۇ چاغدا، ئايالLar ياتقى تەرىپىدىن بىر قىز كېلىۋاتاتتى.

— نەفىسە خانىم، تېز بوسىلا دەيمەن، — نەمەت مىرزى ۋارقىرىدى، — شۇ چاغقىچە توپقا كەلمەي نېمە ئىش قىلىپ يۈرىلا؟

نەفىسە كەلدى. ئۇ كامىلغا بىرلا قاراپ، شەھلا كۆزلىرىنى يەرگە تىكتى.

— ئەمىسە مۇئەللىم، ئۆزلىرى مانا مۇشۇ خانىم بىلەن بىر گۇرۇپپا بولدىلا!

ئوقۇتقۇچىلار ئالمان ـ تالمان نانلىرىنى يېگۈچە، دېھقانلار ئېلىپ كەلگەن ئىككى چېلەك چايمۇ ئالدىغا بار، كەينىگە يوق بولۇپ تۈگىدى.

گۇرۇپپىلارنى دېھقانلار باشلاپ ئېلىپ كېتىشتى. قۇم بارخانلىرى قاپتاللىرىدىكى يەرلەر دېھقانلارغا مەلۇملۇق بولغاچقا، ئۇلار. «مانا ماۋۇ ئورەك تاختا تۆت مو بەش فۇڭ، ئىككى گۇرۇپپا چۈشسە بولار، بۇ قىيپاش تاختا ئىككى مو، بىر گۇرۇپپىغا لايىق، بۇ بولسا بىر يېرىم مو. . .» دېگىنىچە، بۇغدايلىقلارنى بىردەمدىلا تەقسىم قىلىپ بولدى. كامىل بىلەن نەفىسەگە چوڭ ـ كىچىك تۆت قۇم بارخىنى قورشاپ تۇرغان بىر تاختا ئېتىز تەقسىم قىلىندى، بۇ تاختىغا ئېرىق قىزىلغان ئىككى

غۇلاچتەك ئوچۇقچىلىقتىن كىرگىلى بولاتتى.

كامىل باياتىندىن بېرى ئەيمىنىپ قارىيالمايۋاتقان نەفىسەگە ئەمدى يالغۇز قالغىنىدا، «باشلايلىمۇ؟...» دېگەندەك مەنادا تىكىلىپ قارىدى.

يا پەرۋەردىگارا، بۇ ئادەم بالىسىمۇ ياكى جەننەتنىڭ ھۆرىمۇ؟... ئۇ قاردەك ئاپئاق تولغان بادام يۈزلەر... ھايا بىلەن يەر باققان سىياھدەك قارا كۆزلەر... كۈلمىسىمۇ تەبەسسۇم جىلۋىسى نۇر تۆككەن جىنەستىدەك لەۋلەر!...

كامىل: «خۇدا ھۆسنىنىمۇ ئايىمىغان ئىكەنسەن، ئەقلۇ ئەدەبكىمۇ نائىل قىل» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ نەفىسەگە تىكىلىپ قالغانلىقىنى ئەدەبسىزلىك دەپ بىلدى بولغاي، ئالمان-تالمان يەڭلىرىنى تۈرۈپ، بوغدايغا ئورغاق سالدى، قىزمۇ ئۇنىڭ قېشىدىن سول ئالدى.

كامىل سولىنى ئورۇپ 4 - 5 قەدەم ئىلگىرىلەپ بولغىچە، نەفىسە ئۇنىڭدىن ئۆزۈپ كەتتى. قىزنىڭ سولى تەكشى، پاكىزە، بىرەر تال باشاقمۇ چېچىلمىغان، ئۇنچىلىرى رەتلىك قويۇلغانىدى. كامىل ئۆيۈلۈپ، قانچە تېز ئورىغانسېرى، ئۇنىڭ قولىغا خوخا، ياتاق، ئوغرى تىكەنلەر سانجىلىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا، نەفىسە ئۆزىنىڭ سولىنى كېڭەيتىپ، كامىلنىڭ سولىنى تارايتىپ ماڭدى. ئۇ بىردەمدىلا ئۆز ئۈدۈلىنى ئورۇپ، قىر بېشىغا چىقىپ ئولتۇردى. كامىلنىڭ پېشانە، بويۇنلىرىدىن تەر قۇيۇلماقتا ئىدى. ئۇ نەسىت مىسىرزى ئوقۇتقۇچىلارنى گۇرۇپپىلاشتۇرۇشقا باشلىغاندا، «بىر ئايالنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرىدىغان بولدۇمدە...» دەپ ئويلىغانىدى، ئەمدى ئۇ خىيالىدىن ئۇيۇلۇپ قالدى. بۇ چاغدا، نەفىسە ئۇ تەرەپتىكى قىردىن ئالدىغا قاراپ كامىلنىڭ سولىنى ئورۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئورغاقلىرى بىر - بىرىگە «چاس - چۇس» تەگكەندىلا، ئۆز ئارا تىكىلىپ قاراشتى. نەفىسەنىڭ تەر ئۇنچىلىرى سۈيۈپ تۇرغان گۈزەل چېھرىدە نە كەمسىتىش، نە مەسخىرىلەش ئالامەتلىرى يوق ئىدى، ئۇ شۇنچىلىك سەممىي چىراي ئىدىكى، كۆڭلىنىڭ ئاقلىقى، دىلىنىڭ ساپلىقى، نىيىتىنىڭ خالىسلىقى چىرايلىق كۆزلىرىدىن نۇر بولۇپ تۆكۈلۈپ تۇراتتى...

ئۇلار چۈشكىچە ئۈچ قىر ئېتىزنى ئورۇپ تۈگەتتى. چۈشتىن كېيىن ئۈچۈن يەنە ئىككى ئېتىز بۇغداي قالغانىدى. تەكلىماكان قۇملۇقلىرى ئۈستىدە تەكلىنىپ تۇرغان قۇياش بارخانلارنىڭ چوققىلىرىدا يول - يول ژىلىلداپ، دولقۇنسىمان تومۇزلارنى پەيدا قىلغانىدى. پېشانە، بويۇن، چاچلاردىن ئېقىۋاتقان تەرلەرنى سۈرتۈپ ئۈلگۈرتكىلى بولمايتتى. بارخانلار باغرىلىرىدىكى توپ - توپ يۇلغۇنلارمۇ ئىسسىقتىن دالدا ئىزدىگەندەك، ھالرەڭ چېچەكلىك باشلىرىنى ئېگىۋالغانىدى.

تۇردى دالتەڭ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ تاغاردا نان كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇ بارخانلار ئارا ئايلىنىپ يۈرۈپ نان تارقىتاتتى، كامىل تاغارغا قولىنى تىقىپلا بىر ناننى سۇغۇرۇۋالدى. ئەمما تۇردى نەفىسەگە كۆچۈكلەنگىنىچە: «توختاڭ، ئۆزەم خىللاپ بېرەي» دېدى - دە، بىرسىنى كۆيۈك، بىرسىنى خام، يەنە بىرسىنى پۇچۇق دەپ، تاغاردىكى نانلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئىلەشتۈرۈپ چىقتى، ئاخىرى ئۇ بىر ناننى ئېلىپ نەفىسەگە تەڭلىدى:

— بۇ نان ئۆزىڭىزدەك ئۈز، قىزىرىپ پىشىپتۇ، — دېدى تۇردى ھىجىيىپ، — قېنى ئېلىڭ!... ياكى باشقىنى خىللاپ بېرەيمۇ؟

تۇردى ناندىن يەنە بىرنى ئالاي دەپ تۇرىۋېدى، نەفىسە تاغارغا قولىنى تىقتى - دە، توغرا كەلگەن بىر ناننى سۇغۇرۇۋالدى.

— ھەممە ناننى تۈتۈپ پاسكىنا قىلىۋەتتىڭىز، — دېدى نەفىسە ئاچچىقى بىلەن، — بىلىسىز، نان خىللاش مۇسۇلمان ئادەم ئۈچۈن گۇناھ... نان دېمەكلىك، ئىمان دېمەكلىك... قانداق بىمەسەل ئادەم سىز؟...

تۇردى دالتەڭ ئىزا ئىشتىپ، لەت بولۇپ قالسىمۇ، نومۇس قىلمايدىغان ئادەم ئىدى. شۇڭا غەلىتىلا ھىجىيىپ: «ئۆزىنىڭ ئاچچىقلىنىشىمۇ ئۈز بولىدىكەن...» دېگىنىچە كېتىپ قالدى. كامىل نەفىسەگە ئىچىدە قايىل بولدى. توغرا، بىر تامچە سۇدىمۇ ئاينى كۆرگىلى بولىدىغۇ!... ئۇنداق مۇشۇ كىچىككىنە بىر ئىشتىن مەمنۇن بولغان كامىل ئىللىق بىر سىزىم بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى.

— كەچۈرۈڭ، قوپاللىق قىلىپ قويدۇم، — نەفىسە تۇنجى قېتىم ئېغىز ئاچتى. ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ نازۇك تارلاردىن يانغان سادادەك يېقىملىق، مۇڭلۇق، سىيلىق ئىدى!...

— يوقسۇ، سۆزلىرىڭىز يوللۇق، بۇنداق تۆتامى يوق ئادەملەر ئۈچۈن بۇ سۆزلەر تېخى كەملىك قىلىدۇ...

— رەھمەت سىزگە!

— سىز ئورما ئورۇشقا ناھايىتى چېۋەر ئىكەنسىز، — دېدى كامىل قىزغا قاراپ، — سىز مېنى خىجىللىقتا قالدۇردىڭىز...

— ماختىغىنىڭىزغا رەھمەت، — نەفىسە كۈلدى، — مەن دېگەن يېزىدا چوڭ بولغان دېھقان قىزى...

يەتتە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. كامىل بىلەن نەفىسە بىر قانچە قاپتاللاردىكى بۇغداينى بىللە ئورۇشتى. تاماقتا، دەم ئېلىشتا بىرگە بولدى. «دوستلار دوستلىرىنى ماختاش ئارقىلىق پەخىرلىنىدۇ» دېگەندەك، كامىل دوستلىرى ھېكمەت، مۇرات، گۈلزىبا، زۇمرەتلەر توغرىلىق سۆزلەپ بەردى ۋە ئۇلارنى چىن كۆڭلىدىن ماختىدى ھەم بىر - ئىككى قېتىملىق تاماقتا بىرگە بولۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، نەفىسە بىلەن ئۇلارنى ئۆز ئارا تونۇشتۇرۇپ قويدى. نەفىسە يېنىك تەبەسسۇملۇك مۇراتنىڭ ئاغزى ئىتتىك بولغىنى بىلەن كۆڭلى ياخشى يىگىت ئىكەنلىكىدىن، گۈلزىبانىڭمۇ شەرم - ھايالىق، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان لاتاپىتىدىن سۆيۈندى. بىراق قانداقتۇر نازۇك بىر سىرنى سەزگەن مۇرات بىلەن گۈلزىبا، ئۇلارغا كۆپرەك ئەسرا بولۇپ، بىر - بىرىنى چۈشىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، دەم ئېلىش ۋە تاماق ۋاقىتلىرىدا، ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ يۈردى.

كامىل نەفىسە بىلەن يالغۇز قالسىلا، دوستلىرى، ئوقۇتۇش ئىشلىرى، ئوقۇغان كىتابلىرى ھەققىدە سۆزلەشتى. ئۆزى ئالغاچ كەلگەن «زىياد ۋە ئەدىبە»، «زەينەپ ۋە ئامان» داستانلىرىنى ئۇنىڭغا ئوقۇپ بەردى. ئۇلار ئەسەر قەھرىمانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلغان كونا ئۆرپ - ئادەتلەر، مۇتەئەسسىپلىك، فېئوداللىق كۆز

قاراشلار، ۋە ئىستىبدات قارا كۈچلەر توغرىسىدا چوڭقۇر مەناغا تولغان سۆھبەتلەردە بولدى. نەفىسە گەرچە تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپلا خىزمەتكە چىققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆگەنگەنلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇ، ئۆزلۈكىدىن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشتىن سىرت، تارىخىي كىتابلارنىمۇ كۆرگەنىدى. كىچىكىدىن باشلاپلا بوۋىسى ئۇنىڭغا ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىتىپ، دىنىي بىلىملەرنىمۇ ئىگىلەتكەنىدى. ھەزرىتى مىر ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «خەمسە»سىدىكى بەش داستاننى ئۇ يادقا دېگۈدەك بىلەتتى. نەفىسە كىلاسسىك شېئىرلاردىن بىر نەچچە غەزەلنى خۇددى قىرائەت قىلغاندەك مۇڭلۇق ئوقۇپ بېرىۋىدى، كامىل ھاياجانلانغانلىقىدىن كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئۇ نەفىسەگە ھەر جەھەتتىن ئىستېداتلىق، ئەقلۇ پەزىلەتلىك، شەرم - ھايالىق، ھەقىقىي مەنىدە ئۇيغۇر قىزى بولۇشقا مۇناسىپ پەرىشتە ئىكەن دەپ چىن كۆڭلىدىن ئاپىرىن ئوقۇدى.

بۈگۈنمۇ ئۇلار ئۈچ ەو كەلگۈدەك قاپتالدىكى بوغدايلىڭ يېرىمىنى چۈشكىچە ئورۇپ يىغىشتۇرۇشتى. بەللىرى تېلىپ ئاغرىپ كەتكەن كامىل ئاپئاق لۆڭگىسىنى نەفىسەگە ئۇزاتتى:

— تەرلەپ كېتىپسىز، تەرلىرىڭىزنى سۈرتۈۋېلىڭ، — دېدى كامىل قىزنىڭ ئىسسىقتا قىزىرىپ كەتكەن يۈزلىرىگە زوقى كېلىپ، — بۈگۈن قەيەردە تاماقلىنىپ، نەدە دەم ئالىمىز؟

— ئۆلۈشكۈن بارغان دەريا بويىغا بارساق قانداق؟ — دېدى نەفىسە تەرلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، — كەچۈرۈڭ، مەن ئاشۇ مۇئەللىملەرنىڭ ھاياسىز چاقچاق، قىلىقسىز ھەرىكەتلىرىدىن بەكمۇ بىزار...

كامىل بىلەن نەفىسە سومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئەدىياللىرىنى قولتۇقلاپ ئېگىز بارخانغا ياماشتى، ئۇلار ئىككى بارخاندىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، قىزغىن ئورما ئورۇۋاتقان مۇرات بىلەن گۈلزىبانى كۆردى. كامىل نەفىسەگە مۇراتنى كۆرسىتىپ: «قاراڭ ئۇلار بۇ يەردىكەن!» دېدى. نەفىسە ئۇلارغا: «ھارماڭلار، ياردەملىشەمىزمۇ؟» دەپ قويدى.

گۈلزىبا نەفىسەگە:

— هارماڭ! نەفىسە مەن سىزنى بۇرۇنمۇ بىر كۆرگەندەكلا قىلىمەن، لېكىن ھېچ ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن، — دېدى.

— بىز ھەپتىدە بىر نۆۋەت باش مەكتەپكە كەسپىي ئۆگىنىشكە يىغىلىمىز ئەمەسمۇ! شۇ چاغدا كۆرگەن بولۇشىڭىز كېرەك؟

— بەلكىم گۈلزىبا خانىم، — دېدى كامىل سۆز قىستۇرۇپ، — ئوقۇغۇچى يىغقىلى چىققاندا ياكى ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىدا ئۇچراتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن.

— مۇرات، سىز قىزىق چاقچاقلىرىڭىز بىلەن گۈلزىبا خانىمنى زېرىكتۈرمىگەنسىز - ھە؟ — نەفىسە كۈلۈمسىرىدى، — ھە، راست، گەپنى مېغىز چاققاندەك چۇرۇك قىلىدىغان بىر دوستۇڭلار... ئۇنىڭ ئىسمى... توغرا ھېكمەت، ئۇنىڭ بوۋاي قەمبەرگە ئوقۇغۇچى يىغقىلى چىققان ۋاقتىدىكى بىر ئىشىنى ئويلىسام، مېنى كۈلكە قىستايدۇ. ئۇ كېلەلمەپتۇ - ھە؟

— شۇنداق، شەھەردىكى بىر يىغىنغا يارەملەشكىلى كىرىپ كەتتى، — دېدى مۇرات ھېكمەتنىڭ نەفىسە توغرىلىق ئېيتقانلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، — سوراپ قالدىڭىزغۇ؟...

— ئۇ مەندە ناھايىتى ياخشى تەسىرات قالدۇرغان، — دېدى نەفىسە مەتىلىنىڭ سۇيۇق ئاشنى ناتقايناقتا ئايلاندۇرغان ئىشىنى سۆزلەپ بېرىپ، — تاماقنى يەۋاتقىنى باشقا بىراۋ تۇرسا، ھېكمەت نومۇس قىلغىنىدىن ماڭا قارىيالماي، كارىۋات ئاستىغا كىرىپ كەتكۈدەك بولغان...

ئۇلار تەڭلا قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى. مۇرات نەفىسە بىلەن گۈلزىباغا قارىدى. نەفىسەنىڭ بادام يۈزلۈك، سۈتتەك ئاق ھۆسنىدىن تەبەسسۇم كەتمەيتتى. گۈلزىبانىڭ ئايدەك تولغان گۈل چېھرىدىن نازۇك بىر ھايا جىلۋىلىنىپ، قويۇق كىرپىك قاپلىغان كۆزلىرى كۈلۈپلا تۇراتتى. مۇرات جاندىن ئېزىز مەھبۇبىسىنى سېغىنىپ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. زۆھرەتنىڭ چاسىغا مايىل ناۋاتىرەڭ يۈزى، مەرمەردەك پارقىراپ تۇرغان ناچىدەك بۇرنى، دومپىلاق لەۋلىرى، بولۇپمۇ جانىنى ئېلىپ، جەھەننەمگە تاشلىغۇدەك شوخلۇق ناز - كەرەشمىسى كۆڭلىدىن

كەچكىنىدە، ھېلىلا ئۇچۇپ ئۇنىڭ قېشىغا كەتكۈسى كېلىپ قالدى.
شۇنداق، ھەر بىر گۈلنىڭ پۇرىقى، كامالى ئۆزگىچە بولغاندەك، بۇ ئۈچ قىزنى ھۆسن - جامال، ئەخلاق - پەزىلەت، قىزلىق لاتاپەت ئارازىسىغا سالغاندا، ئارازا چوكىسى سۇ بېتىدەك تەكشى، تىنچ، ھېرىكەتسىز تۇرۇۋەرگەن بولاتتى...

ھېكمەتنىڭ ئىسمى چىقىش بىلەن، گۈلزىبانىڭ پۈتۈن بەدىنىنى بىر ئىللىق سېزىم ئۆز ئىلكىگە ئالدى. ئۇ نومۇس كۈچىدىنلا ئۆزىنى تۇتۇپ تۇراتتى. ھېكمەتنىڭ خۇشخۇي چىرايى، سىيلىق مۇئامىلىسى، كۆڭۈل ئاياشلىرى، ساددا قاراشلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولدى.

— جۇرۇڭلار، دەريا بويىدا ئارام ئالغاچ تاماقلىنايلى! — دېدى كامىل گۈلزىبانىڭ بىردىنلا مىسكىنلىشكەن چىرايىغا قاراپ، — گۈلزىبا، سومكىلىرىڭىزنى ئېلىڭ...

— شۇنداق قىلايلى، بىرگە بولساق نېمىدېگەن ياخشى! — دېدى نەفىسە.

— رەھمەت، — دېدى مۇرات ئورغىقىنى قولىغا ئېلىپ، — مۇشۇ ئالسقاندەك يەرنى ئورۇۋېتىپ، ئارقاڭلاردىن بارايلى. قانداق دېدىم گۈلزىبا؟

— شۇنداق. سىلەر ماڭغاچ تۇرۇڭلار...

— بوپتۇ ئەمىسە، چوقۇم بېرىڭلار، — دېدى نەفىسە ئالدىدىكى قۇم بارخانغا چىقىپ كېتىۋېتىپ.

كامىل بىلەن نەفىسە قۇم بارخانغا ئەستە چىقىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئاياغ ئاستىدىن يۇمشاق قۇملار سىيرىلىپ پەسكە ئاقاتتى، بەزىدە كامىل نەفىسەنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ ماڭاتتى.

— بىز بارمايلى، — دېدى مۇرات گۈلزىباغا ئۇلارنى ئىشارە قىلىپ، — مەن سىزگە دېدىمغۇ، كامىلنى ئىزدەپ نەچچە قېتىم بارسام، ئۇلار ناھايىتى قىزغىن مۇڭدىشىپ كېتىپتىكەن، گەپ قىلماي يېنىپ كەلدىم. ئۆلۈشكۈنمۇ ئۇ ئىككىسى دەريا قىرغىقىدا ئولتۇرۇپ بىر نېمىلەر دېيىشىۋېتىپتىكەن. ئاستا كەينىمگە قايتتىم.

— ھېكمەت كامىلغا تونۇشتۇرۇپ قويماقچى بولغان قىز ئاشۇ دېسەم، — دېدى گۈلزىبا كۈلۈپ، — سىز ئىشەنمىگەن ئىدىڭىز.

— توۋا قىلدىم ئەسلىدە ھېكمەت ئىككىمىز كامىلنى بوۋاي قەمبەرگە ئويناتقىلى ئېلىپ چىقىپ، ئۇچراشتۇرۇپ قويماقچى ئىدۇق. مانا ئەمدى خۇدايىم ئۆزى ئىشنى قىلىپتۇ. . .

ئۇلار كىچىككىنە بولۇك ئېتىزنى تۈگىتىشىپ ئۈچۈن، جىددىي ئورۇشقا باشلىدى. ئەمما مۇرات گۈلزىبانىڭ بارغانسېرى ھەسرەتلىك خىياللار ئىلكىدە جىمىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىردەمدىلا بىر ھېكايە توقۇدى.

— قاراڭ گۈلزىبا، سەھەردە بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، — دېدى مۇرات ھەييار كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ، — شۇنداق چىرايلىق بىر پەرىزاتتەك قىزنىڭ تويىغا قاتنىشىپتىمىز. . . مەكتەپتىكى ھەممە ئوقۇتقۇچىلار بارمىش. . . مېھمانلارنىڭ ھەممىسىلا: «ۋاي يىگىتنىڭ تەلىيى چىقىپتۇ. . . بەختى ئېچىلىپتۇ. . .» دېيىشىۋاتقۇدەك، ھۆر ـ پەرىدەك قىزنىڭ ئانىسى كۆز تەگمىسۇن دەپ ئۇنىڭغا ئىسرىق سېلىپ يۈرگۈدەك. . . مەن ئىسرىقدانغا چوغ سېلىشىۋاتقۇدەكمەن. . . بىر چاغدا، قىز ـ يىگىت نۇر چاقنىتىپ قول تۇتۇشۇپ چىققۇدەك. . . مېھمانلار ھۆر ـ غىلماندەك بۇ بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇققا قارىغىنىچە، بەزىلىرى ھوشىدىن كېتىپ يىقىلغۇدەك. . . بەزىلىرى «ئاھ تەشنالىق» دەپ، نوگاي ـ نوگاي سوغۇق سۇ ئىچكۈدەك. . . ئاخۇنۇم نىكاھ ئوقۇيدىغان ۋاقىتتا، قانداقتۇر بىر كىشى توپ ئارىسىدىن: «ئۇ قىزىل قەغەز ئالمىغان. . .» دەپ توۋلىغۇدەك. لېكىن ئاخۇنۇم: «مۇسۇلمانلار ئەلمىساقتىن تارتىپ ئاللانىڭ نىكاھ پاتىھەسىدىن كېيىن جۈپتى ھالال بولۇپ كەلگەن»، دېگۈدەك. . . پۈتۈن ئالىمان چاۋاك چېلىپ، ئۇلارنى مۇبارەكلىگۈدەك. مىش. . . شۇنداق ئاشكارا كۆردۈم. . .

— شۇنداق ئاشكارا كۆرگەن ئادەم توي قىلغانلارنىڭ كىملىكىنى بىلمەمتىكى! . . . — دېدى گۈلزىبا قولىدىكى بوغدايىنى قويۇۋېتىپ، — كىمكەن ئۇلار؟ . . .

— بېرى كېلىڭ، قولىڭىزغا دەپ بېرىمەن، — مۇرات ئاستا پىچىرلىدى، — ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا!...

— يۈزى قېلىن، داپيۈز، — گۈلزىبا قىزىرىپ قىر ئۈستىگە چىقىپ تەتۈر قارىۋالدى، — ئۇرسىمايمەنغۇ تازا، ئەمدى ئۆزىڭىز ئورۇڭ...

— ئويناشتىم گۈلزىبا، ئويناشتىم. ئويناشقانلىقىمنى كۆڭلىڭىزگە ئېلىپ كېتەمسىز؟... — مۇرات كەچۈرۈم سورىدى-دە، ۋارقىرىۋەتتى، — ۋايجان قولۇمنى ئورغاق كېسىۋەتتى.

گۈلزىبا ھودۇققىنىچە يۈگۈرۈپ كەلدى. ئەمما مۇرات ھىجىيىپ تۇراتتى.

— يالغانچى...

— يالغانچى ئەمەس، مەن دېگەن گوللامچى...

مۇرات گۈلزىبانىڭ كۆڭلىنى ياساۋاتقان، گۈلزىبا چۈشنىڭ ئۆيدۈرۈلغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇقلۇقمۇ، باش-ئايىغى يوق چىگىش خىياللارغا پاتقان بۇشۇ دەقىقىدە، كامىل دەريانىڭ سىزىپ ئاققان ئېقىنىغا نېمىنى تاشلاپ ئاياغدىن سوزۇۋېلىپ، تاش ئۈستىدە ئولتۇراتتى. نەپسە بولسا، ئەتراپىنى ئادەم چۆكۈرگىدەك يۇمشاق ئوتلار ئوراپ تۇرغان بىر توپ مەجنۇن تالنىڭ ئاستىغا كىچىك داستىخىنىنى يېيىپ، مايدا قورۇلغان گۆش، مايلىق توقاچلارنى تىزىۋاتاتتى...

— كامىل كېلىڭ، داستىخان تەييار بولدى، تاماق يەۋېلىڭ، — دېدى نەپسە قىر ئۈستىدە تۇرۇپ، — تاماق يەۋېلىپ ئارام ئالايلى...

كامىل كېلىپ ئوت ئۈستىدە ئولتۇردى. نەپسە سۇلياۋ باكتىن قاچىلارغا چاي قۇيدى، توقاچلارنى تۆت پارىدىن قىلىپ داستىخاننىڭ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىگە قويدى. كامىل قىزنىڭ سىلىق-سىپايە ھەرىكەتلىرىگە، مېھرىبانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن سۆيۈنۈپ، ئۆزىنى بۇ يەردە ئەمەس، بەلكى چىرايلىق بىر ھۇجرىدا ئولتۇرۇپ، كۆيۈملۈك ھەمراھىغا تويماي قاراپ، بەخت شارابىنى ئىچىۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتاتتى.

— قېنى ئېلىڭ!.. — دېدى نەپسە ئەدەپ بىلەن.

— مەن... مەن... نېمىمنى سۆدا يۇمشىتىپ قويۇپتىمەن...

— مەيلى، ئۇنى ئىككىمىز تەڭ يەۋېتەيلى...

كامىلنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلغانىدى. ئۇنىڭ نەفىسەگە قاراپ ئولتۇرغۇسى، ئۇنىڭ ھۆسن ـ سىياقىنى — قەلەمدەك قاشلىرىنى، قارا كۆزلىرىنى، ئىككى ئۆرۈلگەن ئىپار ھىدلىق چاچلىرىنى قەلب ئابىدىسىگە نەقىش قىلىپ ئويۇۋالغۇسى كېلەتتى. بىراق قىز بالىغا تىكىلىپ قاراشنىڭ ئەدەبسىزلىك بولىدىغانلىقىنى ئويلىغاندا، ھەسرەتلىك كۆزلىرى يەرگە تىكىلەتتى... تۇيدۇرماي ئېغىر تىناتتى...

تاماق يېيىلىپ بولدى. كۈن بارغانسېرى قىزىۋاتقان ئىدى، يېيىلىپ ئېقىۋاتقان دەريا ساھىللىرىدىن ئاھى ـ گاھىدا يېنىك يەلپۈپ ئۆتكەن ئىللىق شامال تەنلەرگە ھوزۇر بېغىشلايتتى. دەريانىڭ ئۇ قانتىدىكى يۇلغۇنلۇقلار، كۆكىرىپ تۇرغان كەتلەر ئۇششاق چېشمىلەردەك جىمىرلاۋاتقان تومۇزدا بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەيتتى. كۈن ئۇزاق، جاھان قىزىغان بۇنداق ئورما كۈنلىرىدە، ئورمىچىلار چۈشتە ئۈچ سائەت ئارام ئېلىپ، كۈن يانغاندا بۇغدايغا ئورغاق سالاتتى. كامىل نەفىسەنى مەجنۇن تال پىنھانىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى غوچچىدە ئېچىلىپ كەتكەن بىر تۈپ يولغۇن دالدىسىغا كەلدى. ئۇ يۇمشاق قۇمغا ئولتۇرۇپ، بارماقلىرىغا كىرىپ كەتكەن تىكەننى تىرنىقى بىلەن چىمدىپ، چىشلىرىدا چىشلەپ ئالالماي ئاۋارە بولۇپ تۇرغىنىدا، نەفىسە بىر نېپىز ئەدىيالنى كۆتۈرۈپ كەلدى.

— قولىڭىزغا تىكەن كىرىپ كەتكەن ئوخشايدۇ ـ ھە؟ — نەفىسە ئېڭىشىپ كامىلنىڭ بارماقلىرىغا قارىدى، — ۋاي ـ ۋۇي، شۇنچە تىكەن كىرىپ كەتسە ئۈندىمەي يۈردىڭىزمۇ؟

— ئەدىيالنى نېمىشقا ئەكەلدىڭىز؟ — دېدى كامىل قوللىرىنى يوشۇرۇپ، — مەن سىزنى يېپىنىپ ياتسۇن دەپ قالدۇرۇپ قويغان تۇرسام...

— بۇ ئىسسىقتا ئەدىيال يېپىنغىنى بولامدۇ؟ ماڭا بىرسى يېتىدۇ، بۇنى سىز ئاستىڭىزغا سېلىڭ! — نەفىسە كامىلنىڭ قولىنى ئالىقىنىغا

ئېلىپ بارماقلىرىغا قارىدى، — جۇرۇڭ دەريا بويىغا بارىلى، قوللىرىڭىز ئوتتىن كۆكىرىپ كېتىپتۇ، پاكىز يۇيسا، تىكەن ئېنىق كۆرۈنىدۇ.

يۇرۇڭقاش دەرياسى خۇددى گىرەلىشىپ كەتكەن چىغىر يوللاردەك، مىڭلىغان تارامىلارغا بۆلىنىپ ئاقاتتى... سۈزۈك سۇلارنىڭ تەگلىرىدىن قاشتېشىنىڭ يالت - يۇلت، ۋىل - تىل قىلىپ چاقنىغان نۇرلىرى گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ يوقايتتى. كامىل بىلەن نەفىسە دەريا قىرغىقى بويلاپ ئاققان سۈزۈك ئېقىن بويىدا ئولتۇرۇشتى. نەفىسە قول ياغلىقىنى ھۆل قىلىپ، كامىلنىڭ بارماقلىرىنى پاكىزە سۈرتكەندىن كېيىن، چىمەن دوپپىسىنىڭ ئىچىگە سانجىلغان كىچىك يىڭنىسىنى ئالدى. ئۇ ئەپچىل قوللىرى بىلەن تىكەنلەرنى بىر - بىرلەپ تېرىپ ئېلىشقا باشلىدى، پات - پاتلا «ئاغرىدىمۇ؟» دېگەندەك قايرىلىپ كامىلغا قاراپ كۈلۈپ قوياتتى. نەفىسەگە ياندىشىپ ئولتۇرغان كامىل بولسا، قىزغا ياندىن قارىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى ئۆرۈلگەن توم قارا چاچلىرىدىن بىر خىل مۇشكى - ئەمبەر ھىدى دەممۇ دەم دىماغقا ئۇرۇلاتتى. بۇ راستىنلا شۇ پۇراقمۇ ياكى ئاللا بەندىلىرىنىڭ دىلىغا مۇھەببەتتىن ئىبارەت ئۇلۇغ روھنى سالغاندا، جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىۋېتەمدۇ؟... بۇنى بىلىپ بولمايدۇ!... كامىل نەفىسەنىڭ سۈزۈك، پارقىراق بويۇنلىرىنى ھەتتا قۇلاق ئارقىسىدىكى يۇمران تېرىسى ئاستىدىن كۆكۈچ كۆرۈنۈپ تۇرغان تومۇرلىرىغىچە يېقىندىن كۆرۈپ تۇراتتى!... ئۇنىڭ يۈزى، ئېڭەك ئاستىلىرىنىڭ تېرىسى شۇنچىلىك نېپىز ئىدىكى، كىشىدە سۇ ئىچسە كۆرۈنەمدىكىن دېگەن سوئالنى تۇغدۇرسا، مەڭزىدىكى قىلدىن ئىنچىكە قىزىل تومۇرلاردا قاننىڭ ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرەتتى...

— تۈگىدى، — دېدى نەفىسە كۈلۈپ، — ئەمدى سىز بېرىپ ئارام ئېلىڭ! مەنمۇ ھازىرلا تۇرىمەن...

كامىل يۇلغۇن تۈۋىگە كېلىپ، خاتىرىسى بىلەن قەلىمىنى قولىغا ئالدى. ئۇ يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئۇنچە - مەرۋايىتلارنىڭ قايسىسىنى يېپىقا تىزىپ، قايسىسىنى قالدۇرۇشنى بىلەلمەي تۇرغىنىدا،

دەريا قىرغىقىدا ئولتۇرغان تالى مەجنۇن تېلىدەك ئەۋرىشىم، قىزىل گۈل نوتىسىدەك نازۈك بەدەنلىك نەفىسەگە كۆزى چۈشۈپ قالدى، قىز دەريا ئېقىنلىرىغا كۆز ئۈزمەي قارايتتى. . . رىۋايەتلەردىكى ئاق روماللىق پەرىزاتتەك بۇ سىماغا تەلمۈرۈپ قارىغىنىدا، مەۋلانە ئاتايىنىڭ مۇنۇ مەتلىئى ئۇنىڭ ئېسىدىن كەچتى:

ئول سەنەمكىم سۇ قىرىدا پەرىتېك ئولتۇرۇر،
غايەتى نازۇكلۇكىدىن سۇ بىلە يۇتسە بولۇر.

كامىل قەلب بۇلاقلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان سۈزۈك قەترىلەرنى خاتىرىسىنىڭ بەتلىرىگە تىزىشقا باشلىدى. بىرەر دەقىقە قەلىمىنىڭ دەستىسىنىڭ ئۇچىنى پېشانىسىغا تەگكۈزۈپ ئويلىنىپ قالغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ ناھايىتى تېز يازماقتا ئىدى، بىردەمدىلا ئاق بەت يۈزىگە ئىككى كۇپلېت شېئىر قوندۇرۇلدى. كامىل ئىچىدە بىر قۇر ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، بەزى يەرلىرىگە تۈزىتىش كىرگۈزدى.

— نېمە، كۈندىلىك خاتىرە يېزىۋاتامسىز؟ — كامىل نەفىسەنىڭ كەلگەنلىكىنى تۇيمىغانىدى، — مەنمۇ كۈندىلىك خاتىرە يازىمەن، ئەمما بەزىدە ئىشنىڭ ئالدىراشلىقىدىن تاشلىنىپ قالىدۇ.

— مەن. . . بۇ. . . — كامىل خىجىللىق ئىلكىدە خاتىرىسىنى يوشۇردى، — ئانچىكىملا بىر نەرسىنى يېزىپ باقتىم.

— خاتىرىنى يوشۇرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — نەفىسە سەل رەنجىگەندەك ئىدى، — مەن باشقىلار كۆرسىتىشنى خالىمىغان نەرسىلەرگە قىزىقمايمەن. . . چۈنكى ھەركىمنىڭ قەلب خەزىنىسىدە پىنھان تۇتىدىغان سىرلىرى بولىدۇ ئەمەسمۇ! . . .

— بۇ. . . بۇ. . . سىز نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭىز؟ — كامىل قىزاردى، — مېنىڭ ھازىرغىچە قەلب خەزىنەمدە پىنھان تۇتۇپ كەلگەن سىرلىرىم بولغان ئەمەس. . . خالىسىڭىز كۆرۈڭ! . . .

كامىل خاتىرىنى نەفىسەگە بەردى. قىز قىپقىزىل ئېچىلىپ كەتكەن

يۇلغۇن چېچەكلىرى سايىسىدا، خاتىرىدىكى مۇنۇ قەلب ئىزھارلىرىنى كۆردى:

ئاھ تىكەن كىرىپتۇ قولۇڭغا، — دېدىڭ،
ۋە ئالدىڭ بىر - بىرىدىن تېرىپ، ئەي جانان.
ئاغرىقى بېسىلدى، ساقايدى تېزدىن،
تاپتىڭ چاقا سېنىڭدىن دەردىڭگە دەرمان.

ئەمما، مۇھەببەت ئوقىنىڭ دەردى،
يۈرەكۇ باغرىمنى قىينار بىئامان.
بۇ دەرد ھەم ئۆزىگە سېنىڭدىن شىپا —
تاپار، قوللىرىڭدەك قايدا ۋە قاچان؟

نەفىسە خاتىرىنى ئىككىنچى قېتىم ئوقۇپ قالغاندەك، ئۇن - تىنسىز ئاستا مېڭىپ كېتىپ قالدى، ئۇ ئارقىسىغا قايرىلىپ قاراپمۇ قويمىدى. كامىل قورقۇنچلۇق چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك: «مەن كۆڭلىنىڭ كەينىگە كىرىپ، نېمە قىلىپ قويدۇم؟...» دەپ پىچىرلىدى. ئۇ ئەيمىنىپكىنە دەريا قىرغىقىغا كەلدى. نەفىسە ئېگىز تىرىڭىنىچە، بىر تاش ئۈستىدە سۇغا قاراپ ئولتۇراتتى.

— نەفىسە، — دېدى كامىل تەئەججۇپ ئىلكىدە بىر ھازا ئېغىز ئاچالماي، — دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنلىرىنى ئايلىنىپ كەلسەك قانداق؟...

سۇ بويىدا ئولتۇرغان پەرىزات ئورنىدىن تۇردى. ئەمما ئۈندىمىدى! كامىل ئالدىدا، نەفىسە كەينىدە شاۋقۇنلاپ ئېقىۋاتقان ئېقىنلار ئارا، تاشلارنى دەسسەپ ئاستا كېتىشىپ باراتتى... سۇ گاھى تاراملاردا قورام تاشلارغا ئۇرۇلۇپ، ئۈنلۈك شارقىراپ ناخشا ئېيتسا، گاھى ئېقىنلاردا تولىمۇ مۇڭلۇق شىۋىرلاپ، تۈگىمەس سىرلىرىنى كىملەرگىدۇر تۆكەتتى... دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى يۇلغۇنلار، جىغانلار، توپ - توپ ئازغانلار گويا رىۋايەتلەردىكى قەدىمىي ئورمانلارنى ئەسكە سالاتتى. كۆك

ئاسمان قەھرىدە قاناتلىرىنى كەڭ ياپقان بىر قۇش لەرزان لەيلىمەكتە ئىدى.

— نەفىسە مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدى كامىل پەس ئاسمان گۈمبىزىدىكى ئاق بۇلۇتلارغا قاراپ، — ئۆزەمنى باسالماي، سىزنى رەنجىتىپ قويدۇم. ئالدىڭىزدا ئەيىبلىكمەن...

— ياق، ئەيىب ئۆزەمدە. مەن ھېچقاچان ئەر زاتى بىلەن بۇنداق ئېچىلىپ - يېيىلىپ ھەمسۆھبەتتە بولغان ئەمەس... ھەم خالىمايمەن. شۇڭا سىز.. ۋاي بولدىلا... ھەپتىدىن بىرى تاپتىن چىقىپ كەتتىم. ھەر ھالدا خاتا چۈشىنىپ قالماڭ! — دېدى نەفىسە ئۈنچىدەك چېچىلىپ ئېقىۋاتقان سۇغا قاراپ، — تولىمۇ ئۆزاپ كەتمەيلى، سۇ كۆپىيىۋاتىدۇ...

كامىل باياتىندىن بېرى ھەيران بولۇپ، ئەتراپىغا قاراپ كەلمەكتە ئىدى. چۈنكى تۈنۈگۈنلا دۈمچەك - دۈمچەك چوقچىيىپ تۇرغان ئارىلار بارغانسېرى سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك پەسلەپ كېتىۋاتاتتى. كرىستال چوققىلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس كۆرۈنۈپ تۇرغان مۇزتاغ باغرىلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق تۇمان يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ كەلكۈن پەسلى يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

ۋاقىت توشۇپ قالغانىدى. كامىل بىلەن نەفىسە ئارقىسىغا قايتىشتى... ئۇلار كېلىۋېتىپ، بىرەر قېتىممۇ بىر - بىرىگە تىكىلىپ قاراشمىدى، كېلىپ مەجنۇن تال تۈۋىدىكى نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى.

— سىز ئەدىيالالارنى ئېلىپ بوغدايلىقتا بارغاچ تۇرۇڭ، — نەفىسە ئەدىياللارنى قاتلىدى، — مەن قاچىلارنى يۇيۇپ، ئارقىڭىزدىن بارىمەن...

ئۇلار شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن كەچكىچە بىرلىكتە بوغداي ئورۇشتى. ئەمما ھەر ئىككىلىسى كۆزلىرىنى بىر - بىرىدىن قاچۇرۇپ، بىر ئېغىزمۇ گەپلەشمىدى. كامىل ھەسرەتلىك ئىدى. لېكىن نەفىسە ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، گويا ئارىدىن ھېچ ئىش ئۆتمىگەندەك تۇرغىنى بىلەن، قەلبىنى لەرزىگە سالغان غەليان نازۇك بەدىنىنى تىترىتىپ، يۈرىكىنى دەم سىقاتتى، دەم سىيلايتتى... ئۇ قورقاتتى، قورقۇپ تۇرۇپ ئۆزىنى جاھانغا پاتمايۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى... قارا كۆزلىرى يىغلايتتى. ئەمما

پىنھان باغلىرىدىن ناخشا ساداسى كېلەتتى... پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ ياناتتى، بىراق پېشانىلىرىدىن سوغۇق تەر قۇيۇلماقتا ئىدى.

«ئاھ قۇدرىتىڭ ئۇلۇغ خۇدا، ماڭا نېمە بولغاندۇر؟...» نەفىسەنىڭ يۈرىكىدىن پىغانلىق نىدا كەلدى. ئۇ تۇيدۇرماي ئاسمانغا قارىدى، قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن بىر - بىرىنى قوغلاپ سۈرۈلۈشۈپ كېلىۋاتقان ئېغىر يامغۇر بۇلۇتلىرى قۇم قايغان ئۈستىگە توپلانماقتا ئىدى.

قۇم بارخانلىرى قاپتاللىرىدىن ئوقۇتقۇچىلار ئورغاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، ئۈستى ئوچۇق ياتاقلىرىغا قايتىشقا باشلىدى. بارخانلار ئارا كۆتۈرۈلۈۋاتقان شامال قۇملارنى ئۇچۇرتۇپ، كۆزلەرنى ئېچىشتۇراتتى. كامىل بىلەن نەفىسەمۇ ئىشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ جىمجىتلا قايتىشتى. ئۇلار ياتاقلىرىغا ئايرىلىدىغان يول ئاچىلىغا كەلگەندە توختاشتى.

— كامىل خاتىرىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ! — نەفىسە كۆك تاشلىق خاتىرىنى يەر باققىنىچە سۇندى، — خالىزىم بولۇپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن...

— نەفىسە؟...

— قايتىڭ! يامغۇر شەپىسى كېلىۋاتىدۇ...

نەفىسە كېتىپ قالدى. كامىل قۇملۇق يول ئاچىلىدا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇردى. ئۇ قىزنىڭ ھېلىلا قالدۇرغان ئاياغ ئىزلىرىغا تويماي - تويماي تەلمۈرگىنىدە، كۆزلىرىنى ياش قاپلىۋالدى.

كامىل ياتاق ئالدىغا كەلگەندە، نەمەت مىرزى چېلەكلەردىكى سۈيۈقئاشنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قاچىلىرىغا تەڭشەپ ئۇسۇپ بېرىۋاتاتتى. بەزى ئوقۇتقۇچىلار ناننى بولدى دېگۈچە چىلاپ ، ئاشنىڭ سۈيىنى تاما قىلىپ تۇرۇشاتتى. كامىل مۇراتنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ياتاق ئارقىسىغا ئۆتتى - دە، قۇم بارخانلىرى ئېچكىرىسىگە كىرىپ كەتتى، ئۇ خۇددى كۆنلۈككە ئوخشاش بىر توپ يۇلغۇننىڭ دالدىسىغا كىرىپ ئولتۇردى.

يامغۇر سىمىلداپ يېغىشقا باشلىغانىدى، كامىلنىڭمۇ يۈزلىرىدىن سۇ سىرغىپ چۈشمەكتە ئىدى. بۇ يامغۇر تامچىلىرىمۇ ياكى كۆز ياش

قەترىلىرىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. . . ئۇنىڭ قەلبىنى: «مەن زادى نىمە ئىش قىلىــــپ قويدۇم. . . ماڭا نىمە بولغاندۇر؟» دىگەن سوئال ئۆرتەيتتى.

دەرۋەقە، كامىل ئازاب ئوتىدا كۆيمەكتە ئىدى. ئۇ يەكگىلتەكلىك قىلىپ، كۆڭلىنى ئىككى كۆبلىپت شېئىر بىلەن ئىزھار قىلدى. پۈتۈن ئىشنى بۇزغان ئەنە شۇ لەنىتى شېئىر ئىدى. كىم بىلىدۇ؟ ھۆسنى كامالىغا يەتكەن بۇ 19 ياشلىق ھۆرنىڭ خۇۋالاشقان لايىقى، سۆيگەن يارى بولۇشىمۇ مۇمكىن! . . . (بۇ خىياللاردىن كامىل قورقۇپ كەتتى) ئۇنداق بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ كامىلنى سۆيەمدۇ؟ . . . شەرم - ھايالىق ئىپپەت - نومۇسلۇق، ئەقلۇ پەزىلەتلىك ھەقىقىي چىــن قىــزلار يەكگىلتەكلىك بىلەن ئۆز تەقدىرىنى شۇنداق ئاسان دوغا تىكەمدۇ؟ . . . مۇھەببەتلىك يۈرىكىنى ئەمدىلا تونۇشقان ناتونۇش بىراۋنىڭ قوينىغا بىھۇدە سېلىپ قويارمۇ؟ . . . ئادىمىيلىك پەزىلىتىنى بىلمەي تۇرۇپ، كۆڭۈل چىمەنىگە باشلاپ كىرەرمۇ؟ . . . «بىـــر كۆرۈپ كۆيۈپ قالدىم»، «چۈشۈمدە ئاشىق بولدۇم. . .» دىگەنلەر بەلكىم راستۇر، بىراق ئۇلار گۈزەل جامالىغا، بىر سىقىم تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدىغان تەنگە ئاشىق بولغانلار. . . يىللار نىمىلەرنى ئۆزگەرتمىگەن دەيسىــز؟ جەننەتتەك باغلارنى چۆللەرگە، ياپيېشىل تاغلارنى تاقىـــر دۆڭلەرگە، كۆپكۆك دېڭىزلارنى سېسىق كۆللەرگە ئايلاندۇرۇپ، ئۆز قۇدرىتىنى نامايەندە قىلغان رەھىمسىز ۋاقىتنىڭ ئادەمنىڭ كىچىــككىنــە تېنىـــنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە قۇدرىتى يەتمەسمۇ؟ . . . شۇنداق، تونۇگۇنلا ئادەم ئەيمەنگۈدەك گۈزەل بولغانلار، ئەنە كۆرۈڭ، پاخپاق ومايلارغا، چىنار قامەتلىك يىگىتلەر دوكچاق بوۋايلارغا ئايلىنىپ، سوغۇق تەنلىرىنــى ئىسسىتىش ئۈچۈن ئاپتاپ سىنىپ ئولتۇرمامدۇ؟ . . . ئەمما روھىــي مۇھەببەت ئەبەدىلئەبەت قېرىمايدۇ. . . ئۆلمەيدۇ. . . چىرىمەيدۇ. . . مانا بۇ ئاللاھ ئاتا قىلغان كۆڭۈلگە تالىق مۇھەببەتتۇر. . . بۇ ئۇلۇغ مۇھەببەت كويىدا بەندە بىر ئۆمۈر رىيازەت چەكسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلايدۇ.

يامغۇر ئىتتىكلەپ ئوبدانلا قويۇلۇشقا باشلىــدى. بارخانلار ئارا كىمدۇر بىرىنىڭ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ ۋارقىرىغان سۇس ئاۋازى كەلدى. ئۇ

بېشىغا تاغارنى يېپىنچا قىلىپ، كاملنى ئىزدەپ يۈرگەن مۇرات ئىدى. كامىل گويا ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ تاشلىق خاتىرە ئۇنىڭ قوينىنى كۆيدۈرۈپ، يۈرىكىنى ئۆرتەيتتى. نەفىسەنىڭ دىلىنى رەنجىتكەن ئىككى كۇبلېت شېئىر يەلكىسىنى تۆگمەن تېشىدەك بېسىپ تۇراتتى.

كامىل يازغان شېئىرنى يىرتمۇېتىش ئۈچۈن خاتىرىسىنى ئاچتى. ئۇ ئەمدىلا ۋاراقنى قايرىپ، بىردىن ئارقىسىدىكى ئاق بەتكە تىزىلغان مىسرالارغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. بۇ نەفىسەنىڭ جاۋابى ئىدى:

ئاھ، قانداق بىرەھىم، زالىم تىكەن ئۇ،
سېنىڭ شۇ مۇبارەك قولۇڭغا پاتقان؟
يۈرەكنى باغرىڭنى ئەيلەپ جاراھەت،
كىمدۇر ئۇ مۇھەببەت ئوقىنى ئاتقان؟

ياراتقان ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ئۇلۇغ،
تىكەننىڭ رەنجىگە شىپا تېپىلغاي.
گەر بولسا ھەقىقىي ۋاپادار ئاشىق،
ھە، ئۇنىڭ دەردىگە داۋا تېپىلغاي.

ۋە لېكىن، ۋىسالنىڭ مەنزىلى يىراق،
ئۇنىڭغا يەتمەكلىك ئەمەستۇر ئاسان.
ھىجران چۆللىرىنى كەزمىگەن ئاشىق،
ۋىسال مەنزىلىدىن تاپالماس نىشان!

كامىل تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. نەفىسە بۇ شېئىرنى تاماق قاچىلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن دەريا بويىدا يالغۇز قالغىنىدا يازغانىدى. كامىل ئىچىدە: «شۇڭا بۇغدايلىقتا كېچىكىپ كەلگەن ئىكەندە!» دەپ ئويلىدى. شېئىر شەكىل جەھەتتىن بولسۇن، قويۇلغان پىكىر جەھەتتىن بولسۇن، كاملنىڭ شېئىرىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. بولۇپمۇ 3 - كۇبلېت

شېئىر چىن مۇھەببەت ۋىسالىغا يەتمەك بولغان ئاشىقنىڭ كۆرمىشلىرى بايان قىلىنغان پەلسەپىلىك يەكۈن ئىدى. كامىل شېئىرنى يەنە قايتا ئوقۇپ چىقماقچى بولدى، ئەمما يۇلغۇن چىچەكلىرىدىن توختىماي ساقىۋاتقان يامغۇر تامچىلىرى بەزى مىسرالارغا ئېقىپ چۈشۈپ، خەتلەرنى سۇۋاشما قىلىۋەتتى، ئۇ خاتىرىنى يېپىپ يانچۇقىغا سالدى.

چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن كامىل ياتاق ئالدىغا كەلگەندە، ئەتراپ جىمجىت ئىدى. ئۆي ئىچىدە يوتقان - كۆرپىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ، نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشنى، باشقىلارنىڭ قاياقلارغا كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي تۇرغىنىدا، بېشىغا ئاق ئوغۇت تاغىرىنى ئارتىۋالغان بىر دېھقان يىگىت كەنت تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كەلدى.

— ھاي مۇئەللىم، — دېدى دېھقان يۈزلىرىدىكى سۇنى سىرىۋېتىپ، — ھەممە مۇئەللىملەرنى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدۇق. سىلى نەگە كەتتىلە؟

— يۇلغۇن ئاستىدا ئۇخلاپ قاپتىمەن. . .

— توۋا خۇدايىم، شۇنداقمۇ خىرامان ئادەم بوتكەييا! — دېدى دېھقان ياقىسىنى تۇتۇپ، — بىر ئېگىز مۇئەللىم سىلىنى ئىزدەپ قۇملۇقنى قىزىۋەتتى. شۈدۈيجاڭ ئۇ كىشىنى ھازىرلا ئېلىپ كەتتى.

— مېنىڭ يوتقان - كۆرپىلىرىم؟ . . .

— مەن ئۇنى بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدۇم. تېز ماڭسىلا! دېھقان يىگىت كامىلنى ئالدى تەرىپى تېرىلغۇ يەرلەر، ئارقا پاسلى ئاجايىپ زور قۇم تېغىغا تۇتاشقان قۇم قايغان كەنتكە باشلاپ ئېلىپ كەتتى.

# ئايدىڭ كېچىلەر

كامىل تال بوستانلىرى ئۆزگىرىگە ياماشتۇرۇۋېتىلگەن ھويلا پېشايۋاندا ياتاتتى، يىگىرمە قەدەم ئارىلىقتىكى ئۇستى يېپىلغان پېشايۋان

سۇپىنىڭ ھويلا تېمىغا تۇتاشقان يېرىدە كىچىك قوش قاناتلىق ئىشىك بار ئىدى، بۇ يەردىن باغقا چىققىلى بولاتتى. يامغۇر بارا - بارا پەسلەپ، يۇرۇڭقاش ساھىللىرىدىن ئۇرغان شامال بۇلۇتلارنى تەكلىماكاننىڭ قۇم چۆللىرىگە سۈرۈپ ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. تولغان ئاي ئالقاندەك كۆك ئاسمان رۇجەكلىرىدىن گاھ - گاھ كۆرۈنۈپ، يەنە كۆز يېشىنى تۆكۈپ ئۈلگۈرمىگەن ئېغىر بۇلۇتلار ئارىسىدا غايىب بولاتتى.

كامىل تىزلىرىنى قۇچاقلاپ، كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇراتتى. نەفىسەنىڭ سەرۋى بويلۇق سىماسى بىرەر دەقىقىمۇ كۆز ئالدىدىن كەتمەي، چوڭقۇر پىكىرلىك سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىدە ئەكس سادا بولۇپ جاراڭلايتتى. ئۇ بىردە تىزلىرىغا باش قويۇپ ئۈنسىز ياش تۆكسە، تۇرۇپلا بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرگەن ئاسمانغا قاراپ ئاھ ئۇراتتى. كەلكۈن كۆپىيىۋاتقان يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ۋادىلىرىدا شامالغا كۆكرىكىنى تۇتۇپ ماڭغۇسى، كەلكۈنگە قارشى ئۈزگۈسى، تىلسىملىق تەكلىماكان قۇملۇقلىرىدا بىرەر تۇپ يۇلغۇنغا ئايلىنىپ كەتكۈسى كېلەتتى. ئاشۇ تىنىمسىز شاماللار، قاشتاشلىرىنى سۆيگەن كەلكۈن سۇلىرى... بارسا كەلمەس قۇملۇقلار ئۇنىڭ دەرد - ھەسرەتلىرىنى كۆمۈۋەتسە، قاياققىدۇر ئېقىتىپ، ئۇچۇرۇپ ئېلىپ كەتسە، بەس. كامىل ئۇلارنىڭ سادىغىسى، قۇربانى، خەستە جېنىنى سەدىقە ئەتكۈچى ساخاۋەتچى بولۇپ كېتەر ئىدى!...

نەفىسەنىڭ شېئىرىي مىسرالىرى گوياكى قۇملۇقتىكى ئاتەشتەك، كامىلنىڭ يۈرىكىنى ئۆرتەپ، تەشنالىق ئازابلىرى بىلەن قىينايتتى. قىز گەرچە شېئىرىدا ئەدەب بىلەن كۆڭۈل ياسىغان، تەسەللىي بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇستىلىق بىلەن ئۆزىنى قاچۇرغان... «كىمدۇر ئۇ مۇھەببەت ئوقىنى ئاتقان؟» دېيىش ئارقىلىق، قەستەن خۇپسەنلىك قىلىپ، ئاشۇ «ئوق ئاتقان» قاتىل نامزاتىدىن ئۆزىنى ئۇچۇرۇۋەتكەن...

كامىلنىڭ تۇرۇپلا ئۈمىد يۇلتۇزلىرى چاقنىغاندەك قىلاتتى. «گەر بولسا ھەقىقىي ۋاپادار ئاشىق، ھە، ئۇنىڭ دەردىگە داۋا تېپىلغاي» بۇ مىسرالار سۈزۈك بۇلۇتلاردىن ئېتىلىپ چىققان قەترىلەردەك، ئۇنىڭ «ئىرق»تىن جاراھەتلەنگەن يۈرەك - باغرىغا مەلھەم بولاتتى... بولۇپمۇ

3 ـ كۆبلېتتىكى پەلسەپىلىك پىكىرلەر كامىلنىڭ قانلىرىنى ئۇرغىتىپ، ئۇنىڭ ئاشىقلىق جاسارىتىنى ئاشۇراتتى. . .

بۇلۇتلار سۈرۈلۈپ، كۆك ئاسمان قىسىرىدە ئاي مەلىكىسى سانسىزلىغان كېنىزەكلەر ھەمراھ بولغان ھالدا كۆرۈندى. كامىل ئورنىدىن تۇرۇپ باغقا كىردى، تەبىئەت يۇيۇنۇپ تارانغانىدى. سۆتتەك ئايدىڭدا مەجنۇن تاللارنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىدىن سۇلار تامچىلايتتى، قىزارغان ئالاراھەتلەر، ھېلىلا ھامامدىن چىققان قىزلارنىڭ مەڭزىدەك پارقىرايتتى. قىپقىزىل ئالۇچىلار قان ئۇرغۇپ تۇرغان لەۋلەرگە ئوخشايتتى. گۈللەرنىڭ چاك ئېچىلغان ياقىلىرىدا سۈزۈك قەترىلەر تىترەيتتى.

كامىل «مەن چىرايلىقمۇ؟»، «مەن ئۈزمۇ؟. . .» دېگەندەك ھۆسن تالىشىپ ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر ئارىسىدىن باغقا ئىچكىرىلەپ كىردى، باغ ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما مېۋە كۆچەتلىرىگە تولغان بۈك ـ باراخسانلىق ئىدى. يېتىلىۋاتقان ھەر خىل مېۋىلەر، گۈل ـ گىياھلاردىن كېلىۋاتقان ئىللىق بىر ھىد دىماغلارغا ئۇرۇلۇپ، ئادەمگە ھوزۇر ئاتا قىلاتتى. باغنىڭ ئاياغ ئۇچىدا، ئادەمنىڭ تىزىدىن ئاشقۇدەك ئېگىزلىكتە پەس تام پاسىلى بولۇپ، ئۇ تەرىپى ئانارلىق ئىدى. بىر مەڭزى قىزىرىشقا باشلىغان خام ئانارلار، خۇددى پانۇستەك ئېسىلىپ تۇرغان ئوتقاشتەك چېچەكلەر يىراقتىكى مىڭلىغان گۈلخانلاردەك ئاي نۇرىدا ۋىلىلدايتتى. . . كامىل پاكار تام ئۈستىگە چىقىپ، يىراقلارغا باقتى. . . چەكسىز قۇم بارخانلىرى تۆگە لوكىلىرىدەك ئېگىز ـ پەس چوقچىيىپ تۇراتتى، قۇم تېغىغا ياندىشقان يايىسمان «قۇم قايغان» كەنتى سۈرلۈك سۈكۈناتقا چۆمگەنىدى.

سەلكىن شامالنىڭ تەۋرىتىشىمۇ ياكى ياپراقلاردىكى تامچىلارنىڭ تۆكۈلۈشىمۇ، ئەيتاۋۇر ئانارلىق باغدىن شەپە كەلدى. كامىل چۆچۈپ تىكىلدى. ئانارلىق ئىچىدە ئاق لىباسقا پۈركەنگەن ھۆرلەردەك بىر سىما كۆرۈندى، ئۇ ئاستا كېلىۋاتاتتى. گويا شائىرلار «ئاي بىر جۈپ بولۇپ كۆرۈندى. . .» دېيىشكىنىدەك، كۆكتە بىر ئاي، باغدا بىر ئاي نۇر

چېچىپ تۇراتتى. كامىل «ماڭا شۇنداق كۆرۈنۈۋاتامدۇ؟» دېگەن گۇماندا كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى. ئەمما ئۇ تولۇن ئاي بەرھەق ھالدا جولا بېرىپ تۇراتتى. يىراقتىن ئاللاھنىڭ سېھرىي كارامىتىگە، شەپقەت ـ شاپائىتىگە كۆمۈلدى، ھەمدۇ سانا ئوقۇغان كامىل بوغۇلغان ھەم تىترەك ئاۋازى بىلەن ئاستا شىۋىرلىدى:

— نەفىسە! . . .

— . . .

— سىز؟

— بۇ ئۆيدىكىلەر ئانامغا تۇغقان كېلىدۇ. . .

— ئاھ خۇدا، قۇدرىتىڭ بىلەن بۇگۈنكى ۋىسالغا يەتكۈزگەنلىكىڭ ئۈچۈن، — كامىل ئۆزىنىڭ قەيەردە تۇرغانلىقىنى، نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى، — يەتتە دوزاخ ئازابىنى بەرسەڭمۇ. . .

نەفىسە نازۇك ئىككى بارمىقىدا كامىلنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالدى. . .

— بۇنداق دېمەڭ، كۇپۇرلۇق بولىدۇ! . . .

— سىز قانداق قىلىپ؟ ياق بىز قانداق قىلىپ. . . بۇ ئانارلىق باغدا. . . ئاق ئايدىڭ كېچىدە؟ . . .

— بىلمەيمەن، — قىزنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدە نەملىك يالقۇن كۆرۈندى، — بۇ كېچىدە ئۇيقۇدىن بىــــدارمەن. . . ۋاي ياق. . . ئۆزەمچە. . . زېرىكىپ. . . ئانارلىق باغدا. . . سىز ئۆزىڭىزچۇ. . .

— تەشنالىق ئازابى! . . .

— ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ! . . .

نەفىسە ئايئاق يىپەك كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ، دولىسىغا قارا، چۇچىلىق رومال ئارتىۋالغانىدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا بولۇت ئىچىدىكى ئايغا ئوخشايتتى. ئەمما ئۇ داغسىز ئاي ئىدى! . . .

— قاراڭ ئايغا، — دېدى نەفىسە، — ئۇ نېمىدېگەن ئۈز ـ ھە؟

— مەن ئالىنى ياخشى كۆرىمەن، — كامىل ھەسرەتلىك ئۇھ تارتتى، — ئۇ مېنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىۋاتقانلىقىمنى بىلەمدىغاندۇ؟ . . .

— بىلىدۇ. . . — دېدى نەفىسە ئېغىر خورسىنىپ، — ئۇ ھەممىنى



كۆرۈپ تۇردۇ. . .

— نەفىسە سىز؟ . . . مەن! . . .

— ھېس قىلىشىمچە، سىز ئەقىلنى ھېسسىياتقا يەم قىلىپ بېرىدىغان ئۇنچە يەڭگىلتەك، كالتە پەملەردىن ئەمەسسىز. . . — دېدى نەفىسە ئايغا تىكىلگىنىچە، — ئاللاھ ئاتا قىلغان ئۇلۇغ روھلارنىڭ تا شۇۋە قەدىرى كۆڭلىرىگىچە مەۋھۇم .بولمىقى، ئىنسان ئۇنى ئۆز جىنىدەك پىنھان تۇتمىقى كېرەك. . . ئۇ شۇندىلا ئەبەدىلئەبەت ئۆز قەدرىنى يوقاتمايدۇ. . .

كامىل نەفىسەنىڭ سۆزلىرىنىڭ تېگىگە يەتتى. ئۇنىڭ ئىرادە ـ شجائىتىگە، ئەقلۇ كامالىتىگە ئىچىدە ئاپىرىن ئوقۇدى. نەفىسەمۇ تۇنجى قېتىم قەلب تارلىرىنى تىترەتكەن مەشۇقلۇق ئاتەشلىرىدىن تولغىنىپ، كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ، تەنلىرىدىن مادار كېتىپ، سالقىن باغلاردا كىچىككىنە يۈرىكىنى سەگىتىپ يۈرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئەدەب ـ ئىكرام قەپىزىدە ھۇمايۇن قۇشىدەك باش ئېگىپ تۇراتتى. كامىلنىڭ بۇ قۇشنىڭ باشلىرىنى، بويۇنلىرىنى سىيلىغۇسى، پۇتلىرىغا باش قويغۇسى، ئۇنىڭغا يۈرەك جاراھەتلىرىنى كۆرسەتكۈسى كېلەتتى. ئاشۇ قۇم بارخانلىرىنى، قىزىل چېچەكلىك يولغۇنلارنى، ئاسماندىكى ئاينى شاھىت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەھدۇ ۋاپالىرىنى بىلدۈرمەكچى بولاتتى! . . . ئەمما قىزنىڭ سۆبات ھەم لاتاپەت مۇجەسسەملەنگەن تەمكىن، سىرلىق سىماسى ئۇنىڭ تىلىنى باغلاپ، ۋۇجۇدىنى سېھىرلەپ قويغانىدى.

— نەفىسە! . . . — كامىلنىڭ ئاۋازى تىترىدى.

— خوش! . . .

— مېنىڭ بىر ئىلتىجاسىم بار ئىدى. . . بىلمىدىم، خاپا بولامسىزكىن؟ . . .

— ئېيتىڭ. . .

— قوللىرىڭىزنى كۆرۈپ باقسام. . .

نەفىسەنىڭ بېشى ئاناردەك كۆتۈرۈلگەن كۆكسىگە ئېگىلدى. ئۇ تارتىنىپقىنا قوللىرىنى كامىلنىڭ ئالقانلىرىغا قويدى. . . يىگىت ھاياجان ئىزتىراپىدا قىزنىڭ نازۇك، يۇمشاق بارماقلىرىنى كۆزلىرىگە سۈرتتى.

ئاندىن ئاستا ئېچىلىشىپ، ئىپار ھىدلىق چاچلارغا ئۆپتى...

نەفىسە ناز ھەم ئىستىغنا بىلەن شۇنداق باقتىكى، كامىلنىڭ جان قۇشى تەن قەپىزىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىدىغاندەك، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، ئۆزى دەلدۈگۈنۈپ كەتتى، نەفىسە ئۇيۇلۇپقىنا ئۇنىڭ بىلەكلىرىنى ئۇشلىدى. كامىل نەفىسەنىڭ مۇرىسىدىن قۇچاقلىغان ھالدا، ئايغا قارىدى. قىزنىڭ ھۆسن - كامالىدىن ھەسەت ئوتىدا پۇچۇلانغان ئاي نېپىز بۇلۇتلار ئىچىگە يوشۇرۇندى. ئەمما سانسىزلىغان يۇلتۇزلار بىر - بىرىگە كۆز قىسىشىپ، قىن - قىنىغا پېتىشماي جىمىرلاپ كېتىشتى...

كامىل بىلەن نەفىسە تەكلىماكان ئاسمىنىدا سەيلانە ئۈزۈپ يۈرگەن ئايغا تىكىلىپ، شېرىن، لەزىز ئويلارغا چۆمۈپ تۇرغىنىدا، خوتەن شەھەر ئاسمىنىدىمۇ بىر تولۇن ئاي مۇئەللەق ئېسىلىپ تۇراتتى. بۇ ئاي گۈلباغ رەستىسىدە كېتىۋاتقان ھېكمەت بىلەن گۈلرۇزغا ئەگىشىپ، تا قىزىق دەرۋازىغىچە كەلدى.

— سىز مېنىڭ ئالىمجان زىھرۇللانىڭ ئۆيىدە ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلدىڭىز؟ — دېدى ھېكمەت گۈلرۇزنىڭ دولقۇنلۇق سېرىق چاچلىرىغا قاراپ، — بۇ كېچىدە قورقماي مېنى ساقلىغىنىڭىزغا قارىغاندا، بۈمەرەمخان ئاچام ساقسىز بولۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟

— ياق، — دېدى گۈلرۇز قاياققىدۇر قاراپ، — سىز كۈندە كەچتە ياتىقىڭىزدا ئولتۇرمايدىكەنسىز... ئۇچرىشىدىغان كىشىلىرىڭىز بەك تولا ئوخشىمامدۇ؟... بۈگۈن سىزنى ئالىمجاننىڭ باشلاپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، دوقمۇشتا ساقلىغانىدىم.

— بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

گۈلرۇز غىل - پال، غىل - پال تۆت ئەتراپىغا قارىغىنىچە، ھېكمەت ئەكەلدۈرۈپ بەرگەن ئاق توپامىنىڭ ئۇچىدا يەر سىجاپ تۇراتتى. ئۇ كۆزىنىڭ ئەتراپىغا كۆكۈچ سۈرمە تارتقانلىقى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، ھېكمەتكە ھەر قېتىم يالت - يالت قارىغىنىدا، كۆزىنىڭ پاختىسى ئېچىلغان غوزىدەك ئاپئاق يالتىرايتتى. ئۇ قانداقتۇر بىر نەرسىنى دېمەكچى بولاتتىيۇ، ئېغىزىدىن چىقىرالمايتتى. ھېكمەتنىڭ پات - پاتلا

سائىتىگە قاراپ قويۇشىدىن ئەندىككەن گۈلرۇز ھېكمەتكە قادالدى.

— ئېيتىڭا، سىز گۈلزىبانى ياخشى كۆرەمسىز؟— گۈلرۇز گەپنى ئەگىتىپ ئولتۇرمىدى، — كۆڭلىڭىزدىكى گەپنى قىلىڭ، مېنى ئالدىماڭ...

— بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟...

— سورىمىسام بولمايدۇ!...

گۈلرۇزنىڭ ئەلپازى ياماندەك قىلاتتى، ھېكمەت سەل چۆچۈگەندەك بولدى. «گۈلزىبانىڭ ئۆيدىكىلىرى بۇ ئىسنى بىلگەن يەردە، گۈلرۇز بىلمەي قالامتى؟ ئەمما نېمە ئۈچۈن كېچىلەردە يول توسۇپ، بۇ ئىشنى كوچىلايدۇ؟» دېگەن ئوي ھېكمەتنىڭ كۆڭلىدىن كەچكىنىدە، دەمالىققا گەپ قىلالماي تېڭىرقاپ قالدى.

— نېمە، تۇنجىقىپ كەتتىڭىزغۇ؟... — گۈلرۇزنىڭ زەردىسى قايىنىدى، — گەپ قىلىڭ، ياخشى كۆرەمسىز - كۆرمەمسىز؟...

— ياخشى كۆرىمەن... ئۆز ھاياتىمدىنمۇ ئارتۇق قەدىرلەيمەن، — ھېكمەتنىڭ ئاچچىقى كەلگەنىدى، — ئەمما بۇ بەختكە مەن مۇناسىپ ئەمەسمەن...

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟... — قىز جىددىيلەشتى.

— چۈنكى، گۈلزىبا پەرىشتىدەك پاك ھەم سەممىي قىز... لېكىن مەنچۇ؟— ھېكمەت ۋارقىرىۋەتتى، — مەن بىر ئازغۇن بەندە، بىلسىۋاتامسىز، ئاق بەتلىرىمگە قارا رەڭ تۆكۈلگەن ئازغۇنمەن!...

ھېكمەتنىڭ گۈلزىبانى «پەرىشتە» گە ئوخشاتقانلىقىدىن گۈلرۇزنىڭ ئۆتى تاشقان بولسىمۇ، بىراق ئاخىرقى مۇجمەل سۆزلەر ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. شۇڭا ئۇ ھېچ ھېيتماي ھېكمەتكە يېقىنلاشتى...

— پەرىشتە؟ — دېدى گۈلرۇز ئاچچىق كۈلۈپ، — پەرىشتەمىش تېخى. بىلەمسىز، ئۇنىڭ بەدىنىدە پىسى كېسىلى بار...

— ماڭا يېقىن تۇرماڭ! — ھېكمەت غەزەب بىلەن ۋارقىراپ ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى، — ئۆز ئاچىڭىزنى مۇشۇنداق دېيىشتىن ئۇيالمامسىز؟ قانداق كۆڭلى قارا قىز بالىسىز؟...

گۈلزىبانىڭ ئۆز قېرىندىشى تەرىپىدىن ھاقارەتلەنگەنلىكىدىن ھېكمەت جالاقلاپ تىترەپ كەتتى. مۇرات، سەئىدەلەرنىڭ گۈلرۇز توغرىسىدا ئېيتقانلىرى دەرھال ئېسىگە كېلىشى بىلەن، توپىدا ئولتۇرۇپ قالغان قىزغا ئۆچمەنلىك نەزىرىنى تىكتى.

— سىز ئەمدى مېنى ئىزدىگۈچى بولماڭ، — دېدى ھېكمەت غەزەپ بىلەن، — سىزنى كۆرەر كۆزۈم يوق!...

— ئەمىسە، ئۇنىڭ كېسىلىنى ئۆزىڭىزگە يۇقتۇرۇپ، سىزمۇ پىسى بولۇڭ!...

— ھېلىغۇ پىسى كېسىلىكەن، ئەگەر ئۇ مېنى كەچۈردىغانلا بولسا، — ھېكمەت ھاياجان بىلەن ۋارقىرىدى، — موخو كېسىلى بولسىمۇ، ئۇ دۇنياغا بىللە كېتىشكە رازىمەن!...

گۈلرۇز ھېكمەتنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك بىر ھازا تىكىلىپ قالدى-دە، ئارقىچە بىر نەچچە قەدەم چېكىندى... ئاندىن يۈگۈرگىنىچە قاراڭغۇ كوچىغا كىرىپ كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ: «ئاخىرى پۇشايمان قىلىسەن... مەن بۇنى ئۇنتۇمايمەن...» دېگەن ئاۋازى تۈننىڭ جىمجىت كوچىلىرىنى كېزىپ ئۆتتى...

ھېكمەت ياتىقىغا قايتىپ كېلىپ ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدى. گۈلرۇزنىڭ ھېلىلا دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن زادىلا كەتمەيتتى... ئۇ قانچە ئويلىماي دېسىمۇ، ئوغرى خىياللار خۇددى جىندەك ئۇنىڭغا چاپلىشىۋالغانىدى. ھېكمەت گۈلزىبانى ياخشى كۆرۈش ئىستىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى ۋىجدانى بىلەن ئاقلايتتى. گۈلرۇز ئەخمىقانە خىياللىرىنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئۆز ئاچىسىنى قارىلىغانىدى. ئادەم دېگەن شۇنچىلىكلا بىر نېمە ئىكەن، ئۇ مەنپەئەت توقۇنۇشۇپ قالغاندا، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى، ئەل-ئاغىنىلىرىنى ئەمەس، بەلكى ئاتا-ئانىسىنىمۇ سېتىۋېتىشكە قادىر ئىكەن. گۈلرۇز ھېكمەتنى قولغا كەلتۈرۈپ ئالىقىنىغا ئېلىۋالغاندىن كېيىن، چوڭ-چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىپ، ئۇنى پۇل تېپىشنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرماقچى ئىدى. دوستلار ھەۋەس قىلىدىغان، دۈشمەنلەر ھەسەت قىلىدىغان ھەشەمەتلىك تۇرمۇش

خىيالىدىن چىقمايدىغان گۇلرۇز ئۆز ئارزۇسىغا يېتىش يولىدا ئاچىسىنى ھېچ ئايانمايلا سېتىۋەتتى. ئەسلىدىمىغۇ ئۇ گۇلزىباغا ئۆچ ئىدى. گۇلرۇز ئۇنچە سەت قىزلاردىن ئەمەس، تېخى ياسىنىپ - تارىنىپ كوچا - كويلارغا چىققىنىدا، خېلى - خېلى تۈمىقى قىرلاغلىق يىگىتلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلالىغۇدەك ھۆسنى بار ئىدى. ئەمما، مەھەللىدىكى چوڭ - كىچىكنىڭ ھەممىسى ئۇنى كۆز قىرىغا ئىلىپمۇ قويمايتتى. ئەدناسى كۆلگە سۇغا چىققان قىز - يىگىتلەر، چاق ئىگىرىۋاتقان خوتۇنلار ئۇنى كۆرگەن ھامان: «قايىت بەڭگىنىڭ قىزى»، «قايىت قىمارۋازنىڭ پاخپىقى»، «قايىت مەستىنىڭ سۈرىتى...» دېيىشىپ خىرقىراپ كۈلۈشەتتى... سالام - سائەتى، ئىززەت - ھۆرمىتى ھەممىگە ئوخشاش گۇلزىباغا كىشىلەر باشقىچە قاراشتا ئىدى. كىچىكلەر ئۇنى، ئۇنىڭ سالايى - سۈپىتىدىن، ئېغىر نەزەرلىرىدىن ئەيمىنىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. چوڭلار بولسا: «ئىنايەت ئەپەندىنىڭ قىزى...»، «ئىنايەت ئەپەندىنىڭ يالغۇزى، تەۋەرۈكى...» دېيىشىپ ئېگىلىپ سالام بېرىشەتتى... كېيىنچە بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە يەتكەن گۇلرۇز گۇلزىباغا بارا - بارا ئۆچ بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ تېگى - تەكتى يائىشى، تۇتسا سىپى، ئاتىسا ئېتى بار ئائىلىلەردىن خېرىدارلىق قىلىپ ئەلچى كىرگەندىن كېيىن، ئاچىسىغا بولغان ئۆچمەنلىك ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېتىزلىرىدا دۈشمەنلىك بىخلىرىنى يېتىلدۈرگەنىدى.

ھېكمەت شەھەرگە كەلگەندىن بېرى، ئىشتىن چۈشۈشى بىلەن، ئامانىللا قۇربان، شادىمان، ئابلىز ناۋاالارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولدى. بەزىلىرى ئۆزلىرى كېلىپ ئۇنى ئېلىپ كېتىشتى. شېئىرىيەت، رەسساملىق، مۇزىكا ھەم تەبىئىي پەنلەر تېما قىلىنغان بۇنداق سۆھبەتلەر ئىنتايىن قىزىقارلىق ھەم تالاش - تارتىشلار بىلەن تولغان بولاتتى. كۆڭلى - كۆكسى كۆتۈرۈلۈپ، بەھرى ئېچىلغان ھېكمەت ۋاقىتنىڭ قانداق تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالاتتى. مانا بۈگۈن كېچىمۇ ئالىمجان زىيرۇللانىڭ ئۆيىدىن چىققاندا، سائەت 11 دىن ئاشقانىدى، كۆتۈلمىگەندە گۇلرۇز ئۇنىڭ ئالدىنى توستى.

ھېكمەت ئەتە چۈشتە ياكى كەچتە بۇمەرەمخاننى يوقلاپ كەلمەكچى ئىدى، ئەمدى بېرىشتىن يالتايدى. چۈنكى گۈلرۇز بىلەن بولغان بۇگۈنكى ئىش ئۇنىڭ گۈلزىبانىڭ ئۆيىگە بېرىش يولىنى چورتلا ئۈزۈپ قويغانىدى. ھېكمەت ئۇنىڭ قىلچە ھېيىقماي، ئەرلەرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراشلىرىدىن، ھاياسىزنازلىرىدىن ئادەتتىكى ياۋاش قىزلاردىن ئەمەسلىكىنى بۇرۇنلا سەزگەنىدى، ئەمدى بۇ سەتچىلىك گۈلزىبانىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا، ئۇ نېمىلەرنى ئويلاپ كېتەر ؟ . . . «سەن تاز دېگۈچە، مەن تاز دەۋالاي» دېگەندەك، «ھېكمەت يېرىم كېچىدە مېنىڭ ئالدىمنى توستى» دەپ گەپ تارقاتسىچۇ. . . ئۇنى قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. . . ئۆگەي ئاچىسىدىن ئۆچ ئېلىپ، پۇخادىن چىقىش نىيىتىدە بولسىمۇ دەيدۇ. . . ئەمدى بۇنى گۈلزىباغا قانداق چۈشەندۈرۈپ كېتەلەيدۇ ؟

بۇ ئەندىشە ۋە چىگىش خىياللار ئەتىسى ئورنىدىن تۇرغاندىمۇ ھېكمەتنىڭ كۆڭلىدىن چىقمىدى. ئۇ ناھىيىلىك كومىتېت ئاشخانىسىدىن تاماق يەپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا ياردەملىشىدىغان ئىككى ئايال ئوقۇتقۇچى ئىشخانا ئالدىدا ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى. ئۇلار تېزدىنلا ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ھېكمەت چوڭ بىردىئاگراممىنىڭ شەكلىنى قېرىنداش بىلەن سىزغاندىن كېيىن، بىر نەچچە قاچىلارغا ھەر خىل بوياقلارنى تەڭشىدى. ئاندىن قايسى گراپىنى قانداق رەڭدە بويايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، بىر ئوقۇتقۇچىغا تاپشۇردى، يەنە بىر ئوقۇتقۇچى بولسا، چوڭ خەت يېزىلغان كونا گېزىتلەرنىڭ ئارقا تەرىپىگە پارقىراق سېرىق قەغەزنى چاپلاپ قايچىدا خەت كېسىۋاتاتتى. ھەر يىلى ناھىيىدە ئېچىلىدىغان قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنى، يېزا ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىق يىغىنلىرىغا بىرەر ئاي بۇرۇن تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلىنەتتى. ھېكمەت ئون كۈن بولار - بولمايلا، ۋەزىپىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئورۇنداپ بولغانىدى. شۇڭا ئۇ ۋاقىت چىقسىلا شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىش، دوستلارنى يوقلاش، كېچىلىرى كىتاب كۆرۈش بىلەن كۆڭلىنى ئۆتكۈزمەتتى، ئەمما كامىل، مۇراتلار بولمىغانلىقى ئۈچۈن، يەنىلا زېرىككەنلىك ھېس قىلاتتى.

ھېكمەت ئىككى ياردەمچىسىگە ( ئۇلار رەسمىي مۇئەللىملىرى ئىدى) ھەممە ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، غازاخۇن ئاكىدىن ھەپتىلىك ئارىيەت ئالغان «دۈشمەن» ناملىق رومانىنى ئېلىپ، مەدەنىيەت يۇرتىغا كەلدى. ئۇ ئەمدىلا پەلەمپەيگە قەدەم ئېلىۋېدى، بىرسى چاقىرىپ قالدى. بۇ كىشى شائىر نائىبى ئىدى. ئۇلار قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— مەن يېزىغا خىزمەت بىلەن كېتىپ قالغانىدىم، — نائىبنىڭ قارچۇغىنىڭكىدەك كۆزلىرىدىن ئۇچقۇنلار چاچراپ تۇراتتى، — سىز بىلەن ئەسرا بولالماپتىمەن، مەن تېخى ئەتىگەنلا مەتتىمىن سابىردىن ئاڭلىدىم. ئۇ يىگىت خاتىرىڭىزدىن كۆتۈرۈلمىگەندۇر ؟

— ئېسىمدە، ئېسىمدە، — ھېكمەت كۈلدى، — ئامانىللار قۇربانىنىڭ ئۆيىدىكى ئولتۇرۇشتا «تۆت تەك...» بىلەن بىر كۈبلېت شېئىر تۈزگەن يىگىت...

— بەللى، ئېسىڭىزدە بارئىكەن، — نائىبى ناھايىتى خۇشچاق ئىدى، — شۇڭا مەن كەچتە سىزنى ئالغىلى قېشىڭىزغا بارماقچى ئىدىم.

— بولدى ئاۋارە بولماڭ، ئۆزەملا باراي.

— ئەمىسە شۇنداق كېلىشتۇق - ھە !...

— بولىدۇ...

نائىبى كېتىپ قالدى. ھېكمەت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئاۋاز يىنىپ تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك كارىدورىغا قەدەم ئالدى. ئۇ كۇتۇپخانا ئىشىكى ئالدىدا چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ياقىلىرىنى ئەتتى.

غازاخۇن ئاكا پوكەي ئارقىسىغا چۆككىنىچە، قارا سايىلىق كۆزەينىكىنى تاقاپ كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ھېكمەت ئادەمنىڭ مەيدىسى ئېگىزلىكتىكى پوكەيدىن ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! — ھېكمەت ئەدەب بىلەن قولىنى كۆكسىگە ئالدى، غازاخۇن ئاكىمۇ لەپ قىلىپ كۆزەينىكى ئۈستىدىن قارىدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! — دېدى غازاخۇن ئاكا كۈلۈپ، — ھە، ھېكمەت بالام، ئىشلىرىڭ ئىلگىرى بولغاي. قەدىمىڭ يېتىپ قاپتۇ؟

—كىتابنى قايتۇراي دەپ كېلىۋېدىم. . . —ھېكمەت قولىدىكى كىتابنى سۇندى.

— ھە، ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقالىدىڭمۇ ؟ — دېدى غازاخۇن كاپپىيەنگە بەلگە قويۇۋېتىپ، — خاتىرىمۇ قالدۇرغانسەن ؟

—يوقسۇ، بۇ قېتىم خاتىرە يازالمىدىم، — دېدى ھېكمەت قىزىرىپ، — شەھەردىكى ئىشلىرىم سەل ئالدىراش بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، خاتىرەممۇ مەكتەپتە قاپتىكەن.

— بۇ بولماپتۇ، —دېدى غازاخۇن جىددىي تەلەپپۇزدا، — بەزىلەر كىتابنى قارىچىلاپ، ئىت قوغلىغاندەك ئوقۇيدۇ. بۇنىڭ نېمە لەززىتى، نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن ؟ ھەر بىر كىتاب ئوخشىمىغان بىلىم بېرىدۇ. «ئىبرەتلىك نەسىھەتلەر» ، «ئەقلىيە سۆزلەر» ، «دانىشمەنلەرنىڭ پەلسەپە سۆز جەۋھەرلىرى» «تەربىيىۋى ئەھمىيەتلىك تەمسىل - ماقاللار» مانا بۇلاردىن خاتىرە قالدۇرۇش بىلىمنى تاشقا ئويغانغا ئوخشاش بولىدۇ.

— كەچۈرسىلە. . . مەن. . .

— مەن سېنى كۆزدە تۇتۇپ دەۋاتقىنىم يوق. . . —دېدى غازاخۇن كىتابنى ۋاراقلاپ كۆرۈۋېتىپ، — ھە، پاكىز تۇتۇپسەن، يەنە قانداق كىتاب كېرەك ؟. . .

—نېمە كىتابلار بارئىكىن ؟

— تۇۋا، شۇمۇ گەپ بوپتىمۇ ؟ —غازاخۇن كۈلۈۋەتتى، — ئۆزۈڭنىڭ قانداق كىتابنى ئوقۇغۇڭ بار، ئىسمىنى دېمەمسەن ؟. . . بۇ يەردىكى كىتابلارنىڭ قايسى بىرسىنىڭ نامىنى ئېيتسىپ بولالايمەن ؟ ئەگەر سەن دېگەن كىتابنى چىقىرىپ بېرەلمىسەم، ئاندىن بوۋاينى مەسخىرە قىلساڭمۇ ئۆلگۈرسەن. . .

ھېكمەت ئۆزىنىڭ قاملاشمىغان گېپىنى قىلىپ قويغىنىغا خىجىل بولۇپ قالدى، كامىلنىڭ : «غازاخۇن ئاكا ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانىنىڭ كىتابلار ئارخىپى تىزىملىكىنى بىر نۇسخا كۆچۈرۈۋېلىپ، شۇ بويىچە ئۆزى يول مېڭىش، باشقىلارنى ئەۋەتىش ئارقىلىق پۈتۈن كىتابلارنى تولۇقلىغان. . . » دېگەن سۆزلىرى ئېسىگە كېلىشى بىلەن،

تېخىمۇ قىزىرىپ كەتتى.
— «ساكىندا باھار» بارمىكىن ؟
— ياق، سەنمۇ كىتابلارنىڭ سەرخىللىنى تاللاشقا ماھىر ئىكەنسەن، — غازاخۇن كىچىك شوتىننى كىتاب جازىسىغا تىكلىدى، — بۇ كىتابنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ساكىننىڭ تەبىئەت مەنزىرىلىرى ئادەمنىڭ جېنىنى سۆيۈندۈرۈۋەتكۇدەك تەسۋىرلەنگەن. . . خۇددى ئۆزەڭنى جەننەت باغلىرىدا يۈرگەندەك ھېس قىلىسەن. . .
غازاخۇن ئاكىنىڭ كىمگە كىتاب ئارىيەت بەرسە، شۇ كىتابنىڭ قىسقىچىنا مەزمۇنىنى سۆزلەپ، ئادەمنى ھاياجانغا سېلىپ قويىدىغان ئادىتى بار ئىدى. ھېكمەتنىڭ : «بۇ زاتنىڭ كۆرمىگەن كىتابى يوق ئىكەندە !» دېگەن ئوي كۆڭلىدىن كەچكىنىدە، ھۆرمەت ۋە چەكسىز ئېپتىخار بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى.
— ھە راست، ئاماندىلانىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، سەن بىر ماي بوياق رەسىم سىزىپسەنغۇ؟ — دېدى غازاخۇن ھېكمەتكە تىكىلىپ، — مەن بىر كۈنى ئالايىتەن ئۇنى كۆرگىلى بارىمەن. . .
— بولىدۇ . ئۇ رەسىم كامىلنىڭ ئۆيىدە.
— كامىل، مۇراتلاردىن خەۋەر يوقمۇ ؟
— ئۇلارمۇ مۇشۇ بىر ئىككى كۈن ئىچىدە قايتىپ كېلىشى مۇمكىن.
ھېكمەت كەچتە نائىبىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئېغىر ئەل ياتقۇ بىلەن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئەتىسى چۈشكىچە يېرىم كۈن جىددىي ئىشلەپ، ئىككى ئايال ئۈچۈن بىر نەچچە كۈنلۈك ئىش ھازىرلاپ بېرىپ، خانىمزاتخان مومايىنى كۆرگىلى باردى. يولدىن ئىسسىق سامسىمۇ ئېلىۋالدى.
ھېكمەت ھويلىغا كىرگەندە، خانىمزاتخان موماي ئۆي ئالدىدىكى سەيناغا قويۇلغان كارىۋاتتا ئولتۇراتتى. ئۈستى يېپىلغان بۇ تۆت چاسا سەينانىڭ ئەتراپى كۆك سىرلانغان قىيما سالاسۇنلۇق ئىدى. موماي ھېكمەتنى كۆرۈپ باشقىچىلا جانلىنىپ كەتتى.
— ئەسسالام خان ئانا، — دېدى ھېكمەت قولىدىكى تۈگۈچنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ، — ئەھۋاللىرى ياخشىدۇر ؟ تونۇغۇن كېلەلمىدىم. . .

— ياخشى، تاھىر بالام... سەن شەھەرگە مېنى باقىشنى كىرىپتىكەنسەن... — دېدى موماي كۈلۈپ، — ھە، خىزمەتلىرىڭ خېلى سەرەمجان تاپقاندۇر ؟

— ياخشى، خان ئانا، — دېدى ھېكمەت يازلىق ئوچاق بېشىدىكى چەيدەكنى قولىغا ئېلىپ، — سەئىدە ئاچام تېخى كەلمىگەن ئوخشايدۇ. مەن سىلىگە چاي دەملەپ بېرەي، سامسىنى ئىسسىقىدا يەۋالسىلا.

— رەھمەت بالام، خۇدايىم بىر جېنىڭغا مىڭ جان بېرەر.

ھېكمەت چاينى دەملەپ بولۇپ، مومايىنىڭ ئالدىغا كىچىك يۇمىلاق شىرەنى قويدى. بۇ ئەسنادا سەئىدەمۇ كېلىپ قالدى، ئۇ ئالدىراپ ماڭغانلىقتىن تەرلەپ كەتكەنىدى.

— ھېكمەت، ھەر نېمە بولسا سىز بار ئىكەنسىز، — دېدى سەئىدە تەرلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، — مەن ئىككى كۈندىن بېرى گۈلرۇزنىڭ ئىشىنى قوشۇپ قىلىۋاتىمەن. شۇڭا ۋاقتىدا قايتىپ كېلەلمىدىم.

— گۈلرۇزغا نېمە بوپتۇ؟ ، — دېدى ھېكمەت چۆچۈپ، — بىرەر ئىش بولمىغاندۇر ؟...

— بىر يەردىن يىقىلدىم دەمدۇ ئەيتاۋۇر، جەينىكىنى تېڭىۋاپتۇ...

ھېكمەت غەمقىسدە بولۇپ قالدى. ئۆلۈشكۈن ئاخشام ئۇنى قاتتىق ئىتتىرىۋەتكەنلىكىگە ئۆكۈندى، لېكىن ئۇنىڭغىمۇ ئامال يوق ئىدى. ئەمدى مۇشۇنىڭ بىلەن ئۇ بەلكىم ئۆزىنى ئۆزى بىلەر.

— ھېكمەت، — دېدى سەئىدە ئاپتۇۋىدا قولىنى يۇيۇۋېتىپ، — ئۇن كۈنلۈك ئورما ۋاقتى توشۇپمۇ قالدى، كامىللار كەلمەيدىغۇ ؟

— بۈگۈن توققۇز كۈن بولدى، ئەتىلەتىن كېلىپ قالارمىكىن...

ھېكمەت ئەتىسى بىر كۈن يولغا قارىدى. ئۇ ئىشىك، دېرىزىلەر تاراقلىسىمۇ، سىرتتا بىرەر شەپە بولسىمۇ چۆچۈپ قارايتتى، ئەمما كامىل، مۇراتلار كەلمىدى. 11 — كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئىشخانىغا مۇرات ئالدىراپ كىرىپ كەلدى، ئۇ شامال ھەم ئاپتاپتىن بولسا كېرەك ئوبدانلا قارىداپ قالغانىدى. رەسىم سىزىۋاتقان ھېكمەت يەي قەلەمنى تاشلاپ، مۇرات بىلەن قۇچاقلىشىپ كەتتى. ئىشخانىدا ياردەمچى

ئاياللارمۇ بار ئىدى.

— قاچان كەلدىڭ؟ كامىل تېنى، كېچىكىپ كەتتىڭلارغۇ؟ — ھېكمەت سوئاللانى ياغدۇرۇۋېلاۋەتتى، — نېمانچە قارىداپ كەتتىڭ؟ يالغۇز كەپسەنغۇ ؟ مە تېز گەپ قىلە !

— ۋاي - ۋۇي نېمانچە جىق سوئال بۇ؟ بىر - بىردىن سورىمامسەن؟ مەن بىر يولىلا قانداق جاۋاب بېرەمەن؟ . . .

ئىشخانىدىكى ئاياللار كۈلۈشۈپ كېتىشتى. سەل خىجىل بولۇپ قالغان ھېكمەت ئالمان - تالمان بىر ئىستاكان سوغۇق چاي قۇيۇپ بېرىۋېدى، مۇرات بىر يولىلا ئىچىۋېتىپ، «بۇ ئىشىڭ جايىدا» دېگەندەك كۈلۈپ قويدى. ئەمما ئۇ، مۇراتنىڭ چىرايىدىكى بىسەرەمجانلىقنى كۆرۈپ، بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى دېس قىلىپ يەتكەندى، ھېكمەت سىرتنى ئىشارەت قىلدى.

ئۇلار ئۆزئۆم كارىدورى تېگىدىكى يول بويلاپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان يېشىل شادا ئورۇندۇقلارنىڭ بىرسىگە كېلىپ ئولتۇرۇشتى. مۇرات تاماكىدىن بىرنى ئوراپ تۇتاشتۇرۇپ بولغىچە، ھېكمەت ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇردى.

— مە گەپ قىلساڭچۇ ! — دېدى ھېكمەت تاقەتسىزلىنىپ.

— ئالدىراتمىساڭچۇ، گېپىمنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي تۇرىمەن.

— ئۆزەڭ مۇھىم دەپ بىلگەن يېرىڭدىن باشلا.

—سەن ئەۋلىيادەك ئويلاپتىكەنسەن، — دېدى مۇرات تومتاقلا، —ھېلىقى بوۋاي قەمبەر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ياش مۇئەللىمى نەفىسە بىلەن كامىلنىڭ ئىشى سەن دېگەندەكلا بولدى. ئەمما بۇ كامىل موللام بىلەن نەفىسە بۇۋىمنىڭ ئىشى سەل چاتاق تۇرىدۇ. . .

— قانداق دەيسەن ؟

مۇرات ئۇن كۈنلۈك ئورما ئورۇش جەريانىدىكى ئىشلارنى ئالدىرىماي سۆزلىدى. كامىل بىلەن نەفىسە بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلىگەن كۈنلەردىن باشلاپ، ئۇلارنىڭ قۇم بارخانلىرى، دەريا بويلىرى، قىزىل يۇلغۇنلۇقلاردا مەڭداشقانلىقىنى، مۇراتنىڭ نەچچە قېتىم ئىزدەپ بېرىپ،

ئاستا يېنىپ كەلگەنلىكىنى، بىراق كامىلنىڭ كۈندىن - كۈنگە جىمغۇرلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھاياجان بىلەن سۆزلىدى.
— مەن قورقۇپلا قالدىم، — دېدى مۇرات قوللىرىنى شىلتىپ، — ئورىسىدىن قايتىشقا ئىككى - ئۈچ كۈن قالغاندا، ئۇنىڭ چىرايلىرى سارغىيىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. ھەتتا تاڭ ئاتقىچىلا جۆيلۈپ چىقىدۇ.
— مۇنداق دېگىن! — ھېكمەت ئۇيغا پاتتى.
— ياكى ھېلىقى تالىپە قىز كامىلنى ياراتماي، قاتتىق - يىرىك گەپ قىلىپ سالدىمۇ ؟
— توغرا ئەمەس، — دېدى ھېكمەت كەسكىن ھالدا، — ئۇنداقتا كامىل نەفسە بىلەن بىللە بولمايدۇ، مۇڭداشمايدۇ. . . ھەم ھەسرەت چېكىپ ئاھ ئۇرمايدۇ.
— ئەمىسە نېمىشقا بىئارام بولىدۇ ؟
— قارىغاندا، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى ئۇنداق ئاددىي كۆڭۈل بېرىشلەردىن ئەمەس.
— ۋاي - ۋۇي، سېنىڭچە بولغاندا، «ئۇلۇغ مۇھەببەت» كىشلەرنى ئازابتا قويىدىكەندە ؟ — مۇرات ئاچچىقىدا تاماكىسىنى دەسسۈەتتى، — قىز بالا دېگەننىڭ سېنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى بىلدىڭمۇ، بويىنىدىن قايرىپ قاسىدە بىرنى سۆيۈۋەتسەڭ، ئىش تامام ۋەسسالام. . .
— پوق يېمە ! — دېدى ھېكمەت مۇراتقا ئالىيىپ، — سەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا چىدىيالماي تاماكىنىڭ ئوتىنى يېقىپ، سولاقخانىدا يېتىپ، كەچۈرۈم سوراپ يۈرۈپ، زۇمرەتنىڭ كۆڭلىنى ئاران ئۇتقانغۇ؟
— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ كامىل ھازىر خىيال بىلەن تۈزۈكمۇ تاماق يېمەيدۇ. . .
— مۇنداق بولسۇن، — ھېكمەت ئالدىرىماي سۆزلىدى، — كامىلنىڭ دەرد — ھەسرەتلىرىنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئۇنتۇلدۇرۇش كېرەك. . . ئۇنى بۈگۈن ئۆيىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، مىرزاپىشا ئاكىنىڭ ئۆيىدە كۆڭۈل ئاچايلى. . . ساز ئاڭلايلى، مۇقام تىڭشايلى. . .

— بۇ دېگىنىڭ توغرا، ئەمما، — مۇرات بېشىنى قاشلىدى، — ئەتە-ئۆگۈن، بۇندىن كېيىن قانداق قىلىمىز ؟ . . . ئۇ دەردلىرىنى ئۇنتۇغىچە، ئىككىمىز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سازچېلىپ، مۇقام توۋلاپلا يۈرەمدۇق؟

هېكمەت بىلەن مۇرات تەڭلا كۈلۈپ كېتىشتى. . .

— يائاللا مۇرات، ئادەتتىكى گەپلىرىڭمۇ بىر يۇمۇر! — دېدى هېكمەت كۈلۈپ، — كېيىنكى ئىشنى ۋاقتى كەلگەندە بىر نېمە دېيىشمەيمىزمۇ؟

— قارا مەن مۇنداق ئويلاۋاتىمەن، ئەشۇ نەفسە بىلەن بىر كۆرۈشەيمىكىن دەيمەن. . .

— بولمايدۇ، سەن سەل قوپالراق، — دېدى هېكمەت ئىككى ئويلۇق بولۇپ، — بۇ ئىشنى ئەتە بىر نېمە دېيىشەيلى، قانداق دەيسەن ؟

— بولىدۇ، ئەمما. . .

— يەنە نېمە ئەمما ؟

— مىرزاپىشانىڭىزگە مۇنداق بارامدۇق ؟ — مۇرات ئىككى بارمىقىنى بۇرنىغا تەڭلىدى، — مەندە هازىر ئىسسىق جاندىن باشقا بىر نېمە يوق.

— خاتىرجەم بول! ئىككىڭلار كەلگەندە بىللە ئىشلىتەرمىز دەپ ئازراق پۇل جايلاپ قويغانىدىم.

هېكمەت يانچۇقىدىن بىر سىقىم پۇلنى چىقىرىۋېدى، مۇرات ئۈشقىتىۋەتتى.

— نەدىن تاپتىڭ بۇ پۇلنى ؟

— بۇلار كۈنۈمگە ئۈچ يۈەندىن تۇرمۇش پۇلى بەردى، — دېدى هېكمەت پۇلنى ئايرىۋېتىپ، — ئاندىن شەهەردىن كېرەكلىك بوياق تېپىلمىغاندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ بويىقىنى ئىشلەتتىم، ئۇنىڭغىمۇ پۇل هېسابلاپ بەردى.

— بابلىدىم دېگىنە !

— نېمە ئۇ بابلاش دېگەن؟ بوياققا پۇل ئالمايمەن دېسەم، «تۇزۇم شۇنداق» دەپ تۇرۇۋالسا ماڭا نېمە ئامال؟ . . .

— بولدى، چاقچاق قىلدىم، خاپا بولما شىماللىق — دېدى مۇرات كۆزىنى قىسىپ، — بۇندىن كېيىن تۇزۇم دېگەن زامان، قۇلۇڭنى سۇنۇۋېر . . .

— بولدى، بولدى، ماۋۇ پۇلنى ئېلىپ، تەييارلىقنى قىلىپ كاملىنىڭ ئۆيىگە كەل، — دېدى ھېكمەت ئۇنىڭغا پۇلنى بېرىپ، — قانداق يېتەمدۇ ؟

— بۇ دېگەن يېرىم ئايلىق مائاشقا باراۋەر پۇل تۇرسا؟ يەتمەمتىكى! بۈگۈن بىر ياشىۋالىدىكەنمىز دە . . .

مۇرات كېتىشى بىلەن ھېكمەت ئىشخانىغا كىرىپ، ئاياللارغا كەچكىچە تۈگىتىشكە تېگىشلىك ئىشلارنى بۇيرۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ «گۇجان» كوچىسىنىڭ ئىككى تەرىپىتىكى قوش سېپىلدەك ئېگىز باغلىرىغا ۋە خۇددى سەرەڭگە قاپلىرىنى تىزىپ قويغاندەك بىر - بىرىگە مىنگىشىپ تۇرغان ئۆيلىرىگەمۇ قارىماي، ئىتتىك مېڭىپ كەتتى، پەقەت ئىشىك ئالدىلىرىدا سالقىنداپ ئولتۇرغان قېرىلارغا قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام بېرىپ ماڭدى خالاس. كوچا تىنجىق ئىدى. پەقەت ئېزىپ قالغان يولۇچىدەك يېنىككىنە شامال ئىسسىق ھاۋانى يۈزگە ئۇراتتى. ھېكمەت قوش قاناتلىق ئىشىكنى ئېچىپ ھويلىغا كىردى. كاملى ئۆز ھۇجرىسىدا يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ، خانىمزاتخان مۇمايىنىڭ سارىيىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى. ئىچكىرىدىن «ئىجازەت» دېگەن ئاۋاز كېلىشى بىلەن بوسۇغىدىن قەدەم ئالدى. مۇماي كىتاب تەكچىسىدىكى كىتابلارنىڭ ئۈستىنى سۈرتۈۋاتاتتى.

— سالام خان ئانا! . . . ئوبدان تۇردىلىمىكى ؟ . . .

— كەل بالام، كەل. . . ھازىرلا سېنى ياد ئېتىپ تۇراتتىم، — دېدى مۇماي كارىۋىتىغا ئولتۇرۇۋېتىپ، — كاملى بالامغا چۆلنىڭ سۈيى خىل كەلمىدىمۇ ياكى ھاۋاسى ياقمىدىمۇ، ئىش قىلىپ، بىستاپتەك كۆرۈنىدۇ. . . سەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ ؟

— يوقسۇ خان ئانا، ھۇجرىسىدا كۆرۈنمەيدۇ. . .

— ئۇنداقتا باغدا ئوخشايدۇ، — مۇماي ئېغىر ئۇھ تارتتى، — ئۇنىڭ

رەڭگى - روخسارىنىڭ زەپىراندەك سارغىيىشى، كۆزلىرىنىڭ مۇلايىملىشىپ كېتىشىگە قاراپ، بىرەر ۋەجىدىن دىلخەستە بولدىمىكىن دەپمۇ گۇمان قىلىمەن...

— ئۇنداق ئىش بولسا بىز بىلمەيمىزمۇ خان ئانا؟ خاۋاتىرلەنمىسىلە...

— بولىدۇ، كامىل بالام سېنىڭ لەۋزىڭگە ھۆرمەت قىلىدۇ... كۆڭلىگە مەلھەم بولغۇدەك سۆھبەتتە بولارسەن...

— بولىدۇ خان ئانا...

بۇ چاغدا، كامىل ھەر خىل قۇشلار ئۆز تىللىرىدا نىمىلەرنىدۇر دېيىشىپ ۋىچىرلىشىۋاتقان، گۈزەل ھەرىلىرى نادىر - ئەتىۋارلىق گۈللەر ئەتراپىدا غۇڭۇلدىشىپ، گۈل باغرىلىرىنى سۆيۈشۈۋاتقان، ئوت باسقان چۆنەكلەردىن ھەر خىل ھاشاراتلەرنىڭ چىرىلدىغان، ۋىژىلدىغان ئاۋازلىرى كېلىۋاتقان سالقىن باغ ئوتتۇرىسىدىكى كۆل بويىدا تۇراتتى. ئۇ بىر توپ ئامۇتقا يۆلەنگىنىچە، كۆلنىڭ ياپپېشىل سۈزۈك سۈيىدە لەيلەپ يۈرگەن قىپقىزىل غەزىمەت ئالمىسى بىلەن ئاق سۈت ئالمىغا قارايتتى. قىشتا قار راسا لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقاندا، ھېكمەت مانا مۇشۇ كۆل بويىدا غوللىرى چىرمىشىپ كەتكەن ئىككى توپ ئالمىغا قاراپ ئاجايىپ شېرىن ھېسلاردا بولغانىدى. شۇ چاغدا كامىل: «بۇ بىزنىڭ بېغىمىزنىڭ تاھىر - زۆھرىسى، يازدا مېۋىلىرىنى مۇشۇ كۆلگە تاشلايدۇ» دېگەنىدە، ھېكمەتمۇ چاقچاق قىلىپ: «لەيلەپ يۈرگەن ئاق ھەم قىزىل ئالمىلارمۇ بىر - بىرىدىن نېرى كەتمىسە كېرەك..» دېگەنىدى. راستىلا ئاق ھەم قىزىل ئالما بىر - بىرىگە مەگزىنى يېقىپ جۈپ تۇراتتى. سۈزۈك سۇ تېگىدە ئۈزۈپ يۈرگەن بىر بېلىق گويا ئۇلارنى يۇتۇۋېتىدىغاندەك، دەممۇ دەم تۇمشۇقىنى ئۇرۇپ، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتەتتى... ئاق سۈت ئالما بىلەن قىزىل غەزىمەت ئالمىسى لىپ - لىپ لەيلەپ بىر - بىرىگە يېقىن كېلىشەتتىيۇ، يەنە ئايرىلىپ كېتەتتى.

كامىل بۇ كارامەتنى كۆرگىنىدە ئىچى - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ چىققان دەرد بىلەن پىغانلىق ئاھ ئۇردى :

— ئاھ نەفسە !...

— كامىل ! . . .

كامىل گويا شېرىن چۈشى بۇزۇلۇپ كېتىدىغاندەك ناھايىتى ئاستا قايرىلىپ دوستىنى يېنىدا كۆردى ! . . . ئۇ ھېكمەتكە ئېغىر نەزەر بىلەن باقتى - دە، بىردىنلا ئۇنى قوچاقلىۋالدى. . .

— ھېكمەت ! ساڭا نېمە بولغاندۇ ؟ . . . مەن. . . مەن، نېمە بولۇپ قالدىم ؟ . . . ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىدا سەت ئىش بولدى!

— ئۇنداق دېمەڭ، بۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. . . — دېدى ھېكمەت كامىلنىڭ كۆڭلى تەسكىن تاپقۇدەك گەپ تاپالماي، — ئەمما ئىرادىلىك، ئەقىل - ئىدراكلىك، غەيرەتلىك كىشىلەرلا ھىجران ئازابلىرىنى يېڭىپ ۋىسال بېغىغا يېتەلەيدۇ . . . كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇڭ. بىز دوستلار ھامان قېشىڭىزدا. . .

— ئۇ. . . ئۇ. . . نېمە ئۈچۈن بىر ئېغىز لەۋزىنى ئايايدۇ؟ . . . ياكى ئۇنىڭ . . .

ھېكمەت كامىلنى يېتىلەپ كۆل بويىدىكى قېلىن ئوتلاقتا ئولتۇردى. ئولتۇرۇشقان كۆزلەرگە، ساماندەك سارغايغان يۈزلەرگە، تاتىرىپ كەتكەن پىشانىلەرگە قارىغىنىدا، ھېكمەتنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى، ئۇ بېشىنى ئېغىتقىنىچە خىيالغا پاتتى.

ھەققىي چىن سۆيگۈگە نائىل بولغان ئاشىقلاردا مۇندان ئىككى خىل ھال روي بېرەرمىش : پارتلاپ چىققان شاد ھېس - تۇيغۇلار ئەقىل - ئىدراك دەريالىرىغا قېتىلىپ، ئادەمنى چېچەن، زېھنى ئۆتكۈر، زېرەك، ھۇشيار قىلىۋېتەرمىش. . . يەنە بىرسى، ھەسرەتلىك ئاھ - پىغانلار گويا كەلكۈن كەبى ئەقىل - ئىدراك كۆۋرۈكلىرىنى بۇزۇپ، ئادەمنىڭ يۈكسەك پىكىر جەۋھەرلىرىنى بوغۇپ، تىلىنى لال، زېھنىنى گال قىلىپ، ئەسەبىيلىك گىردابىغا ئاپىرارمىش. . . شۇڭا مۇئەللىپلەرنىڭ: «قىزلار چەكسىز جىلۋە بىلەن سۆيىدۇ، بىراق يىگىتلەر چەكسىز ھەسرەتلىك ئاشىق بولىدۇ. . . » دېگىنى راست ئوخشايدۇ.

— كامىل، سىز شۇنچە ئەقىللىق يىگىت ئىدىڭىزغۇ؟ — دېدى ھېكمەت سوغا فاراپ، — نەفسەدىن جاۋاب كۈتمەڭ. ئۇنىڭ سۈكۈت

قىلىشى، ناز - ئىستىغنا بىلەن بېقىشى، هايا بىلەن قىزىرىشى بۇ سىزگە بەرگەن جاۋابى !... تارىختا ئۆتكەن «تاهىر - زۆهرە» «غېرىپ - سەنەم» «لەيلى - مەجنۇن» «پەرهات - شېرىن» لەرمۇ: «سەن ماڭا مەشۇق بول، مەن ساڭا ئاشىق بولاي» دېمىگەن !... ئاللاھ ۋاپا ۋە مۇھەببەتتىن ئىبارەت قۇدرەتلىك روهنى ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە سالغان !...

—رەھمەت ھېكمەت... مەن... مەن... نېمانچىلا دۆتلىشىپ كەتكەندىمەن ؟... كامىل بېشىنى ئالىقانلىرىغا ئالدى، — ئۇ بىر پەرىشتە !... ئۇ بىر پەرىزات...

— نەفىسە كىلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى كۆپ كۆرگەن بىر تالىپە، — دېدى ھېكمەت، — بۇنداق قىزلار روهىي مۇھەببەت قودرىتىدىن تارتقان ئازابلىرىنى جەننەت راهىتى دەپ بىلىدۇ... بۇنىڭغا تاتار شائىرى ئابدۇللا توقاينىڭ مۇنۇ شېئىرى مىسال بولالايدىغۇ !...

يوشۇرۇن كۆيۈش، مەخپىي ئازاب شۇنچە تاتلىق لەززىتى،
بارمىكىن تاڭ بۇنى بىلەر مەندىن ئۆزگە بىركىشى؟

— ھېكمەت، مەن ئۆزلىرىگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلمەيمەن.

— رەھمەت ئېيتىشنىڭ بىرلا ياخشى يولى بار،— دېدى تۇيۇدۇرماي كەلگەن مۇرات ئۇلارنىڭ ئارىلىقىغا قىسىلىپ،— سەن بۇنى چوقۇم قىلالايسەن...

— قانداق يولى ؟ — سورىدى كامىل.

— بۇندىن كېيىن، ھېكمەتنى «سەن» لەپ گەپ قىلىسەن، ساڭا ئېغىر كېلىدىغانلىقىنى بىلىمەن،— دېدى مۇرات جىددىي قىلىپ،— مېنىمۇ بىر يىلغىچە «سىلى، ئۆزلىرى» دېدىڭ. ئاخىرى ئۆزۈم ئوتتۇرىغا چىقىپ، سېنى كۆندۈردۈم.

— بۇ... بۇ؟ يا، ياق! بۇنداق قىلسام، ھېكمەتكە ھۆرمەتسىزلىك...

— مۇرات توغرا دەيدۇ...— ھېكمەت كۈلدى.

— ئويلاپ باق كامىل، — مۇرات تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرمىدي، — ھەممىمىز 22 ياشلىق نۆۋەر يىگىتلەرمىز. . . تەكەللۇپ، ھۆرمەت چەكتىن ئېشىپ كەتسە، ئوخشاش ياشلىقلارنى بىر - بىرىدىن يىراقلاشتۇرۇش، بىر - بىرىنى چەكلەش رولىنى ئۆتەيدۇ. . . ئۇنداقتا بىز قانداقمۇ تەڭ باراۋەر دوستلاردىن بولالايمىز؟ . . .

— بۇ. . . بۇ ناھايىتى تەس «رەھمەت ئېيتىش يولى» ئىكەن، — كامىل ئىككىلەندى.

— قېنى كامىل غەيرەت قىل، — ھېكمەت كامىلنى تۈنجى بولۇپ سېھنلىدى.

— مانا، ھېكمەت باشلىۋەتتى، — مۇرات كامىلغا تىكىلدى، — قېنى سەنمۇ غەيرەت قىل ! . . .

— رەھمەت ئۆز. . . يا، ياق، — كامىل دۇدۇقلىدى، — رەھمەت ساڭا ھېكمەت ! . . .

— بەللى، ئەمدى جۇرۇڭلار ! — مۇرات ئورنىدىن تۇردى.

— نەگە بارىمىز ؟ — كامىل ھەيران بولۇپ سورىدى.

— بەلكىم بىزنى مىرزاپشا ئاكىمىز ساقلاپ ئولتۇرغان بولۇشى مۇمكىن، شۇنداقمۇ مۇرات ؟

— گەپ كەتمەيدۇ ! . . .

ئۈچ دوست ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، خانىنىسزاتخان مومايىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن سارايغا كىرىپ كېلىشتى. موماي كامىلنىڭ ئېچىلغان چىرايىنى كۆرۈپ ، قەۋەتلا خوشال بولۇپ كەتتى. ئۇ، ئۈچ بەرنا يىگىتكە قاراپ ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈندى، ئاللا قوشقان بۇ قىيامەتلىك نۆۋەرلەر مۇرادىغا مۇيەسسەر بولغاي دەپ، كۆڭلىدە دۇئا قىلدى.

— كامىلجان ئوغلۇم، ساڭا نېمە شىپا بولدى ؟ — مومايىنىڭ نۇرانە يۈزلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى، — دوستلىرىڭنىڭ داۋا بولدى بولغاي. . .

— رەھمەت خان ئانا، ئۆزلىرى ئۇستا بىر تېۋىپنى باغقا كىرگۈزگەن ئىكەنلا، ئۇ دەردىمگە داۋا، رەنجىمگە شىپا بولدى، — كامىل مۇراتقا

قايرىلدى، — ئارقىسىدىنلا بۇ جەرراھ[1] يېتىپ كېلىپ، كىچىككىنە جاراھەتسىمگە نەشتەر ئۇردى.

— بەللى، بەللى، تېۋىپ ھەم جەرراھ يېنىڭىزدىلا تۇرسا، سىنىڭدىن غەم يېمىسەم بولىغۇدەك...

— خان ئانا، — دېدى ھېكمەت كۈلۈپ، — كامىلنى ئويىنىتىپ كەلگەچ، مىرزاپشا ئاكىنى يوقلاپ كېلەيلى دېيىشىدۇق...

— بېرىڭلار باللىرىم، مەندىن سوراش بىھاجەت، مەن سىلەردىن خاتىرجەممەن...

بىر كۈن كەچكىچە يەر - زېمىننى قىزدۇرۇپ ھالىدىن كەتكەن قۇياش ئېرىنچەكلىك بىلەن گۈجان باغلىرىنىڭ ئارقىسىغا باش قويدى. ئاسمان سەتھى خوتەن قىزلىرىدەك لالىرەڭ ئەتلەس كىيىپ، كۆجۈم مەھەللىلەر، مېۋىلىك باغلار، پىنھان ھويلىلار نەم سالقىنلىققا چۆمدى. ئەمما، گۈلباغ رەستىسىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مەدەنىيەت سارىيىنىڭ ھەيۋەتلىك تۈۋرۈكلىرى، قاپارتما نەقىشلىك تام ئويۇقلىرى سۇس بىنەپشىرەڭ نۇردا جۇلالىنىپ تۇراتتى...

كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار ئەنجان كوچىسىغا كىردى. بۇ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاملار ئېگىز بولۇپ، يولى چوڭقۇر ھەم تار ئىدى. بەزى ئۆگزىلەرنىڭ ۋادەكلىرى ياكى شاخ قوشاملىرىغا لاي چاپلاپ سېلىنۋالغان بالىخانىلىق ئۆيلىرى قىڭغىيىپ قالغانلىقتىن، قارشى تەرەپتىكى ئۆي تېمىغا نىقتاپ قويۇلغان تىنيەك ئارقىلىق ئارانلا تۇرغاندەك قىلاتتى. بۇ كوچىدىن قىزىق دەرۋازىنىڭ نەق ئوتتۇرىسىغا چىققىلى بولاتتى. چوڭ كوچىدىن توغرا كېسىپ ئۆتسىلا، «ئەخمەتجان» كوچىسى ئىدى. مۇرات كامىل، ھېكمەتلەرنى باشلاپ، 2 - دوختۇرخانىنىڭ ئارقىسىدىكى يول ئارقىلىق مۇساپىر زاراتگاھلىقىغا چىقتى. زاراتگاھلىق ئېگىز يار ئۈستىدە بولۇپ، ئاستى تەرەپتىكى يىلان باغرى يول ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا، دارىلمۇئەللىمىن، 1 - ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئېلىپ باراتتى.

---

[1] جەرراھ — ئوپېراتسىيە قىلغۇچى دوختۇر.

مۇرات دوستلىرىنى بۇ ئەگرى - توقاي كوچىلار ئارقىلىق مىرزاپاشانىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردى. كەكە ساقاللىرىنى چىرايلىق ياسىتىۋالغان بۇ خەلق سەنئەتچىسى ئۇلارنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالدى. كىچىك ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان قېرى ياڭاق دەرىخىنىڭ تۈۋىدىن ئەگىلىپ ئۆتكەن بىر ئۆستەڭ سۇ سۇڭگۈچ ئارقىلىق قوشنا ھويلىغا ئۆتۈپ كېتەتتى.

ئۇلار كىچىك كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئۆيگە باشلاندى. مېھمانخانا سۇپىسىغا باسما گۇللۇك كىگىزلەر سېلىنغان بولۇپ، ئاددىيلا ئىدى. ئەمما تام قوزۇقلىرىغا ئېسىۋېتىلگەن ساتار، تەمبۇر، دۇتار، داپلار ئۆيگە ئالاھىدە تۈس بېرىپ تۇراتتى. كامىل بىلەن ھېكمەت تام ياقىلىتىپ سېلىنغان چىت كۆرپىلەردىن ئورۇن ئالدى. مۇرات مىرزاپاشاغا ياردەملىشىپ، بىردەمدىلا داستىخانلارنى سېلىپ، چاي كەلتۈردى. مىرزاپاشا لېگەنلەردە گۆش گىردە، سامسىلارنى ئېلىپ كېلىپ، داستىخانغا قويدى.

— ئەپۇ قىلارسىلەر يىگىتلەر، — دېدى مىرزاپاشا پىيالىلەرگە چاي قۇيۇۋېتىپ، — مۇرات ئادەمنى خىجىل قىلىپ بىر مۇنچە نەرسە كۆتۈرۈپ كەپتۇ. ئەمدى ئۆزەڭلارنىڭ نەرسىسى بىلەن ئۆزەڭلارنى مېھمان قىلىدىغان بولدۇم...

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ سىلى يالغۇز تۇرسىلا، — دېدى ھېكمەت، — بۇ بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز... پەقەت شېرىن - سۆخەن ئاۋازلىرى بىلەن ئېيتقان مۇقاملىرىنىلا ئاڭلىغىلى كەلدۇق.

— مۇقام، غەزەل دىيارىمىزنىڭ ھەر قايسىلىرىدەك جەۋھەرلىرىدىن ئايلانسۇن، — دېدى مىرزاپاشا قوللىرىنى يېيىپ، — مەنمۇ ھەر قايسىلىرىنى ياد ئېتىپ تۇرىمەن.

— ھىممەتلىرىگە ھەشقاللا، — كامىل بىلەن ھېكمەت باشلىرىنى ئېگىشتى.

مىرزاپاشا، پىستە، بادام، گۈلە - قاق ۋە جىگدىلەرنى داستىخانغا چېچىۋەتتى. ئۇلار قېنىق دەملەنگەن چاي بىلەن سامسا، گۆش گىردە،

كاكچىلارغا تۇتۇش قىلىشتى. تاماق ئارىلىقىدا، بۇ يىلقى يازلىق بۇغدايىنىڭ ياخشى بولغانلىقى، ئەمما دېھقانلارنىڭ سېلىقنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى، ھەرخىل ئالۋاڭ - ياساق كۆپىيىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، نامراتلارنىڭ ئېغىر كۈنلەرگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە پاراڭ بولدى. بۇ ئارىلىقتا، مۇرات سىركە، لازىلىرى خورۇچىغا كەلگەن بىر لىگەن لەڭپۇڭ، يەنە بىر لىگەنگە توغرالغان كەپتەر گۆشى ئېلىپ كىردى. كەپتەر گۆشىنىڭ ئۈستىگە قىزىل لازا ھەم سامساق سۈيى قۇيۇلغانىدى. مۇرات ھەر كىشىنىڭ ئالدىغا بىر پىيالىدىن مۇسەللەس قۇيغاندىن كېيىن، مىرزاپاشا ئاكا بىلەن كۆز بېقىشىۋالدى.

— دوستلار، — دېدى مۇرات ھەممىگە تەكشى قاراپ، — بۈگۈن مىرزاپاشا ئاكىمىزنىڭ شاراپىتى بىلەن بۇ يەرگە جەم بولدۇق... مەقسىتىمىز شاد - خۇرام ئولتۇرۇش... سورۇنىمىزنىڭ قىزىش - قىزىماسلىقى مىرزاپاشا ئاكىمىزغا باغلىق بولۇپ قالدى. شۇڭا، بىرىنچى قەدەھنى ئاكىمىز ئۈچۈن كۆتۈرسەك دەيمەن...

— بارىكاللا، — ھەممە بىردەك تۇۋلاشتى، — ئامان بولۇڭ، قولىڭىزغا دەرد بەرمىسۇن !...

— پاھ، پاھ، ئەجەب كۈچلۈك چىقىپتا! — دېدى ھېكمەت مۇراتقا قاراپ، — ئاق ھاراق ئارىلاشتۇرۇۋەتمىگەنسەن ؟

— ماڭا نېرى، بۇ دېگەن مىرزاپاشا ئاكىمىز ئۆز قولى بىلەن سالغان مۇسەللەس...

— چىڭقىمىكەن ؟ — دېدى مىرزاپاشا كۈلۈپ، — كوزا ئىچىگە يەر دەسسىمىگەن باچكىدىن بىرنى سېلىۋەتكەن. ئېرىپ سۆڭەكلىرىمۇ قالماپتۇ...

— پىشۇرۇپ سېلىۋەتكەنمۇ ؟ — ھېكمەت ھەيران بولۇپ سورىدى.

— يوقسۇ، — دېدى كامىل چۈشەندۈرۈپ، — باچكىنى پاكىزە تازىلاپ خام پېتى سېلىۋېتىدۇ. ئۇندىن كېيىن، مۇسەللەسنىڭ قۇۋۋىتى ئاشىدۇ.

— ئەسلىدە مۇسەللەس، — دېدى مىرزاپاشا، — سوغۇق نەرسە، يەر دەسسىمىگەن باچكا ئوت ئىسسىق، ئىككىسى ئارىلاشتۇرۇلسا،

مۇسەللەسنىڭ تەبىئىتى مۆتىدىل بولىدۇ...

پىيالىلەر بىر نەچچە قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، مىرزاپىشا ساتارنى ئېلىپ سازلىدى. ئۇ مۇراتقا تەمبۇرنى تەڭكەش قىلىشنى ئېيتقانىدى، كۆپچىلىك مۇقامنى ساپ ئاڭلىماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۆزرە سورىدى.

ساتارنىڭ سىم تارلىرىدىن چارىگاھ مۇقامىنىڭ قەلب يارىلىرىغا مەلھەم بولۇپ ياڭرىغان مۇڭلۇق كۈيلىرى تارالماقتا ئىدى:

دىلبىرىم، سەندەك يەنە ئارامى جانىم يوق مېنىڭ،
تال بويۇڭدەك يەنە بىر سەرۋى راۋانىم يوق مېنىڭ...

مىرزاپىشانىڭ بوغۇق ھەم مۇڭلۇق ئاۋازى يېنىك كۈچىنىشلەر بىلەن لەرزىگە كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. كامىل ئۆزىنى ئۇنتۇدى. ئۇ، بۇ يەردە ئەمەس، بەلكى بارخانلار ئارا قاپتاللاردا، بىر ساھىبجامال بىلەن ئورما ئورۇيتتى. يۇرۇڭقاش دەرياسى ساھىللىرىدا، ئۇنىڭغا ئەرشتىن چۈشكەن سەرۋى بەدەنلىك نازىنىن ھەمراھ ئىدى. كامىل ئۇ ھۆرگە: «دۇنيادا سەندىن ئۆزگە ئارامى جانىم يوق، تال بويۇڭدەك يەنە بىر سەرۋى راۋانىممۇ يوق» دەپ ۋەدىلەر قىلاتتى.

بولمىغاي ئالەمدە سەندەك ئاي مەسەللىك نازىنىن،
سۆزلىرى قەندىن لەزىز شېرىن زەبانىم يوق مېنىڭ...

ئاھ ئانارلىق باغ... ئاسماندا بىر ئاي، باغدا بىر ئاي... قاراڭ ئايغا دەيتتى باغدىكى ئاي... ئەمما، كۆكتىكى ئاينىڭ يۈزلىرىدە داغ بار ئىدى... يەردىكىسى بولسا، ئاي مەسەللىك نازىنىن ئىدى... «ئاللاھ ئاتا قىلغان ئۇلۇغ روھلارنىڭ تا شۇۋە قەدىرى كۆڭلىرىگىچە مەۋھۇم بولمىقى، ئىنسان ئۇنى ئۆز جېنىدەك پىنھان تۇتمىقى كېرەك...» بۇ جەننەت نېمەتلىرىدەك لەزىز سۆزلەرنى كىم قىلغانىدى؟ قېنى ئۇ شېرىن

زەبان مەلىكە؟ . . .

كامىل كۆزلىرىنى ئېچىپ ، مەستخۇشلۇق ئىچىدە ئەتراپىغا قارىدى. ئەمما ئۇ ئىزدىگەن بىراۋلارنى تاپالمىدى، پەقەت مىرزاپشا ئاۋازىنى پەلەكلەرگە ئۆرلىتىپ، مۇقامنى ئەۋجىگە كۆتۈرمەكتە ئىدى:

رەھىم قىلغىل مەن يېتىم بىچارىگە ئەي دىلرەبا،
سەندىن ئۆزگە ھېچ قەيەردە مېھرىبانىم يوق مېنىڭ . . .

كامىل پىيالىدىكى مۇسەللەسنى تىنماي ئىچىۋەتتى ۋە ئۆزىنىڭ قەيەردە ئولتۇرغانلىقىنى ئۇنتۇپ:

— بەرھەق، سەندىن ئۆزگە مېھرىبانىم يوق مېنىڭ! . . . — دېدى ئۇ قوللىرىغا قاراپ، چۈنكى بۇ دەقىقىدە نەفىسە دەريا قىرغىقىدا ئولتۇرۇپ. ئۇنىڭ بارماقلىرىغا سانجىلغان تىكەنلەرنى بىر - بىرلەپ تېرىپ ئالماقتا ئىدى. پات - پاتلا «ئاغرىدىمۇ؟» دېگەندەك قايرىلىپ تەبەسسۇم قىلاتتى. . . ئۇنىڭ سەرۋى قامەتلىك ۋۇجۇدىدىن تارىغان مۇشكى - ئەنبەر ھىدىدىن كامىل مەست بولاتتى، دەريا سۇلىرى شاۋقۇنلاپ قىنىدىن تاشاتتى . . .

مىرزاپشا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا چالماقتا ئىدى ، مۇسەللەس ئەمەس بەلكى مۇقام مۇڭلىرىنىڭ كەيپى ئۇنى مەست قىلىۋەتكەنىدى . مۇرات ئۇنىڭ مۇنچاق - مۇنچاق تەرلەپ كەتكەن پېشانىلىرىنى پات - پات سۈرتۈپ قوياتتى. سورۇن ئەھلى شېرىن - لەزىز ھېسلارغا چۆمۈپ تىڭشاپ ئولتۇراتتى. ھەر قايسىسىنىڭ كىچىككىنە ھايات سەپىرىدە بولۇپ ئۆتكەن روھىي تۇيغۇلىرى مۇقامنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن سالقىن باغلاردا، چىمەنلىك قىرغاقلاردا، پىنھان مەجنۇن تال سايىلىرىدا، قاراڭغۇ ئورمانلاردا سەيلانە ئۈزمەكتە ئىدى . . كامىل نەفىسە بىلەن يۈرۈگۈچى دەرياسىنىڭ سۇلىرىغا قاراپ غايىبانە سۆزلەشسە، مۇرات ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان قۇياشقا، ئۇنىڭ ئورمان ئىچىدىكى يول - يول قىپقىزىل نۇرلىرىغا قاراپ، بۇلاق بېشىدا زۇمرەت بىلەن مۇڭداشماقتا ئىدى .

ھېكمەتچۇ، ھېكمەت! ئۇ گۈلزىبانىڭ تۇمارلىق چاچلىرىغا ئاشىق بولۇپ، «ئۆزەڭ بىر قىز، چېچىڭ بىر قىز، كۆيدۈم ساڭا ئەي بىر جۈپ قىز. ..» دېگىنىچە، قايسىدۇر بىر شائىرنىڭ شېئىرىنى زىكرى قىلىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋاتىدۇ. شۇنداق، مۇقامنىڭ چوڭقۇر مەنالىق كۈيلىرى، يۈرەكنىڭ تارلىرىنى تىترەتكۈدەك مۇڭلىرى ئۇلارنىڭ ئۆتكەن كۈنلىرىنى، شادلىق ۋە ھەسرەتكە تولغان خاتىرىلىرىنى ئەسكە سېلىپ، يۈرەكلىرىنى باھار شاماللىرىدەك سىيلاپ - سىيپاپ ئۆتمەكتە ئىدى.

مىرزاپاشا مۇقامنىڭ «تەزە»، «نۇسخا»، «جۇلا»، «سەنەم»لىرىنى ئاياغلاشتۇرۇپ «چوڭ سەلىقە»نى باشلىغاندا، ھەممەيلەن ئۇيقۇدىن ئويغاندەك باشلىرىنى كۆتۈرۈشتى ... «چوڭ سەلىقە»نىڭ شوخ، تېز، راۋان غەزەللىرى ئۇلارنى جانلاندۇرۇۋەتتى:

كۆردۈم يۈزۈڭنى، دىۋانە بولدۇم،
ئەقلۇ ھۇشۇمدىن بىگانە بولدۇم.

تارتىپ جاپانى ئۆلسەم كويۇڭدا،
قايتماسمەن ھەرگىز، مەردانە بولدۇم.

كەۋسەر شارابى يادىمغا كەلمەس،
لەئلى لەبىڭدىن مەستانە بولدۇم.

بىر قەترە ئەردىم، چۆمدۈم دېڭىزغە،
كىردىم سەدەپكە، دۇردانە بولدۇم.

تەگدى كۆزۈڭدىن ھەردەمدە مىڭ ئوق،
ئاۋۋال ئىدىم دەشت، گۈلخانە بولدۇم...

— بارىكاللا، قوللىرىغا دەرد بەرمىسۇن! — دېدى مۇرات

ھاياجانلىنىپ.

— ئۆلمىگەيلا مىرزاپشا ئاكا، مىلك ياشىغايلا! — ھېكمەت ھۆرمەت بىلەن باش ئەگدى.

— خەستە باغلارغا سۇ باشلىدىلا، ئاللا ئۆزلىرىگە ھىممەت قولىنى سۇنغاي! — كامىل يىغلامسىرىدى.

مىرزاپشا «كىچىك سەلقە» گە پەدىنى يۆتكىگەندە، بويۇنلىرىدىن سۇ ئېقىۋاتاتتى. ئاھاڭ بىردىنلا پەسلەپ، سىيلىق ھەم يۇمشاق رىتىمغا چۈشتى:

ئالدى كۆڭلۈمنى مېنىڭ بىردىلبىرى جانانەئى،
ئاي يۈزىنىڭ شەمئىغە بولدۇمكى مەن پەرۋانەئى.

بولدى بۇ جىسمىم زەئىپ ئىشقى ئوتىنىڭ تابىغە،
دوستلىرىم ئەيىب ئەتمەگىز بولسامكى مەن دىۋانەئى.

پەر - قاناتتىن ئايرىلىپ ھەجرىدە ئۆلسەم ئەيىب ئەمەس،
كاشكى بولسا ماڭا ئول ساھىبجامال ھەمخانەئى.

ئەي يارانلار، ئىشقى سەۋداسى چۈشۈپتۇ باشىمە،
ۋەسلىنىڭ مەھرۇمىدىن كۆڭلۈم ئۆيى ۋەيرانەئى.

ئەي نىگارا، قايغۇلۇق كۆڭلۈمنى خۇررەم ئەيلىگىل،
سەدىقە قىلغىن جامالىڭ خامىنىدىن دانەئى.

مىرزاپشا ساتارنى بۇلۇڭغا تىكلىدى، ئۇ چارچىغانىدى. ھەممە بىردەك رەھمەت، ھەشقاللا ئېيتىشتى. مۇرات يۈز - بويۇنلىرىنى سۈرتىۋاتقان مىرزاپشاغا كۆز ئىشارىسى قىلدى، ئۇمۇ باش لىڭشىتقاندىن كېيىن، مۇرات ھويلىدىكى ئاشخانىغا چىقىپ كىتىپ، ئارقا - ئارقىدىن ئىككى لىگەن قورداق ئېلىپ كىردى، ئۇلار تاماقتا تۇتۇش قىلىشتى.

تاماق يېيىلىپ، داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن ھويلىغا چىقىپ سالقىنداپ كىرىشتى. مۇرات ھەممىسىنىڭ ئالدىدىكى پىيالىلىرىگە مۇسەللەس تولدۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، بىر نەچچە قىزىقارلىق مەسەل، يۇمۇرلارنى سۆزلىدى. مىرزاپشا، ھېكمەتلەر كۈلۈشۈپ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى، كامىلمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتتى.

سورۇن كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن راسا قىزىدى. كامىل خىلىلا يېنىكلەپ قالغانىدى، بۇنى كۆرگەن ھېكمەت، مۇراتلار بىر - بىرىگە قاراپ كۆز قىسىشىپ قويۇشتى. ھاردۇقى چىقىپ قالغان مىرزاپشا ساتارىنى قولىغا ئېلىپ، چارىگاھ مۇقامىنىڭ داستان قىسمىنى باشلىۋەتتى. ھەممەيلەن «خەپ شۇك، خەپ شۇك. . . » دېيىشكىنىچە، سۈكۈتكە چۆمدى. ئەمما، «مەشرەپ» قىسمى باشلىنىش بىلەن، ھەممە بىردەك ناخشىغا قېتىلدى. ساتارنىڭ جاراڭلىق ساداسى، ناخشىنىڭ خۇش ناۋاسى مىرزاپشا ئاكىنىڭ ياڭاقلىق ھويلىسىدىن تۈن ئاسمىنىغا تارالماقتا ئىدى. قاراقاش يولىدا كېتىۋاتقان يولۇچىلار ئېشەكلىرىنى توختىتىپ، بۇ ناۋالارغا قۇلاق سالاتتى. . .

يېرىم كېچە بولۇپ قالغانىدى. كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار، مىرزاپشا ئاكىغا مىننەتدارلىقىنى قايتا - قايتا بىلدۈرۈپ قايتىشتى. كوچىلار نەم سالقىنلىقتا چۆمگەن بولۇپ، سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى. ئەتراپ جىمجىت، بىرەر ئادەممۇ كۆرۈنمەيتتى. مۇرات قانداقتۇر بىر ناخشىنىڭ ئاھاڭىنى دىمىغىدا غىڭشىپ كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىزلا گۈلباغ تەرەپتىن بىر قىزنىڭ چىرقىرىغان، ۋارقىرىغان ئاۋازى كەلدى. ئۇلار چەكچىيىپ تۇرۇپ قېلىشتى.

— ئىش چاتاق ئاغىنىلەر، — دېدى مۇرات گۈلباغ تەرەپكە قاراپ، — جۈرۈڭلار!

ئۇلار يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقاندا، يىراقتىن كۆرۈنگەن ئىككى قارا كۆلەڭگە سۆرەپ كېتىۋاتقان بىر نەرسىنى تاشلىدى — دە، تۇساللا يولى تەرەپكە قېچىپ كېتىشتى. مۇرات ئۇلارنى قوغلىماقچى بولۇۋېدى، كامىل

ئۇنى توسۇۋالدى، بۇ چاغدا يول ئوتتۇرىسىدا يېتىپ قالغان بىر قىز ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى، ئۇچ دوست بىردەك قىزغا ئېگىلىشتى.

— گۈلرۇز؟ . . . — ھېكمەت ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى. قىزنىڭ چاۋغىيىدىن قان ساقىپ تۇراتتى.

— بۇنداق ئوتتۇرا كېچىدە سىرتتا نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسىز؟ — دېدى مۇرات خاپا بولۇپ، — توۋا قىلدىم خۇدايىم. مۇنداقمۇ قىزلار باركىنا؟ . . .

— ئەخلاقسىز، ئۇياتسىز! . . . — كامىلنىڭ كۆزلىرى ئالايدى، — ئەگەر گۈلزىبانىڭ سىڭلىسى بولمىغان بولسىڭىز، بۇ چاۋغىيىڭىزنى مەن قاناتقان بولاتتىم . . .

— دوستلىرىمنىڭ ئۆيىگە بارغان . . .

— دوستلىرىنىڭ ئۆيىگە بارغان ئادەم مۇشۇنداق كېچىدە قالامدۇ؟ — مۇرات زەھىرى بىلەن ۋارقىرىۋەتتى، — ئۇ نېمە ئادەملەر؟

— ئۇ . . . ئۇ . . . ئۇلار . . . — قىز دۇدۇقلاپ كەتتى، — تونۇمايمەن . . .

— ئاغزىڭىزنى سۈرتۈڭ، — ھېكمەت قول ياغلىقىنى چىقىرىپ بەردى، — جۈرۈڭ، بىز سىزنى ئاپىرىپ قويايلى.

ئۇلار يول بويى ئۈن چىقارمىدى. گۈلرۇز ئۆيىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىنلا، ئەنجان كوچىسى ئارقىلىق «گۈجان» كوچىسىغا چىقىشتى. بۇ تۈندىكى گۈلرۇزنىڭ پاجىئەسى ھەممىسىنىڭلا كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويغانىدى، ئۇلار كامىلنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگەندىمۇ ئۆزئۆزىچە گەپلەشمىدى.

— نېمە ئەجەب جىمىپ كەتتۇقمۇ؟ — دېدى مۇرات چىدىيالماي، — ياخشى بولسا ئېشىنى يەيدۇ، يامان بولسا بېشىنى دېگەن شۇ . . . بىزگە نېمە كەپتۇ؟

— شۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، — دېدى كامىل، — بۇ قىز ئاخىرى ئاشۇ ئائىلىنىڭ يۈزىنى تۆكىدۇ، بولۇپمۇ گۈلزىباغا قىلىپ قويمىسا بولاتتىمۇ!

— سەن گەپ قىلمايسەنغۇ؟ — مۇرات ھېكمەتكە قارىدى، — ھېچ

ئىشنى كۆرمىگەندەك. بۇ ئىشلار ساڭا تەسىر قىلمىدىمۇ؟

— مەن نېمە دەيتتىم؟ كامىل دېدىڭغۇ! مېنىڭمۇ ئەنسىرەيدىغىنىم شۇ.

— ھېكمەت، جۇر سىرتقا چىقىپ كىرەيلى، — دېدى مۇرات، — كامىل كىيىمىنى سېلىپ بوپتۇ.

ھېكمەت مۇراتقا بىرلا قاراپ، ئۇنىڭ بىر نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلدى - دە، ئورنىدىن تۇردى. ئەمما ئۇ تۆت كۈننىڭ ئالدىدىكى گۈلرۇز بىلەن بولغان ئىشنى مۇراتقا دېمەسلىكنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ھويلا ئاپئاق ئايدىڭ ئىدى. ئىجارىگە ئولتۇرۇۋاتقان قوشنىلارنىڭ قايسىنىڭدۇر ئۆيىدىن خورەك ئاۋازى كېلەتتى. مۇرات قىيما شادىلىق سالاسۇنىنىڭ كەڭ تاختىيىدا ئولتۇرۇپ تاماكا ئورىدى، ھېكمەتمۇ ئۇنىڭ قېشىدىن ئورۇن ئېلىپ، بوغما تۇۋرۇككە يۆلەندى.

— قارا ھېكمەت، — دېدى مۇرات تاماكىسىنى شوراپ، — ئوقۇتقۇچىلارنى بىر ھەپتە قويۇپ بەردى، ئەتە كامىل ئىككىمىز نەرسە - كېرەكلىرىمىزنى قايتۇرۇپ كەلگىلى مەكتەپكە چىقىمىز. شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كامىل بىلەن نەفسەنى بىر ئۇچراشتۇرۇش ئويۇم بار، قانداق دەيسەن؟

— مەنمۇ ئويلىغان، لېكىن، — ھېكمەت ئويلىنىپ قالدى، — ھازىر نەفسە مەكتەپتە ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆيىگە قانداق كىرىسەن؟...

— توغرا، تېخى ئۇنىڭ ئۆيىنى بىلمەيمەن دېگىنە!

— بىلگىنىڭ بىلەنمۇ تەرەببا كىرەلمەيسەن، — دېدى ھېكمەت، — ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىشقا زۇمرەتنى سال.

— بۇ گېپىڭ بولىدىغاندەك قىلىدۇ، — مۇرات تاماكىسىنى قاتتىق شورىدى، — ھە راست، گۈلزىبامۇ ئەتە بىز بىلەن بىللە بېرىپ، يوتقان - كۆرپىلىرىنى سۆكۈپ قايتۇرۇپ كىرمەكچى ئىدى، ئۇنىمۇ بىللە ئەۋەتەي.

— ئەمما گۈلزىبا بىلەن زۇمرەتكە دېپ قوي، گەپ - سۆزگە بەك دىققەت قىلسۇن، نەفسە بەكمۇ نازۇك قىز...

— ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بول، مۇشۇنداق قىلمىساق، بىر ئائىلىق

ئوقۇتقۇچىلار كۆرسىغا قاتنىشىپ قالساق، بۇ موللام ساراڭ بولۇپ قالغۇدەك. . .

— بولدى، چاقچىقىڭنى قوي! كىرىپ ئۇخلايلى. . .

## چىلانلىقتا

بوۋاي قەمبەر كەنتى قەدىمى ياڭاقلىقلار بىلەن قورشالغان باراخسانلىق باغ ئىدى. ئاددىي دېھقان ئۆيلىرى، تېرىلغۇ يەرلەر، شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان تاتلىق سۇلۇق ئۆستەڭلەر يېشىل كىمخاپ ئېچىدىكى كېلىنلەردەك جۇلالىنىپ تۇراتتى. تاڭ سەھەردە مۇسۇلمانلارنى ئىبادەتكە چاقىرىپ توۋلىغان قېرى مەزىننىڭ بوغۇق ۋە ئاجىز ئەزەن ئاۋازى بۇ كەنتنى كېزىپ ئۆتسە، كەچ تەرەپلەردە تۇرخۇنلاردىن چىققان ئىسلار يەل - يېمىشكە تولغان باغلار ئۈستىدە لەرزان لەيلەپ يۈرەتتى.

بۇۋاي قەمبەرنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدە پەس بىر جىلغا بولۇپ، ياۋا ئۆرۈك، سەندىلەچ، جىغان، چىلان قاتارلىق تىكەنلىك يەل - يېمىش ۋە داۋۇ دەرەخلەر قويۇق توقايلىقنى ھاسىل قىلغانىدى. كىشىلەر بۇ يەرنى چىلانلىق دەپ ئاتىشاتتى. چىلانلىقنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى تاشلىق سايدا، بىر نەچچە تارامغا بۆلۈنگەن بىر ئېقىن توختىماي ئېقىپ تۇراتتى.

كامىل چىلانلىقتا ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ پات - پاتلا بوۋاي قەمبەر يارلىقىدىن پەسلەپ چۈشكەن چىغىر يولغا قاراپ قوياتتى، ئۇ ئىچىدە مۇراتنىڭ ئەقلىگە، چاققانلىقىغا ھەيران بولاتتى. بۈگۈن تاڭ سەھەر كامىل، مۇرات، گۈلزىبالار يولغا چىقىپ، بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئەتىگەنلىك تاماقتىچە يېتىپ كېلىشتى. مۇرات: «گۈلزىبانى زۇمرەتكە تونۇشتۇرۇپ قويۇپ كېلىمەن، مېنى ساقلا» دەپ، قويۇپ چىقىپ كەتكىنىچە، چۈشكە يېقىنلا پەيدا بولدى. كامىل ئاچچىقلاپ بولغىچە ئۇ: «دەرھال چىلانلىققا بار، نەفىسە سېنى ساقلاپ قالدى. . .» دەپ، ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈۋالدى.

. بوۋاي قەمبەرنىڭ يارلىقىدىكى چىغىر يولدىن بىر قىز پەسلەپ چىلانلىققا چۈشۈپ كەلدى، كامىل بىرلا كۆرۈپ، ئۇنىڭ نەفىسە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. ئۇ يولدا كەلگىچە، «نەفىسە بىلەن ئۇچراشسام قانداق بولۇپ كېتەرمەن؟ . . . ياق، دادىل، ئېھتىياتچان بولىمەن. . . » دەپ ئويلاپ كەلگەنىدى. ئەمما قىزنىڭ سىماسىنى كۆرۈش بىلەن يۈرىكى تېپچەكلەپ، ئېھتىياتنىمۇ ئۇنتۇپ، توقايلىققا يۈگۈردى، ئۇ يېتىپ كەلگەندە، نەفىسە ئەمدىلا قىزىرىشقا باشلىغان بىر تۈپ چىلان تۈۋىدە تۇراتتى. بېشىغا ھىلپىرلەپ تۇرغان ھاۋارەڭ قەلقەي ياغلىق ئارتقان، قايماق رەڭ گىرىپ كۆڭلىكى ئۈستىگە سۈس يېشىل جىلىتكە كىيگەن نەفىسە خۇددى چىلان دانىسىدەك قىزىرىپ يەر بېقىپ تۇراتتى.

— تېچمۇسىز؟ . . . — كامىلنىڭ ئاۋازى ئارانلا چىقتى.

— ئېسەنمۇسىز؟ . . . — نەفىسە ئېگىلىپ تازىم قىلدى.

ئارىنى جىمجىتلىق باستى. كامىل بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ، پېشانىلىرىدىن تەر قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۆپكىسى ئۆرلەپ، نەپەس ئېلىشى قىيىنلاشتى. . . نەفىسەنىڭ نازۇك بەدىنى ئىللىق بىر سېزىم ئىلكىدە ھارارەتكە تولدى. توۋا، كونىلارنىڭ: «گەپ تاپقاندا يار يوق، يارنى تاپقاندا گەپ يوق. . . » دېگىنى شۇ ئوخشىمامدۇ؟ . . . ئەمما، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ بەدىنى يېنىك تىترەۋاتاتتى. . . ئەگەر شۇ تۇرقىدا، رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان ھېلىقى جاھاننامە دېگەن ئەينەك بولسىدى، كامىل بىلەن نەفىسەنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قانلارنىڭ تومۇرلىرىغا پاتماي، سىغىشماي چېپىپ يۈرگەنلىكىنى ، ئىككىنلا يۈرەكنىڭ بىر - بىرىگە ئىنتىلىپ، قېپىدىن چىقىپ كېتىشكە ئالدىراۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. يەنىلا ئاللاھ بەندىلىرىنى تەڭلىكتە قويمايدىكەن! . . . قىسمەت ئۇلارغا ھىممەت قولىنى سۇندى. نەق ئۇلار تۇرغان چىلاننىڭ ئېگىز شېخىدا! بىر كاككۇك ئارقا - ئارقىدىن چاڭ كەلتۈرۈپ بىر نەچچىنى سايرىدى - دە، قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئۇچۇپ كەتتى. بەلكىم ئۇ ئۆز تىلىدا: «مەن ئۆمرۈم بويى ئاشىقىمنى چاقىرىپ ۋىسالىغا يېتەلمىدىم. . . لېكىن سىلەر ۋىسالغا ئېرىشكەندە، نېمانداق خاچىدەك تۇرىسىلەر؟ . . . » دەپ كۈلگەن بولۇشى

مۇمكىن. . .

— كاككۇك، — دېدى نەفىسە چىلان ئۇچىغا قاراپ.

— شۇنداق، زەينەپ كاككۇكنى ئىزدەپ يۈردۇ. . .

— زەينەپ دەپ چاقىرىپمۇ قويمايدىغان قانداق باغرى تاش كاككۇكتۇ ئۇ! . . .

كامىل، نەفىسەنىڭ كىنايىسىنى چۈشىنىپ بىردىنلا دېدىللەندى! توغرا، ئۇنىڭ نەفىسە دېگەن مۇبارەك ئىسمىنى چاقىرىپمۇ قويماپتا؟ . . . شۇڭا، ئۇمۇ ھەزىل بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

— زەينەپ! . . .

— كاك. . . كۇك، ناھايىتى ئاستا شىۋىرلىدى نەفىسە ۋە ئالقانلىرىدا يۈزىنى توستى. . .

كامىل بىلەن نەفىسە تەڭلا كۈلۈۋېتىشتى. . .

ئۇلار چاتقاللار ئارا ئارىلاپ، ياۋا گۈللەرنى ئۈزۈشتى. گۈپۈلدەپ ئىللىق ھىد چېچىپ تۇرغان سەندەلچ دەرەخلىرى تۈۋىدە قۇم قايغاندىكى ئۇرمىلىق، ئانارلىق باغ، دەريا ساھىللىرىنى ياد ئېتىشتى. كامىل نەفىسەنىڭ خۇش ناۋا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قانمايتتى، نازۇك سىماسىغا قاراپ تويمايتتى. نەفىسەمۇ كامىلنىڭ كەڭ ئاق يۈزلىرىگە، تال - تال پارقىراپ تۇرغان قارا قاشلىرىغا، ئەدەب - ئېكرام يېلىنجاپ، سالاپەتلىك تۇس ئالغان چوڭ كۆزلىرىگە تاسادىپەن نەزىرى چۈشكەندە، دەرھاللا يەرگە قارىۋالاتتى.

— كامىل، — دېدى نەفىسە تۇيۇقسىزلا كۈلۈۋېتىپ، — زۇمرەت نېمىدېگەن شوخ قىز - ھە؟ ئۇنىڭدىن، سىزمۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىمۇ؟ دەپ سورىسام، ئۇ نېمە دېدى دېمەمسىز؟

— خوش، نېمە دېدى؟

— مەن دېگەن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى مۇزىكانت مۇراتنىڭ تومۇچىقى بولىمەن، ئۆزەم پوچتىخانىدا تېلېفونىست، دېمەمدۇ! . . .

— زۇمرەت، — دېدى كامىل سۆ بويىغا كەلگەندە، — ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ باللىرى ئىچىدە چوڭ بولغان، شۇڭا ئۇ تاياقتەك تۈز

كەتكەن قىز. ئەمما كۆڭلى پەرىشتىدەك...

— مېنىڭ ئاشۇنداق دادىل قىزلارغا تولىمۇ زوقۇم كېلىدۇ.

— مۇرات بىلەن زۇمرەت بىر بېرىگىدىكى قوشماق غۇنچە!... — دېدى كامىل پەخىرلەنگەن هالدا، — ئۇلارغا كۆز تەگمىسۇن!...

— هېس قىلىشىمچە، — دېدى نەفىسە قولىدىكى بىر تۇتام گۈلگە سۇ چېچىۋېتىپ، — گۈلزىبا بىلەن هېكمەت ياخشى ئۆتسە كېرەك...

— سىز بۇنى قانداق بىلىسىز؟

— ئېسىڭىزدىمۇ، ئورمىلىقتا هېكمەتنىڭ ئىسمىنى چىقىرىۋېدىم، ئۇ قىز بۆلەكچىلا قىزىرىپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى.

— شۇنداق، ئۇلار يېقىن دوستلاردىن، — كامىل قىزنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى دەرهاللا سەزدى، — بىراق ئۇلار سىز ئويلىغاندەك ئەمەس...

— نېمە ئۈچۈن؟

— هېكمەتنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتى، گۈلزىباغا بولغان چەكسىز هۆرمىتى ئۇنىڭ قەلب ئىزهارىغا يول قويمايۋاتىدۇ!...

— چۈشەنمىدىم...

كامىل سۇ بويىدىكى تاشتا ئولتۇرۇپ، ئېسكىرىپكىچى قىز ئامىنە بىلەن هېكمەتنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن مۇهەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى، زىمچۇەنزىدىكى توغراق ئورمانلىقىدا بولغان ئىشلارنى، ئاخىرىدا ئىككى كېيىك سىزىلغان رەسىمگە سىڭدۈرۈلگەن مەزمۇنلارغىچە سۆزلىدى. ئۇ نەفىسەگە بولغان ئۆز هېسسىياتىنىمۇ قېتىپ، ناهايىتى تەسىرلىك، ئېچىنىشلىق سۆزلىگەچكىمۇ، نەفىسە خۇددى تراگېدىيەلىك مۇهەببەت سىمفونىيىسىنى ئاڭلىغاندەك بولدى.

— ئەسلىدىلا ئامىنەنىڭ نىيىتى دۇرۇس قىز ئەمەسكەن، ئەمما ئۇنىڭ ئاخىرقى هىيلە - مىكرى، — دېدى نەفىسە قولىدىكى گۈلگە قارىغىنىچە، — ئۇچ يىلغىچە كۆڭۈل ئىزهار قىلمىغان ساددا هېكمەتنى قاپقانغا دەسسەتكەن...

— سۆزلىرىڭىز ئورۇنلۇق، بۇ باشتىلا تەقدىر قوشمىغان كۆڭۈل، — دېدى كامىل، — هېكمەت ئامىنەدىن ئايرىلغىنىغا ئازابلانغىنى يوق، پەقەت

ئاللاھ كۆڭلىگە سالغان تۇنجى ئىشقىنى گۈلزىباغا بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈنلا، ۋىجدان ئازابى تارتىۋاتىدۇ، ئەمما گۈلزىبا. . .
— گۈلزىباچۇ؟
— بۇ ناتىۋان قىز ھېكمەتنى ئۆز ھاياتىدىنمۇ ئارتۇق سۆيىدۇ! . . .
— كەچۈرۈڭ كامىل، ئەمدى بۇ توغرىلىق سۆزلەشمەيلى، — دېدى نەفىسە كامىلنىڭ مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، — سىزنىڭ دوستلىرىڭىز ھېكمەت، مۇرات، گۈلزىبا، زۇمرەتلەر گۆھەرلەر ئىچىدىكى دۇردانىلەر ئىكەن. . . خۇدا ئۇلارنىڭ تەقدىرلىرىنى خەيرلىك قىلسۇن!
كامىل: «بىز ئىككىمىزنىڭمۇ! » دېگەن بىر ئېغىز سۆزنى دېمەكچى ئىدى، بىراق دېيەلمىدى. ئۇنىڭسىزمۇ، «ئىشق، كۆڭۈل» گە تالىق سۆز باشلىنىش بىلەن، نەفىسە دەم تاتىرىپ، دەم قىزىرىپ ئاتتى، گاھ گۈلگە قارىۋالسا، گاھ ئېقىن سۇغا تىكىلەتتى. كامىل ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم دادىللىق بىلەن مۇشۇنچىلىك سۆزلىگىنىگە، بۇ سۆھبەتكە يول قويغىنىغا كۆڭلىدە مىڭ مەرتەم رازى بولدى.
كۈن چىلاتىلىقتىن قايرىلىپ، ئاياغ ئاستىغىلا چۈشكەن سايىلار ئەمدىلىكتە ئۇزۇراۋاتاتتى، چۈنكى ناماز پېشىن بولۇپ قالغانىدى. چۈشلۈك تاماق يېمىگەن كامىل قورسىقىنىڭ ئاچقىنىنىمۇ تۇيمايتتى، ئۇنىڭ نەفىسە بىلەن ئۇزۇنراق سۆزلەشكۈسى، ئۇنىڭ جانغا ئارام ئاۋازىنى كۆپرەك ئاڭلىغۇسى، ھۆسن ـ كامالىغا تويۇۋالغۇسى كېلەتتى. مۇراتنىڭ خۇددى بىر چاغدا، بۇلاق بېشىدا زۇمرەت بىلەن مۆكىدىشىپ قانمىغاندا، ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان قۇياشنى جايىدا بىر سائەت بولسىمۇ توختىتىپ قويغۇسى كەلگەندەك، كامىلنىڭ قىڭغىيىپ كېتىۋاتقان كۈنگە تىيەك قويۇپ، ئۇنى تىكلەپ قويغۇسى كېلەتتى.
— كامىل، قورسىقىڭىز ئېچىپ كەتتى، — دېدى نەفىسە خۇمارلاشقان كۆزلىرىدە كامىلغا قاراپ، — بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ تاماق يەپ كېتىڭ.
— بۇ. . . بولدى، سىزنى ئاۋارە قىلماي! . . . ئۇنىڭ ئۈستىگە، كەچ بولاي دەپ قاپتۇ. . .

— ئاشۇ چىغىر يولنىڭ ئۈستى تەرىپى «بوۋاي قەمبەر» مازىرى، ئۇ يەردىن ئاموتلۇق كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ، — دېدى نەفىسە قولىدا كۆرسىتىپ، — كۆپ هايال بولمايسىز...

— بوۋىڭىزنىڭ، ئانىڭىزنىڭ ئالدىدا سەت بولارمىكىن!...

— تاس قاپتىمەن ئۇنتۇپ قالغىلى، — دېدى نەفىسە كۈلۈپ، — سىزنىڭ ئورمىلىقتا ماڭا هەمراھ بولۇپ ياردەم قىلغىنىڭىزنى ئۇلار ئاڭلاپ، سىزدىن بەك مىننەتدار بولدى. هەتتا بوۋام سىزنى چاقىرىپ مېهمان قىلىپ قويۇشنى تاپىلىغان.

كامىل نەفىسەدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ هېكمەتنىڭ: «نەفىسەنىڭ سۈكۈت قىلىشى، ناز - ئىستىغنا بىلەن بېقىشى، هايا بىلەن قىزىرىشى، بۇ سىزگە جاۋابى» دېگەن سۆزلىرىنى مەمنۇنىيەت بىلەن ئەسكە ئالدى. توۋا، ئورمىلىقتا تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالغان، قىيىن ئىشلىرىغا ياردەم بەرگەن، بارماقلىرىدىكى تىكەنلەرنى ئاۋايلاپ ئېلىپ ئاسرىغان نەفىسە ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئەكسىچە، كامىل ئۇ خەيرىخاھلىقلارنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغىنى قىزىق... كامىل كىتاب دۆۋىلىرىگە بېشىچە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكىنى بىلەن، تېخى قىزلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەيدىكەن... دۇنيادا بۇنداقمۇ هاماقەتچىلىك بولامدۇ؟... كامىلنىڭ قەلبى خۇددى ئاي شولىسى چۈشۈپ تۇرغان كۆل سۈيىدەك تىنچلاندى!...

نەفىسە كامىلنى چىغىر يول بىلەن باشلاپ «بوۋاي قەمبەر» مازىرىغا چىقتى، مازار ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، سۈرلۈك سۈكۈناتقا چۆمگەنىدى. زومچەك - زومچەك قەبرىلەر ئوتتۇرىسىدا قوش بارخانىدەك بىر دۆڭ چوقچىيىپ تۇراتتى، مانا بۇ دۆڭلۈك «بوۋاي قەمبەر»نىڭ قەبرىسى هېسابلىناتتى. قەبرىنىڭ ئەتراپىنى، يان باغرىلىرىنى ياۋا قومۇش، سەندىلەچ، مۇشا (تاغ سۆگىتى)، ياۋا ئوتلار قاپلاپ تۇراتتى، ئەگ ئۈستىدە بولسا، ئاپتاپتا قاغجىراپ، ئاقىرىپ كەتكەن تۆت چاسا سالاسۇن بار ئىدى، سالاسۇننىڭ ئىچى ئېگىز ئۆسكەن پۆپۈكلۈك قومۇشلار بىلەن تولغانىدى. خەلق بوۋاي قەمبەر ۋەلىيۇللا (ئەۋلىيا) دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان، ئۇزىنىڭ دەرد - هەسرەتلىرىنى، ئارزۇ - تىلەكلىرىنى

ئېيتىپ، دۇئا - تىلاۋەت ئوتكۇزۇپ كېتىدىغان بۇ تاۋابگاھ قەبرىنى كامىل بىلەن نەفىسە ئايلىنىپ يۈرۈپ كۆردى. قەبرىنىڭ ھەممە يېرى كونا - يىڭى لاتا - پىتىلەر، شەددە - ئىسرىقدانلار بىلەن تولغان بولۇپ، ئېگىز خادىلاردا توغ - ئەلەملەر لەپىلدىشىپ تۇراتتى.

— ئادەتتە پەيشەنبە، جۇمە كۈنلىرى كىشىلەر ئىسرىق سېلىپ تىلاۋەت قىلىشىدۇ، — دېدى نەفىسە ئۆيگە قايتىپ كېتىۋېتىپ، — روزى ھېيت، قۇربان ھېيت، نورۇز كۈنلىرىدە بولسا، تاۋاپ قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ.

— كىشىلەرنىڭ قەلبىدە تا ھازىرغىچە ياشاپ كەلگەن بۇ زاتنىڭ، — دېدى كامىل نەفىسەگە قاراپ، — بىرەر تەزكىرىسى قالمىغانمىكىنە؟

— بۇنى بوۋام بىلىشى مۇمكىن. . .

ئۇلار بوۋاي قەمبەر ھەققىدە پاراڭلىشىپ، ئامۇتلۇق كەنتىگە كىرىپ كېلىشتى. نەفىسەنىڭ ئۆيى ئۆستەڭ ياقىسىدىكى ئالدى تال بوستانلىق قورا ئىدى. ھويلىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئېغىلدا مۈڭگۈزى يوق بىر قارا كالا ئېرىنچەكلىك بىلەن كۆشەۋاتاتتى، ئۇنىڭغا پاسىلداش قوتاندا، يۇڭلىرى قىرقىۋېتىلگەن پاقلان ئانىسىنى زوق - شوق بىلەن ئىمىۋاتاتتى، ئالدىدىكى بىر قاتار لاپاسلىق ئۆيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتۈشمە دەھلىزدىن ھەر خىل مېۋىگە تولغان باغ كۆرۈنۈپ تۇراتتى، نەفىسە كامىلنى ئوتتۇرلا باغقا باشلاپ كىردى. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر توپ قىرى ئامۇت بار ئىدى، ئۇنىڭ ئاستىدىكى كارىۋاتتا مويسىپىت بىر بوۋاي تەسۋى سىيرىپ ئولتۇراتتى، ئۇ، گەرچە توقساندىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ، تېمەن كۆرۈنەتتى.

— بوۋا، — دېدى نەفىسە قول قوشتۇرۇپ، — بۇ كىشى ئۆتكەندە ئۆزلىرىگە دەپ بەرگەن كامىلاخۇن بولىدۇ. بوۋاي قەمبەر مازىرىنى تاۋاب قىلغىلى چىقىپتىكەن، مەكتەپتىن كېلىۋاتسام ئۇچراپ قالدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بوۋا! . . .

— ۋائەلەيكۇم ئەسسالام ئوغلۇم، قېنى كاتقا كەلسىلە! . . .

— بوۋا، مەن تاپاقتا تۇتۇش قىلاي. . . — دېدى نەفىسە ئەدەپ

بىلەن.

— بولىدۇ خان بالام، ئانىلىرى تېخى ئىشتىن كەلمىدى. . .

كامىل بۇ خىزىردەك بوۋايغا ھۆرمەت ۋە ئىپتىخار بىلەن قارىدى. ئۇنىڭ شالاڭ ئاق ساقاللىرى شۇنچىلىك پاكىز ئىدىكى، گوياكى مىڭلىغان مەرۋايىتلارنى ئۆتكۈزۈۋەتكەندەك، پار - پار پارقىرايتتى، ئېچىلغان غوزىدەك پاخما قاشلىرى چېچەن كۆزلىرىنى بېسىپ تۇرسىمۇ، قىزىل يۈزلىرى نۇرانە ئىدى. كامىلنىڭ نەفسەنىڭ بوۋىسى توغرىلىق ئېيتقانلىرى ئېسىدىن كەچكەنسېرى، ئۇنىڭغا بولغان ئېتىقادى شۇنچە چوڭقۇرلاپ باراتتى. بوۋاي بۇخارا مەدرىسىدە بىلىم تەھسىل قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خوتەن مەدرىسىدە يىگىرمە نەچچە يىل مۇدەررىس بولۇپ، نۇرغۇن تالىپلارنى يېتىشتۇردى. ئەمما ئىچى زەھەر، كۆرەلمەس، ئېشەكتىن بەتتەر دۆت موللىلارنىڭ نادانلىقىدىن، جاھىللىقىدىن، مۇتەئەسسىپلىكىدىن بىزار بولغان بۇ زات مۇدەررىسلىكنى تاشلاپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندى. ئۇ نەۋرىسى نەفسەنى تۆت يېشىدىن تارتىپلا ئۆز تەربىيىسىگە ئېلىپ يېتىشتۇردى. نەفسە 14 ياشقا كىرگەن يىلى دادىسى تۈگەپ كەتتى، ئىككى ئاچىسى ئارقا - ئارقىدىن تالالىق بولدى. مانا شۇندىن بېرى، نەفسە بوۋىسى ھەم تۇل ئانىسى بىلەن بىللە ياشاپ كەلمەكتە ئىدى.

بوۋاي كامىلنىڭ ئەسلى زاتىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلگەندىن كېيىن، ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، كەشىنى پۇتىغا سېپىپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتتى. بوۋاينىڭ ئۇزۇن ئاق يەكتىكى، شايى پوتىسى ئۆزىگە شۇنداق ياراشقانىدى.

— ئۆزلىرى بالام، ئابلەتىپ ئەمىر نەققاشنىڭ نەۋرىسى، مىركامىل ھاجى ھەزرەتلىرىنىڭ چەۋرىسى بولىدىكەنلىدە؟. . . — بوۋاي ھاياجاندىن كۆزلىرىگە ياش ئالدى، — مەن بوۋىلىرى ئابلەتىپ ئەمىرنەققاشى بىلەن بۇخارادا بىر نەچچە نۆۋەت ئىسرا بولغانمەن. . . ئەنجاندىكى ئۆيىدە ئۇ زات مېنى مېھمان قىلغانىدى.

— ئۇنداقتا، خانىنىزاتخان مومامنى تونۇيدىكەنلىدە؟ — دېدى كامىل ھاياجانلىنىپ. . .

— ئەلۋەتتە ئوغلۇم، ئەممازە، روپاش بولغانلىقى ئۈچۈن، سىرتتىن

كۆرگەنمەن. بۇخارا مەدرىسىدىكى نام ـ شەرىپىمدىن خەۋىرىم بار. قۇتلۇق هاجىم دېسىلە ئېهتىمال مېنى خاتىرىسىگە ئېلىشى مۇمكىن،— دېدى بوۋاي،— ئەسلى زاتى كېرەملىك، مۆرىۋەتلىك ئائىلىنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلا... شۇڭا، بوۋاي قەمبەر مازىرىنى تاۋاب قىلغىلى بىكار چىقماپلا...

— شۇنداق بوۋا،— دېدى كامىل قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ،— ئاڭلىسام، كىشىلەر بۇ مازارغا هەتتا ناهىيە ئاتلاپ كېلىپ تاۋاب قىلارمىش... بۇ نېمە ۋەجىدىن؟...

— راستىنلا بىلگىلىرى بارمۇ ئوغلۇم؟

— جېنىم بىلەن!...

بوۋاي ئارقىغا سىلجىپ ياستۇققا يۆلەندى. كامىل ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ياردەملەشتى. ئۇ ئوبدان ئورۇنلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، قىل يەلپۈگۈچتە چىۋىنلەرنى قورۇغاچ، ئاستا گەپ باشلىدى.

... ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان «يۇسۇف ـ ئەھمەد» ناملىق مەشهۇر داستاندا مۇنداق رىۋايەت بار:

يىراق ئۆتمۈش زاماندا، مىسىر شەهىرىدە گۇزەلشاھ ئىسىملىك بىر پادىشاھ بولغانىكەن. ئۇنىڭ ئۈچيۈز توقسان سەركەردىسى بولۇپ، خەزىنە ـ دەپىنەلىرى هېسابسىز ئىكەن. گۇزەلشاھ بىر كېچىسى چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە، بىر تاۋاق تىللانى بېشىدا كۆتۈرۈپ كېتىۋاتسا، بىر كوچىدىن توساتتىن ئىككى يولۋاس چىقىپ، ئىككى تەرەپتىن كېلىپ پەنجە ئۇرغىدەكمىش. گۇزەلشاھنىڭ بېشىدىكى تىللالىرى يەرگە چېچىلىپتۇدەك. ئاندىن كېيىن، ئاغزىدىن بىر قارا قۇش ئۇچۇپ چىققان ئىمىش ۋە بېشىدا بىر ئاز پەرۋاز قىلىپ، ئاندىن ئۇچۇپ كەتكەن ئىمىش. گۇزەلشاھ، بۇ چۈشتىن چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ، كېچىسى قورقۇپ، پەقەت ئۇخلىيالماپتۇ. ئەتىسى مىسىردىكى پۈتۈن مۇنەججىملەرنى چاقىرتىپ كېچىدە كۆرگەن قورقۇنچلۇق چۈشىنىڭ تەبىرىنى سوراپتۇ. لېكىن مۇنەججىملەردىن هېچكىشى تەبىر بېرەلمەپتۇ. شۇ كۈنلەردىن بىرىدە ياساۋۇل كېلىپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، شەهىرىمىزدىكى بىر سارايغا يىراق شەرقتىن كارۋان كېلىپ چۈشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر دانىشمەن كىشى

بار ئىكەن. ئۇ كىشى ئۈچ تۆگىگە كىتاب يۈكلەپ كەپتۇ. كۆرگەن چۈشىڭىزگە ئاشۇ دانىشمەن جاۋاب بېرەلەرمىكىن، — دەپتۇ.

گۈزەلشاھ خۇشال بولۇپتۇ ۋە ياساۋۇللارنى ئەۋەتىپ، دانىشمەننى سارايدىن چاقىرتىپ كەپتۇ. گۈزەلشاھ، ئاقساقال، يۈزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان بۇ دانىشمەندىن كۆرگەن چۈشىنىڭ تەبىرىنى سوراپتۇ. گۈزەلشاھدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان بوۋاي قەمبەر پادىشاھقا:

— سوئال سورىغۇچى تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، جاۋاب بەرگۈچى پەستە تۇرسا، ئاقىلانىلىق بولارمۇ؟ — دەپتۇ.

گۈزەلشاھ دەرھال تەختتىن چۈشۈپ، ھەزرىتى بوۋاي قەمبەرنى تەخت ئۈستىگە تەكلىپ قىپتۇ. بوۋاي قەمبەر ۋەلى چۈشكە تەبىر بېرىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

بېشىڭدا كۆتۈرگەن خانۇ مانىڭدۇر،
تىللادەك چېچىلغان قىزىل قانىڭدۇر.
ئۇچقان ئۇ قارا قۇش ئېزىز جانىڭدۇر،
يۈسۈف ئالۇر شەھىرىڭنى — كۆرگەن شۇ چۈشۈڭ.

گۈزەلشاھ بۇ بېيىتنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ، جاللاتلارنى چاقىرىپتۇ. جاللاتلار بوۋاي قەمبەرنى زىندانغا تاشلاپتۇ.

ئارىدىن ئۇزاق ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن، گۈزەلشاھ كۆكچى ئەييار ئارقىلىق يۈسۈف بەگ بىلەن ئەھمەد بەگنى ئالداپ تۇتۇپ كەپتۇ. گۈزەلشاھ بۇ ئىككىيلىسىنىمۇ زىندانغا تاشلاتقۇزۇپتۇ. ئىككى ئاكا - ئۇكا سەرگەردە قارىسا، زىنداندا يۈزى نۇرانە بىر ئاقساقال كىشى ئولتۇرغۇدەك، يۈسۈف - ئەھمەدلەر بوۋاي قەمبەر ھەزرىتىگە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» دەپ سالام بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن:

چاھ ئىچىدە ياتقان بوۋا،
قايەر بولۇر جايىڭ سېنىڭ؟

بەنتكە چۈشكەن ئەي بىناۋا،
قايەر بولۇر جايىڭ سىنىڭ؟

دەپ سوراپتۇ.
بوۋايى قەمبەر:

ئەرزىم ئىشت ماھى ئەنۋەر،
ئېتىم سورساڭ، بوۋاي قەمبەر.
قىلغان ئىدىم مۇشكۈل سەپەر،
چىن ماچىندۇر جايىم مېنىڭ.

دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بەزى تارىخىي مەنبەلەردە ۋە شەرق ئەدىبلىرىنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدە يۇرتىمىز خوتەن چىن ماچىن دەپ ئاتالغان. چىن — ئاتا-بوۋىلىرىمىز ياشىغان ھەممە تەۋەلىكنى، ماچىن — خوتەننى كۆرسىتىدۇ. ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىمۇ خوتەننى چىن دەپ ئاتاپ، فەرھادنى خوتەن خاقانى — خاقانى چىنىنىڭ ئوغلى قىلىپ ياراتقان. بوۋاي قەمبەر خوتەندىن چىققان دانىشمەن كىشىدۇر. ئۇ ئەينى زاماندا دانىشمەنلىكتە شۆھرەت قازانغان. كۆپلىگەن ئىلمىي-نەزەرىيەۋى ئەسەرلەرنى تەسنىپ قىلغان، دانىشمەنلىكىدىن «ئەۋلىيا» دەپ ئاتالغان كىشىدۇر. ئۇ مۇشۇ كەنتتە تۇغۇلغان. دۇنيانىڭ كۆپلىگەن جايلىرىنى كېزىپ چىققان. ئاخىرى يەنە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ئۆزى تۇغۇلغان مۇشۇ كەنتتە ۋاپات بولغان. مۇبارەك جەسىتى كەنتتىكى ئاشۇ زاراتگاھلىقتا دەپنە قىلىنغان. كىشىلەر بۇ دانىشمەننى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن، كەنتكە «بوۋاي قەمبەر» دەپ نام قويغان. ئۇزاق ئۆتمۈشتىن بۇيان بۇ كەنت مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەپتۇ.

... بوۋاي ئاپئاق ساقاللىرىنى سىيپىدى. كامىل ئۇنىڭ بەكمۇ يىراقلاردا قالغان ياشلىقىغا قايتقاندەك نۇرلىنىپ كەتكەن كۆزلىرىگە

قارىدى. قۇياش ئاسمان سەتھىگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئاخىرقى شەپەقتەك جۇلا بېرىپ تۇرغان بوۋاينىڭ بۇ مۆھتەرەم چىرايى كامىلغا، فارابى، مەھمۇد قەشقىرى، يۇسۇپ خاس هاجىپ، نەۋائىيلاردەك ئەجدادلىرىنىڭ سىماسىنى ئەسلەتتى...

نەفىسە، نىڭ تاماقنى تەييار بولۇپ قالغانىدى. كامىل بوۋاينىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ، مېھمانخانىغا كىرىپ، داستىخانغا ئولتۇردى. چۆجە گۆشى بىلەن قىلىنغان لەڭمەن ئوخشىغانىدى، كامىل بىر تەخسە لەڭمەننى يەپ بولۇپ، ئارقىسىدىن ئاش سۈيى ئىچتى. نەفىسە قاچا - قۇمۇچلارنى يىغىشتۇرغاندىن كېيىن، بوۋاي دۇئاغا قول كۆتۈردى.

كامىل بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ ئۇزاپ چىقتى. نەفىسە، ئۇنى ئۆستەڭ كۆۋرۈكىگىچە ئۇزىتىپ باردى. بۈگۈنكى ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرە كۈن ئۈچۈن، كامىل كۆڭلىدە قىزغا مىڭلارچە رەھمەت ئېيتتى. ئەمما، قىزدىن ئايرىلىشقا كۆز قىيالمايتتى، نەفىسەنى گويا كۆز قارىچۇقلىرىغا سىڭدۈرۈۋالماقچى بولغاندەك، ئۇنىڭغا مېھىر بىلەن قارايتتى.

— نەفىسە، ئەمدى قاچان كۆرۈشەرمىز؟ — دېدى كامىل مىسكىن بىر ھالەتتە.

— توۋا، سىزگە نېمە بولدى؟ — نەفىسە كۈلدى،— ھەممىمىز شەنبە كۈنى شەھەرگە يىغىلىپ، يەكشەنبە ئەتىگەندە قۇرۇم كۆلىگە ئويۇنغىلى چىقىمىز دەپ مەسلىھەت قىلىپتىكەنسىلەرغۇ؟... شۇڭا، گۈلزىبا مېنى شەنبە چۈشتە گۈلباغدا ساقلىماقچى!...

— قۇرۇم كۆلى؟ — كامىل تېڭىرقاپ قالدى، ئامما دەرھاللا بۇ مۇراتنىڭ ئويۇنى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى،— توغرا، توغرا، بۈگۈنكى كۆڭۈللۈك ئۆچرىشىش، مەنىلىك سۆھبەتلەر مېنى ئېسىمدىن كەتكۈزۈپتۇ...

— مەنمۇ گۈلزىباغا ماقۇل دەپ قويدۇم، — دېدى نەفىسە،— دۈشەنبە باشلىنىدىغان ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىغا بەربىر يەكشەنبە كۈنى كىرىدىكەنمەن. ئۇنىڭدىن كۆرە، بىرەر كۈن بالدۇر كىرسەم بولىدىكەنغۇ!...

كۈن ئولتۇرۇپ كەتكەنىدى. ئەمما ئامۇتلۇقنىڭ قارا بولۇتتەك

يېيىلىپ ياتقان باغلىرى، ئورمانلىرى، ئېتىزلىرى شامال ئۆتۈشمىگەچكە ئىسسىق ھەم تىنجىق ئىدى. كامىل نەفىسە بىلەن خوشلىشىپ ماڭدى. ئۇ كەنتنىڭ ئەگرى - بۈگرى قۇم توپىلىق يوللىرىدىن كېتىۋېتىپ، پات - پات قايرىلىپ ئارقىغا قارايتتى. ئەڭ ئاخىرقى كەڭرى كەتكەن قوناقلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى پەس يولغا كەلگەندە، كامىل كۆۋرۈك ئۈستىدە يالغۇز تۇرغان نەفىسەگە قول پۇلاڭلاتتى.

دۇنيادا چىن دوستلۇقتىن ئارتۇق قۇدرەت بولمىسا كېرەك. سىرداش دوستلارنىڭ سۆزى ئەمەس، ھەتتا مەنىلىك كۆز بىلەن بېقىشلىرىمۇ ئالەمچە مەنانى ئۇقتۇرىدۇ. ھېچقانداق تۇرمۇش، مۇھەببەت ساۋىقى بولمىغان كامىل تۇنجى ئاشىقلىق گۈلخانىدا كۆيۈپ، ئازابلىق كەچمىشلەرگە دۇچ كېلىپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇۋېدى، دوستلىرى ئۇنىڭ جاراھىتىگە مەلھەم بولىدىغان دورىلارنى تاپتى، مىرزاپىشانىڭ يۈرەكتىكى دەرد - ھەسرەت داغلىرىغا شىپا بولغۇچى مۇقاملىرىنى ئاڭلىدى. ھېكمەتنىڭ نەسىھەتلىرى ئۇنىڭغا ئەقىل ھەم ماغدۇر ئاتا قىلدى. مانا بۈگۈن بولسا، مۇرات قانچىلىك جاپا چېكىپ، كامىلنى ۋىسالغا يەتكۈزدى - ھە!... ھەي مۇرات، ھەي مۇرات! قەشقەرلىك شوخ، دادىل، ئوچۇق - يورۇق يىگىت!... شۇنداق، ئوچۇق - يورۇقلۇق سەممىيەتتىن بىشارەتتۇر. سەن دوستلىرىڭغا شۇنچە سەممىي، شۇنچە ئاق كۆڭۈلسەن!... ئاناڭ ساڭا سۈت ئورنىغا نۇر ئېمىتكەنمۇ؟...

كامىل دوستلىرىنىڭ مۇھەببىتى يۈرىكىگە تولغان ھالدا مەكتەپكە كىرىپ كەلدى. ئۇ يىراقتىنلا ياتىقىدىن كېلىۋاتقان دۇتارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قەدەملىرىنى تېزلەتتى. ئۇ ياتىقىغا كىرگەندە، مۇرات دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. گۈلزىبا بىلەن زۇمرەت كامىلنىڭ كارىۋىتىدا ناخشىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ ئولتۇراتتى.

— رەھمەت سىلەرگە! رەھمەت مۇرات! — دېدى كامىل ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ، ئەگەر قىزلار بولمىغان بولسا، ئۇ مۇراتنى قۇچاقلاپ سۆيگەن بولاتتى.

مۇرات، گۈلزىبا، زۇمرەتلەرمۇ ئۇنىڭ خوشال چىرايىنى كۆرۈپ، كۆڭۈللىرى ئىمىن تاپقاندەك بىر - بىرىگە مەنىلىك كۈلۈپ قويۇشتى.

— رەھمىتىنىڭ بولسا مۇشۇ ئىككى قىزغا دېگىن، — دېدى مۇرات، — ئامۇتلۇقتا يۈگۈرۈپ بېرىپ، يۈگۈرۈپ كەلگۈچە تىللىرى بىر غېرىچ ساڭگىلاپ كەتتى دېگىنە.

— ئەسكى، — دېدى زۇمرەت تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ، — تىلىمىز بىر غېرىچ ساڭگىلاپ كەتكىلى بىز كالىمىدۇق؟ . . .

— موزاي، — دېدى مۇرات چېقىشىپ، — ياق! يېڭى! تۇغۇلغان ئوماق موزاي! . . .

ئوماق سۆزىدىن ئىككى ئۆيلۈك بولۇپ قالغان زۇمرەت گۈلزىبانىڭ ئىشارىتىدىن كېيىن يەنە ۋارقىرىدى:

— ياق، ئۇمۇ بولمايدىكەن! . . .

ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— زۇمرەت، — دېدى كامىل كۈلۈپ، — نەفىسە سىزنى «بەك دادىل قىز ئىكەن، مېنىڭ زوقۇم كېلىدۇ. . .» دەپ ماختىدى.

— راستمۇ؟ — زۇمرەت قىزارغىنىچە مۇراتقا قارىدى، — قانداق؟ تېخى «نەفىسەنىڭ ئالدىدا شۇنداق گەپلەرنى قىلىپ» دەپ مېنى ئەيىبلەيدۇ. . . ئۆزىڭىز كالا. . .

كامىل، مۇرات، زۇمرەتلەر كۈلۈشۈپ كېتىشتى. ئەمما گۈلزىبا كۈلمىدى. ئۇ، ھېكمەتنىڭ سۆزلىگەن يوتقان - كۆرپىلىرىنىڭ ئەستەر - تاشلىرىنى قاتلىغان بولۇپ، ئارقىسىنى قىلىپ تۇراتتى. كامىلنىڭ نەفىسە بىلەن كۆرۈشۈپ، بەخت ھەم شادلىققا تولغان چىرايى، زۇمرەتنىڭ مۇراتقا ئەركىلەشلىرى گەرچە گۈلزىبانى سۆيۈندۈرۈپ خۇشال قىلغان بولسىمۇ، بىراق يەنە نېمە ئۈچۈندۇر يوشۇرۇن بىر ئازاب ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆرتەيتتى، ئىچى - ئىچىدىن ئۆرلەپ چىققان يىغاندىن پىنھان جايلارغا بېرىپ، قانغىچە يىغلىۋالغۇسى كېلەتتى. گۈلزىبا يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟ ئۇ ئانىسى بۇمەرەمخاننىڭ دەرد - ھەسرەتلىرىگە ئورتاق بولامدۇ؟ ئۆگەي دادىسى قايىتنىڭ زۇلمىنى تارتامدۇ؟ ئۇنىڭ ھايا -

نومۇس پەردىلىرىنى يىرتىپ قىلغان سەت ھاقارەتلىرىنى كۆتۈرەمدۇ؟ مۆلۈلدەپ تۇرغان بىگۇناھ ماھىگۈل بىلەن ئابدۇنەبىنىڭ چىقىملىرىچۇ؟ شۇنداق، گۈلزىبا دەردلىرىنى تۆكۈپ ئىچىنى بوشاتقۇدەك بىر مۇڭداشقا، مىسكىن كۆڭلىگە تەسەللىي بەرگۈدەك بىر سىرداش دوستقا، ۋارقىرىسىمۇ، تىللىسىمۇ ئۆزى ئېتىقاد قىلغۇدەك بىر ھەمراھقا قانچىلىك مۇھتاج ئىدى - ھە! قىشلىق تەتىلدىكى بىر ئىشنى ئۇ ھېلىھەم مەمنۇنىيەت بىلەن ئەسلەيدۇ. ھېكمەت بۇمەرەمخاننى يوقلاپ كىرگەنىدى، قايىت مەست كىرىپ، پۇل توغرىلىق ئىنتايىن سەتلەشتى. گۈلزىبا ئۇياتتىن ئۆلۈۋالغۇدەك بولدى. ئەمما ھېكمەت: «گۈلزىبا، كۆڭلىڭىزگە ئېلىپ كەتمەڭ، قايتكام كەيىپ بولۇپ قاپتۇ، كەيپىلىكتە ھەر قىسما گەپلەرنى قىلىپ قويىدۇ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ...» دېگەنىدى. بۇ بىر جۈملە سۆزنى گۈلزىبا قانچە كېچىلەر ئەسلەپ، قانچە كېچىلەر ياش تۆكمىدى دەيسىز!... ئىنساننىڭ كۆڭلى شۇنچىلىكلا نەرسىكەنغۇ!... تۇۋا، شۇ كىچىككىنە تەسەللى بۇ ناتىۋان قىزنىڭ مىڭ يىللىق دەردلىرىنى، تۈمەن يىللىق ئازابلىرىنى يۇيۇۋەتكەندەك بولغانىدى!... ئەمما ھېكمەت بۇ قېتىم شەھەردە يېرىم ئاي يۈرۈپ، خانىمزاتخان ئانىنى كۈنىگە يوقلاپ تۇرۇپتۇ، دوستلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە نەچچە قېتىم بېرىپتۇ... ئەجەبا، كېسەل بۇمەرەمخاننى بىرەر قېتىم يوقلاپ قويماپتۇ؟

— گۈلزىبا، — دېدى كامىل ئارقىسىغا قارىماي يوتقان تاشلىرىنى سومكىغا قاچىلاۋاتقان گۈلزىبانى چاقىرىپ، — ۋۇي، نېمە بولدىڭىز؟ يىغلاپسىزغۇ؟

— ھېچ، ھېچ ئىش بولمىدى، كۆزۈمگە كۆمۈتمىكى بىر نەرسە كىرىپ كەتتى.

ئۆينى بىردىنلا جىمجىتلىق باستى. مۇرات، زۇمرەت، كامىللارنىڭ خۇشاللىقى گۈلزىباغا دەرد ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئۇلار چۈشەنەتتى. شۇڭا، كامىل ھەسرەتلىك قىزنىڭ كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن بولسا كېرەك، ھېكمەتنىڭ ئىسمىنى چىقاردى.

— مۇرات، قۇرۇم كۆلىگە بېرىپ ئويناش ئىشىنى ھېكمەت

بىلەمدۇ؟

— بىلەمدۇ دېگىنىڭ نېمىسى؟ — دېدى مۇرات كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ،— بۇ ھېكمەتنىڭ پىلانى تۇرسا! ئۇنىڭغا كۈنىگە تۇرمۇش پۇلى بېرىدىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا تەشۋىقات بۆلۈمى كېرەكلىك بوياقلارنى تاپالمىغاندىن كېيىن، ھېكمەتنىڭ ئۆزىنىڭ بوياقلىرىنى ھېسابلاپ پۇل بېرىپتۇ. شۇڭا، تۈنۈگۈنكى مىرزاپىشانىڭ ئۆيىدىكى ئولتۇرۇشقا پۇلنى شۇ بەردى. قالغىنىغا ھەممىمىزنى بىر ئويناتماقچىكەن.

— ئۇنداقتا ئۇ خېلى باي بولۇپ قاپتۇ - دە! — دېدى كامىل.

— يانچۇقىدىن شارتلا قىلىپ بىر تۇرتەك پۇلنى چىقاردى دېگىنە.

— مەندىمۇ بىر ئاز پۇل بار، شەنبە كۈنى تەييارلىقنى ئوبدان قىلايلى،— دېدى كامىل گۈلزىباغا قاراپ،— قۇرۇم كۆلىدە راسا بىر كۆڭۈل ئاچايلى، قانداق دېدىم گۈلزىبا؟

شۇ كۈنى ئۇلار گۈلزىبا ئېتىپ بەرگەن تاماقنى يەپ، مەكتەپتە قونۇپ قالدى. زۇمرەت شەنبە كۈنى نەفىسە بىلەن بىللە كىرىدىغانلىقنى ئېيتىپ، پوچتىخانىغا كەتتى.

ئەتىسى سەھەر تۇرغان گۈلزىبا كامىل بىلەن مۇراتنى ئويغاتتى، ئۇلار شەھەرگە مېڭىشتى. «سەپەرگە چىقساڭ، سەھەر چىق» دېگەندەك، ئەتىگەنلىك سالقىندا ئۇلار شەھەرگە ئىككى سائەتكە قالماي يېتىپ كېلىشتى. چايخانا مەكتەپ ئالدىغا كەلگەندە، مۇرات بىلەن كامىل ھېكمەتنىڭ قېشىغا بىللە بېرىپ كېلىشنى ئېيتقانىدى، گۈلزىبا ئۇنىماي كېتىپ قالدى.

ئاخشام گۈلزىبانىڭ ھېكمەت توغرىلىق يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرى مۇراتقا بەك تەسىر قىلغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن سوقۇشىدىغاندەكلا ئەلپازدا ئىدى. ئەمما كامىل ئۇنى بېسىپ تۇراتتى، ئۆزىنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى چاندۇرمايتتى. مۇرات، ھېكمەتنى ئىشخانىسىدىن چاقىرتىپ چىقتى. ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق ھېكمەت ئۇلار بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ، خۇشاللىقىغا پاتمايلا قالغانىدى. كامىل بىلەن مۇرات بولسا، تۈزۈكرەكمۇ گەپ قىلمايتتى، ئۇلار ئۇستى

قىرقىلغان قارىياغاچ پاسىلىنىڭ ئاستىدىكى سېمونت ئېرىق قىرىدا ئولتۇرۇشتى. كامىل سۇرلۇك قىياپەتتە قاياقىدۇر قاراپ ئولتۇراتتى، مۇرات تىترىگەن قوللىرىدا تاماكا ئوراتتى.

— سىلەرگە نېمە بولدى؟ — دېدى ھېكمەت خاپا بولۇپ، — خۇددى مەن بىر يەرگە ئوت قويۇۋەتكەندەك ئالىيسىلەرغۇ؟

— ئەمىسە ئوت قويساڭ بولامتى؟ — دېدى مۇرات غەزەپ بىلەن، — ئېيتقىنا شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، يەنە قايسى قىز بىلەن تونۇشتىڭ؟. . . ياكى ئىشخاناڭدىكى ئىككى پاخپاق قېرىغا قانات سۇرەپ يۈرەمسەن؟. . .

— ھەي، ھەي، گەپنى سىلىق قىلساڭچۇ! — دېدى كامىل مۇراتقا.

ھېكمەتنىڭ بىردىنلا ئاچچىقى كەلدى، ئۇنىڭ تومۇرلىرىدىكى قان بىردىنلا يۈزىگە تەپتى. قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ، گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ، سەكرەپ تۇرۇپ كەتكۈسى كەلسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— سىلەر زادى نېمە دېمەكچى؟ ئۇيالماي ماڭا مۇشۇنداق گەپ قىلامسىلەر؟ — ھېكمەت يىغلىغۇدەك ھالدا قايناپ كەتتى، — سىلەر مېنى چۈشەنمەمسىلەر؟ مەن شۇنداق تۇترۇقسىز ئادەممۇ؟ دوستلار شۇنداق ئويلىسا، باشقىلاردىن ئاغرىنمىسممۇ بولغۇدەك. . .

— قارىسىلا ھېكمەت، — كامىل ئەمدىلا گەپ باشلىۋېدى، مۇرات ئۇنى سىلكىۋەتتى:

— سەنلەپ گەپ قىلە. . .

— ھېكمەت، — دېدى كامىل ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، — بىز قۇم قايغانغا كەتكەندە، خان ئانامنى، دوستلارنى يوقلاپ تۇرۇپسەن. بۇنىڭدىن بىز ئىنتايىن خۇشال بولدۇق. ئەمما بۇمەرەمخان ئاچىنى بىر قېتىممۇ يوقلاپ بارماپسەن، بۇ ئىش گۈلزىبانىڭ كۆڭلىگە كەلمەمدۇ؟. . .

— تېخى بىزنى «ئۇيالماي» دەيسىنا، — دېدى مۇرات تېرىكىپ، — «ئۇيات»نى بىلىدىغان ئادەم ئادىمىگەرچىلىكنىمۇ ئۇنتۇمىسا بولاتتى.

ھېكمەت نېمە دېيىشنى بىلمەي، بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئۇزۇن جىم-جىم كەتتى. كامىل بىلەن مۇراتنىڭ ئاچچىقلىنىشى توغرا ئىدى.

چۈنكى ئادىمگەرچىلىك يۈزىسىدىن ئېيتقاندا، ھېكمەت خاتا قىلدى. ئابدۇنەبى چېغىدا ئۇنى ئىككى قېتىم ئىشخانىسىغا ئىزلەپ كەلدى. بۇمەرەمخانىنىڭ «تاماق يەپ كەتسۇن» دېگەن خەۋىرىنى ئاڭلىدى. ھەتتا ماھىگۇل بىر كەچتە تاماق ئەكەلدى. ئۇ: «ئانام ھېكمەتنىڭ ئىشى ئالدىراش ئوخشايدۇ دەپ مېنىڭدىن ئەۋەتتى» دېدى. دەسلەپتە، شەھەردىكى دوستلار ھېكمەتنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئۆيلىرىگە چاقىرىشتى، ھەر كۈنى ئۆزلىرى كېلىپ ئېلىپ كېتىشتى. ئەمدى باراي دەپ تۇرۇشىغا، ئايدىڭ كېچىدىكى گۈلرۇزنىڭ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇش ئىشى يۈز بەردى. ئەمدى بۇ ئىشنى ھېكمەت دوستلىرىغا قانداق چۈشەندۈرەر؟

— جىمىپ كەتتىڭغۇ، گەپ قىلمامسەن؟ — دېدى مۇرات ھېكمەتنى جەينەكلەپ.

— مەن. . . مەن ئۇ ئۆيگە بارمايمەن. . .

— نېمىشقا ئەمدى؟

— بارمايمەن دېدىم، بارمايمەن. . . سىلەر ئۇقمايسىلەر. . .

— بارمىغىن دەيدىغان بىرەرسى بار ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى مۇرات ھۇرپىيىپ.

— شۇنداق! كۆڭلۈم، ۋىجدانىم، يۈرىكىم بارما دەيدۇ! . . .

— چۈشەندىم، — دېدى كامىل، — سېنىڭ «ئامىنەنى ياخشى كۆرمەيمەن» دېگىنىڭ يالغان! سەن يەنىلا ئۇنىڭدىن ئۈمىد ئۈزەلمەيۋاتىسەن! . . .

— ئەزىبىرايى خۇدا، ئۇنداق ئەمەس. . . ھازىر ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسامму يىرگىنىمەن! . . .

— ئەمىسە، نېمە ئۈچۈن «بارمايمەن» دەپ گەپنى ئۈزۈۋېتىسەن؟ . . .

— مەن. . . مەن. . . بولدىلا. ئەمدى گەپ سوراۋەرمەڭلار.

كامىل، ھېكمەتنىڭ چىرايىنىڭ ھېلىدىن ھېلى ئۆزگىرىشى، كۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىشلىرىدىن، ئۇنىڭ ئېيتالمايۋاتقان بىرەر سىرىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى. شۇڭا، ئۇ مۇراتقا «گەپ قىلما!» دېگەندەك

ئىشارە قىلغاندىن كېيىن، ئۆزى مۇلايىملىق بىلەن سورىدى:

— ھېكمەت بىز ئۈچىمىز جان - جىگەر سىرداش دوستلاردىن!... ئارىمىزدا يوشۇرىدىغان، بىر - بىرىمىزگە سىر بەرمەيدىغان كۆڭۈل ئالىلىق بولسا، ھەرگىز چىن دوستلاردىن بولالمايمىز... باش كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئۆز ئارا بامەسلىھەت ئىش قىلىپ، بىرەر چارە، ئامال تېپىشىمىز كېرەك، قانداق دېدىم؟

— ماقۇل، — دېدى ھېكمەت ئۇزۇن جىمىلىقتىن كېيىن، — مەن بۇمەرەمخان ئانىنى يوقلىيالمىغانلىقىم ئۈچۈن، گۈلزىبا ئالدىدا كەچۈرگۈسىز ئۆزۈرلۈكمەن... ئەمما...

ھېكمەت يېرىم كېچىدىكى گۈلرۇز ۋەقەسىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئۇ... ئۇ گۈلزىبانى ھاقارەتلىگەنلىكى ئۈچۈن، مەن ئۇنى قاتتىق ئىتتىرىۋەتتىم...

— ئىپلاس، — دېدى مۇرات ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، — مەن ئۇنىڭ ئەدىبىنى بېرىمەن...

— بولدى، ئۆپكەڭنى بېسىۋال! — دېدى كامىل ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ، — سەئىدە ئاچامنىڭ دېگىنى توغرا ئىكەندە...

— سەئىدە ئاچام نېمە دېگەن؟ — مۇرات چەكچەيدى.

— گۈلرۇزنىڭ بىر نەچچە كۈنلۈك ئىشىنى ئاچام قىلىپتۇ. ئۇ، يىقىلىپ چۈشتۈم دەپ قولىنى تېڭىۋاپتۇ...

— ئۆلگەن بولسا بوپتىكەن، — مۇرات تاماكا ئورىدى.

— ھېكمەت، كەچۈرگىن، سېنى خاتا ئەيىبلەپتىمىز... — كامىل خىجىللىق ئىلكىدە ھېكمەتنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى.

— خاپا بولما ھېكمەت، — دېدى مۇرات تاماكىسىنى ھېكمەتكە سۇنۇپ، — مىجەزىمنى بىلىسەن... مېنىڭ راستىنىلا ئاچچىقىم كەلگەنىدى.

— ئاچچىقىڭنىڭ كېلىشى يوللۇق مۇرات، سەن ۋىجدانەن سۆزلىدىڭ، لېكىن دوستلار ئۆز ئارا كەچۈرۈم سوراپ يۈرسەكمۇ بولمايدۇ...

— ھېكمەت، خاتىرجەم ئىشىڭنى قىلىۋەر، بىز ئىككىمىز بۇ ئىشلارنى توغرىلايمىز. . . — دېدى كامىل ئورنىدىن تۇرۇپ.
ئۇلار ھېكمەت بىلەن خوشلاشتى. كامىل ناھىيىلىك كومىتېتنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ، تەشۋىقات رەسىملىرى چاپلانغان ئەينەك جازىنىڭ دالدىسىدا توختىدى. گۈلزىباغا بۇ ئەھۋالنى دېيىش كېرەكمۇ - ئەمەسمۇ؟ ئەگەر دېمىسە، ئۇ ئاغرىنىش ئىچىدە ئۆتىدۇ، دېسە ئائىلىدە بىر ئەھۋالنىڭ تۇغۇلۇشى ئېنىق. مۇرات ھەقىقىي ئەھۋالنى گۈلزىباغىمۇ ئېيتىش، گۈلرۇزنىمۇ ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا چىڭ تۇرۇۋالدى. ئەمما كامىل گۈلزىباغا ئېيتساق ئۇنىڭدىن بۇ توغرىلىق ھېچكىمگە تىنماسلىق، گۈلرۇزغا چېقىلماسلىق توغرىلىق ۋەدە ئالساق بولىدۇ، بولمىسا، ئىشنى چوڭايتىپ قويىمىز دەپ، مۇراتقا چۈشەندۈردى.
— ئەمىسە، گۈلرۇزنىڭ بۇ ئىشىنى شۇنداقلا بولدى قىلىمىزمۇ؟ — دېدى مۇرات ئاچچىقلاپ.
— گۈلرۇز يامان قىز، — دېدى كامىل، — ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلغان بۇلۇت بوران - چاپقۇنسىز ئۆتمەيدۇ. ئۇ بىلىكىدىكى جاراھەتنى يوشۇرغىنىغا قارىغاندا، ئەمدى جىمىيدۇ. ئەگەر ئۆخلىغان يىلاننى ئويغىتىپ قويساق، گۈلزىبا بىلەن ھېكمەتكە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىمىز. . .
— ئادەم دېگەن تولىمۇ يۇۋاش، ساددا بولۇپ كەتسە بولمايدىكەن، — دېدى مۇرات، — بىر ئەرلىك بولغان قۇتبىرەمنىڭ، ھەتتا گۈلرۇزنىڭمۇ ھېكمەتنى ئەخمەق قىلماقچى بولغانلىقىنى كۆرمەمسىن! . . .
كامىل بىلەن مۇرات گۈلزىبانىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقاندا، ھېكمەت ئىشخانىسىدا خىيال بىلەن رەسىم سىزىۋاتاتتى. ئۇ خۇددى مۇرات ئەيىبلىگەندەك، ئۆزىگە - ئۆزى كايىۋاتاتتى. ئۇ نېمە ئۈچۈن مۇرات، كامىللاردەك قەھرىمۇ بار، زەھىرىمۇ بار ئەرلەردىن بولالمايدۇ؟ كىمگىلا بولسا ئىچ ئاغرىتىپلا يۈرىدۇ، كۆڭۈلچەكلىك قىلىدۇ؟ ئۆسمۈرلۈك چېغىدا، زەيتۇنەنىڭ بىر ئېغىز گېپىگە چىدىماي، ئۆزى چۈشەنمىگەن،

بىلمىگەن بىر نادانلىقنىڭ تامغىسىنى بەدىنىگە بېسىۋالدى... مەيدىسىدىكى خەتكە ھەر قېتىم كۆزى چۈشكىنىدە، ئۆزىگە ئۆزى نەپرەتلىنىدۇ، ئىنىستىتۇتتىمۇ ئۈچ يىلغىچە ئۆزىنى پاك تۇتۇپ كېلىپ، ئاقىۋەت ئامىنەنىڭ كۆز يېشىغا پايلىماي، داغدا قالدى... ئەمدى گۈلزىبانىڭ ھۆرمىتى بىلەن، گۈلرۇزغا بىر ياغلىق سوۋغا قىلدى، ئۇ ئىككى ئەتلەس ئېلىپ بېرىپ يەنە ياغلىق تەلەپ قىلدى. ھېكمەت ئەتلەس ئۈچۈن بەرگەن ئىككى ياغلىقنى ئاز كۆرۈپ، غۇلجىدىن يەنە ئاق توپلەي ئەكەلدۈرۈپ بېرىۋېدى، ئۇ باشقىچە چۈشىنىپ، ئاچىسىغا قىلتاق قويدى... تووۋا، گۈلرۇزنى ئىتتىرىۋېتىپ، يەنە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ نەچچە كۈنگىچە كېلىدىن تاماق ئۆتمىگىنى قىزىق... بۇ قۇللارچە كۆڭۈلچەكلىك، تەقدىرىنى ۋەيران قىلغۇدەك ساددىلىق، مەغلۇپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان ئاق كۆڭۈللۈك ئۇنىڭ مىجەزىگە نەدىن سىڭگەندۇر؟ ... ھېكمەت دادىسى ئېلىنىڭ ماشىنىسىدا ئىش تىكىۋېتىپ ئېيتىدىغان مۇنۇ ناخشىسىنى پات - پاتلا ئەسلەيتتى:

ياخشىدىن كەلسە يامانلىق،
قىل ئاڭا ھەم ياخشىلىق.
يانمىشا ئاندىن ساڭا،
يانغاي خۇدادىن ياخشىلىق...

توغرا، دادىسى ئۇنىڭغا كىچىكىدىن تارتىپلا ياخشىلىقنىڭ ئۇلۇغلۇقى، يامانلىقنىڭ گۇناھلىقى توغرىلىق سۆزلەيتتى: بىراۋلار سېنى ناھەق ئۇرۇۋالسىمۇ قول ياندۇرما، چۈنكى سېنىڭ گۇناھىڭنى ئۇلار ئۆزلىرىگە يۈكلىۋالغان بولىدۇ، دەپ نەسىھەت قىلاتتى. بۇ تەربىيە ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىگە تاش مۆھۈردەك بېسىلىپ كەتكەنىدى... شۇڭا، ئۇ بىرولار بوزەك قىلسا، غىڭ قىلماي كېتىپ قالاتتى، يوللاردا تىلەمچىلەرنى كۆرسە، جىلتىسىدىكى ناننى بېرىۋېتىپ، ئۆزى مەكتەپتە ئاچ يۈرەتتى. ساۋاقداشلىرىنىڭ دەپتەر، قەلىمى بولمىسا، ئالدى -

كېيىنگە قارىمايلا ئۆزىنىڭكىنى بېرىۋېتەتتى. كىچىلىرى دادىسى تىككەن كىيىملەرگە پەتلە ئاچاتتى، تۈگمە قادايتتى، بەزىدە دادىسى ئارقا بويى، پەشلەزنى ئىككى - ئۈچ يەردىن چېتىپ بەرسە، قولىغا ئۈيماق سېلىپ، جۇۋىمۇ تىكەتتى، ھەتتا مۈگدەپ قېلىپ، شىرەدىكى لامپىغا ئۇسسۇۋېلىپ، چاچلىرى چارلىشىپمۇ كەتكەنىدى. ئېلى ئاكا تىكىلگەن كىيىم - جۇۋىلارنىڭ سىمكار ھەققى كەلگەندە، ھېكمەتكە بىرەر - يېرىم سوم بېرەتتى، ئۇ ئۇدۇل بېرىپ دەپتەر، قەلەم، كىتاب سېتىۋالاتتى... ئۇ ئالتە يېشىدىن تا تۇرغانوپ ئېلىپ كەتكەنگە قەدەر، دادىسىنىڭ ھاسا تايىقى بولغانىدى. كىچىكىدىكى بىر ئىش زادىلا ئېسىدىن چىقمايدۇ. ئۇ، راسا سوغۇق بولۇپ، تېرەك قوۋزاقلىرى تارسىلداپ يېرىلىۋاتقان قىشنىڭ بىر كۈنى، ئۆيگە پوپايكىسى بىلەنلا يۈگۈرۈپ كىردى. ئۇ چاپىنىنى سىنىپىدىكى بىر بالىغا كىيگۈزۈپ قويغانىدى. ھېكمەت: «ئۇ بالىنىڭ دادىسى يوق، سوغۇقتا جىلىتكىسى بىلەن سىنىپتا ئولتۇرىدۇ، بۇرۇنلىرىدىن چوكا مۇزلار ساڭگىلاپ قالىدۇ...» دەپ يىغلاپ سالدى. ئېلى ئاكا غىڭ قىلماي، ئايالى تىتىپ بەرگەن يۇڭنى سېلىپ، شۇ كىچىسىلا ئۇنىڭغا بىر چاپان تىكىپ كىيگۈزۈپ قويغانىدى. ھېكمەتنىڭ بالىلىقى ئەنە شۇنداق غەلىۋە - غۇدۇرسىز، بىر ئۇندە، بىر تۇندە ئۆتۈپ كەتتى...

ھېكمەت ئىشتىن چۈشۈپ ھېچ يەرگە بارمىدى. ئۇ چوڭ ئىشخانىنىڭ بىر تەرىپىگە قويۇلغان كارىۋىتىدا يانپاشلاپ يېتىپ كىتاب كۆردى. كامىل، مۇراتلار كېلىپ قالارمىكىن دەپ يولىغا قارىغانىدى، ئۇلارمۇ كەلمىدى. ئۇنىڭ بىردىنلا بازارغا چىققۇسى كېلىپ قالدى. تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ياڭ بوجاڭ ئۇنىڭغا «ياخشى ئىشلەۋاتىسەن» دەپ، ناھىيىلىك كومىتېت كادىرلىرىغا نورمىلىق تارقاتقان كىرسوپۇن بېلىتىدىن بىرنى، ئەتىرسوپۇن بېلىتىدىن ئىككىنى، يەنە بىر كىملولىق قارا كەمپۈت بېلىتى بەرگەنىدى. ئۇ بېلەتنى يانچۇقىغا سېلىپ، گۈلباغدىكى تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىغا كەلدى، ئالىدىغان نەرسىلىرىنى ئېلىپ، سومكىغا قاچىلاپ قايتىپ كەلدى. ھېكمەت ياتىقىغا كىرىپ يەنىلا

زېرىكىپ ئولتۇرالمايلا قالدى. ئۇ كىمنىدۇر سېغىناتتى، ئىچى پۇشاتتى. ئاخىرى ئۈستەلگە بىر ئۇچۇم قارا كەمپۈتنى ئالدى. ستاكانغا چاي قۇيدى. ئىككى كۈن ئالدىدا ئالىمجان زىھرۇللا ئەكېلىپ بەرگەن بىر بوتۇلكا «شىپىلىڭ» ھارىقىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، پىيالىگە يېرىم قۇيدى.

ھېكمەت ھاراقنى ئاز - ئازدىن ئوتلاپ تۈگەتتى، قارا كەمپۈتنى كاراسلىتىپ چاينىدى. پىيالىگە يەنە ھاراق قۇياي دەپ تۇرۇشىغا، ئىشىك چېكىلدى. ئۇ ھاراقنى ئالمان - تالمان كارىۋات ئاستىغا يوشۇرۇپ، ئىشىكنى ئاچتى. ماھىگۈل بوپپا قۇچاقلىغىنىچە، ئۇنىڭغا كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى.

— كىرىڭ، كىرىڭ...— دېدى ھېكمەت ئاغزىم پۇراپ قالمىسۇن دەپ يىراق تۇرۇپ.

ماھىگۈل بوپىنى ئېچىپ، پاكىزە يۇيۇلۇپ، دەزماللانغان كىيىملەرنى ئېلىپ، ھېكمەتنىڭ كارىۋىتىغا قويدى. بۇ ئاچىسىنىڭ سۈرىتىدەك ئوماق قىز گۈلزىبانى ئەسكە سېلىپ كۈلۈمسىرەيتتى.

— ئاچام ئەتىگەندە ياتىقىڭىزدىن ئالغاچ كەتكەن، — دېدى ماھىگۈل سىزىلغان رەسىملەرگە قاراۋېتىپ، — مېنى «دەرھال ئاپىرىپ بەر، ئالماشتۇرىدىغان كىيىمىمۇ قالمىغاندۇر» دەپ ئەۋەتتى.

— رەھمەت، ئانىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداق، ئابدۇنەبىچۇ؟

— ھازىر ياخشى، نەبى ئۇكام تالادىن كىرىپلا سىزنى سورايدۇ...

ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلىپ، كامىل بىلەن مۇرات كىرىپ كەلدى. ئۇلار خېلىلا خۇشال كۆرۈنەتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولغان چېغى.

— ھەي، ھەي، ھاراقنى ئۆزەڭ يالغۇز ئىچتىڭمۇ؟ — دېدى مۇرات ياتاقنى ھىدلاپ، — مۇنداقمۇ ھۈنىرىڭ بار دېگىن! كېلىڭدىن يالغۇز قانداقمۇ ئۆتكەندۇر؟

— نەدىكى ھاراقكەن ئۇ؟ — دېدى ھېكمەت كۆزىدە ماھىگۈلنى ئىشارە قىلىپ، — سىڭلىڭنىڭ بۇرنىڭغا شۇنداق پۇرىغان ئوخشايدۇ.

كامىل بىلەن مۇرات كارىۋاتتىكى كىيىملەرگە قاراپ كۈلۈپ

قويۇشتى. ماھىگۈل داستىخانلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ماڭماقچى بولدى، ھېكمەت قىزنى توختىتىپ يانچۇقىغا ئۆچۈملاپ كەمپۈت سېلىپ قويدى ۋە بىر دانە ئەتىرسوپۇننى داستىخانغا ئوراپ قويدى.

— كەمپۈتنىڭ يېرىمىنى ئابدۇنەبىگە بېرىڭ، ئەتىرسوپۇننى ئاچىڭىزغا بېرىڭ، — دېدى ھېكمەت يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ، — بۇ پۇلغا تاۋىدىن ئەمدىلا قومارغان گۆش گىردىمۇ ياكى سامسىمۇ ئېلىپ، ئانىڭىزغا ئالغاچ بېرىڭ. . .

— رەھمەت ھېكمەت ئاكا! سىز قاچان بارسىز؟

— مەن. . . — ھېكمەت تۇرۇپ قالدى، — ئەتىلەتتىن بارسەن. . .

ھېكمەت ماھىگۈلنى ئۇزىتىپ قويۇپ كىرىشىگە، مۇرات كارىۋاتنىڭ ئاستىدىكى ھاراقنى ئۈستەلگە ئېلىپ، سومكىدىكى كەمپۈتنى ئۆچۈملاپ گېزىتكە تۆكۈۋاتاتتى.

— ھەي، ھەي، مۆمىناخۇن، — دېدى مۇرات چاقچاق قىلىپ، — سېنى يۇۋاش، مۆمىن دەپ يۈرسەك، بىز ئايدا - يىلدا ئېرىشەلمەيدىغان ئەتىرسوپۇن، كەمپۈت بېلەتلىرىنى نەدىن تاپتىڭ؟ تېخى ئىچىدىغىنىڭ پېچەت ھاراق!

— تەشۋىقات بۆلۈمىدىن بەردى، — دېدى ھېكمەت كۈلۈپ، — ساقلىسام كەلمىدىڭلار، شۇڭا ئىچىم پۇشۇپ بىر يۇتۇم ئىچىشىمگە، سەن بالا - قازا كىرىپ كەلدىڭ. . .

— ئاشۇنداق دېگىنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ، بوتۇلكاڭنى قۇرۇقدىۋېتىپ چىقىپ كېتىمەن، — مۇرات بوتۇلكىنى قولىغا ئالدى، — ئۆزەڭ قۇيۇپ بېرەمسەن ياكى مۇشۇنداقلا كۆتۈرەيمۇ؟

— بولدى، بولدى، مەن مېھمان قىلاي. قورسىقىڭلار قانداق؟ ئازراق بىر نېمە ئەكىرەيمۇ؟

— قارا، مۆمىناخۇن بايۋەچچىنىڭ چوڭ سۆزلىگىنىنى. . .

— قورسىقىمىز توق، — دېدى كامىل، — ھازىرلا بىزنىڭ ئۆيدىن كېلىشىمىز. ھاراقمۇ ئىچمەيمىز، سېنى زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ كەلدۇق.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ كامىل؟ — دېدى مۇرات ياسما ئاچچىقلاپ، — قېيىن سىڭلىسى كەلسە، ۋاي مانى قېيىن ئىنىمغا بېرىڭ. ۋاي مانىڭغا قېيىن ئانامغا ئۇنى ئاپىرىڭ، ۋاي بۇ بولسا سۆيۈملۈكۈمگە ئاتىغىنىم دەپ سەككىز تازىم قىلىپ، پايپېتەك بولۇپ كېتىدۇ، ئەمدىزە بىز بىر يۇتۇم ھارىقنى ئىچسەك بولمامدىكىنا! . . .

كامىل بىلەن ھېكمەت، مۇراتنىڭ ئاۋازىنى ئىنچىكە چىقىرىپ، ھەرىكەتلىرى بىلەن دوراپ كېتىشلىرىدىن كۈلۈپ كېتىشتى. بولۇپمۇ، ھېكمەت «قېيىن ئانا، قېيىن ئىنى، سۆيۈملۈكۈم» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈندى.

ئۇلار قۇرۇم كۆلى ئىشىنى بىر قۇر مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن، بىر - ئىككى يۇتۇمدىن ھاراق ئىچىپ قايتىشتى. ھېكمەت دوستلىرىنى ناھىيىلىك كومىتېت دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. شەھەر چىراغلىرى كوچىلارنى كۈندۈزدەك يورۇتىۋەتكەنىدى. ئادەملەر، ئېشەك ھارۋىلىرى ئۆتۈشۈپ تۇراتتى، بىرەر - يېرىم ماشىنىلارمۇ ئۆتۈپ قالاتتى. ئەمما ھاۋا تىنجىق ئىدى.

— ماھىگۈلگە ۋەدە قىلىپ قويدۇڭ، قانداق قىلىسەن؟ — دېدى كامىل، — ئەمدى بارمىساڭ بولماس.

— ئەتە ئەتىگەن گۈلرۇز ئىشقا كەتكەندە بارىمەن. . .

— مەن ساڭا دەپ قوياي، — دېدى مۇرات بېگىز بارمىقىنى شىلتىپ، — قۇرۇم كۆلى ئىشىنى سېنىڭ ئۈچۈنلا پىلانلىدىم. يەنە تىلىڭنى چايناپ يۈرىدىغان بولساڭ. . .

— خاتىرجەم بول. . .

كامىل بىلەن مۇرات كېتىپ قالدى. ھېكمەت قايتىپ كىرىپ يېتىپ قالدى. ئەمما ئۇ تاڭ ئاتقىچىلا گۈلزىبانى چۈشەپ چىقتى. ئەتىگەنلىكى ئۇ پاكىزە يۇيۇنۇپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى، ئاڭغىچە ياردەمچى خانىملارمۇ كېلىشتى. ھېكمەت ئۇلارغا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئىشخانىدىن چىقتى. گۈلزىبانى كۆرمىگىلى مانا توپتوغرا 14كۈن بوپتۇ، ئۇ قانداق بولۇپ كەتكەندۇر؟ جۇدەپ

قالغانمىدۇر؟ سۇمبۇل چاچلىرىدىكى ئۈچ بۇرجەكلىك تۇمار ئۆز جايىدا تۇرغانمىدۇر؟ ئۇ ھېلىھەم ئادەم ئەيمەنگۈدەك سۇباتلىق، لاتاپەتلىكمىدۇر؟ ئۇنىڭ سۆزلەشنى، كۈلۈشنى بىلمىگەن ھايالىق چوڭ كۆزلىرىچۇ؟

ھېكمەت شېرىن خىياللار ئىلكىدە ئاۋغان كوچىسىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلمەيلا قالدى. ئۇ، قوش قاناتلىق ئەگۈن ئالدىدا، ئۆزىنى بىسىۋېلىش ئۈچۈن بىر ئاز تۇردى. ئاندىن قوش ھالقىغا قولىنى ئۇزىتىپ تۇرۇۋىدى، ئورۇق، سەل دوكراق، قوش بۇرۇن، ئېڭەكلىرى ئۇچلۇق بىر بوۋاي چىقتى، بوۋاينىڭ قولىدا داستىخانغا ئورالغان بىر يۆگەكمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا گۈلزىبا كۆرۈندى، ئۇ ھېكمەتنى كۆرۈپ ھوپپىدە قىزىرىپ، دەماللىققا بىر نىمە دېيەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— خوش قىزىم، ئۆزلىرىنى خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، — دېدى بوۋاي چىشسىز ئاغزىلىرىنى ماكىلدىتىپ.

— ماقۇل بوۋا، قوشنا بولغاندىكىن، پات ـ پات كىرىپ تۇرسىلا، — دېدى گۈلزىبا بوۋايغا ئېگىلىپ تازىم قىلىپ، — مەنمۇ ئۆزلىرىنى يوقلاپ تۇرىمەن.

— رەھمەت قىزىم، رەھمەت، ھېلىمۇ ئۆزلىرى ماڭا كۆپ قاراۋاتىلا، — دېدى بوۋاي يىغلامسىراپ، — ئالتۇن بويلىرى ئامان بولغاي. . .

بوۋاي ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ، دوڭغاقلىغىنىچە كېتىپ قالدى. ھېكمەت ئۆيگە باشلاندى، گۈلزىبا لەپپىدە قاراپ قويىدى. سۇس ھاۋارەڭ، چاقماقلىق كالتە يەڭ كۆڭلەك، ئاق شىم، كۈلرەڭ شىبلىت يارىشىپ كەتكەن ھېكمەتنىڭ بويى ئېگىزلەپ قالغاندەك ئىدى. ئۇ يالاڭ باشتاق بولۇپ، قۇلاق ئۇستىلىرىنى بېسىپ تۇرغان بۇدرە چاچلىرى، قويۇق قاشلىرىغا چۈشۈپ تۇراتتى. گۈلزىبا بولسا، كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسى ئۇستىگە يېشىل يوپۇرماقلىق قىزىل گۈل چۈشۈرۈلگەن ئاق كوپتا، قارا ئەتلەستىن يوپكا كىيىۋالغانىدى.

— ئەسسالام بۇمدرەمخان ئاچا! ئوبدان تۇردىلىمىكى؟ — دېدى

ھېكمەت مېھمانخانىدا يۇڭ يىپ تورتەكلەۋاتقان بۇمەرەمخانغا تەزىم قىلىپ، — ۋاقتىدا يوقلاپ كېلەلمىدىم، ئەپۇ قىلارلا. . .

— يوقسۇ، يوقسۇ ئۇنداق بولامدىغان! — بۇمەرەمخان ئورنىدىن تۇردى، — سىزنىڭمۇ ئىشىڭىز ئالدىراش تۇرسا. . . قېنى يۇقىرى ئۆتۈڭ. . .

بۇمەرەمخاننىڭ كېسىلى ياخشى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆينىڭ تۆرىگە كۆرپە سېلىپ، گۈلزىبانى چاي تەييارلاشقا بۇيرىدى. ئەمما ھېكمەت ئىشخانىدا ئىككى خانىمنىڭ ئۆزىگە ساقلاپ قالغانلىقى، چاي ئىچكىلى ئايرىم كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆزرە سورىدى.

— شۇنداق بولسىمۇ بىر چىنە چاي ئىچىپ كەتمىسىڭىز كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ، — بۇمەرەمخان گۈلزىباغا قايرىلدى، — نېمىگە قاراپ تۇرىسىز قىزىم، ئاق موللا ئىمام كەتتىمۇ؟

— كەتتى ئانا. . . — گۈلزىبا چىقىپ كەتتى.

— ئۇ مويسىپىت كىم بولىدۇ؟ — ھېكمەت سورىدى.

— مەھەللىمىزنىڭ ئىمامى. ئۆزى ياشىنىپ قالدى، — دېدى بۇمەرەمخان — دۇنيالىقتا بىر تالالا قىزى بار ئىدى، يەكەنگە ياتلىق بولۇپ كېتىپ قالدى. ھازىر بۇ ئادەمنىڭ قارىغۇچىسى يوق. گۈلزىبا شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ئاش - تامىقىنى ئېتىپ، كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرىدۇ. بەزىدە تاماق سۇنۇپ، ئۆيلىرىنى تازىلاپ، خەۋەر ئالىدۇ.

— قېرىغاندا بېشىغا كۈن كەپتۇ - دە! — دېدى ھېكمەت كۆرپىگە ئولتۇرۇۋېتىپ، — گۈلزىبا ساۋابلىق ئىش قىپتۇ.

— ئاق موللا ئىمام كۆپ ئوقۇغان ئۆلىما ئادەم، — دېدى بۇمەرەمخان شىرەگە داستىخان سېلىۋېتىپ، — كۆپ ئوقۇغانلار شۇنداق بولامدىكىن تاڭ ئۆزى يۇۋاش، ئاق كۆڭۈل، ئايىغىدا قۇرت ئۆلمەيدۇ، گۈلزىبانىڭ چېچىدىكى تۇمارىنىمۇ شۇ ئادەم پۈتۈپ بەرگەن!. . .

گۈلزىبا تاتلىق - تۈرۈملار تىزىپ، چاي ئېلىپ كىردى. ئۇ پەتنۇستا ئانىسى بىلەن ھېكمەتكە چاي سۇندى، ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى پات - پاتلا ئۇچرىشىپ قالاتتى. گۈلزىبانىڭ پەتنۇس تۇتقان قوللىرى يېنىك

تىترەيتتى. قىزنىڭ بۇ ھالىتىنى سەزگەن ئانا، ھېكمەتكە بىر دەم ھەمراھ بولۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. گۈلزىبا گىلەمگە چاپلىشىپ قالغان بىر نەرسىنى تاتىلىغان بولۇپ، ھېكمەتنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇراتتى.
— مەن سىزنى، — دېدى گۈلزىبا يەر بېقىپ، — ئەتىگەندىلا كېلىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم.
— گۈلزىبا، — دېدى ھېكمەت، قىزنىڭ گۈلدەك قىزارغان يۈزلەر ئاستا كۆتۈرۈلدى، — مەندىن رەنجىدىڭىز، بىلىمەن. . .
— ھازىر رەنجىشلىرىم تۈگىدى، — گۈلزىبانىڭ كۆزىدىن بىر تامچە ياش دومىلاپ چۈشتى، — گۈلرۇز ئۇ. . .
— بولدى ئۇنى ئويلىماڭ، بەردەمرەك بولۇڭ. . . ھەرگىز چاندۇرۇپ قويماڭ. . .
— ئۇقمەن. . .
— ئۇ ھازىر قانداقراق؟
— مېنى كۆرەر كۆزى يوق، ئالىيىپ يۈرگەن، — دېدى گۈلزىبا خۇرسىنىپ، — مەن ئۇنىڭ جەينىكىنى تېڭىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپلا، بىرەر يامان ئىش قىلغانلىقىنى پەملىگەنىدىم.
— كەچۈرۈڭ، قوپاللىق قىلىپ قويدۇم. . .
— ياق، — قىز چۆچۈپ قارىدى، — سىز توغرا قىلدىڭىز. . . بىلىمەن سىز مېنى دەپ. . . رەھمەت سىزگە! . . .
— مەن چىداپ تۇرالمىدىم. . .
گۈلزىبا ھېكمەتنىڭ «ھېلىغۇ ئاق كېسىلىكەن، ئەگەر ئۇ مېنى كەچۈرىدىغانلا بولسا، موخۇ كېسىلى بولسىمۇ ئۇ دۇنياغا بىللە كېتىشكە رازىمەن. . .» دېگەن سۆزلىرىنى ئېسىگە ئېلىش بىلەن، مۆلدۈرلەپ تۆكۈلۈپلا كەتتى.
— نېمىگە يىغلايسىز گۈلزىبا؟ سىز بۇنداق بىئارام بولسىڭىز، مەن. . .
— سىز گۈلرۇزنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنەمسىز؟
— قىيىسىق ئادەم نېمىلەرنى دېمەيدۇ؟ . . . مەن ئۇنچىۋالا ئەخمەقلەردىن ئەمەس.

ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا، گۈلرۇزنىڭ بويىندا ئىرناقتەك ئاق كېسەلى پەيدا بولدى. قىز بالا ئۈچۈن بۇ ئىنتايىن بەختسىزلىك ئىدى. شۇڭا بۇمەرەمخان ئۇنى كۆك تاش بىلەن كۆيدۈرۈپ، ئۆز ۋاقتىدىلا يىلتىزىنى قۇرۇتۇپ يوقاتقانىدى. گۈلرۇز بۇ كېسەلدىن ھەر قانداق يىگىتنىڭ يىرگىنىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، تەپ تارتماي ئۆز ئاچىسىنى شۇ كېسەلنىڭ نامى بىلەن قۇربان قىلماقچى بولغانىدى. ئەمما گۈلزىبا بۇ گەپنى دەپ، ھېكمەت ئالدىدا قېرىندىشى گۈلرۇزنى سۇندۇرۇشنى خالىمىدى.

# قۇرۇم كۆلى

شەنبە كۈنى ئىدى. ھېكمەت ئىككى خانىم بىلەن جىددىي رەسىم سىزىۋاتاتتى. ئۇ تۈنۈگۈن باشلىغان ئۇزۇنلۇقى تۆت مېتىر، كەڭلىكى ئىككى مېتىر كېلىدىغان تەشۋىقات رەسىمىنىڭ ئاخىرقى بوياقلىرىنى بېرىۋاتاتتى. رەسىمدە بېشىغا ئاق لۆڭگە چەگكەن چېن يۇڭگۇي يىراقنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا يانداشتىپ تۇرغان بادام دوپپىلىق ئۇيغۇر يىگىتى قولىدا ئورغاق، نەزەرىنى چەكسىز ئېتىزلارغا تىككەنىدى. پايانسىز بۇغدايلىقلاردا كومبايىنلار ھوسۇل يىغىۋاتاتتى. ئېچىلغان تىڭلاردا تراكتورلار يەر ئاغدۇرماقتا ئىدى. ياپيېشىل يايلاقلاردا چارۋىلار ئوتلاپ يۈرەتتى. . . پاختىزارلىقلاردا بولسا، ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن خوتۇن - قىزلار خۇشال ئىشلەۋاتاتتى.

كۆك خالات كىيىۋالغان ھېكمەت بىردە ئالدىغا، بىردە كەينىگە مېڭىپ، بەزىدە كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، چوڭ ياپىلاق موي قەلەمنى بوياق تەڭشەش تاختىسىدىكى ھەر خىل بوياقلارغا مىلىيتتى، سېمىز، ئېگىز خانىم چارۋىغا ئائىت دىئاگرامىغا بوياق بەرسە، ۋىجىك، بادام كۆزلۈك خانىم مايلىق دان، ئاشلىق سېلىشتۇرما جەدۋىلىدىكى سان - سىفىرلارنى يازماقتا ئىدى. ئەمما بۇ خانىملار بۈگۈن شەنبە بولغاچقا، ئۆيىگە پاتراق

كېتىشنى ئويلىغان بولسا كېرەك، پات - پات بىر - بىرىگە كۆز قىسىشىپ، ھېكمەتكە قاراپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ تەلىپىگە، مۇرات ئىشخانىغا بىر مۇنچە مېھماننى باشلاپ كىردى. ھېكمەت نەفىسە، گۈلزىبا، زۇمرەتلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇ، بىر - بىرىدىن چىرايلىق قىزلاردىن، بولۇپمۇ گۈلزىبانىڭ پاللىدە قىزىرىپ قاراشلىرىدىن سۆيۈنۈپ، ئالمان - تالمان كارىۋاتتىكى ئەدىياللارنى تۈزەپ، ئورۇندۇقلارنى ئالدىغا سۈردى.

— ھەي ئادىشەي، — دېدى مۇرات چاقچاقنى باشلاپ، — خوتەنىنىڭ زۆھرە، شېرىن، ھۆرزالىرىنى باشلاپ كەلسەم، تاتىرىپ - قىزىرىپ تۇرۇسىنا؟

— قېنى ئولتۇرۇڭلار، ئولتۇرۇڭلار، — دېدى ھېكمەت ھاياجانلىنىپ، — توۋا نەفىسە، سىزنىمۇ كۆرگىلى بولىدىكەنە. . . كامىل كەلمەپتىغۇ؟ . . .

— ئۇ بىزنى ئۆيىدە ساقلاپ تۇرىدۇ، — دېدى مۇرات، — قېنى بولار ئۇسساپ كەتتى. ئۇسسۇلۇقنىڭ يوقمۇ؟ . . .

— بولىدۇ، بولىدۇ، — ھېكمەت چايداننى ئالدى - دە، يەنە قويۇپ قويدى، — يا، ياق، ھاۋىنىڭ ئىسسىقىدا قىزىق چاي قويسام بولمىغۇدەك، مۇرات بېرى كېلە. . .

ھېكمەت مۇراتنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى، قىزلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى، ئىككى خانىمۇ سىزىۋاتقان رەسىملىرىنى قويۇپ، كۈلۈمسىرەشكىنىچە، «ھېكمەت مۇئەللىمنىڭ قايسىدۇر؟» دېگەندەك قىزلارغا قاراشتى. ھېكمەت قايتىپ كىرىشى بىلەن، زۇمرەت چاقچىقىنى باشلىۋەتتى.

— ھېكمەت، بۈگۈن بىزنى ئۇنداق - مۇنداق مېھمان قىلىسىز، — دېدى زۇمرەت نەفىسە بىلەن گۈلزىباغا كۆزىنى چىمچىقلىتىپ، — گۈلزىبانى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىمەن. بىلىسىز، ئۇنى مەن تەستە ئەكەلدىم.

قىزلار كۈلۈشۈپ كېتىشتى. ئەمما گۈلزىبا ئالقانلىرىدا يۈزىنى توسۇۋالدى.

— سىلەردىن ئايلانسۇن، — دېدى ھېكمەت ئۈستەلگە كەمپۈتلەرنى ئېلىۋېتىپ، — كېلىشىڭلارنى بىلگەن بولسام، تەييارلىق قىلىپ قويىدىكەنمەن...

— ھېكمەت مۇئەللىم، — دېدى سېمىز خانىم، — مېھمانلىرىڭىز كېلىپ قالدى، بىز بالدۇرراق قايتىلىمىكى دېگەنىدۇق. بۇ رەسىملەرگە قاراپ باقسىڭىز...

— ئوبدان سىزىپسىلەر، بەك ئوبدان بوپتۇ، — دېدى ھېكمەت مۇنداقلا قاراپ قويۇپ، — بوپتۇ، بۈگۈن شەنبە بولغانىدىكىن، بالدۇرراق قايتىڭلار...

— سىلەر كۈندە كېلىپ تۇرساڭلار بوپتىكەن، — دېدى بادام كۆزلۈك كىچىك خانىم قىزلارغا قاراپ، — سىزغان رەسىملىرىمىز بۈگۈنلا ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

ئۇلارنىڭ كۈلكە ئاۋازلىرى ئىشخانىنى بىر ئالدى. ئىككى خانىم كېتىشى بىلەن، قىزلار تەشۋىقات رەسىمنىڭ ئالدىغا كېلىشتى. ئۇلار رەسىم ئاستىدىكى چوڭ يېزىلغان «داجەيدىن ئۆگىنىپ، داجەيچە روھ يارىتايلى» دېگەن خەتنى ئوقۇدى. زۇمرەت ئورغاق تۇتۇپ تۇرغان ئۇيغۇر يىگىتنىڭ رەسىمىگە قاراپ كۈلۈپ كەتتى.

— ھېكمەت، ماۋۇ بالا بىر كىمگىلا ئوخشايدىغۇ؟

— ئوبدان قاراڭ، كىمگە ئوخشايدىكىن؟...

— مۇراتقىمۇ؟

— ئەمدى تونىدىڭىز...

— بۇرنى نېمانداق ئېگىز؟...

— بۇرۇن دېگەن ھېچنىمىگە تاقاشمايدۇ...

قىزلار ئىشخانا ئىچىدە قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈۋەتتى. نەفىسەمۇ لىپاپا ئىچىدە بولۇنغان مەنىلىك چاقچاقتىن كۈلۈپ تىلىقىپ كەتتى. بۇ ئەسنادا مۇرات كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا چاققىنىراق بىر قەغەز كورۇپكا بار ئىدى.

— قىزلارغا ئۆز قولۇڭ بىلەن تۇت، — دېدى مۇرات كورۇپكىنى ھېكمەتكە تۇتقۇزۇپ، — بىراق سامسىنى ئەكەلمىدىم.

— نېمىشقا؟
— ھەي، سوغۇق مارۇژنا بىلەن قىزىق سامسا يېگەن نەدە بار؟ بۇ سىنىڭ ھەر خىل بوياقلىرىڭ بولمىسا ئارىلاشتۇرۇپ رەسىم سىزغىلى!
ھېكمەت ھەر بىر قىزغا بىر ستاكاندىن مۇز قايماقنى ئۆز قولى بىلەن تۇتقۇزدى. ھاۋانىڭ ئىسسىقىدا قىزلار خۇشال بولۇشۇپ كەتتى. ھېكمەت ئۆزىنىڭ ستاكاننى ئەمدىلا قولىغا ئېلىۋېدى، مۇرات يەنە ۋارقىرىدى:
— ھەي ھېكمەت، يۈز - قوللىرىڭنى بىر يۇيساڭچۇ! رەسىمنى سەنلا سىزساڭ بولغۇدەك. . .
ھېكمەتنىڭ يۈزىگە سۈۋىلىپ قالغان، يېشىل، قىزىل بوياقلارنى كۆرۈپ، باياتىندىن بىرى گەپ قىلالماي تۇرغان قىزلار يەنە كۈلۈشتى. ھېكمەت خالتىنى سىيلىۋېتىپ داسنىڭ قېشىغا كېلىۋېدى، گۈلزىبا كېلىپ چۆگۈننى قولىغا ئالدى. بۇنى كۆرۈپ، نەفىسە بىلەن زۇمرەت بىر - بىرىنى بېقىنداپ قويۇشتى.
مۇرات قۇرۇقدالغان ستاكانلارنى كورۇپكىغا سېلىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ھېكمەت، موي قەلەملەرنى داستىكى سۇغا چىلاپ، سىقما بوياقلارنى يىغىشتۇردى، قىزلارمۇ قول - قولچە ئىشخاننى تازىلىشىپ بەردى.
— ھەي ھېكمەت بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغىنى تاسلا قاپتىمەن، — دېدى مۇرات ئىشكتىن كىرىپلا، — بۇ ناھىيىلىك كومىتېت بولغاندىن كېيىن، ۋېلىسىپىتنىڭ ئامالىنى قىلساڭ بوپتىكەن.
— نەچچىنى؟
— ۋۇي، خېلى چوڭ سۆزلەيسەنغۇ!
— ماۋۇ بولامدۇ؟ — دېدى ھېكمەت ۋېلىسىپىتنى يېپىپ قويغان رەختنى قايرىپ، — بىر ئەمەس تېخى ئىككى دېگىنە.
— ئاچقۇچچۇ؟
— قارا بۇ قىزىل لېنتا باغلانغىنى ئاچقۇچ بولماي نېمە؟ — دېدى شېكمەت ئاچقۇچنى قولىغا ئېلىپ، — بولامدىكەن؟

— بولماي! يېڭى ۋېلسىپىتلاركەنغۇ، تەشۋىقات بولۇمىنىڭ ئوخشىمامدۇ؟ ساڭا گەپ كېلىپ قالماس؟
— ياڭ بوجاڭ ئۆزى بىر مەر ئىشلىگ چىقسا، قايسىسىنى ئىشلەتكۈڭ كەلسە شۇنى ئىشلەت دېگەن.
— سىزنىڭ ئۆيدە بىرسى بار، — دېدى مۇرات، — ئىككىنى ئاغىنىلەرنىڭكىدىن ھەل قىلسام بولغۇدەك دەپ بېقىم قېتىپ تۇراتتى، مانا ئەمدى ئەتە ئۈچ قىزنى قوندۇرۇپ ئۇچىمىزدە!...
— مەن سىزنىڭ ۋېلسىپىتىڭىزغا مىنمەيمەن، — دېدى زۇمرەت مۇراتقا، — سىز دېگەن ئەسكى.
— نېمىشقا ئەمدى؟ — سورىدى ھېكمەت ھەيران بولۇپ.
— ئۇ دېگەن تۇپتۇز يەردىمۇ ئادەمنى قىستىن يىقىتىدۇ...
ئىشخانىنىڭ ئىچىنى يەنە كۈلكە قاپلىدى. نەفىسە بىلەن گۈلزىبانىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. ھەر ئىككىلا قىز كۆڭلىدە: «بۇ ئىككىسى ئۆزۈن يىللىق قەدىناسلاردەك بولۇپ كېتىپتۇ، ھەرگىز كۆز تەگمىسۇن» دەپ ئويلىدى. ئۇلار مۇراتنىڭ باشلىشى بىلەن، كامىلنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.
ئىيۇلنىڭ كۈندۈزلىرى ناھايىتى ئۇزۇن بولىدۇ. گەرچە كىشىلەر ئىشتىن چۈشكەن بولسىمۇ، كۈن تېخى خېلىلا ئېگىزدە ئىدى. كوچىدا پىيادە، ۋېلسىپىتلىك ئادەملەر كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئۈچ قىزغا يەر ئاستىدىن قاراپ قوياتتى، ھەتتا بەزىلەرى ئۆتۈپ كېتىپمۇ ئارقىسىغا قايرىلىپ قاراپ، تاماقلىرىنى چاكىلدىتاتتى. ئۇلار گۇجان كوچىسىغا كىرگەندە، ئادەملەر بىر ئاز شالاڭلاشتى، بىراق، توپا - توزان كۆتۈرۈپ توسالا تەرەپكە كېتىۋاتقان ئات ھارۋىلىرى بىلەن ئېشەك ھارۋىلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.
كامىل بىلەن سەئىدە مېھمانلارنى دەرۋازا ئالدىدا كۈتۈۋالدى. سەئىدە قىزلار بىلەن بىر - بىردىن قۇچاقلىشىپ، يۈز يېقىپ كۆرۈشتى. نەفىسەدىن بوۋىسىنىڭ، ئانىسىنىڭ، ئاچىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئالاھىدە سورىدى. مۇرات «خان ئانىغا سالام بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى» نى گېپىتقاندىن

كېيىن، ھەممەيلەن پەلەمپەيلەر ئارقىلىق موماينىڭ ھوزۇرىغا كۆتۈرۈلدى.

سەئىدەنىڭ باشلىشى بىلەن، ئۇلار موماينىڭ مېھمانخانىسىغا كىردى. خانىزاتخان ئانا ئۆز ئىسمىغا لايىق خان ئانىدەك، كۆرپە سېلىنغان توقۇلما ئورۇندۇققا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بېشىغا ئارتىۋالغان سۈت رەڭ بۆرتمە رومىلىنىڭ چۆچىلىرى مۇرىلىرىنى يېپىپ سانسىزلىغان گۆھەر ئۇۋاقلىرىنى چېچىۋەتكەندەك يالتىرايتتى، ئاپئاق يىپەك كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىدىن كىيىۋالغان تىك ياقىلىق ئەترەڭ نىمچىسىنىڭ لاتا توپچىلىرى رەتلىك ئېتىلگەنىدى. موماي ئورۇندۇق يۆلەنچۈكىگە تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئەسسالام خان ئانا! — ياشلار بىردەك سالام بېرىشتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، باللىرىم، ئامان بولۇڭلار...

نەفىسە تىزلىنىپ، موماينىڭ ئېتەكلىرىنى كۆزلىرىگە سۈرتتى ۋە ياش تۆكتى. موماي بولسا ئۇنىڭ پېشانىسىغا سۆيدى - دە، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى.

— ئاڭلىسام قىزىم، قۇتلۇق ھاجىمنىڭ نەۋرىسى ئىكەنسىز، — دېدى موماي ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — ئۇ ھەزرەت كامىلىنىڭ بوۋىسى بىلەن بۇخارا، ئەندىجانلاردا ياخشى ئۇلپەتلەردىن بولغانىدى. ئاللاھ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغاي.

— خان ئانا، ئۆزلىرى ئوبدان تۇردىلىمۇ؟ — نەفىسە كۆز ياشلىرى بىلەن مومايغا قارىدى.

— ئەلھەمدۇلىللا شۈكرى قىزىم، — موماي نەفىسەگە سىنچىلاپ قارىدى، — ئىمانى كامىل، ئىستېداتلىق، پەرىشتىدەك نازاكەتلىك چوڭ بوپسىز، خۇدايىم يامان كۆزدىن نېرى قىلغاي.

خانىزاتخان ئانا گۈلزىبانىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ، ئۇنى «خوتەننىڭ زۆھرىسى» قىزىم دەپ ئەركىلەتتى، ئەمما زۇمرەتنى سۆيۈپ، ئۇنىڭ يۈزلىرىنى ئالقانلىرىغا ئېلىپ قويۇپ بەرمىدى.

— پاھ، پاھ بۇ قىزىم تومۇچۇقنىڭ ئۆزىلىغۇي؟ — دېدى موماي

كۆلۈپ، — ئوينااپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ شوخ، تېتىك، ئوماقلىقى چىقىپ تۇراتتى. . . ئانام. . . ئانام! . . .

«تۇمۇچۇق» سۆزى چىقىشى بىلەن، قىزلار پىخىلداپ كۈلۈشتى. ھېكمەت مۇراتنىڭ بىقىنىغا ئۇرۇپ قويدى. كامىل بىلەن نەفىسەنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قېلىپ، قىزىرىپ كېتىشتى.

— ھەي ھارامزادە، — دېدى خان ئانا مۇراتقا قولىنى چىنەپ، — مېنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈڭ يوقمۇ؟

— كۆرۈشكۈمگۇ ئەجەبمۇ بار، — دېدى مۇرات كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، — ئەممازە قىزلارنى سۆيۈۋەردىلە، بىزگە قالمىدىمىكى دەپ تۇردۇق.

— ساغىنمۇ ئېلىپ قويدۇم، بېرى كەل. . .

ھەممەيلەن كۈلۈشتى. موماي مۇراتنىڭ پېشانىسىغا بىر سۆيگەندىن كېيىن، «قارا بۇ ھېلىگەرنىڭ گېپىنى! » دەپ قويدى. ئۇ ھېكمەت بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇنى «كامىل، مۇراتلار ئۇرمىغا كەتكەندە، ئۆزىنى كۈندە يوقلاپ تۇرغانلىقىنى، قىزىق گەپلەر بىلەن زېرىكتۇرمەي، ھەمراھ بولغانلىقىنى» ئېيتىپ ماختاپ كەتتى.

— بۇ تاھىر بالامنىڭ، — دېدى موماي ھېكمەتنى ئەركىلىتىپ، — چىرايى خۇددى ئېچىلىق تۇرغان بىر كىتاب. ھەر قانداق كىشى بىرلا قاراپ ئۇنىڭ قەلبىدىكى سىرلارنى بىلىۋالالايدۇ. . . ھەر دائىم خۇشخۇي، چىرايىدىن كۈلكە كەتمەيدۇ. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا:

بالام ھېكمەت، پېشانەڭ ئافتابدۇر، نۇرغا توشقاندەك،
بۇ خۇش پېئىلىڭ ياراشقاي شاھقا تاجى خوب ياراشقاندەك.

دەپ تىلەك تىلەيمەن.

— رەھمەت خان ئانا! . . . — ھېكمەت ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

سەئىدە مېھمانلارنى پەستىكى مېھمانخانىغا باشلاپ ماڭدى. ھەممىنىڭ ئارقىدا قالغان مۇرات بىلەن زۇمرەت ئاستا پىچىرلىشاتتى.

— خان ئانام ئەجەب ماختاپ كەتتا بۇ خېنىمنى؟ يەنە بىر قاراپ باقايچۇ! — دېدى مۇرات زۇمرەتكە ئېگىشىپ قاراپ.

— تولا سەتلەشمەڭ يوغان بۇرۇن...

— بۇرنۇم بۇ چاغقىچە تاقىشىپ باقمىدىغۇ؟ — دېدى مۇرات شىۋىرلاپ.

زۇمرەت قىزارغىنىچە چەكچەيدى. نەفىسە بىلەن بىللە كېتىۋاتقان گۈلزىبا بەخت شارابى ئىچكەندەك مەستخۇش ئىدى. خان ئانا قىشتا ھېكمەت بىلەن ئىككىسىنى تاھىر - زۆھرەگە ئوخشاتقانىدى. مانا بۈگۈنمۇ تاھىر - زۆھرەگە ئوخشىتىپ ئەركىلەتتى. بۇ بىر ئېغىز سۆز گۈلزىبا ئۈچۈن ئىككى دۇنياغا تېگىشمەيدىغان بەخت ۋە سۆيۈنچ ئىدى. ئۇ ھېلىلا قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېتىدىغان كەپتەردەك، روھلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

مېھمانلار دەھلىزدە ئاياغلىرىنى سېلىپ، مېھمانخانىغا كىرىشتى. قوش قاپقاقلىق دېرىزىلەردىن چۈشكەن كۈننىڭ قىيپاش نۇرى ئۆينى يورۇتۇپ تۇراتتى. قىشلىق تەتىلدىكى ئولتۇرۇشتا، چويۈن مەش قويۇلغان تاختاي سۇپىغا ئەمدى تەشتەك گۈللەر قويۇلغانىدى. ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن «مەخمەل گۈل»، «كۈندە باھار»، «مەرۋايىت گۈل» لەر مېھمانخانا ئوتتۇرىسىدا ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇراتتى.

قىزلار ھېكمەت سىزغان «ئىككى كېيىك» رەسىمى ئەتراپىغا يىغىلدى. بۇ رەسىمنىڭ گېپىنى كامىلدىن ئاڭلىغان بولسىمۇ، تېخى كۆرۈپ باقمىغان نەفىسە ئاجايىپ نازۇك ھېسسىياتلار ئىلكىدە، ياردار كېيىككە، ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ تۇرغان چىرايلىق جۈپتىگە قارايتتى، قەلبىدىن ھەسرەتلىك پىغانلار ئۆرلەيتتى، كۆڭۈل كۆزى بىلەن رەسىمگە تىكىلىپ تۇرغان گۈلزىبا ئىچىدە: «ئەمدى ياردار كېيىك جۈپتى بىلەن كېتىدۇ... جۈپتى بولسا ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر ۋاپادار ھەمراھ بولىدۇ...» دېگەنلەرنى ئويلايتتى.

— قېنى قىزلار، بۇ رەسىمگە بىر ئىسىم قويۇپ بېقىڭلارچۇ، — دېدى كامىل ئالدىغا ئۆتۈپ، — بۇ چاغقىچە ھېچكىم ئىسىم قويالمىدى.

— مېنىڭچە «ئالدانغان كېيىك» بولسا بولغۇدەك، — دېدى

زۇمرەت.

— يا، ياق، — دېدى مۇرات، — «ياربىدار كىيىك چۈشەندى» دېسەك قانداق بولار؟

— بولدى، چاقچاق قىلماڭلار، — دېدى كامىل، — سىلەرمۇ سەئىدە ئاچام «ئاھ بىچارە» دەپ ئىسمىم قويايلى دېگەندەك گەپ قىلىۋاتىسىلەر...

— مەن ئۆيۈمگە كەلگىنىنى دەپ باقاي، توغرا بولۇشى ناتايىن، — دېدى نەفىسە كۈلۈپ، — «ئۈزۈلمەس رىشتە» ياكى «ۋاپا» بولسىمۇ بولغۇدەك.

— «ئۈزۈلمەس رىشتە»، «ۋاپا»، ۋاھ نېمىدېگەن پاساھەتلىك ئىسىملار بۇ! — دېدى كامىل گۈلزىباغا قاراپ، — گۈلزىبا سىزنىڭچە قانداق؟

— مەن نېمە دەيتتىم؟ — دېدى گۈلزىبا ئازاردەك قىزىرىپ، — دوستۇم نەفىسەنىڭ «ۋاپا» دېگىنى ئەڭ مۇۋاپىق بولسا كېرەك...

گۈلزىبا ئىززا تارتقىنىدىن سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. قىزلار كۆرپىلەردىن ئورۇن ئالدى، سەئىدە بىلەن گۈلزىبا داستىخانلارنى سىلىپ چاي تارتتى. مېھمانلار قەنت - گېزەكلەر بىلەن بىر قۇر مېھمان بولغاندىن كېيىن، يەنە «ۋاپا» توغرىلىق سۆز باشلىنىپ، ئىككى كىيىكنىڭ پاجىئەلىك ھالىتىگە تەبىئەت مەنزىرىلىرىنىڭ ماسلاشقانلىقى، بولۇپمۇ قانغا بويالغان بۇلاق سۈيى، ئىككى كىيىكنىڭ كۆزلىرىدىكى ياشلار... قاتارلىقلارنىڭ ئەسەر مەزمۇنىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغانلىقى ئۈستىدە قىزغىن پاراڭ بولدى.

— مەنمۇ ئاشۇنداق رەسىمدىن بىرنى سىزغۇزىمەن، — دېدى زۇمرەت، — ھېكمەت سىز، بېرەمسىز؟

— بەللى، شۇمۇ گەپ بوپتىمۇ؟ سىزگە سىزىپ بەرمىسەم، كىمگە سىزىپ بېرىمەن؟ ئېيتىڭا، ئىسمىنى نېمە قويماقچى؟

— «بۇرنى تاقاشمىدى» دەپ قوي، — دېدى مۇرات چاقچاق قىلىپ. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

— ياق، ياق، — دېدى زۇمرەت جىلى بولۇپ، — بۇ ساراڭغا قويۇپ

بەرسە، «تاماكا ئوتىنى يېقىپ، جاننى قاخشىتىش» دەپ ئات قويۇشتىن يانمايدۇ.

ئۆي ئىچىدە يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— بولدى تالاشماڭلار، — دېدى ھېكمەت بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ، — مەن «بۇلاقتىكى شولا»، «چىلانلىقتىكى كاككۇك ئاۋازى» دېگەن تېمىلاردا رەسىم سىزىشنى ئويلاۋاتىمەن، قانداق دەيسىلەر؟ . . .

قاتتىق كۈلكە ئاۋازىدىن مېھمانخانا لەرزىگە كەلدى. دېرىزە تۈۋىدە دانلىشىپ يۈرگەن بىر توپ قۇشقاچ پۇر قىلىپ كۆتۈرۈلدى. نەفىسە ئىنزا تارتقىنىدىن يۈزىنى قاچۇرۇپ، تەتۈر قارىۋالدى، بۇنى كۆرگەن باشقىلار كۈلكىنى باشقىدىنلا باشلىۋەتتى.

مېھمانلارغا لېگەنلەردە قولداما تارتىلدى. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەممىسى بىردەك سىرتقا چىقىشتى، كۆن ئولتۇرۇپ، گۇگۇم چۈشۈپ قالغانىدى. باغقا كىرىپ، تۈۋىگە چۈشكەن قىزىل غەزىمەت ۋە ئاق سۆت ئالمىلاردىن تېرىپ كېلىپ، كۆل بويىدا ئولتۇرۇشتى، زۇمرەت باغنى ئارىلاپ يۇمشاپ قالغان شاپتۇللارنى ئۈزۈپ كەلدى. قىزلار كۆل بويىدا مېۋە يەپ، بىر دەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، باغنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كېتىشتى. مۇرات كامىل بىلەن ھېكمەتكە «ئاممىۋى كىنوخانا» بىلەن «قىزىل يۇلتۇز» كىنوخانىسىنىڭ قايسىسىدا ياخشى كىنو بولسا، شۇنىڭ بېلىتىنى ئالدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى.

ئۆز يىگىتلىرى بىلەن بىللە كىنو كۆرگەن قىزلار تولىمۇ خۇشال ئىدى. كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار ئۇلارنى گۈلزىبانىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشتى. ئۇلارنىڭ ئەتە سەھەردىك تۇرۇشىنى تاپىلاپ قويۇپ، قايتىپ كېتىشتى.

كېچە سالقىن ئىدى. ئەتىكى ئىسسىقتىن دېرەك بېرىپ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار يىراقتىكى پادىچى گۈلخانلىرىدەك يارقىن چاقنايتتى. يۇرۇقتاش دەريا ساھىللىرىغا قىنغايغان ئاي ئورغىقى نېپىز تۇمانلار ئىچىدە غۇۋا كۆرۈنەتتى. قاپقاقلىرى ھويلىغا قارىتىپ ئېچىۋېتىلگەن دېرىزىدىن كىرگەن ئىللىق شامال، چوڭ كارىۋاتتا مۈگدەشىپ ياتقان ئۈچ

گۈزەلنىڭ مۇبارەك تەنلىرىنى سۆيۈپ ئۆتەتتى.

زۇمرەت ئالقانلىرىنى قۇندۇزدەك چاچلىرىنىڭ ئاستىغا قويۇپ خىيال سۈرەتتى، ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا، نەفىسە بىلەن گۈلزىبا تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇلار گەرچە مەكتىپىدىكى ئوقۇتۇش ئىشلىرى ھەققىدە قىسقا - قىسقا سۆزلىشىپ قويسىمۇ، خىياللىرى يۇلتۇز قاپلىغان كۆكلەردە پەرۋاز قىلاتتى. نەفىسە بۇۋىسى قۇتلۇق ھاجىمنىڭ كامىلنىڭ بوۋىسى ئابلەتىپ ئەمىر نەققاشى، چوڭ بوۋىسى مىركامىل ھاجى ھەزرەتلىرى ھەققىدە پەخىرلىنىپ تۇرۇپ سۆزلىگەن سۆزلىرىنى ئەسلەيتتى. توغرا، ئۇلار ئۆمرىنى ئىلىم - مەرىپەت، ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئىتىگە ئاتاپ، شۇ ئارقىلىق مىللىتىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، مەدەنىيىتىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش ئۈچۈن قان - تەر تۆككەنلەر... ئۆزىنى ئاتىغانلار!... مىركامىل ھاجى، ئابلەتىپ ئەمىر نەققاشى، خانىنزاتخان ئانىدەك ئىستىبداتلىق مەرىپەت مەشئەللىرى مىللىتىمىزنىڭ تارىخىدا سان - ساناقسىز ئۆتكەنىدى!... كامىلمۇ ئۇچىنچى ئەۋلاد نوتا بولۇپ يېتىلمەكتە! ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن مەدەنىي مىراسلارنى قېزىش، يورۇقلۇققا چىقىرىش، ئۇنى دۇنياغا تونۇتۇش — كامىلدەك ئىز باسار ياشلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن!... بۇ ئۇلارنىڭ مىللەت ۋە تارىخ ئالدىدىكى قەرزى ھەم پەرزى ئىدى.

نەفىسە روھىي جەھەتتىن كامىلغا باغلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغىنىدا، ئۆزىنى ئىنتايىن بەختلىك ھەم شەرەپلىك ھېسابلايتتى. ئەگەر ئاشۇ يىگىتنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، خەلقى ئۈنىڭغا يۈكلىگەن يۈكنى زەررىچە يېنىكلىتەلىسە، مەرھەمەت قولىنى سۇنۇپ، ئارزۇ - ئارمان مەشئەللىرىنى تۇتۇپ، بۇ يولدا تەڭ قەدەم تاشلىيالىسا! بەس... بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە قانداق بەخت - سائادەت بولسۇن!...

زۇمرەت مىچىلداپ يىغلىدى. نەفىسە بىلەن گۈلزىبا تەڭلا ئۇنىڭغا قارىدى.

— زۇمرەت نېمە بولدىڭىز؟ — دېدى نەفىسە چۆچۈپ، — ساقىسىز بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— ياق، — دېدى زۇمرەت ئۆپكىدەپ، — ئويلىسام، مەن ئەسكى ئىكەنمەن...

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ كىم سىزنى ئەسكى دەيدۇ؟ — دېدى گۈلزىبا.

زۇمرەت گەرچە كۆزىنى يۇمۇۋالغان بولسىمۇ، ئۇخلىمىغانىدى. ئۇ خىيالىدا مۇرات بىلەن قېيدىشىپ قالغانىدى. مۇرات چاقچاق، كۈلكە - ھەزىللەر بىلەن ئۇنى پەپىلىگەنسېرى، زۇمرەت قېيدايتتى، ئاچچىقلايتتى، قەستەن تەتۈرلۈك قىلاتتى. ئەمما، مۇراتنى بىردەم كۆرمىسە چىدىمايتتى، يەنە ئەركىلەپ سۆيۈنەتتى. تەئەددى - تەنىلەر بىلەن مۇراتنىڭ تاتلىق گەپلىرىنى ئاڭلايتتى، زۇمرەت ئۇنىڭ چاقچاق، قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن بولسىمۇ يولسىزلىق قىلاتتى. نېمە ئۈچۈندۇر مۇراتنىڭمۇ بەزى چاغلاردا مۆڭگىلىنىپ، جىمىپ قالىدىغان چاغلىرى بولاتتى. بايا كىنو كۆرۈۋېتىپ، ئۇ بىردىنلا جىمىپ كەتتى. چۈنكى، ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا يۈزلىرىنى ئاق كېسەللى بېسىپ كەتكەن بىر ئادەم ئولتۇراتتى. چېچەن زۇمرەت مۇراتنىڭ چىرايىدىكى ئېغىر غەم ئالامىتىنى كۆرۈپلا، ئۇنىڭ ئېسىگە خالىق كاتىپ كەلگەنلىكىنى بىلگەنىدى. دېگەندەك، ئۇ كىنودىن قايتىپ يول بويى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. «خالىق ئاكامنىڭ بىزنىڭ ئۆيگە كەلگىنىنى بىلىپ قالسا، مۇرات مېنىڭدىن ۋاز كېچەرمۇ؟» دېگەن ئوي ئۇنىڭ خىيالىدىن كېچىشى بىلەن، ئۇ يىغلىۋەتكەنىدى.

— ئەخمەق قىز، — دېدى نەفىسە كۈلۈپ، — سىز ئاختامىلىقتا چالما تالىشىۋاتامسىز - نېمە؟ مۇراتنى بىزدىن ئوبدان چۈشىنىسىز، ئۇ شوخ، تېتىك، ئويۇن - چاقچاققا ئامراق بولغىنى بىلەن، ۋىجدانلىق، ساپ نىيەت، ئاق كۆڭۈل يىگىت. بۇنداق يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتى مۇقەددەس ئەقىدىگە ئايلانغان بولىدۇ... كامىل ئۇنى سىگنال، قوڭغۇراق، ئەگەر ئۇ بولمىغان بولسا، ئارىمىزدىكى شادلىق ۋە جۇشقۇنلۇق ئۇخلاپ قالغان بولار ئىدى دەپ ماختايدۇ.

— سىز ئويلاپ بېقىڭا، — دېدى گۈلزىبا ئېڭىشىپ، — كامىل پىراق

ئازابىدا ئازابلانغاندا، ئۇنىڭ ئازابلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغان كىم؟ مۇرات ئىككىمىزنى ئامۇتلۇقتا ئەۋەتكەنمۇ شۇ. بۇ نېمە ۋەجىدىن بولغان؟ بۇنداق ياخشى يىگىتتىن گۇمانلانسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ ...

— بۇ قېتىمقى قورۇم كۆلىدىكى ساياھەتنىمۇ شۇ ئويلاپ تاپقان، — دېدى نەفىسە، — ئۇ ھەقىقەتەن گۆھەردەك ساپ يىگىت!...

— نېمە،¹ ھېكمەت ئەمەسمۇ؟ — سورىدى گۈلزىبا.

— ئەسلىدە ھېكمەت سىز بىلەن ئۇچرىشىشنى، سىزدىن كەچۈرۈم سوراشنى ئويلىغان!... — دېدى نەفىسە، — ئەمما ئاغزىدىن چىقىرالمىغان. مۇرات ئۇنىڭ يۈرەك ئازابىنى بىلىپ، مۇشۇنداق ئويغا كەلگەن.

گۈلزىبانىڭ ۋۇجۇدىنى ئوتلۇق بىر ھارارەت ئۆز ئىلكىگە ئالدى. نەفىسە كامىلنىڭ چىلاندىقتا ئېيتقانلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇ ھېكمەتنىڭ ئالىي جاناب پەزىلىتىگە قايىل بولدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ ئاغرىنىشلىرىنىڭ بىھۇدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى.

خۇددى نىل رەڭلىك ئاسماندا چاقناپ تۇرغان سۈرەييا، ئەششۇئەلە، چولپان يۇلتۇزلىرىدەك بۇ ئۈچ قىز ئۆز يىگىتلىرى ھەققىدە قەلب ئىزھارلىرىنى تۆكۈپ، تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قالدى.

ئۇلار ئەتىسى نەفىسەنىڭ ئويغىتىشى بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى - دە، يۇيۇنۇپ - تارىنىپ، سومكىلىرىغا نەرسە - كېرەكلىرىنى قاچىلاشقا باشلىدى، مۇرات كىرىپ كەلدى. ئۇ كامىل، ھېكمەتلەرنىڭ ناھىيىلىك كومىتېت ئالدىدا ساقلاپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، زۇمرەتنىڭ سومكىسىنى كۆتۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى. نەفىسە، گۈلزىبا، زۇمرەتلەر ئەدىيال، يېمەكلىك، قاچا - قۇچا سېلىنغان سومكىلارنى كۆتۈرۈشۈپ ماڭدى، بۇمەرەمخان ئۇلارنى ئىشىك ئالدىدا ئۇزىتىپ قويدى.

قىزلار يېتىپ كەلگەندە، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار پارقىراپ تۇرغان ۋېلىسىپىتلەرنى تۇتۇپ ساقلاپ تۇراتتى. ئۇلار قىزلارنىڭ سومكىلىرىنى ۋېلىسىپىتنىڭ رامىغا ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، بىر - بىرىگە قاراشتى. مۇرات ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا زۇمرەت بىلەن

كۆرۈشكىلى بوستانغا چىقىپ، ھېكمەتنىڭ گارمونىنى ئالغاچ كىرگەنىدى. ئۇنى زۇمرەتنىڭ مۇرىسىگە ئېسىپ: «قېنى، تومۇچۇقىم مەرھەمەت!» دەپ ۋېلىسىپىتنى كۆرسەتتى. نەفىسە كامىلنىڭ، گۈلزىبا ھېكمەتنىڭ كەينىگە قوندىدە، مېڭىپ كېتىشتى.

قۇرۇم كۆلى شەھەردىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. ئۇنى بەزىلەر كوئېنلۇن سۇ ئامبىرى دەپمۇ ئاتايتتى. قۇرۇم كۆلىنىڭ شەھەرگە تۇتاش يان باغرى جىگدە، سۆگەت، ئۆرۈك، توغراقلاردىن تەركىب تاپقان ئورمانلىق ئىدى. ئورمان ئىچىدە ياۋا گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، ياپيېشىل چىملىقلار ئازا بىر - بىرىگە گىرەلەشكەن كىچىك ئېرىقلاردا سۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇراتتى، ئۇيەر - بۇيەردە تاشتىن قوپۇرۇلغان، كولاپ ياسالغان ئوچاقلار ئۇچرايتتى، بۇ تاماشاغا چىققان ساياھەتچىلەرنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن يالدامىلىرى ئىدى.

كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ ئورمانغا كىرىشى بىلەن، قىزلار ئالدىدا يۈگۈرۈپ كېتىشتى. ئۇلار: «بۇ يەر چىرايلىقكەن»، «ماۋۇ يەر سالقىنكەن» دېيىشىپ، قىن - قىنىغا پاتماي ۋارقىرىشاتتى، چۇرقىرىشاتتى، گۈللەرنى ئۈزۈشەتتى. نەفىسەنىڭ تاللىشى بىلەن، تەتۈر سۆگەت تاللىرى لەرزان يەلپۈنۈپ، جىگدىلەر مەرۋايىتتەك ساڭگىلاپ تۇرغان پىنھان ئوتلاقتا نەرسە - كېرەكلىرىنى چۈشۈردى. ئەتراپتا ساپسېرىق مامكاپ، سۆسۈنرەڭ كاككۇك گۈللىرى ئېچىلىپ، يۇمشاق سەمەنگاھ ئوتلىرى يەلپۈنۈپ تۇراتتى. بۇ يەردە ساياھەتچىلەر قالدۇرۇپ كەتكەن بىر تاش ئوچاقمۇ بار ئىدى. قىزلار سومكىلاردىن قاچا - قۇچىلارنى ئېلىپ، ئەدىياللارنى چىملىقلارغا يايماقتا ئىدى. كامىل يەڭلىرىنى تۈرۈپ ئوچاقنى تۈزەشتۈرۈشكە باشلىدى. مۇرات بىلەن ھېكمەت شامالدا سۇنۇپ چۈشۈپ كەتكەن قۇرۇق شاخلارنى يىغىپ كېلىشتى. گۈلزىبا كىچىككىنە رو قازاننى ئېرىقتا يۇيدى، نەفىسە بىلەن زۇمرەت تەرخەمەك، لازا، پەمدۇرلارنى توغراپ، خام سەي تەييارلىقىغا چۈشۈپ كەتتى. قىزلار ئۆيلىرىدىن ئېلىپ كەلگەن قۇرۇلمىلىرىنى قىزىتىش ئۈچۈن سومكىلىرىدىن ئېلىشتى. ئورمان ئىچى

«ئۆنى ئال، بۇنى قوي، چۈمۈچ قېنى، چوكا يوق» دېگەندەك ئاۋازلار بىلەن تولدى. بولۇپمۇ زۇمرەتنىڭ: «مۇرات كۆزۈمگە ئىس كىرىپ كەتتى، مۇرات ئوتۇننى پارچىلاپ بېرىڭ!» دەپ جېنىنىڭ بېرىچە ۋارقىرىغان ئاۋازى ئورمان قۇشلىرىنىمۇ ھۈركىتىۋەتتى. مۇراتنىڭ: «بولىدۇ، مەزلۇم، كايىماڭلار...» دېگەن سۆزى زۇمرەتنى تېرىكتۈرسە، باشقىلارنى كۈلدۈرۈپ، ئوتلاقلاردا يۇمىلىتاتتى.

ئاھ دالا ساياھىتى، دالا ساياھىتى!... تارتقان جاپايىڭ راھەت، ئىچكەن سوغۇق سۈيۈڭ جان ئاتا قىلغۇچى زەمزەم!... يېگەن خام-خاتىلا تاماقلىرىڭ جەننەت نېمىتى!... ئىچكەن ئاچچىق شارابلىرىڭ ئابى كەۋسەر... چۈنكى سەن بىردەملىك بولسىمۇ دوستلىرىڭ بىلەن بۇ دۇنيا غەملىرىدىن خالاسسەن!... كۆك ئاسمان ساڭا كۈلۈپ باقىدۇ، قۇياش ئوتلۇق ھارارىتىنى ئايىمايدۇ... باغرى كەڭ تەبىئەت ساپ ھاۋاسى، سۇلىرى، داۋۇ دەرەخلىرى، گۈل-گىياھلىرى بىلەن قۇچاق ئاچىدۇ... سۇلارنىڭ شىلدىرلىشى، يوپۇرماقلارنىڭ بىنىك تەۋرىنىشى، ئوتلارنىڭ لەرزان يەلپۈنۈشى گوياكى مۇڭلۇق مۇزىكا، قۇشلارنىڭ سايرىشى، چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلدىشى بەجايىكى ناخشا! ئەتراپقا تويماي قارايسەن، چۈنكى ئۇ ئۇستا رەسسام قولىدىن چىققان لېرىكىلىق سۈرەت! بۇرۇن ئۇنداق ئەمەسمىدى؟ شۇنداق ئىدى! ئەمما سەن تۇرمۇشنىڭ باش-ئۇچى يوق دەشتلىرىدە، چۇمۇلىدەك تىرىشىپ-تىرمىشىپ، ياشاش ئۈچۈن، ھايات ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، تىرىكچىلىك غېمىدە يۈرگەچكە، بۇ گۈزەللىكلەرنى سېزەلمىگەن، سېزىشنىمۇ خالىمىغان... ھەم خالىمايتتىڭ!...

چېۋەر قىزلار بىردەمدىلا داستىخاننى گۈللىتىۋەتتى. چىنە ۋە تەخسىلەردە خام سەي، قورۇلمىلارنى ئېلىپ كېلىشتى، ئۆزلىرىدەك رەڭدار ئالمىلارنى، تەكە شاپتۇللارنى داستىخانغا تۆكۈشتى، كەمپۈتلەرنى چېچىشتى. چايلار دەملىنىپ، نان-توقاچلار ئۇشتۇلدى. مۇرات شەھەردىن ئېلىپ كەلگەن گۆش گىردە، سامسىلارنى سومكىدىن ئالدى. قىزلارنى ھەممىدىن بەك خۇشال قىلىۋەتكىنى، ئاغزى ھىم ئېتىلگەن

قاچىدىكى لازا، ئاچچىقسۇ، سامساق سۇلىرى تەڭشەلگەن لەڭپۇڭ بولدى. ئۇلار «بۇنى ئوغۇللار يېمەيدۇ، بەرمەيمىز» دەپ چۇرقىراشتى.

مۇرات سورۇن بېشى ئىدى. ئۇ يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، يىگىتلەرنىڭ ئالدىغا بىر پىيالىدىن مۇسەللەس قويدى. ئارىلىقتا، ھېكمەت سومكىسىدىن بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا مۇرات ئارماندا قالغان «شىپىلىڭ» ھارىقىنى چىقىرىپ بەردى.

— ياشاپ كەت ھېكمەت، — ۋارقىرىدى مۇرات، — سەن دانالارنىڭ داناسى، ۋۇي، نېمانداق يېرىم قالىمى؟ ئۆزەڭ ئىچىپسەندە؟

— مېنى هاراقكەش كۆرۈۋاتامسەن؟ سېنى ھەممىنى ئىچىپ مەستخۇش بولۇپ قالمىسۇن دەپ، يېرىمىنى تۆكۈۋەتتىم.

— ۋاي ئىسىت، ۋاي ئىسىت... قەدرىنى بىلمىگەن گاچا.

— مەن ئىچمەيمەن، — دېدى كامىل، — مۇسەللەستىن ئازراق ئىچسەم كۇپايە.

— مۇرات سەن يالغۇز قالما، — دېدى ھېكمەت، — مەن ئازراق ئىچەي.

سۈزۈك ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. قۇياش سايە تاشلىغان قويۇق چىمەنلىكلەردىن ئوت ۋە گۈللەرنىڭ ھىدى كېلەتتى. قورۇم كۆلى تەرەپتىن ئۇرغان شامال چاچلارنى يېنىك تەۋرىتىپ، يۈزلەرنى سۆيۈپ ئۆتەتتى. قىز - يىگىتلەرنىڭمۇ يۈزلىرىدە كۈلكە، كۆزلىرىدە تەبەسسۇم، شادلىق ئىچىدە يايراپ ئولتۇرۇشاتتى.

— دوستلار، — دېدى مۇرات قولىغا چىنىنى ئېلىپ، — بۈگۈن كامىل، نەفىسە، ھېكمەت، گۈلزىبا، زۇمرەت ۋە مۇراتلار جەم بولدۇق. بۇ بىر قۇتلۇق كۈن. گەرچە داستىخىنىمىز غورىگۇل بولسىمۇ، ئۇنتۇلغۇسىز خاسىيەتلىك بىر ئۇچرىشىش بولدى!... بىز دوستلۇقنى، مېھىر - مۇھەببەتنى قەدىرلەيلى!... جاپادىمۇ، راھەتتىمۇ بىللە بولايلى! كۈنلار، كۆڭۈلدىن ئۇلۇغ نەرسە يوق، دېيىشىدىكەن. شۇڭا، كۆڭۈلنى سۇقەددەس بىلەيلى، قېنى ئەمسە كۆتۈرەيلى!...

زۇمرەت ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن، يىگىتكە قارىدى، مۇراتنىڭمۇ

يۈزلىرىدە بەخت نۇرلىرى جىلۋىلەندى! . . .

قىز - يىگىتلەر داستىخاندىكى نىمەتلەرگە تۇتۇش قىلىشتى. يىگىتلەر قىزلارغا گۆش گىردىلەرنى ماكلاپ، سامسىلارنى سۇنۇشتى. گۈلزىبا ھەممىگە بىردەك چاي قۇيۇپ تۇراتتى. مۇسەللەس ئۈچ قېتىم ئايلىنىش بىلەن، مۇراتنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ، چاقچاقلىرىنى باشلىۋەتتى. قىزلارمۇ بوش كەلمەي، بىرگە بىر جاۋاب قايتۇرۇشتى. يىگىتلەر تېپىشماق ئېيتىشىپ، كىم تاپالمىسا، بىر يۇتۇمدىن مۇسەللەس ئىچىشتى. نەفىسە سورۇننىڭ قىزىقچىلىقىدا كۈلۈپ، ئىچىلىپ ئولتۇرغان بولسىمۇ. كامىلغا قارىمايتتى. كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالغان تەقدىردىمۇ، دەرھال ئېلىپ قاچاتتى. گۈلزىبا بىلەن ھېكمەت بىر - بىرىگە قارىشاتتىيۇ، ئەمما قىزىرىشىپ كېتەتتى، مۇرات پات - پاتلا زۇمرەتنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ، يا كۈلدۈرەتتى، يا دومسايتىپ قوياتتى. كامىل، مۇرات، ھېكمەتلەر پىيالىلىرىنى بىر - بىرىگە سوقۇشتۇرۇۋاتقاندا، ئۈچ قىز نېيدۇرماي، پىچىرلىشىپ، يىگىتلىرىگە قارىدى.

— ھەممىڭلار جىم بولۇڭلار، — دېدى زۇمرەت قولىنى كۆتۈرۈپ، — قىزلارنىڭ تەلىپى ئۈچۈڭلار بىردىن نومۇر ئورۇنداپ بېرىسىلەر. بولمىسا، ئۈچىمىز پېشانەڭلەرگە قازاننىڭ قارىسىنى سۈۋۈيمىز. . .

— ئەمىسە، ئۈچىمىز بىر قېتىمدىلا تەڭ ئورۇندىساق بولامدۇ؟ — دېدى مۇرات.

— مەيلى، — دېدى نەفىسە گۈلزىبا بىلەن زۇمرەتكە كۆز تاشلاپ، — ئەمما بىزنى تەسىرلەندۈرەلىسە ھېساب.

مۇرات گارمۇننى ھېكمەتكە ئېلىپ بەردى. ئۇ گارمۇننىڭ باس تىلىلىرىنى بىر قۇر ئوينىتىۋەتكەندىن كېيىن، قىزىقچىلىق قىلىپ كېلىنى قىردى:

— ناخشا: «باھارىم گۈزەل، كۆڭلىرىم گۈزەل. . .» ، مۇزىكىسى مۇرات قۇتلۇقنىڭ، تېكىستى كامىل راخماننىڭ، ھېكمەت ئېلىپ ئورۇندايدۇ، مۇزىكانت ۋە شائىر ناخشىغا تەڭكەش بولىدۇ.

قىزلار ھېكمەتنىڭ چىرايىغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈشتى.
ھېكمەتنىڭ بارماقلىرى گارمونىنىڭ ئاپئاق تىللىرىدا ئوينىدى، ناخشىنىڭ يېقىملىق پائۇزى يولتۇزلۇق كېچىلەرنى، سالقىن شامالالارنى، دەريا بويىدىكى جۈپ كۆلەڭگىلەرنى ئەسكە سېلىپ، خىياللارنى يىراق - يىراقلارغا ئېلىپ قاچاتتى.

خىيال سۈرمەن كېچە ئاجايىپ،
سالقىن شامال سۆيۈپ ئۆتىدۇ.

كامىل بىلەن مۇرات ناخشىغا قېتىلدى. گارمون ئاۋازى ۋە بىر خىل رىتىمدىكى ناخشا ئاھاڭى ئورمان ئىچىنى سېھىرلىك سۈكۈناتقا چۆمدۈردى.

ئايغا قاراپ تەنھا ئولتۇرۇپ،
يۈرىكىم لەرزان ناخشا ئېيتىدۇ. . .

كامىل بىلەن نەفىسە تۈيدۈرماي ئېغىر تىندى. چۈنكى ئانارلىق باغدىكى ئايدىڭ كېچە ئۇلارنىڭ يادىدىن كەچكەنىدى.

ھېسلىرىم گۈزەل، باھارىم گۈزەل،
خىيال سۈرگەن چاغلىرىم گۈزەل.

گۈلزىبا ئەپپىدە ھېكمەتكە قارىدى. ھېكمەت ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىغان ھالدا، گارمون كارتىسىغا يۈزلىرىنى يېقىپ، ناخشا مۇڭلىرىغا چۆكۈپ كەتكەنىدى. ئۇ، گويا گۈلزىباسىز ئۆتكەن ھىجران كۈنلىرىنى، ھەسرەت - خىياللىرىنى مەھبۇبىسىگە سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك ئۆزىنى ئۇنتۇغانىدى.

هەسرەتلىرىمنى ناخشىغا قېتىپ،
ئېيتىپ ئولتۇرغان كۆڭلىرىم گۈزەل...

— ئۇھ، — نەفىسە خۇرسىندى، — مۇرات بۇ مۇزىكىنى تولىمۇ مىسكىن ئىشلەپسىز... ئادەمنى مۇڭلاندۇرۇپ قويىدىكەن.

— تېكىستىمۇ مۇزىكىغا شۇنداق ماسلىشىپ يېزىلىپتۇ، — دېدى گۈلزىبا.

— بۇ مۇزىكىنى مېنىڭ دېيىشكە تىلىم كۆيىدۇ، — دېدى مۇرات، — مەن ھېكمەت ئېيتىپ بەرگەن «موسكۋا كېچىسى» دېگەن ناخشىنىڭ مۇزىكىسىنى ئازراقلا ئۆزگەرتىپ، مىللىي تۈسكە كىرگۈزدۈم، خالاس.

— بۇ ياۋروپا ئاھاڭ تىپىدىكى مىللىي ناخشا بولغان، — دېدى كامىل، — مۇرات بۇنىڭغا ئۇستىلىق بىلەن ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن.

— مۇزىكىنى كومپوزىتور ئىشلەيدۇ، ناخشا تېكىستى، كىنو، تىياتىرلارنى يازغۇچى، شائىرلار يازىدۇ، — دېدى مۇرات تەمكىن ھالدا، — ئەمما ئۇلار ئورۇنلاش ماھارىتىدىكى پىسخىك ھالەت، ھېسسىيات، ھەرىكەت، يۈز ئىمىكلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىنى يېزىپ بەرمەيدۇ. ھەر قانداق مۇزىكا بىلەن ناخشىغا ئېيتقۇچى ھەم ئورۇندىغۇچىلارنىڭ تالانتى، ماھىرلىقى ئارقىلىقلا جان كىرىدۇ...

سۆھبەت ئاخىرلىشىشقا ئەگىشىپلا، ھېكمەت: قىزلار خورى — «ۋەتەندە باھار»، ئارتىسكىلىرىمىزدىن نەفىسە، گۈلزىبا، زۆھرەتلەر ئورۇندايدۇ! دەپ ئېلان قىلدى. قىزلار بىر ئاز تارتىنشقان بولسىمۇ، «باھار ۋالىسى» مۇزىكىسى ياڭراش بىلەن ناخشىنى باشلىۋەتتى:

ۋەتەندە باھار، ئېلىمدە باھار،
باھار ئىلھامى كۆكسۈمدە يانار.
ياساندى تاغلار، گۈلزارلىق باغلار،
باھار ئەتلىسى كىيىپ سەھرالار...

قىزلارنىڭ زىل ھەم يېقىملىق ئاۋازى سەلكىن شامالدەك، ياش يۈرەكلەرنى سەگىتىپ، تاتلىق ھېس - تۇيغۇلارنى ئويغاتماقتا ئىدى. ناخشىنىڭ ئاخىرىغا يىگىتلەرمۇ قوشۇلدى. ئۇلار بىر - بىرلىرىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ، قەلبىنىڭ پىنھانلىرىدىكى يۈرەك سۆزلىرىنى ئىزھار قىلىشتى.

ناخشا ئاخىرلىشىشى بىلەن، مۇرات سەرەڭگە تاللىرىنىڭ سانلىرىنى تېپىش، ئىككى چوكىنى چاپراس شەكىلدە باغلاپ، پىرقىرىتىش، چوكا توختىغاندا كىمگە قاراپ قالسا، شۇ كىشى ناخشا ئېيتىپ بېرىش ياكى قىزىق يۇمۇر سۆزلەش ئويۇنلىرىنى چىقاردى. بۇ ئويۇن بىلەن، سورۇن ۋاڭ - چۇڭ، چىرقىراش - قىرقىراشلار بىلەن تولدى.

غەم - ئەندىشىسىز خۇشال ئۆتكەن كۈنلەر خۇددى دۆڭدىن پەسكە قارىتىپ قويۇۋەتكەن چاقتەك ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىردەمدىلا چۈش پېشىن بولۇپ قالغانىدى، مۇرات داستىخاندىكى گۆش گىردە، سامسا، نان - توقاچلاردىن سومكىغا قاچىلاپ، قۇرۇم كۆلى تەرەپكە كەتتى. ئۇ 15 مىنۇتچە ھايال بولدى، قايتىپ كەلگەندە، قىزلار بىلەن ھېكمەت كامىلنىڭ كۆزىنى تېڭىپ قويۇپ، «كىم ئۇردى؟» ئويۇنىنى ئويناۋاتاتتى.

— قېنى قىزلار، يىگىتلەر، تۇرۇڭلار، — دېدى مۇرات قوللىرىنى ئوينىتىپ، — مەن سىلەرنى ساياھەت پاراخوتىمىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئوينىتىشنى لايىق تاپتىم.

— ئاتە پونى، — دېدى كامىل كۆزىدىكى ياغلىقنى ئېلىۋېتىپ.

— ئاۋۋال ئارقامدىن ماڭمامسىلەر! مەن مۇرات قۇتلۇق سىلەرنى قاچان ئالدىغان؟...

ھەممەيلەن يۇمشاق ئوتلارنى دەسسەپ، قۇرۇم كۆلى بويىغا كەلدى. چەكسىز كەتكەن تىنىق سۇ گوياكى دېڭىزنى ئەسلىتەتتى. كۆل ئىچىدە چوقچىيىپ چىققان تۇرغان قومۇشلۇق ئاراللار بولۇپ، قىرغاقتا يېقىنلىرىنىڭ ئۆسىنى سۆگەت ھەم جىگدە قاپلاپ تۇراتتى. يىراق كۆل بويلىرىدا بېلىقچىلارنىڭ كەپىلىرى بار ئىدى.

مۇرات قىرغاق ياقىلاپ ئانچە ئۈزۈن ماڭمايلا، كۆل بويىدىكى كۆپكۆك يېكەنلىك يېنىدا توختىدى. يېكەن ياپراقلىرى ئارىسىغا مىڭلىغان نوغۇچلارنى ئېسىۋەتكەندەك، قۇرۇپ ئۆلگۈرمىگەن ساغۇچ، پورەك توزغاق كەلتەكلىرى گىدىيىپ تۇراتتى. مۇرات پۇشقاقلىرىنى تۈرۈپ يېكەن ئارىسىغا كىرىپ كېتىپ، بىر قولۋاقنى سۆرەپ چىقتى، قىزلار خۇشاللىقىدىن چاۋاك چېلىپ ۋارقىرىشىپ كېتىشتى.

— مۇرات،— دېدى كامىل كۈلۈپ،— بايىقى سومكىغا قاچىلانغان نەرسىلەرنى كۆل سۈيىدە ئاتقايناق قىلامدىكىن دېسەم، بېلىقچىلارنى ئالداپسەندە!

قىزلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. نەفىسە ھېكمەتكە مەنىلىك قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— مېنى مەمتىلى ئىبراھىم دەپ قاپسەندە. . . — دېدى مۇرات چاقچاقتا جاۋاب قايتۇرۇپ،— بىلىپ قوي، ئۇنداق قىلىدىغان بولسام، بەزىلەر ئۆزىنى كۆلگە تاشلىۋالىدۇ جۇمۇ!

كۆل بويىنى يەنە كۈلكە قاپلىدى. نەفىسە بۇ قېتىم ئۇنلۇك كۈلۈۋەتتى ـ دە، كامىلغا چىرايلىق قارا كۆزلىرىنى تىكتى. كامىل ھېكمەتنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ: — ئۇنداق قىلمايدىغانسىن؟— دەپ قويدى.

ھەممەيلەن قولۋاققا چىقىشتى. قوش پالاقنى تۇتۇپ ئولتۇرغان مۇرات ھېكمەتكە ۋارقىرىدى:

— گارمۇننى نېمىشقا ئېلىۋالمىدىڭ؟

— بولدى، ئېغىز گارمۇشكام بار، — دېدى ھېكمەت ياغلىققا ئورالغان گارمۇشكىنى ئېلىپ،— مۇشۇ بولسىمۇ بولار؟

— بولمايدۇ. ئۇ مەدەكدەك بىر نېمەڭنىڭ قانچىلىك ئاۋازى بولماقچىدى؟

كامىل قىرغاققا سەكرىدى ـ دە، يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ گارمۇننى ئېسىپ كەلگەندە، ھاسىراپ كەتكەنىدى.

مۇراتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن (بولمىسا قولۋاق تەۋشەلمەيدىكەن. . .) ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا قولۋاقنىڭ بېشىدا،

كامىل بىلەن نەفىسە قويرۇقىدا، مۇرات ئوتتۇرىدا پالاق تۇتۇپ زۇمرەتكە قاراپ ئولتۇردى. قورقۇپ چىرقىراشقان قىزلار يىگىتلىرىنىڭ بىلەكلىرىنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى. بىراق لەرزان ئۇرۇلغان پالاق، شاۋۇلداپ سۇ كۆكسىنى يېرىپ كېتىۋاتقان قولۋاق بارغانسېرى كۆڭۈللۈك تۇيۇلماقتا ئىدى. گايىدا شالاپلىغان دولقۇنلار قولۋاق قىرغاقلىرىغا ئۇرۇلاتتى، قىزلار ۋارقىرىشاتتى، قاقاقلاپ كۈلەتتى. مۇراتنىڭ، -- ھە، قېنى، ھېكمەت! — دېپ ۋارقىرىشىدىن كېيىن، گارمون يەنە باھار ۋالسىغا ياڭرىدى. قىز - ئوغۇللار بىردەك ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ، ناخشا ئېيتماقتا ئىدى:

ۋەتەندە باھار، ئېلىمدە باھار...

قىرغاق ياقىلاپ كېتىۋاتقان قولۋاق يېكەنلەر ئارىسىدىن، گاھىدا پۆپۈكلىك قومۇشلۇقلارنى يانداپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. كۆل بويىدىكى بۈك توقايزارلار، جىگدىلىكلەر، قىزىل يوپۇرماقلىق ياۋا ئۆرۈكلەر گويا ئۆزلىرى ئۆزۈپ كېلىۋاتقاندەك، ئۇلارغا يېقىنلاپ كېلەتتى - دە، ئارقىدا قالاتتى. كۆك ئاسماندىكى ئاپئاق پارچە بۇلۇتلار قىزلارنىڭ خۇشناۋا ئاۋازىدىن پەيزى قىلىۋاتقاندەك، مۇئەللەق ئېسىلىپ تۇراتتى. ئەتراپتىكى قومۇشلۇق، يېكەنلىكلەردىن ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ غاقىلىدىغان ئاۋازى كەلسە، تۇرۇپلا يېكەن توخۇلىرى زىل ئاۋازلىرى بىلەن چاڭقىلداپ، قۇرۇم كۆلىگە ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلاتتى.

قۇرۇم كۆلىنى بىر كۈندىمۇ ئايلىنىپ بولۇش تەس ئىدى. شۇڭا، ئۇلار قولۋاق تۇمشۇقىنى ئارقىغا قايرىپ كەينىگە قايتىشتى. قىن - قىنىغا پاتماي خۇشال بولۇشقان قىزلار قىرغاققا چىقىش بىلەن، بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ كېتىشتى.

— ھازىردىن باشلاپ بىر سائەت ئىختىيارىي ھەرىكەت. — دېدى مۇرات ۋارقىراپ،— ھەركىم كۆڭلى تارتقان مەنزىرىنى تاللاپ، ئارام ئالسا بولىدۇ...

كامىل بىلەن نەفەسە پاراڭلاشقاچ، ئورمان ئىچىگە كىرىپ كەتتى. زۇمرەت مۇراتنى ساقلاپ تۇراتتى. ئۇ، قىزغا «ماڭغاچ تۇرۇڭ!» دەپ ئىشارە قىلغاندىن كېيىن، ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا قىرغاقتا چىقىپ بولغۇچە، قولۋاقنىڭ تۇمشۇقىدىن ئىتتىرىۋەتتى...

— ھېكمەت، گۈلزىبانىڭ ئىچ پۇشۇقى تېخى تۈگىمەپتۇ. ئۇنى بىر ئوينىتىپ كەل، — دېدى مۇرات قىرغاقتا يېقىن ئارالنى ئىشارە قىلىپ، — پالاق ئۇرۇشنى بىلەمسەنغۇ؟ سەن دېگەن كونا بېلىقچى...

مۇرات كەينىگە قارىماي كېتىپ قالدى. قولۋاق ئاستا - ئاستا سىلجىغانچە، قىرغاقتىن خېلىلا ئۇزاپ كەتتى. ھېكمەت ئىزا تارتىپ، قىيا بېقىپ تۇرغان گۈلزىباغا كۈلۈپ قويدى - دە، پالاقنى ئۇرۇپ، ئورمان سايىسىدا جىمجىت گۈگۈملۈقتا چۆمگەن ئارالغا ھەيدەپ كەتتى. ئۇلار ئارالنىڭ ئوت باسقان قىرغا قول تۇتىشىپ چىققاندىن كېيىن، قولۋاق ئارغامچىسىنى سۇغا ئېگىشىپ تۇرغان جىگدە غولىغا باغلاپ قويدى.

سۇ ئۈستىدە ئۈزۈپ كېتىۋاتقان تاشپاقىدەك كۆرۈنىدىغان بۇ ئارال كىچىك بولسىمۇ، ھەر خىل ئوت، ئاپئاق ئېچىلىپ كەتكەن ئازغان، مۇنچاق - مۇنچاق ئېسىلىپ تۇرغان قىپقىزىل ئالقات، قاغا جىگدە، مەجنۇن تاللار بىلەن قاپلانغانىدى. ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا ئېگىز دۆڭلۈككە چىقىپ، ياپيېشىل ئوتلاقتا ئولتۇردى. ئۇلار بۇ ئادەمسىز جىمجىت ئارالدا بىر - بىرىگە تويماي قارىغىنىچە گۈندىمەي ئولتۇراتتى. يۈرەكلىرى بولسا، بىر - بىرىگە ئاڭلانغۇدەك ئۇراتتى.

ھېكمەت گۈلزىبانىڭ سۇس قىزىللىق ئەكس ئەتكەن ئاق ئالمىدەك يۈزىگە، قارلىغاچ قانىتىدەك قايرىلغان قارا قاشلىرىغا، ھايا بىلەن سۈزۈلگەن كۆزلىرىگە، ھالرەڭ لەۋلىرى ئۈستىدىكى قىپقىزىل خالىغا قارىغىنىدا، «بۇ چۈشۈم بولۇپ قالمىغىدى؟» دەپ ئەنسىرىدى. قىزنىڭ سول مۈرىسىدىن ئالدىغا چۈشۈپ تۇرغان بىر ئۆرۈم چېچى قوچاقلىرىدا يىلاندەك تولغىنىپ تۇراتتى. ئۇ، تومار چېگىلگەن چاچ ئۇچىنى نازۇك بارماقلىرىدا بىر ئۆرۈپ، بىر چۇۋۇيتتى... شۇنداق، قىزنىڭ چىرايلىق

كۆكسىنى سۆيۈپ تۇرغان بۇ تۇمارلىق چاچلار ئارقىسىدىن بىر چاغلاردا ھېكمەت تەلمۈرۈپ ماڭغانىدى، ئۇنى مەدھىيىلەپ شېئىر ئوقۇغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنى تۇتۇپ كۆزلىرىگە سۈرتسە، گۈلزىبانىڭ ھىدلىرىنى ھىدلىسا، باغرىغا تاڭسا... بۇ شېرىن دەقىقىلەرنى ئاتا قىلىپ، ھىممەت قولىنى سوزغان قىسمەتكە ھەمدۇ سانا ئوقۇسا!... بۇ يولدا كېرەك بولسا، شېرىن جېنىنى پىدا قىلسا!... ئەمما، ھېكمەت گۈلزىبانى ئازابلىدى... رەنجىتتى... خاپا قىلدى. بۇ پەرىزات بولسا، ئۇنى كەچۈردى، ئىككىلا دۇنيالىق گۇناھىدىن ئۆتتى!...

— گۈلزىبا، — ھېكمەتنىڭ ئاۋازى تىترىدى، — مېنى كەچۈردىمىسىز؟... مەن...

گۈلزىبانىڭ چىرايلىق كۆزلىرى ياشقا تولدى. توۋا، ئىنساننىڭ ئۆمرىنى، تەقدىرىنى بىر قېلىپتا ئۆتۈپ كېتىدۇ دېيىش تەس ئىكەن. بۇ ئاق كۆڭۈل يىگىت ئاۋغان كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدا تۇنجى قېتىم ئۇچراشقىنىدا، ھەر ئىككىلىسىنىڭ غەرەزسىز، كىرسىز، پاك كۆز نۇرلىرى بىر - بىرىگە قوشۇلغانلىقى، قىزنىڭ غۇبارسىز تېنىنى ئىللىق بىر سېزىم سىيلاپ ئۆتكەنلىكى راست!... شۇ كۈنى كېچىدە كۆرگەن چۈشىچۇ تېخى. يەنە شۇ قارا قاش يىگىت كوچا دوقمۇشىدا گۈلزىباغا تىپقىزىل ئالما سۇنۇۋاتقۇدەك... قىز بىر قارىسا ئالمىمىش، بىر قارىسا قان، تەپچىپ تۇرغان يۈرەكمىش...

گۈلزىبا بۇ سىرلىق چۈشنى ئويلاپ، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، كۆزىدىن ئۇيقۇ قاچقانىدى. قاراڭ تەقدىرنىڭ ئويۇنلىرىنى!...

كېسەل ئانىسىنىڭ كۆز يېشى، قايىتنىڭ يىرگىنىشلىك تىل - ئاھانەتلىرىدىن يۈرىكىگە لەختە - لەختە قان تولغان گۈلزىبا، يەكشەنبە ئەتىگەندىلا مەكتەپكە قايتىپ، چىقىپ باغدا ھەسرەتلىنىپ ئولتۇرغىنىدا، مۇڭلۇق گارمون ئاۋازى ئۇنىڭ مىسكىن كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك تەسەللىي بەردى. ئۇ بىلىپ - بىلمەي دېرىزە تۈۋىگە بېرىپ قالدى!... كىم بىلىپتۇ بىراۋلارنىڭ چىقىپ قېلىشىنى؟ يەنە كېلىپ ھېلىقى چۈشىدە ئالما بەرگەن، ياق، يۈرىكىنى بەرگەن يىگىتنىڭ ئۆزى ئىدى!...

خەيرىيەت، كېيىنچە گۈلزىبانىڭ يۈرىكىنى يالقۇنلۇق بىر ئوت كۆيدۈرۈپ، پاك ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى! ئەمما كامىلنىڭ نەسىھەتى بۇ ئوتنى چۆلدە ياغقان يامغۇردەك ۋاچچىدە ئۆچۈردى! . . . بىراق ئوت ئۆچمىگەنىدى! . . . مانا ئەمدى تەقدىرنىڭ سىناقلىرى بىلەن شۇ يىگىت ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ تۇرۇپتۇ. . .

— ھېكمەت، ئارىمىزدا كەچۈرگۈدەك ئىشلار بولمىدىغۇ؟ — پىچىرلىدى قىز،— بۇ. . . بۇ. . . توۋا، ئىشەنگىم كەلمەيدۇ. . .

— گۈلزىبا، مەن. . . مەن. . . سىزنى. . .

— . . .— گۈلزىبانىڭ ھۆسنى لالىدەك قىزاردى! . . .

ھېكمەت گۈلزىبانىڭ نازۇك، ئاق قوللىرىنى ئاستا تۇتتى ۋە لەۋلىرىگە ئاپاردى! . . . قىزنىڭ بېشى ھايا بىلەن قوش كۆكسى ئوتتۇرىسىغا ئېگىلدى. ئۇنىڭ يېرىم يۇمۇلغان كىرپىكلىرى بەخت، شادلىق، ئۈمىد - ئارزۇلار بۇلىقى بولغان كۆزلىرىنى يوشۇرۇپ تۇرغان قارا چۈمپەردىنى ئەسلىتەتتى. . . ھېكمەت قانداقتۇر بىر ئىلاھىي كۈچنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇنى باغرىغا باستى!

تۇنجى قېتىم يىگىت باغرىغا تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئوتلۇق ھارارىتىدىن چەكسىز لەززەتلەنگەن قىز ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىنى گويا ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى! . . . ئۇ، بەختىنى، ۋاپادارنى، سىردىشىنى، مۇڭدىشىنى تاپتى. ھېكمەتنىڭ گۈلرۇزغا: «ئۇ مېنى كەچۈرسىلا، ئۇنىڭ بىلەن ئۇ دۇنياغا كېتىشكە رازى ئىدىم. . .» دېگەن سۆزلىرى، كامىلنىڭ نەفسەگە: «ھېكمەتنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتى، گۈلزىباغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتى ئۇنىڭ قەلب ئىزھارىغا يول قويمايۋاتىدۇ. . .» دەپ ئېيتقان سۆزلىرى ئۇنىڭ خىيالىدىن كەچتى. ئۇ، گۈلزىبانى شۇنچىلىك ئۇلۇغلىغانىكەن، ئەمدى ئۇ بۇ يىگىتنىڭ قۇربانى بولسا ئەرزىيدىغۇ! گۈلزىبا ھېكمەتنىڭ باغرىغا تېخمۇ چىڭ يېپىشتى. . .

— گۈلزىبا، يىغلاۋاتامسىز؟ . . .— ھېكمەت قىزنىڭ يۈزلىرىگە قارىدى،— سىزگە نېمە بولدى؟

— ھېچ. . . ھېچنىمە. . . بۇ دېگەن شادلىق ياشلىرى! . . .

ھېكمەت ئاستا - ئاستا بېشىنى ئەگدى! . . . گۈلزىبانىڭ قېلىن ئەگمە كىرپىكلىرى ھايادىن نەگە قېچىشنى بىلمەيۋاتقان كۆز قارىچۇقلىرىنى چۈمپەردىدەك ياپتى. . .

ئۇزاق سۆيۈشتىن نەپەس ئالالماي قالغان قىز نومۇستىن قىزىرىپ يىگىتنىڭ كۆكسىگە يۈزىنى يېقىۋالدى. شەربەت تېمىپ تۇرغان ھالرەڭ لەۋلەر لەززىتىدىن مەست بولغان ھېكمەت كۈلۈپ قارىغان بەختىنىڭ قۇربانى بولۇشقا رازى ئىدى! . . .

— گۈلزىبا! . . .

— ئىم! . . .

— مېنىڭ ئىنىستىتۇتتىكى ئىشلىرىمنى (ئۇ ئامىنەنىڭ ئىسمىنى ئاغزىغا ئالمىدى) كەچۈرەمسىز؟

— ئۇ ئىشلار ھېساب ئەمەس، — دېدى گۈلزىبا ئەركىلەپ، — بىزنىڭكى ھېساب. . . بىزنى ئاللاھ قوشقان. . . ئۇ شەيتان ئازدۇرغان ئىشلار! . . . شۇڭا تورغاقتەك توزۇپ كەتتى. تىڭشاڭ، يېقىندا مەن بىر شېئىر ئوقۇدۇم! ئۇ مۇنداق يېزىلغان:

تورىغىسى كەلسە چېچەكنىڭ نېمە چارە بار ئاڭا؟
ئەسلى سىرداش قارلىغاچلار قايتىپ كېلىندۇ يانا.

شۇ شائىر بۇ شېئىرنى ئىككىمىزگە قارىتىپ يېزىپتۇ. . .

— شۇنداق، بىز ئاخىرى قايتىپ كەلدۇق، — دېدى ھېكمەت، — ئەمدى بىزنى ھېچكىم ئايرىۋېتەلمەيدۇ. شۇنداقمۇ؟ . . .

— بىز مەڭگۈ ئايرىلمايمىز! . . .

— سىز مېنىڭ! . . .

— سىزمۇ مېنىڭ! . . .

ھېكمەتنىڭ مۇھەببەت نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى گۈلزىبانىڭ قىپقىزىل خالىغا تەلمۈردى، قىز جىلۋە بىلەن نازلاندى. يىگىت ئۇنىڭ ئاي يۈزىنى ئالقانلىرىغا ئالدى! . . .

ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا ئۈچار قۇش، ھاشارەتلەرنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايدىغان ئادەمسىز بۇ كىچىك ئارالدا، غەم - غۇسسىلاردىن خالىي مۇڭداشماقتا ئىدى. كامىل ۋە نەفىسەلەرنىڭ روھىي مۇھەببەتلىرىنى ئۇلۇغلاش، ھۆرمەتلەش بىلەن ئۇلارغا خەيرىخاھلىق تىلىسە، مۇراتنىڭ دوستلىرىغا بولغان چەكسىز مېھرى، سەممىي - سادىقلىقى، زۇمرەتكە نىسبەتەن ۋاپادارلىقى قاتارلىق خىسلەتلىرىنى سۆيۈنۈش بىلەن ماختىشاتتى. . . ھەتتا كەلگۈسىدە، بوۋاي، موماي بولغانلىرىدا، ئۈچ جۈپ دوستنىڭ ياشلىق كەچمىشلىرىنى، ھايات ئەستىلىكلىرىنى نەۋرە - چەۋرىلىرىگە، يارۇ بۇرادەرلىرىگە سۆزلەپ بەرسە، نەقەدەر مەنىلىك، خاسىيەتلىك بولىدىغانلىقىنى سۆزلىشىپ، قىن - قىنىغا پاتماي كۈلۈشەتتى.

— ئۇ چاغدا، مۇھەببىتىمىزنىڭ شاھىدى بولغان بۇ ئارالنى پات - پاتلا يوقلاپ تۇرىمىز، — دېدى ھېكمەت گۈلزىبانىڭ كۆزلىرىگە قاراپ.

— شۇنداق، — دېدى گۈلزىبا ھېكمەتنىڭ كۆكرىكىگە بېش قويۇپ، — مۇشۇ جايىمىزدا ئولتۇرۇپ، مەڭگۇ ئۇنتۇلماس دەقىقىلەرنى ئەسلەيمىز! . . .

ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا، يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتىشىپ ئولتۇرۇۋەرگەنمۇ بولاتتى. يىراق كۆل قىرىدىكى يېكەنلىك تەرەپتىن مۇراتنىڭ خۇددى قۇدۇق ئىچىدىن ۋارقىرىغاندەك بوغۇق ئاۋازى كەلدى. ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا بىر - بىرىگە كۆز قىسىشقان ھالدا، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، بىر - بىرىگە كۆز گۆھەرلىرى ئېقىپ كەتكۈدەك ئوتلۇق مېھىر بىلەن قاراشتى - دە، قايتا قۇچاقلاشتى.

ئۇلار يېكەنلىك ئارىسىدىكى قولۋاق پاتقۇدەك سۇ يولى بىلەن قىرغاققا يېتىپ كەلگەندە، مۇرات تاماكا چېكىپ تۇراتتى. ئۇ ھېيلىگەرلىك بىلەن كۆزىنى قىسىپ، ھېكمەتنىڭ قۇلىقىغا: «كالپۇكلىرىڭ مانتا شوپۇلاپ يېگەندەك پارقىراپ كېتىپتىغۇ؟ . . .» دەپ پىچىرلىدى - دە، ئىگىسىگە ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن، قولۋاققا چىقتى. ئەمما گۈلزىبا ئۇنىڭ چىرايىغا قارىيالماي، ئورمان تەرەپكە ماڭدى.

قىزلارنىڭ ھۆسن - جامالىدىن، يىگىتلەرنىڭ ۋاپا - مېھرىدىن كۆز قىيالمىغان قۇياش ئولتۇرغۇسى كەلمىگەندەك، قورۇم كۆلى ئۈستىدە

ياتتۇ ئىسلىپ تۇراتتى. كۆپكۆك سۇ ئۈستىگە مىليونلىغان ئىنجۇ ئۈۋاقلىرىنى تۆكۈۋەتكەندەك، كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ جىمىرلايتتى. ئارالارنىڭ قىرغاقلىرىغا شاخ - شۇمبا، يىلتىزلاردىن چوقچايتىپ ياسىۋەتكەن ئۇۋۇلىرىنىڭ ئۈستىلىرىدە قاپقارا تۈكلىرىنى پارقىرىتىپ قۇندۇزلار يۈرەتتى. كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قومۇشلۇق ئەتراپىدا تور سېلىۋاتقان بېلىقچىلار يىراقتىن سايىلاردەك كۆرۈنەتتى.

بىر كۈن ئويناپ خۇماردىن چىققان ساياھەتچىلەر نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ۋېلسىپىتنىڭ ئالدىلىرىغا ئوبدان ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئورمانغا كۆز قىيمىغاندەك قاراشتى - دە، يولغا چۈشتى.

ئۇلار شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، سۇ ئىدارىسى ئارقىسى بىلەن مال بازىرىغا چىقتى. بۇ بازارنىڭ باش تەرىپى بورا، ياغاچ - تاش، ۋادەك، ۋاسا دېگەندەك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سېتىلىدىغان رەستە ئىدى. كوچىدىن سولغا قايرىلغاندا، خوتەن جامەسىنىڭ ئېگىز تاملىرى سېپىلدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كامىل، مۇرات، ھېكمەتلەر جامەدىن ئۆتۈپ، ئاۋغان كوچىسى ئاغزىدا ۋېلسىپىتتىن چۈشۈشتى، قىزلار ئايرىلىشقا كۆز قىيماي، بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلاشتى. زۇمرەت باشقىلارنىڭ ئىككى ئايغىچە شەھەردە بىللە بولىدىغانلىقى ئەمما ئۆزىنىڭ بوستاندا يالغۇز قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ، كۆڭلى يېرىم بولدى. بۇنى سەزگەن نەفىسە ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردى:

— دەم ئالغان كۈنلىرىڭىز شەھەرگە كىرىڭ. بىللە ئوينايمىز.

— ئاڭلىدىڭىزمۇ مۇرات؟ — دېدى زۇمرەت دومسىيىپ، — ۋېلسىپىتىڭىزنى ئېلىپ ئالدىمغا بېرىڭ.

— سىز خەۋەر قىلمىسىڭىزمۇ، — دېدى كامىل، — ھەر شەنبە ئۇ ئۆزى سىزنى ئالغىلى بارىدۇ. . .

گۈلزىبا، نەفىسەلەر زۇمرەت بىلەن خوشلىشىپ، ئاۋغان كوچىسىغا كىرىپ كېتىشتى، قالغانلار چايخانا مەكتەپ ئالدىدا ئايرىلىشتى. مۇرات زۇمرەتنى ۋېلسىپىتكە مىندۈرۈپ، بوستان يولىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. . .

# رەشىق

ھەپتىدىن بېرى، خالىق كاتىپنىڭ گېلىدىن تاماق ئۆتمىدى. ئۇنىڭ، ئەمدىلا سىزىك خۇمارى بىلەن ئازابلىنىۋاتقان ياش ئايالىنىڭ قورسىقىغا قارىسىلا، قەھرى - غەزىپى ئۆرلەپ، ئۇنى چەيلەپ - يەنچىۋەتكۈسى كېلەتتى. ھېچقانداق سەرگە توختىمايدىغان كىچىككىنە ئىشلارنى باھانە قىلىپ چېچىلاتتى، ۋارقىرايتتى، ئالدىغا ئۇچرىغان داس، چېلەكلەرنى تېپىپ، چۆگۈنلەرنى ھويلىغا ئاتاتتى. خالىق ئېتىلىپ كەتكۈدەك چىڭقىلىپ تىللىغىنى تۇرسا، ئۇنىڭ بويىنىدىكى تەڭگىدەك ئاق قىزىرىپ بېغىررەڭ بولۇپ كېتەتتى. ئۇ ئەزەلدىن بالىغا ئۆچ ئىدى. تۇنجى قىز ئالغان خوتۇنى بىلەن توققۇز ئاي ئۆي تۇتقان بولسىمۇ، بالا بولمىدى. ئىككىنچىسى بىلەن بولسا ئىككى ئايلا ئۆي تۇتۇپ ئاجراشتى. كېيىنكى ئىككى خوتۇنىدىن بىردىن ئىككى ئوغلى بار ئىدى. ئۇلارنى كىگىز - كېچەك، پۇل - پۇچەك بىلەن رازى قىلىپ، بالىلىرىنى قولتۇقلىتىپ قويىدى. ئەمدى بۇ بەشىنچى خوتۇنىنىڭ بىر يىلدىن بېرى قورساق كۆتۈرمەي، زۇمرەتكە ئىشتىھا ساقلاپ تۇرغان بىر پەيتتە، سىزىك بولۇپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان؟... ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۇغقان قوغلىشىپ ئېلىپ بەرگەن ئاتا - ئانىسى بىلەن بىر قورۇدا بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈڭ! ئۇلار ھە دېسە: «ئۇنى قوغلاپ چىقارغىچە بىزنى ئۆلتۈر!...» دەپ تۇرسا؟

خالىق ئىشخانىسىدا تاماكىنى ئۈزمەي چېكىپ ئولتۇراتتى. ئۇ بۇ چاغقىچىمۇ خوتۇنى بىلەن جەڭگە - جېدەلنى تولا قىلغان... ئۇنىڭغا ئاتا - ئانىسى، قولۇم - قوشنىلارنىڭ ھەممىسى كۆنۈك ئىدى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭ نەزەرىدە، «خوتۇنىڭنى ياخشى كۆر، ۋاقتى - ۋاقتىدا ئۇرۇپ تۇر!» دەيدىغان پەلسەپە ئىدى! ئەمما ئۇ خوتۇنىنىڭ سىزىك بولۇپ قالغىنىدىن ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدىمۇ؟ ياق!... ۋاقتى كەلسە، بۇمۇ خالىق ئۈچۈن ھېچقانداق بىر ئىش ئەمەس ئىدى. بىراق، بۇ خوتۇن بالىنى چۈشۈرۈۋېتىشكە ئۇنىمىدى، شۇڭا، يەنە بىرەر يىل ساقلاشقا توغرا

كېلەتتى. ئۇ چاغقىچە زۇمرەتمۇ خالىقنىڭ خاھىشىسىز بىر قەدەم نېرى - بېرى باسالمايدۇ. ياقۇپ سەپرامۇ ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز كېكىرىپ باقسۇنچۇ قېنى!

خالىق مۇشۇنداق ئويلاپ ئۆزىنى بەزلىگەن بىلەن، يەنىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئۇ، ئۆتكەن يەكشەنبە كەچتە، كۆزىنىڭ پېتىنى ئۆلتۈرۈپ، يۈرىكىنى سەگىتىش ئۈچۈن، پوچتىخانىغا كىردى. پوچتىخانا باشلىقى قاسىم زۇمرەتنىڭ شەنبە چۈشتىلا دەم ئالغانلىقىنى ئېيتتى. پوچتىخانىدىن پىلىكى ئۈزۈلگەن خەمەكتەك سولىشىپ چىققان خالىق گۆگۈشي دەرۋازىسى ئالدىدا بىردەم سالقىنداپ تۇراتتى، مۇرات ۋېلسىپىتىنىڭ ئارقىسىغا بىر قىزنى قوندۇرۇپ، بازارنىڭ ئۇ بېشىدىن گىدەيگىنىچە گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغىنى باشقا بىرسى بولماي دەل زۇمرەت ئىدى!...

خالىق رەشىق، غەزەپ ئوتىدا تىترەپ كەتتى، تېخى ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك، ياخشىلىقنى بىلمىگەن دېۋەڭ قىزنىڭ خالىققا قاراپ ھىجايغىنىنى كۆرمەمدىغان؟... بۇ ئۇنىڭ مەسخىرە قىلغىنى بولماي نېمە؟...

خالىق دۈشەنبە ئەتىگەندىلا پوچتىخانىغا كىردى. ئۇ زۇمرەتنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنى سورىغان بولۇپ، ساددا قىزنى بىردەم كولدۇرلاتتى ۋە دەم ئېلىش كۈنىنى نەدە ئۆتكۈزگەنلىكىنى سورىدى. زۇمرەتمۇ «مۇراتنىڭ قىز - ئوغۇل دوستلىرى بىلەن قۇرۇم كۆلىدە ئوينىغانلىقىنى» ئۇنىڭغا تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتىپ بەردى. ھەتتا ئۇ خالىقنىڭ تەمكىن، غەرەزسىز كۈلۈپ تۇرغان چىرايىنى كۆرۈپ، «دەم ئېلىش كۈنىنىڭ ناھايىتى مەنىلىك ئۆتكەن»لىكىنى ماختاپ، كاتىپنىڭ كونا خامىنىغا ئوت يېقىۋەتتى...

زۇمرەتنىڭ ئانىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىشقا كەتكەن پۇللارنى، ئۆلۈمى ۋە نەزىر - چىرىغىغا بەرگەن ئاشلىق، ماي، داكىلارنى، ئۇنى پوچتىخانىغا ئورۇنلاشتۇرغان ئەجىرلىرىنى ئېيتىپ، قىزنى قورقىتىپ ئىسكەنجىگە ئېلىش كېرەكمۇ؟ ياكى ياقۇپ سەپراغا «بۇ قەرزنى پۈرىتىش»

ئارقىلىق بېسىم ئىشلەتسۇنمۇ؟... مانا بۇ ھەپتىدىن بېرى خالىقنى قىيناۋاتقان سوئاللار ئىدى. ئۇ ئاخىرى بىرىنچى قارارنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. چۈنكى، ئۇ قەھرىمۇ - زەھىرىمۇ بار بۇ چىرايلىق قۇشنى چۆچۈتۈپ قويۇشتىن قورقتى.

ئىشخانا ئىچى ئاچچىق تاماكا ئىسى بىلەن تولغانىدى. خالىق كاتىپ سارغىيىپ كەتكەن بارمىقىنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمەي، تاماكىنى بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرىنى ئۇلاپ چېكىۋاتاتتى.

— قارا بۇ ئەپەندىنى! خۇددى مۈشۈك قۇشقاچقا تەمشىلىپ بولغىچە، قۇرغۇي چاقچان چىققاندەك بىر ئىش قىلدىغۇ!... خەپ...— دەپ غۇدۇڭشىدى ئۇ.

— ھە، ئاكا! — ئىشىك ئېچىلىپ مەتمۇسا كىرىپ كەلدى، — ئۆزىڭىزبىلەن ئۆزىڭىز گەپلىشىپ ئولتۇرۇپ كېتىپسىزغۇ؟ نېمە، چىرايىڭىز ئۆمسۆرۈنلىغۇ!...

— ئولتار! — دېدى خالىق ئۇنىڭ دۇپپۇڭگىلەك دىقماق گەۋدىسىگە قاراپ، — مال نەسىللەندۈرۈش پونكىتىدىكى ئىشلىرىڭ قانداقراق؟ ھېچ قاراڭنى كۆرسەتمەيسىنا؟...

— ئۆتكەن ھەپتىلا كىردىمغۇ؟ — دېدى مەتمۇسا مەنىلىك ھىجىيىپ، — ئەمدى داۋاملىق تالون يازمىساق... ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ كەلگەن ئوبۇل دېگەن تېخنىك دوختۇر يامانراق نېمىكەن... ئادەمگە چېكەتكىدەك تىكىلىپلا تۇرىدۇ...

— بولدى، بولدى، نېمە قىلىۋاتقىنىڭنى مەن بىلمىسەم! ئاڭلىمىسامكەن كاشكى، — دېدى خالىق مەتمۇسانىڭ يانچۇقىغا قاراپ قويۇپ، — ھە، كىرىپ قاپسەن...

— بىر ئىشنى سىزگە دەپ قوياي دېۋىدىم...

— نېمە ئىش ئىدى؟

مەتمۇسا ھىجايدى. بويىنىڭ پاكارلىقى ۋە ھەددىدىن ئارتۇق سەمرىپ كەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ بېشىنى بىراۋ مۈرىسىگە نىقتاپ كىرگۈزۈۋەتكەندەك، بويىنى يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇ كۈلگەندە، قوش

ئېگەكلىرى مەيدىسىگە سالپىيىپ چۈشۈپ، جاۋغاي گۆشلىرى قۇلاقلىرىغىچە كۆپۈپ كېتەتتى. مەتمۇسا گەرچە خالىقنىڭ ھىممىتى بىلەن دادۈينىڭ مال دوختۇرلۇقىدىن بىر يوللا گۆكشى ئىگىدارچىلىقىدىكى مال نەسىللەندۈرۈش پونكىتىنىڭ مەنسەپ تاجىسىنى كىيگەن بولسىمۇ، خالىققا تارلىقى كېلەتتى. خۇددى ئىچى تار ئادەمگە دۇنيامۇ تار كېلىدۇ دېگەندەك، بۇ ئىككى تۇغقان ئىنىسىنىڭ گۆكشىدىكى ئوتتۇز مىڭ نوپۇسنى ئالقىنىدا چۆرۈپ، باشلىقلارنىڭ بۇرنىدىن كىرىپ، قولىقىدىن چىقىپ، ئۇلارنى ياڭاقتەك ئوينىتىپ يۈرگەنلىكى ئۇنى ئوغا يەپ، يىگنە يۇتقاندەك بىئارام قىلاتتى. ئەگەر خۇدايىم «ئال قۇلۇم!» دەۋەتسە، ئۇنىڭ خالىقنى بىرلا تېپىپ يۇملىتىۋېتىپ، گۆكشىنىڭ كاتىپلىق ئورۇنلىدە ئۆزىنىڭ ئولتۇرغۇسىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۇنداق ئاسان ئىلتىپات نەدە تۇرۇپتۇ؟... بىراق بۇ بەندە «يۈزۈمگە توكۇرسە نېمە بوپتۇ، قۇرۇپ قالىدىغۇ؟» دەيدىغانلاردىن بولغاچقا، كىچىككىنە ئەمەل ئۈچۈن، ئۆزىدىن بىر نەچچە ياش كىچىك ئىنىسىنى «ئاكا» دەپ چاقىرىشقا ئۇيالمايتتى. مەتمۇسا «ھەممە نەرسىنىڭ يېڭىسى ياخشى» دەيدىغان ئەقىدىسىگە بەكمۇ سادىق ئادەم بولغاچقا، 38 ياشلىق ئۆمرىدە 11 خوتۇن ئېلىپ بولغانىدى. ئۇ، چىرايلىق، ياۋاش، ئىشچان، ۋاپادار قىزلارنى ئالغان بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن ئۇزۇنى بىر يىل، ئاخىرى ئۈچ ئايدا ئاجرىشىپ، خۇددى كۈيلەپ قالغان مۈشۈكتەك، ئۈچرىغانلىكى قىز - چوكانغا كۆز تاشلاپ، قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ يۈرەتتى. مەتمۇسا ئۆيلىنىپ، بىرەر يىل بولا - بولمايلا، «ھەي... خوتۇن كونىراپ قالدى. يېڭىلىساق بولاتتى...» دېيىشكە باشلايتتى. ئۇ زۇمرەتنى كۆرگەندىن كېيىن، «بۇ چاغقىچە كۆرگەن خوتۇنلىرىم تۇرمۇشۇمنىڭ خاتىمىسى بولۇپ قالسۇن، بۇ رەت مۇشۇنى ئېلىپ بولدى قىلاي...» دەپ ئىچىدە قەسەم ئىچكەنىدى، ئەمما بۇ چىرايلىق قۇشنى ئۆزىدىنمۇ يامانراق بىر سۇرلۇك مولۇنىڭ ماراپ ياتقانلىقىنى بىلگىنىدە، ئۇنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى... ئۇنىڭ بۈگۈن خالىقنىڭ ئىشخانىسىغا ئالايتەن كىرىشىمۇ، بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش ئۈچۈن

ئىدى. بىرسى ، ئاغزىدا لوقمىنى چايناۋېتىپ، پەنجىسىدە يەنە بىر لوقمىنى بىسىپ تۇرغان خالىققا تۇيدۇرماي يىڭنە سانجىش بولسا، يەنە بىرسى ئولتۇرۇشتا يۈزىنى تۆككەن مۇراتتىن ئۆچ ئېلىش ئىدى.

— نېمە ئىش ئىدى دەپ سورايسىزغۇ ئاكا؟ — دېدى مەتمۇسا زەھەرخەندىلىك بىلەن ساپسېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، — چىرايلىق قۇشىڭىزنى مۇشۇك ئەپقاچسا، خىرامان ئولتۇرىسىز يا؟...

— نېمە دېدىڭ؟ — خالىق چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، — قانداق قۇش؟ نېمە مۇشۇككەن ئۇ؟...

مەتمۇسا ھېلىلا مۇراتنىڭ زۇمرەتنى ۋېلسىپىتنىڭ ئارقىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، شەھەرگە ئېلىپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ قالغانىدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى، چولپان يولتۇزغا ئوخشايدىغان بۇ زۇمرەت قىزغا خام تامادا بولۇپ، شامال كېكىرىپ يۈرگەن قېرى دەللال ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەي، چەكچىيىپ قارىغان ۋە بېشى پىرقىراپ يىقىلغىلى تاسلا قالغانىدى. ئەمما ئۇ بىردەمدىلا غەلىتىلا ھىجايدى ـ دە، كېتىۋاتقان يولىدىن قايرىلىپ، گۆشخشي قورۇسىغا ماڭدى. ئۇ، ھەر ئىككىسىدىن دەردىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۇ ئىشنى كۆپتۈرۈپ، يالغاننى قېتىپ كۆيدۈرگۈلۈك قىلىشقا باشلىدى:

— زۇمرەتنى ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ، ئۇنىڭ ئاپئاق يۇمشاق قولتۇقلىرىنى مۇرات ئىككى بىلىكىدە قىسىپ رولىنى تۇتۇپتۇ، — دېدى مەتمۇسا كىچىك كۆزلىرىنى قىسىپ، — ۋېلسىپىتنى چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. زۇمرەت قىزنىڭ چىرقىراپ كۈلگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم، بەلكىم يۇمران مەمەقلىرىنى چىمدىغان بولۇشى مۇمكىن...

— مۇنداق دە! — خالىق ئادەمنى سۇر باسقۇدەك كۈلۈپ قويدى، — بۈگۈن كۈنگە نېمە؟

— بۈگۈن ؟ — مەتمۇسا تورۇسقا قاراپ ئالايدى.

— توغرا، بۈگۈن شەنبە! ... يەنە شەھەرگە ئويناتقىلى ئېلىپ مېڭىپتۇ — دە.

— تېخى ھېلىقى ئوغرى ، — مەتمۇسا تەلۋىلەرچە پىخىلداپ كۈلدى، —

مەيدىسىنى زۇمرەتنىڭ دۇمبىسىگە چاپلاپتۇ، بېشىنى مۈرىسىگە ئېگىشتۈرۈپ، يۈزىنى يۈزىگە يېقىپتۇ، يولدا بارغىچە سۆيۈپ باردۇ دەڭا، قى . . . قى . . . قى. . .

— بولدى چىق! — ۋارقىرىدى خالىق، — مۇشۇنى دېگىلى كىرگەنمىدىڭ؟

— خۇدا ھەققى، ئاكا، كۆزلىرىڭىزنى چەكچەيتمەڭا! بۇمۇ ياخشى كۆڭلۈم. . .

مەتمۇسا بىرتېقىم زەھىرىنى ئۇنىڭغا چېچىۋېتىپ، يوغان قورسىقى بوشاپ قالغاندەك، ئىشخانىدىن يېنىك دەسسەپ چىقىپ كەتتى. خالىق ئورۇندۇقتا لاسسىدە ئولتۇرۇپ، جايىغا مىخلاپ قويغاندەك جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ ھازىرلا ياقۇپ سەپرانىڭ گېلىغا دەسسەپ تۇرۇپ، كونا - يېڭى ھېسابنى قىلىپ، زۇمرەتنى پوچتىخانىدىن قوغلاپ چىقارغۇسى كېلىپ كەتتى.

خالىق ئاچچىقىدا شۇنداق ئويلىغان بىلەن، ئالدى - ئارقىسىغا قاراپ، پايدا - زىيىنىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، ئاندىن بىر قارارغا كېلىدىغان ئادەم ئىدى. شىنجاڭ ئىنستىتۇتى سىياسىي مائارىپ فاكۇلتېتىدا ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىن باشلاپلا، ئۇ دوستلىرى ئارىسىدا ئەڭ ئەقىللىق، ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلاردىن ھېسابلىناتتى. ئۇ، گەپكە چېۋەر، بوي - تۇرقى قاملاشقان يىگىت بولغاچقا، قىزلارنى ئاسانلا ئىندەككە كەلتۈرۈۋالاتتى. ئەمما ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە ئاز قالغاندا، بىر قىز بىلەن ئىش چىقىرىپ قويۇپ، مەكتەپتىن قايتۇرۇلغانىدى. گۇڭشې شۇجىسى ۋاڭ لىسىڭ ئۇنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىگە قاراپ، ئۇنى گۇڭشېنىڭ تەشۋىقات ئىشلىرىدا ئىشلەتتى. بىرەر يىل ئۆتە - ئۆتمەيلا، خالىق گۇڭشې كادىرلىرى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ئىقتىدارلىق ئادەمگە ئايلاندى. بىراق ئۇ، باش كاتىپلىققا كۆتۈرۈلۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئاق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانىدى. ۋاڭ شۇجى خالىقنىڭ خىزمىتىدىن ئىنتايىن رازى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ياش تۇرۇپلا خوتۇن ئېلىپ، خوتۇن قويۇپ بېرىدىغان ئىشىغا تەنقىد بېرىپ تۇراتتى. مۇشۇ

بەشىنچى خوتۇنغا ئۆيلىنىش مەسىلىسىدىمۇ، ۋاڭ شۇجى ئۇنىڭدىن ۋەدە ئېلىپ ماقۇل بولغانىدى. خالىقنىڭ تەلىيىگە، ۋاڭ لىمىڭ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە ئىككى يىللىق ئوقۇشقا كەتتى. ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىگە يەنە تېخى بىر يېرىم يىل ۋاقىت بار ئىدى، بۇ ئاز جەريان ئەمەستە!... شۇنداقتىمۇ ھازىردىن باشلاپ سۇ كەلگىچە توغان سېلىپ تۇرمىسا بولامدۇ!... خالىق ئويلىنا - ئويلىنا، ئاخىرى ياقۇپ سەپراغا بېسىم ئىشلىتىش ئارقىلىق زۇمرەتنى توسۇشنى لايىق تاپتى. ئۇ ھاپىلا - شاپىلا ئىشخانىدىن چىقىپ، گۇڭشېنىڭ مال ئېغىلىغا كەلدى. مال باقارغا بىر ئاتنى توقۇتۇپ، «چوشقا فېرمىسى»غا يۈرۈپ كەتتى.

يول بويى، كەچلىك تاماق ئۈچۈن ئۆيلىرىگە تارقىغان توپا چىراي دېھقانلار ئۇچراپ تۇراتتى. ئۇلار ئارا، تاغار، غەلۋىر كۆتۈرگەن ھالدا كېتىشىۋاتاتتى، خالىققا ئېگىلىپ سالام بېرىشەتتى، خالىق خالىسا باش لىڭشىتىپ، خالىمىسا قارىماي ئۆتۈپ كېتەتتى. خامان ئېلىۋاتقان دېھقانلارنىڭ مۇڭلۇق «لاي - لاي»لىرى يىراقلاردىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىر غېرىچ كۆتۈرۈلگەن ئېگىز قوناقلىرىغا سۇ باشلاپ چېپىشىپ يۈرگەن سۇچىلار خالىقنى كۆرگەن ھامان كەتمەنلىرىنى قويۇپ، قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ، بەللىرىنى پۈكۈشەتتى.

خالىق ئېتىنى ئىشىك ئالدىدىكى ئۆرۈككە باغلاپ قويۇپ ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە، چاچ - ساقاللىرى ئاپئاق ئۆسۈپ كەتكەن ياقۇپ توخۇ كاتىكىنى ئوڭلاۋاتاتتى. ئۇ خالىقنى كۆرۈپلا، توپا بولۇپ كەتكەن قوللىرىنى بېقىنىغا سۈۋاپ، ھجايغىنىچە ئورنىدىن تۇردى - دە، مېھماننى ئۆيگە باشلىدى.

— پېقىرنىڭ غەمخانىسىغا مۇبارەك قەدەملىرى يېتىپ قاپتۇ، — دېدى ياقۇپ قورۇنۇپ، — مەن سىلىگە چاي قىلاي.

— بولدى، ئاۋارە بولمىسىلا، — دېدى خالىق، — يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ يوقلاپ كىرىشىم.

— ئۇسساپمۇ قالغانلا، ئۆزىمىز تېرىغان يازلىق قوغۇنلىرىمىزنىڭ ئالدى چىقىپ قالدى. سىلىگە شېكەر سۈيىدىن تىلىپ بېرەيمۇ ياكى

چاچۇرۇكتىن؟

— قايسى بولسا ئوخشاش. . .

ياقۇپ شەربەتلىرى ئىچىپ تۇرغان قىزىل ئەتلەك «شېكەر سۈيى» نى تىلىپ، لېگەنگە تىزىپ ئېلىپ كەلدى. ئالسلا - باقسىلا بىلەن بىر نەچچە تىلىمدىن قوغۇن يېيىشتى ۋە «چوشقا قېرىمىسى» نىڭ ھاراق، جاڭيۇ، ئاچچىقسۇ ئىشلەپچىقىرىشى، كۆكتاتچىلىق كىرىملىرى، مال بورداپ ھېسابلانغانلارغا سېتىلىشۋاتقان ئارزاڭلار ھەققىدە پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ياقۇپ ئۆزىنىڭ بەكمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، تاماق ئىچىشكىمۇ ۋاقىت چىقىرالمايدىغانلىقىنى، ھويلا - ئارام، توخۇ - تۇمانلارغا قارايدىغان ئادەمنىڭ يوقلۇقى، زۇمرەتنىڭ بولسا، ھەپتىدە بىر كۈنلا كېلىپ كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۇھ تارتىپ قويدى. خالىق بۇنداق پاسقا چىقىپ بەرگەن توپنى ئورمايدىغان بوش ئادەممۇ؟ ئۇ ئەگىتمە يوللار بىلەن، سۈلكەت قىلىپ ئولتۇرمايلا، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېدى:

— ياقۇپكا، ئۆيلەپ قويايمۇ - يا؟

— ئەمدى. ئەمدى. . . يېشىمىز ئەللىكتىن ئاشقاندا. . . — ياقۇپ ھىجايدى، — باللار نېمە دەر؟ . . .

— قىزلارنى تالالىق قىلىپ بولدىلا، زۇمرەتنىڭ بولسا ئىش ئورنى بار، — دېدى خالىق سىنچى كۆزلىرىنى تىكىپ، — سىلىگە بىر ھەمراھ بولمىسا بولماس. . .

— ئۇنداق قىلسىلىغۇ تۈز تامىتتى. بىراق، ياقۇپنىڭ بېشى ساڭگىلىدى، — يەنە شۇ دۇمبىسى قىزىل سەلىياخۇننىڭ يوقلۇقى دېسىلە. . .

— شۇمۇ گەپ بوپتىمۇ؟ — خالىقنىڭ كۆزلىرى قىسىلدى، — زۇمرەتنىڭ ئانىسىنىڭ كېسىلىگە، ئۆلۈمىگە، نەزىر - چىرىغىغا شۇنچە كۆپ پۇللارنى خەجلەپ ھېسابىنى قىلمىغان ئادەم، تويلىرىغا پۇل خەجلىيەلمەيمەنما؟ . . .

— ھىممەتلىرىگە رەھمەت. كۆپ ئاتىدارچىلىق قىلدىلا، مەن بۇنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن. . . خۇدايىم ماڭىمۇ بىر ياخشىلىق قىلىش پۇرسىتى بېرەر.

— مانا زۇمرەتنى ئۇرۇنلاشتۇرۇپ قويۇۋېدىم، — دېدى خالىق تېمىنى يۆتكەپ، — ئۆز ھۆددىسىدىن ئۆزى چىققۇدەك بولۇپ قالدى! . . .

— بۇنى بىر دېمىسلە، — دېدى ياقۇپ بېشىنى گىلدىڭلىتىپ، — ئۇ سىلىنىڭ ئىسمىلىرىنى زىكرى قىلىپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ، ئەمما، ئەندىشەمۇ يوق ئەمەس. . .

— نېمىگە ئەندىشە قىلىلا؟

— قىز بالا دېگەن بىر پارچە گۆش، ئۆزۈن تۇرۇپ قالسا سېسىيدۇ، — دېدى ياقۇپ ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — ۋاقتىدا تالالىق قىلىۋىتىسىم دەيمەن. . . ئەمما يەنە شۇ قولنىڭ قىسقىلىقى. . .

— بۇنىڭغا ئالدىرىمىسلا، — دېدى خالىق سەل ئەندىكىپ، — زۇمرەت قىز تېخى كىچىك، ئەمدىلا خىزمەتكە قاتناشتى، بىرەر - ئىككى يىل چېنىقسۇن. . . مەن ئۆزەم ئوبدان لايىقىنىڭ ئورنىنى قىلىپ قويۇپ، سىلىگە مەسلىھەت سالىمەن. . .

— بولىدۇ. . . بولىدۇ. . . مەن سىلىنىڭ ئاغزىلىرىغا قارايمەن. . .

— بىراق بۇ زۇمرەت قىز. . .

— ھە، ئۇنىڭغا بىر ئىش بولدىما؟ — ياقۇپ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى، — خىزمەتتە بىرەر خاتالىق سادىر بولمىغاندۇر؟ . . .

— ياق. . . — دېدى خالىق چىرايىغا ئېچىنىش تۈسىنى بېرىپ، — مەن زۇمرەتنى ئىككى تىللىق، ئىستىقبالى پارلاق، كەلگۈسى داغدام دەپ چوڭ بىلىپ ئورۇنلاشتۇرغانىدىم. بىراق بۇ قىز. . .

— ھە. . . ھە، نېمە بولدى؟ قايسىلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويدى؟ — ياقۇپنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى، — تۇ شۇجىنىڭمۇ، ۋاڭ شۇجىنىڭمۇ ياكى سىلىنىڭمۇ؟ . . .

— دېيىشكە تىلىم كۆيىدۇ دېسىلە. . .

— دېسىلىچۇ؟ . . .

خالىق ئالدىرىماي تاماكا ئورىغاندىن كېيىن، زۇمرەتنىڭ خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقى، تىرىشچانلىقى، تېلېفونىستلىق ئىشىنى پۇختا ئىگىلىگەنلىكى، شۇڭا، تۇ شۇجى، ۋاڭ شۇجىلارنىڭ ئۇنى ئاغزىدىن

چۇشۇرمەي ماختايدىغانلىقى قاتارلىق بىر مۇنچە يالغان - ياۋىداق قۇرۇق مەدھىيىلەرنى سۆزلىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇرمۇش جەھەتتە يولنى خاتا تاللاپ، ئىستىقبالىغا داغ تەگكۈزۈش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى پۇرىتىپ ئۆتتى. خالىق مۇراتنى قەشقەرلىق، ئالىقانات، ئەخلاقسىز دەپ سۆكتى. ئۇنىڭ ھەتتا زۇمرەتنىڭ قولىغا تەپ تارتماي تاماكىنىڭ ئوتىنى ياققانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۇنى بىر كۈن سولاپ قويغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بۇلارنى ئاڭلاپ، ياقۇپ تىترەپ كەتتى.

— مەن . . . مەن . . . ئۇ لۇكچەكنى بۇگۇنلا تېپىپ سۆزلىشىمەن . . . — دېدى ياقۇپ كالپۇكلىرى مىتىلداپ، — ئەپەندى دېگەننى ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟ بور يەپ، ھاك تېزەكلەيدىغان نېمىلەر ئۇ . . . قارا ئۇ يالاڭتۆشنى! . . .

— بىراق، قىزلىرى شۇنىڭ بىلەن ئىچ - پەش تارتىشىپ يۈرىدۇ . . . — خالىق ياقۇپقا ئېگىشتى، — ئۆتكەن شەنبە زۇمرەت ئۆيگە كەلدىمۇ؟ . . .

— ياق، ئۇ ئىشلەيمەن دېگەندى . . .

— ھەببەللى! ئۇلار شەھەردە بىللە ئويناشتى . . .

— خەپ توختا، مەن ھازىرلا ئۇنى تېپىپ ئەدىبىنى بېرىمەن . . .

— ئۇلار ھازىر شەھەردىكى ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىدا، — دېدى خالىق، — ھازىرچە زۇمرەتكە نەسىھەت قىلىسىلا، تەربىيە بەرسىلە! بەك چۆچۈتىۋەتمىسىلە . . . قانداق دېدىم؟

— بولىدۇ، بولىدۇ، ئاممىزە، — ياقۇپنىڭ چىشلىرى كاسىلدىدى، — ئاشۇ مۇناپىق ئەپەندىنى بىر تاپسام . . .

— بۈگۈن چۈشتىلا ئۇ زۇمرەتنى ۋېلىسىپىتكە مىندۈرۈپ يەنە شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى . . .

— ھە! — ياقۇپنىڭ قوللىرىمۇ تىترەپ، ساقاللىرى تىك بولۇپ كەتتى، — يا، ياق! مەن ھازىرلا شەھەرگە بارىمەن . . . ئۇ ئوغرىنىڭ بىر چىشلەم گۆشىنى يېمىسەم . . .

— بولمايدۇ، — دېدى خالىق ياقۇپنى ئولتۇرغۇزۇپ، — ئۇلارنى

شەھەردە نەدىن تاپىلا؟ تاپقاندىمۇ قىزلىرىنىڭ يۈزىنى تۆكۈۋالماملا!...

خالىق دەيدىغاننى دەپ بولۇپ ئورنىدىن قوزغالدى. ئۇ ئاتقا مىنىپ بىر نەچچە قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا يەنە قايرىلىپ، ئىشىك تۈۋىدە غەزەپتىن تاترىپ تۇرۇپ قالغان ياقۇپقا قارىدى:

— بىلىپ قويسىلا ياقۇپكا، — دېدى خالىق قامچىسىنى ئوينىتىپ، — مەن شۇنچە پۇللارنى پەقەت زۆمرەتنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈنلا خەجلىگەن... بۇنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا... بىراق مېنىڭ كەلگىنىمنى ئۇنىڭغا زىنھار تىنمىسىلا!...

خالىقنىڭ سۆزلىرىدىن، ھېلىدىن ھېلى بوزىرىپ ـ تاترىپ تۇرغان چىرايىدىن قورقۇش، يالۋۇرۇش، تەھدىت ۋە ئەندىشە ئالامەتلىرى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. زۆمرەت غورۇر، ئېتىقاد، ئەقىدە ئۈچۈن ھېچنىمىدىن يانمايدىغان قەھرىلىك قىز ئىدى. ئەگەر ئۇ خالىقنىڭ بۇ شۇملۇقلىرىنى بىلىپ قالسا، خىزمەتمۇ كۆزىگە كۆرۈنمەيتتى. ئەلۋەتتە خالىق تارىنىڭ بۇنداق تېز ئۈزۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئۇنىڭ كېيىنكى پىلانلىرىغا پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ ئىلاجى بار زۆمرەتتە ياخشى تەسىر قالدۇرۇش، يېقىملىق كۆرۈنۈش، بارلىق ئاماللار بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشنى ئويلايتتى.

خالىق ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى زۆمرەتكە بىلدۈرمەسلىكنى قايتا ـ قايتا تاپىلاپ كېتىپ قالدى. ياقۇپ ئۆيگە قايتىپ كىردى، ئۇنىڭ قولى ئىشقا بارمىدى. ئولتۇراتتى، قوپاتتى. تاماكا ئورايتتى، بىراق، قەغەزلىرى چۇۋۇلۇپ كېتەتتى. مەقسەتسىزلا تالاغا چىقاتتى، يەنە قايتىپ كىرىپ، ھويلا ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن تۇرۇپ، ئۆگزىدىكى شاخ ـ شۇمبىلارغا، تامدا ئىلىقلىق سۇنۇق ئورغاققا، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن باغ تېمىغا، توخۇ كاتىكىگە قاراپ، نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلايتتى ياكى ئاسمان باقتى بولۇپ ھاڭۋېقىپ قالاتتى. ئاخىرى، ئۆزىگە بىر ئەرمەك تېپىش ئۈچۈن، شاپاقلارنى ئۇششاق چاناپ، كېپەك ئارىلاشتۇرۇپ، توخۇلارغا يەم قىلىپ بەرمەكچى بولدى، بىراق قولىنى كېسىۋالدى. كېسىلگەن يەرگە پاختا كۆيدۈرۈپ باسماقچى بولۇپ، ئۆيگە يۈگۈرۈۋېدى،

بوسۇغىغا يۆتلىشىپ كېتىپ، پۇتىنى قايرىۋالدى. ئۇ خۇددى خام ياغ ئىچۈرۈپ قويغان كالىدەك، ئۆچرىغان يەرگە ئۇسۇپ، تېپچەكلەپ يۈرۈپ، بىر كېچىنى تەستە ئۆتكۈزدى. ئەتىسى ئەتىگەندە، ئاچچىق يامغۇردىن كېيىنكى بۇلۇتتەك ئاستا - ئاستا تارقاپ، ئىشخانىسىغا كەتتى. ئۇ سەل ئاسقاقلاپ ماڭاتتى، ئەمما ئاچچىقى ئۇزۇل - كېسىل يانمىغانىدى. ياقۇپنىڭ زۇمرەتنى بىر نەچچە كاچات سىلىپ، دەردىنى چىقىرىۋالغۇسى، قىزىنىڭ قولىغا تاساكا ئوتىنى ياققان ھېلىقى لەنىتى مۇرات دېگەن ئالىقاپنىڭ بىر چىشلەم گۆشىنى ئۈزۈۋالغۇسى بار ئىدى.

ياقۇپ كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ قايتىپ كەلگىنىدە، زۇمرەت ھويلىدا كىر يۇيۇۋاتاتتى. ئۇ دادىسىنىڭ كۆڭلەك، تامباللىرىنى تانىلارغا يېيىۋەتكەنىدى، يەنە ئالدىدا يۇيۇقسىز بىر مۇنچە لۆڭگە، داستىخان، كىرلىكلەر دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. دادىسىنىڭ ئاسقاقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن زۇمرەت يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— دادا، پۇتىڭىزغا نېمە بولدى، ئاسقاقلاپ قاپسىزغۇ؟ — زۇمرەت دادىسىنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى.

— نېرى تۇر! — ياقۇپ بىلىكىنى سىلكىپ تارتىپ، پۇتىنى سۆرىگىنىچە ئۆيگە ماڭدى، — سەندەك ھاياسىز، بىنومۇس قىزىم يوق مېنىڭ!...

زۇمرەت قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. ئۇ دادىسىدىن بۇنداق ئاھانەت ئاڭلاپ باقمىغانىدى، ئۇنىڭ كۆڭلىدىن كەچمىگەن ھېچنەرسە قالمىدى. شۇنداقتىمۇ دادىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆيگە كىردى:

— دادا...

— مېنى دادا دېگۈچى بولما قانجۇق! — ياقۇپ سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى-دە، ۋايجانلاپ يەنە ئولتۇردى، — نەلەردە پوق دەسسەپ كېلىپ، يەنە مېنى دادا دەيسەنا؟ ۋۇي نومۇسسىز!...

— مەن نومۇسسىز ئەمەس! — غۇرۇرى زەررىلەنگەن قىز ۋارقىرىدى، — ئۇ گېپىڭىزنى نومۇسسىز ئاچىلىرىمغا دەپ بېرىڭ!...

— تېخى ۋارقىرايسەنا؟ مۇرات دېگەن لوكچەك بىلەن نېمە ئىشلارنى

قىلىپ يۈردۈڭ؟ — ياقۇپ زۇمرەتنىڭ كاچىتىغا زەرب بىلەن بىرنى سېلىۋەتتى، — ۋۇي كوچىدا قالغان لالما...

كۆزىدىن ۋاللىدە ئوت چاقناپ كەتكەن زۇمرەت يۈزىنى تۇتقىنىچە، دادىسىغا مىختەك قادالدى، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىن «مۇرات بىلەن بولغان ئىشىمىزنى كىم يەتكۈزگەندۇر؟» دېگەن سوئال لىپ قىلىپ ئۆتۈش بىلەن تەڭ، ئۆتكەن يەكشەنبە گۇڭشې كۆۋرۈكى ئۈستىدە قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ تۇرغان ئادەم، ئۇنىڭ غەزەپتىن ئېسىلىپ كەتكەن يۈزى كۆز ئالدىغا كەلدى. زۇمرەت خالىقىنىڭ بۇ خىل پەسكەش، زەھەرخەندىلىكىدىن نەپرەتلەندى. ئۇ بۇ كەمگىچە دادىسىدىن مۇنداق تاياق يەپ، مۇنداق تىل - ئاھانەت ئاڭلاپ باقمىغانىدى. ئۇ يۈزىنى تۇتقىنىچە، دادىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئۇرە، ئۇرمامسەن؟ — زۇمرەت نوغۇچنى ئېلىپ ياقۇپنىڭ ئالدىغا تاشلىدى، — ئۇرساڭ دەردىڭ چىقىدىغانلا بولسا، ئۇر! ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەت!...

— سەن!... — ياقۇپ نوغۇچنى ئالدىيۇ ئۇرالمىدى، — ئەستاغپۇرۇللا...

— قېنى ئۇرغىن، ئۇرە! — قىز يۈزىنى تۇتۇپ بەردى، — جۈرئەت قىلالمايۋاتامسەن؟ ئەكە ئەمىسە!...

زۇمرەت نوغۇچنى شارتلا تارتىۋالدى - دە، ئۆزىنىڭ بېشىغا ئۆزى بىر نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى. ياقۇپ ئۇنىڭ قولىدىكى نوغۇچنى تارتىۋېلىپ ھويلىغا تاشلىۋەتتى، ئەمما زۇمرەتنىڭ پېشانىسىدىن ساقىغان قان ئىڭەكلىرىگىچە ئېقىپ چۈشتى.

— بۇ... بۇ... نېمە قىلغىنىڭ؟ — كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن ياقۇپ لۆڭگىنى ئالدىدە، ئۇنىڭ پېشانىسىدىن تاڭماقچى بولدى، قىز ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى.

— بولدى، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىمىسۇن، — دېدى يۈزلىرى بارغانسېرى قان بىلەن بويىلىپ كېتىۋاتقان زۇمرەت، — مەن ساڭا ھاياسىز، بىنومۇس، لالما قىزىڭدىن دەردىڭنى ئېلىپ بەرمەكچىمەن!...

ئون توققۇز يېشىغىچە ئۆزىنى پاك تۇتۇپ، پەزىلەت ۋە ھايا بىلەن چوڭ بولغان زۇمرەت ئۈچۈن، دادىسىنىڭ «ھاياسىز» ، «بىنومۇس» ، «لالما» دېگەن ھىكەدىن سېسىق تىللىرى ئېغىر كەلگەنىدى. توغرا، ئۇ شوخ، تېتىك قىز ئىدى. خۇدا ئۇنىڭ كىرسىز قەلبىگە مۇراتنىڭ ساپ ئىشقىنى سېلىپ قويدى، بىراق ئۇ ۋىجدانى ئالدىدا قەسەم قىلالايدۇكى، ئەلە - مەھەللە ئالدىدا دادىسىنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان يامان ئىشنى قىلغىنى يوق. مۇراتمۇ چاقچاقچى، ئويۇنچى، يېنىك تەبىئەتلىك بولغىنى بىلەن، شەرم - ھايانى، نومۇسنى بىلىدىغان، پاك مۇھەببەتنى قەدىرلەيدىغان، شۇڭلىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەقىللىق يىگىت ئىدى.

— جاھىللىق قىلما قىزىم، قان بەك چىقىپ كەتتى، — ياقۇپ قورققانىدى، — ھەر قانچە ئىش بولسىمۇ گەپ بىلەن بولىدىغۇ! بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ . . .

— ياق نېرى تۇر! — زۇمرەت كەينىگە داجىدى، — توغرا، ئاتا دېگەن تىللايدۇ، ئۇرىدۇ، بۇ ماڭا ئېغىر تويۇلمىدى. لېكىن مېنى بۇزۇقلۇقتا ئەيىبلەپ، ھاقارەتلىشىڭنى مەن كۆتۈرەلمەيمەن. . بۇ ماڭا ناھەق! . . .

زۇمرەت قان يۈزلىرىنى تۇتقىنىچە، يىغلاپ ئىچكىركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ياقۇپ تامغا يۆلىنىپ، ئېغىر خورسىندى — دە، تاماكا خالتىسىنى قولىغا ئالدى، ئۇنىڭ چىرايى تەكشى ئۆسۈپ كەتكەن ئاق ساقىلىدىنمۇ بەتتەر ئاقىرىپ كەتكەنىدى.

ياقۇپ ئۈچ قىزىدىن، ئەڭ كىچىكى بولغان زۇمرەتكە ئامراق ئىدى. زۇمرەت كىچىكىدىن تارتىپ راست سۆز، ئىشچان چوڭ بولدى. ئۇ ئەمدىلا ئايىغى چىققان ۋاقتىدىن باشلاپ، تايتاڭلاپ يۈرۈپ، توخۇلارغا دان بېرەتتى، بىرەر - ئىككى تال ئوتنى غارال ئارىلىقىدىن سۇنۇپ، قوي تومشۇقىنى ئۇزاتقان ھامان، قورقۇپ قولىنى تارتىۋالاتتى. دادىسى ئىشتىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەندە، چۆگۈننى ئارانلا سۆرەپ كېلىپ، قولىغا سۇ بېرەتتى. ئۇ 7—8 ياشلارغا كىرىپ قالغاندىمۇ، دادىسىنىڭ قوچىقىغا چىقىۋالاتتى، ئۇنىڭ بېلىگە دەسسەيتتى، پۇتلىرىنى تۇتاتتى،

تېخى ياقۇپنىڭ يىرىك ساقاللىرىنى سىيلاپ، يۈزلىرىنى سۆۋاپ، ئۇنى كىچىك بالىنى پەپىلىگەندەك ئەركىلىتىپ كېتەتتى. بىراق ئىككى ئاچىسى ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. ئۇلار يە خاپا بولغىنىنى، يە خۇشال بولغىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان، دادىسى بىلەن ئانىسىغا ئانچە سۆۋۈشىپمۇ كەتمەيدىغان تىنىق سۇدەك بالىلار ئىدى. بىرەر سەۋەپتىن، ئانىسى ياكى دادىسى قولىنى كۆتۈرۈپ بولغىچە، قېچىپ چىقىپ كېتىپ كەچكىچە ئۆيگە كىرمەي، بىر - نەچچە كۈنگىچە بۇتىنىۋالاتتى. ياقۇپ: «خۇدا ساقلىسۇن، بۇتنايدىغان بالىنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ...» دەپ قوياتتى. ئەمما زۇمرەتنىڭ ساغرىسىغا بىر - ئىككى شاپىلاق ئۇرۇپ بولغىچە چاپلىشىۋالاتتى. يەنە بىردەمدىلا يېگەن تايىقىنى ئۇنتۇپ قالاتتى. ئۇ ئىككى ئاچىسىدىن ئاشقان - تاشقانلارنى كىيەتتى. ئىككى قىز باشلانغۇچنىڭ يېرىمىدىلا ياخشى ئوقۇماي چىقىۋالدى. زۇمرەت تولۇق ئوتتۇرىنىچە ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇدى. بىراق، ئانىسىنىڭ كېسىلىگە قاراش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ تەقدىر - ئىقبالىنى قۇربان قىلدى. ياقۇپ ئۇنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق!... بۇ ئامراق قىزىنىڭ ئىستەك - ئارزۇلىرىنىڭ قاتىلى بولۇپ قالغانلىقى سەتىراچىنىڭ ئەينىكىدەك ئۆزىگە ئايان. لېكىن زۇمرەت تاپا - تەنە قىلغىنى يوق، ئۆز دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، كۈندىن - كۈنگە قېرىلىق يېتىۋاتقان دادىسىنىڭ كۆزىگە قاراپ ياشاپ كەلدى. ئۇ ھەرگىز ئاچىلىرىغا ئوخشىمايتتى. ئايالى ئۆلگەن كۈنى ئىككى قىزىنىڭ قىلغان ئەسكىلىكىنى ئويلىسا، ياقۇپنىڭ يۈرىكى لەختە - لەختە قانغا تولىدۇ. توۋا، بالا، بالا دەپ ئارزۇلايدىكەنمىز، ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ پىشىدىكەنمىز... ۋاقتانى - ۋاخ كەلسە، ئۇلار كاسىسىنىڭ تېرىسىنى يۈزىگە چاپلاپ، ئاتا - ئانىسىنى تونۇماي قويىدىكەن. خۇدايىم بالىنى ئىنساپ - تەۋپىق بىلەن بەرمىسە، بىكار ئىكەن!...

ياقۇپنىڭ كۆز ياشلىرى ساقاللىرىنى بويلاپ تۆكۈلدى. زۇمرەتنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ، مېيىت تېخى سۇۋۇمىغان چاغدا، ئىككى ئاچىسى ئىچكەركى ئۆيدە ئانىسىنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى تالىشىپ چاچلاشقاندى. بىرسى ئانامنىڭ پوپۇزىسى مېنىڭ دېسە، يەنە بىرسى

ئۆزۈكى مېنىڭ! دەيتتى. چوڭى بۆرتۇمە ياغلىقنى چاڭگاللىۋالسا، كىچىكى ئۇنىڭ قولىدىن يۇلۇپ تارتاتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە ھۇرپىيەتتى. . . بىر - بىرىنى سەت تىللار بىلەن تىللىشاتتى. مېيىتنى سۆغا ئالغۇچىلار بىلەن جامائەت «تۇۋا!» دەپ ياقىلىرىنى چىشلەشكەنىدى. بىراق زۇمرەتچۇ؟ ئۇ: «ھەممىنى ئالساڭلا ئېلىڭلار، ماڭا ئانامنىڭ مۇشۇ سۈرىتى لازىم. . .» دەپ، ئەينەك رامكىنى باغرىغا باسقانىدى. . .

شۇنداق، زۇمرەت كۆيۈملۈك بالا ئىدى! ئۇ يالغۇز دادىسىنىڭ بىر قورسىقىغا تاماق ئېتىشتىن ئېرىنىپ، ئاش - توق قىلىشىغا چىدىمايتتى. شۇڭا، پات - پاتلا گۆشخانىسىدىن تاماق ئالاتتى - دە، چۈشلۈك، كەچلىك دەم ئېلىشلىرىدا ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ، دادىسىغا ئەكىلىپ بېرىپ، يەنە يۈگرەپ دېكۇدەك قايتىپ كېتەتتى.

ياقۇپ يىغلىدى. . . زۇمرەت ئۈچۈن يىغلىدى! . . . ئۇ ئاشۇ باغرى يۇمشاق، دادىسى ئۈچۈن مىڭ ئۆلۈپ بىر تىرىلىدىغان قىزىنى ئۇرغان يىرىك ئالقانلىرىغا قاراپ يىغلىدى! . . . ياقۇپ ئېغىرلىشىپ كەتكەن بەدىنىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ، كارىۋاتتا دۈم يېتىپ يىغلاۋاتقان قىزىنىڭ بېشىدا چوقچايدى ۋە نېمە دېيىشىنى بىلمەي، گاڭگىراپ ئولتۇردى.

— قىزىم زۇمرەت، — دېدى ياقۇپ بوغۇق ئاۋازدا، — خاپا بولما، ئاچچىقىمدا ئۇرۇپ سالدىم. تۇر، بېشىڭنى تېڭىپ قوياي. . . قارىغىنا، ياستۇقلىرىڭ قان بولۇپ كېتىپتۇ. . .

— دادا! . . . — زۇمرەت تۇرغىنىچە ياقۇپنىڭ باغرىغا تاشلاندى، — جېنىم دادا، مەن. . . مەن. . . ئەسكىلىك قىلىمىدىم. . . يۈزىڭىزنى تۆكىدىغان ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايمەن. . . مەن. . . بالىشقىلارغا ئوخشىمايمەن! . . .

ياقۇپ خېجىللىق ئىسكەنجىسىدە قالدى. زۇمرەتنىڭ «كېپىنىڭىزنى نومۇسسىز ئاچچىلىرىمغا دەپ بېرىڭ. . .» دېگەن سۆزى ئېسىگە كېلىپ، ئاپئاق بېشى مەيدىسىگە ساڭگىلىدى. زۇمرەت ئۇنىڭ يۈرەك يارىسىنى تاتىلاپ قويغانىدى. چوڭ قىزى ئەرگە تېگىپ، يەتتە ئايدىلا تۇغۇپ قويدى. ئۇنىڭ كىچىكى بولسا، ھاراق زاۋۇتىنىڭ ئامبارچىسى بىلەن

تۇتۇلۇپ قىلىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ يۈزىنى تۆكۈپ تويىنى قىلدى. بۇ سەتچىلىكلەر ياقۇپنى يەتتە قات ئاسماندىن تاشلىۋەتكەندەك قىلىپ، نام - نىشانىنى بۇلغىۋەتكەنىدى.

— بولدى قىزىم، يۈزلىرىڭنى يۇيۇپ قوياي، — دېدى ياقۇپ قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ، — قانلار قېتىشىپ قاپتۇ، جۈر ھويلىغا چىقايلى.

— بولدى، ھېلى ئىشقا ماڭغاندا يۇيىمەن، — دېدى زۇمرەت پېشانىسىدىكى جاراھەتنى سىلاپ، — قېنى دادا، بۇ ئىشلارنى سىزگە كىم يەتكۈزدى؟ خالىق ئاكاممۇ؟...

— يا، ياق... خالىق كاتىپنى كۆرگىنىم يوق...

زۇمرەت بىردىنلا مەتمۇسانى ئويلىدى. چۈنكى تۈنۈگۈن مۇرات بىلەن ئىككىسى ۋېلسىپىتتا شەھەرگە ماڭغاندا، ئۇ پىت كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئارقىدىن قاراپ قالغانىدى.

— ھېلىقى مەتمۇسا دېگەن چوشقىمۇ - يە؟

— بولدى قىزىم، بۇنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟ — دېدى ياقۇپ، — بازارغا كىرگەنىدىم، شۇ يەردە باشقىلاردىن ئاڭلىدىم... بۇندىن كېيىن، ئاشۇ مۇرات دېگەن لۈكچەك بىلەن باردى - كەلدى قىلمىساڭلا بولىدىغۇ!...

— مۇرات لۈكچەك ئەمەس، ئۇ دېگەن ئوقۇتقۇچى!...

— لۈكچەك بولمىسا، قوللىرىڭغا تاماكا ئوتىنى ياقامتى؟...

— ئۆزۈم ئېھتىياتسىزلىقتىن يېقىۋالغان، ئۇنىڭدا گۇناھ يوق...

زۇمرەت ھەيرانلىق ئىلكىدە دادىسىغا قارىدى. مۇرات بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن بۇ كىچىك ئىشلارغىچە يەتكۈزگەن ئۇ كىمدۇر؟ زۇمرەت خالىقنىڭ بۇنداق چۈپەيلىك قىلىشىغا ھەرگىز ئىشەنمەيتتى. مەتمۇسانى بىر قېتىملا كۆرگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دادىسى ئۇنى تونۇمايدۇ. ياكى مۇراتنى سوراپ قويغان مىنبەگلارنىڭ بىرەرسىمىدۇر؟... يە بولمىسا ئىككىسىنىڭ ۋېلسىپىتتا بىللە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن باشقا بازارلىقلار ئوتقۇيرۇقلۇق قىلغانمىدۇر؟

— يەنە شۇ ئوغرىنى ئاقلاۋاتسەنغۇ؟ — ياقۇپ تېرىكتى.

— ئەلۋەتتە! ئۇنىڭدا گۇناھ بولمىغاندىن كېيىن ئاقلايمەندە! — زۇمرەتمۇ ئاچچىقلاپ قالدى، — ئۆزەڭ بىلمىگەن بىر پاك ئادەمنى ھەر خىل تىللار بىلەن ھاقارەتلەشتىن ئۇيالمامسەن؟...

— ھە ماقۇلە، مەن تېخى ئىشەنمەي يۈرسەم، سەن ئۆزەڭ ئىقرار بولىۋاتسىنا؟ — ياقۇپنىڭ سەپرالىقى تۇتتى، — بىلىپ قوي، مەن ئاشۇ ئەپەندىنى تېپىپ رەسۋاسىنى چىقارمايدىغان بولسام...

— ئەمسە دادا سەنمۇ ئاڭلاپ قوي! — دېدى زۇمرەت سەكرەپ تۇرۇپ، — ئەگەر مۇراتنىڭ كۆڭلىگە كەلگۈدەك بىر ئېغىز يامان گەپ قىلىدىغان بولساڭ، مەن بۇ دۇنيادا يوق!...

— تېخى مېنى قورقاتماقچى بولۇۋاتامسەن؟...

— ياق، سەن قورقمايسەن، ئەمما مېنىڭ تەلىپىم بار، — زۇمرەت دىدىللەشتى، — ئەگەر ماڭا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، ئانامنىڭ قېشىغا قويۇشنى ئۇنتۇپ قالما!...

زۇمرەت چىقىپ كەتتى. ياقۇپ يا ئاچچىقلاشنى، يا يىغلاشنى بىلمەي ئولتۇرۇپ قالدى. خۇدايا توۋا، ئۇ قىزنى ئون سەككىز ياشقىچە بېقىپ، ئۇنىڭ بۇنداق ھېچنىمىدىن تەپ تارتمايدىغان جەسۇر، قورقماس، يۈز - خاتىرە قىلمايدىغان مىجەزىنى بىلمەي ئۆتۈپ كېتىپتىما؟... دېمىسىمۇ خېلى - خېلى قىزلاردا مۇنداق يەكدىللىق روھىنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى شۇنچە چوڭايتىۋەتكەن زادى نېمىدۇر؟ ياقۇپ ئويلا، ئويلا، بۇنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمىدى.

ھەي ياقۇپ، ھەي ياقۇپ! بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتىمەن دەپ تولا چىڭقالما. چاچ - ساقاللىرىڭنىڭ چوت، سان - سىفىرلەر ئىچىدە ئاقىرىپ كەتكىنىمۇ يېتەر!... ياشلىقىڭ بەكمۇ ئۇزاقلاردا قالدى... ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياشلىقىڭدىن يالداما بولغۇدەك، ئىسكە ئالغۇدەك، يۈرەكنىڭ زىل تارلىرىنى تىترەتكۈدەك بىرەر خاتىرەڭمۇ يوق تۇرسا، مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتىنى قانداق قىلىپ چۈشىنەلەيسەن؟... زۇمرەت ۋە زۇمرەت قىزلارنىڭ قەدرىگە يېتەلەيسەن؟... ئۇنىڭدىن كۆرە، قېرىغان چېغىڭدا

بالىلىرىڭغا خۇدادىن ئىنساپ تىلە! . . . بىلەمسەن ئىنساپ! . . . ئويلاپ باق، ئىككى چوڭ قىزىڭ تىنىچ - تېۋىشسىز چوڭ بولدى، ئۇلار مۇرات ۋە مۇراتلىرىنىڭ گېپىنى قىلمىدى. سەن ئۇلاردىن پەخىرلەنگەنىدىڭ، ئاخىرىدا نېمە بولدى؟ . . . يۈزۈڭنى تاپلىما تېزەكتىن بەتتەر قىلىۋەتتى. . . بۇ دۇنيا شۇنداق دۇنيا ئىكەن، يېنىكنىڭ ئاستىدىن، ئېغىرنىڭ ئۈستىدىن دەسسەپ ئۆتىدىكەنمىز. . . چىداپ - چىداپ، تاشمۇ بىركۈن يېرىلىدۇ ئەمەسمۇ! ئامراق قىزىڭدىن ئايرىلىپمۇ قالما يەنە؟ . . .

زۆمرەت يۈزلىرىنى پاكىزە يۇيۇپ، پېشانىسىنى داكىدا چىگىپ كىردى. ئۇ كارىۋات ئۈستىدىكى ياغلىقنى داكا ئۈستىدىن چىگكەندىن كېيىن، سومكىسىنى قولىغا ئالدى. ياقۇپ بولسا بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە مۈگدەپ قالغاندەك ئولتۇراتتى. زۆمرەتنىڭ بىردىنلا دادىسىغا ئىچى ئاغرىپ قالدى.

—دادا، بولدى قىلىڭا، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ! — دېدى زۆمرەت ياقۇپنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ، — سىز زادى ماڭا ئىشەنمەمسىز؟ . . . مەن سىزنى يەرگە قاراتىدىغان ئىشنى قىلارمەنمۇ؟ . . .

—ساڭا ئىشىنىمەن قىزىم، بىراق ھېلىقى قەشقەرلىقتىن زادىلا خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن. شەھەرگە كىرگەندە، نەدە يېتىپ - قوپتۇڭ؟ . . .

— نەفىسە، گۈلزىبا دېگەن دوستلىرىم بىللە بولدۇم، — دېدى زۆمرەت كۈلۈپ، — ئۇلارنىڭ ھىكمەت، كامىل، مۇرات ئىسىملىك خىزمەتداشلىرى بار، ئاجايىپ ئەخلاقلىق، بىلىملىك ئوقۇتقۇچىلار. . . بىز بىرلىكتە كۇتۇپخانىلاردا كىتاب ئوقۇيمىز، ساز چېلىپ ناخشا ئېيتىمىز، تېپىشماقلارنى تاپىمىز. . . ئىش قىلىپ، دەم ئېلىش كۈنلىرىمىز كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ.

—ھىم. . . —ياقۇپ يەنىلا ئىككى ئويلۇق بولۇپ خاتىرجەم بولالمىدى، — پېشانەڭنى يېرىۋالدىڭ ، ئەمدى ئۇلارغا نېمە دەرسەن؟ . . .

— ئۇتۇن يېرىۋېتىپ، يېرىندى تەگدى دېسەم بولىدۇ. . .

—ھەي سېنىڭ شۇ جاھىللىقىڭ! . . .

—دادا، سىزگە شەھەردىن گۆش كىرىدە، سامسا ئالغاچ

كەلگەنىدىم، — دېدى زۇمرەت تاختىبېشىنى ئىشارەت قىلىپ، — شۇڭا كەچلىك تاماق ئېتىپ بەرمىدىم، چاي دەملەپ قويدۇم. . .

— بولىدۇ قىزىم. . ئىشىڭغا كېچىكىپ قالما!

ياقۇپ ئېرىپ قالدى. نېمە دېگەن بىلەن زۇمرەت ئۆز جىگەرىدە! ئۇ باشقا قىزلىرىغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. . . زۇمرەت كىچىكىدىن تارتىپ مۇشۇ يېشىغىچە دادىسىغا كۆيۈنۈپ كەلدى. لېكىن چوڭ قىزلىرىچۇ؟ توخۇ - تۇمانلىرىنىڭ چىللىشى، ئېشەكلىرىنىڭ ھاڭرىشى، ئىتلىرىنىڭ قاۋىشى ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ، يىلدا بىرەر قېتىم «دادا ھالىڭ نېچۇك؟» دېيىشمەيدۇ. يوقتىن ئاپىرىدە قىلىپ، يېمەي - ئىچمەي بېقىپ چوڭ قىلىپ قويۇۋېدى، مانا ئەمدى دادىسىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشتى.

زۇمرەت كېتىپ قالدى. ياقۇپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن زوقلانغىنىچە ئىچىدە: «بۇ بىر پارچە ئوت. . . » دەپ ئويلىدى. ئەمما مۇرات ئېسىگە كېلىشى بىلەن، خالىق كاتىپنىڭ چاپسانراق بىر كىمنى تېپىشىنى، بۇ توغرىلىق ئۇنىڭغا مەسلىھەت سالمىسا بولمايدىغانلىقىنى كۆڭلىگە پۈكتى.

زۇمرەت گەرچە پېشانىسىنى يېرىۋالغان بولسىمۇ، خۇشال ئىدى. باشقىلار ئۇنى ئۆكتەم دەپ تىللىسۇن ياكى دادىسىغا ئۇششۇقلۇق قىلدى دېگەن ئەيىبنى قويسۇن، ھەتتا هازازۇل دېسۇن، پەرۋايى پەلەك. بۇنداق قىلىشمۇ ئۇنىڭ چىن ئىختىيارى ئەمەس ئىدى. مۇراتنى ھاقارەتلەيدىغان، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتكە كۆز ئالايتىدىغان ھەر قانداق ئادەم ۋە گەپ - سۆزلەر بولىدىكەن، ئۇ، كىچىككىنە جېنىنى تىكىپ قويىدۇ، ھەرقانداق كىشىنىڭ روھىدا، ئاتا - ئانىغا، ئېتىقادقا، غايىگە، يېقىن دوستىغا ۋە مۇھەببەتكە بولغان ئوخشىمىغان ھېسسىيات تۇيغۇلىرى بولىدۇ. زۇمرەتمۇ تۇنجى مۇھەببىتىنى ھاياتىدىن چارى قەدىرلەيتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە مۇرات بولغانلىقى ئۈچۈنلا، بۇ دۇنيا شۇنچە گۈزەل، شۇنچە ماتەنەتلىك ئىدى! . . . ھاياتى دەپ ئېيتقۇسىز كۆڭۈللۈك، خىزمىتى بولسا ناھايىتى مەنىلىك ئىدى. . .

بىر خۇشاللىقتا بىر يىغا قوشەندە بولۇپ كەلگىنىدەك، زۇمرەتنىڭ ئەندىشىسىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. مۇرات بىلەن ئىككىسىنىڭ

ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلارنى دادىسىغا كىم يەتكۈزگەندۇر؟ بۇ شۇنداقلا توغرا كېلىپ قالغان ئىشمۇ ياكى يىلتىزى بارمۇ؟... ئىش قىلىپ ئوتتۇرىلىقتىكى سۆخەنچىنىڭ نىيىتى دۇرۇس ئەمەس. ئۇ زادى كىمدۇر؟ بۇ چېقىمچىلىق زۇمرەتنىڭ كۆڭلىنى چۈشىن يەۋالغاندەك غەش قىلىپ قويدى.

زۇمرەت بۇ ئىشنى ئېنىقلاشتا، يەنىلا «خالىق ئاكىسى»غا مۇراجەت قىلماقچى بولۇپ، پوچتىخانا بوسۇغىسىغا قەدەم ئالدى. ئۇ تېلېفونخانىغا كىرگەندە، خەت - چەك، گېزىت - ژۇرنال تارقىتىدىغان تۇرسۇن تىڭشىغۇچنى قولىغا تارتىپ ئولتۇراتتى. ئۇ زۇمرەتنى كۆرۈپلا، تامدىكى سائەتكە قاراپ، تىڭشىغۇچنى ئاپپارات ئۈستىگە قويدى.

— ئون مىنۇت كېچىكىپ قالدىڭىز، — دېدى تۇرسۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، — قاسىمكامنىڭ ئىشى چىقىپ قاپتىكەن، ئورنىدا مەن ئىشلىگەچ تۇرغان.

— باشقا مۇھىم خەۋەر يوقمۇ؟ — دېدى زۇمرەت تىڭشىغۇچنى قولىغا تارتىپ، — خاتىرىلەپ قويغۇدەك؟

— ناھىيىلىك كومىتېتنىڭ مۇھىم ئۇقتۇرۇشى بار، خاتىرىلىۋېلىڭ! — دېدى تۇرسۇن ئالقاندەك قەغەزنى ئېلىپ، — ئەتە ئەتىگەن سائەت سەككىزدە تېلېفون يىغىنى بار ئىكەن. شۇڭا، باشقۇرۇش رايونلىرى، دادۈي، شياۋدۈيلەرنىڭ بارلىق كادىرلىرى ئۆز ئورنىدا رادىئو تۈۋىگە يىغىلسۇن دەيدۇ.

— بولىدۇ، مەن ھازىرلا گۇڭشې رەھبەرلىرىگە يەتكۈزەي!

تۇرسۇن چىقىپ كەتتى. زۇمرەت خالىق كاتىپنىڭ ئىشخانىسىغا تېلېفون بەردى. لېكىن ئالىدىغان ئادەم بولمىغانلىقى ئۈچۈن، خالىق بىلەن سۆزلىشەلمىدى. بۇ ئارىلىقتا توچكا قاپقاقلىرىدىن ئىككىسى تىرىققىدە ئېچىلىپ، ئىنچىكە ئاۋازدا چىرىلداپ، كىچىك قىزىل چىراغ لىپىلداشقا باشلىدى. زۇمرەت توچكىلارنى ئۇلاپ بولۇپ، خالىققا يەنە تېلېفون بەردى. بۇ قېتىم تۇرۇپكىدا خالىقنىڭ بوغۇق ئەمما ئېنىق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئىنچىكە، زىل، يېقىملىق «خالىقكاما؟» دېگەن ئاۋازنى

ئاڭلاپ جانلىنىپ كەتتى بولغاي، زۇمرەتتىن يېنىشلاپ ئەھۋال سورىدى. دوكلاتنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ خايال بولماي بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋېلىشنى قويدى.

تېلېفونخانىنىڭ خىزمىتى ناھايىتى جىددىي ئىدى. شۇڭا ئاپپاراتنىڭ قېشىدىن ئالمىشىدىغانغا ئادەم كەلمەي تۇرۇپ ئايرىلىشقا بولمايتتى. بەزى ھاللاردا كۈنلەپ بىكار ئولتۇرۇپ كەتكەن بىلەن، كۆپ چاغلاردا ئۈنى ئۆلاپ، بۇنى ئۈزۈپ بىكار بولغىلى بولمايتتى. ناھىيىلىك كومىتېتتىن سۆيلىنىۋاتقان دەريا ئەمگىكىگە ئادەم، كەلكۈنگە شاخ - شۇمبا، يول قۇرۇلۇشىغا ئەمگەك كۈچى دېگەندەك ھاشار - سەيسلەر، سودا سارىيىغا چۈشۈرۈلگەن گۆش، قۇرۇق يەل - يېمىش، خام مال ۋەزىپىلىرىنى پىلان بويىچە ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىش ھەققىدىكى بۇيرۇقلار... باج ئىدارىسىنىڭ باج ھەققىدىكى يوليورۇقلىرى، ئاشلىق، مايلىق دان ۋەزىپىلىرىنىڭ پىلانىنى سۆيلەش دېگەندەكلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ھەتتا ئىچكىرىدىن ياكى چەت ئەلدىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، مۇنچە سېۋەت كۆك شاپتۇل، مۇنچە تاغار كۆكچە قوغۇن، مۇنچە چارەك ئۈزۈم ئەۋەتىڭلار... دەيدىغان بۇيرۇقلارمۇ پات - پاتلا كېلىپ تۇراتتى. بەزىدە كەلكۈن، بوران، مۆلدۈر ئاپەتتى قاتارلىقلارنى خەۋەر قىلىپ كېچىلىرىمۇ تېلېفون كېلىدىغان بولغاچقا، زۇمرەت بىلەن تۇرسۇن تېلېفونخانىدا بىر ھەپتىدىن ئالمىشىپ نۆۋەتچىلىك قىلاتتى. تۇرسۇننىڭ ئايالى، بالىلىرى بولغاچقا، كېچىلىك نۆۋەتچىلىكنىڭ كۆپرەكىنى زۇمرەت زىممىسىگە ئالغانىدى.

تاشقارقى ئۆيدىن يالغان يۆتىلىپ شەپە بەرگەن خالىق تېلېفونخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ قاپقارا چاچلىرىنى ئارقىسىغا پارقىرىتىپ تارىغان، ئاپپاق كۆينىكىنىڭ يەڭلىرىنى بىلەكلىرىگىچە تۇرۇۋالغان بولۇپ، قىر چىقىرىپ دەزماللانغان تارراق قارا شىمى ئۇنىڭ ئوتتۇرا بويىنى ئۆسكىلەڭ كۆرسىتىپ تۇراتتى. قارىغا مايىل بۇغداي ئۆڭ چىرايى، كىرپىكسىز چوڭ ئورا كۆزلىرى، ئەتلىك شاپتۇلدەك قېلىن كالپۇكلىرى ھەر دائىم كىنايىلىك تۇس بىلەن ئادەمدە ئەيمىنىش ھېسسىنى ئويغىتاتتى. ئۇنىڭ

بويىندىكى تەڭگىدەك ئاقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ كېلىشكەن ئەر ئىدى.

— كېلىڭ خالىقكا! — دېدى زۇمرەت ئورنىدىن تۇرۇپ، — كارىۋاتقا كېلەمسىز ياكى ئورۇندۇققىمۇ؟

— ئوخشاش، — دېدى خالىق ئورۇندۇقنى قول ياغلىقىدا سۈرتىۋېتىپ، قىزغا ياندىن قاراپ ئولتۇردى، — ھە، ئالدىراش ئوخشىمامسىز؟

— ئىش قىلىپ بىكار بولغىنى بولمايدۇ، — زۇمرەت تەركىي ھۆرمەت بولماسلىقى ئۈچۈن، ئورۇندۇقنى سەل يانتۇ سۈردى، — ناھىيىنىڭ ئوقتۇرۇشىنى ئېنىق ئاڭلىغانسىز؟

— ئاڭلىدىم، گوڭشې رادىئو ئۈزىلىدىن ئاڭلىتىپمۇ بولغاندۇر.

زۇمرەتنىڭ كۆڭلىگە بىردىنلا «دادامغا خەۋەرنى مۇشۇ يەتكۈزدىمۇ - يە؟ نىمە ئۈچۈن ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە كەتمەي، كەچ تەرەپتە بۇ يەرگە كىرىدۇ؟...» دېگەن گۇمان كەلدى. ئۇ لاپپىدە خالىقنىڭ چىرايىغا قارىدى. «توغرا، ئۇ ئۆتكەن دۈشەنبە ئەتىگەندىلا كىرىپ، زۇمرەتنىڭ دەم ئېلىش كۈنىنى نەدە ئۆتكۈزگەنلىكىنى» سورىغان ئەمەسمىدى؟... زۇمرەت ئۇنىڭ قاتاڭغۇ چىرايىغا يەنە سىپ سالدى. لېكىن خالىقنىڭ يۈزىدە ھەر قاچانقىدەك، پەرۋاسىز، مەسخىرىلىك، ئۇيقۇسىرىغان ھالەتتىكى بىر تەبەسسۇم بار ئىدى...

خالىق قىزغا ياندىن قارىماقتا ئىدى. كىچىككىنە پارقىراپ تۇرغان قاڭشارلىق بۇرۇن، ئىلىپتەك تۈز قارا قاشلار ئاستىدىكى ئاجايىپ كۆزلەر، يامغۇردا يۇيۇلغان ئالۇچىدەك چاقناپ تۇرغان لەۋلەر، چوڭچۇرىدەك ئاق قۇلاقلىرى ئەتراپىدىكى تولغۇما - تولغۇما قوڭۇر چاچلار تۇراپ شۇجىنىڭ بىر چاغدىكى سۆزلىرىنى ئۇنىڭ ئېسىگە سېلىپ، تۈكۈرۈكىنى غورتىسىدا يۇتتى. ئۇنىڭ زۇمرەتنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس يۇمران قوش ئىڭەكلىرىنى ئالقانلىرىغا ئالغۇسى، مۈڭگۈزدەك چىڭ كىچىككىنە كۆكسىنى سىيلاپ باققۇسى كېلەتتى. بۇ شەيتان ئۇنى ھەدەپ ۋەسۋەسىگە سالماقتا ئىدى. بىراق ئۇ تۇيۇقسىزلا زۇمرەتنىڭ ياغلىقىنىڭ ئاستىدىن قان قېتىشىپ قالغان داكىنى كۆرۈپ، يۈرىكى «قارتلا» قىلىپ

قالدى.

— زۇمرەت، پېشانىڭىزغا نېمە بولدى، تېڭىۋاپسىزغۇ؟ — دېدى خالىق چۆچىگەن قىياپەتتە، — ئەكىلىڭا، كۆرۈپ باقاي.

— بولدى كۆرمەڭ، — زۇمرەت خالىقنىڭ قولىنى توستى، — دادام نوغۇشتا ئۇرۇپ يېرىۋەتتى.

— نېمشقا ئەمدى؟ — خالىقنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — ياقۇپكامنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغان ئوخشىماسىز؟

— قانداق دىلى زەھەر چايان چاقتىكىن، دادام ئىشىنىپ قاپتۇ...

— نېمە دەپ چېقىپتۇ؟ — خالىقنىڭ كۆزلىرى غىل - پال قىلىپ قالدى، — شۇنداقتىمۇ ئۇرغىنى نېمىسى؟

— نېمە دەپ چاقاتتى، — زۇمرەتنىڭ كۆزلىرى قىسىلدى، — «مۇرات قولىغا تاماكىنىڭ ئوتىنى ياقتى، ۋېلسىپىتتا ئولتۇرغۇزۇپ شەھەردە ئويناتتى...» دېگەندەك گەپلەر بولمامدۇ؟ توۋا ئەرلەردىنمۇ چېقىمچى، غەيۋەتخور كىشىلەر چىقىدىكىنا؟...

— شۇنداقمۇ ئىشلار بولغانمىدى؟

— تولا خۇپسەنلىك قىلماڭا! سىز كۆرگەن تۇرسىڭىز...

— توغرا، مەن كۆرگەن، كۆرسەم نېمە بوپتۇ؟... سىز مەندىن گۇمان قىلىۋاتامسىز؟ مەن شۇنداق قىلىدىغان ئادەممۇ؟...

— مەن... سىزنى قىلدى دېمىدىمغۇ؟ — زۇمرەت خالىقنىڭ جىددىيلەشكەن يۈزلىرىنى كۆرۈپ ئىككىلەندى.

— ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز، جۇرۇڭ، ھازىرلا ياقۇپكامنىڭ ئالدىغا بېرىپ يۈزلىشەيلى!...

خالىق زۇمرەتنىڭ تېلېفۇنخانىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى، ئايرىلغاندىمۇ دادىسى بىلەن يۈزلەشتۈرىدىغان يۈزسىزلىكنى قىلمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، شۇنداق دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. زۇمرەتمۇ ئۇنىڭ بۇ قەتئىيلىكىدىن سەل خىجىل بولغاندەك:

— مەن سىزنى قىلدى دېمىدىمغۇ؟ — دېدى.

— سىزنىڭ تەلەپپۇزىڭىزدىن، چىرايىڭىزدىن گۇمان قىلغىنىڭىز

چىقىپلا تۇرامدۇ؟ — خالىق ئاچچىقلاندى، — خۇدايا توۋا، بۇ كەملەردە كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئورنى قالماپتۇ. تېخى ئىشخانامغا سىزنى دادلاپ كىرگۈچىلەرنى «يوقال، ياشلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما! . . . » دەپ قوغلاپ چىقىرىۋېتىپتىمەن. . . مانا ئەمدى. . .

خالىق ئاچچىقلاپ ئىشىك تەرەپكە مېڭىۋېدى، زۇمرەت ئۇنىڭ ئالدىنى توستى ۋە قايتا - قايتا كېچۈرۈم سورىدى. چايداندىن پىيالىگە چاي قۇيۇپ، ئاپپارات ئۈستىلىگە قويدى. خالىق چايغىمۇ قارىماي پۇشۇلداپ ئولتۇراتتى. ئانىسىنىڭ كېسىلى، ئۆلۈمى، نەزىر - چىراغلىرىدا ھېچنىمىسىنى ئايىماي ھىممەت قولىنى سوزغان، ئۆزىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ بېشىنى سىيلىغان بىر ئاقكۆڭۈل ئادەمگە دەرگۇماندا بولۇپ، قىلىپ قويغان گەپلىرىدىن تەڭلىكتە قالغان زۇمرەت خالىققا خىجىللىق بىلەن قارىدى.

— بولدى خاپا بولماڭچۇ خالىقكا، كەچۈرۈم سورىدىم بولمىدىمۇ؟ يە يەرگە تىزلىنىپ باش قويىمەنمۇ! — دېدى زۇمرەت يالۋۇرۇپ، — سىزنىڭ ئالدىڭىزغا دادلاپ كىرگەن كىم ئۇ؟

— بولدى سورىماڭ، دېسەك گەپ جىق، سىز يەنە جېدەل تېرىپ، مېنىڭ بېشىمنى ئاغرىتىدىغان ئوخشايسىز. . .

— بولدى، مەن سىزگە ئۇنداق قىلمايمەن دەپ ۋەدە بېرەي، ئېيتىڭا؟ . . .

— ياق، مەسىلە ئىنكاس قىلغۇچىلارنىڭ ئىسمىنى ئېيتىش توغرا بولمايدۇ. . .

— مەن سىزگە قەسەم قىلىپ بېرەي! . . .

خالىق ئۆزىنى تونۇتۇۋېلىش، ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇش، ئالىيجاناپلىقىنى بىلدۈرۈش ئىمكانىيىتىنى ھەرگىز قولدىن چىقىرىۋەتمەيتتى. ئۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئىككى تۇغقان قېرىندىشى مەتمۇسانى ھېچ ئايانمايلا سېتىۋەتتى. ئۇ، مەتمۇسانىڭ بىر ئىدارىنىڭ رەھبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، گوڭشې پارتكومىغا كىرىپ، خالىقنىڭ تېلېفونخانىغا يۆتكەپ كېلىپ ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن

بىر خادىمنىڭ داۋاملىق باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن شەھەرگە قاتراپ، كىنو - تىياتىرخانا ۋە تانسىخانىلاردا يۈرگەنلىكىنى، نەلەردە يېتىپ - قوپۇپ يۈرگەنلىكىدەك بۇ ئىستىل مەسىلىسىنى سۈرۈشتۈرمەي، تەنقىد - تەربىيە بەرمەي، ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتىڭلار، دەپ ئېيتقانلىقىنى سۆزلىدى. خالىق ئۆز كۆڭلىدە ئويلىغان گۇمان - ئەندىشىلىرىنى، پىكىر - خىياللىرىنى ۋە زۇمرەتنى قانداق مۇھىم ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانلىقىدەك مۇھىم تۆھپىسىنى مەتمۇساغا يۆلەپ تۇرۇپ دەۋالغانىدى. ئادەم قورقىتىدىغان بۇ قالپاقلاردىن زۇمرەت چۆچۈپ قالمىدى.

— ئىپلاس چوشقا، دادامغا شۇ يەتكۈزۈپتۇ - دە! — زۇمرەت بىردىنلا ئاقىرىپ كەتتى، — خەپ، مەن ئۇنىڭ بىلەن ھېسابلاشمايدىغان بولسام...

— مانا، مانا، ھازىرلا نېمە دەپ ۋەدە بەرگەن ئىدىڭىز؟ سىز مېنى خىزمەت ئىشلىگىلى قويامسىز - قانداق؟ — دېدى خالىق خاپا بولۇپ، — بۇنى دادىڭىزغا مەتمۇسا يەتكۈزدىمۇ ياكى باشقىسىمۇ، سىز نەدىن بىلىسىز؟

— تۈنۈگۈن ئاشۇ كۆرگەن!

— پۈتۈن بازار ئىچىدە يالغۇز مەتمۇسالا بارمىكەن؟ — دېدى خالىق، — يەنە كېلىپ بۇ ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىت تۇرسا؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قېتىملىقلا ئىش بولمىسا؟...

زۇمرەت ئويلىنىپ قالدى. مەتمۇسانىڭ دادىسى بىلەن ئانچە تونۇشلۇقى يوق. بازار ئىچىدە مۇراتقا ياكى ئۆزىگە دۈشمەنلىك قىلىۋاتقانلار يەنە بارمۇ - قانداق؟...

— مەتمۇسانىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، — دېدى خالىق چاينى ئوتلاپ قويۇپ، — ئاشخانا، سودا سارىيى دۇكانلىرى ئالدىدا كىشىلەر كۆسۈرلىشىپ يۈرگۈدەك... ئېغىزىدىن ئېغىزىغا ئۆتسە، يىگىتنىمۇ توۋرۇككە ئايلىنىدۇ، دېگەن گەپ بار. بۇ بەدنامنىڭ كوچا - كويغا چىقىپ قېلىشى نام - نىشانىڭىزغا ياخشى ئەمەستە! بۇندىن كېيىن دىققەت قىلىڭ...

خالىقنىڭ تەرەپ - تەرەپتىن ئۈستىلىق بىلەن قۇرغان قورشاۋى ئىچىدە قالغان زۇمرەت يېڭىلدى!... ئۇ ئۆزىنىڭ تۈز كۆڭلى،

ساددىلىقى بىلەن ئادەملەرنىڭ سىرتقى كۆرۈنىشىگىلا قاراپ باھا بېرىپ كەپتىكەن. ئەمما بوستاندىكى كىشىلەر بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسىگە ئوخشاش تىنچ ۋە گۈزەل ئەمەس ئىكەندە!

زۇمرەتنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار مۆلدۈرلەپ تۆكۈلدى. ئۇ خالىقنىڭ نەسىھەتىگە كۆڭلى بۇزۇلۇپ ياكى ئۆزى توغرىلىق ئەپقاچتى گەپلەرنىڭ تېرىلىپ كەتكەنلىكىگە ئېچىنىپ ئەمەس، بەلكى بۇندىن كېيىن مۇرات بىلەن ئۇچۇق - يورۇق دىدارلىشىپ تۇرۇشنىڭ ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ ياش تۆككەنىدى. لېكىن، زۇمرەتنى «تەسىرلەندۇردۇم» دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويغان خالىق قول ياغلىقىدا قىزنىڭ يۈزلىرىنى سۈرتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتلۇق مەڭزىلىرىگە، مەرمەردەك سىلىق ئېگەكلىرىگە بارمىقىنى تەككۈزۈۋالدى... ۋە نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىر سىلاپ بېقىش ئارزۇسىدا بولغان قوڭغۇر چاچلارنى ئاستا سىيلىدى...

— زۇمرەت، سىز دادىڭىزدىن رەنجىپ يۈرمەڭ، — دېدى خالىق قىزنىڭ ھىدىدىن لەززەتلىنىپ، — ياقۇپكام شامالدا قالغان بىر چىراغ، ئۇنى ئۆچمەيدۇ دەپ ئېيتالامسىز؟... ئۇ سىزنى بېقىپ چوڭ قىلدى، ئوقۇتتى. ئۇنىڭ ئەجرىسىز شۇ دېمەتلىك بولمىغىنىڭىز ئاسانمۇ؟... شۇڭا، ئۇنىڭ پەندى - نەسىھەتلىرىنىمۇ سوغۇققانلىق بىلەن ئاڭلاڭ... ئۇمۇ سىزنى ياخشى بولسىكەن، ئوبدان كۈن كۆرسىكەن، ئىستىقبالىنى تاپسىكەن... دەپ ئويلايدۇ. دۇنيادا ئۆز پەرزەنتىنىڭ غېمىنى يېمەيدىغان ئاتا بولامدۇ؟ سىز غايىلىك، ئۈمىدۋار، ئەقىللىق قىز... ئوقۇشقا بىرەر سان كېلىپ قالسا، ئالدى بىلەن سىزنى ئويلىشىمەن... ئىنسان تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان ئارزۇ - ھەۋەسلەرنىڭ قۇلى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك... قانداق دېدىم؟

خالىق سىيلىق - سىپايە، شېرىن - شەربەت نەسىھەتلىرى بىلەن زۇمرەتنىڭ كۆڭلىگە چىراغ يېقىۋەتتى... بىراق ئۇ مۇراتنىڭ ئىسمىنى ھەرگىز تىلغا ئالمىدى. نېمىلا دېگەن بىلەن ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان بىلىملىك ئادەمدە!... دۇنيادا ئادەمدەك ئىسكى نەرسە يوق ئىكەن،

قوتۇر ئىشەكتەك ھەممىلا يەرگە سۇۋۇشىپ يۈرىدىكەن. شۇنداق ياخشى ئادەمنىڭ ئۈستىدىن «ئالىي مەكتەپتە بىر قىز بىلەن چاتاق چىقىرىپ ھەيدىلىپتىكەن...» دېگەن گەپنىمۇ تاپقان تۇرسا!...

خالىق چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ زۇمرەت كۆڭلىدە ئۇنى ئاقلاپ خىيال سۈردى. ھەتتا ئۇ مۇراتنى سولاپ قويغان ئىشنىمۇ «ئۇقۇشماسلىق» ، «ماڭا بولغان كۆيۈمچانلىقى» دەپ ياخشىلىققا جورىدى. بىراق خالىققا بولغان ھۆرمىتى قەلبىدىكى مۇراتنىڭ ئوبرازىغا ھەرگىز سايە سالالمىدى. مۇرات يەنىلا ئۇنىڭ ھايات ئابىدىسى ئىدى..

زۇمرەت پوچتىخانىنىڭ ئالدى ھەم كەينى ئىشىكلىرىگە ئىچىدىن قۇلۇپ سالغاندىن كېيىن دېرىزە قاپقاقلىرىنى ھىم ئەتتى. يۇلتۇزلارغا تولغان ئاسمانغا قارىغىنىدا، مۇرات يەنە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولدى. قۇرۇم كۆلىدىكى «بولىدۇ مەزلۇم، كايىماڭلار...» دېگەن سۆزلىرى ئىسىگە كېلىش بىلەن، ئىچىدە يېقىملىققىنا قىلىپ «ئەسكى» دەپ تىللاپ قويدى. ئۇ ئورنىنى سېلىپ ياتقاندىن كېيىنمۇ خېلى ۋاقىتلارغىچە مۇرات بىلەن غايىۋانە تىللىشىپ، قېيدىشىپ، ئويىنىشىپ، قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلمەي قالدى...

# يۇرۇڭقاش دەرياسى بويىدا

چايخانا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى داۋاملاشماقتا ئىدى. ناھىيە بويىچە بارلىق ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بىر ئورۇنغا سىغمىغانلىقى ئۈچۈن، كۇرس ھەر يىلى ئىككى ئورۇنغا بۆلۈنۈپ ئېلىپ بېرىلاتتى. شۇڭا، بۇ يىلمۇ ئوچاستىكىلار بويىچە بىر قىسىم باشلانغۇچ مەكتەپلەر ناھىيىلىك 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە كۇرسقا قاتنىشۋاتاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەر ۋاقىتلىق تامىقى نۆۋەتچىلەر ئارقىلىق چايخانا مەكتەپتىن توشۇلاتتى. ئەمما 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى كۇرسقا قاتنىشۋاتقانلىقى ئۈچۈن، پەقەت مەشغۇلات توگەپ، كەچكى ئارام ئېلىش ۋاقتى بولغاندىلا، كامىل، مۇرات، گۈلزىبالار بىلەن كۆرۈشەلەيتتى.

ھېكمەتنىڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىكى ئىشلىرى تېخى تۈگىمىگەنىدى. گەرچە «تۆت دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى» ئېچىلىپ تارقاپ بولغان بولسىمۇ، ئۇنى يەنىلا تەشۋىقات خىزمەتلىرىگە سېلىۋاتاتتى.

كامىل، مۇرات، نەفىسە، گۈلزىبالار بەزىدە ھېكمەتنىڭ ياتىقىغا بېرىپ كېچە بىر ۋاقىتلارغىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار كۇرستا بولۇۋاتقان ئىلمىي مۇنازىرىلەر، ئۆگىنىلىۋاتقان ھۆججەتلەر، كۆرەش قىلىنىۋاتقان، تەنقىد بېرىلىۋاتقان يامان خاھىش، بولمىغۇر ئىشلار، تۇرمۇش، خىزمەت، ئىدىيە ـ ئىستىللىرى چىرىكلەشكەن بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يامان قىلمىشلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىشاتتى.

قىشلىق تەتىلدىكى كۇرسقا قارىغاندا، يازلىق تەتىلدىكى ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىنىڭ ۋاقتى ئۇزۇن، ھەل قىلىنىدىغان مەسىلىلەرنىڭ دائىرىسى كەڭ بولاتتى. دەسلەپتە، بىرەر ھەپتە ھۆججەت، ماتېرىياللار ئۆگىنىلگەندىن كېيىن، مەكتەپلەر بويىچە ئىلمىي نەتىجىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، سېلىشتۇرۇپ باھالاش، بېكىتىش خىزمەتلىرى ئېلىپ بېرىلاتتى. ئىككىنچى باسقۇچتا، ھەر بىر مەكتەپتىكى دەرس ئۆتۈش سۈپىتى پەۋقۇلئاددە تۆۋەن بولغان شەخسلەرنى گۇرۇپپا بويىچە، ئېغىرراقلىرىنى ئۇچاستكا بويىچە «تەنقىد ـ تەربىيە» سورۇنىغا سالاتتى. بەزى ھاللاردا، بۇنداق سورۇنلار ۋارقىراش ـ جارقىراش، تىللاش ـ دۇشكەللەشلەردىن خالى بولالمايتتى. ئۈچىنچى باسقۇچ تۇرمۇش ئىستىلى بۇزۇلغان، خىزمەتتە ناچار، ئىدىيە ـ ئىستىلى قالاق ئوقۇتقۇچىلارنى «زەمچىگە بېسىش» كۆرەشى ئىدى. بۇنىڭدا، ئوقۇغۇچىلارغا تەن جازاسى بەرگەن، ھەتتا ئۇرۇپ مېيىپ قىلىپ قويغان، قىمار ئوينىغان، نەشە چەككەن، ئاسمىنى كەڭ يېزىلاردا بۇزۇقچىلىق قىلغانلارنى ئوتتۇرىغا تارتىپ چىقىرىپ، كۆرەش قىلاتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغان، ئىچ پۇشقىنى چىقىرىدىغان، تاماشا كۆرۈپ كۆڭۈل ئاچىدىغان باسقۇچى نەق مۇشۇ ئۈچىنچى باسقۇچ ئىدى. بەزىلەر: «ھە قېنى ئېيتە، قانچە بالىنى قانچە قېتىم، نەرىگە، قانداق ئۇردۇڭ؟...» دەپ سورىسا، يەنە،

بەزىلەر: «قانچە ئايال بىلەن قانچە قېتىم پاھىشىۋازلىق قىلدىڭ؟ تولۇق سۆزلە!» دەپ ۋارقىرايتتى. سوئال - سوراق، تىل - ئاھانەتنىڭ ئاستىدا قالغان ئوقۇتقۇچى: «قوناقلىقتا مۇنچە نۆۋەت، كېۋەزلىكتە مۇنچە قېتىم، بولجالىقتىكىسى ئېسىمدە يوق، ئەيناۋۇر بۇزۇقچىلىقنى كۆپ قىلدىم...» دەپ بارماقلىرىنى قايرىپ ھېسابلاپ، ئاياللارنىڭ ئىسىملىرىنى ساناپ چىقاتتى. ھەتتا كۆپچىلىك ئىچىدىن: «قىلىشنىغۇ قىلىسەن، سەن قىلماي قالامتىڭ، قانداق قىلدىڭ؟ شۇنى دېمەمسەن!» دەپ سورايدىغان تېتىقسىزلارمۇ بار ئىدى. قىسقىسى، چايخانا مەكتەپنىڭ ئۆرۈكلۈك بېغىدا ھەر يىلى ئېچىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلار كۈرىسى بەزىلەر ئۈچۈن ئويۇن - تاماشا پۇرسىتى بولسا، بەزىلەر ئۈچۈن ئەدىبىنى يېيىش، جازالىنىش مەيدانى بولاتتى.

بۇ قېتىمقى كۈرستا، ناھىيە بويىچە تۆت ئوتتۇرا مەكتەپ ئىچىدە دەرس ئۆزلەشتۈرۈش سۈپىتى ناچار، كۆچۈش نىسبىتى تۆۋەن، دەرسكە قاتنىشىش، ئىنتىزام جەھەتتە ئارقىدا قالغان مەكتەپ — بوستان ئوتتۇرا مەكتىپى بولۇپ چىقتى. مۇدىر پەرمانشا بىلەن ئىلمىي مۇدىر زىكرۇللا غوجى بەلمۇ بەل تۇتىشىپ مەيدانغا چۈشتى. پەرمانشا ئۇنى: «ئىلمىي مۇدىرلىق خىزمىتىدە تەجرىبىسى يوق، ئۇسۇلى ياخشى ئەمەس، ھەر خىل ئاملاردىن پايدىلىنىپ ئىزدەنمەيدۇ، بىلىمى تۆۋەن...» دېگەندەك تۇترۇقسىز سۆز - ئىبارىلەر بىلەن ئەيىبلىدى. ئۇ، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئالدىدا قىيرۇق تۇتقۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، جان - جەھلى بىلەن بارلىق توقۇناق بالانى زىكرۇللا غوجىنىڭ يەلكىسىگە ئارتىپ قويۇپ، ئۆزى «ئاق بالىخان» بولۇپ قىرغا چىقماقچى بولدى. لېكىن ئىلمىي مۇدىرمۇ بوش كەلمىدى. ئۇ بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئىلمىي سۈپىتىنىڭ تۆۋەن بولۇش سەۋەبىنى پەرمانشاغا يۈكلىدى. بېقىلىۋاتقان مال - چارۋا، چوشقىلار، تېرىلىۋاتقان يەرلەر، ئوغۇت توپلاش مەجبۇرىيەتلىرى، قايىنتىلىۋاتقان تاڭشىر - شىرنىلار، دۇغاپچىلىق، مۇز سېتىش قوشۇمچە كىرىملىرى قاتارلىقلارنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىپ، خىزمەت ۋە

ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئېغىر بېسىم ئىچىدە قالدۇرغانلىقىنى، بۇ سەۋەبتىن، كەسپىي ئۆگىنىش، ئوچۇق دەرس ئۆتۈش، پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلارنى تەجرىبە سۆزلىتىش، دەرستىن كېيىنكى مۇزاكىرىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش خىزمەتلىرىنىڭ يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ، ئاخىرىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قايناپ قالدى:

— ئويلاپ بېقىڭلار، بۇ يېرىم كۈن ئوقۇپ، يېرىم كۈن ئىشلەيدىغان يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپمۇ ياكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى پۈتۈن كۈنلۈك تولۇقسىز ئوقۇتۇش مەكتەپمۇ؟ . . . ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ساپاندىن چىقىرىپ قويسا، قوشتىن چىقىرىپ سورەمگە سالىدىغان ئۆي كالىمۇ؟ . . . ھېلىمۇ مۇشۇنچىلىك بېسىملار ئىچىدە دەرس تەييارلىقى قىلىپ بىلىم بېرىۋاتىدۇ. ئوقۇغۇچىلار تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىدۇ. مەن ئۇلاردىن رەنجىمەيمەن، بەلكى ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىمەن! . . .

ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىدا يۈز بەرگەن بۇ جىددىي ئېلىشىشلار بارا - بارا ئوقۇتقۇچىلارنىمۇ ئىككى قۇتۇپقا ئايرىپ قويدى. توختى قۇربان، كامىل، مۇراتلار زىكرۇللا غوجىنىڭ كۆز قارىشىنى قوللايتتى. مەمتىلى ئىبراھىم، ساجىتخان، رېخىم نۇرى قاتارلىق ئاز ساندىكى ئوقۇتقۇچىلار پەرمانشانىڭ كەتمىنىنى چېپىپ، مەيدانغا سەكرەپ چۈشتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭمۇ كۆڭلىدە سان بار ئىدى. ناھىيە بويىچە تۆت گۆھەرنىڭ سەرخىلى بولغان پەرمانشا، زىكرۇللا غوجىدەك چۈجە خورازنىڭ كېكەچلەپ چىللاپ، قاناتلىرىنى پاقىلدىتىپ قويۇشلىرىدىن نوندا قىنى بىكار قىلىپ بېرەمتىمۇ؟ يىللاردىن بېرى كۆكتات، يەل - يېمىش، ئاشلىق، شىرنە - تاڭشىرلار بىلەن تامىقى شىرلىنىپ كەتكەن مائارىپ ئىدارىسى كادىرلىرىنىڭ ئۇنى يۆلەپ تۇرىدىغىنى دېسە تېلى كۆيەمدۇ؟ . . . شۇڭا، مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، بەلنى ئۇن يەردىن باغلاپ، مۇدىرنىڭ نەزىرىدىن ئۆتۈۋالسا، كېيىنچە بۇنىڭ پايدىسى تەگمەي قالارمىدى! . . .

كامىل، مۇرات، گۈلزىبالار ھېكمەتنىڭ ياتىقىدا بۇ توغرىلىق سۆزلەشكەنلىرىدە، پەرمانشانىڭ ئاغزى يامان بولغىنى بىلەن نىيىتى دۇرۇس، خىزمەتتە ئەستايىدىل، كۆڭلى ياخشى دەپ، ئۇنىڭغا توغرا باھا

بىرىشەتتى. پەقەت ئۇنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا سەل قاراش، چەك تۇتماسلىقتەك پوزىتسىيىسىلا ئۇلارنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيتتى.

كامىل، ھېكمەت، مۇرات، نەفىسە، گۈلزىبالار ئەمدى زىكرۇللا غوجى بىلەن پەرمانشانىڭ بىللە ئىشلىشىنىڭ تەس ئىكەنلىكى، مائارىپ ئىدارىسى ئىككىسىنىڭ بىرسىنى يۆتكىمىسە بولمايدىغانلىقى ھەققىدە پاراڭلىشىپ، ھېكمەتنىڭ ياتىقىدا ۋاقىتنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى بىلمەي قېلىشاتتى.

ئۇلار شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ھېكمەتنىڭ ياتىقىغا بارماي، كىنو - تىياترلارغا بېرىپ، كۆڭۈل ئاچاتتى. بۇنداق چاغلاردا، مۇرات بوستاندىن زۇمرەتنى ئېلىپ كېلەتتى. ھازىر ئۇلار بۇرۇنقىدەك ئاشكارا يۇرەلمەيدىغان بولدى. ئالدىن كېلىشىۋالغان مەسلىھەتى بويىچە، زۇمرەت ئىلەك كۆۋرۈكى قاسىنقىدىكى بولجالىقتا ساقلايتتى. تۇرسۇن ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىمگە دېمەيتتى. ئەگەر خالىق سۈرۈشتۈرۈپ قالسا، «تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە كەتكەنلىكى ياكى بىرەر دوستىنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى» دەپ خاتىرجەم قىلاتتى. چۈنكى، تۇرسۇن ئۆزىنىڭ كىچىلىك نۆۋەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى زۇمرەت ئۈستىگە ئالغانلىقىدىن خۇش ئىدى.

كامىل، ھېكمەت، گۈلزىبا، نەفىسەلەر زۇمرەتنىڭ دادىسى بىلەن بولغان جېدەلنى ۋە پېشانىسىنىڭ يېرىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى بىئارام بولۇشتى. ئۇنىڭ جاسارىتىگە، قورقماسلىقىغا، شىجائىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. لېكىن ئۇلار بۇ پاجىئەنىڭ باش سەۋەبچىلىرى خالىق بىلەن مەتمۇسا دەپ قانچە چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، زۇمرەتنى قايىل قىلالمىدى. ئۇ خالىقنى ھامان ئاقلاپ تۇراتتى.

كامىل، خالىق بىلەن مۇراتنى سولاپ قويغاندا تۇتۇشۇپ قالغانلىقىنى ئەسلىيتتى، ئۇ، ئۇنىڭ چېنىققان، پىشقان، ھەربىر سۆزنى مىق قاققاندەك قىلىدىغان خەتەرلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. ئۇ ھەرگىز باشقا گۇڭشې كادىرلىرىدەك ئۇچۇرۇشقا بولىدىغان لەگلەك ئەمەس ئىدى. ئىدارە - جەمئىيەت كادىرلىرى، ئوقۇتقۇچىلار، دېھقانلارمۇ

«خالىق كاتىپ» دېگەن ئىسىم چىققان هامان چۆچۈيتتى. نەچچە يىللار يول يۈرۈپ ھەل بولمىغان ھەر قانداق چىگىش ئىشمۇ ئۇنىڭ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن تېزلا بىر تەرەپ بولۇپ كېتەتتى.

بەزىلەر ئۈچۈن قورقۇنۇچلۇق، يەنە بەزىلەر ئۈچۈن ئويۇن - تاماشانىڭ پۇرسىتى بولغان ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىمۇ ئاخىرلىشىپ قالغاندى. ھېكمەت گەرچە كۇرسقا قاتناشمىغان بولسىمۇ، ھەر كۆڭلۈك بولۇنغان ئىشلارنى كامىل، مۇراتلاردىن ياكى گۈلزىبا بىلەن بىللە كىنوغا بارغان چاغلاردا ئاڭلاپ تۇردى. تەشۋىقات بۆلۈمى بەلگىلەپ بەرگەن كۆرگەزمىگە ئائىت سىزىشقا تېگىشلىك رەسىملەردىن كۆپ قالمىغاندى. شۇڭا ئۇ ئۇلارنى تېزرەك پۈتتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىرلىكتە مەكتەپكە چىقىپ كېتىش ئۈچۈن، دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىمۇ ئىشلەيتتى.

ھېكمەت ئىشخانىسىدا يالغۇز رەسىم سىزىۋاتاتتى. «تۆت دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى» تۈگىگەندىن كېيىن، ئىككى خانىم مەكتەپكە قايتىپ كەتكەنىدى. ئىشىك چېكىلىپ، كامىل، نەفىسە، گۈلزىبالار ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. چىرايلىرىدىن بىر خوشخەۋەرنى پەملىگەن ھېكمەت ئۇلارغا قارىدى. گۈلزىبا ئالدى كەشتىلەنگەن ساغۇچ يىپەك كوپتا، سۇس بېغىررەڭ يوپكا كىيگەن بولۇپ، نېپىز ياغلىقىنى بوينىغا چۈشۈرۈۋالغانىدى. نەفىسە بولسا ئاچ ھاۋارەڭ كىرىپ كۆينەك ئىچىدە تېخىمۇ زىلۋالىشىپ قىزىرىپ تۇراتتى. ھېكمەتنىڭ تەكلىپى بىلەن، قىزلار كارىۋاتتا، كامىل ئورۇندۇقنى سۈرۈپ ئولتۇردى. گۈلزىبا ھېكمەتكە لەپپىدە قاراپ، نېمىدۇر ئېسىگە كەلدى بولغاي، قىزىرىپ يۈزىنى ئەپقاچتى.

— قارىسام، ھەممىڭلارنىڭ ئاغزى گەپ يۇقى، — دېدى ھېكمەت رەسىم ئورۇندۇقنى ئۇلارغا روبىرو قويۇپ، — قېنى بىر نېمە دېمەمسىلەر؟

— گەپ يۇقى ئەمەس، ئۇماچ يۇقى، — دېدى كامىل راست گەپنى قىلىپ، — كەچلىك تاماقتا ئۇماچ ئىچىپ بەردى. سەن بۇ يەردە بەتتە پولو يېگىنىڭ بىلەن...

قىزلار قاھ ـ قاھلاپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى.
— ئەمىسە، بازاردىن بىر نەرسە ئەكىرىپ بېرەيمۇ؟
— ياق، بولدى، — دېدى كامىل، — مۇرات كەلمىدىمۇ؟
— ياق. . .
— ئۇنداق بولسا، تېخى خەۋىرىڭدە يوقكەندە؟ — كامىل كېلىنى قىرىپ قويدى، — مۇنداق ئىدى قارا، شەھەردىكى دوستلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، يۇرۇڭقاش دەرياسى بويىدىكى ئىگەچى بېغىدا مۇشائىرە ئۇيۇشتۇرماقچى بولدۇق. ئۇ يەرنىڭ مەنزىرىسىنى رىۋايەتلەردىكى جەننەت دېسەڭ بولىدۇ. . .
— ياھ، بەلەن گەپكەنغۇ بۇ! قاچانغا توغرىلىدىڭلار؟
— ئەتە شەنبە چۈشتە كۇرسانتلارنى قويۇپ بېرىدىكەن، — دېدى كامىل، — ئەمدى خىزمەتكە چۈشۈپ كەتسەك، بىرەر يىلغىچە پۇرسەت چىقارماق تەس. . . ئۇنىڭ ئۈستىگە سەككىزىنچى ئاينىڭ ئاخىرى راسا ياخشى چاغ دېگىنە!
— يېمەك ـ ئىچمەكنى ئۆزىمىز ئېلىپ چىقىمىزمۇ؟
— ياق، ئەرلەر 10يۈەن، قىزلار 5يۈەن پۇل چىقىرىدىغان بولدۇق. لازىمەتلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئىشىغا ئابلىز ناۋا بىلەن ئالىمجان زىھرۇللا مەسئۇل، — دېدى كامىل گۈلزىباغا قاراپ، — ئىككىڭلار بىر يەرگە بارىدىغان ئوخشايسىلەر، بىز قايتايلى.
— سىلەر نەگە بارىسىلەر؟ — دېدى ھېكمەت.
— خان ئانام بىلەن سەئىدە ئاچام نەفىسەنى چاقىرىپتىكەن، — دېدى گۈلزىبا ھېكمەتكە مەنىلىك قاراپ قويۇپ، — ئۇلار چوڭ ئۆيگە بارماقچى.
كامىل مۇراتنىڭ ھېلى كېلىپ قالىدىغانلىقىنى دەپ قويۇپ، نەفىسەنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. ھېكمەت گۈلزىبانىڭ ئۇدۇلىغا ئولتۇردۇقنى سۈرۈپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتتى ۋە ھۆپپىدە قىزارغان يۈزلىرىگە قارىدى. قىزنىڭ قېشى بىلەن كۆزى بۆلەكچە چىرايلىق بولۇپ، قاڭشىرىدىن باشلانغان قاپقارا قاشلارنىڭ ئاخىرى ئۇچى كىچىككىنە سەكرەتمە بىلەن ئىنچىكىلەپ تا چېكىلىرىگىچە سوزۇلغانىدى. سۈرمە

تارتقاندەك كەڭ بادام قاپاقلىرى لەپپىدە يېيىلىش بىلەن، قويۇق ئەگمە كىرپىكلىرى شەھلا كۆزلىرىنىڭ ئاستىدا بوستان هاسىل قىلاتتى، ئالۇچىدەك هالرەڭ لەۋلىرى بىر خىل تارتىنىش ئىچىدە يېقىملىقىنا كۈلۈمسىرەيتتى. . .

— گۈلزىبا، — ھېكمەتنىڭ ئاۋازى تىترىدى، — مەن نېمىدېگەن بەختلىك. . .

— بىز دەڭ. . .

— ئىككىمىز! . . . — ھېكمەتنىڭ بېشى ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاشتى. قىزنىڭ چوڭ كۆزلىرى يۇمۇلدى، ئەمما. . .

— قاراڭ ئىشىك! . . . — گۈلزىبا چۆچۈپ قارىدى، — تېز ئېچىڭ! . . .

ھېكمەت ئىشىكنى ئاچتى. تەرلەپ كەتكەن مۇرات كىرىپ كەلدى. ئۇ بىر ئىشنى سەزگەندەك، گۈلزىباغا قارىمىدى.

— نەدىن كېلىشىڭ؟ — دېدى ھودۇقۇشى تېخىچە بېسىلمىغان ھېكمەت.

— كامىلنىڭ ئۆيىگە بارسام ئۇلار يوق، كېلىۋاتسام، نەفىسە ئىككىسى يولدا يولۇقتى، — دېدى مۇرات ئالدىرىغان قىياپەتتە، — قېنى، ئاتىغىنىڭنى بېرىۋەت بايۇەچچە! تەييارلىقنى ئەتە چۈشكىچە قىلىپ بولمىساق بولمايدۇ.

ھېكمەت يىگىرمە سومنى ئېلىپ بېرىۋېدى، پۇلغا قوشۇلۇپ چىققان بىلەتنى كۆرۈپ قالغان مۇرات ئۇنى شارتلا تارتىۋېلىپ قارىدى ـ دە، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ قولىدىكىسى ۋېلىسىپىت بىلىتى ئىدى. ئىككى يىلدىن بېرى «ئۆيۈم شەھەردە، قاتناش يوق. . .» دېگەندەك مەزمۇندا نەچچە قېتىم ئىلتىماس يېزىپ، ۋاڭ شۇجىغا تەستىقلىتىپ، سودا سارىيىدىن ۋېلىسىپىت ھەل قىلالمىغان مۇرات بىلەتنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىنى باسالمايلا قالغانىدى.

— بۇ بىلەت كىمنىڭ؟ — دېدى مۇرات ئالدىراپ.

— مېنىڭ! . . . ياڭ بۇجاڭ بەردى. . .

— ئەمىسە، مېنىڭ ئىكەندە؟ . . .

— نېمىلا بولسا سېنىڭ بولامدۇ؟ قاراڭغۇ بازاردا ساتىمەن. . .
— پاھ، پاھ، قاراڭغۇ بازارغا دوپپاڭ چۈشۈپ قالسا ئالماي كېتىدىغان ئادەم سەن، تېخى بىلەت ساتارمىش. . .
— ساڭا دېپ ئېلىپ قويىسىلىم نېمە قىلىمەن ئۇنى؟ بولدىمۇ! . . .
— ئەجەب بەلەنغۇ سەن؟ — مۇرات ھېكمەتنىڭ يۈزىگە شاپىدە بىرنى سۆيدى، — ئۆتكەن يەكشەنبە بىر بىلەتنى ئەللىك سوم قىلسام بەرمىگەندى، مانا ئەمدى خۇدايىم بەردى.
— مۇرات، ماۋۇنى ئېلىڭ! — گۈلزىبا 5يۈەن تەڭلىدى، — مەن تېخى بەرمىگەن.
— بولدى قىلىڭا! — دېدى ھېكمەت گۈلزىبانىڭ قولىنى ئىتتىرىپ، — مەن بەردىمغۇ؟
— ئۇنداق قىلسىڭىز مەن بارمايمەن. . .
— ھەي ـ ھەي، تالاشماڭلار! ئىككىڭلارنىڭ پۇلىنى مەنلا قېتىپ قوياي، — مۇرات ھېكمەتنىڭ يىگىرمە يۈەن پۇلىنى قايتۇرماقچى بولدى، — قانداق دەيسىلەر؟
— ئۇنداق قىلساڭ، بىلەتنى قايتۇرۇۋالىمەن، ئۇقتۇڭمۇ!
— بوپتۇ ئەمىسە، بەش يۈەننى قايتۇرۇپ بېرەي.
— ئۇنى زۇمرەت ئۈچۈن قېتىپ قوي.
— زۇمرەتنىڭكىنى ئۆزەم قېتىپ قويدۇم. . . — دېدى مۇرات گۈلزىباغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، — گۈلزىبا، سىز ھېكمەتكە ئالۇچا ئېلىپ بېرىڭ، بۇ شوراشقا بەك ئامراق! . . .
مۇرات قېچىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تېگىگە يەتكەن گۈلزىبا ئاناردەك قىزىرىپ، تەتۈر قارىۋالدى.
— خاپا بولدىڭىزمۇ گۈلزىبا؟ مۇراتنىڭ چاقچاققا ئامراقلىقىنى بىلىسىزغۇ! — دېدى ھېكمەت.
— ئەسكى، — گۈلزىبا تاتلىققىنا ئاچچىقلىدى، — تىلىنى كېسىۋەتسە.
— جۇرۇڭ ماڭايلى، كېچىكىپ قالمايلى.

ئۇلار ئالدىنقى كۈندىكى مەسلىھەت بويىچە تانسىغا بارساقچى ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى جەريانىدا، ھېكمەت ياتىقىدا، ئىشخانىسىدا گۈلزىباغا تانسا ئۆگەتكەنىدى.. ئۇ دەسلەپ ئۇنىمىغان بولسىمۇ، لېكىن بەربىر ماقۇل بولدى. چۈنكى، بىر چاغدا قۇتبىرەمنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ ھېكمەتنى تانسىغا تەكلىپ قىلغانلىقى تېخىچىلا ئۇنىڭ ئېسىدىن چىقمىغانىدى.

قاراڭغۇ چۈشكەنىدى. كېچە ئاسمىنى، سۈزۈك ھەم بولۇتسىز ئىدى. بىر تەرىپى داتلاشقان مىس لېگەندەك كەمتۈك ئاي شەھەر ئىچىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. سانسىزلىغان يۇلتۇزلار كۆزلىرىنى جىمىرلىتىپ كىملەرنىدۇر ئىزلىگەندەك قىلىشاتتى. ئەمما ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا كوچىنىڭ چېتىدىكى دەرەخلەر سايە تاشلىغان ئادەمسىز جىمجىت يولدا كېتىپ باراتتى. ئادەتتە كۈندۈزلىرى قىز - يىگىتنىڭ بىللە مېڭىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەممە كىشى خۇددى كۈندۈزدە يۇلتۇز كۆرگەندەك قارىشىپ، مەسخىرە قىلىشاتتى ياكى ئۇلارنى ئەدەبسىزلىكتە ئەيىبلىشەتتى. ھازىر قويۇق سايىلار تىترىشىپ تۇرغان دەرەخلەر ئاستىدا، ئۇلارنى ھېچكىم تونۇمايتتى. ھېكمەت گۈلزىبانىڭ قوللىرىنى ئۆزىنىڭ بىلىكىنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، قىزغا ئېگىشىپ ئاستا پىچىرلىدى:

— بۇنداق قولتۇقلىشىپ مېڭىشنى «پادرۇشكىلاپ مېڭىش» دەيدۇ، ئۈرۈمچىدە قىز - يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ئەشۇنداق مېڭىشىدۇ.

— باشقىلار زاڭلىق قىلمامدۇ؟ — سورىدى گۈلزىبا ئەتراپىغا يوشۇرۇنچە قاراپ قويۇپ، — مېنىڭ ئۈرۈمچىنى بىر كۆرگۈم بار. مەركىزىي شەھەر دېگەن ھەيۋەت بولىدىغاندۇر - ھە!

— ئۈرۈمچى تۇرماق غۇلجىنىمۇ كۆرسىز، — دېدى ھېكمەت گۈلزىبانىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ، — قېيىن ئاتا، قېينئانا، قېينسىڭىللىرىڭىزنىمۇ كۆرسىز. . .

گۈلزىبا ئىزا تارتقىنىدىن يۈزىنى ھېكمەتنىڭ دولىسىغا يېقىۋالدى.

— ھېكمەت، — دېدى گۈلزىبا، — پەرمانشا مۇدىرنى

يۈتكۈمتكۈدەك، ھازىر كۈرستىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ.
— شۇنداقمۇ؟ ئەمىسە كىمنى بىرەر؟
— بەگ ئىرىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى زەينىددىننى بەرگۈدەك دېگەن گەپ بار.
— ئۇ قانداق ئادەم؟
— ئېنىق بىلمەيمەن، بىراق ئاڭلىشىمغا قارىغاندا، بەك شەخسىيەتچى، ئىچى يامان ئادەم ئىمىش.
— پاكار، يۈزىدە سەپكۈنى بار ئادەممۇ؟ — دېدى ھېكمەت بىر چاغدا ئا كوچاڭ باشلاپ چىققان تۆت گۆھەرنىڭ ئىچىدىكى چۈجە خورازدەك بويىنىنى سوزۇپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرغان ئادەمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ.
— سىز نەدىن بىلىسىز؟
— مېنى بوستانغا بەلگىلىگەندە، ھە توغرا، سىز بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان كۈنۈم، ئۇنى كۆرگەنىدىم. . .
— ئاۋغان كوچىسى دوقمۇشىدا! — گۈلزىبا مەنا بىلەن كۈلۈمسىرىدى، — ئۇ كۈن ئېسىمدىن زادىلا چىقمايدۇ. . .
— ئۇ ئۇچرىشىش ھاياتىمنىڭ سائادەتلىك كۈنلىرىنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە قەلبىمدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. . .
ئۇلار پاراڭ بىلەن گۈلباغنىڭ يوپيورۇق رەستىسىگە چىقىپ قالدى. ھېكمەتنى قولتۇقلىۋالغان گۈلزىبا قولىنى ئاستا تارتىۋېلىپ، گويا ناتونۇش ئادەمدەك ماڭدى.
مەدەنىيەت سارىيىنىڭ يۇمىلاق زالى ئادەم بىلەن تولغانىدى. چۆگىلىتىپ قويۇلغان ئورۇندۇقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بوش بولۇپ، قىز - يىگىتلەر مەيداندا تانسا ئويناۋاتاتتى. تاختايلىق زالدىن «تاراق - تۇرۇق، گۈپۇر - گۈپۇر. . . » قىلغان رىتىملىك ئاۋازلار كېلەتتى. ئورۇندۇقلارنىڭ ئارقىدىكى بوشلۇقتا، تاماشا كۆرۈۋاتقان، ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشىپ يۈرگەنلەرمۇ بار ئىدى. ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا ئەڭ چەتتىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلار بىردەم پاراڭ سېلىشىپ

تۆرۈشىغا، مۇزىكا باشلاندى. ھېكمەت گۈلزىبانىڭ قۇلىقىغا: «تاڭگۇ! جۇرۇڭ چۈشەيلى» دېدى ـ دە، ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ مەيدانغا ئېلىپ باردى. گۈلزىبا ھودۇقۇش، تارتىنىش ئىچىدە ئەتراپىغا قارايتتى. دەسلەپتە تەمتىرەپ قالغان بولسىمۇ، كېيىن ئۇنىڭ پۇتلىرى مۇزىكىغا چۈشۈپ ئويناپ كەتتى. ھېكمەت ئويناۋېتىپ: «ئۆزىڭىزنى ئەركىن تۇتۇڭ، ھودۇقماڭ، قولىڭىزنى رۇس قىلىڭ...» دەپ تۇراتتى. مەيدان تۇشۇشى بىلەن، گۈلزىبامۇ ئانچە تارتىنىپ قالمىدى.

ئۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن «پاكىستىرۇت»، «ۋالىس»، «چارىداش» لارغا چۈشۈپ تەرلەپ كەتتى. گۈلزىبا خۇشال ئىدى. ئۇ ئىچىدە: «ئادەمدىكى غەم ـ خىياللارنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان مۇنداقمۇ يەرلەر بار ئىكەنا!...» دەپ ئويلايتتى. ھېكمەت ئۇنىڭ بېلىدىن سىيلىق تارتىپ، نازۇك ئاق بارماقلىرىنى ئالىقىنىغا ئالغاندا، قىزىرىپ يەرگە قارايتتى. يىگىتنىڭ قوللىرىدىن تارقىغان ھارارەت ئېللىق بىر سېزىم بولۇپ، يۈرەكلىرىنى ئويىنتىۋېتەتتى. لېكىن گۈلزىبا باشقىلارنىڭ ئۆزىنى تارتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، مۇزىكا باشلانغان ھامان ياكى يىگىتلەر، قىز ـ چوكانلارنى نىشانلاپ كېلىپ بولغىچە، ھېكمەت بىلەن مەيدانغا چۈشۈپ بولاتتى. ئۇ تانسا ئويناۋېتىپ، بىردىنلا پۇتلىرى مۇزىكىغا چۈشمەي تەمتىرەپ قالدى. چۈنكى مەيداندا گۈلرۇز پاكار، ئېڭەكلىرى ئۇچلۇق 35 ـ 36 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەم بىلەن تانسا ئويناۋاتاتتى. ئۇلار چۆگىلەۋېتىپ نېمىدۇر دېيىشىپ پىچىرلىشاتتى. ئۇ ئادەم بولسا پات ـ پاتلا گۈلزىباغا قارايتتى.

— ھېكمەت، ھېرىپ كەتتىم، — دېدى گۈلزىبا چىرايلىرى ئۇمسۆرۈن ھالدا، — جۇرۇڭ، چىقىپ كېتەيلى!

— تانسا ئەمدى قىزىۋاتسا؟

— ئەمىسە بىر دەم ئارام ئالايلى.

ھېكمەت گۈلزىبانى باشلاپ ئەڭ چەتتىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. بۇ يەردە بىر نەچچە قىز ـ يىگىتلەر مۇڭدىشىۋاتاتتى. بۇ چاغدا، بايىقى پاكار دىقماق گۈلزىباغا مىقدەك قادىلىپ قاراپ تۇراتتى.

ئۈنىڭ تۇرقىدىن، قاراشلىرىدىن كىشىنىڭ تېنى ئەيمىنەتتى. لېكىن گۈلزۇز كۆرۈنمەيتتى. گۈلزىبا ئۈنى كۆزلىرىدە ئىزلەپ كىشىلەر توپىغا قاراۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا بوي - تۇرقى تەڭ دېگۈدەك ئىككى يىگىت كېلىپ توختىدى.

— ھېكمەت ئەپەندى، ئۈزلىرىمۇ تانسىغا كىرىپلا، — دېدى تەمبەل بىرسى ئالدىغا ئېگىشىپ.

ھېكمەت قايرىلىپلا كۈلۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئۈنىڭ ئالدىدا، تۇرا ھەم مەتروزى ئىسىملىك ئىككى يىگىت تۇراتتى. ئورۇقراق، سوزۇنچاق يۈزلۈك، ئاق سېرىق، بېشى ئۇچلۇق، كۆك شاپاق دوپپىسىنى ئارقىغا سۈرۈپ كىيىۋالغىنى «كاللا» لەقەملىك تۇرا گىدى. كۆيدۈرۈلگەن مىستەك قىزغۇچ قارا يۈزلۈك، قاپاقلىرى مۈشتۈمدەك پۈلتىيىپ چىققان، كۆرۈنۈشىدىن كۈچتۈڭگۈرلىكى چىقىپلا تۇرغان يىگىت «پەشۋا» لەقىمى بىلەن نامى چىققان مەترۇزى بولاتتى. بۇلار شەھەردە نامى بار، ياماندىن قورقمايدىغان، يۈۋاشنى بوزەك قىلمايدىغان جىگەرلىك يىگىتلەر ئىدى. ھېكمەت شەھەرگە رەسمىي سىزغىلى كىرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلارنى مۈرات تونۇشتۇرۇپ قويغانىدى. ھېكمەت كەچتە ئاشخانىغا بىللە كىرىپ، ئۇلارنى ھاراق بىلەن مېھمان قىلغانىدى.

— سىلەرمۇ بۇ يەردىكەنسىلەرغۇ، — دېدى ھېكمەت قول بېرىپ، — كېلىڭلار، ئولتۇرۇڭلار.

— بولدى بىز ئولتۇرمايلى، — دېدى تۇرا ئەتراپقا نەزەر سېلىپ، — بىز تونۇگۈن جېدەل چىقارغان بىر نېمىنى ئىزلەپ يۈرۈيمىز.

— جېدەل چىقارغان؟ — ھېكمەت ھەيران بولغاندەك سورىدى، — قانداق جېدەل ئىدى ئۇ؟

— ھېكمەت ئەپەندى، ئۆزلىرى بۇنداق يەرلەرگە كىرمىسىگەچكە ئۇقمايلا، — دېدى مەترۇزى مۈشتۈملىرىنى تۈگۈپ، — ھەر قېتىملىق تانسىدا ئۈچ - تۆت يەردە مۈشتلاش چىقىپ، قاش - قاپاق، كالپۇكلار يېرىلىپ، قان تۆكۈلمىسە، تانسا — تانسا بولمايدۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟

— خوتۇن تالىشىپ، كۈندەشلىك قىلىپ، رەشىق قىلىشىپ. . .
— سىلىمۇ بىرەر خوتۇن بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئۇيناپ سالسىلا، — دېدى تۇرا ھىجىيىپ قويۇپ، — بالاغا قالىلا.
— بالاغا قالىلا؟
— شۇنداق، «مېنىڭ خوتۇنۇم بىلەن نېمە چاتىقىڭ بار ياكى لايىقىمنى تونۇمتىڭ؟» دەپ تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرىدىغانلار جىق.
ئۇلار پاراڭلىشىپ تۇرغىنىدا، بايىقى پاكار، ئۇچلۇق ئېڭەك، سۇرۇن تەلەت كېلىپ گۈلزىبانى تانىسىغا تارتتى. گۈلزىبا قورقىنىدىن ھېكمەتنىڭ قېشىغا كېلىۋالدى ـ دە، ئۇنىڭغا: «كەچۈرۈڭ، ھېرىپ قالدىم. . .» دېدى. لېكىن ئۇ بىزىرىپلا تۇرۇۋالدى. ھېكمەت گەپ قىلغۇچە، مەترۇزى گۇركىرىدى:
— ھەي ئاڭلىمىدىڭمۇ ھېرىپ قالدىم دېگىنىنى؟ يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟
— قانداق بىزەڭ نېمە بۇ؟ — دېدى تۇرا يەرگە چىرتىندە تۈكۈرۈپ قويۇپ.
پاكار ئالاق ـ جالاق قارىغىنىچە كەتتى. تۇرا بىلەن مەترۇزى باش ئېگىپ خوشلاشتى. نېمىدىندۇر يۈرىكى ئەنسىز سېلىپ ئۈششۈك تەككەن مايسىدەك بولۇپ قالغان گۈلزىبا ھېكمەتنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار بىر يەرلەرگىچە ئۈندىمەي جىم مېڭىشتى. پەقەت قىـــزىق دەرۋازىغا كەلگەندىلا، گۈلرۇز بىلەن پىچىرلاشقان پاكارنىڭ خېلى ۋاقلارغىــچە گۈلزىبانى كۆزەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ھېكمەت تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ گۈلرۇزنىڭ ھېلىقى ئايدىڭ كېچىدىكى: «مەن بۇنى ئۇنتۇمايمەن، تېخى پۇشايمان قىلىسەن» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ۋەھشىيلىك يېغىپ تۇرغان چىرايى، غەزەپلىــك ئۇچقۇنلار چاچرىغان كۆزلىرى قايتا تەكرارلانغاندەك بولدى ـ دە، كامىلنىڭ: «ئۇ قىزنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلغان بۇلۇت بوران ـ چاپقۇنسىز ئۆتمەيدۇ» دېگەن سۆزىنى ئەسلىدى.
ئۇلار زادى نېمە قىلماقچى؟ بۇ سوئال ھېكمەت بىلەن گۈلزىبانىڭ

يۈرىكىدە ئوغىدەك ئۇيۇپ قالدى. ئۇلار ئاۋغان كوچىسىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە، جامە تەرەپتىن ھاسا تايانغان دوگغاق بىر كۆلەڭگە ھاسىرغىنىچە يېتىپ كەلدى. بۇ كىشى گۈلزىبا داۋاملىق ھىممەت قولىنى سۇنۇپ كېلىۋاتقان ئاقموللا ئىمام ئىدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئالدىدا توختاپ، بىر ھازاغىچە نەپىسىنى يەتكۈزەلمەي، گەپ قىلالماي قالدى.

— ئاقموللا ئىمام، ئۆزلىرىگە نېمە بولدى؟— دېدى گۈلزىبا ئەنسىككەن ھالدا.

—بالىلىرىم، ھەر نېمە بولسا سىلەركەنسىلەر، — دېدى ئىمام ئارقىسىغا قاراپ قويۇپ،— جامەدە ئىستىقامەتتە ئىدىم. كوچىدا ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈلدى. يۈگۈرۈپ چىقسام، ئىككى - ئۈچ ئادەم بىرسىنى ئۇرۇۋېتىپتىكەن. مېنى كۆرۈپلا قېچىپ كېتىشتى. بېرىپ قارىسام. . .

— ئۇ كىمكەن؟— سورىدى گۈلزىبا چۆچۈگەن ھالدا.

— ئۇ. . . ئۇ. . . دادىڭىز قايىت ئىكەن، قانغا مىلىنىپ ياتىدۇ. . .

ئىمام ئۇلارنى باشلاپ ماڭدى. ئۇ دوگغاسلاپ كېتىۋېتىپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى پاراڭلاشقاندەك گەپ قىلىپ كېتىۋاتاتتى:

— ۋاي جېنىم بالام، چاپسانراق مۇشۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتسىلە بولاتتى،— ئىمام يۆتىلىپ كەتتى،— قىمارۋازنىڭ خۇمارى تۇتسا، خوتۇننى ئۇتتۇرۇۋېتىپ، بالىسىنى دوغا تىكىدۇ. . . مەن ئۆزلىرىدىن ئەنسىرەپ قالدىم. . .

— نېمە، بىر گەپ ئاڭلاپ قالدىلىمۇ؟— سورىدى گۈلزىبا.

— ھەئە، ياق. . . ياق. . .

ئۇلار يېتىپ كېلىشتى، قايىت يول چېتىدىكى چوڭقۇر يايپاڭ ئېرىققا تاشلىۋېتىلگەنىدى. ئۇنىڭ ئاق كۆينىكى قان بىلەن قىپقىزىل بويىلىپ كەتكەن بولۇپ، مۇرىسىدىن قان تەپچىپ چىقىۋاتاتتى. بىلىكىگە تەگكەن پىچاق ئىزى ئانچە ئېغىر ئەمەس ئىدى. ئاقموللا ئىمام ۋە ھېكمەتنىڭ ئالدىدا نومۇستىن ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بىلىنىپ كەتكەن گۈلزىبا، نە يىغلاشنى، نە نەپرەتلىنىشنى بىلمەي، پىغان بىلەن نالە قىلدى:

— ئاھ خۇدا، بۇ ماڭا نېمە تارتقۇلۇق ؟ نېمە ئازاپ، قانداق كۈرۈم

بۇ! . . .

ھېكمەت قايىتنى يۇدۇپ ماڭدى. گۈلزىبا ئۇنىڭغا ياردەملەشتى. قايىتنىڭ مۇرىسىدىن ئاققان قان ھېكمەتنىڭ بوينى ۋە كۆينىكىگە ساقىپ چۈشمەكتە ئىدى. قايىت ئىڭرايتتى، تولغىنىپ، ئىنجىقلايتتى. ئاغزىدىن بىلىن قاڭسىق ھاراق ھىدى كېلىپ تۇراتتى.

قايىتنىڭ ھالىتىنى كۆرگەن بۇمەرەمخان دەسلەپتە ھويلا ئوتتۇرىسىدا ئۆرۈلۈپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. ئەمما ئۇ، تۇندە ماھىگۈل بىلەن ئابدۇنەبىنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۇنىنى چىقارماي مىچىلداپ يىغلىدى. قايىتنى مېھمانخانىغا ياتقۇزغاندىن كېيىن، ھېكمەت يىلمان سۇ بىلەن جاراھەت ئەتراپىنى پاكىزە تازىلىدى. كۆيدۈرۈلگەن پاختىنى بېسىپ، بۇمەرەمخاننىڭ نەزىر - چىراغدا ئارتىدىغان داكا ياغلىقى بىلەن چىڭ تېڭىپ باغلىدى. بۇ ئارىلىقتا ئىمام بىر نەرسىلەرنى ئوقۇپ ھەم ھۈرۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

قايىت كۆزىنى ئاچتى. ئۇ ھېكمەتنىڭ قان بولۇپ كەتكەن كۆينەكلىرىگە، بويۇنلىرىغا قارىدى - دە كۆزىنى يۇمدى. بىراق، «رەخمەت ئەپەندى» دەپ ئاستا پىچىرلىدى. گۈلزىبا ھېكمەتنى ھويلىغا باشلاپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولغانىدى:

— ھېكمەت، كۆينىكىڭىزنى سېلىڭ، سوغۇق سۇدا يۇيسام چىقىپ كېتىدۇ، — دېدى گۈلزىبا ھېكمەتنىڭ كۆينىكىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىپ، — مېنىڭدىن بىزار بولدىڭىزمۇ؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ مەن سىزدىن نېمىشقا بىزار بولغۇدەكمەن؟ — ھېكمەت گۈلزىبانىڭ ئېڭىكىدىن يۇقىرى كۆتۈردى، - قاراڭ يىغلاۋاتقىنىڭىزنى. . . خاتىرجەم بولۇڭ، دادىڭىز بىر - ئىككى كۈندىلا ساقىيىپ كېتىدۇ. پىچاق ئانچە ئۇي كىرمەپتۇ.

— مەن ئۇنىڭغا يىغلاۋاتقىنىم يوق! . . . ئۆزەمگە يىغلاۋاتىمەن. . .

— بولدى، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، بۇ ئىشمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. . .

— مايكىڭىزنىمۇ سېلىڭ! قان بولۇپ كېتىپتۇ. . .

— بولدى سالماي. . . ئۆزەم ياتاقتا يۇيۇۋالىمەن.

— بەدىنىڭىزدىمۇ قان قېتىشىپ قالغان تۇرسا؟

— بولدى قىلىڭا گۈلزىبا، مەن...

— سىزنىڭ مەندىن نېمىنى يوشۇرۇۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىمەن، — دېدى گۈلزىبا ئۇچۇقلا، — لېكىن مۇرات ماڭا دىمەپ بەرگەن... خىجىل بولىسىڭىز، دادامنىڭ چاپىنىنى ئەچىقىپ بېرەي.

گۈلزىبا ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، هايال بولمايلا قايتىپ چىقتى. ئۇ هېكمەتنىڭ قاندىن شىلىملىشىپ كەتكەن مايكىسىنى سالدۇرۇپ، چاپاننى يېپىنچاقلاپ قويدى.

ئاي يورۇقىدا هويلا ئاپپاق يورۇپ تۇراتتى. هېكمەت كىيىملەرنى يۇيۇۋاتقان گۈلزىباغا قاراپ تونۇر سۇپىسىدا ئولتۇراتتى. ئۇ چاپانغا يۆگىنىپ، ئۇچۇق مەيدىلىرىنى ياپماقچى بولۇۋېدى، كۆكرىكىگە قاتتىق بىر نەرسە ئۇرۇلدى. هېكمەت چاپاننىڭ مەيدە يانچۇقىدىن كاللەك بىر نەرسىنى ئېلىپ، قاتمۇ قات قەغەزلەرنى ئاچتى، دىمىغىغا گۈپلا قىلىپ كەندىر هىدى ئۇرۇلدى. بۇ ياڭاق چوڭلىقىدىكى نەشە ئىدى. هېكمەت ئۇنى قەغەزلىرى بىلەن پۇرلاپ خوشنىلارنىڭ ئۆگزىسىگە تاشلىۋەتتى.

گۈلزىبا يۇيۇلغان كىيىملەرنى يېيىپ بولۇپ، هېكمەتنىڭ بېشىغا سۇ قۇيۇپ بەردى. لۆڭگىنى هۆل قىلىپ قان يۇقۇشۇپ قالغان دۈمبىلىرىنى سۈرتتى. ئەمما ئۇنىڭ قوللىرى بارا - بارا ئاستىلاپ توختاپ قالدى، ئۇ ئۇتلۇق يۈزلىرىنى هېكمەتنىڭ دۈمبىسىگە يېقىپ ئۈنسىز يىغلىۋەتتى. هېكمەت ئاستا قايرىلىپ ئۇنى باغرىغا باستى. دەردمەن قىز گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇرغان يۈرەك ئۈستىگە باش قويدى.

گۈلزىبانىڭ مىسكىن، بىچارە، هەسرەتلىك هالىتىنى، سۇلغۇن چىرايىنى كۆرۈپ، هېكمەتنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ، كۆزلىرىگە ياش كەلدى. بۇ ناتىۋان بەرنا قىزنىڭ كۈنلىرى دوزاختا ئۆتۈۋاتاتتى. ئەگەر قايىتنىڭ خۇي - پەيلى مۇشۇلا بولىدىكەن، گۈلزىباغا ياخشى كۈن يوق ئىدى. ئاقمۇللا ئىمام توغرا ئېيتىدۇ، قىمارۋاز، نەشىكەش، ئوغرىنىڭ قولىدىن هەر بالا كېلىدۇ. ئۇنىڭ «مۇشۇ ئۆيدىن چاپسانراق چىقىپ كەتسىلە بالام» دېگەن سۆزىدىن ئالدىنى ئېلىپ بولمايدىغان بىر ۋەھىمە

پۇراپ تۇرمامدۇ؟ ئۇ، بۇ گەپنى نېمە ئۈچۈن ھېكمەتنىڭ ئالدىدا دەيدۇ؟ چۈنكى بۇ دانىشمەن بوۋاي ھەممىگە كۆڭۈل كۆزى بىلەن قارايتتى، باھا بېرەتتى. ھېكمەت بۇنداق ئۇچۇق بىشارەتنى نېمىشقا چۈشەنمىگەندۇر؟...

— گۈلزىبا بىز توي قىلايلى! — دېدى ھېكمەت پىچىرلاپ، — مەن سىزنى بۇ ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىمەن...

گۈلزىبا بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە، ھېكمەتنىڭ كۆكرىكىگە تېخىمۇ چىڭ يېپىشتى.

گۈلزىبا بېشىنى لىڭشىتتى، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى ھېكمەتنىڭ مەيدىسىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى.

— بۇنداق قىلسام، — گۈلزىبا ئۈلۈغ - كىچىك تىنىدى، — ئانام بىلەن ئۇكىلىرىمغا كىم قارايدۇ؟...

— ئىككىمىز تەڭ قارىمايمىزمۇ!...

— ھەي ئىپلاس پاسكىنىلار، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟...

ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا چۆچۈپ قاراشتى. گۈلرۇز ئىككى قولىنى بېقىنلىرىغا تىرەپ، پۇتلىرىنى كېرىپ ھويلا ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى. ئۇ باياتىندىن بېرى قىيا ئېچىلىپ قالغان دەرۋازا ئارىلىقىدىن ھەممىنى كۆرۈپ، شەپە چىقارماي كىرگەنىدى. ئاينىڭ سوغۇق نۇرىدا، ئۇنىڭ چىرايى سۇس كۆكۈچ رەڭ ئالغان بولۇپ، تۇرقىدىن ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇراتتى.

— ئىككىڭگە ئۆي تارچىلىق كېلىپ، — دېدى گۈلرۇز ۋارقىراپ، — يوتقاندىن سوغۇرۇلۇپ چىققانچە، ھويلىنى مەينەت قىلغىلى تۇرۇۋشتىڭمۇ؟...

— ئاغزىڭنى يىغ بۇزۇق، — ۋارقىرىدى گۈلزىبا غەزەپتىن تىترەپ، — مەن، سەن ئەمەس!...

— بۇزۇق دېگەن سەن، — گۈلرۇزنىڭ كۆز پاختىسى قىزغۇچ يالتىراپ كەتتى، — بۇزۇق بولمىساڭ، بىر ئەرنى يالىڭاچلاپ قويۇپ قۇچاقلامتىڭ؟...

— گۈلرۇز، بۇ ئۇقۇشماسلىق مەن... — ھېكمەت ئوتتۇرىغا چىقتى.

— چۈشەندۈرمەي قوي، مۇشۇ تۇرقۇڭ بىلەن يەنە نېمە دېمەكچى؟...

— ئۆيگە كىر، داداڭ نېمە بولدى؟ ئۇندىن كېيىن بىلىسەن!... — گۈلزىبا دۈەيلەپ كەلدى.

— مېنىڭ دادام سېنىڭ نېمەڭ؟ — گۈلرۇز ھازازۇللۇق بىلەن داپىشىنىپ كەلدى، — ئېيتە قېنى، ئېيتمامسەن، ئېيت دەيمەن!...

— بولدى قىلىڭ گۈلرۇز، — ھېكمەت ئۇنىڭ مۈرىسىدىن ئىتتىرىپ توسۇۋالدى، — سىز نېمە قىلماقچى؟

— كۆكسۈمنى تۆتما، — گۈلرۇز نومۇسسىزلارچە تۆھمەت قىلدى، — ھېلىقى كېچىسىغۇ يامان نىيىتىڭگە يېتەلمەي قولۇمنى سۇندۇرۇۋەتتىڭ... يەنە نومۇس قىلماي قولۇڭنى ئۇزۇتىسىنا؟ بىلىپ قوي، مەن سېنى پۇتۇمغا پايىتما قىلمايمەن...

— سىز!... — ھېكمەت ئاچچىقىدا دۇدۇقلاپ كەتتى، — ئىنتايىن ئەخلاقسىز، ۋىژدانسىز، نومۇسسىزكەنسىز...

— سەن بۇ سۆزلىرىڭ بىلەن، — دېدى گۈلزىبا بىگىز قولىنى جۈنۈپ، — مېنى قايمۇقتۇرالمايسەن، ئازدۇرالمايسەن... سېنىڭ نېمە قىلغىنىڭ ماڭا ھەممىسى ئايان!... سەن كىم، ھېكمەت كىم!...

كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەن بۇمەرەمخان ھويلىدىكى ۋاڭ - چۇڭدىن ئالدىراپ چىقتى. ئۇ گۈلرۇزنى تىللاپ - ئىتتىرىپ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ھېكمەت نەم كىيىملىرىنى كېيىپ، گۈلزىباغا: ئەتە چۈشتە ئىشخانىدا ساقلايمەن دەپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

كېچىچە ياخشى ئۇخلىيالمىغان ھېكمەت ئەتىسى كۆزلىرى قىزىرىپ، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەن ھالدا ئورنىدىن تۇردى. ئېغىر ھەم كېلەڭسىز قايتىنى كۆتۈرگەنلىكىنىڭ تەسىرىمۇ، ئۇنىڭ بەللىرى تېلىپ، پۇتلىرى سىرقىراپ ئاغرىيتتى. بېشىمۇ ئېغىر ئىدى. ئۇ بىر ئاز سەگىدەپ قالارمەن دېگەن ئويدا، سوغاق سۇدا يۇيۇندى، بەدەنلىرىنى

سۇرتتى. ھېكمەت ئۆزىنى خېلىلا تېتىكلىشىپ، يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. بىر قۇر يېڭى كىيىملىرىنى كىيگەندىن كېيىن، قايناق سۇدا ناشتا قىلدى. چۈنكى بۇ چاغدا ناھىيىلىك كومىتېت ئاشخانىسىدا ئەتىگەنلىك تاماق قالمايتتى.

ھېكمەت ئىشخانىسىدا چۈشكىچە رەسىم سىزدى. دەم ئېلىشتا بىر سائەت ئۇخلىۋېلىپ، دەرۋازا ئالدىدا گۈلزىبانى ساقلىدى. بىر چاغدا، كامىل بىلەن نەفىسە يېتىپ كەلدى. ئۇلار، كۇرس خۇلاسە يىغىنىدا بەگ ئېرىق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى زەينىدىنىنىڭ بوستان مەكتىپىگە مۇدىر بولۇپ بەلگىلەنگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. كامىلنىڭ كۆڭلى سەل خىرە ئىدى، چۈنكى بۇ ئادەم توغرىلىق غەلىتە گەپلەرنى كۆپ ئاڭلىغانىدى.

كامىل بىلەن ھېكمەت ئىشخانىدىن ئىككى ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ چىققاندا، گۈلزىبا بىلەن نەفىسە پاراڭلىشىپ تۇراتتى. ئاخشامقى كۆڭۈلسىز ئىشلارنىڭ تەسىرى بولسا كېرەك، گۈلزىبانىڭ چىرايى سەل سارغىيىپ قالغان، ئەمما ئۆزى كۈلۈپ تۇراتتى.

— گۈلزىبا، دادىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟— سورىدى ھېكمەت.

— ياخشى، ئەتىگەندە بىز بىلەن بىللە چاي ئىچتى.

— نېمە، كېسەل بولۇپ قالغانمىدى؟— سورىدى نەفىسە.

— شۇنداق، تۇمۇ تېگىپ قاپتىكەن،— دېدى ھېكمەت چاندۇرماي،— ئانچە ئېغىر ئەمەس... مەن ئاخشام يوقلاپ بارغانىدىم...

— مۇرات كەلمەپتىغۇ؟— دېدى گۈلزىبا گەپنى قاچۇرۇپ،— زۇمرەتمۇ يوق.

— ئۇ، زۇمرەتنى ئەپكەلگىلى ۋېلىسىپىت بىلەن بوستانغا كەتتى،— دېدى كامىل،— ئۇلار ئۇدۇللا ئىنگەچى باغچىسىغا بارماقچى.

ئىنگەچى كەنتى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ خوتەن شەھىرىگە پاسىلداش قىرغىقىدىكى يەل - يېمىش، گۈل - گىياھ، داۋۇ دەرەخلەر بىلەن تولغان جەننەتتەك پىنھان كەنت ئىدى. ھەر يىلى 7—8 - ئايلاردا، شىددەت بىلەن نەرە تارتىپ كېلىدىغان كەلكۈن بۇ كەنتنىڭ دەريا قاسناقلىرىغا

يېقىن مۇنبەت ئېتىزلىرىنى يالماپ، دەرەخلىرىنى غۇلىتىپ، ئاددىي دېھقان ئۆيلىرىگە مالامەت يەتكۈزەتتى. ئەمما بۇ ئەزىم دەريا مېھرىبان ئانا ئۆز پەرزەنتىنىڭ دىشۋارچىلىقىنى كۆرۈپ چىدىمىغاندەك، ئابى زەمزەم سۇلىرىنى ئايىماي تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ تۇرغاچقا، ئىگەچى يېزىسىنىڭ قىرغاقلىرى يېشىل مەخمەل بىلەن قاپلىنىپ، گويا تويـــى بولغان چوكانلاردەك تېزلا ھۆسنىگە تولاتتى. ئىگەچى باغچىسى ئەنە شۇ يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ بويىدىكى چاھار باغنىڭ بىرى ئىدى. بۇ يەردىن لوپتىكى يۇرۇڭقاش يېزىسىنىڭ جىميا، گىجى كەنتلىرى قەدىمىي ئورۇنلاردەك كۆكىرىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئىگەچى باغچىسى — تەبىئىي ئورمان ئىدى. يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن بۆلۈنگەن تارامىلار كىچىك ـ كىچىك ئېرىقلارغا قۇيۇلۇپ، ياڭاق، چىنار، تۇخۇمەك، ھاڭگىي، ئالما، ئۆرۈك دەرەخلىرىنىڭ ۋە مەجنۇنتاللارنىڭ غوللىرىنى سۆيۈپ، ئۈمۈچۈك توردەك گىرەلىشىپ ئاقاتتى. قايسى زاتى مۇبارەكنىڭ (جايى جەننەتتە بولسۇن!) ساۋابلىق ئىشى ئىدىكىن، ھەر خىل ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر ئارا قۇببە شەكىللىك راۋاقلار، قەدىمىي دەرەخلەرگە باغلانغان كۆلەڭگۈچلەر، ياپيېشىل چىمەنلەردە دەم ئېلىش سۇپىلىرى بار ئىدى.

كامىل بىلەن ھېكمەت ئىككى قىزنى ۋېلسىپىتقا مىندۇرۇپ يېتىپ كەلگەندە، ئالىمجان زېھرۇللا، ئابلىز ناۋالار كېلىپ بولغانىدى. دائىم كۆلۈپلا تۇرىدىغان ئالىمجان ئىشنى پۇختا ھەم ئىنچىكە قىلىدىغان پاكىزە، چىۋەر يىگىــــت بولغاچقا، قازانلارنـــى ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۆپكۆك چىملىقلارغا كىگىز ـ گىلەملەرنى سېلىۋەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ تاللىغان ئورنى ئىككى راۋاق ئوتتۇرىسىدىكى گۈللۈك بولۇپ، بۇ يەردىن يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئېقىنلىرى سىماب ئېرىتمىسىدەك يالـــداپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئابلىز ناۋا بىللە ئېلىپ چىققان ئون ئالتە ـ ئون يەتتە ياشلار چامىسىدىكى ئاشپەز بالا دەريا بويىدا كۆكتاتلارنى يۇيۇۋاتاتتى. راۋاقنى ئايلىنىپ ئاققان كىچىك ئېقىن بويىغا ئۈچ ـ تۆت سېۋەت يەل ـ يېمىش، قاچا ـ قۇچا، داستىخانغا ئورالغان گۆش، گاز لامپا، سۇلياۋ باك قاتارلىق

نەرسە ـ كېرەكلەر چۈشۈرۈلگەنىدى.

— ھارمىغايسىزلەر، — دېدى ئالىمجان سالام بېرىپ، — ئەمدى مۇرات بىلەن زۇمرەتلا قالدى، باشقىلىرىمىز يىغىلىپ بولدۇق.

— قالغانلار كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دېدى كامىل ئەتراپىغا قاراپ.

— قىزلار ئوغۇللارنى باشلاپ كۆلەڭگۈچ ئۇچقىلى كىرىپ كەتتى، — دېدى ئابلىز ناۋا ئورماننى ئىما قىلىپ، — مۇراتلار كەلگۈچە بىزمۇ بېرىپ باقمايمىزمۇ؟

ئۇلار ئورمان ئىچىگە قەدەم ئېلىشى بىلەن، قىقاس ـ چۇقان، كۈلكە ئاۋازلىرى كېلىشكە باشلىدى. قويۇق دەرەخلەر ئارىسىدىن ئاڭلانغان شادلىق كۈلكىلەرگە جۆر بولۇپ، ھەر خىل قۇشلارنىڭ سايراشلىرى، يېرىلغان قوۋزاق، قېلىن ئوتلارنىڭ تەگلىرىدىن كېلىۋاتقان ھاشارەتلەرنىڭ ئومۇمىي خورى ئورمان ئىچىنى جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى. نەفىسە بىلەن گۈلزىبا بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈپ قويۇشتى. سوغۇق ئىقلىم بۇغىلىرىنىڭ مۈڭگۈزلىرىدەك شاخاراپ كەتكەن توخۇمەك، كۆك تىرەك، قېرى سۆگەتلەردە ئېسىلىپ تۇرغان كۆلەڭگۈچلەر ھاۋاغا — بۆك يوپۇرماقلار ئىچىگە ئۆرلىمەكتە ئىدى. قىزلار چىرقىرايتتى، يىگىتلەر قا قاقلاپ كۈلۈشەتتى. كۆلەڭگۈچلەرنىڭ بەزىلىرىدە قىز ـ يىگىتلەر جۈپ بولۇپ، بەزىلىرىدە قىزلار يالغۇزدىن ئۇچۇشۇۋاتاتتى.

ئۆز مەھبۇبىلىرىنىڭ جاراڭلىق كۈلكىلىرىدىن قەلبى شادلىققا تولغان نائىبى، شادىمان، ئامانىللالار كامىل، ھېكمەتلەر بىلەن كۆرۈشتى. نەفىسە بىلەن گۈلزىباغا باش ئېگىپ سالام بېرىشتى. بۇ ئەسنادا، خۇشلۇق ۋە شوخلۇقتىن قىزىرىپ كەتكەن قىزلارمۇ يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار ھەممىسى بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، يىگىتلەرگە قاراشتى. ئوتتۇرا بويلۇق، نازۇك تەبىئەتلىك يىگىت ئامانىللا كىچىكرەك ئەمما ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، قىزلارنى تونۇشتۇردى. ئۇ ئالدى بىلەن ئېگىز، بەدىنى تولغان، ئاق يۈزلۈك، چېچىنى چىڭ قىلىپ ئىككى ئۆرۈۋالغان، تۇرقىدىن بىر ئىشلارغا ئانچە سىنەكىپ كەتمەيدىغان، ئالدىراپ خۇشال بولمايدىغان مىجەزى بىلىنىپ تۇرغان قىزنى: ئىسمى

لۇتپىيە، شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، پات ئارىدا ئالىمجان زىھرۇللا بىلەن ھەمكارلاشماقچى دەپ تونۇشتۇرۇۋىدى، ھەممىسى كۈلۈپ كېتىشتى.

— مانا بۇ قىزنىڭ ئىسمى سائادەت، — دېدى ئامانىللا لەۋلىرى نېپىز، زىلۋا قىزنى كۆرسىتىپ، — باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، ئىستېداتلىق شائىرىمىز نائىبىنىڭ سىردىشى بولىدۇ...

قىز - يىگىتلەر ئارقا - ئارقىدىن چاقچاقلىشىپ ۋارقىرىشىپ كېتىشتى.

— بۇ باھاردەك كۈلۈپ تۇرغان قىز، — دېدى ئامانىللا بۇغداي ئۆڭلۈك، خۇشچىراي قىزنى كۆرسىتىپ، — ئىسمى گۈلباھار، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى، شادىمان شاد بولالمىغان ھامان، ئۇنى قىچىغلاپ كۈلدۈرۈپ، شاد قىلىدۇ...

قاتتىق كۈلكىدىن ئورماندىكى قۇشلارمۇ ھۈركۈپ كېتىشتى.

— قاراڭلار بۇ قىزىرىپ پىشقان گۆشگىردىدەك بوغماق قىزغا، — ئامانىللا يۈزلىرى يۇمىلاق، دۇپدۇگىلەك قارا كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرغان جوغى كىچىك قىزنى كۆرسەتتى، — ئۇنىڭغا زوقۇڭلار كېلىۋاتامدۇ؟ ئابلىز ناۋا ئۆزەمگە ئوخشاش خۇشناۋا، بوي - بەستى تەڭ، ئوماق قىز تاپىمەن دەپ، ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى ئايلىنىپ تاپالماي، ئاخىرى ئاران دېگەندە، تىككۈچىلىك كارخانىسىدىن بائۇممە ئاتلىق بۇ كەشتىچى قىزنى تاپقان...

قىز - يىگىتلەرنىڭ قاتتىق كۈلكىسىدىن كېيىن، ئامانىللا بوستاندىن كەلگەن خوتەننىڭ زۆھرە ۋە سەنەملىرى بولغان نەفىسە، گۈلزىبالارنى تونۇشتۇردى. شەھەرلىك قىزلار باش ئېگىپ سالام بېرىشتى، بىراق قەدىناس دوستلار يەنە قانداقتۇر بىر نەرسە كەم قالغاندەك، بىر - بىرىگە قاراشتى.

— ھەي ئامانىللا، توختاپ قالدىڭىزغۇ؟ — دېدى گۈلزىبا ساغۇچ قوڭۇر چاچلىق، قويۇق كىرپىكلىرى كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ تۇرغان قىزغا قاراپ قويۇپ.

— ئەمدى تۈگىدى! . . .

— چىدىماس! ئەگەر مۇرات بولغان بولسا سىزنى راسا ئۇخشىتىپ قويياتتى.

— بولمايدۇ. . . تونۇشتۇرسۇن! — ھەممە بىردەك ۋارقىراشتى.

— ئەمىسە بۇ قىز دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان، — ئامانىللا قىزغا قاراپ قىزىرىپ كەتتى، — رۇشەن بولىدۇ. ئەمدى بولغاندۇر؟ . . .

— ياق، ياق، تولۇق بولمىدى، — ۋارقىراشتى كۆپچىلىك.

— ئەمىسە. . . ئىككىمىزنىڭ ئىتتىپاقى بەك ياخشى، بولدىمۇ؟ . . .

— بىز رازى ئەمەس، — دېدى بائۇممە زىل ئاۋازدا، — ھەممىمىزنىڭ سىرلىرىنى ئاشكارىلاپ بېشىپۇچۇق قىلىۋەتتىڭىز، ئەمدى ئۆزىڭىزگە كەلگەندە، مىكى - مىكىما؟ . . .

بائۇممەنىڭ چاقماقتەك سۆزلىرىدىن زوقلانغان يىگىتلەر كېلىشىۋالغاندەكلا ۋارقىراشتى.

— تولۇق سۆزلىسۇن! . . .

ئامالسىز قالغان ئامانىللا نېمە دېيىشنى بىلمەي، رۇشەنگە مۇراجەت قىلدى:

— نېمە دېسەم بولار؟ . . .

— خوپ بولدى، — دېدى قىز سائادەتنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ، — باياتىندىن بىرى گەپدانلىق قىلىسىز، ئەمدى مەندىن سورامسىز؟ ئۆزىڭىز بىر نېمە دەڭ. . .

— ئەمىسە، رۇشەن بىلەن ئىككىمىز، — دېدى ئامانىللا ۋارقىراپ، — x+y بولىمىز. . . ياكى xنىڭ كۋادراتى تەڭ ئىككىگە! بولدىمۇ خانىملار، ئەپەندىلەر؟ . . .

بىردەملىك چاقچاق - كۈلكىلەردىن كېيىن، يىگىتلەر ئۆز قىزلىرىنى كۈلەڭگۈچلەرگە چىقىرىپ ئۇچۇرتتى. بەزىلىرى جۈپ بولۇپ ئۇچۇشتى. ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا ئېگىزگە ئۆرلەپ چۈشكەندە، پەستىكىلەر ئىلھام بېرىپ ۋارقىرشاتتى. قىزنىڭ چاچلىرى يىگىتنىڭ

بويۇنلىرىنى ئىمىدىقلايتتى. يىگىتنىڭ ئوتلۇق نەپەسلىرى قىزنىڭ ۋۇجۇدىغا چاقما قىتەك ئۇرۇلاتتى. باشقىلار كامىل بىلەن نەفىسەنى ئۇچۇشقا تەكلىپ قىلغانىدى، نەفىسە «بېشىم قايىدۇ» دەپ ئۇچۇشقا ئۇنىمىدى.

باغ سەيلىسى باشلىنىپ - باشلانمايلا، كۆڭۈللىرى يايرىغان ياشلار چۈشكەن ئورنىغا قايتىپ، گىلەملەردىن ئورۇن ئالدى. قىزلارنىڭ ھەممىسى بىر قاتاردا ئولتۇرۇشتى. يىگىتلەرنىڭ قاتارىدا، كىتابخانىغا ناتونۇش بولغان يەنە بىر مېھمانمۇ بار ئىدى. ئۇ بوستاندىكى باش باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، كەڭ ئاق يۈزلۈك، شالاڭ قاشلىق، ئېغىز - بۇرۇنى پىچىق، ھەر قانداق يىغىلىشقا ئىنتىلىپ تۇرىدىغان نىزامىدىن ئىدى. ئۇ بوستان باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى نەمەت مىرزىنىڭ قىزىق گەپلىرىنى ئىلىپ، ئولتۇرغانلارنى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋەتتى. بۇ ئارىلىقتا، ئەپەز بالا، — داستىخان سالامدۇق؟ — دەپ سورىغان ئىدى، كۆپچىلىك بۇرات بىلەن زۇمرەت كەلگىچە ساقلايدىغانلىقىنى ئېيتىشتى.

— بىر كۈنى، — دېدى نىزامىدىن، — مۇدىر گۆڭشې بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا دوكلات بېرىپ: «خىزمەت دېگەننى قانداق ئىشلىگۈلۈكا؟ سوزماقتەك ئىشلەيتمىز. . . ھە، سوزماقتەك!» دېيىشى بىلەن، پۈتۈن ئوقۇتقۇچىلار كۈلۈشۈپ كېتىشتى. مەن يىغىن تارقىغاندا ئۇنىڭغا: «مۇدىر، خاتا گەپ قىلدىلىيا! سوزماق دېگەن تارتسا سوزۇلىدىغان، قويۇپ بەرسە يىغىلىۋالىدىغان نەرسىيا؟ ئۆزلىرى تىللاپ، ئۇرسىلا قىلىپ، بولمىسا قىلمايدىغان خىزمەتما بۇ؟» دېيىشىمگە، ئۇ: «ئاغزىڭنى ئي ئوتقۇرىقى، مەن دېگەن سوزماق دېگەن جايدىن چىققان تاشنى كۆزدە تۇتقانىيا. . .» دەيدۇ.

ئولتۇرغانلار پاراقلاپ كۈلۈشتى. كامىل نىزامىدىنغا «ھېلىقىنى!» دەپ ئىشارە قىلىۋىدى، باشقىلارمۇ قىزىقىپ «ھە قېنى!» دېيىشتى. نىزامىدىن يېرىم يىلنىڭ ئالدىدىكى بىر ئىشنى ئالدىرىماي سۆزلەپ بەردى.

نىزامىدىن شەھەردىن «تىياۋچى» (ئەينەك ساقلىق سەكلەتمە ئويۇنچۇق) سېتىۋېلىپ، ئوقۇتقۇچىلارغا ئۇنى ئويناش ئۇسۇلىنى ئۆگەتكەندىن كېيىن، بىرنەچچە ئوقۇتقۇچى دەم ئېلىش ۋاقتىدا قىزىق

ئويۇنغا چۈشۈپ كەتكەندى. تۇيۇقسىزلا نەمەت مىرزى كىرىپ قېلىپ «تىياۋچى»غا ئالىيىپ بىر هازا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، بىردىنلا چالۋاقاپ كەتتى:

— هاي ئاغىنىلەر، نېمە ئۇ ئويناۋاتقىنىڭ؟

— تىياۋچى يا ئەينا، — دېدى نىزامىدىن.

— نېما ئۇ تىراچى دېگەن؟

— تىراچى ئەمەس، تىياۋچى يا! يوغلىتىپ ئويناپتقان نەرسە. . .

— ئەمدى ئويىنىمىغان گومىنداڭنىڭ ئالتە شوئارى قالدىما؟ ئۇنى ئويىنىغچە، — نەمەت مىرزى ئاغزىنى ناهايىتى سىمت بۇزدى، — . . . نى ئويىنساڭ بولمامتا! . . .

— مۇدىر، نېمە دېگەنلىرى ئۇ؟ ئويىنسۇن دېپ هۆكۈمەت چىقىرىپتىيا ئۇنى! — دېدى بىر ئوقۇتقۇچى تېرىكىپ.

— قانداق هۆكۈمەتكىنا ئۇ ئويىنسۇن دەپ گومىنداڭنىڭ ئالتە شوئارىنى چىقىرىدىغان؟ . . . ۋۇي ئانىسىنى. . .

كۈلۈشۈپ قىز - يىگىتلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— ئۇ مۇدىرىڭلار، — دېدى نائىبى ئۆزىنى ئارانلا بېسىپ، — شىڭ شىسەينىڭ ئالتە شوئارى بىلەن گومىنداڭنىڭ ئون ئىككى شوئارىنىمۇ ئايرىيالمايدىكىنا؟ . . .

— مۇنداق مۇدىرلار تېخى خېلىلا بار، — دېدى شادىمان.

— شۇنداق، — دېدى ئالىمجان بېشىنى ئېغىتىپ، — هازىر ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەرئىنتايىن ئاز. بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ رەهبەرلىك سەنئىتى، باشقۇرۇش تەجرىبىسى كەم. بىز مۇنداق مۇدىرلارغا خېلى زامانلارغىچە تايىنىدىغان ئوخشايمىز.

پاراڭ راسا قىزىۋاتقاندا، مۇرات بىلەن زۇمرەت تەرلەپ - پىشىپ يېتىپ كەلدى. زۇمرەت قىزلار بىلەن قۇچاقلىشىپ، يۈزلىرىنى يۈزلىرىگە يېقىشتى. مۇرات دوستلىرىنىڭ هەر بىرسىگە ئوخشىمىغان چاقچاقلارنى قىلىپ كۆرۈشتى. سورۇندىكىلەردىن بىرنەچچەيلەن ئاشپەزگە ياردەملەشتى، بىردەمدىلا داستىخانلار سېلىنىپ، نان - توقاچ، يەل -

يېمىش، تاتلىق - تۈرۈملەر قويۇلدى. چاي ئىچىلىپ بولۇشىغا، تەرخەمەك، لازا، پەمىدۇرلاردىن قىلىنغان خام سەي، ھەر خىل قورۇمىلار، بىرنەچچە تەخسىدە كاۋاپ كەلتۈرۈلدى. قىزلارنىڭ ئالدىغا مەخسۇس ئىككى چوڭ تاۋاقتا ئاشلەڭپۇڭ قويۇلدى. بولۇپ يېيىش ئۈچۈن قويۇلغان ئايرىم كىچىك تەخسىلەرمۇ بار ئىدى. ئالىمجان زىھرۇللا مۇسەللەس قويۇلغان پىيالىلەرنى پەتنۇس بىلەن ئەرلەرگە سۇنغاندىن كېيىن، ھەممىگە تەكشى قاراپ چىقتى.

— ھۆرمەتلىك خانىملار، قەدىرلىك دوستلار، — دېدى ئالىمجان ھاياجان ئىلكىدە، — ئاتا - بوۋىلىرىمىز: «دەم غەنىيمەت، دىدار غەنىيمەت» دېگەن ئىكەن. بۈگۈن قەلبداش دوستلار جەم بولدۇق. مۇددىئايىمىز خۇشال - خورام ئويناش، كۆڭۈل ئېچىپ، ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈش!... — ئالىمجان چوڭقۇر بىرنى تىنىپ قويدى، — ئوقۇتقۇچىلار جاپاكەش ئەمگەكچىلەر. ھازىر يېڭى ئوقۇش يىلى باشلىنىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. يەنە بىر يىلغىچە بۇنداق پۇرسەتنىڭ كەلمىكى تەس. بۈگۈنكى باغ سەيلىسىنى مۇشائىرە دېسەكمۇ بولىدۇ. شائىرلىرىمىز نادىر شېئىرلىرى بىلەن تەشنا قەلبلەرنى سۇغۇرىدۇ... سازچىلىرىمىز ئۆزىنىڭ يېقىملىق ناخشا - غەزەللىرى ئارقىلىق يۈرەك تارلىرىمىزنى چېكىدۇ... قىزىقچىلىرىمىز ئۆزىنىڭ لەتىپە - يۇمۇرلىرى، ھەزىل - چاقچاقلىرىنىڭ سېھىرلىك كۈچى بىلەن كۆڭۈللەرنى شادلىققا چۆمدۈرىدۇ... ئۇسسۇلچىلىرىمىز ئۆز ماھارىتىنى نامايەن قىلىپ، باھار سۇمبۇللىرىنى ئەسلىتىدۇ... ئەمىسە، باغ سەيلىمىزنىڭ، مۇشائىرەمىزنىڭ دىللاردا مەڭگۈ قالغۇدەك شاد - خورام، كۆڭۈللۈك ئۆتۈشى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى!... خوش...

— خوش كۆتۈرەيلى! — ئەرلەر مۇسەللەسلىرىنى، قىزلار چاي قۇيۇۋالغان پىيالىلىرىنى كۆتۈرۈشتى. ئابلىز ناۋا تەمبۇرىنى قولىغا ئالدى. بۇ قېتىمقى باغ سەيلىسىگە قىزلارنىڭ تارتىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن مىرزاپشا ئاكىنى چاقىرىشمىغانىدى. شۇڭا، مۇرات دۇتاردا تەڭكەش بولدى. ئابلىز ناۋا ئالىمجاننىڭ دوستلار ھەققىدە سۆزلىگەن

سۆزىدىن ئىلھاملاندىمۇ ياكى ئىستىبدات بابىدا كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان، ئەقلۇ پەزىلەتلىك، گۆھەر دانىلىرىدەك مۇشۇ دوستلىرىدىن پەخىرلەندىمۇ، باشتىلا «توزىماس دوستلۇق گۈلى» دېگەن ناخشىنى باشلىۋەتتى. بۇ قىز ـ يىگىتلەرنىڭ قەلب كۆلىنى ئالما چۇشكەندەك تەۋرىتىۋەتتى:

بۇ كۆكۈلنىڭ خۇشلىقى،
چىن يۈرەكنىڭ دوستلىقى.
توزىماس دوستلۇق گۈلى،
يازلىقى ھەم قىشلىقى.

تاغ بېشىدا قارىغاي،
باغدا بۇلبۇل سايرىغاي.
يۈرىكى بىر دوستلارنى،
دۈشمەن قانداق ئايرىغاي؟ . . .

دەم غەنىمەتتۇر بۈگۈن،
دىيدار غەنىمەتتۇر بۈگۈن. . .

— بارىكاللا ئابلىز ناۋا، مۇرات، قولۇڭلارغا دەرد كەلمىسۇن! — كۆپچىلىك بىردەك ۋارقىرىشىپ چاۋاك چېلىشتى.

— بۇ ناخشا ئالىمجاننىڭ سۆزىنى شەرھىلەپ، سورۇنىمىزغا يېڭى بىر مەزمۇن ئاتا قىلدى، — دېدى نائىبى ھاياجانلىنىپ. . .

— شۇنداق، بۇ ناھايىتى ياخشى باشلىنىش بولدى، — دېدى شادىمان نائىبىنى قۇۋۋەتلەپ.

مۇسەللەس ئارقا ـ ئارقىدىن ماگدۇرۇلدى. ئالىمجان قىزلارنى كاۋاپ، يەل ـ يېمىش، قورۇلمىلاردىن چوڭ ـ چوڭ ئېلىشقا تەكلىپ قىلدى. مۇرات بۇ تەكلىپكە چېچەك چىقىرىپ، — كىم يېمەي ئولتۇرسا، شۇنىڭ ئىشتىيى قانداقتۇر سەۋەبتىن تۇتۇلغان بولىدۇ. . . — دېۋېدى،

ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. تارتىنىپ ئولتۇرغان رۇشەن، نەفىسە، لۇتپىيەلەر دەرھال قوللىرىنى داستىخانغا سۇنغان بولدى. بۇنى كۆرۈپ، باشقىلار تېخىمۇ كۈلۈشۈپ كېتىشتى. زۇمرەت ھەر بىر قىزنىڭ قولىغا بىر زىخدىن كاۋاپ تۇتقۇزۇپ، تەخسىلىرىگە ئاشلەڭپۇڭدىن بۆلۈپ بەردى.

— يەڭلار قىزلار، ئوغۇللارنىڭ ئىچىدىغىنى بار، — دېدى زۇمرەت ۋارقىراپ، — شۇڭا داستىخان بىزگە قالدى!

ھەممەيلەن قاتتىق كۈلۈشۈپ كېتىشتى. ئۇلار زۇمرەتنىڭ دادىللىقىدىن سۆيۈنۈپ كەتكەنىدى.

— مېنىڭچە، قىزلارنىڭ ساقىيلىقىغا زۇمرەتنى سايلىساق قانداق؟ — دېدى ئامانىللا كۆپچىلىككە قاراپ، — بولمىسا ئۇلار ئىچەلمايدىكەن.

— قوشۇلىمىز، — ھەممە بىردەك ۋارقىراشتى.

ئارىلىقتىكى قىسقا چاقچاق، كۈلكىلەردىن كېيىن، ئابلىز ناۋا «رۇخسارى» مۇقەددىمىسىنى ئۆزى يالغۇز باشلىدى. ئۇنىڭ زەخمەك باغلىغان بارمىقى يېنىك تەۋرىنىش بىلەن، لەرزان، يۇمشاق كۆتۈرۈلگەن مۇڭ گويا بۇلۇت پەردىسى ئىچىدىكى دەم يورۇپ، دەم غۇۋالاشقان ئاي نۇرىدەك، گاھ يوقاپ، گاھ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلەتتى. سورۇن ئەھلى تۇگىمەس ناخشىلىرىنى ئېيتىشىپ، شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان بۇلاق ئېقىنلىرى بويىدا مەھبۇبىسىگە سىر تۆكۈۋاتقاندەك، باھارنىڭ سەلكىن شاماللىرى بىلەن مۇڭدىشىپ، ۋاپادارلىقىنى ئىزھار قىلىۋاتقاندەك ھېس - تۇيغۇلارغا غەرق بولغانىدى:

جۇنۇن ۋادىسىگە مايىل كۆرەرمەن جان ئۆزارىمنى،
تىلەيمەن بىر يولى بۇزماق بۇزۇلغان روزىگارىمنى. . .

ئابلىز ناۋا كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇۋېلىپ رۇخسارى مۇقامىنىڭ مۇڭلىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇماق قىز بائۇمە گويا بۇ غەزەللەر ئۆزى ئۈچۈن ئېيتىلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ پاك يۈرىكىنى

كۆرسىتىپ نالە قىلىنىۋاتقان يىگىتكە تەلمۈرۈپ قارايتتى.

مۇقەددىمە ئاخىرلىشىشى بىلەن، مۇرات قوشۇلدى. ئۇ مۇقامنىڭ «تەزە»، «نۇسخا»، «جۇلا»، «سەنەم»لەرنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈۋەتتى. تەمبۇرنىڭ سىم تارلىرىدىن تىترەپ چىققان مۇڭلۇق كۈي، تەڭكەش بولۇپ چېلىنىۋاتقان دۇتار سېھرىلەندۇرۇپ، ئولتۇرغانلارنىــى ھايات قاينىملىرىغا ئېلىپ كىرمەكتە ئىدى. نەپسە كامىلغا لەپپىدە قاراپ، سىرلىق بىر تەبەسسۇم ھەدىيە قىلدى. گۈلزىبا ھېكمەتنىڭ مۇسەللەس كەيپىدىن خۇمارلاشقان كۆزلىرىگە چوڭقۇر مەنادا باقتى... زۇمرەت ناخشا پەيزىگە بېرىلگەن مۇراتقا زوقلىنىپ قارىدى...

مۇقام ئاخىرلىشىپ، بىر نەپەس دەم ئېلىنغاندىن كېيىن، ئابلىز ناۋا ئىلىنىڭ بىر يۈرۈش ناخشىلىرىنى باشلىۋەتتى. ئاھاڭدارلىقــى، مەزمۇنى، مۇڭلۇق ۋە مىسكىنلىكى، شوخ - تېتىكلىكى، مۇرەككەپ سەكرەتمىلىرى بىلەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغان ئىلى ناخشىلىرىنى خوتەن ياشلىرى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. بۇ، ئابلىز ناۋا، ئابدۇللا مەجنۇن، نۇرنىسا غەزەل قاتارلىق ياش خەلق سەنئەتكارلىرى توي - تۆكۈن، مەرىكە - مەشرەپلەردە ئىلى ناخشىلىرىنى ئېيتىش ئارقىلىق كۆزگە كۆرۈنىۋاتقان چاغلار ئىدى!...

قىز - يىگىتلەر پۈتۈن بەدىنى قۇلاققا ئايلانغاندەك، سۈكۈت ئىچىدە ئىلى ناخشىلىرىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ناخشىلارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى، تەمبۇر ۋە دۇتارنىڭ جاراڭلىق ساداسى ئورمان قۇشلىرىنىمۇ سېھرىلەندۈرۈپ قويغاندەك، ئەتراپ تىمتاس ئىدى. ھەتتا يۈرۈككاش دەرياسىنىڭ سۇلىرىمۇ ئۆز ئىزىدا توختاپ ئاڭلاۋاتقاندەك، نە شاۋۇلداش، نە شارقىراش ئاڭلانمايتتى. زەنجىرسىمان ئۇلىنىپ كەتكەن ھەر بىر ناخشىنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرى ناھايىتى تەبىئىي ھالدا كېيىنكى ناخشىغا يول ئاچاتتى:

لېۋىڭنى لالىدىن دەرلەر گۈللەيلۈن،
چىشىڭنى ئۈنچىدىن دەرلەر.

قول سېلىپ چىقىپ كەلسەڭ گۈللەيلۈن،
بۇ كىمنىڭ دىلبىرى دەرلەر...

— هە، ھېكمەت، قېنى سىزدىن كەلسۇن، — ۋارقىرىدى ئابلىز ناۋا سازنى كېيىنكى ناخشىنىڭ ئاھاڭىغا ئۇلاپ، — ئەمسە بىز ئېيتىمىدۇق.

ساز «ئايلىخان، ئانارخان يالىرەي» گە چېلىنغاندى، توختاشقا پۇرسەت يوق ئىدى، ھېكمەت ناخشىنى باشلىۋەتتى:

ئىلى يولى بوستانلىق،
ئېدىرلىرىدە تۈلكە.
بىزنىڭ يار چىقىپ كەلسە،
قەدىمىدە مىڭ كۈلكە.
ئايلىخان، ئاھ ئانارخان يالىرەي...

ئېتىمنى ئويىنىتىپ ئۆتتۇم،
يارىمنىڭ كوچاسىدا.
بىزنىڭ يار چىقىپ كەلدى،
ئاق پاكچۇ ئۇچاسىدا.
ئايلىخان، ئاھ ئانارخان يالىرەي...

گۈلزىبا قىزىرىپ يەرگە قارىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇچىسىدا ئاق گىرىپ كۆينەك بار ئىدى. ناخشا ئاخىرلىشىپ، ئابلىز ناۋا بىلەن مۇرات سازلىرىنى قويۇشى بىلەن، ھەممىسى بارىكاللا ئېيتىشتى. ئۇلار داستىخاندىكى مەزىلەرگە بېقىشتى. ئالىمجان پىيالىلەرگە مۇسەللەس قۇيۇپ ئۇلارغا سۇندى.

— خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، — دېدى نائىبى، — مەنىدار، مەپتۇنكار، مەزمۇنغا باي، ئەڭ ئاممىۋىيلىققا ئىگە. قاراڭلار «قەدىمىدە

مىڭ كۆلكە»، «ئاق پاكچۇ ئۇچاسىدا...» بۇ مىسرالار نېمە دېگەن ئوبرازلىق - ھە!

— مېنىڭچە نائىبى، — دېدى مۇرات چاقچاق قىلىپ، — «ئاق پاكچۇ» دېگەندىن كۆرە «ئاق گىرىپ...» دېسە، تېخىمۇ ئوبرازلىق بولارمىكىن دەيمەن...

سورۇندا بىردىنلا كۈلكە كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە بىردەك گۈلزىباغا قاراشتى.

— توغرا، — دېدى زۇمرەت، — «قەدىمىدە مىڭ كۈلكە» دېگەنىنىمۇ «باغ سەيلىسىدە يوق كۈلكە...» دېگەنگە ئۆزگەرتسە بولغۇدەك...

گۈلزىبا قايرىلىپ، ھەممە دوستلىرىغا كۈلۈپ قارىدى. ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرى نەملىك ياللقۇن بىلەن چاقنىدى. ھېكمەتنىڭ يۈرىكى بىردىنلا ئىسكەنجىدە قىسىلغاندەك ئاغرىپ كەتتى. مەجنۇنتال نوتىسىدەك نازۇك بۇ قىزنىڭ قەلبى دەرد - ھەسرەت بىلەن تولغانىدى. ئۇ، تېخى تۈنۈگۈن ئاخشاملا بولۇپ ئۆتكەن قايىتىنىڭ پاجىئەسى بىلەن گۈلرۇزنىڭ بىشەملىكلىرىنى ئويلىماي دەپ تۇرۇپمۇ يەنە كۆز ئالدىدىن كەتكۈزەلمەيتتى... ئۇنتاي دەپمۇ ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتى... ئۇ، ھېكمەت ئۈچۈن، دوستلىرى ئۈچۈنلا قاتناشقانىدى. باياتىندىن بېرى ئېيتىلغان ناخشىلار، سازلارنىڭ مىسكىن ئاھاڭلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى جاراھەتنى قايتا قوزغاپ قويىدى. ئۇ ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ ئولتۇردى. شۇڭا، ئۇنىڭ يۈزىگە مىڭ كۈلكە ئەمەس بىر كۈلكىمۇ ئارتۇقلۇق قىلاتتى. گۈلزىبانىڭ سولغۇن چىرايىنى كۆرگەن شادىمان باشقىلارنىڭ نەزىرىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، گەپ باشلىدى:

— نائىبى ئېيتقاندەك، خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېكىستى يېنىك، راۋان، رەڭدار بولۇشتەك ئۆزگىچىلىككە ئىگە، — دېدى ئۇ تەمكىن ھالدا، — بولۇپمۇ ئاھاڭ ئۆزگىرىشى مۇرەككەپ، سەكرىمە، ئايلانمىلىرى كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىلى ناخشىلىرىدا، بۇ نۇقتا ناھايىتى ئېنىق گەۋدىلەنگەن.

— ئىلى ناخشىلىرى ھەقىقەدە پارلاك بولۇپ قالدى، — دېدى ئابلىز

ناۋا چايدىن بىر ئۇتلىغاندىن كېيىن،— مەن ئالتە يېشىمدىن تارتىپ ساز چېلىشنى ئۆگەندىم. ئون ئۈچ يېشىمدا تاغام مېنى ئېلىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مەن ئۇ يەردە تەمبۇرنى ناخالنى تاشلاپ، زەخمەكتە چېلىشنى ئۆگەندىم. شۇ چاغدىلا، تەمبۇرنىڭ ھەقىقىي مۇڭىنى، جاراڭلىق، يېقىملىق ساداسىنى ئاڭلىدىم. ئىلى ناخشىلىرى، بولۇپمۇ بىر يۇرۇش ئېيتىلىدىغان «هارۋىكەش» ، «كۆچ - كۆچ» ، «كوچا» ناخشىلىرى مېنى مەپتۇن قىلىۋالدى. سازەندىلەرنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگەندىم. «پالانى يەردە روزى تەمبۇر، ياكى ئابدۇۋېلى جارۇللا ناخشا ئېيتىدىكەن » دېسە، بىز دېمەتلىك باللار بىلەن يېرىم كۈنلۈك يوللارنى بېسىپ، شۇ مەشرەپ ياكى ئولتۇرۇشلارغا باراتتۇق. ئاڭلىغان ناخشا - سازلىرىمىزنى نەچچە كۈنلەرگىچە ھەزىم قىلالمايدىغان. . .

— ئىلىنىڭ چاقچاقلىرىنىمۇ قالتىس دەپ ئاڭلايمىزغۇ؟— دېدى ئامانىللا،— قېنى ئابلىز، بىرەرنى سۆزلەپ بەرمەمسىز! . . .

— چاقچاق دېسە شۇنى دېسە بولغۇدەك. ئۇلار قىزىرىشىپ، تىللىشىپ قالمايدىكەن. چاقچاقنى ئەدەب بىلەن قوبۇل قىلىپ، لايىقىدا جاۋاب ياندۇرىدىكەن،— دېدى ئابلىز ناۋا كۈلۈپ،— لەقەمنى چىشلەپ چاقچاق قىلىشى بىزگە ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئىلىنىڭ داڭلىق چاقچاقچىلىرىدىن كېۋېردىن سېرىق بىلەن مەمەت قار ياغدى داۋاملىق بىر - بىرىنى «سېرىق» ، «قار ياغدى» دەپ چاقچاق قىلىشىپ يۈرۈشىدىكەن. بىر كۈنى مەمەت قارياغدىنىڭ ئانىسى قازا قىپتۇ. ئۇ ئۇزۇن قارا تون كىيىپ، ئاق پوتا باغلاپ، جىنازا ئەتراپىدا يىغلاپ يۈرسە، كېۋېردىن سېرىق ھويلىغا كىرىپ كەپتۇ. ئۇ مەمەت قارياغدى بىلەن «ئەلھۆكمىلىللا» دەپ كۆرۈشۈپ، يۈز سىيپىغاندىن كېيىن: «كۆڭلۈڭنى بۇزما ئاداش، ئاناڭ ياخشى ئاي، ياخشى كۈنلەردە قازا قىلدى. ئەگەر قىش - قىرولاردا قازا قىلغان بولسا، جامائەتكە تەس بولاتتى. . . » دەپتۇ. گەپنىڭ تېگىگە يەتكەن مەمەت قارياغدى: «راست دەيسەن ئاداش. . . » دەپتۇ - دە، ئۇنىنى قويۇپ بېرىپ: «ۋاي كىشىلەرگە چىراي سارغايتمايدىغان ئانام. . . يۈزلىرى زەپىراندەك سارغىيىپ كەتسىمۇ،

سېرىق مىكيانغا دان چېچىشنى ئۇنتۇمىغان ئانام...» دەپ يىغلىغىلى تۇرۇپتىكەن، كېۋېردىن سېرىق: «بۇنىڭ يامانلىقىنى قارا!...» دەپ، غىپلا قىلىپ كېتىپ قاپتۇ...

سورۇندىكىلەر ئۆزلىرىنى تۇتۇپ ئالالماي بىر هازا كۈلۈشتى. ئۇلار تاۋۇت ئالدىدا بولۇۋاتقان ئىنتايىن يوشۇرۇن، سىرلىق بۇ چاقچاقنى ماختىشىپ، ئىلى خەلقىنىڭ نەقەدەر ئويۇنچى، چاقچاقخۇمار، دىلكەش ئادەملەر ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆزلىشىپ كېتىشتى.

ياشلارنىڭ ناخشا - غەزەللىرىگە، چاخچاق - هەزىللىرىگە مەست بولغان قۇياش قانداق قىلىپ كۇئېنلۇننىڭ ئاق چوققىلىرىغا قىڭغايغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى. ئىگەچى باغ ئورمىنى قىيپاش چۈشكەن نۇر تالالىرى بىلەن بىنەپشىرەڭ چاڭغا پۈركەلدى. يۇرۇڭقاش دەرياسى گويا مىليونلىغان ياقۇت ئۇۋاقلىرىنى چېچىۋەتكەندەك، قىپقىزىل ۋىلىلداپ كۆزنى چاقاتتى. بىر كۈن كەچكىچە چۇرۇقلىشىپ سايرىشىپ ئورمانغا جان ئاتا قىلغان قۇشلارنىڭمۇ ئاۋازى بارغانسېرى بېسىقماقتا ئىدى.

قىزلار داستىخانلارنى بىر قۇر يىغىشتۇرۇپ قايتا سالغاندىن كېيىن، قورداق تارتىلدى. قىز - يىگىتلەر بىر - بىرىگە: ئېلىڭلار - بېقىڭلار... دېيىشىپ، تاماققا تۇتۇش قىلىشتى. تاماقتىن كېيىن، داستىخان ئېلىنىپ قىزلار سۇپۇرۇپ تازىلىدى. ھەممە تەرتىپلىك هالدا ئۆز جايلىرىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

— دوستلار، — دېدى ئالىمجان ئورنىدىن تۇرۇپ، — هازىر شائىر ۋە شائىرەلىرىمىزنىڭ قەلب بۇلاقلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان شېئىر - غەزەللىرىنى ئاڭلايمىز. ئالدى بىلەن باهار نوتىلىرىدەك يېتىلىۋاتقان شائىرەمىز نەفىسە خانىمنى شېئىر ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلايلى!

سورۇندا قىزغىن ئالقىشلار ياڭرىدى. نەفىسەنىڭ گۈزەل ھۆسنى لالىرەڭ تۇس ئېلىپ، هايا بىلەن يەرگە قارىدى. ئەمما قىزلار چۇرقىرىشىپ، ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇ يازغان شېئىرىنى يادقا ئېلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، قولىغا قەغەزمۇ ئالمىدى. نەفىسەنىڭ ئاۋازى

شۇنچە يېقىملىق بولۇپ، بۇ ئاۋاز-تالڭ سەھەردە گۈل ئىشقىدا ناۋا قىلغان بۇلبۇلنىڭ ھەسرەتلىك نالىسىنى ئەسلىتەتتى:

## بالىلىقىم

ئۆتتى غەمسىز بالىلىق دەۋرىم — ئاشۇ دەۋرانىم مېنىڭ،
ياندى بىر پەس بەرق ئۇرۇپ ئۆچتى ئۇ گۈلخانىم مېنىڭ.
ئەركە تايدەك شوخ ئىدىم، ئۆركەشلىگەن دەريا ئىدىم،
تاڭغا نۇر چاچقان ئىدى كۆكلەردە چولپانىم مېنىڭ.
ئاق ئۇرۇكتەك شوخ چېچەك ئاچقان ئىدىم كۆكلەم چېغى،
ئۆتتى كۆكلەم، ئاق چېچەك تۆكتى گۈلستانىم مېنىڭ.
يورغا يىللار ھېچ توختوق بەرمەي ئۆتۈپ كەتتى، دەرىخ،
قومغا سىڭگەن تامچىدەك ئۆتتى ئاشۇ ئانىم مېنىڭ.
چۆچەك ئېيتاتتى مېنى ئەللەي ئېتىپ جانىم ئانام،
بەختىيارلىق ئىچرە ئۆتكەن ھەر شەبىستانىم مېنىڭ.
ئاھ، ئاشۇ غەمسىز دەۋر قايتىپ يەنە كەلسە ئىدى،
گۈللىسە بىر پەسكە دەيمەن ئۆمرى بوستانىم مېنىڭ.
كەتتى ئۆمرۈمنىڭ گۈزەل بىر پارچىسى ئەمدى ئۈزاپ،
ۋا دەرىخا، قالدى مىسكىن دىلدا ئارمانىم مېنىڭ.

نەفىسە ئېگىلىپ سالام قىلدى. ھەممە بىردەك ئالقىش ياڭرىتىپ چاۋاك چېلىشتى. ئوقۇلغان غەزەل ھەققىدە تالاش - تارتىش قىلىشىپ ماختاشتى. ئالىمجاننىڭ تەكلىپى بىلەن، نائىبى خاتىرىسىنى قولىغا ئالدى. ئۇ ئالدىن تەييارلىق قىلالماي، ھېلىلا كۆڭلىدىن كەچكەنلىرىنى يېزىپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ ئەپۇ سورىدى.

بىز بېسىپ ئۆتكەن يوللارغا،
كۆز ياش ئەمەس، شادلىق قويۇلسۇن.

مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭ تۇيغۇسى،
ئۆمۈر غايەت گۈزەل تۇيۇلسۇن. . .

ھاياتىڭنى ئويلىما زىنھار،
ئۇ غەملەرگە قىلمىدۇ غەرق.
كىملەر ياخشى ۋە كىملەر يامان،
ۋىژدان بىلەن ئەيلىگىن پەرق.

سۆيگۈ سازى، يۈرەك تارىنى
ئۆمۈرۋايەت تەرك ئەتمە، چەك.
دوستلىرىڭ ۋە سۆيگىنىڭ بىلەن،
خۇشاللان ۋە بىللە ئەلەم چەك.

بەلكى ئەرتە ئۆلار بىلەن نەق—
ئۇچراشماسمىز ئويناپ - كۈلگىلى.
بەلكى ئەرتە ئۆلۈپ كېتەرمىز،
بۇ بىۋاپا ئۆمۈر تۇپەيلى.

نائىبىنىڭ شېئىرى ھەممىنى ئويغا سېلىپ قويدى. بولۇپمۇ ئىنسان ئۆمرىگە بېرىلگەن تەبىر بولۇپ تۇيۇلغان تۆتىنچى كۇبلېت سورۇندىكىلەرنى سۈكۈتكە چۆمدۈردى. ئەمما سەئىدىيىنىڭ: «يازنى كۈز، يورۇق كۈننى قاراڭغۇ كېچە، راھەتنە ياشاۋاتقاننى بولسا بەختسىزلىك كۈتىدۇ. . .» دېگەن سۆزى يۈرەككە تېگىدىغان قايغۇلۇق سۆز بولسىمۇ، ئەمما ھەقىقەت بولغىنىدەك، نائىبىنىڭ شېئىرىمۇ ھايات پاجىئەلىرىنىڭ بىر ئەكسى ئىدى.

— ئەمدى كامىل، — دېدى ئالىمجان، — مۇشائىرەمىزگە ئاتىغان غەزىلىنى ئوقۇپ بېرىدۇ.

كامىل يانچۇقىدىن تۆت قاتلانغان بىر ۋاراق قەغەزنى ئالغاندىن كېيىن، ھەممەيلەنگە تەكشى قارىدى ۋە ئالدىرىماي ئوقۇدى:

## مەن باراي. . .

ئەي بۇرادەر، ئەل ئۈچۈن جەۋرۇ جاپاغا مەن باراي،
ئەلگە دەپ مىلىڭ جان پىدا، ئەھدۇ ۋاپاغا مەن باراي.
ئەلگە گەر يەتسە مۇشەققەت ياكى بىر دەردۇ ئەلەم،
دەردىگە دەرمان بولۇپ، شۇ دەم داۋاغا مەن باراي.
بەختىيار باغرى پۈتۈنلەرگويىنىسۇن ئىشرەت قۇرۇپ،
مۇڭىغا مۇڭداش بولۇپ باغرى ياراغا مەن باراي.
گۈل ئۈزۈپ مېھرىم بېغىنىڭ گۈلىدىن باغلاپ چىمەن،
نەدە بولسا بىر غېرىپ، بىر بىناۋاغا مەن باراي.
مەيلى بولسۇن جاڭگىللى مازەندىران، تەكلى ماكان،
ئەل زۆرۈر تاپسا ئەگەر تەھتىس - سىنراغا مەن باراي.
مەيلىغۇ جەندە - كۇلاھ كەيسەمۇ مەن ئەل ئالدىدا،
«ئەل ئامان بولسۇن!» دېگەن مۇددىئاغا مەن باراي.
دەرد قالاركەن كۆي بولۇپ، دەردمەن كېتەركەن ئاھ ئۇرۇپ،
دەردمەن ئەرزىنى ئېلىپ قادىر خۇداغا مەن باراي. . .

غەزەلنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن ھەممە جىمىپ كەتكەنىدى. ئالىمجان باش ئىشارىسى قىلدى. لىرىك شائىر شادىمان ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ يېقىملىق ئاھاڭى بىلەن گويا ۋىسالغا ئېرىشكەن ئاشىق ئۆز مەھبۇبىسىغا مۇڭىنى تۆكۈۋاتقاندەك، شېئىرىنى تەمكىن ھالدا باشلىدى:

سەھەر باغ ئىچىدە ئولتۇرسام، چېچەك پۈركۈپ سەبا كەلدى،
كۆكۈل گۈلشەنىنى يەلپۈپ ئەتىر ھىدى شىپا كەلدى.
شۇ دەم يۈز ئاچتى يار ۋەسلى، كۆرۈندى لالىرەڭ ئەتلەس،
باھاردەك جىلۋە ناز ئەيلەپ، باھار بويلۇق زىبا كەلدى.
سىياھ دەيمەنغۇ قاشىنى، مىسالى ئوت قاراشىنى،

يۈزىدە نۇر، تەبەسسۇمدىن تۇتۇپ گۈل دىلرەبا كەلدى.
قىياس قىلدىمكى، قەددىنى سۇمۇرمەك بىرقەدەھ بىرلە،
گوياكى سۆيگۈ جامىدا تولۇق مېھرۇ ۋاپا كەلدى.
قېنى شادمان، غەنىمەت دەم، شېرىن سۆھبەتكە ئەشيان قۇر،
ۋىسال تاڭىغا ئېرىشتىڭ، ئەجەپ پەيزى سابا كەلدى.

شادىماننىڭ مۇھەببەت لىرىكىسى يىگىت - قىزلارنىڭ بىر - بىرىگە دېيەلمەيۋاتقان ئەڭ نازۇك، ئەڭ شېرىن قەلب سۆزلىرىنى ئاشكارىلىغاندەك، يىگىتلەر ئۆز دىلدارلىرىغا، قىزلارمۇ ۋاپادارلىرىغا تەبەسسۇم قىلىشتى.

مۇشائىرە قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە داۋاملاشماقتا ئىدى. ئالىمجاننىڭ ئالتە پارچە رۇبائىسى ياشلارنى بىردەمدىلا تالاش - تارتىشقا سېلىپ قويدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى رۇبائىلاردا ئەكس ئەتكەن يېڭى پىكىر، تۇرمۇش، ھايات پەلسەپىسى قاتارلىقلارنى ئۆزئارا مۇنازىرە قىلىشسا، قىزلار رۇبائىلارنىڭ ھەر بىر مىسرالىرىغا سىڭدۈرۈلگەن ئىستېتىك تۇيغۇلار، رىئاللىق بىلەن ئارزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر - بىرىگە بولغان ئىستىسنا قاتارلىقلارنى بەس - بەس بىلەن سۆزلىشەتتى. ئاخىرىدا، گۈلزىبا بىلەن بائۇممە خوتەن خەلق ناخشىلىرىدىن ئورۇنلاپ بېرىشتى.

قۇياش ئولتۇردى. ئورمان ئىچىنى ئىللىق شامال كېزىپ، ئەتراپنى سالقىنلىق ئۆز قوينىغا ئالدى. بىر كۈن كەچكىچە دان ئىزلىشىپ، بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، چاۋىلداپ ئورماننى بېشىغا كىيىشكەن قۇشقاچلارمۇ پەرلىرىنى تازىلىشىپ، ھۇرپەيگىنىچە ئۇۋىلىرىغا كىرىپ جىمىقتى.

ئالىمجاننىڭ تەكلىپى بىلەن، ياشلار كەچلىك مەنزىرىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن، ئورمان ئىچىگە قاراپ مېڭىشتى. مۇرات ئىككى بوتۇلكا مۇسەللەس بىلەن بىر جۈپ پىيالىنى سومكىغا سېلىپ زۇمرەتكە بەردى. چۈنكى قىزلارنىڭ ھەممىسى قەدىمى دەرەخلەر ئارىسىدىن دەريا ياقىسىغا

قاراپ ماڭغانىدى. ئامانىللا ئىككى گاز لامپىغا بېنزىن قۇيغاندىن كېيىن، تور پىلىكنى سىلىپ يەل بەردى. ئابلىز ناۋا، مۇراتلار ئاشپەز بالىغا ياردەملىشىپ زىخقا كاۋاپ ئۆتكۈزدى. نىزامىدىن بىلەن ئالىمجان ئىككى راۋاق ئوتتۇرىسىدىكى گۈللۈك ئەتراپىنى سۇ سېپىپ تازىلىدى. شاخلارغا ئېسىلغان گازلامپىلارغا ئوت يېقىلىشى بىلەنلا، مەيدان ئاپپاق يورۇپ كەتتى، ئورماندىكى يىگىتلەر، دەريا بويىدىكى قىزلار يورۇقنى كۆرۈپ قايتىپ كېلىشتى. ئۇلار ھېلىلا قورداق يېگەچكە، بىرنەچچە زىختىن كاۋاپ يېيىشىپ، گۈللۈك ئەتراپىغا توپلىنىشتى. گاز لامپا ئەتراپىنى شۇنچىلىك يورۇتىۋەتكەن ئىدىكى، قىز - يىگىتلەرنىڭ چىرايلىرىدىكى ئەڭ نازۇك ھاياجان ۋە شادلىق ئالامەتلىرىمۇ جىلۋىلىنىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— دوستلار، — دېدى كۆزلىرى خۇمارلىشىپ قالغان ئالىمجان، — ئۈچىنچى باسقۇچلۇق ئويۇنىمىز — تانسا. ئۈمىدىمىز ھەممە ئادەم ئويۇنىشى كېرەك. بىراق بىلمەيدىغانلار بىلىدىغانلاردىن ئۆگەنسۇن. تارتىنىش - قورۇنۇشقا خاتىمە بېرىلسۇن. چۈنكى بۇ ئۆزئارا ئۆگىنىش...

— تانسا ئوتتۇرىلىرىدا، — دېدى مۇرات قولىنى كۆتۈرۈپ، — باشقا ئويۇنلارنى، مەسىلەن: لەپەر ئېيتىشىش، يالغۇز ناخشا، قىزىقچىلىق قىلىش قاتارلىقلارنى قىستۇرۇشقا بولامدۇ؟

— ناھايىتى ياخشى تەكلىپ، — دېدى ئالىمجان، — قارشى ئالىمىز. قېنى ئەمىسە ھېكمەت، گارمۇنىنىڭ شوخ ئاۋازى ياڭرىسۇن. ناخشىمىزنىڭ ساداسى يۇرۇڭقاش ۋادىلىرىنى قاپلىسۇن!..

مەيدىسى كەشتىلەنگەن، تىك ياقىلىق ئاق كانۋاي كۆينەك كىيگەن ھېكمەت گارمۇن تىللىرىغا قوللىرىنى ئاپاردى - دە، ھەممىگە كۈلۈپ قارىدى. گۈلزىبا ئۇنىڭغا مۇھەببەتلىك كۆزلىرىنى تىكىپ، ئاجايىپ زوق بىلەن تەبەسسۇم قىلدى. ھېكمەت «تاڭگۇ!» دەپ ئۈنلۈك ئېلان قىلغاندىن كېيىن، بارماقلىرى گارمۇن تىللىرىدا ئويناشقا باشلىدى:

ئاپپاق، ئاپپاق توشقانلار،

سايدا ئوينايدۇ،
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر
تويدا ئوينايدۇ. . .

قاشلىرىڭىز قارا ئاھ، ساچىڭىز ئۇزۇن،
ھالىمنى سورساڭچۇ.
ئايارەي. . . لالالا. . . لالالا. . . لا. . .
ئايارەي. . . لالالا. . . لالالا. . . لا. . .

ھېكمەت گۈللۈكنى ئايلىنىپ يۈرۈپ چالماقتا ئىدى. يىگىت قىزلارنىڭ ھەممىسى مەيدانغا چۈشكەن بولسىمۇ، ئامانىللا بىلەن ئالىمجاندىن باشقىلىرى تانسىنى ئانچە ياخشى بىلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار بۇ غەنىمەت كۆڭۈللۈك چاغلارنى قولدىن بەرگىسى كەلمىگەندەك، قىزىرىپ، تەرلەپ، تىنەپ - تەمتىرەپ ئوينىماقتا ئىدى. نىزامىدىن گۈلزىبانى تەكلىپ قىلغانىدى، ئۇ ھېكمەتكە لەپپىدە قارىدى، ھېكمەت كۈلۈپ باش لىڭشىتتى.

«تاڭگۇ» ئاياغلىشىشى بىلەن، ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى، ئۆز ئارا پىچىرلاشتى. بەزىلىرى پۈتىغا دەسسىۋالغانلىقتىن جۈپتىلىرىدىن كەچۈرۈم سورىدى. يەنە بەزىلەر، دەسلەپتە تەمتىرەپ قالغانلىقىنى، كېيىن مۇزىكىغا چۈشۈرۈپ ئوينىغانلىقىنى ماختىنىپ سۆزلەيتتى. ھېكمەت سورۇننى سوۋۇتماسلىق ئۈچۈن، «رومبا! » دەپ ئېلان قىلدى - دە، گارمۇن كارتىلىرىنى «غارت - غۇرت» تارتىپ قويۇپ، باشلىۋەتتى:

مەن ئېركىمنى كۆرگەندە،
كۆينەكى ئاپپاق ئىدى. . .

— ھېكمەت، — دېدى مۇرات گۈلزىبانى تانسىغا تەكلىپ قىلىۋېتىپ، — «ئاق پاكچۇ» ، «ئاق كۆينەك»تىن نېرى كېتەلمەيسەنغۇ؟

ئەمدى «ئاق گىرىپ» دەپ ئوچۇقلا دەۋىتكىنە! . . .

ئويناۋاتقانلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى. گۈلزىبا قىزىرىپ مۇراتقا ئالايدى. مۇزىكا گەرچە «رومبا»غا چېلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئامانلا بىلەن ئالىمجاندىن باشقىلىرى يەنىلا پۇتلىرىنى «تاڭگو»غا چۈشۈرۈپ چۆگىلەۋاتاتتى.

ئاپپاق كۆينەك كىيگەن ئەشۇ ئېركەم،
ئاق كۆڭۈل قىزچاق ئىدى. . .

— ئاپئاق كۆينەك كىيگەن ئاق كۆڭۈل قىز، — دېدى مۇرات ئويناۋېتىپ، — ئەجەب گويدان ئويناپدىكەنسىز! . . .

— ئەمدى گەپ قىلسىڭىز ئوينىمايمەن. . .

مەن ئېركەمنى كۆرگەندە،
كۆينەكى چاقماق ئىدى. . .
چاقماق كۆينەك كىيگەن ئاشۇ ئېركەم،
چاقچاقچى بالا ئىدى. . .

— ھۆرمەتلىك يىگىت بېشى، — دېدى مۇرات مۇزىكا ئاياغلىشىشى بىلەن، — مېنىڭ بىر تەكلىپىم بار ئىدى.

— قېنى مەرھەمەت! — دېدى ئالىمجان كۈلۈپ.

— يىگىت - قىزلار ئىككى تەرەپ بولۇپ لەپەر ئېيتىششاق، يېڭىلگەن تەرەپ مەيداندا ماھارەت كۆرسەتسە!

— سىلەرچە قانداق؟ — ۋارقىرىدى ئالىمجان يىگىت - قىزلارغا قاراپ.

— بولىدۇ! . . . — ھەممە بىردەك ۋارقىراشتى.

مۇرات كامىلنىڭ قولىدىن سۆرەپ مەيدانغا ئېلىپ چىقتى - دە، قىزلارغا قارىدى:

— قېنى كىم ئاۋۋال كامىل بىلەن ئېيتىشىدۇ؟

— قىز بېشى زۇمرەت، — دېدى ئالىمجان، — قېنى سىز كىمنى چىقىرىسىز؟

— نەفىسە ئېيتىشىدۇ، — زۇمرەت نەفىسەنى قولىدىن تارتىپ چىقتى.

يۇمىلاق گۈللۈكنىڭ ئۇ تەرىپىگە قىزلار، بۇ تەرىپىگە يىگىتلەر توپلاشتى. ھەر ئىككىلا تەرەپتە پىچىرلاشلار، كۈلۈشلەر، مەدەت بېرىشلەر باشلاندى:

— قېنى ئەمىسە باشلاڭلار، — ئالىمجان بۇيرۇق ئاھاڭىدا ۋارقىرىدى.

كامىل نەفىسەگە، نەفىسە كامىلغا قارايتتى، دەم كۆزلىرىنى ئېچىلغان گۈللەرگە تىكىشەتتى. مەيداننى يۈرەكلەرنىڭ دۇپۇلدىشى ئاڭلانغۇدەك جىمجىتلىق باستى. ئاخىرى كامىل نەفىسەگە ئوتلۇق كۆزلىرىنى تىكتى. نەفىسەمۇ ھايا بىلەن تەلمۈردى.

ئاينى كۆكتىن ھاي قىزلار ئۈزۈپ بېرەي سىلەرگە،
ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاي ئەينەك قىلىشقا ھاجەت. . .

— ياشا كامىل! — دېيىشتى يىگىتلەر.

نەفىسە:

چېھرىمىزنى كۆرۈپ ئاي پەردە قىلدى بۇلۇتنى،
ئۇ كۈمۈش رەڭ تاۋاقتا بىزلەر نېمىشقا ھاجەت؟ . . .

— ياشاپ كېتىڭ نەفىسە! — قىزلار چۇرقىراشتى.

كامىل:

يۇرۇڭ قىزلار، دەريادىن ئاق قاشتېشى سۈزەيلى،
رەڭگى سۈزۈك قاشتېشى زىننەت قىلىشقا ھاجەت. . .

— ياخشى، ياخشى، بوش كەلمە كامىل! — ۋارقىراشتى يىگىتلەر.

نەفىسە:

ئۆز رەڭگىدىن بەك خىجىل بىزنى كۆرگەن قاشتېشى،
سۇغا مۆكسۇن ئۇ تاشلار، زىننەت نېمىشقا ھاجەت؟. . .

— بارىكاللا نەفىسە! — قىزلار چىرقىرىشىپ كۈلۈشتى.

كامىل:

ھاي - ھاي قىزلار، قىزىلگۈل ئۈزۈپ بېرەي، ماقۇلمۇ؟
خوش پۇرىقى شىپالىق، ھىدلاپ بېقىشقا ھاجەت! . . .

— يارايسەن كامىل! — يىگىتلەر بارماقلىرىنى چىقىرىشتى.

نەفىسە:

تاڭ سەلكىنى يەلپۈگەن چېچىمىزنىڭ ھىدى ئۇ،
ئەترە ھىدى بىزنىڭدۇر ھىدلاش بىزگە نە ھاجەت؟. . .

سورۇندا قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈلدى. بولۇپمۇ قىزلارنىڭ زىل ئاۋازلىرى يىگىتلەرنى ئەمتىرىتىۋەتتى. كامىل يېڭىلگەنلىكىگە تەن بېرىپ، نەفىسەگە سالام قىلدى. نەفىسە دوستلىرىنىڭ «كامىل يېڭـــــلدى. . .» دېگەن

سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا، بىر "قىسما بولۇپ قالدى - دە»، ئۇلارغا ئاستا شىۋىرلىدى:

— كامىل ماڭا يول قويىدى، سىلەر ئۇنداق دېمەڭلار...

— بولدى، مەن نەفىسە بىلەن ئېيتىشاي، — دېدى مۇرات كۆرەڭلىك بىلەن.

— مەن سىز بىلەن ئېيتىشمايمەن، — دېدى نەفىسە كۈلۈپ، — چىدىمىسىڭىز تاماكا ئوتىنى ياقىسىز...

قىز - يىگىتلەر بىردەك چۇقان كۆتۈرۈپ، «بەللى ئوخشاتتىڭىــــز» دەپ ۋارقىراشتى.

— ئەمىسە باشلىدىم، — مۇرات قولىنى ئېگىز كۆتۈردى:

بىزنىڭ باغدا چىمەن بار...

نەفىسە:

گۈلنى تۇتماڭ تىكەن بار...

مۇرات گېپىنى تاپالماي، ئەتراپىغا ئالاق - جالاق قارىۋېدى، قىزلار ئۇنى كۈلكە - چاقچاقلارغا كۆمۈۋەتتى. كۈلۈپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكەن نائىبى مۇراتقا ۋارقىرىدى:

— ئەمدى ماھارەت كۆرسەتمەي، مەيداندىن چۈشۈشكە بولمايدۇ...

— توغرا! — دېدى شادىمان كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، — بۇ ئۆزۈڭنىڭ تەلىپى.

مۇرات نېمە دېيىشىنى، قانداق قىلارىنى بىلمەي، تۆت ئەتراپقا كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قاراشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن كۆپچىلىك تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈپ ھەزىلنى باشلىۋەتتى.

— خوپ بولدى يوغان سۆزلىگەندىن كېيىن، — دېدى زۇمرەت ئاچچىقلاپ، — ھالىغا باقماي، بەش كۈن بۇرۇن مەيدانغا چۈشۈۋالىدۇ

تېخى.

— ماقۇل ئەمىسە، بابا ھەممىڭلار شېئىر ئوقۇغاندا، مەن قاراپ ئولتۇرغان، — دېدى مۇرات مۇشتۇمىنى كۆتۈرۈپ، — مېنىڭمۇ بىر شائىر ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپ قويۇڭلار.

كۆپچىلىك ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى چاپسانراق ئاڭلىغۇسى كەلگەندەك يەنە ۋارقىراشتى. مۇرات گېلىنى قىرىپ، كۆزلىرىنى ئالايتىپ، چىرايلىرىنى غەلىتىلا پۈرۈشتۈرۈپ، شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى:

ۋېلسىپېتنىڭ ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ قىزچاقنى،
دېدىم ئۇڭا چىڭ ئولتۇرۇڭ تايچىقىم.
قىزچاق كۈلەر قاقاقلاپ چاڭ كەلتۈرۈپ پەلەكنى،
ۋاي قىچىغىم... ۋاي قىچىغىم... ۋاي قىچىغىم...

سورۇندا قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئەمما زۇمرەت خۇددى كىچىك بالا قەغىشلىك قىلغاندەك، قوللىرىنى، مۇرىلىرىنى سىلكىپ ۋارقىرىغىنىچە، ئالدىغا چىقتى:

— يالغان، ئۇ يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، — دېدى زۇمرەت جىلى بولۇپ، — مەن... مەن دېگەن ۋېلسىپېتنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغان تۇرسام...

زۇمرەتنىڭ ساددىلىق يېغىپ تۇرغان ئوماق چىرايىدىن، گۆدەكلەردەك قىلىقلىرىدىن كۈلكە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ كەتتى. بەزىلىرى بېقىنلىرىنى تۇتسا، بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈلدى. ھەتتا ئابلىز ناۋا قورسىقىنى تۇتۇپ كۈلگىنىچە، سەنتۈرۈلۈپ ئوتلاقىقا گۈلۈپپىدە قىلىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ كۆپكۆك چىملىق ئۈستىدە تۈگۈلۈۋېلىپ، يەنە كۈلمەكتە ئىدى.

— مانا، مانا، — دېدى ئامانىللا ئابلىز ناۋاغا، — سەن ماتېماتىك مەسىلىگە دۇچ كەلدىڭ. پۈتۈننى گېئومېترىك فورمۇلاغا چۈشۈرۈپ تۈرمىغاچقا، تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتتىڭ...

— مۇرات سەن يالغان ئېيتىسەن، — دېدى ئالىمجان كۈلكىدىن

بوغۇلۇپ، — زۇمرەت ئەسلى ۋېلسىپىتنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرۇپتىكەن ئەمەسمۇ! سىنىڭ بىر قولۇڭ رولدا، بىر قولۇڭ ئارقىدىمىدى؟ ياكى ۋېلسىپىتقا تەتۈر ئولتۇرغانمىدىڭ؟ . . .

— ها . . . ها . . . ها . . . خا . . . خا . . . خا . . . — كۈلكە بىر هازاغىچە داۋاملاشتى.

— يالغان بولغانلىقى ئۈچۈن هېساب ئەمەس، — دېدى كامىل قولىنى شىلتىپ، — باشقا نومۇر ئورۇنلاپ بەرسۇن. . .

— دۇتار بىلەن بىر ناخشا ئېيتىپ بەرسە قانداق؟ — دېدى ئامانىللا دۇتارنى تەڭلەپ، — قېنى شوخ - شوخ پەدىلىرىڭدىن بىرنى چېلىپ، سورۇندىن چاپسانراق قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىل.

— بوپتۇ، سىلەرنىڭ دېگىنىڭلاردەك بولسۇن، — دېدى مۇرات، — ئەمما كىم ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدۇ؟

— زۇمرەت! — چۇرقىراشتى قىزلار.

زۇمرەت تارتىنمايلا قارا قوڭۇر چاچلىرىنى ئوڭ مۇرىسىدىن ئالدىغا ئېلىپ مەيدانغا چۈشتى. ئۇ چىملىقتا دۇتار تۇتۇپ ئولتۇرغان مۇراتنىڭ قېشىغا كەلدى.

— يەنە يالغان ئېيتىپ مېنى بوزەك قىلسىڭىز، — دېدى زۇمرەت تومشۇقىنى ئۇچلاپ، — ئەمدى تاماكا ئوتىنى قولىڭىزغا ئەمەس، يۈزىڭىزگە ياقىمەن.

مەيداندا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

مۇرات زۇمرەتكە زوقلىنىپ قارىدى. ئۇ، «توۋا، زۇمرەتنىڭ ئاچچىقلىنىشلىرى، تومشۇقىنى ئۇچلاشلىرى، ئېلىپتەك تۈز قارا قاشلىرىنى هېمىرىپ ئالىيىشلىرى شۇنچە تاتلىق، شۇنچە لەزىز - هە! ئۇ خۇيلانغان ۋاقتىدا، تاماكا ئوتىنى يېقىپ سالماي يەنە. . .» دەپ ئويلىدى.

— مۇرات، زۇمرەتنى يەۋەتمە يەنە! — دېدى شادىمان، — هەجەپ تويماي قاراپ كەتتىڭا ؟ . . .

— ئەمىسە چىرايلىق تومۇچۇقۇم، چېلىۋېتەي، — مۇرات

ناخشىسىنى باشلىۋەتتى:

بىز كىرگەن قومۇشلارغا،
يولۋاسلار كىرەلمەيدۇ.
بىز سۆيگەن گۈزەللەرنى،
خان ـ بەگلەر سۆيەلمەيدۇ. . .

— ياشاپ كەت مۇرات! چىن سۆزلىدىڭ، — كۆپچىلىك ۋارقىراشتى.

زۇمرەت بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ، گۈللۈكنى پىرقىراپ سىيلىق ئۇسسۇل ئوينىماقتا ئىدى. قىزلار بىردەك رىتىم بىلەن چاۋاك چېلىشاتتى. يىگىتلەر راستىنلا خان ـ بەگلەر ئېرىشەلمەيدىغان، بىر ـ بىرىدىن لېۋەن، بىر ـ بىرىدىن نازىنىن، شەرم ـ هايالىق قىزلارغا قاراپ، يۈرەكلىرىدىن سۆيۈنمەكتە ئىدى. مۇرات چاندۇرماي كۆز تاشلاپ، ئويناۋاتقان زۇمرەتكە قارىغانسېرى، ناخشىسىنى ئىشتىياق بىلەن ئەۋجىگە كۆتۈرەتتى:

كەندىر تۇۋىدە كەكلىك،
مەن يايرىم بىلەن ئەپلىك.
ئوڭ يانىدا ساچى بار،
قايرىپ سۆيگىلى ئەپلىك. . . جېنىما. . .

— قېلىن! ئۇياتمايدىغان داپ يۈز، — زۇمرەت ئوڭ يېنىغا چۇشۇپ تۇرغان چېچىنى لەپپىدە ئارقىسىغا ئارتتى ـ دە، قىزلار توپىغا كىرىپ كەتتى. قىز ـ يىگىتلەر ئورمانىنى چاڭ كەلتۈرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

ئاشپەز بالا چەينەكتە دەملەنگەن چاي كۆتۈرۈپ كەلدى. ھەممەيلەن گۈللۈك ئەتراپىدىكى كۆپكۆك چىملىقتا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشتى. ئارقىدىن، لېگەن ـ تاۋاقلاردا ئۈزۈم، شاپتۇل، ئامۇتلارنى ئېلىپ كەلدى.

كۆلكە، چاقچاق، قىزىقچىلىقلاردىن كېيىن يېشىلىپ كەتكەن يىگىتلەر قىزلىرى بىلەن بىر ئاز مۇڭدىشىپ، كۆڭۈل - كۆكسىدىكى گەپلىرىنى دېيىشىۋالغاندىن كېيىن، ئالىمجان ھېكمەتكە كۆزىنى قىسىپ قويدى. ھېكمەت گارمونىنى ئېلىپلا، «ۋالىس» دەپ جاكارلىدى.

تىرەك بوستان، تىرەك بوستان،
تىرەك بوستانغا مەن ھەيران...

ئامانىللا رۇشەننى، ئالىمجان لۇتپىيەنى تارتىپ مەيدانغا چۈشتى. باشقىلار ئۇلارنىڭ يېنىك پىرقىراشلىرىغا، ئوينىۋېتىپ پىچىرلاشلىرىغا ھەۋەسلىنىپ تاماشا كۆرمەكتە ئىدى. ھېكمەت ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچە پەدىگە چالغاندىن كېيىن، ئابلىز ناۋا بىلەن مۇرات دۇتار بىلەن تەمبۇردە تانسا مۇزىكىلىرىنى چېلىشقا باشلىدى. ھېكمەت گۈلزىبانى تارتىپ باشتىن ئاخىر بىللە ئوينىدى. نەفىسە، زۇمرەت، لۇتپىيە، بائۇممە قاتارلىق قىزلار بىلەنمۇ بىر قېتىمدىن ئوينىدى.

— دوستلار، — دېدى ئالىمجان، — ئويۇنىمىز ئىنتايىن كۆڭۈللۈك، مەنىلىك، قىزىقارلىق بولدى. ھازىر ئاشپىزىمىز بىر قاچىدىن ھاردۇق ئېشىغا تۇتۇش قىلدى. تاماق پىشقۇچە، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلساق قانداق؟

ھەممە بىردەك قوشۇلدى. ھېكمەت ئوتتۇرىدا گارمونىنى چېلىپ جىرلاپ ماڭدى. مۇرات ھۇشقىتىپ، ئورمان ئىچىدىكى قۇشلارنىمۇ ئويغىتىۋەتتى. قانداقتۇر بىر قۇش ئۇيقۇلۇق چۇرقىلدى. ئامانىللا بار ئاۋازى بىلەن جىرلىماقتا ئىدى. ئۇ ئورۇمچى، بېيجىڭلەردە ئوقۇغان چاغلىرىدا، قازاق ئۆلەڭلىرىنى، تاتار جىرلىرىنىمۇ ئۆگەنگەنىدى. ئۇلار كەلكۈن پەسىللىرى دەريا لاتقا تاشلاپ يانتۇ تۈزلەڭلىككە ئايلىنىپ قالغان يالاڭلىققا چىققاندا، ئۇ «بالا مىسكىن»نى باشلىۋەتتى. جىرنىڭ مۇڭلۇق، مىسكىن ساداسى تۈن كېچىسىنىڭ كۆپكۆك ئاسمىنىغا تارالدى. سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار گويا ياش تۆكمەكچى بولغاندەك جىمىرلىشاتتى.

يۇرۇڭقاش دەرياسى ئۈستىدە ئېسىلىپ تۇرغان ئاينىڭمۇ بىر يۈزى ئېرىپ كەتكەندەك، ياكى رومىلىغا يوشۇرۇنغان پەرىدەك مانانلىشىپ قالغاندى. نۇرغۇنلىغان تارامىلار قوشۇلۇپ چوڭ ئېقىنلارغا ئايلانغان، چوڭ ئېقىنلار ئۆمۈچۈك تورىدەك كىچىك تارامىلارغا بۆلۈنگەن، بۇ ئىككى خىل ھالەتتە ئېقىۋاتقان دەريا سۇلىرى ئاي نۇرىدا كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ يالتىرايتتى.

قىز - يىگىتلەر ئۆز جۈرىلىرى بىلەن دەريانىڭ يۇقىرى ۋە تۆۋەن ئېقىنلىرىنى بويلاپ كېتىشتى. قورام تاشلاردا، يېشىل قىرغاقلاردا، قىڭغىيىپ قالغان توغراق غوللىرىدا جۈپ - جۈپ ئولتۇرغان ئاشىق - مەشۇقلار بۇ سۈتتەك ئايدىڭ كېچىدە يىراقلاردىن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھېكمەت بىلەن گۈلزىبامۇ قاچاندۇر دەريا دولقۇنلىرى قىرغاققا چىقىرىپ قويغان دەرەخ غولىدا يانمۇ يان ئولتۇرۇشتى. گۈلزىبا ئاپئاق قوللىرىنى ھېكمەتنىڭ بىلەكلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، يۈزلىرىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە ياقتى. ئاينىڭ سىرلىق نۇرىدا، گۈلزىبانىڭ چېھرى شۇنچىلىك سۈزۈك، يارقىن كۆرۈندىكى، گويا ئۇ رىۋايەتلەردىكى ھۆر - پەرىلەرگە ئوخشاپ قالغاندى. ھېكمەت ئۇنىڭ چوڭ كۆزلىرىنى يوشۇرۇپ تۇرغان بوستاندەك قايرىلما كىرپىكلىرىگە، تال - تال قاپقارا ئەگمە قاشلىرىغا، سۈس تىترەۋاتقان ھالرەڭ لەۋلىرىگە، قىپقىزىل خالىغا تويماي - تويماي قارىدى.

— گۈلزىبا، — پىچىرلىدى ھېكمەت، — نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسىز؟

— ھېكمەت! — شىۋىرلىدى قىز، — سىز... سىز بەك ئاق كۆڭۈل...

— گۈلزىبا، سىز مېنىڭ گۈلزىبارىم، شۇنداقمۇ؟...

— ھېكمەت سىز... مېنىڭ بارلىقىم، راستمۇ!...

— گۈلزىبا؟...

— ھە!...

—ئىككىمىز مۇشۇ ئايدىڭ كېچىدىكى تولۇن ئاينى، يولتۇزلارنى، — دېدى ھېكمەت كۆككە قاراپ، — دەريا سۇلىرىنى گۇۋاھ قىلىپ، ئەبەدىلئەبەت ئايرىلماسلىققا قەسەم بېرەيلى، بولامدۇ؟

— ھېكمەت! . . . — قىزنىڭ كۆزلىرىدە ياش يالتىرىدى، — ئۇلار گۇۋاھ بولسۇن! . . .

ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا ئانا دەريا سۇلىرىنى، كۆك مەلىكىسى تولۇن ئاينى، ئۇنىڭ كېنىزەكلىرى بولغان يۇلتۇزلارنى شاھىت قىلىپ بىرلىكتە قەسەم بېرىشتى:

— بىز چىن مۇھەببەتكە سادىق يۈرىكىمىز بىلەن قەسەم بېرىمىزكى: بىر ئۆمۈر بىر جان، بىر تەن بولىمىز، ئەھدۇ ۋاپالىرىمىز قان - قېنىمىزدا، جان - جېنىمىزدا، ئەبەدىلئەبەت قوشۇلۇپ ئاققاي! . . . پاك سۆيگۈمىز غۇبارسىز قەلبىمىزدە مەڭگۈ چېچەك ئاچقاي! . . . بېشىمىزدا چاقماق چېقىلسىمۇ، ئوت دېڭىزىدا بىر سىقىـــم كۈلگە ئايلانساقمۇ، تەنلىرىمىز قىيما - چىيما قىلىنىپ، قارا يەر قەھرىگە كىرىپ كەتسەكمۇ، ساپ مۇھەببىتىمىز قەلبىمىزدە ساقلىنىپ قالغاي! . . .

گۈلزىبانىڭ كۆزلىرىدىن شادلىق ياشلىرى تۆكۈلمەكتە ئىدى. ئۇ ھېكمەتنىڭ مەڭزىدىكى ئاي نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان سۇزۇك قەترىلەرنى كۆرۈپ قالدى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ باشلىرى ئاستا - ئاستا يېقىنلاشتى. مۇھەببەتلىك كۆزلەردىن تۆكۈلگەن ئىسسىق شەربەتلەر بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى. . . يىگىتنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتكەن قىز ئۇنىڭ ئوتلۇق ھارارىتىدىن مەست بولغان ھالدا ئاستا شىۋىرلىدى:

— ھېكمەت سىز. . . سىز ئىسكىلەنسىز. . .

— نېمە، ھېلىلا مېنى ماختىغان ئىدىڭىزغۇ؟ . . .

— بايا سىز «ئاق پاكچۇ»، «ئاپئاق كۆينەك» دەپ ناخشىنى ماڭىلا قارىتىپ ئېيتتىڭىز. . . ھەممىسى ماڭا قاراپ كۈلۈشتى.

— ئۇ چاغدىكى ھېس - تۇيغۇلىرىمنى سىز ھېس قىلالمايسىز، — دېدى ھېكمەت ئايغا قاراپ، — سىزگە قارىمىسام ياخشى، قارسام ۋۇجۇدۇم دەممۇ دەم ئوت ئېلىپ، سىزنى باغرىمغا باسقۇم، يۈزلىرىڭىزنى سىلاپ ئەركىلەتكۈم، چاچلىرىڭىزغا ئۆپۈپ، ھىدلىرىڭىزنى پۇرىغىم كېلەتتى. . . شۇڭا، ئەدەب - ئىكرامنى ئۇنتۇپتىمەن. . . مېنى كەچۈرۈڭ.

— مەن گەرچە نومۇس قىـــلغان بولساممۇ، — دېدى گۈلزىبا

يىقىلىققىنا كۆلۈپ، — ئۆزەمنى بۇلۇتلار ئۈستىدە ئۈزۈۋاتقاندەك، قانات چىقىرىپ كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇلاردا بولدۇم. . .

— ئەمىسە، كەچۈردىڭىز؟ . . .

— رەھمەت سىزگە! . . .

— نىمە تەكەللۇپ بۇ گۈلۈم؟ . . . — ھېكمەت گۈلزىبانىڭ مەرمەردەك پارقىراپ تۇرغان چىرايلىق بۇرنىنىڭ ئۇچىغا سۆيۈپ قويدى. «گۈلۈم» دەپ ئەركىلىتىشتىن سۆيۈنگەن قىز يىگىتنى چىڭ قۇچاغلىۋالدى.

— ھېكمەت، ئېسىڭىزدىمۇ؟ — دېدى گۈلزىبا قايىرىلىپ، — خۇدايىم بىزنى تۇنجى قېتىم ئاۋغان كوچىسى ئېغىزىدا ئۇچراشتۇردى. كېيىن، مەكتەپ بېغىدا ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرسام، ئاجايىپ مۇڭلۇق گارمۇن ئاۋازى كەلدى. مەن دېرىزە تۈۋىدە ناخشىڭىزنى ئاڭلىدىم. تۇيۇقسىز سىز چىقىپ قالدىڭىز. . . خۇدانىڭ قىسمەتلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدىم، قارىسام بۇ سىز ئىدىڭىز! . . .

— بۇنى دەپ قالدىڭىزغۇ؟

— شۇ چاغدا مەن سىزنىڭ نەرىڭىزگە قارىغان ئىدىم، دەپ بېقىڭا؟

— ئۇ چاغدا سىز قولۇمغا قارىغان ئىدىڭىز، — دېدى ھېكمەت، — مەن ياتاققا سىزنى تەكلىپ قىلىپ ئەكىرگەندىن كېيىن، بىر نەرسە يوقۇپ قالدىمىكىن دەپ ئوغۇرلۇقچە ئالقانلىرىمغا قارىغان ئىدىم. . .

— سىز نىمە دېگەن سەزگۈر! . . .

— قولۇمغا نىمە ئۈچۈن قارىغان ئىدىڭىز؟

— بۇنى. . . — گۈلزىبا يۈزىنى قاچۇردى، — دىمەيمەن. . . ئۇيۇلىدىكەنمەن. . .

— ۋاي - ۋۇي دەپ بېرىڭا! . . . مەن خۇش بولۇپ كېتەي. . .

— ياق دېمەيمەن. . . دېمەي تۇرۇپلا يۈزلىرىم ئوت بولۇپ يېنىۋاتىدۇ.

— بوپتۇ، مەن سىزگە بىر ناخشىغا قەرزدار! ئەمدىغۇ دەرسىز. . .

— راستىما؟ — گۈلزىبا دەريا ئېقىنلىرىغا قارىدى، — مەن سىز

بىلەن تۇنجى ئۇچراشقان كۈنى بىر چۈش كۆردۈم. توۋا، سىز ماڭا بىر قىزنىڭ ئالمىنى سۇنغۇدەكسىز. . . ئالمىنى قولۇمغا ئالسام، ئۇ قان تەپچىپ تۇرغان يۈرەك بولۇپ قالدى. . . ئۇ قىزنىڭ قاشتېشىدەك سۈزۈك يۈرەك ئىكەن، مەن ئۇنىڭ ئىچىدىن ئۆز ئەكسىمنى كۆرگۈدەكمەن. . .

ھېكمەت تېڭىرقاپ قالدى. ئۇ: «راستىنلا تەقدىر مەۋجۇتمىدۇر؟ بۇ سەۋدانى ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانمىدۇر؟ . . .» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ھېكمەت گۈلزىبانى تۇنجى قېتىم ئۇچراتقاندىن كېيىن، ئۇنى زادىلا ئېسىدىن چىقىرالمىغانىدى. مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن، ئۇ ئىككى - ئۈچ كۈن ئۇدا چۈش كۆردى. چۈشىدە، ئامىنە ئىسكىرىپكا چېلىپ تۇرغۇدەك، بىر قارىسا، ئۇ ئۇزۇن بىر ئۆرۈم چېچىغا تۇمار ئاسقان ھېلىقى قىز بولۇپ قالغۇدەك. . . ھېكمەت ئۇنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىنى سىيلىغۇدەك، ئۈچ بۇرجەك تۇمارنى لەۋلىرىگە تەككۈزگۈدەك. . .

— ئەمدى ئۇ ئالمىنى راستىنلا قولۇمغا ئالدىم، — دېدى گۈلزىبا كۈلۈپ، — قېنى ۋەدىڭىز بويىچە ناخشا ئېيتىپ بېرىڭ. . .

— سىزگە قايسى ناخشىنى ئېيتىپ بەرسەم بولار؟

— بىز تۇنجى قېتىم مەكتەپ بېغىدا پاراڭلاشقان كۈنىمىز ئېسىڭىزدە بارمۇ؟

— بار، ئۇ يەكشەنبە ئىدى. . .

— شۇ كۈنى كەچتە كامىل، مۇراتلار سىزنى باشلاپ چىقىپ كەتتى، ياتىقىڭلاردا خېلى بىر كېچىلەرگىچە ناخشا ئېيتىپ، ساز چالدىڭلار.

— سىز مۇراتنىڭ بىر ئېغىز چاقچىقىغا خاپا بولۇپ بارمىغان ئىدىڭىز.

— شۇ چاغدا سىز بىر مۇڭلۇق ناخشا ئېيتتىڭىز. مەن سىرتتا تېكىستلىرىنى ئېنىق ئاڭلىيالمىدىم. بىراق ئاھاڭى ھېلىھەم كۆڭلۈمدىن كەتمەيدۇ.

— ئۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا بىر يىگىتنىڭ سۆيگەن قىزىغا قارىتا ئېيتقان «ئۇنۇت» دېگەن ناخشىسى، — دېدى ھېكمەت گارمۇننى

قولىغا ئېلىپ، — ئۇ چاغلاردا، فرونتقا كەتكەنلەردىن يۈزدىن بىرى ساق قېلىشقا كۆزى يەتمەيدىغان، پۈتۈن ئەلنى، ئەر - خوتۇنلار، قىز - يىگىتلەرنى جۇدالىق قۇچىقىغا ئالغان چاغلار ئىكەن. . .

ھېكمەت ناخشىنىڭ پائۇزىسىنى ئاستا، مۇڭلۇق كۇچىنىشلەر بىلەن چالغاندىن كېيىن، ناخشىنى تۆۋەن، بوغۇق ئاۋازدا باشلىدى:

كۆپ ئۆتمەستىن مەن كېتىمەن،
بۇياققا ئەمدى كەلمەيمەن.
يالغۇزلا قالدۇرىمەن سېنى،
ئۇنۇت، ئۇنۇت، تېزرەك مېنى. . .

تولىمۇ مۇڭلۇق، مىسكىن ئاھاڭ دەريا دولقۇنلىرىدەك بىر كۆتۈرۈلۈپ بىر پەسىيىپ، ھەتتا بارا - بارا غايىپ بولۇپ، قەلب پىنھانلىرىدىكى سۆيگۈ بىخلىرىغا ھەسرەتلىك يامغۇر بولۇپ تۆكۈلەتتى. گۈلزىبا، زەمبىرەكلەر گۈلدۈرلەپ ئېتىلىپ، سىنارەتلەر پارتلاۋاتقان، باغۇ - بوستانلار ۋەيران بولۇپ، ئىمارەتلەر چالما - كېسەكلىككە ئايلانغان، ئىس - تۈتەك قاپلاپ، ئۇرۇش ۋەيران قىلغان بىر خارابىلىقتا، قىز ئۆز يىگىتىنى ئۇزاتماقتا. . . ئۇلار ئۆتمۈشىنى، ھازىرىنى، كەلگۈسىنى ئۇنتۇشى كېرەك. . . ۋەدە، قەسەم، كۈتۈشلەردىن قانداقمۇ گەپ. ئاچقىلى بولسۇن! . . . پەقەت ياشلىق كۆزلىرى بىلەن بىر - بىرىگە تەلمۈرۈپ قاراشلا بار. . . تويىماي - تويىماي قارىشىپ، بىر - بىرىنى كۆز قارىچۇقلىرىغا سىڭدۈرىدۇ. . .

نېمە قىلىمەن ئات ھارۋىسىنى،
ماشىنىدا ئولتۇرغاندا؟
نېمە دەيمەن ۋاپادارغا،
ۋىدالىشىپ ئايرىلغاندا؟ . . .



يۇلتۇزلار جىمىرلىشىپ بىر - بىرىگە قارىشاتتى. ئاينىڭ تۈككىن ياشلىرى بولۇت پەردىسىگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ يۈزلىرىنى غۇۋالاشتۇراتتى. غېرىپ ئاھاڭ دەريا ۋادىلىرىنى كېزىپ جىيا، گېبجى كەنت ئورمانلىرى ئۈستىدىن، لوپنىڭ چاھار باغ راۋاقلىرىدىن لەرزان ئايلىنىپ، قارا قۇرۇم ئېزنالىرى بىلىنىپ تۇرغان گۈڭگا تاغلار باغىرلىرىغا سىڭىپ كەتمەكتە ئىدى. گۈلزىبا گويا سېھىرلىنىپ قالغاندەك، يىراقلارغا تىكىلىپ، چوڭقۇر ئويلارغا چۆمگەنىدى. ھېكمەت ناخشا نىدالىرىدىن خۇرسىنىپ، بىردە گارمۇن كارتىلىرىغا يۈزىنى يېقىپ جىمىپ قالسا، بىردە بېشىنى كۆتۈرۈپ يۇلتۇزلارغا تەلمۈرەتتى. بۇ ئايرىلىش ناخشىسىدىن بەھىر ئالغان ياشلار بىردىن - ئىككىدىن كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشتى. ئالىمجان ھەممىگە «دەخلى قىلماڭلار» دېگەندەك قولىنى كۆتۈرۈپ ئىشارە قىلدى.

لېكىن مەن جان ئۈزۈپ ئۆلگەندە،
قارا يەرگە كۆمۈلگەندە،
شۇ چاغلاردا ئۇنتۇيمەن سېنى،
ئۇنۇت، ئۇنۇت، تېزرەك مېنى...

ھېكمەت ناخشىنىڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسىنى يېنىك كۈچىنىش بىلەن بىردىنلا كۆتۈرۈپ، يۇرۇتقاش دەريا ۋادىلىرىنى تىترىتىۋەتتى:

شۇ... چاغدىلا... ئۇنتۇيمەن سېنى...
ئۇنۇت... ئۇنۇت... تېزرەك مېنى...

— باركاللا ھېكمەت!
قىز - يىگىتلەر بىردىنلا ۋارقىراشتى.
چۇچۇپ كەتكەن ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ھەممىنى ئۇنتۇغان بۇ ئاشىق - مەشۇقلار دوستلىرىنىڭ قاچانلاردا كېلىپ

بولغانلىقىنى بىلمەي قېلىشقانىدى.

— دوستۇم ھېكمەت، — دېدى نائىبى ئۇنىڭ دولىسىغا قولىنى قويۇپ، — ناخشىڭىزنىڭ سېھرىي كۈچى، شېرىن سۆھبەت، قەلب سۆزلىرى، يۈرەك ئىزھارلىرىغا بەرھەم بېرىپ، بىزنى ئاھاڭرەبا تېشىدەك ئۆزىگە تارتىپ، بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى.

— بۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا چىققان ناخشا بولسا كېرەك، — دېدى ئامانىللا، — تېكىستلىرىدىن چىقىپ تۇرمامدۇ!

— خەپ گۈلزىبا، — دېدى زۆھرەت ئۇنى قولتۇقلاپ، — بىزنى كەتكۈزۈۋېتىپ، ھېكمەتنى ناخشا ئېيتقۇزۇپ يالغۇز ئاڭلاپسەندە...

— ئەپۇ قىلىشقا بولىدۇ، — دېدى نەفىسە قىزلارغا قاراپ، — دوستلارمۇ تەڭ بەھرە ئالسۇن دەپ، ئۈنلۈك ئېيتقۇزۇپتىخۇ، قانداق دېدىم؟

— راست، بىز ناخشىنى باشتىن ئاخىر ئاڭلىدۇق، — دېدى بائۇممە، — ئابلىز تاس قالدى يىغلاپ سالغىلى...

ھەممىسى كۈلۈشتى. ئالىمجاننىڭ يول باشلىشى بىلەن، ئۇلار قوش راۋاق سورۇنغا قايتىپ كېلىشتى. چىملىقتىكى كىگىز - گىلەملەر سۈپۈرۈلۈپ پاكىزلانغانىدى. ھەممىسى ئولتۇرۇپ، ئاچچىق - چۈچۈك، رەيھان كۆكلىرى گۈپۈلدەپ مېزىلىك ھىد چىچىپ تۇرغان سۇيۇقئاشتىن بىر قاچىدىن ئىچكەندىن كېيىن، ئالىمجان سائەتكە قارىدى، — دوستلار بۈگۈنكى ئويۇنىمىز مۇشۇ كەچچە بولسۇن، — سائەت ئىككىدىن ئېشىپتۇ. قىزلارمۇ ئارام ئالسۇن.

يىگىتلەر قىزلارغا قولمۇ قول ياردەملىشىپ، راۋاق سەيناسىغا ئىككى گىلەمنى قوشلاپ سېلىپ بەردى. ئالىمجان ئۇلارغا يېڭى ئەدىياللاردىن بىر نەچچىنى تاشلاپ بېرىپ، يېنىپ چىقتى. يىگىتلەر بولسا گۈللۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى راۋاقتا كىگىز سېلىپ يېتىشتى.

ئىنگەچى باغ ئورمىنىنى ئادەم تېنى ئەيمەنگۈدەك جىمجىتلىق باستى. تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق ئەتراپنى ئۆز قوينىغا ئالغانىدى. يىراقتىن دەريانىڭ شاۋۇلداشلىرى ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. تۇرۇپ - تۇرۇپ

دەرەخ يوپۇرماقلىرى شىلدىرلايتتى. ئويغىنىپ كەتكەن قۇشلار ئويقۇلۇق چۇرۇقلاپ قوياتتى. ھارۋا شوتىسىغا باغلاپ قويۇلغان ئېشەك پۇشقۇراتتى، كىرسىلدىتىپ ئوت چاينايتتى. دەرۋەقە، بۇ تىمتاس كېچىدە، چۆپ ئارىلىقلىرىدىن ئۆتۈپ كەتكەن كىرپىنىڭ شەپىسىمۇ ئاڭلىناتتى. ئەمما گاھ يوقاپ، گاھ ئاڭلىنىدىغان ئاۋازلارغا قارىغاندا، ئىككى راۋاقتىن كېلىۋاتقان پىچىرلاشلار، پىخىلداپ كۈلۈشلەر تېخىمۇ ئۈزۈلمەيتتى.

تاڭ ئېتىشى بىلەن، قىزلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كېتىشتى. ئۇلار دەريا بويىغا بېرىپ يۈزلىرىنى يۇيۇپ، چاچلىرىنى تاراپ ئۆزلىرىنى بىر قۇر تۈزۈشۈپ قايتىپ كەلگەندە، يىگىتلەر ئەمدىلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئېرىقتىكى سۇدا يۈز - قوللىرىنى يۇيۇشۇۋاتاتتى. ئالىمجان، ئەتىگەنلىك چاي تەييار بولغىچە، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سەھەرلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلايلى، دېۋىدى، ھەممە بىردەك قوشۇلۇشتى.

ئەمدىلا ئورمان ئىزنالىرىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش گوياكى ئوتتا تاۋلانغان ئاجايىپ چوڭ لىگەندەك قىپقىزىل چاقناپ تۇراتتى. ئورمانلار، چاتقاللار، يىراقتىكى كەنتلەر ئۈستىدە سۈزۈك تومانلار لەيلەپ يۈرەتتى. بۇ كۆرۈنىش بەجايىكى شىشكىن[1] نىڭ ئەسەرلىرىدىكى قەدىمىي ئورمانلارنى ئەسكە سالاتتى. نەگىدۇر ئالدىرىغاندەك، تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان دەريا سۇلىرى، قىز - يىگىتلەرنىڭ يۈزلىرى، قىزلارنىڭ شامالدا ھىلپىرلەپ ئۇچۇۋاتقان ئاق كۆينەكلىرى بىنەپشىرەڭ نۇر ئىلكىدە جۇلالىنىپ تۇراتتى. قىرغاقتا ئۆرۈلگەن سۇلار لالىرەڭ ئۈنچىلەرنى ئۇلارغا چاچاتتى...

— ئاھ، ئانا دەريا... ئەزىم دەريا... — دېدى شادىمان مەخمەلدەك قىرغاقلارغا كۆز تىكىپ، — سەن خوتەن دىيارىغا ھاياتلىق، نىجاتلىق، بەرىكەت ئېلىپ كېلىسەن... خەيرى - ساخاۋىتىڭ شۇنچە چەكسىزدۇر. بىراق، مىننەت تاما قىلمايسەن!... خۇددى خوتەن

---

[1] شىشكىن — رۇس رەسسامى.

دېھقانلىرىدەك ساددا. سەمىمىي، ئاق كۆڭۈللەن! . . . سىنىڭ قاشتېشى سۆيگەن سۇلىرىڭ گوياكى ئابى كەۋسەردۇر. . . ھەر قەترەڭ جان ئاتا قىلغۇچى زەمزەمدۇر! . . .

شادىمانىلىق يۇرۇقلۇق دەرياسىغا بەرگەن تەبىرىدىن ھاياجانلانغان كاملىنىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ، قىزىل نۇر ئىلكىدە جىلۋىلىنىپ تۇرغان يۈزلىرى بىردىنلا ئوت ئالدى. ئۇ يۈرەك قاتلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان ئىلھام شەربەتلىرىنى قوياش زەرلىرى تىنىمسىز چىمىرلاپ ئېقىۋاتقان ئېقىنلارغا قېتىۋەتتى:

شائىرلىرىڭ ھۆپلەپ سۆيسىگەندىن،
قاندۇرۇپتۇ تەشنالىقىنى.
قىرغىقىڭدا پۈتۈپتۇ ئەشئار،
ئىزھار قىلىپ ئاشنالىقىنى.

دولقۇنىڭنى قىلىپ تاماشا،
«بەھرۇل - نەجات» دەپتۇ نەۋايى.
لەززەت تېپىپ شېرىن سۆيسىگەندىن،
«بەھرۇل - ھايات» دەپتۇ رەپائى.

«زەمزەم» دەپتۇ مەشرەپ قەلەندەر،
«كەۋسەر» دەپتۇ نۆبىتى ھەزرەت.
ساتارنى چېرتىپ بويۇڭدا،
پۈتكەن ئىكەن مۆئجىزى ھىكمەت . . .

نائىبى بىر قەدەم ئالدىغا چىقتى. ئۇ، ئانا دەريا سۇلىرىغا قاراپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى - دە، مۇڭ ۋە ھەسرەت ئارىلاش ئاستا شېئىر ئوقۇدى:

سۇ بويلىرى، سۇ بويلىرى سىرداشىم،
سەندىن باشقا سىر ئېيتارغا يوق كىشىم.

بويلىرىڭدا كۆپتىن بىرى يالغۇزمەن،
گويا ساڭا چۈشكەن شولا — يۇلتۇزمەن.

سەن ئاقسەن قوشاق قېتىپ يىراققا،
خىيالىمنى ئەپقاچىسەن شۇ ياققا.

ئۇندا يارىم باغلىرىدىن ئۆتەمسەن؟...
سۇغا چىقسا، بويلىرىنى كۆرەمسەن؟...

كۆرسەڭ ئەگەر، مېنى بىللە ئېلىپ كەت،
قۇچاق ئاتسۇن بويلىرىڭدا مۇھەببەت!...

ئۇلار يەنە بىردەم جىمجىت سۈكۈتتە تۇرۇپ، ئەزىم دەرياغا ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن كېيىن، قايتىپ ناشتا قىلىشتى. باغ سەيلىسى كۈن تەرتىپى، چۈشكىچە ئىگەچى باغ ئورمىنىنى ئايلىنىپ، تەبىئەت ھوزۇرىدىن بەھرە ئېلىپ، ساياھەت قىلىش ئىدى. ئەمما قىزلار كۆلەڭگۈچىلەر يېنىغا كەلگەندە، چۇقۇرىشىپ ئاغامچىلارغا ئېسىلىشتى. بائۇمە بىلەن زۇمرەت كۆلەڭگۈچ تاختىيىغا چىقىۋېلىپ، «ئۆرلىتىپ قويۇڭلار» دەپ تۇرۇۋالدى. قىزلار جۈپ - جۈپ بىر نەچچە قېتىم ئۇچۇشقاندىن كېيىن، يىگىتلەر ئۆز قىزلىرى بىلەن ئۇچۇشتى. ئورمان ئىچىنى يەنە قىقاس - چۇقان، ۋارقىراش، چىقىراشلار قاپلىدى.

قىز - يىگىتلەر قىزىق پاراڭ، چاقچاق، كۈلكىلەر بىلەن ئۆرۈكلۈك، چىلانلىق، ياڭاقلىق، ئالۇچىلىق، ئالمىلىقلارنى ئايلىنىپ، قوغلىشىپ، چۈش بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيلا قېلىشتى. ئۇلار قايتىپ كەلگەندە، ئاشپەز بالا پولۇنى دەملەپ تەييار قىلىپ قويغانىدى، تاماق

يېيىلىپ بولۇپ، بىردەم ساز چېلىپ ناخشا ئېيتىشتى. قىزلار ئارقا-ئارقىدىن ئۇسسۇلغا چۈشۈشتى.

كۈن چۈشتىن قايرىلغانىدى. سەيلىچىلەر قازان - قومۇشلارنى يىغىشتۇرۇپ، كىگىز-گىلەملەرنى قاقتى. ھەممە سەرەمجانلارنى ھارۋىغا بېسىشتى، ئاشپەز بالا شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. قالغانلار مەڭگۈ ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنىڭ شاھىدى بولغان ئىگەچى باغچىسىغا كۆز قىيمىغان ھالدا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ۋېلىسىپىتلىرىنى يېتىلىشىپ، باغدىن ئاستا چىقىپ كېتىشتى.

(بىرىنچى قىسىم 1-كىتابنىڭ ئاخىرى)

浑泉(上 — 1)
加拉里丁·伯合拉木著

新疆大学出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路14号 邮政编码:830046)
新疆新华书店发行 乌鲁木齐八家户彩印厂印刷
850×1168毫米 1/32开本 15.75印张 4插页
1997年9月第1版 1998年2月第1次印刷
印数:1—10000

统一书号:ISBN7—5631—0900—5/I.165 (民文)定价:26.56元